ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى

مارك ئاۋرېل ستەين (ئەنگلىيە)

ماخمۇت ئابدۇۋەلى
تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئەلى غوپۇر
مەردان سەيپۇللا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ ساياھەت خاتىرەمنى ئاكامنىڭ ماڭا بولغان كۆيۈمچانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇش يۈزىسىدىن چەكسىز مۇھەببەت ۋە سېغىنىش بىلەن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىمەن .

www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىردىن

سىر ئاۋرېل ستەين ( Sir Aurel Stein ) ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ بولۇپ ، 1862 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا تۇغۇلغان ، 1943 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئافغانىستاندىكى كابۇل شەھرىدە ۋاپات بولغان .

ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇداپېشت ، درېسدېن ، ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئوقۇغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئەنگلىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ، كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ ، لاھور شەھرىدىكى شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بولغان ؛ 1888 ـ يىلى پەنجاب ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان ؛ 1899 ـ يىلى ھىندىستان مائارىپ باش مەھكىمىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن . كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىككى يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . 1906 ～ 1908 ـ يىللىرىغىچە يەنە مەركىزىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . 1910 ـ يىلىدىن باشلاپ ، ھىندىستان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان . 1912 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك سېر مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن . 1913 ـ يىلىدىن 1916 ـ يىلىغىچە ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى « جۇغراپىيە » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان . ئۇ يەنە 1926 ـ يىلىدىن تاكى ۋاپات بولغىچە ئىران ، ئىراق ۋە تاشقى ئىئوردانىيىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان .

ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى :

« كەشمىر پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرىسى » ( 1900 ـ يىلى ) ، « قەدىمكى خوتەن » ( 1907 ـ يىلى ) ، « قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى » ( 1912 ـ يىلى ) ، « سېرىندىيە » ( 5 توم ، 1921 ـ يىلى ) ، « مىڭئۆي » ( 1921 ـ يىلى ) ، « ئىسكەندەرنىڭ ھىندى دەرياسىغا بارغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولنى تەكشۈرۈش » ( 1929 ـ يىلى ) ، « دۇڭخۇاڭدا تېپىلغان تام رەسىملىرى كاتالوگى » ( 1931 ـ يىلى ) ، « گىدرونىڭ غەربىي ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى » ( 1931 ـ يىلى ) ، « ئىراننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكـــشۈرۈش خاتىرىسى » ( 1937 ـ يىلى ) ، « ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەدىمكى يولنى تەكشۈرۈش » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا ستەيىننىڭ 1900 ~ 1901 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونى ۋە ئۇنىڭغا تۇتىشىپ كەتكەن باشقا رايونلاردا قەدىمىي ئىزلارنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرى ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى ۋە قەدىمكى تېپىلمىلارنى بايقاشىنىڭ ئاساسلىق جەريانلىرى بايان قىلىنىدۇ . شۇڭا ، تەھرىرلەش جەريانىدا ، مۇناسىۋەتلىك ئادەم ۋە يەر ـ جاي ناملىرى ( ھازىر ئوقۇلۇشى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆزگەرتىلمەي ئەسلىدىكىسى بويىچە ئېلىندى ، بەزىلىرىنى ئۇيغۇرچە توغرا تەلەپپۇس قىلىشقا ئىمكان بولمىدى . شۇڭا ، خاتا كەتكەن جايلىرى بولسا ، كىيىنكى نەشرىدە تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن ، ئوقـۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك كۆرسەتمىلەرنى بېرىشىنى سورايمەن .

# ئاپتوردىن

بۇ كىتابتا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن 1900 ~ 1901 ـ يىللىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىكى خوتەن ۋە غايەت زور قۇملۇقتا تۇتىشىپ كەتكەن باشقا رايونلاردا قەدىمي ئىزلارنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ساياھەت بايان قىلىنغان. بۇ رايونلارنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان يېڭى ماتېرىياللار ناھايىتى مول بولغاچقا، ھەجىم ۋە پەرقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ تەتقىقات دوكلاتىمنى مۇۋاپىق ئىخچاملاپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى زۆرۈر تاپتىم. ھازىرقى زامانغا مەنسۇپ بۇ ساياھەت خاتىرىسىنى ئۆزۈم مۇستەقىل نەشرگە تەييارلاش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ساياھەت جەريانىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىمنى ۋە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىمنى، شۇنداقلا قەدىمكى تېپىلمىلارنى بايقاشنىڭ ئاساسلىق جەريانىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئاۋارىچىلىقتىن قورقماي ھەر بىر تەپسىلاتنى تەپسىلي تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەچكە، شەرقشۇناسلاردىن باشقا ئوقۇرمەنلەرمۇ ئۇنى ناھايىتى ئاسان چۈشىنەلەيدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تامامەن ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ يىراق بۆلىكىدە ھىندىستان، جۇڭگو ۋە كلاسسىك غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىدەك كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قەدىمكى تارىخىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشسا، بىر يىللىق جاپالىق، ئەمما كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن يات ئەل ۋە ناچار شارائىت سىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالىسا، بۇ بايانىنى تەييارلاش ئۈچۈن كەتكەن ئەمگىكىمگە رازى بولار ئىدىم.

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئا-

www.uyghurkitap.com

شۇرۇشقا ئائىت مەسلىلەرنى ھىندىستان شتاتلىق مەھكىمىسىنىڭ تەسـ
تىقلىشى بىلەن 1901 ـ يىلى نەشردىن چىققان « جۇڭگو تۈركىستانىدا ئېـ
لىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىگە دائىر
دەسلەپكى دوكلات » تېمىسىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنىدىم . شۇڭا ، بۇ يەردە
قىسقىلا ئىزاھات بېرىپ ئۆتىمەن . خوتەنگە بېرىپ ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئويۇم 1897 ـ يىلى باھاردا شۇ يەردىن خېلى
كۆپ قەدىمكى تېپىلمىلارنىڭ بايقىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى .
فرانسىيىلىك داڭلىق سەيياھ دۇترىيۇل دې رىنس خوتەن ئەتراپىدىن تېـ
پىلغان قىيىن دەرىخى قوۋزىقىنىڭ پارچىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى .
مۇتەخەسسىلەرنىڭ بېكىتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلغىنى قەدىمىي
ھىندى ( سانسكرىت ) تىل ـ يېزىقىدىكى بۇددا تېكىستلىرى ئىكەنلىكى
ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ مىلادىيە 1 ـ ئەسىرلەردىكى ئەڭ قەدىمكى
ھىندى قولىيازمىلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى .

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دوكتور ئا . ف . رۇدولف خورنلىنىڭ
تىرىشچانلىقى بىلەن « برىتانىيە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى ئاسارئەتىقىلىرىنى
يىغىش ئورنى » كالكۇتتادا قۇرۇلۇپ ، قەدىمكى پراگمېنتلار ( قەغەز قول
يازما پارچىلىرى ) ، ساپال پارچىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خوتەندىن
ئېلىپ كېلىنگەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر قاتار بۇيۇملار يىغىـ
ۋېلىندى . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى « بايلىق ئىزدىگۈچىلەر » خوتەندىكى
قەدىمكى خارابىلىكلەردىن تېپىۋېلىپ ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ،
كەشمىر ۋە لاداقتىكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا سېتىپ بەرگەن . شۇـ
نىڭغا ئوخشاش بۇيۇملار يەنە رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلـ
چىخانىسى ئارقىلىق سانكت ـ پېتربۇرگ ( لېنىنگراد ) قا ئېلىپ كېلىنـ
گەن . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھىندى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان ھەققىي
ھۆججەتلەر بولۇپ ، قالغان كۆپ قىسمى كىشى چۈشىنىپ بولمايدىغان
« غەلىتە يېزىق » تا يېزىلغاچقا ، گۇمانىمنى قوزغىغانىدى . ھالبۇكى ،
ئاشۇ ھۆججەتلەرنىڭ ھەققىي كېلىش مەنبەسىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىـ

يال ياكى خارابىلىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە تېخى سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى مېنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ياۋروپالىق شەرقشۇناسلار بۇ قىممەتلىك تېپىلمىلارغا قانداق يۇقىرى باھالارنى بەرمىسۇن، شۇ نۇقتا ئېنىقكى، ئاشۇ زېمىنغا بېرىپ سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ 1896 ـ يىلى قىشتا خوتەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئىككى خارابىلىككە قىلغان سەپىرى مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى ئاشۇ جايلاردا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتكەچكە، خارابىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى، يىل دەۋرىگە ئائىت ھېچقانداق ئېنىق ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن. ئەمما، ئۇ (ئۇنىڭ دەسلەپكى دوكلاتىنى مەن 1898 ـ يىلى تاپشۇرۇپ ئالغانىدىم) خارابىلىكنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكى، بېرىشقا ئاسان توختايدىغانلىقى ۋە ھەقىقەتەنمۇ بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

1898 ـ يىلى يازدا، مەن ئاران دېگەندە ۋاقىت چىقىرىپ ساياھىتىمنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، خورنل ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە تاپشۇردۇم. ئۇلارنىڭ تەستىقى ۋە ياردىمى پىلانىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ زۆرۈر ئىدى. دەسلەپتە پەنجابنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى ماكۋورس يۇڭ (Mackworsh young) نىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە بېنگالدا ۋاقىتلىق خىزمەت قىلىۋاتقىنىمدا، ۋاپات بولغان مەمۇرىي ئەمەلدار، شۇنداقلا شەرقشۇناسلىقتا ھېرىسمەن دوستۇم جون ۋۇدبورن (John Woodburn) نىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن پىلانىم لورد كۇرسون (Lord Curson) ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. 1899 ـ يىلى ئىيۇلدا، باش ۋالىي سىياسىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، پەنجابنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن ۋالىيسى چارلېز رىۋاز (Charles Rivaz) نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كـۆكۆل بۆلۈشى بىلەن پىلانىم ئاخىر ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىق-
دىـن ئۆتتى . باج ۋە يىزا ئىگىلىك باشقارمىسى ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن
جۇڭگو تۈركىستانىغا بارىدىغان بۇ ساياھەت ئۈمىكىمىنىڭ بىر يىللىق تەمى-
ناتىغا مەسئۇل بولىدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە خان جەمەتى ،
پەنجاب ۋە بىنگالنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى ئىئانە قىلـــغان 9000 رۇ-
پــيە ( 600 فوند ستىرلىڭ ) مىنىڭ ساياھەت ۋە ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا
ئىشلىتىشىمگە تاپشۇرۇپ بىرىلدى .

يـول يىراق ، سەپەر داۋامىدا قاتمۇ قات تەبىئىي توسالغۇلارنى يې-
ڭـىشكە توغرا كەلسىمۇ ، چەكلىك ۋاقىت ۋە خىراجەت بىلەن بۇ ئۆزگـ-
رىشچان زېمىندا خىزمىتىمنى باشلاش ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ يېرىم
ھۆكۈمەت مەۋقەسىدە تۇرۇپ پاكىتلارنى خاتىرىلەش مېنى يەنىلا ئىپتى-
خارلىق ھېس قىلدۇراتتى . بۇ يەردە پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
قانداق باش قاتۇرغانلىقىم ، قانداق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنلىكىم
ۋە قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىم توغرۇلۇق تەپسىلىي توختال-
مايمەن . ساياھەت جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن جايلار ۋە تەبىئىي شارائىت ،
قۇملۇقتىكى جاپالىق خىزمەت ، شۇنداقلا بىرقەدەر تۆۋەن خىراجەت ئار-
خېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتداشلىرىمنى ۋە باشقىلارنى ھەيران قال-
دۇرماي قالمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

ئۇزۇندىن بۇيان ھىندىستاندا ئېلىپ بارغان ساياھەت ۋە دالا مەش-
غۇلاتى جەريانىدا مەن خىراجەت تېجەش تەجرىبىسىگە ئىگە بولدۇم .
شۇنداقتىمۇ ، ھىندىستان ئۆلچەش - سىزىش ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمى بول-
مىغىنىدا ، ئېكسپېدىتسىيە خىراجىتىمنىڭ ئېشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ
ئىـدى . ئىلگىرى كەشمىر ، پەنجاب ۋە ئافغانىستان چېگرا رايونلىرىدا ئې-
لىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك ساياھەت داۋامىدا يەر شەكلىنى ئۆلچەپ
چىقىش بىلەن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇ-
ھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم . خارابىلىكلەرنىڭ ئورنىنى توغرا
بـەلگىلەپ چىقىش ۋە بۇ رايوننىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسىنى ئىزاھلاشتا ،

جۇڭگو تۈركستاندا ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى ئىشلەش ، مېنىڭ بۇ قېتىمقى خىزمىتىم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ۋە زۆرۈر ئىدى . بۇ قېتىمقى ساياھەت جەريانىدا ، ھەربىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېخى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا تولىمۇ تەقەززا ئىدىم .

ھىندىستان ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، مايور گېئورگې گور ( George Gore ) بۇ مەقسەتلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ناھايىتى زور ياردەم قىلدى . ئۇ بىر يەرلىك ياردەمچى توپوگراف ۋە زۆرۈر بولغان ئۆلچەش ـ سىزىش ئاپپاراتلىرىنى ئاجرىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە ، يەنە زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن 2000 رۇپىيە ( 133 فوند ستېرلىڭ ) بەردى . ياردەمچى توپوگراف رام سىڭ ( Ram Singh ) نىڭ كۆرۈنەرلىك خىزمىتىنى بايانىمدا تولۇق ۋە يېتەرلىك تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم . ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭگو تۈركستاندىكى پۈتكۈل ساياھەت جەريانىدىكى تەكشىلىكتە ئۆلچەش ، ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ۋە ئۈچبۇلۇڭلۇق ئۆلچەش قاتارلىق سىستېمىلىق خىزمەتلەر نەتىجىلىك تاماملاندى . مېنىڭ يېتەكچىلىك ۋە نازارەت قىلىشىم ، شۇنداقلا تاغلىق رايونلاردىكى سۈرەتكە ئېلىش ئارقىلىق ئۆلچەش ئۇسۇلى بىلەن بەزى كەمتۈك جايلارنى تولۇقلىشىم ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىمىزنى ھىندىستان ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى ئۈچبۇلۇڭلۇق ئۆلچەش شۆبىسى رەسمىي خەرىتە قىلىپ ئىشلەپ چىقتى . خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى بىلەن خەرىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ماسشتابلىق نۇسخىسى كىتابىمغا كىرگۈزۈلىدىغان بولدى .

ئۆزۈم پىلانلىغان ۋە ھاياتىمدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بۇ ئىلمىي خىزمەتنى مۇستەقىل ئۈستۈمگە ئېلىپ تاماملىغانلىقىم ئۈچۈن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە سېخىيلىق بىلەن قىلغان ياردىمىگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى ئىزھار قىلىمەن . ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا باغلىغان ئىشتىياقىم ھىندىستانغا كېلىشكە دە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

ۋەت قىلدى . ئەزەلدىن ئۇچرىشىپ باقمىغان بۇ يېڭى ۋە كەڭ ساھەدە ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم .

پەنجاب ئۇنىۋېرسىتېتىدا 12 يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ، ۋاقىت ۋە ئىقتىسادنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىلمى خىزمىتىدىكى مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدىم .

مەن كىشىدە ئىنتىلىش ۋە ھاياجان تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ئاشۇ زېمىنغا يېقىنلا جايدا تۇرغان ، ئۇنىڭ قەدىمىي خارابىلىكلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخى مېنى جەلپ قىلغان بولسىمۇ ، ئاسارئەتىقە خىزمىتىگە ۋاقىت چىقىرالمىدىم ، پەقەت ئاندا ـ ساندا چىقىپ قالىدىغان بوش ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ ، بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتىم .

ئەمەلىيەتتە ، ئۇستۇمگە ئالغان مەمۇرىي ۋەزىپەم بىلەن ئىلمىي خىزمىتىم ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىۋاسىتە باغلىنىش يوق ئىدى . شۇڭا ، بىرىش ئانچە تەسكە چۈشمەيدىغان ئاشۇ مەشھۇر زېمىندا سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كېرەكلىك خىراجەتنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىممۇ يوق دېيەرلىك ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم دوكتور شلېمان ( Schilieman ) غا ئوخشاش كەسپىداشلىرىمۇ پايدىلىنىش قىممىتى بار بىرەر چارە ـ ئامال قالدۇرمىغانىدى . چۈنكى ، تروي ( Troy ) ۋە مايكېن ( Mykene ) تەكشۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشتىن ئىلگىرىلا يېتەرلىك خىراجەت ئاساسىغا ئىگە ئىدى .

ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ياردىمى ۋە لورد كورسون ئەپەندىنىڭ شەرق تارىخى ۋە ئاسارئەتىقىلىرىگە چوڭقۇر قىزىقىشىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، ئاخىرى ئۈزۈندىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن پۇرسەتكە ئېرىشتىم . ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، شۇ چاغدا ھەممە تەييارلىقلىرىم تەل بولغان بولسىمۇ ، يەنىلا تەشۋىشلىنىپ تۇراتتىم ، بارلىق پىلانلىرىمنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تاماملىيالارمەنمۇ ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنچە سېخىيلىق بىلەن قىلغان ياردىمىگە لايىق

نەتىجىگە ئېرىشەلەرمەنمۇ، دېگەندەك ئەندىشىلەر قەلبىمنى چىرمىۋالغانىدى.

مەيلى ئىلگىرى كۆرگەن - بىلگەنلىرىم ۋە تەجرىبىلىرىم ياكى تۈجۈپىلەپ قىلغان تەييارلىقلىرىم ھەممە شەخسىي قىزغىنلىقىم بولسۇن، ھېچقايسىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىمغا كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. بۇ بىپايان رايونغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتا ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ناھايىتى كەمچىل بولۇپ، بىر پەسىلدە قۇم ئاستىدىكى قانچىلىك خارابىلىكنى تەكشۈرۈپ چىقىش كىشىنى گۇمانلاندۇراتتى. ئەمما شۇنىسى شەكسىزكى، قۇملۇقتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت جەريانىدا ھەر خىل ئالاھىدە قىيىنچىلىقلارنى، ھەتتا خەتەرلەرنى يېڭىپ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىشىم كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئەندىشىسى ۋە گۇمانى تۈپەيلىدىن پىلانىمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا زور توسالغۇ بولۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايتتى.

ھازىر ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئەندىشە ۋە گۇمانلىرىمنى ئويلىغىنىمدا ھەممە شۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارنى تەدرىجىي تونۇپ يەتكىنىمدە، مېنى ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن خالاس قىلغان، ئەمگىكىمگە تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ كۆپ نەتىجىلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرغان شەپقەتلىك تەقدىرگە مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتماي تۇرالمايمەن. بۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشىش جەريانىدىكى تىرىشچانلىقلىرىم ۋە ئىزدىنىشلىرىم ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمەن. ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىغا ئائىت مەيلى قانچىلىك بىلىمگە ئىگە بولمىسۇن، مەزكۇر ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئاشۇ نەتىجىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان ئىلمىي قىممەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادەك بۇ بىپايان زېمىندا ئىنجىل (خرىستىئان) جەمئىيىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشى كىشىلەرنىڭ دىققەت -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىبارى ۋە قىزىقىشىغا ئېرىشەلمىگەنىدى . شۇڭا ، تاھازىرغىچە ئۇلار بۇ
تەتقىقاتلارغا مۇناسىۋەتلىك زر تارىخىي مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش ۋە چۈشە-
نىش پۇرسىتىگىمۇ نائىل بولالمىدى . مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە مۇتەخە-
سسىلەر يېتەكلىمىسە ، شەرقشۇناسلاردىن باشقىلار بۇ نەتىجىلىرىمنىڭ
مۇھىملىقىغا توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ . شۇڭا ، مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە
كەسپداشلاردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى تەشكىلاتنىڭ
ئەمگىكىمگە ئېتىبار بېرىپ ، كەسپىي جەھەتتىن چۈشەنچە بېرىشىمگە ئى-
جازەت بەرگەنلىكىگە سەممىمىي رەھمەت ئېيتىمەن .

1902 ـ يىلى سېنتەبىردە ، خەلقئارا شەرقشۇناسلار مۇھاكىمە يى-
غىنى ھامبۇرگدا ئۆتكۈزۈلدى . مەن ئالاھىدە ئىجازەت بىلەن تەكشۈرۈش
دوكلاتىمنى تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى ، فرانسىيە ۋەكىلى پروفېسسور ھېنرى
كوردىر ( Henry Cordier ) ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانسكرىت
تىلى پروفېسسورى ئا . ئا . ماكدونېل ( A . A . Macdonell ) ۋە بو-
دېن ( Boden ) نىڭ تەكلىپى بىلەن ھىندىستان ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق
شەرق بىرلەشمە ئىش باشقارمىسىنىڭ يىغىنىغا سۇندۇم . يىغىن تۆۋەندى-
كىدەك قارار ماقۇللىدى :

« 13 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلار مۇھاكىمە يىغىنى ھامبۇرگدا ئې-
چىلدى . يىغىن ھىندىستان باش ۋالىيسى جانابلىرى ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ
دوكتور ستەيىننىڭ يېقىندا جۇڭگو تۈركىستانىدا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە پائا-
لىيىتى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە خىراجەت ئاجرىتىپ بەرگەنلىكى ھەممە شەرقشۇناسلىق
تەتقىقاتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ .
شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، يىغىن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلىي خىزمەتنى باشقۇ-
رۇش ۋە ئېھتىياجلىق خىراجەت بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق
ئالىمنى زور ئۇتۇققا ئېرىشتۈرگەنلىكىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ . يىغىن يەنە دوكتور
ستەيىننىڭ نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىنىڭ تاماملىنىشى ۋە نەتىجىلىرىنى تەپسىلىي
ئىزاھلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى سورايدۇ ، شۇنداقلا يەنە ھۆكۈمەت تە-
رەپنىڭ دوكتور ستەيىننىڭ مۇددەتنى ئۇزارتىش ۋە باشقا قوشۇمچە تەلەپلىرىنى ئو-
رۇنداپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ . ئاخىرىدا يىغىن شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا يە-

نمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتا ، ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئىشلىـ
رىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ھىندىستاننىڭ دوكتور سـ
تەينگە ھاۋالە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ . »

بۇ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە ھەجىم ۋە سخېما بىلەن ئىپادىلەش چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا ، قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن ئاسارىئەتىقىلەر ئىپادىلىـگەن مەزمۇن ھەمدە ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئامال بار ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرمەكچىمەن .

بـۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ۋە بۇددا دىنىغا چوقۇنۇشىنىڭ ھىندىستانـدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۇڭگو ۋە يىراق شەرققە تارقىلىشى ھىندىستاننىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان ئەڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بولسا كېرەك . خەنزۇچە يېزىقتىكى خاتىرىلەردە بۇددا دىنىنىڭ « مەركىزىي خاندانلىق » ( ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ) قا بىۋاسىتە ئەمەس ، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارقالـغانلىقى يېزىلغان . بۇددا نومىنى ئەكىلىش ئۈچۈن بارغان جۇڭگولۇق تەقۋادار راھىبلار قالدۇرۇپ كەتكەن بايانلاردىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشـىنـۋالالايمىز . مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ ، ئۇلار قەدەم باسقان « غەرـبىي خاندانلىق » لاردا ساكيامونى دىنىي ئەقىدىسىنىڭ سانسىز مۇرتلىرى بـار ئىدى . ئەمما ، ساياھەت جەريانىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭغان راـھىب شۇەنزاڭغا ئوخشاش جۇڭگولۇق سەيياھلار ۋە ھىنـــدىستانـــلىق پاۋسانىئاس ( Pau Sanias ) قاتارلىقلار دىققەت ـ نەزەرىنى دىنىي ئەقىدىـلەرگە ، ئىبادەتخانىلارنىڭ مۇراسىملىرىغا ھەمدە مۇقەددەس جايلارغا ، ئالاھىدە بېرەلگەن ئىبادەتخانىلارغا قاراتقان . ئۇلار كۆزەتكەن نۇرغۇن تەرەپلەر تارىخشۇناسلارنىڭ چوڭقۇر قىزىقىشىنى قوزغىسىمۇ ، ئەمما دىنىي تەسىرىنىڭ زادى قانچىلىك دائىرىگە تارقالغانلىقى توغرۇلۇق بىزگە ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن . شۇڭا ، ھىندى تىلى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ھـىمالايا ۋە ھىندوقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ قەيەرلەرگىچە يەتكەنلىكى توغرۇلۇق بىز ئېنىق جاۋابقا ئىگە ئەـمەسمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇڭگو يىلنامىلىرى ۋە باشقا كەم ئۇچرايدىغان پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ ، بۇ يەردە بۇددا دىنى تەسىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا خېلى كۆپ ئەسىرلەر بولغانلىقى ، ھەتتا ئۇنىڭ يىراق شەرققە تارقالغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز . ئەمما ، ئىسلام دىنى ( 10 ~ 11 ـ ئەسىرلەر ) نىڭ تارقىلىشى بىلەن قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سىماسىنى ئەكىس ئەتتۈرگۈچى ئىزنا ۋە ئىسپاتلار تامامەن دېگۈدەك يوقىلىش گىرداۋىغا بارغان .

1890 ـ يىلى كاپىتان ( ھازىرقى مايور ) بوۋېر ( Bower ) كۇچاردا تاسادىپىي بايقاپ قالغان قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان قىممەتلىك بۇددىزىم قولىيازما پارچىلىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىكى قۇم ئاستىدا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ دەسلەپكى ئېنىق پاكىت بولۇشى مۇمكىن . بۇ قولىيازمىلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ، تىلشۇناسلىق ئىلمى جەھەتتىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى بۇددا دىنىغا ئەگەشىپ سانسكرىت تىلىنىڭمۇ ھىمالايا تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، بۇ يەردە ماكانلاشقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ھالبۇكى ، ھىندىستاندىن بۇ يەرگىچە تارقىلىپ بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن بۇ مەدەنىيەت ئىزنالىرى كېلىپ چىقىشنىڭ ئېنىقسىزلىقى ۋە باشقا ئالاقىدار ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ھېچقانچە مەسىلىنى ئېنىق ھەل قىلىپ بېرەلمەيتتى . پەقەت خوتەندە سىستېمىلىق قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىقلا يېتەرلىك ئىسپاتقا ئېرىشىش مۇمكىن ئىدى . خەنزۇچە خاتىرىلەر كىشىگە جۇڭگودىن ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا بارىدىغان ۋە ئۇ يەردىن ھىندىستان ھەمدە غەربكە ئۆتىدىغان قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان ، ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان كىچىك بەگلىكنى ئەسلىتەتتى . خوتەندىن قېزىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرى ، تەڭگە پۇل ، مۆھۈر قاتارلىق كىچىككىنە نەرسىلەرمۇ قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى نامايان قىلاتتى . بىزنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتىمىز دەسلەپىدىلا كۆچمە قۇملارنىڭ خارابىلىكلەرنى كۆمۈپ تاشلىشىدەك « يارىدەم » گە دۇچ كەلدى . خوتەن بوستانلىقىدا ئىنسانلارنىڭ

پائالىيىتى باشلانغاندىن تارتىپلا ، بوستانلىق چېگرىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز يۆتكىلىشى ، ئۇلارنىڭ قاباھەتلىك قۇملۇق بىلەن ئىزچىل كۆرەش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . يەرلىك رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغىنىدەك خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا تەكلىماكان چۆللۈكى قەدەممۇ قەدەم بېسىپ كېلىپ ، كىشىلەرنى ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان .

خارابىلىكنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېرىشكەنلىرىم مېنى خوتەنگە ۋە قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىشكە جەلپ قىلغان ئارمانلىرىمدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى . غەربتىن شەرققە 300 مىل كېلىدىغان جايغا تارقاق جايلاشقان ، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئالامەتلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابىلىكلەر ئوخشاش ھەم قاتلاملىرى ئېنىق بولغان مەدەنىيەت بەلبېغىنى نامايان قىلغانىدى . بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ مودېلىنى ساقلاپ قالغانلىقى ، شۇنداقلا غەرب ۋە جۇڭخونىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ خىل تەسىرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىياپەت ۋە جەلپكارلىققا ئىگە بولغانىدى .

خوتەندە ئەينى دەۋردە بىر مەزگىل گۈللەنگەن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ كېلىش جەريانى ۋە تارىخى قاتارلىقلار قەدىمىي بۇتخانىلار ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدا بايقالغان دىققەتكە سازاۋەر بۇددىساتۋا ھەيكەللىرى ۋە تام رەسىملىرىدە ئىپادىلىنىدۇ . ئۇلار قۇم بارخانلىرى ئاستىغا نۇرغۇن ئەسىر كۆمۈلۈپ قالغان ، ئېنىق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىزنىڭ بۇ ئاھالىلەر رايونىنىڭ قۇمغا كۆمۈلگەن دەۋرلىرىنى بېكىتىشىمىزنى يېتەرلىك دەلىللەر بىلەن تەمىنلەيتتى . ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بايقالغان تېپىلمىلار ئەڭ بۇرۇن بايقالغانلىرىغا ئوخشاشلا مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگىچە ھىندىستان سەنئىتىنىڭ تەسىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىدەك پاكىتنى ئىسپاتلايدۇ . راۋاقلىق بۇددا مۇنارلىرىدىكى ئويۇپ ياسالغان كۆپلىگەن بۇتلار ۋە نېيەدىكى قەدىمىي خارابىلىكتىكى ياغاچقا ئويۇلغان نەقىشلەر كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گرېتسىيە ئۇسلۇبىدىكى بۇددا

سەنئىتىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە مەزمۇنىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە قايتىدىن يۇرۇتۇپ بەرگەن . بۇ خىل سەنئەت گرېك تىلىدا سۆزلىشىدىغان رىملىقلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن ، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گاندارا ( ھازىرقى پېشاۋەر ) ھەم ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىغا تارقىلىپ راسا گۈللەنگەن . ھازىر بىز نەزەرىمىزنى ئاشۇ مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن تەخمىنەن 300 يىل كېيىنكى دەندان ئۆيلۈك بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى تامغا سىزىلغان رەسىملەرگە ئاغدۇرىدىغان بولساق ، خۇددى بىز ئۇچۇنلا كۆمۈلگەندەك تۇرغان ئاجانتا تاش غارلىرىدىكى تام رەسىملەرگە ئوخشاش قەدىمكى ھىندىستان سىزما سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالالايمىز .

جۇڭگونىڭ يازما خاتىرىلىرىدىن بىز كېيىنكى خەن ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە جۇڭگونىڭ خوتەن بەگلىكىگە قاراتقان ئۇنۇملۇك سىياسىي كونتروللۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز . مەن قېزىپ چىقارغان بەزى بۇيۇملارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ . ياغاچ ۋە قەغەزلەرگە پۈتۈلگەن خەنزۇچە ھۆججەتلەر ، جۇڭگو پۇلى ۋە باشقا تېپىلمىلارمۇ جۇڭگونىڭ سىياسىي كۈچىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىگەن . خوتەن بىلەن شەرقتىكى بۇ چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ بىر نەچچە ئەسىردىن بېرى ، مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىق ، سودا ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، بىز پاكىتلار ئىسپاتلىغان سەنئەت جەھەتتىكى باغلىنىشتىن ئەجەبلەنمەيمىز . بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ، جۇڭگو ئىچكىرى جايلىرى ئاساسلىق ئۆرنەك ئالغۇچىدۇر . يىراق شەرقتىكى بۇددا سەنئىتىدە نۇرغۇنلىغان ھىندىستان تەركىبلىرى بار بولۇپ ، پۈتۈن خوتەندىكى ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ . ھازىر دەندان ئۆيلۈكتىكى كۆپلىگەن تام رەسىملىرى ۋە ياغاچقا سىزىلغان رەڭلىك نۇسخىلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغاندا ، جۇڭگونىڭ ئۇسلۇبىنىڭ خوتەن بۇددا سەنئىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئوخشاشلا تەسىرى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىزنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان غەرب كلاسسىك سەنئىتىنىڭ زادى قەيەرگىچە تارقالغانلىقى ھەققىدە قايىل قىلارلىق تارىخىي پاكىتنى ئىزدەش مەسىلىسى، غەرب كلاسسىك سەنئىتىنىڭ غەربىي ياۋروپا بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان خوتەنگىچە ئېچىلىپ كىرگەنلىكى بىزگە مەلۇم بولدى. بۈگۈنگىچە دەخلىسىز مۇكەممەل ساقلىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان تېپىلمىلار بۇ بىر قاتار كلاسسىك سەنئەتنىڭ خاراكتېر ئىزنالىرىنىڭ دەلىلى، شۇنداقلا نىيە ئەتراپىدىكى خارابىلىكتىن بايقالغان كۆپ مىقداردىكى رەسىم بىلەن تونۇشتۇرۇلغان بىر قىسىم مۇھىم تېپىلمىلارنى، يەنى ئىنچىكىلىك بىلەن ياسالغان گرېتسىيە ئىلاھىنىڭ ئوبرازى بولغان پاللاس ( Pallas )، ئاتېن ( Athene )، ئېروس ( Eros ) ۋە مۆھۈرلەرنىڭ ئوڭ يۈزىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كلاسسىك سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئادەم بېشى سۈرىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئېيتمايلى، شۇ يەردە ئويۇلغان دەپ جەزملەشتۈرەلمەيمىز. كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغىنى، بۇ مۆھۈرلەر ئەسلىدىنلا خوتەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ياكى پۇقرالار ئارىسىدا ئىشلىتىلگەنلىكى، كلاسسىك سەنئەت ئوبرازىنىڭ يەرلىك جاۋاھىرپۇرۇشلار ۋە ئۇنى ياسىغۇچى ئۇستىلارنىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكى، يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلەر رايونىدىن بايقالغان ھىندى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرگە ئەمەلدارلارنىڭ غەيرىي ھىندىچە مەرتىۋە ناملىرى يېزىلغان مۆھۈرى بېسىلغان تارىخىي خاتىرىلەردىن بىز مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆز ئارا سىڭىپ كەتكەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ مۆھۈرلەر بىزنى يەنە يىراقتىكى غەرب كلاسسىك سەنئەت دۇنياسىغا باشلاپ بارىدۇ.

بىز دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن ئىلاھنىڭ بۇددا دىنىغا ئائىت رەسىملىرى ئىچىدىن تولۇق دەلىل ـ ئىسپاتنى، يەنى 5 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دەسلەپكى پارس سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەقلىدلەرنى بايقىدۇق.

ئۇلارنىڭ ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدىكى ئوخشاشلىقى ، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا كىشىنى تولىمۇ روھلاندۇراتتى .

ئاشۇ قەدىمكى ئاھالىلەر رايونىدىكى تۇرالغۇ ئۆي ۋە بۇتخانىلار قۇمغا پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەڭ ئاخىرقى ئاھالىلەر ۋە باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن بىر قېتىم ئاختۇرۇلۇپ ، قىممىتى بار نەرسىلەر ئېلىپ كېتىلگەن . ئۇلار قالدۇرۇپ قويغان نۇرغۇن نەرسىلەر گەرچە كېيىنكى يىللاردا بۇ يەرگە ئاياغ باسقان « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ نەزەرىگە ئېلىنمىغان بولسىمۇ ، بىراق بىز ئۈچۈن يەنىلا ئالاھىدە قىممىتى بار نەرسىلەر ھېسابلىناتتى . قەدىمكى ئائىلە سايمانلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ، مەسىلەن ياغاچ ئورۇندۇق ، يىپەك ۋە باشقا توقۇلما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ، قەدىمكى گىلەمنىڭ پارچىسى ، سىر ، مېتال ۋە ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ، ئائىلىدە ھەم يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ پۇچۇقلىرى ، شۇنداقلا خىلمۇ خىل قالدۇق نەرسىلەر شۇنچە ئاددىي بولسىمۇ ، بىراق ھەممىسى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن تۇرالغۇ ئۆي ۋە ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان . بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قەدىمكى مەدەنىيەت مەنزىرلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئەگەر قۇم قۇغداپ قالمىغان بولسا ، بۇلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ھالبۇكى ، بۇ مەنزىرە كىشىنى قانچىلىك ھاياجانغا سالمىسۇن ياكى روھلاندۇرمىسۇن ، بىزنىڭ يەنە قايتىدىن بۇ ئاھالىلەر رايونىنىڭ گۈللەنگەن تۇرمۇش كارتىنىسىنى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر داۋامىدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تېپىپ چىقىشىمىز قىيىن ، لېكىن بۇنداق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈمىدىمىزمۇ يازما خاتىرىلەرنىڭ تېپىلىشىغا باغلىق ئىدى . بەختىمىزگە ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ھەقىقىي خارابىدىن تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ مول بولغان قەدىمكى قوليازما ۋە ۋەسىقىلەر تېپىلدى . دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان سانسكرىتچە قوليازمىلارنىڭ بىزگە بۇنداق مۇنتىزىم بۇددا

ۋەسىقىلىرىنىڭ قەدىمكى خوتەن بۇتخانىلىرىدا تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان. ئوخشاش ئورۇنلاردىكى خارابىلەردىن بايقالغان بىر تۈركۈم خەنزۇچە ھۆججەتلەر ئالاھىدە تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن يىل دەۋرى ( مىلادىيە 781 ~ 790 - يىللىرى ) بىلەن باشقا پاكىتلارنى بىرلەشتۈرگەندە، بۇ ئاھالىلەر رايونىنىڭ مىلادىيە 8 - ئەسىردە تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى يەنە بىۋاسىتە ھالدا بۇ رايونلارنىڭ تۈبۈتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىدىن ۋاز كەچكەنگىچە بولغان ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. سانسكرىتچە قولىيازما ۋە خەنزۇچە خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى خوتەن مەدەنىيىتىدىكى سىرتتىن كىرگەن ئامىللارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى ئوخشاش بىر ئورۇندىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى ھۆججەت ۋە بۇددا نوملىرىنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، ئۇلاردا ئىشلىتىلگىنى بىزگە نامەلۇم بولغان بىر خىل تىل. ئېنىقكى، ئۇ ھىندىستاندا داۋاملىق قوللىنىلىۋاتقان براھمى يېزىقى شەكلىدىكى سانسكرىت تىلى ئەمەس، بەلكى بىز ئىلگىرى تىلغا ئالغان خوتەندىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئەينى دەۋردە قوللانغان تىلى بولۇشى مۇمكىن.

بىز قازغان بۇ رايوننىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى ئەندەرە ئىلاھ سارىيىدىن بايقىغان ھۆججەتلەر ئىچىدىن سانسكرىتچە، خەنزۇچە ھەم سانسكرىتچە بولمىغان ۋەسىقىلەرنى كۆردۇق، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردىن يەنە تۈبۈتچە ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا تۈبۈتلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىدەك مۇھىم ئۇچۇردىن دېرەك بېرەتتى. ئەندەرە ئىلاھ سارىيىنىڭ تاملىرىغا قالايمىقان ئويۇلغان خەنزۇچە خەتلەر ئارىسىدىمۇ تۈبۈتلەرنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىل دەۋرى يېزىلغان بولۇپ، كېيىن خەنزۇ نومشۇناسلار ئېنىقلاپ، ئۇنى مىلادىيە 719 - يىلى دەپ مۇقىملاشتۇرغان. ئېھتىمال، تۈبۈت يېزىقىنىڭ بۇ ئىزنالىرى تۈبۈتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۈچىيىپ جۇڭگو تۈركىستانى زېمىنىغا كېڭەيتكەنلىكى بىلەن بىۋاستە
مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك . جۇڭگو يىلنامىلىرىدىمۇ بۇ ئالاھىدە مەزگىل
تىلغا ئېلىنغان .

بىراق ، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ، تاختاي ۋە خۇرۇملارغا يېزىلغان
نەچچە يۈزلىگەن تېخىمۇ قەدىمىي ھۆججەتلەر بولۇپ ، ئۇلار نىيە دەريا-
سىنىڭ ھازىرقى قۇم بېسىپ كەتكەن دائىرىسىدىكى قەدىمكى ئولتۇراق را-
يون خارابىسى ۋە ئەخلەت دۆۋىسى ئارىسىدىن تېپىلغان ئۆزگىچە ئالاھى-
دىلىككە ئىگە ماتېرىياللارغا دەسلەپكى ھىندى تىل - يېزىقى بىلەن يېزىل-
غانلىقى ، مەن بايقىغان باشقا قەغەزگە يېزىلغان ۋەسىقىلەردىنمۇ قەدىمىي
ئىكەنلىكى ھەمدە كۆپ قىسمىنىڭ ساقلىنىش دەرىجىسىنىڭ ھەيران قالار-
لىق دەرىجىدە ياخشىلىقى بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن-
لىكىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىك ئىدى . ئۇلارنىڭ تارىخىي يېزىقتا يېزىلغان-
لىقىدا ھەم بۇ يېزىقنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىدا كەڭ دا-
ئىرىدە ئومۇملاشقانلىقىدا ئىدى .

يىگىرمە ئالتىنچى بابتا كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان بۇ ماتېرىياللار
ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈشكە تىرىشتىم . ئۇلار ھۆكۈمەت
دوكلاتلىرى ، بۇيرۇق - پەرمانلار ، خەت - چەكلەر ، ھېسابات ۋە ھەر
خىل « خەت » لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . بۇ نەتىجىلەر بىزگە يېپيېڭى
بىر گۈزەل مەنزىرىنى نامايان قىلدى ، بۇ ناھايىتى زور بايقاش ئىدى . تې-
پىلمىلار ئارقىلىق ، يەرلىك كىشىلەر ئېيتىپ يۈرگەن ھىندىستانىنىڭ غەر-
بىي شىمال رايونىدىكىلەرنىڭ خوتەنگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىدىن قەدىمكى
رىۋايەتكە ھەقىقەتەن ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولاتتى .
ئادەتتىكى ئالاقە جەريانىدا ھىندى تىلى ، بولۇپمۇ ھىندى يېزىقىنىڭ بۇ
ئالاھىدە رايونغا كەلگەنلىكىدىن ھىندىستان كۆچمەنلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ
بۇ جايغا كەلگەنلىكىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ .

تەبىئىي شارائىت ھەم كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىنسانلار پائالىيىتى
پەيدا قىلغان ئېغىر بۇزغۇنچىلىقنىڭ بۇ قەدىمىي بۇيۇملارغا تەھدىت سې-

لىشى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . بۇ خىل ئەھۋال مېنى خىزمەت شارائىتى-
نىڭ قانچىلىك ناچار بولۇشىغا پەرۋا قىلماي ، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي تى-
رىشىپ خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى . بىر تەرەپتىن مېنىڭ سىرتقا
چىقىپ قالغان قەدىمىي بۇيۇملارنى كۆزىتىشكە پۇرسىتىم ناھايىتى كۆپ
ئىدى . قۇملۇقتا شامالنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۇپرىتىشى بىلەن بۇ بۇيۇملار
ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى . يەنە بىر تەرەپتىن مەنمۇ بۇ
بۇيۇملارنىڭ ئىنسانلارنىڭ قولى ئارقىلىق ۋەيران بولۇپ كېتىش ئېھتىمالىغا
سەل قارىسام بولمايتتى . ئاسان كىرگىلى بولىدىغان خارابىلەر ئىچىدە
« گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئىزلىرى نا-
ھايىتى روشەن ئىدى . بۇنداق « مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قېزىش »
ھىندىستان سەنئىتى ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىغا نىسبەتەن ئورنىنى
تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانلارنى ئېلىپ كېلەتتى ، بۇ كىشىنى تولىمۇ ئېچىن-
دۇراتتى . يېقىنقى بىر نەچچە يىلغىچە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگ-
رىسىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى ئىشتىن سىرتقى « گۆھەر
ئىزدىگۈچىلەر » تەرىپىدىن داۋاملىق تۈردە خالىغانچە كولىنىۋاتىدۇ .

بىراق ، تۈركىستان قۇملۇقىنىڭ كىلىماتى قۇغداش ئىقتىدارى
جەھەتتىن مىسىردىن قېلىشمايتتى ، شۇڭا خوتەن ياكى قۇملۇق بىلەن
تۇتىشىپ تۇرغان ھەر قانداق رايونلاردا تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغان
قەدىمىي بۇيۇملارنى يەنىلا فارائوس ( Pharaohs ) نىڭ زېمىنىدىكى بىلەن
سېلىشتۇرۇشقا بولاتتى . « قەدىمىي شەھەر » نىڭ بارلىق سارايلىرى ،
كوچىلىرى ، بازارلىرى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرىدە
تەسۋىرلەنگىنىدەك ياۋروپالىقلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سودوم ( Sodom ) ۋە
گوممورا ( Gommorah ) قا ئوخشاشلا بىر قېتىملىق ئاپەتتىن كېيىن قۇم
ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ، باشقىلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمىگەن . گەرچە
قېزىلغان خارابىلەر كۆپ بولمىسىمۇ ، دەسلەپكى تاشلىۋېتىلگەن ئاھالىلەر
ئولتۇراق رايونىنىڭ ئورنىنى يەنىلا تاپقىلى بولاتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ھا-
زىرقى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىن يىراقراق بولغانلىرى تېخى « گۆھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىزدىگۈچىلەر » تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ ، ئەمما
ئۇلارنىڭ خىلى ۋاقىتلارغىچە دەخلىسىز ساقلىنىپ تۇرۇشىدىن ئۈمىد
كۈتكىلى بولمايتتى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، خوتەنلىكلەردە « قەدىمىي
كىتاب » ياسايدىغان كەسىپمۇ پەيدا بولدى . بۇ كىتابىمدا بۇ ئىشنى ئاش-
كارىلىدىم ھەم ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم
( ئوتتۇز بىرىنچى بابقا قاراڭ ) . بۇ ھەتتا تۈركىستاندىكى بەزى قەدىمىي
بۇيۇملارنى توپلاش ۋاكالەتچىسىنىڭمۇ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بەردى . شۇ كۈنلەردە تەكلىماكاندا خىزمەت قىلىش شۇ قەدەر تەس
بولۇپ كەتكەندى . ئەگەر بۇ رايوندىكى جۇڭگو مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ
ئەمەلىي ھەمكارلىقى بولمىغىنىدا ، ئۆزۈمنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتىمنى
بۇنداق كەڭ كۆلەملىك ۋە نەتىجىلىك ئېلىپ بارالمىغان بولاتتىم . چۈن-
كى ، مەن ئۇلاردىن يول باشلىغۇچى ، ئىشلەمچىلەر ۋە تەمىناتقا ئېرىشتىم ،
بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇملۇقتىكى قىشلىق پائالىيەت ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى .

تەلىيىمگە ئامبال پەن دارىن ۋە خۇاڭ تاغىلارنىڭ ياردىمىگە ئې-
رىشتىم ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك ياخشى دوستلار بولۇپ ، مېنىڭ
بىرلىق خىزمىتىمنى ناھايىتى قىزغىن قوللىدى . بۇ ياخشى نىيەتلىك چىڭ
سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىدىن ئالغان قىزغىن ياردەمنى ئويلىغىنىمدا ، ئۇلارغا
رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن . چۈنكى ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا
كۈچلىرىنىڭ تۇراقسىز ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقى ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى ھەم
مېنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئىشلىرىمغا ياردەم قىلىشنىڭ ئۆزلىرىگە ھېچ-
قانداق ئەمەلىي پايدا ۋە شان ــ شەرەپ ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق
بىلەتتى .

ئىلىم سۆيەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەقىقىي تارىخىي بىلىمى ۋە ماڭا
يول ئېچىپ بەرگەن قوغدىغۇچى ئىلاھ ، بۇددا نومىنى ئەكەلگۈچى ئۇلۇغ
شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىلىرىدىن بايقىغان رىۋايەتلەر مېنىڭ جۇڭگولۇق
دوستلارغا تەكشۈرۈش مەقسىتىمنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ قىزىقى-
شىنى قوزغاشقا زور ياردەم قىلدى . لېكىن ، يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ

ھە دېگەندىلا مېنىڭ خىزمىتىمگە ھېسداشلىق قىلىدىغان پوزىتسىيىدە بولۇشى پۈتۈنلەي ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ مەن ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپمۇ ئويلايتتىم . ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ ، ئۇنىڭ شەخسىي تەسىرىنى بۇ يەردىكى بارلىق جۇڭگولۇق ئەمەلدارلار ئارىسىدا سەل چاغلاشقا بولمايتتى . بۇ ئەقىللىق ، ئاق كۆڭۈل دوستۇم ناھايىتى يىراق جايدا تۇرۇپمۇ تەكشۈرۈش خىزمىتىمگە ياردىمىنى ئۈزۈپ قويمىدى . ئۇنىڭ خىزمىتىمدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈمدە قىلغان ياردىمىگە ھەم ئۇنىڭ شەخسىي غەمخورلۇقىغا مەن يەنە بىر قېتىم سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن .

خىزمىتىمنىڭ مەقسىتى ۋە نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى بايانلىرىم تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردىمى تېگەر ، دېگەن ئۈمىدتىمەن . چۈنكى ، ئىلىم ساھەسىنىڭ تەلپى بويىچە ئاساسلىق زېھنىمنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش زۆرۈر بولغان خىزمەتلەرگە قاراتتىم . ھەر قانداق توسالغۇلاردىن ساقلىنىپ ، پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۇلارنى تاماملاشقا تۇتۇندۇم . مېنىڭ مەقسىتىم بىر قېتىملىق ساياھەت پۇرسىتى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان كەچۈرمىشلەرنى يېزىپ چىقىش ئەمەس . ناۋادا شۇنداق بولسا ، ئاقىۋەتتە ۋاقىت ، زېھنىي كۈچ ۋە ئىقتىساد ئىسراپچىلىقى قاتارلىق ناھايىتى زور زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ . مەن پەقەت بۇ كىتابنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئېلىپ بېرىلىدىغان شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە ئوقۇرمەنلەرنى ئازراق بولسىمۇ نەپكە ئېرىشتۈرۈشىنى ، ھىندىستان ھەم شىمال تەرەپتىكى چېگرا رايونلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشقا ياردىمى تېگەر دېگەننى ئويلايمەن ، شۇنداقلا كىشىلەرنى مۇشۇ رايوننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن تارىخىي جەريانىغا ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلسىكەن ، دەپ ئۈمىد قىلىمەن .

بىر ئىلىم ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خىزمىتىمدە پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلىشىم كېرەك . مېنىڭ پەقەت ئۆزگەرتىپ كۆچۈرۈلگەن بىر پارچە ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى يېزىپ چىقىشىمغا قەتئىي رۇخسەت قىلىن-

www.uyghurkitap.com

مايىتتى . چۈنكى ، دوكلاتىم پەقەت شەرقشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ياكى ئارخېئولوگلار ئۈچۈنلا يېزىلغان بولماستىن ، بارلىق كىشىلەرگە يۈزلىنىشى كېرەك . چۈنكى ، ھېس قىلىشىمچە ، دوكلاتىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزگەرتىشكە ھەم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدىكى سەل قارالغان ھەر قانداق بىر مۇھىم پاكىتلارنى تولۇقلاشقا توغرا كېلەتتى .

بۇ ئېكىسپېدىتسىيە خاتىرىسىنى يېزىشتىكى تەييارلىق خىزمىتى كۆرۈنۈشتە ئوڭايدەك بولغىنى بىلەن ، ناھايىتى كۈچ سەرپ قىلىدىغان خىزمەت ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، پەنجاب مەكتىپىنىڭ مۇپەتتىشلىكىدىن ئىبارەت بۇنداق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ماڭا قالدۇرىدىغان بوش ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى . شۇڭا ، مەن 1901 ـ يىلى مەن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدىم . پەنجاب كۆزدە بۇنداق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى ۋە ھىندىستان ھۆكۈمەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ ماسلىششى بىلەن ، ھىندىستان ھۆكۈمىتى كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىر مەزگىل ئەنگلىيىگە بېرىپ بىر قىسىم مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ ، ساياھەت خۇلاسەمنى پۈتتۈرۈپ چىقىشىمنى تەستىقلىدى .

ماڭا قىلىنغان بۇ ئاتىدارچىلىق مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى . مەن بۇ يەردە ھىندىستان مۇپەتتىشىگە ھەم ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ئويلايمەن . خۇددى تەكشۈرۈش خىزمىتىمگە ئوخشاش ، پەقەت ئۇلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدىلا ئاندىن بۇ ئىشنى روياپقا چىقارغىلى بولاتتى . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھىممىتى ئاستىدىلا ھازىرقى ئىلمىي خىزمىتىم جەريانىدىكى بىر مەزگىللىك بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ، بۇ ساياھەت خاتىرەمنىڭ بايانىنى تاماملىيالايتتىم . ئىلمىي دوكلاتىمنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى تەييارلاشتا ماڭا ھەر جەھەتتىن زۆرۈر بولغان تولۇقلاشلارنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن مەن كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى بۇيۇملار ، خارابە ئىزلىرى ۋە مەنزىرە سۈرەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ كېيىنچە

نەشردىن چىقىدىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايـ
مەن . چۈنكى ، تېخنىكىلىق جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار بىر يولىلا تەمىنلەشكە ئامالسىزمەن .

بۇ كىتابنى يېزىشقا تەييارلىق قىلىش جەريانىدا ھەر قايسى جەـ
ھەتلەردىن ئېرىشكەن ياردەملەرنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمايمەن ھەم
ياردەم قىلغۇچىلارغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىمەن ، بولۇپمۇ مەن
ئەڭ كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە مۇناسىپ بىردىنبىر كىشى دەپ سەنـ
ئەتكار دوستۇم ئاندرېۋس ئەپەندى قارايمەن . مەن جۇڭگو تۈركىستانىـ
دىن قايتىپ كەلگەندە ، ئۇ قىزغىنلىق بىلەن خىزمىتىمنىڭ ئىلگىرىلىشىگە
كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى . ئۇ ئىلگىرى لاھور سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ،
مەزكۇر جايدىكى موزېينىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋاقىتىدا ، قەـ
دىمكى ھىندىستان توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئەمەلىي بىلىمى ۋە سەنئەت جەـ
ھەتتىكى يۇقىرى بىلىمى بىلەن مېنىڭ قىممىتى ئەڭ زور بولغان قەدىمكى
بۇيۇملىرىمنى رەتلەش ۋە سۈرەتكە ئېلىش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ يارـ
دەمدە بولدى . ئۇ ئالىملىق سۈپىتىدە سەۋېرچانلىق بىلەن بۇيۇملىرىمنى
تېخنىكا جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشىمغا پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەردى
ھەمدە بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچە خەرىتىسىنى ناھايىتى توغرا سىزىپ چىقتى .
سان ــ سىفىرلار ۋە تەقلىد قىلىپ ئىشلەشتە قوللانغان ئۇنۇملۈك ۋاستىلەر
كىشىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ . بەتلەردىكى رەسىم ۋە جەدۋەللەردىن
تارتىپ ، بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ لايىھىلىنىشى ، كىتاب ئىسمى ، نەقىشـ
لەر ۋە تىتولدىكى گرافىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئىشلىگەنىدى . ئۇ
قوۇم ئاستىدىن قېزىپ چىققان يېپىشقاق توپىغا بېسىلغان مۆھۈردىكى
پاللاس ( Pallas ) نىڭ پورتېرتىنى چوڭايتىپ تەقلىد قىلىپ ئىشلەپ ،
ئۇنى يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلگە كەلتۈردى . مېنىڭ تەكشۈرۈش
خىزمىتىمگە بۇنىڭدىن ئارتۇق ماس كېلىدىغان نەشر بەلگىسىنى تېپىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

داڭلىق ھىندىستانشۇناس دوكتور رۇدۇلف خورنىل دەسلەپتىلا
تەكشۈرۈش خىزمىتىمگە ناھايىتى قىزىققانىدى . ئۇ قىزغىنلىق بىلەن قىمـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان براھمى قولىيازمىلىرىغا ئائىت ۋەسىقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەم نەشر قىلىپ تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى . ئۇ يەنە بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىقىش ھەم كوررېكتورلۇق قىلىش جەھەتتە ماڭا كۆپ ياردەملەرنى بەردى . بۈيۈك برىتانىيە موزېيىدىكى ج . راپسون ( J . Rapson ) ئەپەندىگىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن . ئۇ مەن ھىندىستاندىن ئايرىلغان ۋاقىتتا يىغىپ ئەكەلگەن قەدىمكى بۇيۇملاردىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالغاندىن تاشقىرى ، يەنە ماڭا قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئىزاھاتىنى ئىشلەشتە ناھايىتى كۆپ ياردەمدە بولدى . ئوكسفورد ( Oxford ) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، دوكتور پېرسى گاردنېر ( Percy Gardner ) مۇ قەدىمكى بۇيۇملىرىم ئارىسىدىكى كلاسسىك سەنئەتكە ئائىت ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىشىمغا نوپۇزلۇق ئەرباب سۈپىتىدە يېتەكچىلىك قىلدى ھەم كۆپ ئىلھاملاندۇردى . ئۇنىڭغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن .

مۇھىم خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا مەشھۇر خەنزۇشۇناس ، دوكتور بۇشېل ( Bushell ) ، شاۋان ( Chawannes ) ، دوگلاس ( Douglas ) قاتارلىق ئالىملارنىڭ ياردىمىنى ئىنكار قىلالمايمەن . فرانسىيە ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن پروفېسسور شاۋان مېنىڭ بۇ تەپسىلىي دوكلاتىمنى نەشر قىلىشنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى . بۇ يازمىلارنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەھلىلى جەھەتتىكى خىزمەت ئارقىلىق ، جۇڭگونىڭ تۈركىستاندىكى تەسىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ ناھايىتى زور قىممىتى بارلىقى ئىسپاتلاندى . بۈيۈك برىتانىيە موزېيىدىكى دوكتور بۇشېل ۋە پروفېسسور دوگلاسلار خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتا ماڭا دائىم يېتەكچى بولۇپ تۇردى .

دوستۇم كوتتون ( Cotton ) ، « ئالىي مەكتەپ » ژۇرنىلىنىڭ سابىق مۇھەررىرى ۋە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كورپۇس كرىستى ( Corpus Christi ) ئىنستىتۇتىدىكى ئاللېن ( Ailen ) ئەپەندىلەرگە ئېيتىدىغان رەھمىتىمنى ئەڭ ئاخىردا ئىپادىلىمەكچىمەن . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان غەربىنىڭ خىزمەتلىرى ياكى ھازىرقى

دەۋرگە ئالاقىدار خىزمەتلەرگە تېخىمۇ پايدىلىق . كوتتون ئادەتتىكى ئو-
قۇرمەنلەرنىڭ تەلىپىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى . قولىيازمامنى بېكىتكەن
ۋاقىتتا ، ئۇ ماڭا زور ياردەملەرنى قىلدى ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى
ئىقتىدارى بۇ خىزمەتكە بەكمۇ لايىق كېلەتتى . باشقا دوستلىرىممۇ ماتېرى-
يال رەتلەش خىزمىتىمنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە پۈتۈن
ئىشتىياق بىلەن كىرىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە كۇت-
بېرت شېلدس ( CuthbertShields ) ئەپەندىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن
كورپۇس كرىستى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ۋە ئىنستىتۇت ئىشلىرى كومىتې-
تىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتىم ھەم 1902 ـ يىلى ئىلمىي خىزمەت بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان بىر جىمجىت جايغا ئىگە بولدۇم . ئادەمنىڭ روھى ئۇر-
غۇپ تۇرىدىغان بۇنداق شارائىت ئېراسموس ( Erasmos 1466 ~ 1536 ـ
يىللار ، گوللاندىيىلىك ئالىم ) تىن رۇسكىن ( Ruskim 1819 ~ 1900 ـ
يىللار ، ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ) غىچە بولغان گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن
تولغاندى . مەن ئەنگلىيىدە ئىشلىگەن كىشىنى خوشال قىلىدىغان بۇ ۋا-
قىتلارنى دائىم ئەسلەيمەن .

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى جۇڭگو تۈر-
كىستانىدىن ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تەكشۈرۈش
خىزمىتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى ئەمەس . شۇنداق بولسىمۇ ، ھا-
زىرغىچە باشقا رايونلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە
دىققەت قىلماسلىققا ئامالسىزمەن . شۇ جاي بىلەن چېگرىداش بولغان
ھىندىستاننىڭ تارىخى مېنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ ، بۇ جەھەتتىمۇ يۇقىرىقىغا
ئوخشاش مول نەتىجىلەرگە ئېرىششنى ئۈمىد قىلىمەن . خېلى بۇرۇنلا مەندە
ھىندىستاننى زىيارەت قىلىش خىيالى تۇغۇلغان بولسىمۇ ، ۋاقىت ئۇچقان-
دەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى . گەرچە ئىلگىرىمۇ باشقا ئىلمىي خىزمەتلەر بى-
لەن شۇغۇللانغان بولسامۇ ، لېكىن ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋات-
قان تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم . ھايات چەكلىك ، قەدىمكى
ھىندىستان ۋە بۇ رايون بىلەن قەدىمكى غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە جە-
ھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ، ئادەم ئۆزى تاللىغان تەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە تورى

قىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنالمايۋاتقان ۋاقىتتا ، ھايات چوقۇم تېخىمۇ قىسقا بىلىنىدۇ . كىشىلەر ئالىملار بىلەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان ۋاقىتتا ، ناھايىتى ئاسانلا بىر قەدەر ئۈمىدۋار ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىيالايدىغان ياشلارغا يۈزلىنىدۇ . تەقدىرگە ، ماڭا ياردەم بەرگەن كىشىلەرگە رەھمەت ! شۇنداق بولغاچقا ، ھىندىستان تۇپرىقىدا خىزمەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدىم ھەمدە بىر نەچچە يىللىق جاپالىق خىزمەتتىن كېيىن بىر مەزگىل بوش ۋاقىتقا ئېرىشىپ ، پۈتۈنلەي ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم . ھەر قېتىم مەن بۇ قېتىملىق پۇرسەتكە ئېرىشىشتىن بۇرۇنقى بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمنى ئويلىغىنىمدا ، ھىندى دىنى ئېتىقادىدىكى « پانىي دۇنيا » ، « پاراغەت » لەرگە ئېرىشىشتەك روھىي ئىنتىلىشتىن بەھىر ئالالمىغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن . چۈنكى ، بۇنداق ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن يەنە باشقا يەرلەردە خوتەندە ئېرىشكەن نەتىجىلەردىنمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئىشەنچىسىدە بولاتتىم .

م . ئاۋرېل ستەين

بۈيۈك بىرىتانىيە موزېيى
1903 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كالكۇتتادىن كەشمىرگىچە ........................ 1

ئىككىنچى باب ئاستور ۋە گىلگىت سەپىرى ...................... 11

ئۈچىنچى باب خۇنزادىن ئۆتۈش ............................ 31

تۆتىنچى باب تاغدۇمباش پامىر ............................ 53

بەشىنچى باب سارىقولدا ................................... 65

ئالتىنچى باب مۇزتاغ ئاتا چوققىسىدا ......................... 78

يەتتىنچى باب گەز جىلغىسىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بېرىش .......... 97

سەككىزىنچى باب قەشقەردە ................................ 114

توققۇزىنچى باب خانئۆي ۋە ئۇدا پاشاھىم مازىرى ................ 133

ئونىنچى باب يەركەن ۋە قارغىلىق .......................... 154

ئون بىرىنچى باب خوتەن سەپىرىدە ......................... 173

ئون ئىككىنچى باب خوتەنگە يېتىپ بېرىش ..................... 188

ئون ئۈچىنچى باب يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسىگە يۈرۈش ...... 201

ئون تۆتىنچى باب قاراقاش تاغ تىزمىلىرىدا ...................... 219

ئون بەشىنچى باب خوتەندىكى قەدىمىي ئاسارئەتىقەلەرنى توپلاشقا قىلىنغان سەپەر ................................ 231

ئون ئالتىنچى باب قەدىمىي پايتەخت يوتقان خارابىسى .............. 243

ئون يەتتىنچى باب دەندان ئۆيلۈك خارابىسىگە سەپەر ............ 258

ئون سەككىزىنچى باب بۇتخانىنى قېزىش ....................... 268

ئون توققۇزىنچى باب قەدىمكى قوليازمىلارنىڭ تۇنجى قېتىم بايقىلىشى ........................................ 280

يىگىرمىنچى باب يىل دەۋرى بار ھۆججەتنىڭ تېپىلىشى ............ 292

يىگىرمە بىرىنچى باب قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كېرىيىگە بېرىش ........... 312

www.uyghurkitap.com

يىگىرمە ئىككىنچى باب نىيە ۋە ئىمام ئىفرى سادىق مازىرىغا
سەپەر ........................................................ 326
يىگىرمە ئۈچىنچى باب قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تۇنجى
قېتىم قېزىش ........................................................ 342
يىگىرمە تۆتىنچى باب قەدىمكى ئۆيلەرنى قېزىش ........................ 355
يىگىرمە بەشىنچى باب قەدىمكى ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىلغان
يادىكارلىقلار ........................................................ 366
يىگىرمە ئالتىنچى باب قەدىمكى تارشا پۈتۈك ۋە خۇرۇمغا يېزىلغان
قولىيازمىلارنىڭ شەرھى ........................................ 374
يىگىرمە يەتتىنچى باب ئەندەرە خارابىسى ........................ 386
يىگىرمە سەككىزىنچى باب قارادۆڭ خارابىلىكىدىكى تەكشۈرۈش ... 400
يىگىرمە توققۇزىنچى باب شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان پىمونى ئىزدەش ... 412
ئوتتۇزىنچى باب ئاق سېپىل ۋە راۋاق بۇددا مۇنارىدىكى ھەي-
كەللەر ........................................................ 425
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئىسلامئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ساختا قولىيازمىلىرى ... 442
ئوتتۇز ئىككىنچى باب خوتەن بوستانلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر
قانچە كۈنلەر ........................................................ 457
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب خوتەندىن لوندونغا قايتىش سەپىرى ........ 466

## بىرىنچى باب

# كالكۇتتادىن كەشمىرگىچە

مەن سۇيۇملۇك موهاند مارگ ( Mohand Marg ) ئېگىزلىكىنى گازارما قىلىپ ئۈچ يازنى ئۆتكۈزدۈم. 1898 ـ يىلى 6 ـ ئايدا هىندىستان هۆكۈمىتىگە ئېگىز تاغلىقلاردىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، يىراق خوتەن قۇملۇقلىرىدا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنىڭ تۇنجى پىلانىنى سۇنغانىدىم، ئارىدىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. 1900 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، مەن يەنە كەشمىر ( Kashmir ) گە قايتىپ كەلدىم، ئەينى ۋاقىتتا چېدىر تىككەن، ئۆز پىلانىمنى تۈزگەن، دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان موهاند مارگقا قاراپ هوزۇرلاندىم. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۆپ قېتىم دوكلات ۋە ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق، ئاخىر ساياهەتكە كېرەكلىك بولىدىغان ئالاهىدە رۇخسەت ۋە راسخوتقا ئىگە بولدۇم.

خىزمەتتىكى ۋاقتىمدا، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئارخېئولوگىيىلىك ساياهەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، هىندىستاننىڭ هەر قايسى جايلىرىغا بارغانىدىم. لاهور ( Lahore ) دا تۇرغان 11 يىل مابەينىدە، ئىنستىتۇتنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولسامۇ، ئەمما هەققىي شەرق ئۇسلۇبىدىكى تارىخىي ئىزلار بىلەن ئۇچرىشىپ، پات ـ پات ئۇلارنىڭ يېڭى قىياپەتلىرىدىن بەهىر ئېلىپ تۇراتتىم. كېيىن كالكۇتتا ( Kalkutta ) غا يۆتكەلدىم. غەيرىي هىندىستانچە تۇرمۇش شارائىتى، هۆل ئىسسىق سەۋەبىدىن كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئاتالمىش بۇ هاۋا « ئوردا شەهەر » نى تومۇز ئىسسىقلىرىدىكى لوندون كوچىلىرىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ يەردە مەن ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاپلانغان يېرىم تىبەت ( Tibet ) ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تاغلىق دۆلەت —
سىككىم ( Sikkim ) نى زىيارەت قىلدىم . بۇ يەردە ئېگىز تاغ مەنزىرىسى
نامايان بولۇپ تۇراتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، مەن يەنە جەنۇبىي بىھار
( Bihar ، قەدىمكى ماگادا ) نى زىيارەت قىلدىم . جۇڭگونىڭ داڭلىق
راھىبى شۈەنزاڭنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ ، ئۇ 1200 يىل ئىلگىرى كۆر-
گەن ۋە يېزىپ قالدۇرغان ، ھازىر تامامەن يوقالغان بۇددىزمنىڭ مۇقەد-
دەس ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلدىم . ھىندى دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى ۋە
غەربىي شىمالىي چېگرا رايونلاردىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان چىغىر
يوللاردا قەدەم ئىزىم چۈشمىگەن يەر قالمىدى . ئۇ يەرلەردىكى كۆپلىگەن
بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىبادەتخانىلار ۋە ئوردىلاردىكى « گرېتسىيە ئۇسلۇب-
دىكى بۇددىزم » ھەيكەللىرىدىن كلاسسىك سەنئەتنىڭ ئەكس سىما-
سىنى كۆرگىلى بولاتتى .

ھىمالايا ( Himalaya ) تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھەرقايسى
جايلارنى تەكشۈرۈش باشتىن ـ ئاخىر خىيال دېڭىزىمدا يۆتكىلىپ يۈ-
رەتتى . كالكۇتتادىكى ئىسسىق يامغۇر پەسلىنىڭ بىر ئاخشىمى ئەڭ ئا-
خىرقى تەستىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىنلا زۆرۈر بولغان تەييارلىق
خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتىم . ھىندىستاندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ،
مەن رەسمىيەت بويىچە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش ۋە يې-
زىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاندىن سىرت ، يەنە شەخسىي
ئىشلىتىدىغان لازىمەتلەر ۋە پەن ـ تېخنىكا ئەسۋابلىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان كۆپلىگەن ئۇسكۇنە ـ بۇيۇملارنى تەييارلاشقا كىرىشتىم . كاۋنپۇر
ئەلگىن ( Cawnpure Elgin ) زاۋۇتىغا چېدىر ، كالكۇتتادىكى قول ـ
ھۈنەرۋەنچىلىك فابرىكىسىغا قۇملۇقتا سۇ ساقلاشقا ئىشلىتىدىغان قەلەي
باك ياساتقۇزدۇم ، نۇرغۇنلىغان تەييار يېمەكلىك ۋە بىر يۈرۈش رەسىم
تارتىش ئۇسكۇنىلىرىنى ئالدىم ، يەنە لوندونغا قىشلىق كىيىم ـ كېچەك
زاكاز قىلغۇزدۇم . بۇ ماددىي ئەشيالارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ كىچىك
تىپتىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىمىزنىڭ يولغا چىقىدىغان ئورنى — سىرىنا-
گار ( Srinagar ) غا توشۇپ كېلىنىدى .

بىراق ، مەن كەشمىردە ئەمەس ، بەلكى مەدەنىيەت چېچەكلىرى

ئېچىلغان كالكۇتتادا ئەمەلىي خىزمەت تەييارلىقلىرىمنى تاماملىدىم . چۈما كېسەللىكىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش يۈزىسىدىن ، كالكۇتتا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇددەتتىن بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن يازلىق تەتىلگە قو-يۇپ بەرگەنلىكىگە ئىچىمدە خۇشال بولدۇم . 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ، شىمالغا قاراپ يولغا چىقتىم . سەپەردىن ئاۋۋال ، يەنە ھازىر ئالالقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بېنگال ( Bengal ) نىڭ مۇئاۋىن باش ۋا-لىيسى تۆرە جون ۋۇدبۇرن ( John Woodburn ) بىلەن خوشلاشتىم . ئۇنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتتىم .

بارلىق ئەسلىھەلىرىمنى يىغىش ۋە يولغا سېلىش ئۈچۈن ، لا-ھوردىكى يېقىن دوستلىرىم قېشىدا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدىم . ھاۋاسى ئىسسىق كالكۇتتادىن ئايرىلىۋاتقاندىمۇ ، پەنجئاب ( Punjab ) نىڭ باھارى يەنىلا سوغۇق بىلىنەتتى . ئەمما ، مەن ئولتۇر-غان ھىندىستاننىڭ قوش چاقلىق يېنىك ئات ھارۋىسى راۋالپىندى ( Rawalpindi ) دىن شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان مۇررى ( Murree ) ئېگىزلىكىگە ، ئۇنىڭدىن كېيىن جېلام ( Jhelam ) جىلغى-سىنى بويلاپ كەشمىرگە بارغۇچە ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ساپ تاغ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلاندىم . مەن كۆپ قېتىم قەدىمكى ھىداسپىس ( Hydaspes ) دەرياسىنى بويلاپ ساياھەت قىلغان بولسامۇ ، بۇ يىلقى-دەك بالدۇر ئۆتمىگەنىدىم . بۇ دەريانىڭ ئۆزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان جىددىي ئېقىنلىرى ئۇدۇل تۆزلەڭلىكلەرگە ئېقىپ كىرەتتى . يول بويى داللارنى قاپلىغان گۈل ـ گىياھلار ، كۆككە تاقىشىپ كۆزنى قاماشتۇ-رىدىغان قارلىق چوققىلار ۋە بۇ بىر يىللىق ئېكسپېدىسىيە توغرىسىدىكى ئۈمىدلىك خىياللار بىلەن بۇ ئىككى كۈنلۈك سەپەر ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى .

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ، مەن يەنە بىر قېتىم باراموُلا ( Baramula ) جىلغىسى ئارقىلىق كەشمىرگە كىردىم . ئەمما ، باراموُلا جىلغىسىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ دەريا بويى تۆزلەڭلىكلىرىدە كەشمىرنىڭ رەڭگارەڭ باھار مەنزىرىسى نامايان بولۇپ ، يېزىلاردىكى قەبرىستانلىق ۋە داللاردا كۆك ۋە ئاق رەڭلىك ئىرىس گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەت-

www.uyghurkitap.com

كەنىدى . ئالدىن يۈرۈپ كەتكەن خىزمەتكارلار باراموۇلادا مېنى ساقلاپ تۇراتتى . ئۇ يەردىن سىرىناگارغىچە بولغان بىر قىسىم مەنزىلگە كېمە بىلەن ماڭماقچى بولدۇم ، چۈنكى ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىم كەشمىر دەرياسى بىلەن مېڭىشنىڭ قولايلىق ۋە يول مەنزىرىلىرىنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغانلىقىنى ماڭا يەتكۈزگەنىدى . بۇ بىر كۈننى مەن كېمىدە راھەتلىنىپ ئۆتكۈزدۈم . كىچىك كېمە يەڭگىل ھەم تېزلىك بىلەن ۋولۇر ( Volur ) كۆلى بويىدىن ئۆتۈپ ، ئەگرى - توقاي جىلام دەرياسىنى بويلاپ مېڭىۋاتاتتى ، مەن نەچچە ئايدىن بېرى ئېرىشەلمىگەن راھەتكە ئېرىشكەنىدىم . بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى خۇددى « رىۋايەتلەردىكى ھىنداسپېس دەرياسى قىرغاقلىرى » غا ئوخشاش كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى . دېڭىزلاردىكى سۇ يۈزىدە ياتما نىلۇپەر ۋە باشقا سۇ ئۆسۈملۈكلىرى لەيلەپ يۈرەتتى . غايەت زور چىنارلارنىڭ شاخلىرى بارلىق كىچىك كەنتلەر ۋە دەريا بويىدىكى قىيا تاشلارنى توسۇپ تۇراتتى . پىر پانتسال ( Pir Pantsal ) تاغلىرىدىكى قارلار ۋە يەنە شىمال تەرەپتىكى مەن ئۆتمەكچى بولغان تاغ چوققىلىرى پۈتكۈل كەشمىر باھارىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى سۈپىتىدە ماڭا مەڭگۈ سېھرىي كۈچ ئاتا قىلدى .

ئىككىنچى كۈنى كىچىسى قولۋاق سىرىناگار دەرياسىغا كىردى . ئەتىسى سەھەردە ، مەن كەشمىرنىڭ مەركىزىدىكى « چىنارباغ » قا يېتىپ كەلدىم . ھىندىستان تۈزلەڭلىكلىرىدىن كېلىدىغان ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، « ئالىملىق قانىلى » بويىدىكى سالقىن دەرەخلەر ئەمدى خىزمەت قىلىشقا قولاي بولماي قالغانىدى . جىمجىت ، پاكىز جايلار خىلمۇخىل كەشمىرلىك سودىگەرلەرنىڭ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرگە نەرسە - كېرەك ساتىدىغان ئورنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى . مانا بۇ بىزنىڭ سىرىناگارنى بىرىنچى قونالغۇ قىلىپ تاللىغىنىمىزنىڭ سەۋەبى ئىدى . بىز بۇ يەردە بۇيۇملار ۋە ئۆسكۈنلەر ئۈچۈن زور مىقداردىكى نەرسە - كېرەك قاچىلايدىغان تېرە ساندۇقلارنى ياساتتۇق . ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بىردىن - بىردىن قوشۇپ تاڭدۇق ، يەنە ئۆزۈم ۋە ھەمراھلىرىمنىڭ پامىر ئېگىزلىكى ۋە تۈركىستاننىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىغا ماس كېلىدىغان جۇۋا ھەم قىشلىق

كىيمىلەرنى ھەممە يېمەكلىك قاچىلايدىغان تاغارلارنى ، ئالدىنقى تەجرى-بىلەردىن يەكۈنلىگەن ، ئۇزۇن مۇددەت تاغ ئىچىدە چېدىر تىكىپ ئول-تۇرۇشقا كېرەك بولىدىغان بارلىق بۇيۇملارنى تەييارلىدۇق . كەشمىرلىك ئۇستىلار ئانچە ئەقىللىك ئەمەس ئىدى . كۆپ قېتىم چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئاندىن ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ياساپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى . چۈنكى ، بىر نەچچە كۈن ئۇستىكارلارغا گەپ چۈ-شەندۈرۈش ، بۇنى ئاز دېگەندەك يەرلىك ئادەت بويىچە كەم بولسا بول-مايدىغان ھەر خىل توختاملارغا قول قويۇش قاتارلىق ئىشلار تۈپەيلى-دىن ، دەسلەپكى مەزگىللىك سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرى-سىدا ماتېرىيال توپلاشقا ۋاقىت چىقمىدى .

ھىندىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى گىلگىت ( Gilgit ) — خۇنزا ( Hunza ) يولى ئارقىلىق قەشقەرگە بېرىشىمنى تەستىقلىغانىدى . « گىلگىت ترانسپورت لىنىيىسى » نىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى كۆزدە تۇ-تۇپ ، توشۇلىدىغان مال ـ مۈلۈك ۋە ئادەملەرنىڭ سانى قاتارلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا توغرا مەلۇم قىلىش مەقسىتىدە ، يولغا چىقىش ۋاقتىمنى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا ، يەنى ئادەتتىكى ترانسپورت مەزگىلىدىن بۇرۇنراق ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇردۇم . تەلىيىمگە مېنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىلتىماسلىرىم كەشمىرنىڭ ياردەمچى ھەربىي ئەمەلدارى كاپىتان گ . خ . برېتېرتون ( G.H.Bretherton ) ئەپەندىگە يەتكۈزۈلگەچكە ، ئۇ قىزغىنلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى . ئۇنىڭ مول تەجرىبىلىرىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا خۇنزادىن جۇڭگو چېگرىلىرىغا بېرىشقا كېرەكلىك ۋاقىت ، قاتناش قوراللىرى ۋە ئېھتىياجلىق ماددىي بۇيۇملارنى توغرا ھېسابلاپ چىقتىم . بۇ كونكرېت ئامىللار توغرا خىزمەت پىلانى تۈزۈشكە زور ياردەم بېرىپ ، مېنىڭ توغرا بولغان دوكلاتلىرىمنى گىلگىت ۋە قەشقەرلەرگە ئالدىن يوللىيالى-شىمغا زور ياردىمى بولدى . شۇ ئارقىلىق كېيىنكى سەپەرلەردە ئېھتىياج-لىق بولغان نەرسىلەرنى دەل ۋاقتىدا توپلىيالىدىم .

بەش كۈنلۈك ئالدىراشلىقتىن كېيىن ، ئاخىر دەسلەپكى قەدەمدە يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى پۈتتۈرۈپ ئىنتايىن خۇشال بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇم . كەشمىردىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ، قىسقىغىنا بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيانقى تاماملىغان ئىشلارنى خاتىرىلەشلا قالغانىدى . ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە ، مەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئازراق بوشىساملا ، كالخانا ( Kalhana ) نىڭ « كەشمىر ئىمپېراتورلىرى تارىخى » بىلەن ھەپىلە- شەتتىم . بۇ بۈيۈك شېئىرىي كىتابنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسى ئالللىقاچان رەتلىنىپ ، تۈزىتىلىپ بولۇنغانىدى . ئۇ ھىندىستان كلاسسىك ئەسەر- لىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان ھەقىقىي تارىخىي خاراكتېر- لىك خاتىرە بولۇپ ، ھازىرغا قەدەر ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يادىكارلى- قى ، دىنى ۋە جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان . ئەمما ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۈچۈن ، ساقلىنىپ قالغان بارلىق قەدىمكى كەشمىر خاتىرى- لىرى ، رىۋايەتلەر ۋە قەدىمكى رەسمىي تارىخقا كىرگۈزۈلمىگەن ۋەقە- لەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇنىڭ تۆت فورماتلىق قىلىن نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى تېخى پۈتمىگەنىدى . مەزكۇر ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىلىدىغان كىرىش سۆزمۇ يېزىلغىنى يوق .

لاھوردا « قىز ھۇجرىسىغا بار » دېگەن ماقال بار . ئەمما ، سىرى- ناگارنىڭ ئەتراپىدىن پىنھان جايىنى تاپقىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، موھاند مارگ تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى بۇرۇنقى دەم ئېلىش ئورۇنلىرى يە- نىلا قار ــ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى . مېنىڭ كەشمىرگە بولغان تونۇشلۇقۇم ماڭا زور پايدا بولدى . موھاند مارگ تاغ قاپتىلىدىكى غايەت زور ھىندى جىلغىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا قىسقا مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، دۇدارھۇم ( Dudarhum ) كەنتىگە يېقىن بول- غان دەريا بويىدىكى جىمجىت بىر دەرەخلىكنىڭ چېدىر تىكىشكە مۇۋا- پىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . ئۇ يەردىكى يوغان چىنار دەرىخى ئاستىدا خاراموخ ( Haramukh ) تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا قاراپ ، ناھا- يىتى تېزلا جېنىمنىڭ بارىچە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتىم . قىلىۋاتقىنىمغا ئۈزۈن بولغان ھەممە كەڭ دائىرىلەرگە چېتىلىدىغان بۇ خىل خىزمەتكە نىسبەتەن ئومۇمىي خۇلاسە چىقارغاندا ، بۇنىڭ يېنىكلىك بىلەن تاماملى-

غىلى بولىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مەن بىر تە-
رەپتىن كەشمىردىكى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتتىكى
گۈزەل خاتىرىلەرنى ئەسلىتىدىغان ئىگىز تاغ مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلى-
نىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز خىزمىتىمنى تاماملىدىم . قىسقىغىنا ئۈچ
ھەپتە ئىچىدە باشقا ئىشلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىغا ئۇچرىماي زىبھىن قويۇپ
ئىشلىدىم . بۇ ئىلگىرىكى « ئۆزىنى تاشلاش » قا سېلىشتۇرغانـــدا ، بىر
مەزگىللىك كىشىنى خۇشال ھەم ئازادە قىلىدىغان دەم ئېلىش
ھېسابلىناتتى .

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ، مەن بۇ يەردىكى بارلىق ئىشلىرىمنى
ئاخىرلاشتۇردۇم . يولغا چىقىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى ، شۇڭا
قايناق سىرىناگارغا قايتىپ ، ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قىلى-
شىم كېرەك ئىدى . ئەنچار ( Anchar ) كۆلى ۋە قەدىمكى مار ( Mar )
قانىلى بىلەن ماڭىدىغان قولايلىق سۇ يولى ئارقىلىق بىر كېچىدىلا
كەشمىرنىڭ مەركىزىگە قايتىپ كەلدىم . ئىلگىرى ياۋروپالىق سەيياھلار
بىلەن توشۇپ كەتكەن ئورۇنلار ھازىر تېخىمۇ قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ
كەتكەنىدى . دەريا بويلىرى كېمىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ، ئورمان-
لىقلارنىڭ ھەممە يېرىگە چېدىر تىكىلگەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىن
كەلگۈچىلەر ئۈچۈن پۇت دەسسىگۈدەكمۇ يەر قالمىغاندەك قىلاتتى . تە-
لىيىمگە مەن سىرىناگارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى جۇغراپىيىسىنى تەتقىق
قىلغان بولغاچقا ، دال ( Dal ) كۆلىنىڭ بويىدىكى تەختى سۇلاي-
مان ( Takht — i — Sulaiman ) نىڭ غەربىي ئېتىكىدىن بىر تۇرالغۇ
جاي تاپتىم ، بۇچۋور ( Buchvor ) نىڭ كىچىك باغچىسى سۆگەت تال-
لىرىنىڭ كەينىدىن خۇددى كۆلدىكى « لەيلىمە باغچە » دەك كۆرۈنەت-
تى ، ئۇ جىمجىت ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىشىمگە ياردەم
بەردى .

مەن بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇسكۈنىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈ-
رۈش ، يېڭى سېتىۋېلىنغان لازىمەتلىكلەرنى تۈرلىرى بويىچە باغلاپ ئاتقا
ئارتىشقا قولايلىق قىلىش ، ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسكۈنىلەر ۋە
باشقا ئەسلىھەلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئاسراش ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە

www.uyghurkitap.com

ھېساب ـ كىتاب قىلىش ، خوشلىششقا كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىش قا-
تارلىق ئىشلار بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتىم . مېنىڭ تەتقى-
قاتچى دوستلىرىم سەپىرىمنىڭ نىشانى ۋە مەقسىتىنى سوراشتى . گەرچە
ئۇلار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى ئانچە چۈشەنمىسىمۇ ، مېنىڭ بارماقچى بول-
غان يېرىم « ئوتتۇرا تۇرۇس » ( ھىندىستان رىۋايىتى ) ئېيتسامۇ ،
ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىنى قانائەتلەندۈرگىلى بولمايتتى .

ھىندىستان باش ئۆلچەش ئۇستىسى پولكوۋنىك گېئورگې گور ( George Gore ) نىڭ قول ئاستىدىكى ياردەمچى ئۆلچەش خادىمى رام سىڭ ( Ram Singh ) خىزمىتىمگە ياردەملىشىشكە تەيىنلەندى . مەن سىرىناگارغا يېتىپ بارغان كۈنى ، ئۇ بىر يۈرۈش ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ دەل ۋاقتىدا سېپىمگە قوشۇلدى . تېخى يېقىندىلا ئۇ كاپىتان دېسي ( Desy ) گە ھەمراھ بولۇپ ، يەركەن ( Yarkand ياركەند ) دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يېقىن كونېنلۈن تاغ تىزمىلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى . ئۇنىڭ مەن بارماقچى بولغان يەرلەردە ئىگە بولغان ئەمەلىي بىلىملىرى تەييارلىق خىزمەتلىرىمدە خېلى روللارنى ئوينىدى . ئۇنىڭ بىلەن يەنە جاسۋانت سىڭ ( Jasvant Singh ) ئىسىملىك بىرى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ۋىجىك ، ئەمما مىقتا كەلگەن كانگرا راجپۇت ( Kangra Rajput ) لۇق ئىدى . ئۇ رام سىڭنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە خۇسۇسىي ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالاتتى . ئۇمۇ بۇرۇن كاپىتان دېسىينىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە جۇڭگو تۈركىستانىدا ساياھەت قىلغانىدى .

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ، سادىقئاخۇن بۇ يەرگە كەلدى . ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جورج ماكارتنىي ( George Macartney ) نىڭ چاكىرى ئىدى . ئۇ 4 ـ ئايدا يۇرتىدىن ئايرىلىپ بىز بىلەن بىرگە قايتماقچى ئىدى . ئۇ ئاشپەزلىك ۋە قاراۋۇللۇق ئىشىنى ئۈستىگە ئالغاچقا ، مېنىڭ قوقەنتلىك سادىق چاكىرىم مىرزا ئالىمنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى . ئۇنى مەن تۆت ئاي ئىلگىرى سەپەر ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن پېشاۋەر ( Peshawar ) دە ياللىۋالغانىدىم . ئۇنىڭ مېنىڭ تۈركىي تىلنى مەشىق قىلىشىمدا پايدىسى زور

ئىدى . ئەمما ، ئۇ يېڭى تېخنىكا ئۆگىنىپ ياۋروپالىقلارنىڭ ئېھتىياجىدىن
چىقىشنى خالىمايدىغان ، ئاشخانا ئىشلىرىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىشى
ئىدى . ئۇ بۇرۇن كابۇل ۋە پېشاۋەردە سېتىقچى بولغان مەزگىللىرىدە ،
نۆۋەتتىكى كەسىپ ئۈستىدە مەخسۇس ئىشلەپ باقمىغانىدى . ئۇنى يال-
لىشىم پەقەت ئۇنىڭ تۈز ھەم ساددىلىقى ئىدى . سادىقئاخۇنىڭ ۋاقتىدا
يېتىپ كېلىشى مېنىڭ مىرزا بىلەن كېيىنكى سەپەرلەردىكى ئىچكى
ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاۋارىچىلىقلىرىمنى يەڭگىللەتتى . چۈنكى ،
سادىقئاخۇن بىر چېۋەر كارۋانبېشىلىق خىسلەتكە ئىگە بولۇپلا قالماس-
تىن ، بەلكى يەنە ياۋروپاچە تاماقلاردىمۇ ئېھتىياجىمدىن تولۇق چى-
قالايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىرلىق تېرە تۇمۇقى ، ئۆڭمەيدىغان كۆك رەڭلىك
چاپىنى ۋە يوغان قىزىل ئۆتۈكىنى كىيگەندە ، چېدىرىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا
تۇسىنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى .

شۇ كۈنلەردە ، مەن ئېھتىياجلىق بولغان ياردەمچى كۈچ يىراق
شىمالدا ئىدى . بارماقچى بولغان رايونلىرىمنى بىلىدىغان ياۋروپالىق سا-
ياھەتچىلەر شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە « پىرىخونلار » نىڭ ئالدامچىلى-
قىنى رەت قىلمايتتى . شۇڭا ، مەن باشتىلا لوندوندىكى داڭلىق دورىخانا
بۇرروس ( Burroghs ) شىركىتىگە مەخسۇس دورا ساندۇقى ياساتقۇز-
غانىدىم . ئافرىقا ئۇرۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، دورىلار بىر
نەچچە ئاي كېچىكتى ، گەرچە دورىلارنىڭ ئاللىقاچان كالكۇتتاغا توشۇپ
كېلىنگەنلىكى توغرىسىدا تېلېگراما كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنى ئۆز
ۋاقتىدا بۇ يەرگە توشۇپ كېلىش قىيىن ئىدى . ھىندىستان پوچتا ئىدا-
رىسى گەرچە ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن يىراق چېگرىدىكى گىلگىت
پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ
كۈچى ھەممىگە يېتىشىپ بولالمايتتى ، شۇڭا مۇشۇ پەسىلنىڭ ئاخىرى-
دىلا ئاندىن ئېغىر يۈك - تاقلارنى قارلىق ئېغىزدىن يۆتكەپ كەلدى .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەگەر سىرىناگاردىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى نەچچە ۋا-
قىتتىن بېرى كۈتكەن ساندۇقلارنى تاپشۇرۇپ ئالالمىسام ، بۇنىڭدىن
كېيىن كەلمەكچى بولغان دورا ساندۇقلىرىدىن ئۈمىد يوق دېيەرلىك
ئىدى .

www.uyghurkitap.com

قانداقلا بولمىسۇن ، تەقدىر بۇ جەھەتتە ماڭا ئازراق بولسىمۇ تەلەي ئاتا قىلدى . 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ، يەنى بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى يولغا چىقىشنى بېكىتكەن ئاخشىمى ، كېمە ئەترىتىم سىرناگار پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدا توختىغان چاغدا ، پوچتا ئىدارىسىنىڭ سىپايە باشلىقى لالا مانگۇ مال ( Lala Mangu Mal ) دورا ساندۇقلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ يېتىپ خوش خەۋىرىنى بەردى . دورا ساندۇقلىرى قولۇمغا ئامان ـ ئېسەن تەگكەن ۋاقىت دەل مېنىڭ ھىندىستاندىكى ۋىناسى ( Vinasi ) دىن يولغا چىققان ۋاقتىم بولدى . كېمە قاراڭغۇ دەريادا يېنىك يۈرەتتى . دەريادىكى قەدىمىي يەتتە كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتكەندە ، ئىككى تەرەپتىكى بۇتخانىنىڭ تاش قۇرۇلۇشلىرىدىن ھاسىل بولغان قىرغاق ماڭا ئىختىيارسىز « رىم بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان مىنۇتلار » نى ئەسلەتتى .

ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم بىلىملىك كونا دوستلىرىمىزنى كۆرگەن ۋاقتىمدا ، ئاللىقاچان يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيىگە ئەڭ يېقىن دەريا بويىدىكى تاش پەلەمپەيدە مەن بىلەن خوشلاشتى .

## ئىككىنچى باب

# ئاستور ۋە گىلگىت سەپىرى

ئەتىگەن ئويغانغاندا ، كىمە دەل ۋولۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىكى تىپ-
يىز يەردە توختىغانىدى . كۆلنىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىسىدا بىر نەچچە
كۆن ئىلگىرى قاتتىق يامغۇر ياغقانىدى ، شۇڭا مېنىڭ قار قاپلىغان
تاغدىن ئۆتۈشۈم تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئۇزۇن ئۆتــمەي ، بىز بانــدى-
پۇر ( Bandipur ) كەنتىگە كەلدۇق . بۇ يەر كەشمىر ۋە گىلگىت
ھەمـدە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق رايونلارنى تۇتاشتۇرىدىغان پورت ئىدى . بۇ
يەر مەن 1889 ـ يىلى سكاردو ( Skardo ) سەپىرىدە كۆرگەندىكىدەكلا
قايناق ئىدى .

ئەمــا ، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك يېڭىلانغا-
نىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنگلىيە پادىشاھ مۇھاپىزەت ئەترىتى گىلگىتقا
كىرگەن ، يېڭى « گىلگىت قاتناش ـ ترانسپورت چوڭ ئەترىتى » مۇ
قۇرۇلغان ، ھىندىستان ئارمىيىسى بۇ يولنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىش-
لىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان بولغانىدى . كاپىتان برىتبىرتون
ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ، تەمىنات نۇقتىسىدىكى ئەمەلدارغا
بىر پارچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ خېچىر ۋە ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىن-
لەشنى تەلەپ قىلدى . ئەمدى بۇ يولدىن ئۆتىدىغان ساياھەتچىلەر ئاما-
لىنىڭ بارىچە يۈكلىرىنى ئازايتىدىغان زامان كەلمەسكە كەتكەنىدى .
چۈنكى ، ھەربىي تەمىنات تارماقلىرى گىلگىتتا تۇرۇشلۇق قىسمىنى تە-
مىنلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى . ئۇ چاغدا شەخسىي ساياھەتچىلەرگە
چەك قويۇلاتتى . ئەمما ، نۆۋەتتىكى چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ دەريا ـ جىل-
غىلارغا ئېلىپ كەلگەن پايدىسى يۇقىرىقى قولايسىزلىقلارنى تولۇقلىغا-
نىدى . ھېلىمۇ كىشلەرنىڭ ئېنىق ئېسىدە ، بىر چاغلاردا ئەمگەك كۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىنى يىغىپ گىلگىتتىكى ئارمىيە لازىمەتلىكلىرىنى توشۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن ، كەشمىرنىڭ كەڭ يېزىلىرىنى ئەنسىزچىلىك باساتتى ، ھەر يىلى نەچچە مىڭلىغان ئادەم مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتنىشاتتى . يېمەك ـ ئىچمەك كەمچىل ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناچار كىلىمات ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەر تۈپەيلىدىن ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيىگە قايتالمايتتى . ئەمما ، ئەنگلىيە كەشمىردە پۇت دەسسەپ تۇرۇپ گىلگىت يولىنى ئاچقاندىن كېيىن ، ھەممىدە ئۆزگىرىش بولدى . يازنىڭ ئۈچ ئېيىدا بۇ يولدىن تۆگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل ئات ـ ئۇلاغلاردىن پايدىلىنىپ يۈك توشۇپ ، ئادەم كۈچى ئىشلەتمەيدىغان بولدى .

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تاڭ سەھەر ، بىرزىن قاتارلىق بۇيۇملار ۋە ئەسۋابلار ئارتىلغان 16 خېچىر يولغا چىقىشقا تەقلەپ قويۇلغانىدى . مەن كەشمىردە ۋە يېقىن ئەتراپتا سەيلە قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدىم . كۆز ئالدىمدىكى بۇنچىۋالا يۈك ـ تاقلارنى كۆرۈپ ، مېنى سۇر بېسىپ كەتتى . بىراق ، مېنى خاتىرجەم قىلىدىغىنى بۇ نەرسىلەر ئىچىدە مېنىڭ شەخسىي نەرسىلىرىم ناھايىتى ئاز قىسمىنىلا ئىگىلەيتتى ، كارۋان ، ياردەمچى ئۆلچەش ـ سىزىش خادىملىرى ۋە ياللانما كىشىلەر يولغا چىققاندا ، مەن تېخى توختامنامىلەرگە ئىمزا قويۇش ۋە ھېسابات قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدىم . يول بويىدىكى چىنار دەرەخلىرىنىڭ سايىسىدە كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان چىگرا ئەمەلدارى ئارقا سەپ لازىمەتچىلىرى تەقلەپ قويغان توختامنامە ۋە ھېسابات تالونلىرىنى ماڭا بەردى . ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز ھەر قانداق ترانسپورت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش تەس ئىدى . گەرچە ئۇنىڭ قوللانغىنى ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولسىمۇ ، مېنىڭ قارىشىمدا بۇ ئەنگلىيىلىك كىچىك پېئىل ئەمەلدار خۇددى قەدىمكى زاماندىكى كەشمىرنىڭ يول ئېغىزلىرىدىكى « قاراۋۇل » غىلا ئوخشايتتى .

قالايمىقان ياغاچ ئۆيلەردىن تۈزۈلگەن باندىپۇر بازىرىدىن چىقىپ تەخمىنەن 4 مىل ماڭسا ، كەڭ كەتكەن ماردۇماتى ( Mardhumati ) دەرياسىغا كېلەتتى . ئېتىزلىقلاردا شال مايسىلىرى ئەمدىلا كۆكىرىشكە باشلىغانىدى . ئىككى تەرىپىدىكى كەنتلەر چىنار ، توغراق ، شاپتۇل قا-

تارلىق دەل ـ دەرەخــلەر ئىچىــدە يــوشــۇرۇنــغانىدى . ماتارگــوم ( Matargom ) كـەنتىگە يېقىنلاشقاندا ، يول شىمالغا بۇرۇلۇپ « Z » ھەرپىنى شەكىللەندۈرۈپ ، كەشمىر بىلەن كىشانگانگا ( Kishanganga ) دەريا ۋادىسى ئايرىلىدىغان چوققىغا ئۆرلەيتتى . تاغنىڭ ئەگرى ـ توقاي يـولىدا مەن ۋولۇر كۆلى ۋە خاراموخ چوققىسىنىڭ ئەتراپىنى قارلىق تاغلار ئوراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى كۆردۈم . تەخمىنەن 9000 مىل ئېگىزلىكتىكى تاغ باغرىدا ئاجايىپ گۈزەل قارىغايلىق بار ئىدى ، ئوتــتۇرىدىكى كىچىك بوش يەر دەل تراگبال ( Tragbal ) ئىدى . بۇ يەردىكى قارلار ئەمدىلا ئېرىگەن بولۇپ ، يەردىن يۇمران تاغ گۈللىرى بىخ سۇرۇۋاتقانىدى .

ھاۋا تۇتۇلۇپ ، شىۋىرغاننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدۇق . مەشئەل يېقىلغان ، يېشىل مۇخلار قاپلاپ كەتكەن كېچىدە ، دالدا بولغۇدەك كۆرۈمسىز ياغاچ ئۆيلەر بولغان بولسىمۇ خوش بولۇپ كېتەتتۇق . ئەپ-سۇسكى ، شىۋىرغان تۇرتۇپ ئەكەلگەن يېڭى قار دۆۋىلىرى ئۈستىدىكى تاغ ئېغىزىدىن مېڭىشىمىزغا كاشىلا قىلاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، 6 ـ ئاي-نىڭ 1 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلمەستىنلا يولغا چىقتۇق . 2000 مىلدەك تىك ئۆرلىگەندىن كېيىن ، كەڭ تاغ قاپتىلىغا چىقتۇق ، يول تاغ قاپتىلىنى بويلاپ بىر نەچچە مىل سوزۇلاتتى . دېگەندەك ، تۆت ئەتراپى ئوچۇق-چىلىق بۇ تاغ قاپتىلىنى قېلىن قار قاپلىغان بولۇپ ، يولنى پەرق ئەت-كىلى بولمايتتى . توپ ـ توپ بولۇتلار تۆت ئەتراپتا لەيلەپ يۈرۈپ ، كۈننى توسۇۋالغانىدى ، ئۇزۇنغىچە قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى . تاغدا شىۋىرغان ھۇۋلايتتى ، مەن ۋە باشقىلار ئامالنىڭ بارىچە ئالاقچى تەمىن-لىگەن ياغاچ ئۆينى كۆزلەپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق . ئۇزۇنغىچە شىۋىرغان تـوختىماي ، دېڭىز يۈزىدىن 11 مىڭ 900 مىل كېلىدىغان تراگبالنىڭ كەشمىردىكى ھەر قايسى تاغ ئېغىزلىرى ئىچىدە ناچار ، نورمالسىز كىلى-ماتى بىلەن ھەققەتەن مەشھۇر ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى .

تاغدىن چۈشىدىغاندا ، ئاتباقارنىڭ نەسىھىتى بويىچە يانتۇ يولنى بويلاپ قار ـ مۇزلار قاپلىغان جىلغىغا چۈشتۇق . گەرچە ئاتلار يۇمشاق قار دۆۋىلىرىدە تېيىلىپ ـ مۆدۈرۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما بىز چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايلا جىلغىنىڭ ئاخىرىغا بېرىۋالدۇق . جىلغا كىشان-گانگا دەرياسى ئېقىنىغا تۇتىشاتتى . قار كۆۋرۈك بۇزۇلۇشقا باشلىغا-نىدى . ئىككى قىرغاقتىكى قار دۆۋىلىرى بىلەن دەريا قېشىنىڭ نۇرغۇن جايلىرى بەكلا تارىيىپ كەتكەنىدى ، ئەڭ ئاخىرى بىز دەريا ئېقىنى چوقچىيىپ چىققان قار دۆۋىلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن يەردە توختاشقا مەجبۇر بولدۇق . يوكى ئېغىر ئۇلاغلارنى تېيىز ، قار دۆۋىلىرى يوق ساي قېشىنى بويلاپ ماڭغۇزدۇق ، قارىغاندا ماڭغىلى بولمايدىغاندەك ئىدى . ئەگەر كەينىمىزگە يېنىپ ھېلىقى « Z » شەكىلدىكى يولغا قايتىپ ماڭساق ، نۇرغۇن ۋاقىت ئىسراپ بولاتتى ، نەتىجىدە ئاتباقارلىرىم ( بېرىمى كەشمىرلىك ، بېرىمى داردلار ئىدى ) مەسلىھەتلىشىپ ، دەر-يانىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ساقلىنىپ قالغان تار قار دۆۋىلىرىدىن ئۆتۈپ بې-قىشنى قارار قىلدى . بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئۇلاغلارنى ئۈچ ئادەم يېتە-لەپ ماڭغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئىغاڭلىغان پېتى سۇغا چۈشۈپ كەتتى . بەختكە يارىشا ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلار يارىلانمىدى ، ئارتىلغان يۈك ـ تاقلار سۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىشقا باشلىدۇق . تەستە ياتقۇزۇلغان تاشلاردىن ھاسىل بولغان يولدىن ئۇلاغلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇردۇق . ئەمما ، ئۆل-چەش ـ سىزىش ئەسۋابلىرى قاتارلىق نەرسىلەر قاچىلانغان ساندۇقۇم مېنى ئەنسىرەتكەچكە ، مەن بۇ ھەرىكەتنى ئۆزۈم بىۋاسىتە نازارەت قىل-دىم . بۇ ۋاقىتتا يامغۇر يېغىپ كەتتى ، بىز ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى قار كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ بولغان ۋاقتىمىزدا ، ئۇستى ـ بېشىمىز چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى . گوراي ( Gorai ) سارىيىغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا ، سائەت بىر بولغانىدى . قار دۆۋىلىرى قاپلاپ كەت-كەن جىلغىدىن چىقىشقا يەتتە سائەت كەتكەنىدى ، ئەمما ئاران 11 مىل مېڭىپتۇق .

ساراي سىم ـ سىم يامغۇردا سۆرۈن كۆرۈنەتتى ، سارايدا ئۈچ ياۋروپالىق ياتقان بولۇپ ، ئۇلار جىلغىدا ئوۋ ئوۋلاپ بولۇپ ، كەشمىر تۈزلەڭلىكىگە قايتماقچى بولغان ئەمەلدارلار ئىكەن . سارايۋەنىنىڭ قىز-غىن مۇئامىلىسى روھىمىزنى ئۇرغۇتتى ، شۇڭا مەن ئالدىمىزدىكى

ئۆتەك — گۇرەز ( Gurez ) گە بېرىشنى قارار قىلدىم ، چۈنكى ئۇ يەردە ئوبدان دەم ئالىدىغان جاي ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى غەملىۋالغىلى ، ئازراق چاي پۇلى بەرسەك ئىسسىقراق جايدا كېچىنى ئۆتكۈزگىلى بولاتتى . ئاتباقار ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇ كىچىك ئەترەت يەنە يولغا چىقتى . تۆۋەنگە 4 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، كىشانگانگانىڭ ئاساسلىق جىلغىسىغا كەلدۇق . دارد ( Dard ) لارنىڭ دەسلەپكى كەنتى مۇشۇ يەردە ئىدى . يەنە تەخمىنەن 10 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، گۇرەزگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەردە بىر نەچچە كەنت بار بولۇپ ، تاغ جىلغىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ 1 مىل كەڭلىكتىكى تۈزلەڭلىكنى ھاسىل قىلغانىدى .

يامغۇرلۇق قاراڭغۇ كېچىدە ، ئورمانلار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغ جىلغىسى بىر خىل سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى . دەريا قىنىدىكى قارامتۇل قۇم - شېغىللار ، يانتۇلۇقتىكى ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ھەر خىل ھالىتى تېخىمۇ سۈرلۈك كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگەنىدى . قارىغاندا « كىشانگانگا » ( قارا گانگا ) دېگەن ئىسىم دەل جايىدا قويۇلغاندەك قىلاتتى . ئۆسۈملۈكلەر يېڭىدىن بىخ سۈرۈۋاتقان بولۇپ ، تاغ جىلغىسىغا باھار ئەمدىلا كەلگەندەك ئىدى . بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 8000 مىل ئېگىز بولۇپ ، ياز پەسلى قىسقا ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن ، بۇغداي ۋە يالىڭاچ ئارپىلارنىلا تېرىشقا بولاتتى . شۇنىڭغا ماس ھالدا بۇ يەردە كىشىلەرمۇ شالاڭ ئىدى .

كەشمىرگە تۇتىشىدىغان بۇ تاغ يەنە ئىرقشۇناسلارنىڭ ئايرىش سىزىقى ھېسابلىناتتى . داردلار جىلغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن باشلاپ ھىندۇقۇش ( Hindu —kush ) قىچە بولغان بەلباغدا شالاڭ ئولتۇراقلاشقان ، تىلى ۋە بەدەن ئالاھىدىلىكى جەھەتتە كەشمىرلىكلەرگە ئوخشىمايتتى . دارد تىلى بىلەن غەربىي شىمال ھىندى تىلى ياكى باشقا ھىندى - ئارىئان ( Aryan — Indo ) تىللىرى شېۋىسىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق باغلىنىش بارلىقى ئېنىقلانمىدى ، بىراق ئۇلار مەيلى قانداق تىل ئىشلەتسۇن ، قايسى ئىرققا مەنسۇپ بولسۇن ، ئېنىقكى داردلار بىز ئىزدەپ يۈرگەن ئەڭ قەدىمكى تارىختىن باشلاپ مۇشۇ جىلغىدا ياشاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كـەلگەن . ھېرودوت ( Herodotus ) بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە ئول-
تۇراقلاشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن چايقاش تېخنى-
كىسىنىڭ ھازىرمۇ ھىندى دەرياسى ۋە كىشانگانگا دەرياسى بويىدىكى
چەكلىك دائىرىدە قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم . پەرۋاسىز ئېكس-
پېدىتسىيىچىگە نىسبەتەن ، داردلارنىڭ ماختاشقا ئەرزىگۇدەك ھېچقانداق
يېرى يوق . ئۇلاردا ئەقىل ـ پاراسەت ، يۇمۇرستىك تۇيغۇ كەمچىل
ھەمدە كەشمىرلىكلەردە بار بولغان ئېسىل خىسلەت يوق ، گەرچە ئۇلار
كەشمىرلىكلەرگە قارىغاندا باتۇر بولسىمۇ ، ئەمما مۇستەقىل روھ ۋە ھەر-
بىي ماھارەت كەمچىل ئىدى . بۇ پاتان ( Pathan ) لارنىڭ داردلارنى
كەمستكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ . ئەمما ، داردلار نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان
بۇ تاغلىق رايوندىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ، ناچار كىلىمات ، ئۈنۈمسىز
تۇپراق بىلەن كۆرەش قىلىپ كەلگەن . « تارىخ ئاتىسى » ئېيتىپ
ئۆتـكەندەك ، ئۇلار ئافرىدى ( Afridi ) لارغا ئوخشاش ھىندىستاننىڭ
غەربىي شىمالىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئىستېلا قىلىش جېڭىدىن كېيىنمۇ ،
يەنىلا مۇشۇ تاغقا ئوخشاش مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى .

گـۇرەز دارد خانلىقىنىڭ مۇھىم يېرى ئىدى . بۇ دۆلەت دائىم
كەشمىر ئىستېلاچىلىرىغا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن . ئەمما ،
جاپالىق سەپەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، مىچېل
( Michel ) ئەپەندى بىزگە ئازادە ئۆي تېپىپ بېرىدۇ ، دېگەن خىيالىمىز
كۆپۈككە ئايلاندى .

ئىككىنچى كۈنى پۈتۈن بىر كۈن ئارام ئالدۇق ، سەپەرداشلى-
رىمىزمۇ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يۈك ـ
تاقلارنى قۇرۇتتۇق ھەمدە ئالدىمىزدىكى سەپەر ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇر-
دۇق . سىرناگاردىكى ۋاقتىمىزدا ، ھۆكۈمەت تەرەپ ماڭا گۇرەز بىلەن
ئاستور ( Astor ) ئوتتۇرىسىدىكى بۇرزىل ( Burzil ) تاغ ئېغىزىدا قار
دۆۋىسىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى ، يۈك ـ تاقلارنى پەقەت ئادەم كۈچىگە تا-
يىنىپ توشۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى . بىراق ، مەن
يولدا ئۇچراشقان داردلاردىن خۇش خەۋەرگە ئىگە بولدۇم . ئۇلار يۈك ـ
تاقسىز ئاتلار بىلەن ئۇ يەردىن بىخەتەر كەلگەنىدى . كۆز ئالدىمىزدىكى

تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئەترىتى تەمىنلىگەن 100 ھامال بىلەن بۇ جىلغىدا ئادەم كۈچى يېتىشمەي ئىش تېخىمۇ تەسكە توختىدى ، شۇڭا مەن ئات ـ ئۇلاغلارنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدىم . بۇ ناھايىتى ئوڭايغا توختىدى . شۇنىڭ بىلەن ، 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەندە بىر قەدەر نازۇك ئەسۋابلار ، يەنى تېئودولىت ، تېلېكامېراغا ئوخشاش ئەسۋابلاردىن باشقىلىرىنى ھامماللارغا يۈدۈتۈپ ، گۇرەزدىن يولغا چىقىپ كەتتۇق .

ھاۋا ئاخىر ئېچىلدى . گۇرەزدىن يولغا چىقىپ ، بۇرزىلدىن ئايرىلىپ چىققان كىچىك ئېقىننى بويلاپ ، سايىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ راۋان بولدۇق . بۇ بۆلەكتىكى سەپىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولدى . جەنۇب تەرەپ ئاق قارلار قاپلاپ تۇرغان تاغ تىزمىسى بولۇپ ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . كىشانگانگا جىلغىسى بىلەن كەشمىرنى ئايرىپ تۇرىدىغان ، يولنى بويلاپ شىمالغا سوزۇلغان يانتۇ تاغ قاپتاللىرىدا ئوت ـ چۆپ ۋە قارىغايلار يايپېشىل تۈسكە كىرگەن بولۇپ ، كۆز ئالدىمىزدا يېڭىچە بىر مەنزىرە نامايان بولدى . يول ئۈستىدە قارلار بىلەن توسۇلۇپ قالغان بۆلەكلەردىن ئۆتتۇق ، ئەمما تراگبالدىكىدەك مۇشەققەتلىك سەپەرنى باشتىن كەچۈرگەچكە ، ئات ـ ئۇلاغلار بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈش ھېچگەپ ئەمەس ئىدى . پۇشۋارى ( Pushwari ) دا بىر كۈن قونۇپ ، ئەتىسى سەھەردە ئوخشاش يۆنىلىشنى بويلاپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق . تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش مەنزىرە ئىچىدە مىنىمارگ ( Minimarg ) قا قاراپ ماڭدۇق .

دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ مىلدەك ئېگىز جايغا يەتكەندە ، جىلغا كېڭىيىپ بىر كىچىك تۈزلەڭلىك پەيدا قىلغانىدى . بۇ يەردە چوڭ چارۋىچىلىق مەيدانى بولۇپ ، بىر قىسىم گۇجار ( Gujar ) چارۋىچىلارنىڭ يازلىق چېدىرى ئۇيەر ـ بۇ يەردە ئورۇنلاشقانىدى . تەخمىنەن ئون كۈن بۇرۇن بۇ يەردىكى قارلار ئېرىپ كەتكەنىدى ، ئېتىزلاردا ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەر بىخ سۈرگەن ھەم ھەر خىل سوغۇققا چىدامىلىق ئېگىز تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى . بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى ئوت ـ چۆپ ، گۈل ـ گىياھلار كەشمىر ئېگىزلىكىدە ماڭا تونۇشلۇق بولۇپ قالغان . بىراق ، بۇ يەرگە تەسىس قىلىنغان تېلېگراف

www.uyghurkitap.com

سىمنى باشقۇرىدىغان پوچتا ئىدارىسى بۇ يىلقى قىشنىڭ ھەققەتەن قاتتىق سوغۇق بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . بەر يۈزىدە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ياغاچ ئۆيلەر بىلەن ئورالغان كارىدور ۋە كىچىك ئۆيلەر بولۇپ ، ئۇنى پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى دېگەندىن كۆرە ، بىر كىچىك قەلئە دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى . بۇرزىل يولى بىلەن مىنىمارگ-دىن غەربىي شىمالغا قاراپ جىلغىنى بويلاپ 5 مىل مېڭىپ ، تاغ باغرى-دىكى بىر سايغا كەلدۇق . مىنىمارگدىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، زې-مىننى قار قاپلاشقا باشلىدى ، تاغ باغرى تامامەن قىش مەنزىرىسىنى ئەسلىتەتتى . بىراق ، ئاسمان كۆپكۆك ، ئوچۇق بولۇپ ، مەن ئېغىر يۈك ــ تاقلار بىلەن تاغدىن ئۆتۈشىمىز ئوڭۇشلۇق بولغۇدەك ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم .

بىردىنبىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى ، تاغقا چوقۇم قار ئېرىپ كېتىشتىن بۇرۇن چىقىۋېلىش كېرەك ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن سائەت بىردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم . بىر سائەتتىن كېيىن ، كارۋىنىم قار بىلەن قاپلانغان جىلغا ۋە تاغ ئېغىزىغا قاراپ ئاستا ــ ئاستا يولغا چىقتى . ئەمما ، رەسمىي يولنىڭ ئىزناسىنى ئازراقمۇ ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى . بىر خىل رەۋىشتە ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، بىز بۇرزىل يولى بىلەن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى دېئوساي ( Deosai ) ئې-گىزلىكىدىن سوزۇلۇپ كەلگەن باشقا بىر تاغ ئېغىزى تۇتاشقان يەرگە كەلدۇق . تەخمىنەن 30 فۇت ئېگىزلىكتىكى ياغاچ سۇپىغا ئورۇنلاشتۇ-رۇلغان تېلېگراف ئۆيى ، قىشتا گىلگىتقا خەت تۇشۇيدىغانلارنىڭ يول بەلگىسى قىلىنغانىدى . ئەمما ، نۆۋەتتىكى مۇشۇ پەسىلدە ئاشۇ ئۆيمۇ قارغا 10 فۇت كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى . بەختىمىزگە تېمپېراتۇرا خېلىلا تۆۋەن بولۇپ ، ئات ــ ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشى تەسكە توختىمىدى ، قۇياش نۇرى تۇنجى بولۇپ يورۇتقان شەرقتىكى ئېگىز تاغ تىزمىسىغا چىقىپ ، ئەڭ ئاخىرى زور تىرىشچانلىقلار بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 13 مىڭ 500 فۇت ئېگىزلىكتىكى چوققىغا بىخەتەر چىقتۇق . سارايدىن ھېسابلىغاندا ، 6 مىل مۇساپىنى ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا باسقانىدۇق . ئەگرى ــ توقاي تۆپىلىكلەر ئارىسىغا جايلاشقان تاغ يولىدىن يىراقتىكى مەنزىرىنى كۆر-

گىلى بولمايتتى. بىراق، ئەتراپىنىڭ ھەممىسى پارقىراپ تۇرىدىغان قارلىق تاغ بولۇپ، ئۈستىگە يېغىدىن مۇز قاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر ئىدى. مەن ئالاقچىنىڭ چېدىرىغا ناشتىلىققا كىرگەندە، سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى فارېنگېيت 35 گرادۇس ئىدى.

شىمالىي تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشىدىغان يول ھەم ئۇزۇن، ھەم جاپالىق ئىدى. قۇياش ئېگىزلىگەنسېرى 8 مىل ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان قارلىق تاغ ئېغىزىدىن مېڭىشمۇ تەسلىشىپ كەتتى. مۇشۇنداق سوغۇق قاقاسلىقتا ھايات كەچۈرىدىغان بىردىنبىر جانلىق سۇغۇر بولۇپ، ئۇلار ئۇۋۇسىدا قۇياشتىن ئىسسىقلىق ئالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا چىرقىرىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى، ئۇلار بىرەر خەتەرنى سەزگەن ھامان چاقماق تېزلىكىدە كۆزدىن غايىب بولاتتى. كىچىك ئۇۋ ئىتىم خېلىغىچە قوغلاشقاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ نۇقتىنى چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ چاققان ھايۋانلار توپىغا ھۇجۇم قىلمايدىغان بولدى. مىرزىدىن تۈرك تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، بۇ كۈچۈكنىڭ ئىسمى « داش » ياكى « يولچىبەگ » كە ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئىسىم كۈچۈككە بەك ماس كەلگەنىدى، كۈچۈك ناھايىتى شوخ بولۇپ، بىردەم قارلىق دالىدا ئۇچقاندەك يۈگرەپ يۈرسە، بىردەم تۇمان قاپلىغان تۈزلەڭلىك، ئورمانلىقلاردا يۈگرەپ يۈرەتتى. مېنىڭ تۈرك چاكارلىرىم « يولچىبەگ » دېگەن ئىسىمنى ياقتۇرۇپ قالدى ھەمدە ھىندى جەمئىيىتىدىكى دەرىجە ـ ئىمتىياز ئادەت قارىشىغا قارىماي، ماڭا سەمىمىي قۇرداشلىق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە، ئاستور تەرەپكە قارايدىغان تاغ ئېغىزىدىكى بىرىنچى ساي چىللۇم چوق ( Chillum Chauk ) قا يېتىپ كەلدىم. قارلىق دالا 2 مىل ئارقىمىزدا قالدى. مەن ناشتىلىق قىلاي دەپ تۇرغاندا، ئاشخانا سايمانلىرى ئارتىلغان ئاتنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى سەزدىم. خېلى ئۇزۇن كۈتۈپ، ئاخىر كۆڭلۈم غەش ھالدا بىرەر چاتاق چىققانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم. ئارقىمىزدىن كېلىۋاتقان ياردەمچى كارتوگراف ھېلىقى ئاتنىڭ تېيىلىپ كېتىپ قار ئىچىگە چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، دەرھال ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئادەم ئەۋەتتىم . كېچە سائەت ئالتىدىن كېيىن ، مىرزا ئۇلارنى باشلاپ كەلدى . خۇددى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى تولدۇرماقچى بولغاندەك ، كەچتە يول ئىنژېنېرى M ئەپەندى ئوۋنى ئاياغلاشتۇرۇپ سارايغا يېتىپ كەلدى . مەن ئۇنىڭدىن پرېتورىيە ( Pretoria ) نىڭ ئىشغال قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم ، خەۋەر تېلېگراف ئارقىلىق ناھايىتى تېز تارالغانىدى . بۇرزىلدىن تارتىپ گىلگىتتا ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىمدىن باشقا ، ھېچكىم رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىگە مۇشتېرى بولمىسىمۇ ، ئەمما ئاستوردىكى تېلېگرافچى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى نۆۋەتتە جەنۇبىي ئافرىقىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ، شۈبھىسىزكى ناھايىتى تېزلا ئوقۇۋالاتتى .

مەن گۈزەردىن ئەكەلگەن ئاتلار بۇ يىل تۇنجى قېتىم بۇرزىلدىن ئۆتكەن يۈكلەرنى توشۇيدىغان ئاتلار بولۇپ ، بەزى ۋاقىتلاردىلا ئاستوردىن ماڭا ئەۋەتىپ بېرىلگەن ئاتلارنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا سەپلىدىم . 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاستورغا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇنقى ئاشۇ خەۋەر ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىدى . گەرچە كۆپكۆك ئاسمان يول بويىدىكى مەنزىرىگە يېڭى ھۆسن قوشقان ، چاقناپ تۇرغان قارلار جىلغىغا دۆۋىلەنگەن ، جىلغىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا زۇمرەتتەك دولقۇنلاپ تۇرغان ئېقىن بولسىمۇ ، جېلام ۋە ھىندى دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاچالنى پەرق ئەتمەك تەس ئەمەس ئىدى . بۇ تېخمۇ جاپالىق رايونغا كىرگەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرەتتى . تاغنىڭ يان تەرىپىدە كەشمىر جىلغىسى ۋە كىشانگانگا جىلغىسىدەك ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر يوق ئىدى . يانتۇ تۆپىلىكلەردىكى تاقىرباش قىيالىقلاردا ئاندا ـ ساندا ھىمالايا كەندىرى ۋە قارىغاي ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرلا ئۇچراپ قالاتتى . تاغ باغرىدىكى ئېتىزلىقلارنىڭمۇ تۇپرىقى ، كىلىمات شارائىتى ناھايىتى ناچار ئىدى . بىراق ، بىر نەچچە كەنتنىڭ پەلەمپەي ئېتىزلىرىنىڭ بىر تەرىپىدىكى كۋادرات شەكلىدىكى ئوتلاقنى كەنتىكلەرنىڭ تاغ بىلەن قورشاپ چەۋگەن توپ مەيدانى قىلغانلىقى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى . چەۋگەن توپ داردلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان ئويۇنى بولۇپ ، بۇ

نامرات ، قاقاس تاغدىكى كىشلەر چەۋگەن توپ مەيدانى ياساش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك يېرىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىكەن . بۇلارنىڭ بۇنداق قىزغىنلىقىدىن بۇ ئەركەكلەر ھەرىكىتىنىڭ دەرىجىسىنى كۆ- رۈۋالغىلى بولىدۇ .

تەخمىنەن 17 مىل مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، گادوي ( Gadhoi ) غا يېتىپ كەلدىم . گەرچە بارومېتر 9000 مىلنى كۆرسەت- كەن بولسىمۇ ، مەن كەشمىردىن ئايرىلغاندىن بۇيان بۇ يەرنىڭ كىلى- ماتى روشەن دەرىجىدە ئىسسىپ قالغانىدى . 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، ئاستورغا قاراپ مېڭىۋەردىم . ئاستور بولسا مۇشۇ تاغلىق رايوندىكى مۇ- ھىم ئورۇن ئىدى . بۇ يەر قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇنداق ئاتىلىپ كەل- گەن . گادويدىن بىر نەچچە مىل تۆۋەندە جىلغا بويلاپ سوزۇلغان قا- قاس تاغ ئۈستىدىكى نانگا پاربات ( Nanga Parbat ) چوققىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىكى مۇز چوققىلار توپىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . مەن بۇرۇن كەشمىر ئېگىزلىكلىرىگە ، ھەتتا مۇررى ئەتراپىدىكى قار ـ مۇزلار قاپلاپ تۇرىدىغان تىك قىيالارغا قاراپ زوقلىنىپ كېتەتتىم . ھازىر تىك سىزىق بويىچە ئارىلىقى پەقەت 10 مىل بولسىمۇ ، بىراق ئاشۇ غايەت زور تاغ توپى ( دېڭىز يۈزىدىن 26 مىڭ 600 مىل كېلىدۇ ) پاكار ـ پاكار تاغ تىزمىلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان . ئەمما ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قوغداپ تۇرىدىغان كىچىك چوققىلار ( دېڭىز يۈزىدىن 18 ~ 20 مىڭ مىل ئې- گىز ) كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان بىر پارچە سۈرەتنى ھاسىل قىلاتتى .

مەن ئاشۇ مۇز قىيالىقلىرىغا قاراپ باقتىم ، چۈنكى پەسلىگەنسېرى ھاۋا ئىسسىشقا باشلىغانىدى . گۇرىكوت ( Gurikot ) تىن ئالغا قاراپ ماڭغاندا ، ئاستور دەرياسىنىڭ ئىككى چوڭ ئېقىنىنىڭ بىرلەشكەنلىكى كۆرۈنەتتى . ئىسسىق ۋە چاڭ ـ توزانلىق يول تاغنىڭ سول باغرىنى بويلاپ ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغان ، غايەت زور يەلپۈگۈچسىمان لاي ـ لاتقىلاردىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىك ئاستورغا بارغۇچە داۋاملىشىپ ، توپ ـ توپ مەھەللىلەر يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئارقىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن ئاجايىپ مەنزىرە بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۇپ ، شىمال تەرەپتىكى قىيا تاشلىق يارلار جىلغىنى تۇسۇۋالغانىدەك كۆرۈنەتتى ، ئەتراپتا لاي ـ لاتقىلاردىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىككە ئېقىپ كىرگەن تاغ كەلكۈنى چوڭقۇر ھاڭلارنى ھاسىل قىلغاچقا ، ئادەمگە بىر خىل ئۆزگىرىشچان ھېسسىيات ئاتا قىلاتتى .

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ، ئاستور ئېگىزلىكىدىن چۈشىدىغان جايدىكى ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق . سالقىن ھاۋا كۆڭلۈمنى يايرىتىۋەتتى . تۆۋەندە شىك مۇرتلىرىنىڭ قەلئەسى بولۇپ ، ھازىر بۇ يەر كەشمىردە تۇرۇشلۇق خان جەمەتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسمى توپچى روتىسىنىڭ لاگېرى ، جەنۇب تەرىپى ئاستور « پايتەختى » نىڭ بېغى ۋە تېرىلغۇ يېرى ئىدى . شىك مۇرتلىرى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ، ئاستوردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى « بېقىندىلار » غا ئايلىنىپ قالغان ، ئەمما ئۇلار ناھايىتى ئاز ھوقۇقنى ساقلاپ قالغانىدى ، ھازىر بۇ يەردە كەشمىر ھۆكۈمىتى تەكلىپ قىلغان باجگىرلار ئىش بېجىرىدۇ . شىك مۇرتلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى خانلىق ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى قوغدىغۇدەك ھېچنېمىسى قالمىدى .

ئاستور گەرچە دېڭىز يۈزىدىن 7700 فۇت ئېگىز بولسىمۇ ، ئەمما كەچتىكى شىددەتلىك يامغۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ھەقىقەتەن دىمىق ئىدى . ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ( 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ) مەن قايتىدىن ھىندى دەرياسىغا قاراپ ماڭغان ۋاقتىمدا ، بورانلىق يامغۇردىن كېيىنكى قارا بولۇت قۇياشنى تۇسۇۋالغانىدى ، يول تۆۋەنلىگەنسېرى جىلغا قاقاس ئىدى ، قىيا تاشلارنىڭ يۈزىدىن قىزىل ، سېرىق ، كۆلرەڭ تارام ـ تارام سىزىقلارنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . ئومۇمەن ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كەم بولغان يەرگە نىسبەتەن بۇ سىزىقلارمۇ ھەر ھالدا چىرايلىق تۈس بەرگەنىدى . گۈل ـ گىياھلاردىن پەقەت ياۋا ئەتىرگۈللا بولۇپ ، ھازىر ئېچىلغان توپ ـ توپ گۈللەر ئادەمنى بۆلەكچە جەلپ قىلاتتى . يەنە ياپيېشىل ئېتىزلار بىلەن ئورالغان قىشلاق لاي ـ لاتقىلاردىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ ، بۇ ئاستوردىن بىرىنچى ئۆتەڭ ــــ داشكىن ( Dashkin ) غا بارغۇچە بولغان 15 مىل مۇساپىدە

كۆزگە چېلىقىدىغان بىردىنبىر تېرىلغۇ يەر ئىدى .

ئاگىلاشلارغا قارىغاندا ، كاپىتان مانىبىرس سمىس ( M . Smith ) كېيىنكى بېكەت دۇيان ( Duyan ) غا بېرىپ بولغانىدى ، مەن ئۇنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ ، مېڭىشىمنى قارار قىلدىم . ئېغىر يۈك ــ تاقلار ئارتىلغان ئات ــ ئۇلاغلار ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى . يانتۇ تۆپىلىكنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان قارىغايلىق كۆرۈندى . بۇ قارىغايلارنىڭ شۇنچىلىك بۈك ــ باراقسان ئۆسۈشىدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىنى قار قاپلاپ تۇرغان غايەت زور تاغ تىزمىسى توساپ تۇرغانلىقىدا ئىدى . قارىغايلىقنى كېسىپ تۆۋەنگە ئۆتكەندە ، ياپيېشىل مۇخ ۋە ئوت ــ چۆپلەر قاپلىغان كىچىك دەريا قىرغىقىمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى . توغرىسىغا كەتكەن تىك داۋاننى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، بايىقى كۆرۈنۈشلەر ئارقامدا قېلىپ ، يەنە ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەر نامايان بولدى .

ئاستور جىلغىسىنى ئوراپ تۇرغان تاغ تىزمىسى ئوتتۇرىسىدا كەڭ كەتكەن ھىندى دەرياسى ھەمدە بىر ــ بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن تاغ تىزمىسى نامايان بولۇشقا باشلىدى . مەن بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرگەن يىراقتىكى تاغ چوققىسىغا قاراپ ، ھەتتا ئاشۇ تۇمانلار قاپلاپ تۇرغان راكىپوشى ( Rakiposhi ) مۇز تېغىنى تونىيالماي ، كونا دوستۇمغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك بۇ « ھىندى دەرياسى ئاتىسى » غا ئېھتىرام بىلدۈردۇم . بۇرۇنلا بۇ كەڭ كەتكەن دەريادا بىر نەچچە داڭلىق بۆلەكلەرنى ئۇچراتقانىدىم . ئۇ بالتىستان ( Baltistan ) دىكى قىيا تاشلىق جىلغىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ يۈسۈفزەي ( Yusufzai ) تۈزلەڭلىكىگە شىددەت بىلەن قۇيۇلغاندا بولسۇن ، ھازىرقى تىك قىيا تاشلار ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەندىكىدەك كىشىدە ئۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ . كۆكۈم ھەش ــ پەش دېگۈچە دەريا ئۈستىنى قاپلىدى ، سۇ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەر غايىب بولدى . بۇ چاغدا سەپىرىمنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىپ كەلدىم . ئۆزۈممۇ خېلىلا ھېرىپ كەتكەنىدىم .

مەن دۇياندا ئازراق تۇرۇپ قالدىم . بۇ يەردىكى ۋاقتىم ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆكۈللۈك ئۆتتى. 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەھەردە، گىلگىت ۋە قوشنا تاغلىق رايوننىڭ سىياسىي ۋاكالەتچىسى، ۋىكتورىيە ئوردېنىغا ئېرىش-كۈچى كاپىتان مانىيرىس سىمىس ئالاھىتەن مېنى يوقلىغىلى كەلدى ھەمدە سەممىيلىك بىلەن مېنى چېدىرىغا تەكلىپ قىلدى. بىر كۈن شۇ يەردە ئۆتتى. مەن ئۇنىڭ قىزغىن كۆتۈۋېلىشلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. ئۇ چاغدا ئۇ مەن كېيىن ئۆتمەكچى بولغان بۇ تاغلىق رايوندىكى «چېگرا قوغدىغۇچى ئەمەلدار» لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتات-تى. ئادەملىرىمنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ تاغ ئېتىنى مىنىپ، تاغنىڭ يان تەرىپىدىكى گازارمىسىغا كەلدۇق. بۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر يانتۇلۇق بولۇپ، تاغ يولى تەخمىنەن 1500 مىل كېلەتتى. داۋان ئۈستىنى بىنەپشە رەڭلىك ۋە ئىسمىنى بىلمەيدىغان تاغ گۈللىرى قاپلاپ كەتكەن، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئېقىن ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى. يەنە سىياسىي ۋاكالەتخانىغا ماس كەلگەن بۇ گازارما ھەمدە گىلگىت، چىلاس ( Chilas ) ۋە خۇنزىدا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن خىلمۇخىل كىيىنگەن ھەمراھلار بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى ئاجا-يىپ تۇسكە كىرگۈزگەندى.

ئەر ـ خوتۇن ساھىبخان مانىيرىس سىمىسنىڭ قىزغىن كۈتۈش-لىرى بىلەن ئۇنتۇلماس ھەم ناھايىتى كۆكۈللۈك بىر كۈننى ئۆتكۈزدۇم، يەنى ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ يىراق يېرىدە، ھىندىستاندىكى ئەنگلىيىلىك ئې-سىلزادە خېنىملارمۇ ھەقىقىي سالاپەت، ئالىي جانابلىقى بىلەن تۇرمۇشتا قانداق قىلىپ ئادەمنى مەپتۇن قىلىشنى بىلىدۇ. تەبىئەتمۇ بۇ يەرگە رەڭلىك، ئازادىلىك ئاتا قىلغان بولۇپ، بىر خىل ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان مۇشۇنداق جايدا ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتىدىغاندەك ئىدى. كاپىتان مانىيرىس سىمىس ئەپەندى 12 يىلغا يېقىنمۇشۇ يەردە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇ شۇ يەرنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا ئادەمنى شۇركەندۈ-رىدىغان ۋەقە ــ نىلس ( Nilth ) تەرەپتىكى خونزا قورغىنىنى ئىشغال قىلىشتا ۋىكتورىيە ئوردېنىغائېرىشكەن. ئۇ بەلكىم بۇ تاغلارنى ۋە ھەر خىل ئىرقتىكىلەرنى ھەر قانداق ياۋروپالىققا قارىغاندا ئوبدان چۈشىنىشى

ۋە پىششىق بىلىشى مۇمكىن .
ئۇ سۆزلەپ بەرگەن تاغلىقلارنىڭ ھەر خىل قەدىمىي ئۆرپ ــ ئادىتى ۋە كۆرگەن ــ ئاڭلىغانلىرى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى ، بولۇپمۇ ئۇ سۆزلەش ئۇسۇلىنى گازارمىدىكى بىللە ئىلىپ كەلگەن تاغلىقلاردىن ئۆگەنگەنىدى . چىلاسنىڭ دەريا ــ جىلغىلىرى تەرەپتىن ھەمدە پۇنيال ( Punyal ) دىن كەلگەن كىچىك باشلىق كىشىلەر مىنى بۇ رايوننىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى . ئىسلام دىنىنىڭ بۇ يەردىكى تەرەققىياتى بىر قەدەر كېيىن بولۇپ ، نۇرغۇن تاغلىقلاردا بۇرۇنقى دىن تەسىرى ساقلىنىپ قالغانىدى ، بولۇپمۇ گور ( Gor ) دىن كەلگەن ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي قەدىمكى زامان توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغاندەك ئىدى . ئۇ بۇرۇن ئۆيىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەن ، ئۇ يەرگە ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ جەسەت كۈلى قويۇلغانىدى . ئۇ ھېچقانداق تەمتىرمەستىن كىچىك ۋاقتىدا مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئانىسىنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . بۇ تاغلىق رايوندا ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش ئاياللار كونا ئەنئەنە ، كونا ئۆرپ ــ ئادەتلەرنى ئەڭ ياخشى ساقلاپ كەلگەنىدى .
لاھوردىكى كۈندىكىگە ئوخشاش ، كاپىتان مانىېرس سمىسنىڭ ئۈستىلىدە ئەڭ يېقىندىكى رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگرامما خەۋىرىنى كۆردۈم ، بۇ ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ بۇرۇن چەت جايلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان بۇ تاغلىق رايوننى يىراقتىكى غەرب بىلەن زىچ باغلىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى . ساھىبخانىنىڭ چېدىرىدىكى چىرايلىق باللار ياۋروپا تەسىرىنىڭ ئاللىقاچان بۇ تاغلىق رايونغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ قىزىل گۈلدەك چىرايى بەئەينى تىپىك ئەنگلىيە باللىرىغا ئوخشايتتى . ھىندىستان چېگرىسىدا ئۇلارنى كۆرگىنىمدە ، ھامان مەدەنىيەتكە ئاساس سالغۇچىنى كۆرگەندەك بولىمەن . مەن ھەر قېتىم ناتونۇش جايغا بارغىنىمدا ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى بوۋاقلار ئۆيىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇھىتتا

تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، ئەمما ئىنتايىن بەخت ـ سائادەتلىك ، خۇشال ـ خورام ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ زوقلىنىپ كېتىمەن . ئەنگلىيە باللىرى بۇ-يۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىگە ئەگىشىپ ھىندىستانغا كىرگەن ، بەزىدە ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ جەڭگاھنى كۆرگەن . لو-كارت ( Lockhart ) ۋە مالاكەند ( Malakand ) قەلئەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن . بىراق ، كۆپ ئەھۋاللاردا ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى شۇ جاينىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقى بىلەن تىنچلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ، ئۇلار كەشمىر ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلاردا ئەۋزەل يەرلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ .

ساھىبخان مېنى گازارمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى « ئىگىزلىك » ( Marg ) كە باشلاپ باردى . بىز ئۇ يەردە چۈشلۈك چاي ئىچتۇق . بۇ يەردىن تۆۋەندىكى قىيا تاشلىق ۋە قومساڭغۇ چۆللۈكتىكى ھىندى دەريا جىلغىسىنىڭ يىراقتىكى چىلاس ۋە دارەل ( Darel ) گە سوزۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى . مۇشۇ ھىندى تۈزلەڭلىكىدىكى تەبىئىي يولنى قە-دىمكىدەك ئاچىدىغان كۈن ئاخىر كېلىدۇ . شۇ چاغدا ، چىلاستىن ئامب ( Amb ) قىچە بولغان ھىندى دەرياسى قىرغىقىدىكى ھېچكىم كىرىپ باقمىغان ئەڭ ئاخىرقى جايغا ئادەم كىرەلەيدىغان بولىدۇ . شۇنىڭ بى-لەن ، كەشمىرنىڭ غايەت زور تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتىدىغان قاتناش ـ ترانسپورت لىنىيىسىدە خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ .

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە ، مەن ئاق كۆڭۈل ساھىبخان بىلەن خوشلىشىپ ، ئالدىراشلىق بىلەن بۇنجى ( Bunji ) دىكى ئادەملە-رىمگە يېتىشىۋېلىپ ، ئاستور دەرياسى جىلغىسىغا قاراپ تۆۋەنلىدىم . يول شۇ يەردىن باشلاپ خەتەرلىك قىيا تاشلىق ۋە شېغىللار بىلەن تولۇپ كەتكەن جىلغىغا سوزۇلغانىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ تېمپېراتۇرا كۆرۈ-نەرلىك ئۆرلىدى . بۇ يەر دەل خاتۇپەر ( Hatuper ) بولۇپ ، ئۆتتەك قىزىق قۇياش نۇرى ئاستىدا ياتاتتى . تۆۋەنگە قاراپ يەنە 11 مىل مې-ڭىپ ، ھىندى دەرياسى بىلەن ئاستور دەرياسى تۇتاشقان جايغا يېتىپ باردۇق . يول ئۈستىدە ھېچقانداق ساياھەتچى ئۇچرىمىدى . ئوخشاشلا ، ئاستور دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان رامغات ( Ramghat ) تىن

ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بۇنجىغىچە بولغان 8 مىل ئاتلىق مۇـ
ساپىمىز ناھايىتى مەنىسىز ئۆتتى . دەريا قىرغىقىدىن تاغ باغرىغا سوزۇلـ
غان كەڭ تاشلىق تۈزلەڭلىكتە ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىزناسىمۇ
كۆرۈنمەيتتى ، قۇياش نۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى . چۈشتىن كېيىن
سائەت بىردە ، بۇنجىدىكى قونالغۇ بۇنگالوۋ ( Bungalow ) غا ناھايىتى
كۆڭۈللۈك يېتىپ كەلدىم . گەرچە ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى
ھەربىيلەر ساقلايدىغان ئېغىز چوڭ يول ياسالغاندىن كېيىن بىكار قىلىـ
ۋېتىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما يېقىن ئەتراپتىكى قەلئەنى يەنىلا كەشمىر
ئەسكەرلىرى ئىگىلەپ تۇراتتى . بۇنجىدا ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا ،
سىرتقا چىقىش قىلچىمۇ خىيالىمغا كەلمىدى . جىلغىنىڭ ئۈستىنى قويۇق
تۇمان قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ، نانگا پاربات چوققىسىنىڭ گۈزەل مەنزىـ
رىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئارزۇيۇمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى . بۇ
ھىندى دەرياسىنىڭ گورىزونتال تەكشىلىكىدىن 22 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتە
قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ھاۋا ئوچۇق بولسا ، ھەممە قىياپىتىنى دېگۈدەك
كۆرگىلى بولاتتى . جىلغىدا بىردەمدىلا شىددەتلىك بوران چىقىپ ،
دەريا بويىدىكى قۇملارنى ئۇچۇرتۇشقا باشلىدى ، قۇم ـ شېغىللار
ئىشىك ـ دېرىزىلەردىنمۇ كىرىشكە باشلىدى . ئومۇمەن ، بۇنجىدا تۇرۇپ
ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشقا ئەرزىمەيتتى . پەقەت پاكار تاغلىقتا ئۆتكۈزگەن
ئاتەشتەك ئىسسىق ۋاقىتنى ئېنىق ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم . بۇنجى ھەققەتەن
ئازراق يەم ـ خەشەك تېپىشمۇ قىيىن يەر ئىكەن . بىز ئۇلارغا ئېرىشىش
ئۈچۈن ، ئاخشاملىقنى كېيىنكى ئۆتەڭگە يېتىپ بېرىشىمىزمۇ قىيىن ئىـ
دى . قانداقلا بولمىسۇن ، شۇ يەرلىك باجگىر ئۆزى مىنىدىغان ئۇلاغنى
ماڭا ئارىيەت بېرىپ تۇردى ، ئەمما يولغا چىقىشتىن بۇرۇن كەچ بولۇپ
كەتكەنىدى . تەنھا قومساڭغۇ تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ ، ھىندى دەرياسىـ
دىكى ھەيۋەتلىك ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقان ۋاقتىمدا ، ئاللىقاچان
قاراڭغۇ چۈشۈپ بولۇت ئارىسىدىن ئاي خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . خىرە
ئاي نۇرىدا ، ئىككى دەريا تۇتىشىدىغان جايدىكى ھەيۋەتلىك قەد كۆـ
تۈرۈپ تۇرغان قىيا تاشلىقتىن ئاتلىق ئۆتتۇم . گىلگىت دەريا جىلغىسىغا
كىرىپ بىخەتەررەك يەرگە كەلگەندە ، يامغۇر يېغىپ كەتتى ، ئاسمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قازاننى دۇم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى . لېكىن مې-
ڭىۋەردىم ، ئەگەر كۈتكىنىمدىكى سارايىنى ئۇچرىتالىغان بولسامۇ ئۇ
يەردە چېدىرىم بار ئىدى . مەن ئۇ سارايدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمنى
چۈشەندىم . ئۆۋەتتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل بىراقلا گىلگىتقا بېرىش ياكى
ئايلىنىپ ھېلىقى سارايىنى تېپىش ئىدى . بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن ، مەن
كېيىنكىسىنى مۇۋاپىق كۆردۈم ، ئاخىر بىر تارماق يولنى بايقىدىم . بۇ
يولدىن ئايرىلىپ ، يېرىم مىلدىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن ، تەقەززا
بولۇپ ئىزدىگەن قونالغۇنى تاپتىم . چاكارلار دەرھال ماڭا يەيدىغان
نەرسە تەييارلاپ بەردى . مەن تاماقنا تويۇش قىلغان ۋاقتىمدا ، يېرىم
كېچە بولۇپ قالاي دېگەنىدى . ئۇلار مەشئەل يېقىپ ماڭا يول باشلاش
كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ قويماپتۇ .

مەن پارى ( Pari ) دا كېيىنكى يېرىم كېچىنى ئۆتكۈزدۈم .
سەھەردە بۇ يەرنىڭ ئېقىنغا ياندىشقان ، ئەتراپىنى تاقىرباش گىل رەڭ
تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇرغان ئويمان ھالەتتىكى قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى
كۆردۈم . يەنە ئىلگىرىلەپ 9 مىل ماڭدۇق ، مەنزىرە يەنىلا بۇرۇنقىدەك
ئىدى . يول ساناقسىز چوققىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي ئارىلىق-
تىن ئۆتەتتى . بىر تاغ ئېغىزىنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، كۆز ئال-
دىمىزدا كەڭ كەتكەن گىلگىت جىلغىسى نامايان بولدى . بىرىنچى
كەنت مىناۋۇر ( Minaur ) دا قايتىدىن تېرىلغۇ يەرنى كۆردۇق . سۇل
قىرغاقتىكى ھەر بىر لايلاتمىدىكى ئىنچىكىلىك بىلەن ئېچىلغان سۇغى-
رىشقا بولىدىغان پەلەمپەي ئېتىزلار ياپيېشىل كۆرۈندى . يەنە ئالدىمىزغا
بىر نەچچە مىل ئىلگىرىلىسەك ، شىمالى خۇنزا جىلغىسى ، بۇ يەردىن
ئۆتكەندىكى بىر توقاي كەنتلەر گىلگىت دەپ ئاتىلىدىغان جاي ئىدى .
يان تەرەپتىكى جىلغىدىن باشلانغان قەدىمكى مۇز قاتلاملىرى ئۈستىدىن
كەڭ كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلىق ۋە باغ مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلسا ، ئا-
دەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى . مەن بۇ يەردىن ئاتلىق ئۆتۈۋاتقاندا ،
ۋاكالەتخانىدىكى كاپىتان خ . بۇردېن ( H . Burden ) دوختۇرنىڭ
ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم . ئۇ كاپىتان مانېرس سمىسنىڭ ھاۋالىسى
بىلەن مېنى ئەتراپلىق كۈتۈۋېلىش خىزمەتلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغاند-

كەن ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئازادە بىر يۈرۈش ئۆيگە ئورۇنلاشتىم ھەمدە قىسقا ۋاقىت گىلگىتتا تۇرۇش جەريانىدا ، ۋاكالەتخانىدىكى ئەمەلدارلارغا مېھمان بولىدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم . ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ ، ئەمما كۆپ ساندىكىلىرى قىزىقچى ، دوستانە ھەمراھلار ئىدى . ئۇلار مەيلى خان جەمەتى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مۇشۇ يەردىكى تەمىناتىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىرى بولسۇن ياكى ئاممىۋى قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولسۇن ۋە ياكى گىلگىت دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلىدىغانلار بولسۇن ، ھەممىسى بۇ رايونغا بولغان چۈشىنىشى ۋە قىزغىن مۇھەببىتىنى ئېنىق ئىپادىلەيتتى . ھەر بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، « سىياسىي » نى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ يىراق چېگرا بەلبېغىنى باشقۇرۇشتا ، ئۇلار ھەممىسى يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە بولغاچقا ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تۈپرىقىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ ، ئۇلار نۇرغۇن مۇھىم تەجرىبىلەرگە ئىگە بولىدۇ . سىياسىي مەنپەئەت سەۋەبىدىن ئىمپېرىيە گىلگىتقا ئەمەلدار ۋە ئەسكەر ئەۋەتىشنى لازىم تاپقانىدى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونغا نۇرغۇن پايدا بولدى . يولۇچىلار بۇ كىچىك « ئۆتەڭ » دىن ئۆتكەندە ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆرىدىغىنى كۆپ . بۇ يەردە ئەسلىھەلىرى تولۇق دوختۇرخانا ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ، پاكىز ھەم شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بازار ، مەكتەپ ھەمدە ئاياللار دوختۇرخانىسىنىڭ بالنىتسىسى قەد كۆتۈرگەنىدى . جىلغىنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان پەلەمپەيسىمان دۆڭلۈكتە ياۋروپا ئەمەلدارلىرىنىڭ نەپىس ، يېقىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك تۇرالغۇلىرى بار ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن سېلىنغان ناھايىتى پۇختا كۇلوب ھەمدە شارائىتلىرى ئەۋزەل كۈتۈپخانىمۇ بار ئىدى . بۇ يەرنىڭ كۆلىمى چوڭ بولمىغاچقا ، بۇلارمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . يېڭى دەۋر پۇرىقىنىڭ گىلگىتتا يىلتىز تارتقىنىغا ئاران سەككىز يىل بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى قانداق ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتمەك تەس . پەقەت شىك ( Shikh ) پاسۇنىدا تاش ۋە ياغاچتىن سېلىنغان قەلئە بار بولۇپ ، بۇ ئىلگىرى گىلگىتلىقلارنىڭ ئىنتىزامى بوش قوشۇنىنىڭ قولىدا ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈلمەي ئېلىنىپ تۇرغان ئالۋاڭ ــ سېلىق دەردىدە يەرلەرنىڭ قاقاس- لىشىپ كەتكەنلىكىنى ، هازىر ئىنتايىن تىنچ ئۆتۈۋاتقان داردلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ .

دەسلەپ مەن گىلگىتتا بىر كۈنلا تۇرۇپ سەپەرداشلىرىمنى ئارام ئالدۇرۇپ ، يۈك ــ تاقلارنى رەتلەپ يولغا چىقىشنى ئويلىغاندىم . ئەمما ، خۇنزاغا بارىدىغان يېڭى قاتناش قۇراللىرىنى ئالماشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلدى . شۇڭا ، بۇ يەردە تۇرىدىغان ۋاقىت ئۈچ كۈنگە سوزۇلۇپ كەتتى . نۇرغۇن خىزمەتچىلەر ساھىبخان ۋە سەممىي دوستلىرىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولدى . ماڭا بۇ يەردە كۆپ ئويلىنىشمۇ ها- جەتسىز بولۇپ قالدى . گەرچە هۆكۈمەتنىڭ قاتناش ئەسلىھەلىرى شە- هەردىن يىراق گازارمىدا ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇچىنچى كۈنى كۈچ ــ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان هەربىي ئاشلىق قىسمىنىڭ ئە- مەلدارى كاپىتان خوۋېل ( Howel ) مېنى ناهايىتى ياخشى بىر تۇركۈم ئۇلاغلار بىلەن تەمىنلىدى . بۇنىڭ بىلەن ، يۈك ــ تاقلىرىمنى خۇنزاغا بىخەتەر ئاپىرالايدىغان بولدۇم . مېڭىش جەريانىدا كەم جابدۇقلارنى تولۇقلاشتا ، « ۋاكالەتخانا » دىكى هەربىر كىشىنىڭ سەممىي ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ، دەم ئېلىش ۋاقتىدا هېچقانداق كۈچەش كەتمە- دى . هەربىر ئاشلىق قىسمىنىڭ ئىسكىلات بۆلۈمى ئەگەشكۈچىلىرىمنى قىشلىق كىيىم ۋە مول ئوزۇق ــ تۈلۈكلەر بىلەن تەمىنلىدى . « ۋاكا- لەتخانا » دا تۇرۇپ قالغان بىردىنبىر ئايال w خانىم چىرايلىق چىچىنى فوتوئېئودولىتتا ئىشلىتىشكە تەقدىم قىلدى . كېيىن هەر قېتىم زىمىستان تاغ چوققىسىدا ئۈيۈشۈپ كەتكەن قوللىرىم بىلەن نازۇك ئاپپاراتلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بارغىنىمدا ، مۇشۇ ئىنتايىن مۇھىم نەرسىدىن كۆپتىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم .

ئۈچىنچى باب

# خۇنزادىن ئۆتۈش

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولۇپ ، گۈزەل تەسراتلار بىلەن گىلگىتتىن ئىبارەت ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاراۋۇلخانىسىدىن ئايرىلدىم . 18 مىل ماڭغاندىن كېيىن نومال (Nomal) غا يېتىپ كەلدىم . بۇ خۇنزادىن ئېقىپ كېلىدىغان كىچىك دەريانى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىلغىدىكى بىر بوستانلىق ئىكەن . ئالدىنقى كۈنلەردە گىلگىتنىڭ كىلىماتى نورمال بولمىغاچقا ، ھاۋا خېلىلا سالقىن ئىدى . بۇ چاغدىكى سەپەر خېلى كۆڭۈللۈك بولغانىدى . 1891 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيە خۇنزادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق كىچىك كۆلەمدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن ، جىلغىدىكى يول خېلى ياخشىلاندى . شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ يول پەقەت ئاپتوموبىل ماڭالمايدىغان ، 100 نەچچە فوت ئېگىز داۋانلاردىن ئۆتىدىغان ئەگرى ـ توقاي ئات ـ ئۇلاغ يولى بولۇپ ، ساغلام يورغا ئات بولمىسا بولمايتتى . شۇ ۋاقىتتىكى گىلگىتتا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قوماندانى ، بېنگال 17 ـ ئاتلىق باتالىئونىنىڭ مايورى مېدلېي ( Medley ) ياخشى كۆڭلى بىلەن ماڭا شۇ خىلدىكى ئاتنى بېرىپ تۇردى . بۇنداق ئاتقا مىنسە ئادەم راھەتلىنەتتى .

نومالنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن بىر ئېقىن چوڭقۇر جىلغىنى كېسىپ ئۆتەتتى . ئىككى تەرىپى تىك قىيالىق ھەم چىغىر يول تۇتىشىپ كەتكەن تاغ بەلدەملىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، ئۇزۇن كەتكەن « S » نى ھاسىل قىلغانىدى . بىز كۆپ قېتىم قىيا تاشلار ئارىسىغا ياسالغان ئاسما

www.uyghurkitap.com

يولدىن ئۆتتۇق . ئىككىنچى كۈندىكى ئاخىرقى نۇقتا چالت ( Chalt ) بولۇپ ، ئاللىقاچان گىلگىت رايونىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ بولغانىدىم . جىلغا مۇشۇ يەردىن باشلاپ كېڭىيىپ شەرققا بۇرۇلغانىدى . بۇ رايوندا كەشمىر خانلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر روتا قوغدىغۇچى ئەسكىرى ئورۇنلاشقان بولۇپ ، كىشىگە ئىلگىرىكى خىلمۇخىل ھالەتلەرنى ئەسلىتەتتى . ئۇلارنىڭ قوماندانى گارخۋال ( Garhwal ) دىن كەلگەن پېشقەدەم ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ ، مەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە قۇرۇلۇش قىسمىنىڭ ئازادە ئۆيىگە ئورۇنلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇ مېنى يوقلاپ كەلدى . ئۇزۇن سۆھبەت جەريانىدا ، ئۇ ماڭا 20 ~ 30 يىل ئىلگىرىكى گىلگىتنىڭ كەشمىر قىسىملىرىغا نىسبەتەن مۇھىملىقى ھەمدە ھەربىر ئۆتەڭنىڭ ئېھتىياجى ئەسكەر ۋە ئاھالىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانلىقىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بەردى . ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى ، گەپ قىيىنچىلىق ئۈستىدىكى تەسۋىردىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلدى . مەسىلەن ، ئۇ شىمۇشتىكى دوگرا ( Dogra ) لار قىسمىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەنلىكى ھەمدە بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچە ئىشلىتىپ كەلگەن ماخاراجا رانبىر ( Maharaja Ranbir ) ئىجاد قىلغان سانسكرىت تىلى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالدى .

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ، ئۇدۇل خۇنزا تاغ جىلغىسىنىڭ مەركىزىگە بېرىپ ، ئۇ يەردە ئات - ئۇلاغنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، پەقەت ئىشلەمچىلەرنى ئېلىپ تاغدۇمباش پامىر ( Taghdumbash Pamir ) غا بارماقچى بولدۇم . چالتتىن چىققاندىن كېيىن ، يولدا بىر چىرايلىق كۆۋرۈك ئارقىلىق دەريادىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتۇق . بۇ كۆۋرۈك دەريانىڭ سول قىرغىقىغا تۇتاشقان بولۇپ ، كەشمىردىن تارتىپ يول بويى ئۇچرىغان باشقا كۆۋرۈكلەردىنمۇ مۇھىم ئىدى . كۆۋرۈكنىڭ ئاسما ئارغامچىسى پولات سىمدىن ئىشلەنگەنىدى . بۇ خىل ئۇسۇلنى ئەڭ بۇرۇن خان جەمەتى ئارمىيىسى قۇرۇلۇش قىسمىدىكى پولكوۋنىك ئايلمېر ( Aylmer ) بۇ رايوندا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكەندىن كېيىن ، باشقا جايدىمۇ ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان .

دەريا قىنى چوڭ بىر تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، مەن تۇنجى قېتىم راكىپوشىنىڭ قار ـ مۇز قاپلىغان گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك چوققىسىنى كۆردۈم . راكىپوشى تېغى بولۇتقا تاقاشقان ، دېڭىز يۈزىدىن 25 مىڭ 500 فۇتتىن كۆپرەك ئېگىز بولۇپ ، خۇنزا دەرياسى جىلغىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەنزىرە ھېسابلىناتتى . گەرچە نۇرغۇن چوققىلار ئېگىزلىك جەھەتتە ئۇنىڭغا يېقىنلاشسىمۇ ، ئەمما خەتەرلىك ۋە تىكلىك جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق . بۇ مەنزىرە كىچىك بىر بۆلەكتىلا بولۇپ ، راكىپوشى تېغىنىڭ تىك تەرىپىدىن جىلغىغا كىرىدىغان باش ئېغىزىغا كىرگەندە توسۇلۇپ قالدى . مەن بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن مەستخۇش ئىدىم . تاغ ئېغىزى ئوتتۇرىسى تىك قىيالىق جىلغا بولۇپ ، راكىپۇشى تېغى ئۈستىدىكى مۇزلۇقلاردىن ھاسىل بولغان كىچىك ئېقىن بۇ جىلغىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، شىددەتلىك ئېقىپ ياساپ غول دەرياغا قويۇلىدىكەن . مۇزلۇقنىڭ چوققىسى ئاپئاق ئىدى ، ئەمما ئاستى قىسمى تاغنىڭ يان تەرىپىنى بويلاپ يول ـ يول كۈلرەڭ شېغىللىق ئىدى ، تۆۋىنى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 6000 ~ 7000 فۇت ئېگىزلىكتىكى جىلغىغىچە سوزۇلغانىدى .

چالتتىن يۇقىرىسىغا 8 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، ناگىر ( Nagir ) دەيدىغان مەھەللىنىڭ نىلىس دېگەن يېرىگە كەلدۇق . بۇ يەر دەل 1891 ـ يىلى خۇنزا ۋە ناگىرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن مەشھۇر ئۇرۇش يۈز بەرگەن جاي ئىدى . بۇ تاغ ئايرىپ تۇرغان ئىككى جىلغىدىن ھاسىل بولغان تاغلىق جاي كانجۇت ( Kanjut ) دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا دوگرالارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ ، قەيسەرلىك بىلەن ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان . بۇ تاغدا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئادەتتىن تاشقىرى كەمبەغەللىك مەۋجۇد بولغانلىقتىن ، بۇ يەردىكى كىشىلەردە ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت يوق ئىدى . ئەلۋەتتە ، ئۇزۇندىن بۇيان دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قارىتا مال ـ مۈلۈك ، قۇل بۇلاش تاجاۋۇزچىلىقى خۇنزادىكى ئەمەلدارلارنىڭ بېيىش مەنبەسى بولۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

كەلگەننىدى . بۇ ساغلام ، كۈچلۈك كانجۇتلۇقلار يول بويىي بۇلاڭچىلىق قىلىپ ، يىراقتا پامىر ياكى قاراقورۇم ( Kara Korum ) تېغىدىن ئۆتىدىغان سودا يولىدىكى سودىگەرلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنىدى . كانجۇتلۇق دائىم مۇزتاغ چوققىسىدىكى غايەت زور مۇزلۇقلاردىن ئۆتۈپ بالتىستانغا ھۇجۇم قىلاتتى . 11 يىل بۇرۇن مەن برالدو ( Braldo ) جىلغىسىنى ساياھەت قىلغان ۋاقتىمدا كۆرگەن بىئافۇ ( Biafo ) مۇزلۇق ئېغىزىغا يېقىن جايدىكى ۋەيرانە قەلئە ھازىرمۇ كۆڭلۈمنى ساراسىمىگە سېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ . بۇ مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتىكى جايدا خۇنزادىن كېلىدىغان بۇلاڭچىلاردىن ئېھتىيات قىلىشنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى .

نىلىستا بولغان ئۇرۇش بۇ رايوننىڭ ھەممە نىمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى . گىلگىتتىن قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن « تايمس » ( Times ) ، يەنى ۋاقىت ) گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كنايت ( Knigt ) ئەپەندى بۇ ئۇرۇشتىن ھەممە ئادەمنىڭ خەۋىرى بار ، دەپ جانلىق خەۋەر قىلغان . مەن ئەنگىلىيەنىڭ ناشتىدا قىسقىلا توختىغان نىلىسنىڭ ئالدىدىكى سالقىن كىچىك باغدا ، پولكوۋنىك دۇراند ( Durand ) قىسمى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بار كەنتنى كۆزەتتىم . ئۇ ئارقىدىكى خەتەرلىك تاغ جىلغىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ ، پولكوۋنىكنى ئۈچ ھەپتىگە يېقىن ئىلگىرىلىيەلمەس قىلىپ قويغانىدى . ئۇدۇل تەرەپتىكى قىيا چوققىسىدىكى ناگىرلار قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشتە پايدىلانغان تام خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . ئەينى ۋاقىتتا مۇداپىئە ئۇرۇشىغا قاتناشقان كىشىلەر مەن بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقاچ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى بارلىق مۇھىم ئورۇنلارنى كۆرسىتىپ بەردى .

ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ تاكتىكا ۋە ئەقىل - پاراستىنى چۈشەندۈرۈشتە ، تاغ خەلقىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىنى ئەسلىگەندىكى كۈچلۈك تەسىراتىغا ھېچنېمە يەتمەسلىكى مۇمكىن . بويسۇندۇرۇلغان بۇ كىشىلەر ماڭا كاپىتان مانىبرس سمىس ھەم ئۇ باشلامچىلىق قىلغان ئاز ساندىكى دوگرا

ۋە گۇرخاس ( Gurkhas ) لار يامىشىپ چىققان ئاشۇ 1000 فۇتتىن ئېگىز ،
يان تەرىپى شېغىللىق داۋاننى كۆرسەتتى . ئۇلار خۇددى ئاشۇ باتۇر ھەر-
بىي ئەمەلدار سەۋەبىدىن خىزمەت كۆرسىتىپ ۋىكتورىيە كرېست ئوردېنىغا
ئېرىشكىنىدىن پەخىرلەنگەندەك ئىدى . جىلغىنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاش-
قىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان خان جەمەتى قوغدىغۇچى قىسمىنىڭ بىر كى-
چىك ئەترىتى ئالدىراپ يۆتكەلگەنىدى . خۇنزا ۋە ناگىرلارنىڭ مەسلى-
ھەتچىسى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ
چېكىنىپ كەتتى . ھازىر جىلغىدا بىردىنبىر كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئىس-
تېلاچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن خارابە ۋە يولۇچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى
بىخەتەر يوللار ئىدى ، خالاس . چاقىرىقا ئاۋاز قوشقان كانجۇتلۇقلارنىڭ
چىترال ( Chitral ) ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشتە كۆرسەتكەن باتۇرلۇق ۋە
قىزغىنلىقى ساداقەتمەنلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنىكى ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار
دەل مۇشۇنداق روھقا ئىگە بولغاچقا ، ئالدىراپ ئۆزگەرگەن ۋەزىيەتنى
قوبۇل قىلدى . نۆۋەتتە ، قەيسەر تاغلىقلار گەرچە نوپۇسى ئىنتايىن ئاز
بولسىمۇ ، قار - مۇزلار قاپلىغان جىلغىدا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى
ساقلاپ ، ئىلگىرىكىدىنمۇ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ ،
خەقنىڭ ئۆيىنى بولايدىغان كۆنلىرى كەلمەسكە كەتكەنىدى .

نىلستىن چىققاندىكى يول ئۆستەڭدىكى تېرىقچىلىق قىلىنغان ئېگىز-
لىك مۇزلۇق جىلغىلارنى ئۆزلۈكسىز ئايرىپ تۇراتتى . ھەممە يەر
كىچىك - كىچىك باغ بولۇپ ، بۇ دەل ئۈجمە پىشىۋاتقان مەزگىل ئىكەن .
مەن ئۆتكەن كەنتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ،
ھەممىسى تاش تام بىلەن قورشالغان ۋە قورۇلى بار كۋادرات شەكىللىك
قەلئە ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېگىزلىكىنىڭ بىر يېنىغا جايلاشقان ،
تۆۋىنى ئېقىنغا تۇتىشىدىغان تىك قىيا بولۇپ ، بىخەتەرلىك كۆزدە تۇتۇل-
غان بولسا كېرەك . بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قەدىمىي بولۇشى مۇم-
كىن ، بىراق بۇ يەردە بىردىنبىر كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان قەدىمىي خارابە
يېقىن يولدىكى بىر كىچىك بۇددا مۇنارى ياكى بولمىسا خامىلېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

( Hamlet ) خارابىسى ئىدى . ئۇ پۇختا تاشتىن ياسالغان ، ئىگىزلىكى تەخمىنەن 20 فۇت بولۇپ ، ھازىرغىچە ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان . مۇنارنىڭ بىردىنبىر بۇزۇلغان يېرى ئاستىنقى بۇرجىكى ئىدى . مۇنارنىڭ ئۇلىدىكى تاشلار چۇقۇپ ئېلىنىپ ، بىر نەچچە فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى چىغىر يولغا ياتقۇزۇلۇپ ، خارابىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان چوڭ يول بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان . بۇ مۇشۇنداق چەت جايدا ھازىرقى زامان ھىندى « جامائەت بىناكارلىق قۇرۇلۇشى » نىڭ قەدىمىي خارابىلەرگە ئوخشاشلا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ، بۇنداق بەختسىزلىك پۈتۈن ھىندى يېرىم ئارىلىغا ئورتاق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ .

جىلغىنىڭ ناگىرلارغا يېقىن بىر تەرىپى تۇتاش كەتكەن ، كىشىنى خۇش قىلىدىغان كەنت ئىدى . ئۇدۇلدىكى خۇنزا بولسا ، ئاساسەن تاش ـ شېغىللىق چۆل بولۇپ ، بۇ پەرقنىڭ سەۋەبىنى راكىپوشى تېغىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ناھايىتى ئوڭاي چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ . ناگىرلار بىلەن داردلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق روشەن ئوخشىماسلىقلار يوق . تۆۋەنىدىكى كۆپ قىسىم كەنتلەردىكى كىشىلەر گەرچە خۇنزا بۇرىشىسكى ( Burisheski ) تىلىنى بىلسىمۇ ، ئەمما ئاساسەن دىگۇدەك گىلگىت شىنا ( Shina ) تىلىنى قوللىناتتى . بۇرىشىسكى تىلىنىڭ مەيلى ھىندى تىلى ئائىلىسى بىلەن بولسۇن ياكى ئىران تىلى ئائىلىسى بىلەن بولسۇن ، ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى . ئۇ بەلكىم ئىلگىرىكى ئىستېلا قىلىش دولقۇنىدا بۇ يەردە قېپقالغان چەتتىن كەلگەن تىل بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرى تۈرك شېۋىلىرىغا ئوخشاشمايدۇ ، ئەمما ياسىن ( Yasin ) كەنتىنىڭ شىمالىدىكى جىلغىدىكى ۋۇرشكى ( Wurshki ) تىلىغا يېقىن كېلىدۇ . خۇنزا تىلىدا سۆزلەيدىغان بۇ كىچىك مىللەتنىڭ بۇ تاغ جىلغىسىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تارىخ ئىسپاتلىشى ياكى مەڭگۈ ئېنىقلىيالماسلىقى مۇمكىن . بىراق ، ئۇلار جەنۇبىتىكى داردلار بىلەن شىمالدىكى پارسلار ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا . ئېنىقكى ، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك

ئورنى بۇ جاينى دۇنيادىن ئايرىۋەتكەن. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ھىندى تىلىنىڭ بۇ جايغا ناھايىتى تېز تارالغانلىقى بولدى. كەنت ۋە جىلغا يوللىرىنى قوغداۋاتقان قوغدىغۇچىلار بۇ جەھەتتە ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن، كەنتلەر ئا- رىسىدا ھىندى تىلى ياكى تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا پەنجاب تىلىدىكى بىلىملەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىسقىغىنا ۋاقىت ئە- چىدىكى تەرەققىياتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ خۇددى ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنىڭ ئىستېلاسىغا ئەگىشىپ، ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى تېزلىك بىلەن تارالغىنىغا ئوخشاش ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىش ئىدى.

سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان ئەلئاباد ( Aliabad ) بى- لەن چالت ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل يول 26 مىل كېلەتتى. تاشوت ( Tashot ) قورغىنىدىكى كىچىك كەنتنىڭ تۆۋىنىدە تاشلىق دەريا قىنىدىن ئۆتىدىغان خەتەرلىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، تاقىر كەتكەن چوڭ - كىچىك قىيا تاشلاردىن ھاسىل بولغان داۋاننى بويلاپ ئالغا ئىل- گىرىلىدۇق، راكىپوشى تېغىنىڭ قار - مۇزلار قاپلىغان چوققىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكى 5000 ~ 6000 فۇت كېلىدىغان قىيالىق كەچكى شەپەقتە گۇستاۋ دور ( Gustave Dore ) نىڭ مەنزىرە سۈرىتىگە ئوخشاپ قالغانىدى. مەن تې- يىلغاق شېغىللىق دەريا قىنىدا ئەڭ پالاكەتلىك سەپىرىمنى ئاياغلاشتۇرماي تۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. جىلغىنى ئوڭۇشلۇق ئايلىنىپ شىمال تەرەپتىكى ئەگرى - توقاي يولدا يەنە ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن، كەنت ۋە تېرىلغۇ يەرنى قۇچاقلاپ ياتقان كەڭ كەتكەن ئەلئاباد ئېگىز- لىكى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. خۇنزالىقلار ۋاقىتلىق ئىگىلەپ تۇر- غان مەزگىلدە، بۇ يەرگە بىر قەلئە، ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ ھۆكۈمەت ئە- مەلدارلىرىغا تۇرالغۇ ئۆي سېلىنغان. ھەقىقىي خوجايىن كاپىتان مىلس ( Miles ) بولۇپ، ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە، مەن يەنىلا يېقىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىك ئۆيدە قونۇپ قالدىم . ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىغان چېگرا ئە-مەلدارىنىڭ ئۆيى ماڭا نىسبەتەن ناھايىتى راھەت ئىدى . ئۇنىڭ بەستلىك خۇنزالىق چاكىرى كەچ كېلىپ قالغان مېھماننى قانداق كۈتۈش ۋە ئارام ئالدۇرۇشنى بىلەتتى .

بىرىنچى كۈنى سەھەردە ، مىر ( Mir ، خۇنزا تىلىدا يەرلىك بەگ ) نىڭ ۋازىرى ئالدىمىزدىكى سەپەر تەييارلىقلىرىنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ ھۇمايۇن ( Humayun ) ئىسىملىك 50 ياشلاردىكى ئادەم بو-لۇپ ، خۇنزا ھۆكۈمىتىدە ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى . ئۇ مىر-نىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى ۋە ئاساسلىق مۇشاۋۇرى بولۇپ ، ئەمەلدارلىق ئۇنىڭغا مىراس قالغانىدى . ئۇ ماڭا يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىمنى باشلاپ تاشقورغان ( Tashkurghan ) ھەمدە برالدو جىلغىسىغا بارغان-لىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ، كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى . ھازىر ئۇرۇش يىللىرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇلار ھازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېچكى قىسىمدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىۋاتىدۇ . ئىنتايىن چەكلىك تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىپ ، كۈندىن ــ كۈنگە كۆپە-يىۋاتقان نوپۇسنى بېقىش ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەس ئىدى . پەقەت تۇجو-پىلەپ سۇغىرىشقا تايانغاندىلا ، ئاندىن جىلغىدىكى تاشلىق تۆپىلىكلەردىن ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ . تاغ باغرىدىكى يايلاباغرى ئۆستەڭ دائىم ئىككى ، ئۈچ تارام بولۇپ ئاقىدۇ . بۇمۇ جىلغىنىڭ يان تەرىپىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان ئېقىننىڭ سۇ مىقدارىنى ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

خۇنزا بىلەن چىڭ سۇلالىسى مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ . ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ، خۇنزالىقلار ئوپراڭ ( Oprang ) دەرياسى يەركەن دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جىلغىنى ئىگىلىۋال-غانىكەن . روشەنكى ، بۇ رايونلار جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ تەبىئىي چېگ-رىسى ئىچىدە ئىدى . ئۇلار مۇشۇ جاينى ئىگىلەپ تۇرغاچقا ، بۇ يەردە ئەنگلىيە ئىگىلىك ھوقۇق تىكلىگەندىن كېيىنمۇ ، ئۇن ــ تىنسىز ھالدا

قەشقەر ( Kashghar ) دىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئولپان تاپشۇرۇپ كەل-
گەن بولۇشى مۇمكىن . يەنە بىر تەرەپتىن ، جۇڭگو تەرەپنىڭ جاۋاب
سوۋغىسى ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ بولغاچقا ، خۇنزالىقلار ئادەتتىن تاشقىرى
پايدىغا ئېرىشىدۇ ، بۇ روشەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى . چۈنكى ، جۇڭگو
سارىقول ( Sarikol ) دىن باشلاپ قارا قورۇم تېغى ئوتتۇرىسىدىكى زېمىن-
نىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كانجۇت تاجاۋۇزچىلىرىغا تۆلەم تۆلىشى كېرەك
ئىدى . مەن ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان
ئالاقىغا دائىر خاتىرىلەرنى سورىغىنىمـــدا ، ۋەزىر مـــاڭا مۇنۇلارنى دەپ
بەردى : 1891 ـ يىلى بۇ يەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، بىر توپ ھۆججەت-
لەر ، ئاساسلىقى پارسچە ياكى تۈركچە تەرجىمىسى بار خەنزۇچە ھۆج-
جەتلەر مىرنىڭ بالتىت ( Baltit ) تىكى تۇرالغۇسىدىن سىملا ( Simla )
غا يۆتكەلدى . بۇلاردىن ياكى جۇڭگونىڭ تارىخىي ئارخىپلىرىدىن جۇڭگو
تەرەپنىڭ كانجۇت باشلامچىسىغا قانداق ئەمەلدارلىق ئۇنۋانى بەرگەنلىكىنى
ئېنىقلاش ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ .
گەرچە ئەنگلىيىنىڭ خۇنزادىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقى روشەن ھەقى-
قەت بولسىمۇ ، ئەمما خۇنزا بىلەن جۇڭگونىڭ شەكىل جەھەتتىكى مۇنا-
سىۋىتىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ . بىراق ، ئۇلار ماددىي كۈچ ئارقىلىق مۇ-
نـاسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن . ئەلئابادنىڭ كەڭ ئېتىزلىقلىرىغا سىلىنغان
كـىچىك قەلئە ، ھازىر ئاساسلىقى ھەربىي پونكىتنىڭ « ئىسكىلاتى » ئور-
نىدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ . بۇ يەردە يېقىن قوشنا كەنتلەردىن چاقىرىققا بىنائەن
قوبۇل قىلىنغان بىر نەچچە ئەسكەر قاراۋۇللۇق قىلىدۇ ، ئەمما بۇ دۆلەتنىڭ
ھەربىي مەجبۇرىيەتتىكى 180 ئەسكىرى چىترال ئۇرۇشىنىڭ سىنىقىدىن
ئۆتـكەن ، بۇ ئۇلارنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . غەربىي
شىمال چېگرا بويىدىكى باشقا جايلارغا ئوخشاش ، يەرلىك بۇ ھەربىي كۈچ
مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئېسىل قوراللى ئىدى . قەرەللىك مائاش ۋە يېنىك ۋە-
زىـپە ئۇلارنى ئىستېلاچىلارنىڭ ئۇنۇملۇك كونتروللۇقىغا تەۋە قىلغان .
قوشۇمچە پايدىلىق شارائىتلار بولغاچقا ، بۇ ئەسكەرلەر ئافغانىستان چېگ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىسىغا بىخەتەر ئىشلىتىلدى ، بولمىسا ئۇلارنىڭ يامان ئادىتى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى . بەختكە يارىشا ، خۇنزادا بۇلارنى ئويلاش ھاجەتسىز ئىدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ يەردىكى خەلق ناھايىتى ياخشى خىسلەتكە ئىگە ئىكەن ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى بۇلاڭچىلىق قىلىپ يامان ئاتاقتا قالغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئىپىتقاندا ئەڭ گەپ ئاڭلايدىغان ، بۇيرۇققا بەك بويسۇنىدىغان خەلق ئىكەن . بۇ باھا بەك مۇۋاپىقتەك ئىدى .

مەن ئەلئاباددا تۇرغان ئىككىنچى كۈنى ، خۇنزانىڭ مىرى مۇھەممەد نازىم مىنى يوقلاپ كەلدى . ئۇ 1891 ـ يىلىدىكى مۇستەملىكىدىن كېيىن يېڭىدىن تەيىنلەنگەنىدى . ئۇ تەخمىنەن 35 ياشلار چامىسىدىكى ئوچۇق ـ يورۇق ئادەم بولۇپ ، ئەرلەرگە خاس جەسۇرلۇقى چىقىپ تۇراتتى ، ئەڭ ماختاشقا ئەرزىيدىغىنى ئۇنىڭدىكى سالماقلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئىدى . بىز پارس تىلىدا پاراڭلاشتۇق ، پارىڭىمىزنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئىي ھالدا كەنتنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالى بولدى . مىرنىڭ تىرىشىپ يولغا قويۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىسلاھاتى توغرىسىدا ئازاراق پاراڭلاشتۇق . ھازىر بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنىدىكى بۇرۇنقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئائىلىلەر ئارا ئۆچ ـ ئاداۋەت ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش خىلىلا ئازىيىپتۇ ، يول ياساش ، ئىمونىتىتلاش ھەمدە شۇ خىلدىكى غەرب ئىسلاھاتى كىشىلەر قىزىقىۋاتقان ئاساسىي تېمىغا ئايلىنىپتۇ . بۇ خىل تېز ۋە روشەن ئۆزگىرىش تامامەن ئەنگلىيىنىڭ تىنچ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

ۋەزىر ئارقىلىق مەن يەنە ئىلگىرى ئەسكەر بولۇپ پامىرغا بارغان ئىككى ئادەمنى ياللاپ ، يول باشلىغۇچى سۈپىتىدە قوشۇنىم بىلەن سارىقولغا ئەۋەتتىم . مىرنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى مۇھەممەد رافى بۇيرۇق بويىچە ئارقا سەپ ترانسپورتىنى تەشكىللىدى ۋە نازارەت قىلدى ھەمدە يەنە 60 ئەمگەكچى قوشۇپ ئەۋەتتى . بۇ ئادەملەر قوشۇلغانلىقتىن ، 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۇ يەردىن ئايرىلغاندا ، ئەترىتىم ئىنتايىن ھەيۋەتلىك

بولۇپ كەتكەنىدى . بىرىنچى باسقۇچلۇق سەپەر قىسقا بولدى ، يەنى خۇنزانىڭ مەركىزى ، مىرنىڭ تۇرار جايى بالتىت كەڭ پەلەمپەي ئېتىز ۋە باغلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن بىر قىيالىق بولۇپ ، ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغانىدى ، بالتىت قەلئەسى قارىماققا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىدى . تۆۋىنىدە تاغقا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان 200 نەچچە تاش ئۆي خۇنزانىڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلاتتى . مەن يېڭىدىن سېلىنغان ، كارىدورى بار بىر قەۋەتلىك ئۆيدە كۆتۈۋېلىندىم . ئۆينىڭ يېنىدىكى چىرايلىق چەۋگەن توپ مەيدانى ، ياپيېشىل چىملىق ۋە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان كاشتان دەرىخى ، ئۇدۇلىدىكى جىلغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەيۋەتلىك سۇمار ( Sumair ) مۇز تېغى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىكى قەدىمىي مۇز چوققىلار ئادەمگە راھەت بېغىشلايتتى .

كەچتە مىرنى زىيارەت قىلىشىم ، مېنى خۇنزا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن قەلئەسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى . ئېگىز ، قېلىن تام ئۈستىگە بىر ئۆي سېلىنغانىدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ بىر بالتى ( Balti ) مەلىكىسى بىلەن بىللە كەلگەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قەسرى ئىمىش ، بالتىت دېگەن ئىسىممۇ شۇنىڭدىن قالغان ئىمىش . ئۆي ئىچى گەرچە ماسلاشقان ، ئەمما ئانچە ئېسىل بولمىغان جاھازىلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئومۇمىي گەۋدىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ، كۆپ قىسمى مودا بولۇۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا مەھسۇلاتلىرى ئىدى . يەركەننىڭ گىلىمى ، جۇڭگونىڭ يىپەكى ھەمدە رەڭلىك قەشقەر چىنىلىرى گىلگىت يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى سارىقول تاغ ئېغىزى ئارقىلىق خۇنزاغا كەلتۈرۈلگەن . بۇ ھىندىستان تاۋارلىرىنى كەلتۈرۈشكە قارىغاندا كۆپ قولاي ئىدى . ھازىرمۇ گىلگىت سودا يولىنىڭ ھەر يىللىق ئېچىلىش ۋاقتى شىمالىي تاغ ئېغىزىغا قارىغاندا بەك قىسقا .

ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ئېكسكۇرسىيىنى تاماملاپ قايتاشىمدا ، ياغاچتىن سېلىنغان بىر نەچچە مەسچىتكە كۆزۈم چۈشتى . مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان نەقىشلەر ئويۇلغانىدى ، گەرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەدىمىي كەشمىرنىڭ ياغاچ مەھسۇلاتلىرىغا قارىغاندا قوپاللىراق بولسىمۇ، بىراق بۇ كېيىنكى دەۋردىكىلىرىگە ئوخشاش ئەڭ دەسلەپكى ھىندىستانچە زىننەت ئۇسلۇبىغا تەۋە ئىدى. مەسىلەن، «چايتيا» ( Chaitya ) نەقىشى، چاق شەكىللىك ۋە X شەكىللىك نەقىشلەردىن ئىبارەت. مەن كۆرگەن بۇ نەقىشلەر ئاگلاشلارغا قارىغاندا بىر قەدەر يېقىن زامانغا تەۋە ئىكەن. بۇ جەنۇبچە زىننەتلەش شەكلىنى تېخىمۇ غەيرىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

خەرىتىدىن قارىغاندا، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سەپىرىم ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. مەن ئىگە بولغان دوكلاتقا قارىغاندا يولدا قىيىنچىلىق ئېغىر ئىدى. بالتىتنىڭ يۇقىرىسىغا تەخمىنەن 2 مىل مېڭىپ، سۈرەتتەك گۈزەل ئالتىت ( Altit ) كەنتىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جىلغا ئەگرى ـ توقاي، تاشلىق تار جىلغىغا ئۆزگەردى، بۇ يەردە بىر تال گىياھنىڭمۇ ئىزناسى يوق ئىدى. بىر چىغىر يولنى بويلاپ قىيا ياقىلاپ ماڭغاندا، كىچىك بىر ئېقىن بەزىدە يېنىمىزدىلا، بەزىدە يىراقلاپ نەچچە يۈز فۇت يىراقتا ئاقاتتى. 4 مىل ماڭغاندىن كېيىن كىچىك بىر ئېگىزلىكتىكى كەنت ــ مۇھەممەدئاباد ( Muhammadabad ) قا يېتىپ كەلدۇق. چىغىر يول بىلەن تۆۋەنلىگەندىن كېيىن، قۇم بىلەن تولغان دەريا قىنىدىن مېڭىشقا توغرا كەلدى. بۇ دەريا قىنى جىلغىدىكى ئەڭ قولاي يول بولسىمۇ، ئەمما پەقەت قىش پەسلىدە سۇ تارتىلغاندىلا مۇشۇ يول ئارقىلىق ئاتلىق چۇشۇپ چىققىلى بولاتتى، تاغ ئۈستىدىكى جۇغلانما قار بىرلا ئېرىسە، بۇ يولدىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمايتتى.

مەن ئىككىنچى قېتىم دەريا بويلاپ ئاتائاباد ( Ata abad ) ئۆتەڭگە بېرىشتىن ئىلگىرى، يەنە ئەگرى ـ توقاي ئېگىزلىكتىن، ئىلگىرى تاغ يېمىرىلىشتىن قېپقالغان تاشلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بۇ كەنتنىڭ تۆت ئەتراپىنى تامامەن دىگۈدەك تاقىرباش قىيالىقلار ئوراپ تۇرىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىن پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن، بىز ئارام ئالىدىغان جاي قارىغاندا خېلىلا سالقىن ئوخشايدۇ. ئاگلاشلارغا قارىغاندا،

يېرىم ئەسىر ئىلگىرى غامەسار ( Ghammesar ) تېغى پۈتكۈل جىلغىنى توساپ ، ئاتائابادنىڭ يۇقىرىسىدا چوڭ بىر كۆل شەكىللەندۈرگەنىكەن . مۇزلۇقلار تېگىدىكى قارا تۇپراق خۇنزا دەرياسىغا ئېقىپ كېلىپ ، بۇ يەردە زور لاتقىلارنى ھاسىل قىلغانىكەن . كەچتە شامال جىلغىدىن قويۇق تۇپراق ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى . مۇشۇنداق قاقاس بىر جايدا مېنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى شۇكى ، پوچتالىئوننىڭ نامازشام بىلەن مەن ئۇزۇندىن كۈتكەن ئائىلەمنىڭ خېتىنى ئېلىپ كېلىشى بولدى .

ئىككىنچى كۈنىدىكى سەپەر ئۇنتۇلغۇسىز بولدى . يول ئاتائاباتتىن يۇقىرىسىغا ئۇزۇن داۋاملاشمايلا ، ئېقىن ئىككى تەرىپى تىك دېگۈدەك تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىكەن . چىغىر يول ئىككى تەرەپتىكى قىيالىق بىلەن يۇقىرىسىغا ئۆرلىگەن بولۇپ ، تار يول قىياغا ناھايىتى يېقىن ، خەتەر قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا ئىدى . بەزى جايلىرى ئېچىگە گرانىت تاش تىقىپ يېرىقلىرى ئېتىلگەن ياغاچنى تايانچ قىلىپ ، يەنە ئۈستىگە شېغىل تۆكۈپ ياسالغانىكەن ؛ بەزى جايلىرى قىيانىڭ ئۈستىدىكى تار تەبىئىي بۆرتمە جايغا تەكشى تاختا تاش ياتقۇزۇپ كېڭەيتىپ ياسالغانىكەن ؛ بەزى جايلىرى قىيانىڭ يان تەرىپىدىن « S » شەكلىدە ئايلىنىدىغان بولغاچقا ، سەللا دىققە قىلمىسا ھايات قېلىشتىن ئۈمىد يوق ئىدى . بەزى جايلىرى تىك بولۇپ ، خۇددى تىكلەپ قويۇلغان شوتىغا ئوخشايتتى . ئەڭ مۇھىمى ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئېغىر يۈك بىلەن بۇ يەردىن مېڭىشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى . كالا ۋە ئات بۇ يەردە بىر غېرىچ ، بىر غېرىچتىن ئاران ماڭالايتتى . بەزى جايلاردا كۈچۈكۈم « يولچى بەگ » نىمۇ كۆتۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كەلدى . خۇنزادىكى چاغدا ، ئۇنىڭ چىقالمايدىغان ئېگىزلىكلىرى يوق ئىدى . پۈتۈن مۇساپىدە مۇشۇنداق تاشلىق داۋان ۋە شېغىللىق سايلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىنىپ ئۆتتى .

ئالتە سائەت توختىماستىن ياماشقاندىن كېيىن ، ئاخىر جىلغا قايتا كۆرۈندى ، ئىككى سائەت مېڭىپ غۇلمىت ( Ghulmit ) كەنتىگە كەلدۇق . ئۇ كەڭ كەتكەن يەلپۈگۈچسىمان چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقانىدى ، يان

تەرپى غايەت زور مۇزلۇق ، يىراق تەرەپتە تاغ ، كەڭ دالا ئۇستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنى ئاپئاق ئېگىز مۇز چوققا ئىدى . غۇلمىتىنىڭ بىر قىسمى خۇنزا جىلغىسىدا كىچىك غۇيال ( Guhyal ) دەپ ئاتىلاتتى . بۇ ئىسمنى شۇ جايدىكى ۋاخان ( Wakhan ) دىن كەلــگەن ۋاخى ( Wakhi ) لار ياكى غۇيالدىن كۆچۈپ كەلگەن ۋاقانلار قويغان . كەنت ئاقساقاللىرى خېلى يىراقتىن كېلىپ مېنى كۈتۈۋالدى . بىر قاراشتىنلا بۇ قاۋۇل كىشى-لەرنىڭ ئوخشىمىغان ئىرقتا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . مىر-نىڭ تۇغقىنى مۇھەممەد نەفىز مىرنىڭ مۇشۇ جىلغىدىكى ۋاكالەتچىسى بو-لۇش سۈپىتى بىلەن مېنى داغدۇغا بىلەن كىچىك ئۇرۇكلۇك باغقا باش-لىدى . مەن بۇ يەرگە تىنچ ـ ئامان ئورۇنلاشتىم . مېنى ئەڭ ھاياجانغا سالغىنى ۋاخان تىلىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاش بولدى . كۆپ يىللار ئىلگىرى ھىندىستانغا تۇنجى كەلگەن ۋاقتىمدا ، مەن بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان مۇشۇ خىل قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلى شېۋىسىگە دىق-قەت قىلغانىدىم ، تۇنجى قېتىم شەرقىي ئىران تىلى چېگرىسىغا مۇشۇنداق تاغلىق رايوندا يولۇقۇش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ . بىراق ، بۇ مەن يې-قىندا قەدەم باسىدىغان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى چېگرا نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئوخشاشلا زور تىل سىستېمىسى ھەمدە ئۇنى قوللىنىدىغان ئىرقلارنىڭ چەك ـ چېگرىسى ئىكەنلىكىنى ئېسمگە سالدى . ئوكسۇس ( Oxus ) ①، ھىندى دەرياسى ۋە يەركەن دەرياسى ئې-قىنلىرى ئايرىلىدىغان جاي كىچىك تاغ ئېغىزىغا يېقىن ئىدى . بىزنىڭ قەدىمكى مەزگىللەر توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا ، بۇ رايون ئىران ، ھىندىستان ھەمدە تۈركىستان قاتارلىق زور تەسىرگە ئىگە ئىرقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەۋە ئىدى .

كىچىك غۇيالدىكى ۋاخانلار تەخمىنەن 1000 بولۇپ ، بەدەن تۈزۈ-لۈشى بەستلىك ، خونزالىقلاردىن ئېگىز ، كۆپلىرىنىڭ يۈز قىسمىنىڭ سى-زىقلىرى ئېنىق ، ئەقىل ـ پاراستى ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن ، بولۇپمۇ ئۇلار-

① ئوكسۇس — ئامۇ دەرياسىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى — مۇھەررىردىن .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ بۇرنى ئىرانلىقلارنىڭكىدەك بۈركۈت بۇرۇن ، تېرىسى قارىماققا ئاققا
مايىل ئىكەن . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئازدۇر - كۆپتۇر پارس تىلىنى بىلى-
دىكەن . شۇڭا ، مەن ئۇلار بىلەن ئاددىيلا پاراڭلاشتىم . ۋاخانلار بىلەن
سارىقولۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا بەزى نىكاھ ئىشلىرى ئارقىلىق
ساقلانماقتا . بۇرۇن ئوكسۇس دەرياسى جىلغىسىغا كۆچمەنلەرنىڭ كۆ-
چۈپ كەلگەنلىك ئەھۋالى ئادەمگە يەنىلا باشقىچە تۇيۇلاتتى .

بىراق ، يېرى يېتىشمەيدىغان ، ئۇرۇشقاق خۇنزالىقلارنىڭ مۇ-
شۇنداق تاجاۋۇزچىلىققا سۈكۈت قىلىپ تۇرغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەت-
مەيدۇ . ۋاخانلارنىڭ مۇھىم جەمەتلىرىنىڭ باشقىلىرى رەسمىي سورۇنلاردا
دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ يۈرۈيدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ تىنچلىق سۆيەر
خاراكتېرىنىڭ سىمۋولى . بۇ ئەسۋاب ئۇزۇن ياغاچ گۈرجەك بو-
لۇپ ، جاپا - مۇشەققەتتە ئېچىلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئېچىش ،
تۇغان سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

غۇلمىت ئۇزۇندىن بېرى مۇنداق كۆپ مېھماننى كۆرۈپ باقمىغاچ-
قا ، مەن قونالغۇ قىلغان پاكىز كىچىك باغنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر
توپلىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە تاماشا كۆردى . ئەتىسى سەھەردە ، بىز كې-
چىكىپرەك قوزغالدۇق . چۈنكى ، هامماللارنى ئالماشتۇرۇشقا ، ئۇلارنىڭ
يۈك - تاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى . بىراق ،
پاسۇ ( Pasu ) غا بارىدىغان يول ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى ، سەپەرمۇ
ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە قارىغاندا ئانچە قىيىن بولمىدى . بۇ يول قولايلىق
ئىدى ، ئەمما ھېچقانداق توسالغۇ يوق دېگەنلىك ئەمەس ، ئەلۋەتتە . غۇل-
مىتتىن چىقىپ ئۇزۇن ماڭماي ، دەريا ياقىسىدا تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان
مۇزلۇققا دۇچ كەلدۇق . ساناقسىز ئېرىقلاردا كۆلرەك لاي سۇ تېز ئېقىپ
تۇراتتى . بۇ پەسىلدە بۇ يەردىن ئۆتۈش خېلىلا ئاۋارىچىلىق ئىدى .
بەختكە يارىشا جىلغا كەڭ بولغاچقا ، ئېقىننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاشلىق
ئېگىزلىكتىن مېڭىش بىر ئاز ئاسان ئىدى . سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرىدا يول
پاسۇ مۇزلۇقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . قىيا تاشلارنى ئوراپ تۇرغان غايەت زور

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇز قاتلىمى 25 مىڭ فۇتتىن ئېگىز ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىدا تىك ساڭ-
گىلاپ تۇراتتى ، ئەلئاباد ۋە بالتىتتىنمۇ بۇ تاغ چوققىسىنى كۆرگىلى
بولاتتى . يولنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر يالغۇز چوڭ مۇزلۇق بولۇپ ، خېلى
بۇرۇنقى زامانلاردا مۇزلۇقنىڭ چېكىنىش يىراققىچە سوزۇلغانلىقىنى ئىپادى-
لەپ بېرىدۇ .

پاسۇ كىچىك كەنت بولۇپ ، مۇزلۇقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ
شىمال تەرىپىگە يېقىن جايلاشقانىدى . ياپپېشىل ئېتىزلار ۋە باغلار ئەتراپ-
تىكى قاقاسلىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى . ئۇلارنى مۇزلۇقتىن ئې-
رىپ ئېقىپ چۈشكەن ئېقىنلاردىن سۇغارغان بولسا كېرەك . كەنتتىكى
قالايمىقان ئۆيلەر ئارىسىغا جايلاشقان باغ بىر كۈن ئارامخۇدا دەم ئالىدىغان
قونالغۇ بولدى . سوغۇق ھاۋا ۋە شال ، تېرىق قاتارلىق كەنجى زىرائەتلەر-
نىڭ ھەممىسى بۇ رايوننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرەتتى ( دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 8000 فۇت ئېگىز ) . ئېتىزلار
ياقىسىدىكى چېچەكلەر كۆپ بولسىمۇ ، ئەمما پۈتۈن كەنتكە كىشىنى ھو-
زۇرلاندۇرىدىغان باھار پەسلىگە ئوخشاش مەنزىرە ئاتا قىلغانىدى .

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سەپەر مېنى يەنە بىر قېتىم پاسۇنىڭ
يۇقىرىسىدىكى تەخمىنەن 3 مىل كېلىدىغان باتۇر ( Batur ) مۇزلۇقىغا
باشلاپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مىلدىن كۆپرەك بولۇپ ، ھەممىسى
غەربىي شىمال يۆنىلىشتىكى چوڭ بىر يان جىلغىغا جايلاشقان ، ئىلگىرى
بىز ماڭغان مۇزلۇققا ئوخشىمايتتى . مۇز قاتلىمى دەريا قىنىغىچە سوزۇلغان
كۆپ مىقداردىكى شېغىل جىلغىنى نەچچە مىل ئۇزۇنلۇققىچە قاپلاپ
تۇراتتى . بەختىمىزگە مۇشۇنداق بىر قەۋەت قېلىن شېغىل ۋە تاشلار بول-
غاچقا ، بىز بۇ مۇزلۇقتىن ئاسانراق ئۆتۈۋالدۇق . بىراق ، مۇشۇ 1.5 مىل
مۇساپىنى بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىتتا بېسىپ بولدۇق . تېپىلغاق يول ھام-
ماللارنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئالدى . نۇرغۇن يىللار مابەينىدە مۇزلۇق ئۈس-
تىدىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان يەردە ئاجراپ چۈشكەن زور
مىقداردىكى مۇز پارچىسى يولنى توسۇۋالغانىدى . ئادەممۇ ، ئات ـ

ئۇلاغلارمۇ ئاران ماڭاتتى. بۇنداق توساقنى تامامەن يېڭىشكە ھەرقانداق چېۋەر ئادەممۇ مەڭگۈ قادىر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇنزا جىلغىسى يولىدىكى مۇشۇ غايەت زور تەبىئىي توساق شىمالدىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىقنى توسۇپ تۇرغان. باتۇر مۇزلۇقىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە، جىلغا تەدرىجىي تارىيىپ، تاقىرباش قىيالىق بىلەن تاغ تاشلىرى ئوتتۇرىسىدىن قايبەر ( Khaibar )، يەنى پاسۇنىڭ ئۈستىدىكى بىرىنچى مەھەللىگىچە سوزۇلغانىدى. ئېگىز تاغدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ بولمىغاچقا، ھازىر ئېقىندا سۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. بىراق، ياز پەسلىدە، بۇ يەردىن ئۆتۈشكە بولمايتتى. ئېقىننىڭ باش ـ ئاخىرى ۋە ئىككى تەرىپىنى قايچىلىشىپ كەتكەن تاغ توسۇۋالغاچقا، ھېلىقىدەك كۆككە تاقاشقان مۇزلۇق مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئالتە سائەت جاپالىق مېڭىپ، قايبەر كەنتىگە يېتىپ كەلدىم. بۇ يەر تار جىلغىغا كىرىش ئېغىزىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، يەرلىرى ئۈنۈمسىز ئىدى. مۇشۇنداق يەردە ئالتە ئائىلىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەگەر ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل توقاي داۋان ھەمدە ھەيۋەتلىك تەبىئىي يەر شەكلى چىغىر يولنى قوغداپ تۇرمىغان بولسا، خۇنزالىقلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ناگىرلار ئوڭايلا دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا يېقىنلىشالايتتى.

قايبەردىن مىسگار ( Misgar ) غا ئىككى يول بىلەن بارغىلى بولاتتى. بىرى دەريانىڭ سول تەرىپىدىكى گىرچا ( Gircha ) كەنتىدىن، يەنە بىرى دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قۇدئاباد ( Khudabad ) كەنتىدىن ئۆتەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، دەريا سۈيى بەك ئۇلۇغ بولمىسا ئالدىنقىسىدىن مېڭىش ئوڭايراق ئىكەن. بىراق، 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەھەردە يولغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن مېڭىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا دوكلات تاپشۇرۇۋالدۇق. شۇڭا، ئوڭ تەرەپتىكى يولدىن مېڭىشقا توغرا كەلدى. مۇرخۇن ( Murkhun ) كەنتىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر يول بولۇپ، شەرققە قاراپ شىمشال ( Shimshal ) جىلغىسىغا سوزۇلغانىدى. چىغىر يول تۆۋەندە تىك قىيادىكى ئادەتتىكى ئۇزۇن ئاسما يولدىن ئۆتەتتى. ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى ، چىغىر يولغا يانداش يارلىقنىڭ بۇرتۇپ چىققان قىسمىنىڭ بىر يېرىدە سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى بولۇپ ، ئۇ يولۇچىلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان جاي ئىدى .

ئۈزۈن ماڭماي يەنە ئۈيلىمىغان يەردىن خۇنزا ۋەزىرىنىڭ خەۋەرچىسىگە ئۇچراپ قالدىم . ئۇ تاشقورغانغا بارىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇقتۇرغىلى كەتكەنىدى . 18 ـ كۈنى ئۇ خۇنزادىن يولغا چىققانىكەن . ھازىر كاتىپىنىڭ جاۋاب خېتىنى ۋە شەخسىي تىجارەت ماللىرىنى ئېلىپ قايتقانىدى . بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، بۇ مىسال خۇنزالىقلارنىڭ ئۈزۈن سەپەردىكى ئەقىل ـ پاراستىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . خۇنزادىن كىلىك ( Kilik ) كە 81 مىل كېلەتتى . يولنىڭ قانداقلىقى بايانىمدا تولۇق ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ ، ئەمما بۇ كىشى بۇ يولنى بېسىپ تۈگىتىپ ئارقىسىغا يېرىم مۇساپە قايتىپ بولغاندىن سىرت ، يەنە تاغدۇمباش پامىر قاتناش لىنىيىسىنى بويلاپ تاشقورغانغا بارغان ، ھەر قېتىملىق مۇساپە ئاز دېگەندە 80 مىل كېلەتتى . بۇنىڭدىن بىر كانجۇت باندىتلىرىنىڭ شۇنچىلىك يىراق يەردىن بۇلاڭچىلىق قىلىپ كېلىپ ھەمدە دائىم چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاسانلا چۈشىنەلەيمىز .

مەن بۇ بىر كۈنلۈك سەپەرنى سەككىز ئائىلىلىك بار قۇدئاباد كەنتىدە ئاياغلاشتۇرۇدۇم . بۇ مېنىڭ خۇنزا رايونىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، قايتىدىن خونزاغا قاراشلىق كەنتكە كىرىشىم ئىدى . ئۇ كۈندىكى پاراڭلار ماڭا نۇرغۇن شېۋىلەرنى ئەسلەتتى . چاكارلىرىم تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەندىن باشقا ، يول باشلىغۇچىم كەنتتىكى ئازاراق مەلۇماتلىق كىشىلەر بىلەن پارس تىلىدا راۋان سۆزلەشتى . ھامماللارنىڭ بىر قىسمى ۋاخى تىلىدا ، بىر قىسمى بۇرىشىكى تىلىدا ، « باشلىق » راجا ئاجابخان ( Raja Ajabkhan ) بىلەن ئەتراپىدىكىلىرى شىنا تىلىنىڭ دارد شېۋىسىدە سۆزلىشەتتى . ئۇ پۇنيال تاغلىق رايونىنىڭ باشلىقىنىڭ تۇغقىنى ، شۇنداقلا كاپىتان مانىبىرس سىمىس مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشقا ئەۋەتكەن ئادەم ئىدى . يەنە مېنىڭ ياردەمچى ئۆلچەش ـ سىزىش خادىمىم بىلەن ئۇنىڭ

راجپۇت ( Rajput ) لۇق ئاشپەزى جاسۋانت سىڭ ھىندى تىلىدا سۆزلەشەتتى. سادىقئاخۇن قەشقەردىن كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەڭ بۇرۇن كەشمىردىن ياللىۋالغان چاكارلىرىم كەشمىر تىلىنى مەشىق قىلىشقا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. گەرچە ھەممىسىنىڭ تىلىدا پەرق بولسىمۇ، ئۆز-ئارا سۆزلىشىش ئوڭاي ئىدى. چۈنكى، ھەممە ئادەم ئاز دېگەندە بىر نەچچە تىلنى چۈشىنەلەيتتى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، قۇدئابادتىن مىسگارغا بارغۇچىلىك بولغان سەپىرىم نەس باسقان سەپەر بولدى. خۇددى ئالپىن ( Alpine ) تېغىغا چىققاندەك بولدۇم، ئەھۋال ھەقىقەتەن ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. غەربىي شىمالدىكى ئىرشاد ( Irishad ) بىلەن چىللىنجى ( Chillinji ) تاغ ئېغىزىغا ياندىشىپ تۇرىدىغان مۇزلۇق ئېرىپ، تۆۋەندىكى چاپارسۇن ( Chaparsun ) دەرياسىغا شىددەت بىلەن قۇيۇلاتتى. بەختىمىزگە يارىشا، سەھەر بولغاچقا سۇ تېيىز ئىكەن، قۇدئابادتىن چىقىپ ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن ئاسانلا ئۆتۈۋالدۇق. مۇشۇنداق قىلىپ ئايلىنىپ مېڭىپ، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشتىن ساقلىنىپ قالدۇق. بىراق، كېيىنكى ئاساسلىق جىلغىدىكى بىر توقاي داۋانلاردىن ئېشىش ئىلگىرىكى سەپىرىمىزدىكىگە ئوخشاش بولدى. ئەڭ ئاخىر قونجىراپ جىلغىسىغا تۇتۇشىدىغان تار جىلغىغا كىرىش بىلەن، يەنىلا ناھايىتى يېڭىلىق ھېس قىلدىم. مىسگارغا بىر نەچچە مىل كېلىدىغان بىر سالقىن كىچىك تۆپىلىكتە بىز بۇ رايوندا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەرگە، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر توپ ئالاھىدە كىشىلەرگە ئۇچراشتۇق. ئۇلار بىزنى كەنتكە باشلاپ كىردى.

تاشلىق ساي ۋە مۇزلۇقتىن ئېقىپ چۈشكەن كىچىك ئېقىنلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مىسگارنىڭ ساپ، ياپيېشىل ئېتىزلىرى ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالا - چەكمەن قىلاتتى. ئۇ دەريانىڭ سول قېشىدىن تەخمىنەن 300 فۇت كېلىدىغان كەڭ كەتكەن تۆپىلىككە جايلاشقانىدى. شەرق تەرەپتىكى جىلغىدىن ئېقىپ كېلىدىغان كىچىك ئېقىن زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. سۇغىرىش ئېرىقلىرى ئارقىلىق ئېتىزلارنى يېتەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇ بىلەن سۇغىرىشقا بولىدىكەن ، ئاشلىق ، سۆك قاتارلىق زىرائەتلەر پىشمايدىكەن ، ئېتىزلىق بىلەن تارقاق ئۆيلەر ئوتتۇرىسىدا تېرىلمىغان بىر پارچە يەر بار ئىكەن ، بىز چېدىرنى شۇ يەرگە تىكتۇق . يېنىمىزدا شۇ جايدىكى پىر ئاقتاش ساھىب ( Pir Aktash Sahib ) مازىرى بار بولۇپ ، ئاددىي قورۇق تام ئۇستىگە قادالغان كىچىك توغ ـ ئەلەملەر شامالدا يېنىك لەپىلدەيتتى . مەن سىككىم ۋە لاداق ( Ladak ) تىكى بىر بۇتخانىغا كېلىپ قالغاندەك بولدۇم . ئىلگىرىكى تىنجىق قونالغۇلارنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ، مۇشۇنداق كەڭ ـ كەڭرى جىلغىغا كېلىپ قونۇش ئادەمنى خۇشال قىلاتتى . يىراققا كۆز تىككىنىمدە ، غەربىي شىمالدىكى كۆز يەتكۈسىز ئاپئاق قار قاپلاپ تۇرغان تاغ چوققىسىنى كۆردۈم . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، ئۇ ئوكسۇسقا ئاقىدىغان سۇ مەنبەسى ئىدى . مەن ئاخىر پامىرغا يېقىنلاشقانلىقىمنى ھېس قىلدىم .

مىسگاردا ئاشۇ ئەمگەكچان تاغلىقلارنى قايتۇرۇۋەتتىم . ئۇلار ئاشۇ جاپالىق سەپەردە ئېغىر يۈكلەرنى كۆتەرگەن بولسىمۇ ، ھېچقانداق زەخىملەنمىگەنىدى . 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، يۈك ـ تاقلارنى قايتىدىن تېڭىپ يولغا چىقتىم . ھازىرقى كارۋان ئاساسلىقى ئات ئىدى ، چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىنكى يوللار ھەممە پەسىلدە ئات ـ ئۇلاغ بىلەن مېڭىشقا ماس كېلەتتى . يولدا گەرچە چوڭ توسالغۇلار بولمىسىمۇ ، ئەمما تاشلىق ساي ئادەمنى زېرىكتۈرۈۋېتەتتى . توپخانا ( Topkhana ) دا يېرىمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن كۆزىتىش مۇنارى ئىلگىرىكى مەھەللە بىلەن ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى چىغىر يولدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ يەردە سارىقوللۇق جۇشقۇن بىر يىگىتنى ئۇچراتتۇق . ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى ۋە ئېتىنىڭ توقۇلۇشىدىن جۇڭگودىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . ئۇ جۇڭگونىڭ مىڭتېكە ( Mintaka ) قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئەسكىرى بولۇپ ، بۇيرۇققا بىنائەن بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى ئالغىلى كەلگەنىكەن . يېنىدا ئۇزۇن ماۋزۇر ھەمدە ئۇچ بۇرجەك قورال جازىسى بار ئىدى ، بۇ پۈتكۈل چىڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسى ئەسكەرلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان كونىچە قورال ـ ياراغ ئىدى . ئۇنىڭ چىرايى قىزىل بولۇپ ، بېشىغا

تەلپەك ، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ، ئۇچىسىغا قىلىن جۇۋا كىيىۋال-
غانىدى . بۇ يىگىت قارىماققا چەبدەس كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ قورالى ناھايىتى
كونىراپ كەتكەنىدى ، زاتۋورىنىڭ قايرىقلىق تۇرغىنىغىمۇ بىر نەچچە
كۈن بولغاندەك قىلاتتى . ئۇ مەن كۆتكەن قوتاز ۋە ئاتلارنىڭ مىنى
ساقلاپ تۇرغانلىقىغا كاپالەت بەردى . كېيىنكى سەپەردە ئۇ خۇددى مەن
خۇنزادىن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئەسكەردەك كۆچىنىڭ يېتىشىچە ماڭا يار-
دەم قىلدى .

ئەمەلىيەتتە ، چېگرا سىزىقى چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چار-
ۋىچى ۋاخانلارغا ھېچقانداق توسالغۇ پەيدا قىلالمىغاندەك قىلاتتى . يەنە 12
مىل ماڭغاندىن كېيىن مۇرقۇشى ( Murkushi ) غا كەلدۇق . بۇ كىلىك ۋە
مىڭتېكىگە بارىدىغان ئاچال بولۇپ ، بىر توپ ئۆزگىچە ۋاخىلار چېگرا
سىزىقىدىن ئۆتۈپ بىزنى قارشى ئالدى . ئۇلارنىڭ قوتازلىرىنىڭ ھەممىسى
تاغ ئېغىزىنىڭ بۇ تەرىپىدە بولۇپ ، ئۇلار بۇ يەردىن خېلى ياخشى چار-
ۋىچىلىق مەيدانى تاپالايتتى . بۇ قاۋۇل كىشلەرنىڭ يەركەن رەختىدىن
تىكىلگەن ھەر خىل رەڭدىكى كىيىملىرى ئادەمگە خېلى ياقاتتى . ئۇلار-
نىڭ يۈزىنىڭ كۆپى ئىرانلىقلارغا ، تېرىسى ياۋروپالىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ
كېتەتتى ، قىرغىزچە كىيىم - كېچەكلىرى ئېنىق سىلىشتۇرما ھاسىل قىل-
غانىدى . يەنە تۆۋەنگە چۈشۈپ دەريا بويىدىكى ئاق تېرەكلىككە كىرىپ ،
كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق . بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 12 مىڭ فۇت كې-
لەتتى ، بىراق مۆلچەردىكىدەك ئۇنچىلىك سوغۇق ئەمەس ئىدى . ئەتىسى
سەھەردە تېرمومېتىر 47 فارېنگېيت (تەخمىنەن 8.3 سېلسىيە گرادوس ) نى
كۆرسەتتى .

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ، تۆت سائەت مېڭىپ كىلىك ئېغىزى باغ-
رىغا يېقىن شىرىن مەيدان ( Shirin Maidan ، مۇنبەت يايلاق ) چارۋىچى-
لىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز ، كىلىمات
ئۆزگىرىشىمۇ ناھايىتى زور ئىدى . چۈشتىن كېيىن قۇياشنى بۇلۇت تو-
سۇۋالدى . تاغ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق شامال سۆڭەكتىن ئۆتەت-
تى ، يۇك - تاق كەلگەن ھامان جۇۋامنى كىيىۋالدىم .

شىمال تەرەپكە يېقىن تاغ ئېغىزى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغ تىزمىسى تۇتاش كەتكەن ئېگىز ـ پەس چوققىلار ئالدىدا پەس كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ قار قاپلاپ كەتكەن تاغ چوققىسى جىلغىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئىدى ، يىراقتىكى مۇزلۇق قاپلىغان تاغ قىرى غەرب تەرەپتىكى كەڭ كەتكەن جىلغىدا غۇۋا كۆرۈنگەن تاغدۇمباش چوققىسىدىنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ئارقا تەرەپتىكىسى ئوكسۇس ، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا ئابى پەنجا ( Ab — i — panja ) تارماق ئېقىنىنىڭ باش مەنبەسى ئىدى .

مەن ۋاخانلىق ھامماللارنى ۋە خۇنزالىق ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇۋەتتىم . مۇھەممەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن خوشمۇ بولدۇم . سارىقوللۇق مۇھەممەد يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ يەتتە توغقىنى ئادەمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى ھەم گەپ ـ سۆزدە چىقىشقاق ئىدى . ئۇلار ئېلىپ كەلگەن قوتازغا يۈك ـ تاقلارنى ئارتتۇق ، ئۇلار تۈركىي تىلنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيتتى ھەم بەك گەپچى ئادەملەر ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ ھىندىستان چېگرىسىدىن چىقىپ بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم .

## تۆتىنچى باب

# تاغدۇمباش پامىر

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەنلا ، كىلىك تاغ ئېغىزى ( كانجۇتلار ئۇنى كالىك < Kalik > تاغ ئېغىزى دەيدۇ ) دىن ھالقىپ ئۆتۈش سەپىرىگە تەييارلاندىم ، يوللارنى قىرو باغلىغان ، تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئېرىقتىكى سۇلارمۇ ئاز ـ تولا توڭلىغانىدى . ئەتىگەندە قار ـ مۇزلار قاتتىقراق بولغاچقا يول يۈرۈشكە قولايلىق بولىدىغانلىقتىن ، سەھەردىلا يولغا چىقىشنى ئويلىغانىدىم . بىراق ، يۈك ـ تاقلارنى قوتازلارغا ئارتىشقا كۆپ ۋاقىت كەتكەنلىكتىن ، قوشۇنىمىز ئەتىگەن سائەت سەككىزدىمۇ سەپەرگە ئاتلىنالمىدى . ئىلگىرىكى ئۇزۇن سەپەرلەردە كۆپ جاپا چەككەن چاكارلارنىڭ بۇ نۆۋەت قوتازلارغا مىنگەنلىكىنى كۆرۈپ ، كۆڭلۈم خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى . يۇقىرىغا يۆنەلگەن يول شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ ، كەڭرەك ، ئەمما خەتەرلىك بىر قىساڭ ( بوغۇز ) دىن ئۆتەتتى . بىز بىر سائەت يۈرگەندىن كېيىن ، بىردىنلا كەڭرىچىلىككە بېرىپ قالدۇق ، يەنىلا قارمۇزلار بىلەن قاپلانغان ، تۈز كەتكەن چوققا كۆرۈنۈشكە باشلىدى . شەرق تەرەپتە ، يول يېقىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 20 مىڭ فۇتقا يېقىنلىشاتتى ؛ غەرب تەرەپتە ، ئىككى مۇزلۇق پاكار تاغلاردىن سەل ساڭگىلىغان بولۇپ ، ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى ئوكسۇس ، ھىندى دەرياسى ۋە يەركەن دەرياسى ئېقىنلىرىنىڭ مەنبەسىدەك قىلىدۇ . كىلىك تېغىنىڭ ئۈستىدىكى كەڭلىكى تەخمىنەن يېرىم فۇت كېلىدىغان تەكشى ئېگىزلىكتە ئەمەلىيەتتىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىنى ، يەنى ھەقىقىي سۇ بۆلگۈچ لىنىيىسىنى بەلگىلەش ئاسان ئەمەس ئىدى . مەن مۇشۇنداق بىر نۇقـ

تىـغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئورۇننى تاپقاندىن كېيىن توختاپ ، قاي-ناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئېگىزلىك ئۆلچىگۈچتىكى سۇنى قاينىتىشقا كې-رىشتىم ، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامالدا بۇ ئىشنى قىلىش تولىمۇ جاپالىق ئىدى . ئۆلچىگۈچتىكى ئېگىزلىك نۇقتىسى 15 مىڭ 800 فۇتنى كۆرسەتكەندە ، قار يېغىشقا باشلىدى . شىمال تەرەپتە ، بۇلۇت ـ تو-مانلار قاپلاپ تۇرغان قاقاس تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، مانا بۇ رۇسىيىنىڭ پامىر چېگرىسى بولسىمۇ ، لېكىن چېگرىنى كۆرسىتىپ بې-رىدىغان ھېچبىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى ، ئۇلار گويا خۇنزاغا سوزۇلغان ئېگىز ـ پەس تاغ تىزمىلىرىدەكلا قار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى . يۈزگە ئۈرۈلۈپ تۇرغان قەھرىتان سوغۇق شامالدا يۇمشاق قار ئۈستىدە سەپەر قىلىش ناھايىتى جاپالىق ئىدى ، ئەمما قوتازلار رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇردى . بىز تۆۋەنگە قاراپ ئىككى سائەتتىن كۆپرەك يۈر-گەندىن كېيىن ، چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە تاغدۇمباش پامىرنىڭ كۆكتۆرۈك ( Kök — török ) تۈزلەڭلىكىگە يېتىپ كەلدۇق .

بىز بارگاھ قىلىدىغان يەرگە يېقىنلاشقاندا بىر توپ كىشىلەرگە يولۇقتۇق . ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاشقورغاندا تۇرۇۋات-قان كاتىپ شىر مۇھەممەد بۇ يەرگە مېنى قارشى ئېلىشقا كەلگەنىكەن . شەكسىزكى ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا تاشقورغاندىكى ھەر قايسى يېزىلارنى باشقۇرۇۋاتقان سارىقول بەگلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساقلاپ تۇرغان-كەن . كاتىپ شىر مۇھەممەد كېلىشكەن ھەم زېرەك ئادەم ئىدى . ئۇ ماڭا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇتقۇ-چىلىق قىلغانلىقى ، لاھور شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلى-كىنى ئېيتتى . ئۇ مېنىڭ تاشقورغانغا بېرىش سەپىرىمنى ياخشى ئو-رۇنلاشتۇرغانىدى ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتكە بولغان تەسىرىنىڭ چوڭ ئىكەن-لىكىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس بولاتتى . مەن تاشقورغانغا بارغان تۈنجى كۈنى ، بىردىنلا ھاۋا ناھايىتى سوۋۇپ كەتتى ، شەرقىي شىمال شامىلى جىل-غىلاردىن ئۆتكەندە قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كېلەتتى . 1897 ـ يى-

لى ، كاپىتان دېسي بۇ ئۇرۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن 14 مىڭ فۇت ئېگىز
كېلىدىغانلىقىنى ئۆلچىگەنىدى .

مەن 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يولغا چىققاندا ھاۋا ئوچۇق ئىدى .
گەرچە سەھەر سائەت ئالتىدىكى سالقىن جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى فارېنـ
گېيت 2.8 گرادۇس بولسىمۇ ، لېكىن تېپتىنچ ھاۋا مۇھىتى كىشىگە
ھوزۇر بېغىشلايتتى . ھاۋارايى بۇ يەردە ئېلىپ بارىدىغان ئۆلچەش ـ
سىزىش خىزمىتىگە تولىمۇ پايدىلىق ئىدى . ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ،
ئۆزۈم سىزغۇچىلار بىلەن ئۆلچەش نۇقتىسى قىلىپ تاللىغان قۇشبەل
( Khushbel ) چوققىسىنىڭ پەللىسىگە ياماشتۇق . تاغ تۈمشۇقى كىلىك
تېغىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇرغان ئېگىز تاغدىن قىيپاش تۆۋەندىكى جىلـ
غىغا سوزۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئورنى ئۇنى تاغدۇمباشتىنمۇ
ئېگىز ئورۇندا ھەممىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان قىلىپ قويغانىدى .
بۇ چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 16 مىڭ 820 فۇت ئىدى . بىز
قوتازلارغا تايىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدۇق . قاۋۇل قوتازلار بىزنى ۋە
ئەسۋابلارنى يۈدۈپ ، چەبدەسلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى ، ئالدى بىـ
لەن تىك كەلگەن ئوت ـ چۆپلۈك داۋاندىن ئاشتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن
قارلىقتىن ئۆتۈپ ، ئەڭ ئاخىرىدا تاشلىق داۋاندىن ھالقىدى . بۇ سەپەر
ماڭا يېڭىلىق ۋە كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى . ناھايىتى روشەنكى ، دېڭىز يۈـ
زىدىن ناھايىتى ئېگىز بۇنداق تاغلارغا ياماشقاندا ، دەسلەپتە قوتازلاردىن
پايدىلىنىش ئاقلانىلىق بولۇپ ، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلانغىلى
بولاتتى . بىز قۇشبەل چوققىسىدا تۇرۇپ ، مۇرغاب ( Murghab )
جىلغىسى ۋە خۇنزاغا يۆلەنگەن چوققىلاردىن ئىلگىرى كاپىتان دېسى
ئۆلچىگەن بەزى چوققىلارنى پەرق ئېتەلىدۇق . رام سىڭ مېنىزۇلانى ئوـ
رۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولدى ، بۇ چاغدا مەن « برىج لى »
( Bridges Lee ) ماركىلىق ئوپتىكىلىق تېئودولىت ئارقىلىق تۇنجى قېـ
تىملىق ئۆلچەشنى باشلىدىم ، بۇ ئەسۋابنىڭ ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ ،
بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى نۆۋەت سىناق قىلىنىشى ئىدى .
چۈشتە يەنە شامال چىقتى ، بۇ ئېھتىمال مۇشۇ پەسىلدىكى قانۇنىيەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر كىلىمات ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك . چۈشتىن كېيىن سائەت ئالـ تىدە ، بارگاھىتكى چېدىرىمغا كۆكۈللۈك قايتىپ كەلدىم .

كۆكتۆرۆك ۋاخجىر ( Wakhjir ) تاغ ئېغىزىغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ ، ئۇ ئوكسۇس بىلەن يەركەن دەرياسى ئېقىنلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان سۇ بۆلگۈچ چوققا جايلاشقان ئورۇن ئىدى . ياردەمچى ئۆلـ چەپ سىزغۇچىلار بارگاھ ئەتراپىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارغان ئىككى كۈن جەريانىدا ، بۇ رايوننى ساياھەت قىلىش ئۈستىكى مېنى چىرمىۋالدى . بۇ يەرگە كېلىپ ، ۋاخان جىلغىسىنىڭ باشلىنىش ئۇچىنى ، شۇنىڭدەك ئاقسۇ گەك لورد كۇرزون ( Lord Curzon ) تۇنجى بولۇپ ئىسپاتلىغان ئوكسۇسنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش مەنبەسى بولغان ئاشۇ مۇزلۇقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمەي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ، توپوگرافىيىلىك كۆزىتىش مەسئۇلىيەت تۈيغۇسى مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدى . شۇڭا ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە ، بارلىق ئېغىر يۈك ـ ياقلارنى ۋە يار- دەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچىلار تارماق ئەترىتىنى كۆكتۆرۆكتە قالدۇرۇپ ۋاخجىر تاغ ئېغىزىغا قاراپ ئاتلاندىم . يول دەسلىپىدە غەرب تەرەپتىكى كەڭ جىلغىغا سوزۇلغان بولۇپ ، تەخمىنەن 5 ئىنگلىز مىلى يۈرگەندىن كېيىن ، قىيپاش غەربىي جەنۇب يۆنىلىشتىكى تارراق جىلغىغا بۇرۇلدۇم . كەڭ كۆلەملىك قارلىقلارنىڭ كۆزگە چېلىقىشى ۋە كۆكتۆرۆكتىكى بارگاھ ئەتراپىدىكىدەك تەبىئىي ئوتلۇقلارنىڭ تەدرىجىي ئازىيىشى ، بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلـ دۈرۈپ تۇراتتى . مەن چېدىرنى قۇرغاقراق بىر پارچە يەرگە ئورۇنلاشـ تۇردۇم ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 153 مىڭ فۇت كېلەتتى . سەل يۇقىرىراق جايدىكى جىلغىنىڭ تۆۋى قارلىق ياكى ئەمـ دىلا ئېرىشكە باشلىغان قارلىق يۇمشاق يەرلەردىن ئىبارەت ئىدى . ئالدى تەرەپتە سانسىزلىغان كىچىك مۇزلۇقلار تاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇب تەرىپىـ دىكى قىيالارنى قاپلىغانىدى . مەن بۈگۈن ئاشۇ قىيالارغا چىقىشنى پىلانلىغانىدىم ، ئەمما بۇ ئويلىرىم قار ئارىلاش يامغۇرلۇق بوراندا يوققا چىقتى . جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال يېقىلغۇنىڭ كەملىكىنى ماڭا

چوڭقۇر تونۇتتى. بۇ يەردىن ھەتتا سارىقوللۇق قىرغىزلار دائىم ئىشلىتىدىغان قۇرۇق گىياھ يىلتىزلىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

ئەتىسى سەھەردە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، تاغ ئېغىزىغا چىقىشتا قىيىنچىلىق يوق ئىدى. مەن قوتازلىق بىر يېرىم سائەت يۈرۈپ، قارلىق قىيادىن ئېشىپ، بىر كىچىك كۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇ بۆلگۈچ چوققىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇ قارلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن ئېرىقلارنىڭ ھەر قايسى يۆنىلىشلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن بىر پارچە تاشلىق قۇرغاق يەرنىڭ يېنىدا قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئېگىزلىك ئۆلچىگۈچتىن پايدىلىنىپ، بۇ جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ 16 مىڭ 200 فۇتقا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىقتىم.

شىمالدىن تۆۋەنگە خېلىلا ئۇزارغان ئاپپاق بىر مۇزلۇقنىڭ ئالدى تەرىپى تاغ ئېغىزىنىڭ غەرب تەرىپىگە تۇتاشقانىدى، مەن ئافغانىستان تېررىتورىيىسىگە مېڭىپ كىردىم، بۇ قاقاس چوققىلاردىن ئۆتۈشتە، ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتىنى ئېلىش ھاجەتسىز ئىدى. تەخمىنەن 1.5 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى يىغىلىپ قالغان يۇمشاق قار ئىلگىرىلىشىمگە توسالغۇلۇق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. مەن كىچىك ئېرىقنى بويلاپ تاغ ئېغىزىدىن ئۇدۇل تۆۋەنگە مېڭىپ، ئېرىق تۇتاشقان ۋاخان جىلغىسىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش ئۇچىدىن ئېقىپ چىققان تېخىمۇ چوڭ مۇزلۇق ئېقىنى ئورنىغا كەلدىم. تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن تەخمىنەن 800 فۇت ئۆرلىگەندە، ھەيۋەتلىك تاغ جىلغىسى مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى، ئابى پەنجا دەرياسىنىڭ سۈيى تاغدىن ئۆتۈپ، بوزاي گۈمبەز (Bozai Gumbaz) ۋە سارخاد (Sarhad) قا قاراپ ئاقاتتى، دەريا سۈيى ئېقىپ چىققان مۇزلۇقمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئوپتىكىلىق تېئودولىتتىن پايدىلىنىپ بىر سائەت ئۆلچەپ ـ سىزىش ئارقىلىق، بۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرىلەرنى تولۇق خاتىرىلىۋالدىم. بۇ ئاقسۆڭەك كۆرزوننىڭ خۇلاسىسىنىڭ ناھايىتى توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇ جاي دەل ئاشۇ چوڭ دەريانىڭ ھەقىقىي بېشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

جىلغىنى بويلىغان ئېگىز تىك تاغلار غەرب تەرەپتىكى ۋاخان ۋە بەدەخشان ( Badakhshan ) نى كۆرۈشۈمگە توسالغۇ بولدى. مەن ئوكسۇس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن ۋادىسى ۋە قەدىمكى باكترىيە ( Bactria ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ يىراق رايوننىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدا، قەلبىم شادلىققا تولدى.

مەن ئۆسمۈر چېغىمدىلا، بۇ رايونلارغا ئىنتىلگەنىدىم. ئوكسۇسنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدىم. قەدىمكى ئىراندىكى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇلۇغ دەريانىڭ ئىككى يېقىدا يۈز بەرگەنىدى، ئۇ قەدىمدىن بۇيان ئۆزى ئېقىپ ئۆتكەن رايونلارغا مولچىلىق ۋە مەدەنىيەت ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولغان بۇ يەر تېپتىنچ، زېرىكىشلىك قاقاسلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇز ـ قار ۋە تاشلار بار ئىدى. بىراق، مەن تا بۈگۈنگە قەدەر بۇ قاقاس مەنزىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

مەن ئەسلى يول بىلەن تاغ ئېغىزىغا قايتىپ كەلگەندە، جىلغا ئاسمىنى كەچكى شەپەققە پۈركەنگەنىدى، بارگاھقا كېلىشتىن بۇرۇنلا تۈن قاراڭغۇسى جاھاننى قاپلىدى. مەن بارگاھقا كېلىپ ئۆيدىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بۇ خەتنى ماڭا كۆيۈنىدىغان خۇنزا ۋەزىرى ئەۋەتكەن مەخسۇس كىشى كىلىك تېغىدىن ھالقىپ ئېلىپ كەلگەنىدى. خەت بىلەن بىرگە يەنە رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ ئەڭ يېڭى تېلېگراما خەۋەرلىرىمۇ ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇ خەۋەرلەر كۆرۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ماكارتنېي ئەپەندىگە يوللاپ بېرىلەتتى. تېلېگراما خەۋەرلىرىدە بېيجىڭ ئەلچىخانىسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى ۋە تيەنجىندىكى ئۇرۇشقا ئائىت ئۇچۇرلار سۆزلەنگەنىدى. جۇڭگو ئىمپېرىيىسىنىڭ يىراق غەربىدىكى چېگرىدا تۇرۇپ، بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۇنىڭ يىراق شەرقىدىكى پايتەختىدە يۈز بەرگەن جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولالىغىنىمىز ئۇچۇن ئەجەبلەنسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى، بۇ قالايمىقانچىلىق خەۋىرى بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا قەشقەردىكى كىشىلەرگە يېتىپ كېلەتتى. مېنى

خۇشال قىلغىنى شۇكى ، چىڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ رايونلارنى
ئۇزۇن مۇددەت باشقۇرۇشى نەتىجىسىدە ، بۇ قالايمىقانچىلىق جۇڭگونىڭ
تۈركىستان رايونىغا ياكى مېنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پىلانىمغا
ھېچقانداق بىۋاستە تەسىر پەيدا قىلالمايتتى .

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ، مەن كۆكتۆرۆككە قايتىپ كېلىپ ،
ياردەمچى ئۆلچەپ ـ سىزغۇچىلار بىلەن ئېغىر يۈك ـ تاقلارنى يىغقاندىن
كېيىن ، تىغارمانسۇ ( Tigharman – su ) دەرياسىغا بارىدىغان ئوت ـ
چۆپلەر ئۆسكەن كەڭ جىلغىغا قاراپ يولغا چىقتىم .

بارگاھىمنىڭ يېنىدا چارۋىچى مۇھەممەد يۈسۈف قۇرغان قىر-
غىزچە ئىككى كىگىز ئۆي بار ئىدى ، ئۇلار يازدا بۇ يەردە قوي ۋە قوتاز
باقىدىكەن . ئەتىسى سەھەردە ، مىڭتېكە قاتناش لىنىيىسىنى باشقۇرۇشقا
مەسئۇل سارىقول ئاقساقىلى قاراقاش بەگ ( Karakash Beg ) مېنى
جىلغىغىچە ئاپىرىپ قويدى . تەخمىنەن 6 ئىنگلىز مىلى يۈرگەندىن كې-
يىن ، بىز مىڭتېكە تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بىر ئۆتەڭگە يې-
قىنلاشتۇق . يول باشلىغۇچىم بىر رۇسىيە ئوفىتسېرىنىڭ شىمالدىكى پا-
يىق ( Payik ) تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتەڭگە چۈشكەنلىكىنى دوكلات
قىلدى . بۇنداق مېھماننىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن ،
مەن ئاتلىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ناھايىتى تېزلا بۇ مېھمان بىلەن يۈز كۆ-
رۈشتۈم . بۇ ئەسلىدە ياش گېرمان ئوفىتسېرى بولۇپ ، باۋارىيە
( Bavarian ) پىيادە ئەسكەرلەر قوغداش ئەترىتىنىڭ لېيتېنانتى F ئى-
كەن ، ئۇ رۇسىيە تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى بولغان
فەرغانىدىن بۇ يەرگە ئەمدىلا كەلگەن بولۇپ ، يەنە گىلگىت ۋە ھىن-
دىستانغا بارماقچى ئىكەن . ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە رۇخ-
سىتىسىز خۇنزا لىنىيىسىدە ياۋرۇپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ يول يۈرۈشى
مەنئىي قىلىنغانلىقىدىن ئازاراقمۇ خەۋەردار ئەمەس ئىكەن . ئۇ كەشمىرگە
بېرىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقتىنى ئاڭلاپ ، چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئۆزى-
نىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پىلانىدىكى جايغا بارالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ،
ئەسلى پىلانىنى ئۆزگەرتىپ قەشقەرگە بارماقچى بولدى . چاكارلار بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

نـاشتىلىق تەييارلىدى ، لىيتېنانتمۇ قايتىدىن روھلىنىپ ، مەن بىلەن بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى سىرىق جىغىغا بىللە بارماقچى بولدى .

يـولدا ۋە تاماق ئۈستىدە ، بۇ ياش مېھمىنىم ماڭا رۇسىيىنىڭ پامىر رايونىنى ساياھەت قىلغان 10 كۈن جەريانىدىكى قىزىقارلىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى . ئەتراپلىق تەلتۆكۈس تەكشۈرۈشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ ئىشلار ئادەتتىكى ئىشلاردىن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تارتقان جاپا ــ مۇشەققەتلىرىنى ئۇنىڭ بىر نەتىجىسى دەپ قاراشقا ئەرزىيتتى . ئۇ ئېلىنغان يول ــ تاق ۋە تەمىناتلار ئۇنىڭ باۋارىيىدىكى ئالپىس تېغىدا بىر نەچچە كۈنلا ساياھەت قىلىشىغا ئارانلا يېتەتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا پامىرنىڭ ياز پەسلىدىكى جاپالىق مۇھىتىغا دۇچ كەلگەنىدى ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەييارلىقى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن ، بىر قىرغىزنىڭ ئۇچىسىدىكى جۇۋىنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ . بۇ خىل سودىدا ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئات ــ ئۇلاغلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ . چۈنكى ، پامىردىكى رۇسىيە قورغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قىرغىزلارئۇنىڭ بىردىنبىر ساھىبخانى ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى ئېتىمۇ سەپەردىكى جاپا ــ مۇشەققەت دەستىدىن ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى . بۇلاردىن سىرت ، ئۇنىڭ بېلىدىكى ئىككى دانە ئالتە ئاتار تاپانچىنىڭمۇ كېرىكى قالمىغانىدى . بىزنىڭ سۆھبىتىمىزدىن كېيىن ، ئۇ تاپانچىلارنى دەرھاللا يوشۇرۇپ قويدى . روشەنكى ، پامىر رايونىدا ئالپىس تېغىدەك مېھمانخانا ۋە قونالغۇلار بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئالپىس تېغىغا ئوخشاشلا بىخەتەر ئىدى .

بىز بىر كېچە بىرگە بولدۇق ، كۆڭۈللۈك مۇڭداشتۇق ، قاراقاش بەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن مەمنۇن بولۇشتى . چۈنكى ، بۇ چاقىرمىغان مېھماننىڭ رۇسىيىلىك ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇلار ئۆزلىرىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقانىدى . 7 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى ، بىز تەخمىنەن 14 ئىنگلىز

مىلى يولنى بىرگە يۈرۈپ غوجەكباي ( Ghujakbai ، ئىلگىرىكى خەرىـ
تىلەردە ئۇجادباي < Ujadbai > دەپ ئېلىنغان ) غا كەلدۇق ، جىلغا
بۇ يەردە شىمالغا قايرىلغان ھەمدە خېلىلا كېڭەيگەنىدى . ئىككى ياقتىكى
چوققىسى قار بىلەن كۆمۈلگەن تاغلارمۇ خېلىلا يىراقلاشقان بولۇپ ،
كەڭ ئازادە جىلغا ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى .
تاغدۇمباشقا تەۋە بولغان بۇ جىلغا قەدىمدىن بۇيان « دۇنيانىڭ ئۆگـ
زىسى » دىن ئۆتۈشتىكى مۇھىم بىر تەبىئىي يول بولۇپ كەلگەنىدى .
يېڭى تونۇشقان ھەمراھىم تاشقورغانغا بېرىشقا ئالدىرايدىغانلىقى ئۈچۈن ،
بۇ يەردە مەن بىلەن خوشلاشتى . ئۇ يولدا كېرەكلىك بولغان كونـ
سېرۋالىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلىۋالغانىدى ، ئۇنىڭ قەشقەرگە بېرىش
سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ، بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن ، مەن شىر مۇھەممەد
ئەپەندىگە خەت يېزىپ ، ئۇنىڭغا بۇ كىشىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئالـ
ماشتۇرۇپ بېرىش ۋە كېيىنكى سەپەرلەردە كېرەك بولىدىغان يەرلىك
جوڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ يول خېتىنى ئېلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىـ
لىشنى ئېيتتىم .

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غوجەكبايدىن يولغا چىقتۇق ، ئەڭ
دەسلەپتە كەڭ تۈزلەڭلىكتىن كېسىپ ئۆتتۇق ، بۇ قونجىراپ تاغ ئېغىـ
زىدىن ئېقىپ چۈشكەن دەريادىن تىنىپ شەكىللەنگەن بولۇپ ، جىلغا
بىر قانچە ئىنگلىز مىلى سوزۇلغانىدى . ئۇ تاغدۇمباش دەرياسىغا تەدرىـ
جىي يېقىنلاشقانسېرى يەلپۈگۈچسىمان كېڭىيىپ ، كەشمىر تاغ ئېغىزىـ
دىكى ئالاھىدە بولغان « قارەۋا » ( Karewa ) تۈزلەڭلىكىگە بەكمۇ
ئوخشىشىپ كېتەتتى . بىز بۇ قاقاسلىقتىن ئۆتۈپ تەخمىنەن 5 ئىنگلىز
مىلى يۈرگەندىن كېيىن ، دەفدار ( Dafdar ) غا كەلدۇق ، مەن ئىككى
ئاق ئۆينىڭ يېنىدا بىر توپ ۋاخانلار ۋە قىرغىزلارنىڭ مېنى ساقلاپ
تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . قىرغىزلار دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى كىچىك
كەنت ــ پىسلىڭ ( Pisling ) دىن كەلگەنىكەن . ئۇلار قاۋۇل ھەم
چىرايلىق ۋاخان قوشنىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغاندا ئىسكەتسىز كۆرۈنسىمۇ ،
لېكىن ئۇلارنىڭ خۇشال كەيپىياتى ۋە قىزغىن يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى بۇ

خىل يېتەرسىزلىكلەرنى بىسىپ چۈشەتتى . دەفدارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ، تۈنجى بولۇپ تىرىلغۇ ئىتىزلىرىنى بايقىدىم . بۇ تارقاق ئىتىزلار يېنىددىكى ئېرىقلاردىن كىرگەن سۇ بىلەن سۇغىرىلاتتى ، ئارپا ۋە سولۇدىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن ، جاپالىق ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلەتتى . مەن ئۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنى كۆرۈپ ، تولىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلدىم . يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ، كانجۇتلار بۇ يەردە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ جىلغا تىنچلىنىپ ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى .

تار جىلغىلار ۋە قار- مۇزغا كۆمۈلگەن ئېگىزلىكلەردە بىر نەچچە ھەپتە ماڭغاندىن كېيىن ، تاغ ئېتىكىدىن تەدرىجىي سوزۇلغان بۇ كەڭ ئازادە تاغ باغرىدا يول يۈرۈش تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى . دەريا سۈيى كەڭ جىلغىلاردىن ئېقىپ كېلەتتى ، ئۇ ئېقىپ ئۆتكەن جايلار قويۇق ئۆسكەن گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، خۇش پۇراقلار دىماققا ئۇرۇلاتتى . يېرىم يولدىكى غان ( Ghan ) يايلىقىدا قىسقا مۇددەت دەم ئالغان چاغدا ، ئوتلاقتا يېتىپ ئۆزۈمنى گويا ھۇنگرىيىنىڭ يايلاقلىرىدىكىدەك ھېس قىلدىم . ئەتراپتا بىر توپ ئات - ئۇلاغلار ئەركىن - ئازادە ئوتلاپ يۈرەتتى ، ئۇلارنىڭ ئەركىن ئوتلاۋاتقان ھالىتىنى تاماشا قىلىش كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى .

يۇمشاق ئاپئاق بۇلۇتلار تاغلارنى قاپلىغانىدى ، چۈشتىن كېيىن تەخمىنەن 18 ئىنگلىز مىللىق سەپەر ئاياغلىشاي دېگەن چاغدىلا ، شىمال تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان قار چوققىسىنى كۆرەلىدىم . بۇ مەن ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشكە تەلمۈرۈپ كەلگەن مۇزتاغ ئاتا ( Muz tagh Ata ) چوققىسى ئىدى . ئۇنىڭ مۇزلۇق ئېقىنلىرى يۇرغال گۇمبەز ( Yurgal Gumbaz ) دەرياسىنىڭ سۈيىگە قوشۇلغانلىقتىن كۆلرەڭ كۆرۈنەتتى ھەم سۈيى ئۇلۇغ ئىدى . مەن دەريا ياقىسىغا چېدىر تىكتىم . جىلغا تەرەپتىن شامال كېلىشتىن بۇرۇن ، ھاۋا ناھايىتى ئىللىق ئىدى .

ئىككىنچى كۈنى قاق سەھەردە يولغا چىقتۇق . يېقىنلىشىپلا قال-

غان تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ راھەت مۇھىتى مېنى ۋە ھەمراھلىرىمنى ئىند-
تايىن جەلپ قىلاتتى . مۇزتاغ ئاتا چوققىسى يەنىلا ناھايىتى يىراقتا بول-
سىمۇ ، لېكىن ئۇ تاڭ سەھەردە تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى . جىلغىنىڭ
شىمالىي ئۇچىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى ھەيۋەتلىك مۇز چوققىلىرى
بىلەن تولغانىدى . تەكشى كەتكەن تاش ـ قاقاسلىقتا بىر نەچچە ئىنگ-
لىز مىلى يۈرگەندىن كېيىن ، يول باشلىغۇچىم — تاشقورغاندىكى مېڭ-
بېشى رەشىد بەگ ئادەتتىكى ئېغىر ـ بېسىق ھالىتىنى بۇزغان ھالدا
يىراقتىكى بىر ئاق نۇقتىنى كۆرسەتتى ، ئۇ نۇقتا تاشقورغان قورغىنى
بولۇپ ، بىزنىڭ بۇ بۆلەك سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى ، ئۇ
دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇزاق ئۆتمەيلا ،
مەن يەر سۇغىرىدىغان ئېرىق بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان تار كەتكەن
چىرايلىق ئوتلاقنى بويلاپ ، تاشقورغاننىڭ قارشىسىدىكى نۇرغۇن كى-
چىك كەنتلەردىن شەكىللەنگەن توغلان شەھەر ( Tughlanshahr )
دىكى ئېتىزلىقلارغا يېتىپ كەلدىم . كىچىك يول ئۇنى بويلاپ بىر قانچە
ئىنگلىز مىلى سوزۇلغان بولۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا كەڭ كەتكەن مۇنبەت
ئېتىزلىقلارغا تۇتىشاتتى ، سۇلار ناھايىتى رەتلىك ياسالغان پەلەمپەيسىمان
ئېتىزلىقلارغا ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى . بۇ گۈزەل مۇھىت ياكى ئۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك تارىخ ماڭا تەسىر قىلدىمۇ بىلمىدىم ، ئىشقىلىپ مەن
چوڭ ھەم ئېگىز تاشقورغان سېپىلىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ھاياجىنىمنى
باسالماي قالدىم . ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش ياكى
كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغۇدەك نەرسە يوقلۇقى ماڭا ئايان بولسىمۇ ،
لېكىن ئۇ مېنىڭ مۇھىم بىر بۆلەك سەپىرىمنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنىڭ بەل-
گىسى ئىدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزۈم تەتقىق قىلىدىغان رايونغا قەدەم
قويغانىدىم . دەريا سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى مېنى ئەڭ يېقىن يول بىلەن
مېڭىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى ، شەرق تەرەپتىكى ئېگىز تاغنىڭ
تاشقورغاننىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى جىلغىغا سوزۇلغان تاغ تۇمشۇقى
ئېتىكىنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىلا ، دەريادىن ئۆتكىلى بولىدىغان يەرگە يې-
تىپ كەلگىلى بولاتتى . بۇ جايدىكى دەريا ئېقىنى گەرچە تەكشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوتلاقتا بەش تارماققا بۆلۈنگەن بولسىمۇ ، لېكىن دەريا سۈيى ئاتنىڭ ئىگىرىگىچە كېلەتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېقىن سۈرئىتى تېز بولغاچقا ، دەريادىن ئۆتۈش ئاسانغا چۈشمەيتتى . شۇنـــداقــتىمۇ ، بىز دەريادىن ئامان ــ ئېسەن ئۆتۈۋالدۇق ، يۈك ــ تاقلارنى مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قـويۇشقا كەلگەن كەنت باشلىقىغا قالدۇرۇپ قويۇپ ، قورغانغا تىك بولـغان تىك يارنىڭ ئېتىكىگە قاراپ چاپتىم .

شىرمۇھەمـــمەد ئەپەنـــدى ئىلـــگىرى مايور ياڭـــخۇســـباند ( Yuonghusband ) قـا تەۋە بولغان قىرغىزچە كىگىز ئۆيىنىڭ يېنىدا مېنى ساقلاپ تۇراتتى ، ئۇ بۇ ئۆينى مەن ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىغان بـولۇپ ، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ھېلىقى سەپەردىكى ھەمراھىم مۇشۇ ئۆيـدە كۈتۈۋېلىنغانىدى . سارىقول مەمۇرىي رايونىدىكى جوڭگولۇق ئامـبال مېنىڭ غەرب تەرەپتىكى مۇز تاغقا بېرىشىمغا قارشى تۇرمىدى ، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم . ئەسلىدە ياۋروپاغا پوچتىدىن ئەۋەتـدىغان نەرسە ( پوچتاق ) لىرىمنى ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ گىلگىتكە ماڭغۇزغان ئەلچىسىدىن ئەۋەتىشنى ئويلىغانىدىم ، لېكىن ئۇ ئەلچى ئاللـبۇرۇنلا دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى يول بىلەن كېتىپ قالغان بولغاچقا ، پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدىم . ۋەھالەنكى ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ خـــل پـوچتا ئالاقىسىدە يۈز بەرگەن تاسادىپىي ھادىسىلەرنى تۈزۈتۈۋېـلىش مەدەنىيلىك ياۋروپاغا قارىغاندا كۆپ ئاسان ، مەن ئالدىراپ ــ تېـنەپ بىر كىچە خەت يازغاندىن كېيىن ، پوچتاقلىرىمنى بىر ئالاھىدە ئەلچىگە بېرىپ ، ئۇنى ئات بىلەن يولغا سالدىم . بۇ ئالاھىدە ئەلچى ئۆتـەڭدە ئالدىنقى ئەلچىگە يېتىشۋېلىپ ، ئۇ ئەلچى بىرىنچى قونالغۇدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پوچتاقلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى .

## بەشىنچى باب

# سارىقولدا

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ ، 9 ـ كۈنلىرى ، بىز تاشقورغاندا ئىككى كۈن تۇردۇق . بۇ يەردە ئۇزۇقلۇقلارنى ۋە توشۇش قوراللىرىنى هازىرلاشتىن سىرت ، يەنە تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى توپلاشقا توغرا كېلەتتى . تاشقورغان سارىقول ( Sarikol ) تاغ رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ ، شەكسىزكى ناهايىتى قەدىمىي جاي ئىدى . بۇ يەردە قەدىمكى غەربلىك سودىگەرلەر ماللىرىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ ماللىرىغا ئالماشتۇرغان ئاشۇ ۋاقىتلاردىن قارىغاندىلا ، بۇ جاينىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ . بۇگۈنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى ھېنرى راۋلىسون ( Henry Rawlison ) ئەپەندى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان « تاش شەھەر » دېگەن كۆزقاراشلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ : تاشقورغان دېگەن نام ۋە ئۇنىڭ ئورنى پتولېمىي ( Ptolemy ) ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تاير ( Tyre ) لىق بۈيۈك جۇغراپىيە ئالىمى مارىن ( Marinus ) ئېيتقان سېرىك ( Serike ) ، يەنى جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى سودا مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ . جايلاشقان ئورنىدىن قارىغاندا ، ئۇ سارىقول رايونىدىكى نۇرغۇنلىغان جىلغىلارنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولۇپلا قالماي ، يەنە قەدىمكى مال ئالماشتۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ناھايىتى يىراق غەرب ۋە شەرقنىڭ ئالاقىسىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ كەلگەن . تاشقورغاندىن قەشقەر ۋە خوتەنگە بارىدىغان يوللار ناھايىتى راۋان بولۇپ ، بۇ ئىككى مۇھىم يول تۈركىستاننىڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا تۇتاشقانىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، بۇ جاي يەنە

پامىر قاتناش لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئىككى يول بىر-لەشكەن ئورۇن بولۇپ ، تاغدۇمباش جىلغىسىدا ئۇدۇل ئوكسۇسقا بارىدىغان بىر يول بار . بۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان يول نەيزە-تاش ( Naiza Tash ) تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئاقسۇ جىلغىسىغا تۇتاشقان بولۇپ ، ئۇ يەردىن يەنە بۈيۈك ( چوڭ ) پامىردىن ئۆتۈپ ، تۆۋەندە شىغنان ( Shighnan ) ۋە بەدەخشانغا بارىدۇ .

مەن تاشقورغاندا شۈەنزاڭ ئىز باسقان زېمىنغا قايتا قەدەم قويغانلىقىمنى ئويلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم ، جۇڭگونىڭ بۇ ئۇلۇغ راھىبى قەدىمكى ھىندىستاندىكى نۇرغۇن بۇددا دىنى مۇقەددەس جايلىرىنى ساياھەت قىلغاندى . تەخمىنەن مىلادىيە 649 ـ يىلى ، ئۇ بەدەخشاندىن خوتەنگە بېرىش سەپىرىدە كىپانتو ( Kie — pan — to يەنى كاۋانتا ) دۆلىتىدىن ئۆتكەندى ، ھېنرى يۇل ( Henry Yule ) ئەپەندى ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ دۆلەت ھازىرقى سارىقولدىن ئىبارەت ، دەپ قارىغاندى . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، شۈەنزاڭ ۋە ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ياشىغان جۇگولۇق تاۋاپچى سوڭ يۈەن ( تەخمىنەن مىلادىيە 500 ـ يىلى ) قالدۇرغان خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارنىڭ ئۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى ھەققىدە تەسۋىرلىگەنلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە تاشقورغاننىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ خارابىسى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ . ھازىر جۇگوچە زامانىۋى قورغان قورۇلغان بۇ خارابە شەھەر ، تاۋاپچىلار بايان قىلغاندەكلا : « دۆلەتنىڭ پايتەختى چوڭ تاش چوققىغا جايلاشقان بولۇپ ، كەينىدە شىتا ( Shita ) دەرياسى ( شىتا دەرياسى يەركەن دەرياسىنىڭ تاغدۇمباشتىكى تارماق ئېقىنى ) بار ئىدى . »

شەھەرنىڭ شەرقىدە ، تاش چوققىنىڭ ئۇستىدىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3 ∕ 1 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان چاسا شەكىللىك تۈزلەڭنىڭ بىر تەرىپىدە يېرىلىشقا باشلىغان چوڭ بىر تاش تام بار . بۇ قورشالغان يەرنىڭ شەرقىدىكى دەريا تەرەپتىكى بىر پارچە يەردە جۇگو قورغىنى بار ، بۇ كۆلرەڭ لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان ھەشەمەتلىك توپا تام شەكىلسىزكى ناھايىتى قەدىمىي ئۇل ئۇستىگە قۇرۇلغان ، ئۇنىڭ سىرتى ھازىر تىمتاس قاقاسلىقتىن ئىبارەت . بۇ يەرنىڭ قىسمەن جايلىرىدا تاش

ئۆي خارابىلىرى بار ئىدى . ئىلگىرى جىلغا بىخەتەر بولمىغاچقا ، ناھا-
يىتى ئاز ساندىكى تېرىقچىلارمۇ ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان يەرنىڭ
ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشالمىغانىدى . سارىقول بىخەتەر بولغاندىن كېيىن ،
تېرىقچىلىق قىلىنىۋاتقان ھەممە يەرلەرنىڭ ئەتراپلىرىدا يېڭى كەنتلەر
بارلىققا كەلگەن ، لېكىن قورغان تەدرىجىي قاقاسلىققا ئايلانغانىكەن .
1895 ـ يىلىدىكى يەر تەۋرەشتە كۆپ ساندىكى ئۆيلەر ۋەيران بولغان
بولسىمۇ ، لېكىن قايتا ئوڭشالانمىغان ، كېيىنكى تېخىمۇ ئېغىرراق يەر تەۋ-
رەشتە سېپىل خۇددى ئۇرۇشتا بۇزۇلغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بو-
لۇپ ، ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا چوڭ ـ چوڭ كاۋاكلار كۆرۈنۈپ قالغا-
نىدى . ئۇدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ۋە قايتا ـ قايتا يېڭىدىن ياسىغان
ھەمدە ياساشتا دائىم بەلگىسىز تاشلار ئىشلىتىلگەنلىكتىن ، ئۇلارنىڭ يا-
سالغان دەۋرىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . لېكىن ، ھازىر سېپىل-
نىڭ ئۈستىدە تۇرغان چوڭ تاش دۆۋىلىرى ( بەزى جايلارنىڭ ئېگىز-
لىكى 25 فۇتقا يېتىدۇ ) دە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى شەھەرلەرنىڭ ئىزنا-
لىرى روشەن چېلىقىپ تۇراتتى . بۇلارنى ۋە باشقا قەدىمكى خارابىلەر-
نى ، مەسىلەن شىمالىي تامنىڭ سىرتىدىكى بۇددا مۇنارىنى پەرقلەندۈ-
رۈش ئۈچۈن ، بۇ جاينى تەپسىلىي ئۆلچەپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ .
بۇنداق قىلىشتا تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك ،
چۈنكى جۇڭگو قوماندانلىرى ياكى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بۇ
خىل ئۆلچەش سىزىشنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن . شىر مۇھەم-
مەد ئەپەندىنىڭ تەقرىبىلىرى بىزنى بۇ جەھەتتىكى بارلىق ئەندىشىلەر-
دىن خالاس قىلدى . مەن ۋە ياردەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچىلار كۆرۈنۈشتە
پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە ئۇ جايغا بېرىپ ، بارلىق قاراۋۇللار چۈشلۈك
ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدىلا ، ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بار-
دۇق . بۇ بىخەتەر ۋاقىتتىن باشقا چاغدا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا
توغرا كەلگەندە ، ئەقىللىق دىپلوماتىمىز ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئەپ-
چىللىك بىلەن سەپەردىكى ھەر خىل خەۋەر بىلەن ئۇلارنى جەلپ
قىلاتتى . بۇنداق قىلغاندا ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۇلارنىڭ
قورغان ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۇمانلىنىشقا ئۇلگۇرەلمەيتتى .

مەن كۆرگەن بۇ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى جۇڭگو ئەسكەرلىرى گويا غەمسىز باغۇەن ياكى يامان غەرىزى يوق هورۇنلارغىلا ئوخشايتتى . كۆك كىيىم كىيگەن بىر ـ ئىككى ئەسكەر بەزىدە بارگاھىمىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ، ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقىراتتى . پارس تىلى ، تۈرك تىلى ياكى ۋاخى تىللىرىدا ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . كاتىپىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ يەردە سەككىز يىل تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن بىرىمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ تىلىنى بىلمەيدىكەن ، سانى ناھايىتى ئاز بولغان قوماندانلىرىمۇ شۇنداق ئىكەن . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلار قوماندانلىق قىلىۋاتقان بۇ ئەترەتنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رايونلارنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ھەققەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ . بۇنداق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىدىكى سەۋەبنى تۆۋەندىكى ئاقىلانە ئورۇنلاشتۇرۇشقا يىغىنچاقلاش مۇمكىن : ئۇلار يەر ئىشلىرىنى يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە بېزا ـ كەنت باشلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان . بۇ چەت ـ چېگرا رايونلارنىڭ باج ـ سېلىقى ناھايىتى يېنىك بولۇپ ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونلارنى باشقۇرۇشىمۇ ناھايىتى بوش بولغان ، بۇ يەردىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن ناھايىتى رازىدەك قىلاتتى . بۇ پاكىتلار شۇنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى ، ئۇزاق مەدەنىيەت ۋە نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيانقى سىياسىي تەجرىبىلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى نۆۋەتتىكىدەك سىياسىي بۆلۈنۈش روشەن بولغان مەزگىلدىمۇ كونترول قىلىش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلمىغان .

قەشقەردە تۇرۇپ كەلگەن ئامبال سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ، بۇ يەرگە ئەمدىلا كەلگەنىدى . ئۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە قائىدە ـ يوسۇن يۈزىسىدىن جاۋابەن زىيارەتتە بولالمايدىغاندەك قىلاتتى . شىر مۇھەممەدنىڭ تەكلىپى بويىچە ، مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈردۈم . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئىمپېرىيە ھوقۇقىنىڭ بۇ ۋاكالەتچىسى بىلەن تونۇشۇش نىيىتىدە ئىدىم . يەرلىكتىكى

مۇھىم ئەربابلارنىڭ ھەممىسى سارىقول باشلىقى كەرىم بەگنىڭ باشچىلىقىدا يېنىمغا سالامغا كەلدى ، شىر مۇھەممەدنىڭ ھەمراھلىقىدا كىگىز ئۆيۈمدىكى بۇ ئاددىي « قوبۇل قىلىش » ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى . بەگلەرنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ سارىقولنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئارىلاش بولۇشىدەك ئالاھىدە ئەھۋاللارنى بىلىۋېلىشىمغا ياردەم بەردى . دەرىجىسى يۇقىرىراق كىشىلەردىن ھەقىقىي يەرلىك كىشىلەر يوقتەك قىلاتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋاخان كۆچمەنلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ، ئاز ساندىكىلىرى چىترال ۋە كانجۇت مۇساپىرلىرى ، كۆپىنچىلىرى بولسا شىغناندىن كەلگەنىدى . بۇ ھالەتلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، سارىقول تەۋەككۇلچىلارنىڭ يۇرتىدەكلا قىلاتتى . بۇنداق ئالاھىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ھالىتىدىن يەنە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ۋاخان تىلىغا يېقىنراق بولغان سارىقول تىلى ، شۇنداقلا پارس ۋە تۈرك تىلىنى ئاز - تولا بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى .

شىر مۇھەممەد ئەپەندى كىشىلەرگە مېنىڭ « ھەكىم » ( Hakim ) ئەمەسلىكىمنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن دورا تەلەپ قىلاتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، مېنىڭ بىر بەگنىڭ ياشانغانلىقىدىن كۆزى خىرەلەشكەن تۇغقىنىنى داۋالىيالىشىمدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى ، ئەلۋەتتە . شۇنداقتىمۇ ، مەن ئۇلارغا زىيىنى يوق « دورىلار » دىن ئازراق بەردىم ھەمدە بىمارلارغا كۈندىلىك تۇرمۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن نەسىھەت قىلدىم . ئەگەر مەن ئۇلارغا مۇشۇ تەرىقىدە بىر مەزگىل ئىشلەپ بەرگەن بولسام ، شەكسىزكى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ رەھمىتى ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن بولاتتىم .

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ، قاتناش - توشۇش ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە باشقا يەردىن ئېرىشكەن تەمىناتلار تەق بولۇپ ، سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھازىرلاندىم . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 10 مىڭ فۇت كېلىدىغان بۇ جىلغىدا پەقەت ئارپا ۋە پۇرچاقلارلا تېرىلاتتى ، كۆكتات تېرىلىپ باقمىغانىدى . شىر مۇھەممەد ئەپەندى مەن يولۇقىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئالدىن ئويلاپ ، پۈتۈن كەنتنى ئارىلاپ يۈرۈپ ، ئاشپىزىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سادىقئاخۇنغا 60 تال تۇخۇم يىغىپ بەردى . روشەنكى ، بۇ قېتىم پۈتۈن كەنتتىكى ھەممە تۇخۇم تولۇق يىغىلغانىدى . شۇڭا ، مەن يولغا چىقىش-تىن ئىلگىرى ناھايىتى ئەدەب بىلەن كۆپ قېتىم ئۆزرە خاھلىق ئېيتتىم ھەمدە ئامبال ئالىيلىرىنىڭ مەن سۇنغان قىممەتلىك ئالتە تۇخۇمنى قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈندۈم ، بۇ تۇخۇملار ئۈنىڭغا دورا تەييارلاشتا جىددىي زۆرۈر ئىدى . ھالبۇكى ، مەن بۇ چوڭ ئەرباقا ياردەم قىلىشنى بەكمۇ خالايتتىم ، ئەلۋەتتە .

دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ تەخمىنەن 3 ئىنگلىز مىلى يۈ-رۈپ بىرىنچى بۆلەك يولنى باسقاندىن كېيىن ، بىز تىزناپ ( Tiznaf ) كەنتىگە كەلدۇق . بۇ يەردىكى لاي بىلەن ياسالغان ، ئۈستىدە گۈمبىزى بار قەبرىلەر مېنى ئالاھىدە جەلب قىلدى . تۆۋەنگە قاراپ ئازاراق ماڭ-غاندا ، تاغدۇمباش دەرياسى شەرققە قاراپ تار سايغا ئېقىپ كىرەتتى ۋە بۇ قىساڭ ئارقىلىق جەنۇب تەرەپتىكى تاغدىن ئۆتەتتى . ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ ھەممىسىلا قاقاسلىق بولۇپ ، ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى كۆرۈن-مەيتتى ، بۇ يەر دەريا قاسىنقىدىكى يېشىل ئېتىزلىقلار ۋە ئوتلاقلار بىلەن روشەن پەرقلىنەتتى .

قىش پەسلىدىكى يول لىنىيىسى تاغارما سۇ ( Tagharma — su ) دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن بولۇپ ، دەريا سۈيى مۇز تاغ ئاتانىڭ غەربىي باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن تاغدۇمباش دەرياسى بىلەن بىرلىشىپ چوڭقۇر ئېقىن شەكىللەندۈرۈپ ، يولنى توسۇۋالغانىدى . شۇڭا ، بىز تىزناپتىن غەربىي شىمالغا قايرىلىپ ، ئىككى دەريانىڭ دېلتىسى بولغان تاغ باغرىدىكى بىر پاكار تاغ ئېغىزىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بول-دۇق . قۇمداۋان ( Kum Dawan )نىڭ چوققىسى گەرچە 12 مىڭ فۇت-تىن سەللا ھالقىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تاشقورغان جىلغىسىنىڭ جەنۇبىغا قارىغاندا ، چەكسىز كەتكەن مەنزىرە كۆزگە كۆرۈنەتتى . يىرىمى بولۇت.ئىچىدە تۇرغان يىراقتىكى قارلىق چوققىلار جەنۇب تەرەپتە چوقچىيىپ تۇراتتى ، بۇ مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆر-گەن ھىندىستان چېگرىسى ئىچىدىكى تاغ چوققىسى ئىدى . شىمالغا قا-رىغاندا ، تېخىمۇ كەڭ كەتكەن مەنزىرە كۆزگە چېلىقاتتى . ھەيۋەتلىك

مۇزتاغ ئاتا چوققىسى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرى ئۇنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ ئېتىكىنى ئايلانغان جىلغىدا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرى ۋە ئۇ-نىڭدىكى مۇزلۇقلار كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى . بۇنچىلىك ئارىلىقتىن ئۇنى مەن ئىلگىرى كۆرگەن ھىمالايا تاغ تىزمىسىدىكى غايەت چوڭ تاغلار ، مەسىلەن نانگاپاربات ، راكىپوشى قاتارلىق چوققىلار بى-لەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ، كىنچانجانگا ( Kinchanjanga ) چوققىسىنىڭ كۆركەم ھەشەمەتلىك مەنزىرىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم . ئەمەلىيەتتە ، مۇز تاغ ئاتانىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى ئۇنىڭ جەنۇبىي ئې-تىكىدىكى تەكشى بولمىغان كەڭ كەتكەن تاغارما تۈزلەڭلىكىدىن تەخ-مىنەن 14 مىڭ فۇت ئېگىز ئىدى . ئوخشاشلا ، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلىنى ئويلاشمىغاندىمۇ ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مەڭگۈلۈك قار سىزىقلىرى-نىڭ ئېگىزلىكىمۇ 17 مىڭ فۇتتىن تۆۋەن بولۇپ باقمىغانىدى .

ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ ، چوڭقۇر جىلغىلار ، مۇزلۇقلار ۋە ئېگىز تاغلاردىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ، ئۆزۈمنىڭ يەنىلا ئېگىز تاغدا تۇرغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . ھالبۇكى ، كۆز ئالدىمدا بىپايان كەتكەن ئېگىز ـ پەس تۈزلەڭلىك تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە پامىرغا تۇتاشقان پاكار تاغلار بار ئىدى ، بۇ ماڭا يېڭىلىق بولۇپ تۇ-يۇلغان يەنە بىر تاغ ئارىسىدىكى مەنزىرە ئىدى . لېكىن ، بۇ مەنزىرىلەر كەشمىر ۋە تاغدۇمباشتىكى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغان مەنزى-رىلەرگە يەتمەيتتى . تۆۋەنگە قاراپ 1000 فۇت ماڭغاندىن كېيىن ، تا-غارمادىكى سوغىرىلىدىغان رايونغا كەلدۇق ، سۇلۇ ۋە ئارپا مايسىلىرى ئېتىزلىقلارنى يېشىللىققا پۈركىگەنىدى . ئەگەر مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا قارىمىغان بولسام ، ئۆزۈمنى گويا شىمالىي رايوندىكى چوڭ تۈزلەڭلىك-لەرگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلار ئىدىم . تۈزلەڭلىكتە تارقاق جايلاشقان كىگىز ئۆيلەرمۇ مەندىكى بۇ خىل تۇيغۇنى يوقىتالمىغانىدى ، ياپيېشىل ئوتلاقلاردا خاتىرجەم ئوتلاۋاتقان قوتازلار بۇ يەرنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، ئۇ مېنىڭ يەنىلا ئېگىزلىك رايونلىرىدا ئىكەنلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىمنى ئەسلىتىپ تۇراتتى ، مەن بۇ يەردە تونۇغان سافسگوس ( Safsgos ) تاغارما تۈزلەڭلىكىگە تارقاق جايلاشقان سارىقول يايلاقلىرىنىڭ بىرى ئىدى . مەن ئۇچراتقان ئۈچ كىگىز ئۆيدىكى ئەرلەر ۋە بالىلار ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى . ئۇلاردا كالا سۈتى ۋە مېزىلىك ئىرىمچىك كۆپ ئىدى .

7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ، سەھەردىكى ھاۋا نىسبەتەن ئىللىق ئىدى ، پەقەت ئەڭ ئېگىز بولغان مۇز تاغ ئاتا چوققىسىلا بۇلۇتلار تۇسۇۋالغانىدى . غەرب تەرەپتە ئېگىز تاغدىن ھالقىپ رۇسىيە زېمىنىغا تۇتىشىدىغان غۇلان ( Ghulan ) ، سارىقتاش ( Sarik — tash ) ۋە بەرجاش ( Berjash ياكى بەردەشت Berdasht ) قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇردى . گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى يەنىلا قاتمۇقات قارغا تولغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇشۇ پەسىلدە بۇ يەردىن ئۆتۈش ئاسانغا توختايتتى . سارىقوللۇقلار ئىلگىرى تىرىقچىلىق قىلغان كىچىك كەنت سارالا ( Sarala ) غا يېقىنلاشقاندا ، بىز تۆت ئەتراپىنى ئوق ئېتىش تۆشۈكى بار تام ئوراپ تۇرغان جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتتۇق ، ئۇنىڭ ئىچىدە سارىقول قاراۋۇللىرى تۇرىدىكەن ، بۇ كىچىك ئەترەت رۇسىيە تەرەپتىن كەلگەن يولنى مۇھاپىزەت قىلىدىكەن .

سارالادا تىرىلغۇ يەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئىلگىرى سۇغىرىلغان ئوتلاق پارچە ـ پارچە قۇملۇقلار تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن بولۇپ ، ئۈستىدە پەقەت سوغاققا چىدامىلىق گىياھلار شالاڭ ئۆسكەنىدى . بىز ھازىر ئۇچراتقان بىر نەچچە كىگىز ئۆيدە يۈزلىرى مەينەت ، ئەمما روھى كۆتۈرەڭگۈ قىرغىز چارۋىچىلار ئولتۇرىدىكەن . كۆكيار ( Kökyar ) دىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يولىمىز تاشلىق كەڭ قىساڭغا تۇتاشتى ، قىساڭنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرى پاكار تاش تاملار بىلەن تۇسۇلغانىدى ، تاش تام قارىماققا قەدىمدىن قالغان مۇزتاغ ئاتا جىلغىسىغا ئوخشمايتتى . شەرق تەرەپتە تاش تامنىڭ ئۈستىدە قاراقۇرۇمنىڭ قار بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك ئېگىز چوققىسى مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . چۈشتە ، شىمال تەرەپتىن بوران چى-

قىشقا باشلىدى ، مەن قىرغىزلارنىڭ كىچىك كەنتى غوجەككە ئوكۇشلۇق
كېلىۋالدىم ، بۇ كەنت بىزنى تۇرار جاي بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى . بىز
چېدىرىمىزنى تىكىپ بولۇشىمىزغىلا ، شامال يامغۇرلارنى ئۇچۇرتۇپ
كەلدى ، بۇنىڭ بىلەن تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى . مەن يې-
ڭىدىن سېتىۋالغان ، ئەمما پايانسىز سارىقولغا كىرگەندىن بۇيانْ كېيىپ
باقمىغان جۇۋامنى كىيىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم . قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق
ئېگىزلىك ئۆلچەش ئەسۋابى بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 11
مىڭ 600 فۇت ئېگىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى .
ئىككىنچى كۈنىدىكى سەپەر قىسقىراق بولغاچقا ، رام سىڭ بىلەن
بىرگە سەھەردىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، قاراقۇرۇم چوققىلىرىنىڭ ئال-
دىـدىكى شەرق تەرەپكە ئەڭ يېقىن بولغان جايدىكى تىك تاغ تۇمشۇقى-
نىڭ چوققىسىغا يامىشىپ چىقتىم . يېنىك ئاپئاق بۇلۇتلار ئېگىز تاغ پەل-
لىسىنىڭ ئەتراپىدا لەيلەپ يۈرەتتى ، ئۇلار هاۋادا ئۆزگىرىش بولىدىغان-
لىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . لېكىن ، تاغارما جىلغىسىنىڭ مەنزىرى-
سىنى ۋە ئۇنىڭ يىراق كەينىدىكى تاشقورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى
تاغ چوققىلىرىنى بۇلۇتلار توسىۋالمىغانىدى . بۇ قېتىمقى ئۇزۇن سە-
پەردە ، مېنزولادىن پايدىلىنىپ ئۆلچەش ـ سىزىشتىمۇ مول نەتىجىلەر
قولغا كەلتۈرۈلدى . ئەپسۇسكى ، شىمال تەرەپتىكى مۇز تاغ ئاتا چوق-
قىسى ۋە ئۇنىڭ مۇزلۇقلىرى قېلىن بىر قەۋەت بۇلۇت ـ تۇمانلار ئىچىگە
يـوشۇرۇنغانىدى . تاغدىن چۈشۈپ ئالدىنقى كۈندىكى بارگاھىمىزغا قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن ، شىمالغا قىلغان سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق .
ئۇزۇن يۈرمەيلا ، بىز غەربكە سوزۇلغان بىر تار جىلغىنىڭ ئېغىزى
ئۈستىدىن هالقىپ ئۆتتۇق . بۇ يەردە مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ ئەتراپىدا
ياشايدىغان قىرغىز چارۋىچىلار دائىم كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان مازار بار
ئىدى . يول ئۈستىدە كىچىككىنە بىر تاش دۆۋىسى بولۇپ ، ئۇ قوي ۋە
ئۆچكە مۈڭگۈزلىرى بىلەن بېزەلگەنىدى ، بىر نەچچە شاخنىڭ ئۈستىگە
زىچ ئارتىلغان هەر خىل رەڭدىكى لاتا ـ پۇرۇچلار مازارغا بارغۇچىلار-
نىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى .
سۇ ئېقىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشقان ئېرىقنى بويلاپ ، يېرىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇۋۇلغان تاش ـ قۇملۇق تاغ قىرى يانتولۇقىدا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن ، قاراسۇ ( Kara — su ) غا يېتىپ كەلدۇق . مەن بۇ يەردە تۆت ئەتراپىنى ئوق ئېتىش تۆشۈكى بار تام ئوراپ تۇرغان بىر قاراۋۇلخانىنى بايقىدىم . چاكارلىرىم ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئۆيلەرگە كىرىپ راھەتلەندى . بۇ تاشقورغان ئامبىلغا قاراشلىق ئەڭ ئاخىرقى ئەترەت بولۇپ ، ئۈچ ئادەمدىن تەشكىل قىلىنغانىدى . قاراۋۇلخانا قورغىنى ئۇنىڭ غەرب تەرىپىگە 100 يارد كېلىدىغان ئېگىز جاينىڭ ئاستىغا توغرا كېلەتتى ، بۇ قورغانىنى قورىغۇچىلار ئۇنىڭ شامالغا دالدا بولۇشىنىلا ئويلاپ ، مۇداپىئە ئۈنۈمىگە سەل قارىغاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە يېقىنلا جايدا بىپايان كەتكەن دالا بولۇپ ، ئۇ كۇلما ( Kulma ) تاغ ئېغىزىغا تۇتىشاتتى . روشەنكى ، بۇ سۇ بۆلگۈچ چوققىدىن ھالقىپ ئاقسۇ ( Ak — su ) جىلغىسىغا كىرىشتە يوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قولايلىقى ھېسابلىناتتى . قارا سۇدىن چىقىپ بىر نەچچە ئىنگلىز مىلى يۈرگەندە ، مەن لىق مال ئارتىلغان پاكار ئاتنى مىنگەن بىر قىرغىزنى ئۇچراتتىم ، ئۇ بۇگۈن سەھەردە تاغ ئېغىزىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى رۇسىيىنىڭ چېگرا رايونىدىن يولغا چىققانىكەن .

قاراسۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلاردا ، تاغدۇمباشتا كۆرگەن ھەر خىل كىچىك قىزىل ۋە ئاق گۈللەر ئۆسكەنىدى . ھاۋادىكى بۇلۇت قاتلىمى سەھەردىكىدىنمۇ تۆۋەن بولغاچقا ، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ خىرە كۆرۈنەتتى . قايناش نۇقتىسى ئېگىزلىكنىڭ 12 مىڭ 100 فۇت ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى . ئەتىسى ، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە ، ھاۋا مەن ئويلىغاندەك سوغاق بولمىدى ، ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدىكى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 46 گرادۇس بولسىمۇ ، لېكىن تۇتەك ـ تۇمانلار بېسىپ يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى . مەن ياردەمچى سىزغۇچىنى ھاۋا ئېچىلغاندا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قالدۇرۇپ ، ئۆزۈم سائەت توققۇزدا يولغا چىقتىم . يۈك ـ تاقلارنى ئارتىدىغان چاغدا ئاتلار تىپىرلاپ بىئاراملىقىنى بىلدۈردى ، ئۇلار گويا ھاۋا بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئالدىن سېزىۋالغاندەك قىلاتتى . بىر ئات ئۈستىگە ئارتىلغان كىتاب جازامىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ، ئىچىدىكى نەرسىلىرىمنى قالايمىقان قىلىـ

ۋەتتى . يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ئالدىمىزدىكى تاغ ئېغىزىدىن
بوران چىقىپ قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ ، يۈرۈشىمىزگە توسقۇنلۇق
قىلدى . ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، بىز تاغ ئېغىزىنىڭ
چوققىسى — ئۇلۇغ رابات ( Ulugh Rabat ) قا يېقىنلىشاي دېگەنـ
دىلا ، ئاندىن يامغۇر سەل ـ پەل توختىغاندەك قىلدى . مەن دەرھاللا بۇ
قاقاس سوغۇق ئېگىزلىكتە ماكانلاشقۇدەك جاينىڭ بارلىقىنى بايقىدىم .
ھىمالايا سۇغۇرلىرىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىپ تۇراتـ
تى ، مۆلچەرىمدە ئۇلار ئالتىدىن كۆپ ئىدى .
ئەتىگەن سائەت 11 يېرىمدە تاغ ئېغىزىغا كەلدىم ، ئۇ پەقەتلا غاـ
يەت چوڭ مۇزتاغ ئاتا چوققىسى بىلەن رۇسىيىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ
شەرقىنى تۇتاشتۇرىدىغان سارىقول تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى توغرىسىغا
يۆنەلگەن بىپايان چوققىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر كىچىك ئويمانلىققىلا
ئوخشايتتى . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 14 مىڭ فۇت كېلىدىغان تاغ
ئېغىزىدا ئۆڭكۈرلەر بولۇپ ، ئۇ رىۋايەتتىكى پەيغەمبەرلەر ئارام ئالغان
ئورۇننىڭ بەلگىسى ئىكەن . ھەيۋەتلىك ھىمالايا سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ
يىراق شىمالدىكى تاغ ئېغىزى ھەققىدىكى خەلق رىۋايەتلىرى مەن سۇ
بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئىگىلىگەن رىۋايەت بىلەن ئانچە
پەرق قىلمايتتى . ئېگىز تاغنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرەپلىرىنى قويۇق تۇـ
مانلار قاپلىغان بولسىمۇ ، لېكىن مەن ئۇدۇلۇمدىكى شىمال تەرەپتىن تۆـ
ۋەنگە قاراپ سۇباشى ( Subashi ) ۋە كىچىك قارا كۆل ( Kara kul )
گە بارىدىغان كەڭ ، تەكشى جىلغىنى كۆردۈم . كىچىك تاغ باغرىدا
ئۇزاق ماڭمايلا يول بىردىنلا تۆۋەنگە قايرىلغانىدى ، بۇ چاغدا قار ئاـ
رىلاش يامغۇر باشلىدى . يامغۇر كۈچەيمەكتە ئىدى . مەن بىرىنچى ئاـ
ۋۇل ( چارۋىچىلارنىڭ چېدىرى ) ئىغرىكيۆك ( Igrikyök ) دەپ ئاتىـ
لىدىغان تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان ئورۇندىن ئۆتەي دېـ
گەندە ، كىيىملىرىمنىڭ چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى
سەزدىم . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھاۋانىڭ ئېچىلىپ كېتىشىدە
ئۈمىد قالمىغانىدى . شۇڭا ، مەن جىلغىدىكى جۇڭگو قاراۋۇلخانىسى —
سۇباشىغا بېرىپ بىرىۋېلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ يەردىن تېخىمۇ ياخشى قونالغۇ ۋە تەمىناتقا ئېرىشكىلى بولاتتى . مەن يـامغۇردا يول يۈرۈپ ، قىرغىزلارنىڭ يېرىم تاقىر بولۇپ قالغان بەزى قـەبرىلىرى ۋە بىر تاش مازارنى ئۇچراتتىم . روشەنكى ، بۇ بەزى قە-دىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ئىدى .

ئەتىگەن ئاخىرى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ، جۇڭگو قارا-ۋۇلخانىسىغا يېتىپ كەلدىم . قاراۋۇلخانىنىڭ ئۆيلىرىدىن چىن كۆڭلۈم-دىن رازى بولدۇم . ئۇزاق يىللارغىچە رېمونتسىز قالغان تاش تاملارنىڭ ئىچىدە بەزى بۇزۇلغان قۇرۇلۇشلار بولغاندىن سىرت ، يەنە بىر قاتار توپا ـ لايدىن ياسالغان كىچىك ئۆيلەر بار ئىدى ، بۇ ئۆيلەردە قاراۋۇللار تۇراتتى . ئۇلارنىڭ بارلىق ھەربىي كۈچى ( سەككىز ئادەم ) ناھايىتى تېزلا مەلۇم بولدى ، قوماندانى ئېھتىمال مىلادىشي سىبرژانت بولسا كې-رەك . ئۇ مېنى ياتاق ئۆيگە قىزغىن تەكلىپ قىلدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ ناھايىتى ناچار ئۆي بولۇپ ، تۈرىسىغا ئېچىلغان بىر تۈڭلۈك بىلەن يو-رۇتۇلىدىكەن ، يامغۇر يېغىپ تۈڭلۈك ئېتىلگەچكە ، ناھايىتى ئاجىز يو-رۇقلۇق كىرىپ تۇراتتى . نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئۆي قورغاق ھەم ئىسس-سىق ئىدى . ئۆينىڭ تېمى ۋە كېگىزدىكى گىلەم ۋە سەرەمجانلارمۇ كە-شىنى ئىنتايىن ھوزۇرلاندۇراتتى . بايا ئېيتىلغان تۈڭلۈكنىڭ ئاستى تە-رىپىدىكى يەردە ئوت يېقىلغان ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭدىن چىققان ئىس ـ تۈتەك مېنى ئىچكىرىكى ئۆيگە قوغلىدى ، خېلى ئۇزۇن ساقلىغاندىن كېيىنلا ، بۇ ئوتتا قاينىغان چايغا ئېغىز تېگىش نېسىپ بولدى . مېنىڭ يامغۇردا تىترەك بېسىپ كەتكەن كۈچۈكۈم بەك خۇشال بولۇپ كەتكەن بـولسا كېرەك ، ئۇ ساھىبخانىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتمەيلا كاڭنىڭ بىر بۇ-لۇڭىدىكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ مۇ-شۇكنى كۆرۈپ تۈرۈۈقلۇق رۇۋانمۇ سۇرمىدى . ئۇ ئاچلىق ۋە سوغۇقتا يۇۋاشلاپ كەتكەنىدى .

ئۇلارنىڭ مېنى ياخشى كۈتۈۋالغانلىقىدىنمۇ ياكى ئۇلارنىڭ رەت-لىك ، پاكىز سىرتقى قىياپىتى ۋە كىيىملىرىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ بۇ جۇڭگو قـىسىملىرى ماڭا ئازراقمۇ يامان تەسىرات بەرمىدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچە-سىنىڭ بويى ئېگىز ، گەۋدىلىك بولۇپ ، ئاز ـ پاز بولسىمۇ ھەممىسى

دېگۈدەك تۈركىي تىلدا سۆزلىيەلەيتتى، قارىماققا ئەقىل - پاراسەتلىك كۆرۈنەتتى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپى كۆك تىۋىتلىك رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان، قارا تىۋىتلىق رەختتىن خەنزۇچە خەت تىكىلگەن قىزىل بەلباغلىق چاپان، پۇتىغا قارا پىيمىنى رەتلىك كىيىشكەنىدى. ئېنفېلد تىپلىق مىلتىقنىڭ ئۈستىگە «مۇنار» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەنىدى. مېنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىم ئۇلۇغ راباتنىڭ شىمالىدىكى تاغ جىلغىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئاتامىنى كەرىم شاھ بەگ ( Karm Shah Beg ) گە يېتىپ بارغاچقا، ئۇ دەرھال كېلىپ مېنى كۈتۈۋالدى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن، مەن يۈك - تاقلىرىمنى سۇ باشى قاراۋۇلخانىسىدىن ئىككى يول تۆۋەندىكى ئۇنىڭ كىگىز ئۆيى تۇرۇشلۇق جايغا ئاپىرىپ قويدۇم. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆي مېنىڭ خىزمەتكارلىرىمنىڭ ئورۇنلىشىشىغا ئاجرىتىلماقچى ئىدى. يامغۇر توختاش ئارىلىقىدىكى قىسقىغىنا ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، سۇ باشى تاغ جىلغىسىدىن قارا كۆلگە ئاققان نۇرغۇن ئېرىقلارنىڭ كىچىك ئېقىنى بويىدىكى قۇرۇق قۇملۇق يەردە چېدىرىمنى تىكتىم، چېدىرىمدا تۇرۇپ 1.5 ئىنگلىز مىلى يىراقتىكى قارا كۆلنىڭ پارقىراق سۇ يۈزىنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب

# مۇزتاغ ئاتا چوققىسىدا

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ، هاۋا يەنە ياخشى بولمىغاچقا ، يەنە بىر كۈن دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم . مەن بۇ بىر كۈندىن پايدىلىنىپ قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان مۇزتاغ ئاتانىڭ شىمالىي تۆپىلىكىگە ئائىت ماتېرىياللارنى يىغدىم ھەمدە يۈكلىرىمنى تۈشۈپ بىرىشكە ياردەملەشكەن سارىقوللۇقلارنى ھەق بېرىپ قايتۇرىۋەتتىم . مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ئۆلچەشنى ئاياغلاشتۇرۇۋالدىم . تاشقورغاندىن ماڭا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن يۈز باشى شەمشى بەگ ئۇلگە كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلچەشنى قوبۇل قىلدى ، ھەر قېتىم بىرسى ئۆلچىنىۋاتقاندا باشقا ھەمراھلىرى كۈلكە قىلىشاتتى .

چۈشتىن كېيىن يامغۇر ئازاراق پەسلىگەندىن كېيىن ، مەن كەرىم شاھ بەگ بىلەن بىللە كىچىك قارا كۆل ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدىكى باسىق ( Basik ) كۆلگە بېرىپ بىر قېتىملىق قىسقا ۋاقىتلىق ساياھەتتە بولدۇم . دوكتور سۋېن ھېدىن ( Sven Hedin ) بۇ كىچىك كۆللەر توغرىسىدا نەچچە ھەپتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن بۇ كۆللەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنىدى . ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغانلار بۇ ئەتراپتىكى جايلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى . ئاتلىق قارا كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭغاندا ، غايەت زور مۇز قاتلىمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . ئۇ بىر تەرىپى پەسرەك بولغان كۆل سۈيى توسمىسى بولۇپ ، كۆللەر مۇشۇلار بولغانلىقى ئۈچۈن شەكىللىنەلىگەنىدى . شەرقىي شىمال تەرەپتىكى تاغ جىلغىسىغا يېقىن جايدىكى ئېگىز ھەم چوڭ تاش تىزمىسى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئورۇلىپ تۇراتتى ، غەرب تەرەپتىكى قاقاسلىق تاغ كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 4000 ~ 5000

ئىنگلىز چىسى ئېگىز بولۇپ ، پاكار قەدىمىي مۇزلۇقلار كۆل بويىنى بويلاپ سوزۇلغان كۆل رەڭ ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا كىچىك كۆل سوغۇق ۋە تۇتۇق كۆرۈنەتتى . مۇز تاغ ئاتا چوققىسىدىكى مۇزلۇقلارنى پەقەتلا كۆرگىلى بولمىغاچقا ، ئەتراپتىكى يىراقلىقتا بۇ خىل تەسىراتنى يېنىكلىتىدىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرمۇ يوق ئىدى . كىشىنىڭ روھىنى تېخىمۇ بەك چۈشۈرۈدىغىنى باسىق كۆل ئويمانلىقىدا ۋە بۇ تار بوشلۇق جايىدىكى قەدىمىي مۇزلۇق قالدۇرغان شېغىل تاش ۋە تاغ تاشلىرى ئارىسىدىكى مۇز دۆمبەللەر ئىدى . ئېنىقكى ، شەرق تەرەپتىكى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئۈستىدىكى نۇر چاقناپ تۇرغان مۇز چوققىلا بۇ كىچىك كۆللەرگە ھەقىقىي ئېگىز تاغنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەللىكىنى ئىپادىيەلەيتتى .

مەن قارا كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن قايتىپ كەلدىم ، يولدا دوكتور سۋېن ھېدىن قونالغۇ قىلغان كىچىك دەريا قولتۇقىدىن ئۆتتۇم ، ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان ھەمدە قىرغىز چارۋىچىلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن ، بىراق مېنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىم بۇ مەشھۇر ساياھەتچى ھەققىدە ناھايىتى ئاز بىلىدىكەن ، بۇ مېنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈردى . بىراق ، قىرغىزلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇ نۇقتىنى پۈتۈنلەي چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى . ئۇ ۋاقىتتا ، مۇزتاغ ئاتا چوققىسى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلغان كىشىلەر ئاللىقاچان باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى ، دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ دوستى توختاسىنىبېك يىراق رۇسىيىدىكى پامىردا ۋاپات بولغان ، مۇشۇ تاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساياھەت قىلغان ھەمراھلىرىمۇ ھەممىسى دېگۈدەك تارقىلىپ باشقا ئوتلاقلارغا كەتكەن . چۈشكۈنگە سائەت ئالتىدە قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا يامغۇر يەنە قويۇلۇشقا باشلىدى . بۇ تېخىمۇ ئېگىز تاغدا قار يېغىۋاتقانلىقىدىن ، ساياھىتىم بۇنىڭ بىلەن چوقۇم توسالغۇغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئېنىق دېرەك بېرەتتى . تۆۋەندىكىسى مېنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بولۇپ ، ئالدىن ھېس قىلغانلىرىمنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى ئىسپاتلايتتى :

www.uyghurkitap.com

« پۈتۈن بىر كۈن قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ ھاۋا تۇتۇق بولدى ، مەن
ئورنۇمدىن تۇرغاندا يامغۇر يەنىلا تامچىلاۋاتاتتى ، تاغ جىلغىسىمۇ تۇتۇق ئىدى .
ئىشىم بولمىغاچقا چېدىرىمدا خاتىرە يازدىم ۋە تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستاندىن
ياۋروپاغا ماڭىدىغان كېلەركى پوچتىغا ئەۋەتىدىغان خەتلەرنى يازدىم . كەرىم
شاھ بەگ ۋاقىت ۋە ھاۋاغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي ، چېدىرىم ئالدىدىكى كىچىك
يوپۇق ئاستىدا خېلىغىچە ئولتۇردى ، بىراق كېيىنكى قەدەمدىكى ساياھەتنى ئو-
رۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ئىگە بولغىنىم پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياخشى
خەۋەر بولمىدى . ئېنىقكى ، بۇلۇڭكۆل ( Bulunkul ) دىكى جۇڭگو ھۆكۈمەت
تەرىپىنىڭ بۇيرىقى بولمىغانلىقتىن ، ئۇ بەكمۇ خاۋاتىرلەنگەنىدى ، ئۇ بىر خىل
سىرلىق ۋە قىزغىن تىل بىلەن ماڭا گۇمانخورلۇقى ناھايىتى كۈچلۈك جۇڭگو-
لۇقلار قوشۇلمىسىمۇ بارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەمىنلەپ بېرىدىغانلىقىغا كا-
پالەت بەردى . يامبۇلاق مۇزلۇقى ۋە مۇزتاغ ئاتا چوققىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش
ئېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن ، قوتاز ۋە ئادەم كۈچى تەمىنلەش ئىشىنى ئەلۋەتتە
قىلالايدىغانلىقى ، ئەمما قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن چارۋا تەييارلىسا ئامبالنىڭ غە-
زىپىگە ئۇچراش ئېھتىمالى بارلىقى ، بىر نەچچە قوتاز بىلەن ئالدىنقى پونكىتتىكى
قارا سۇ چۈشكۈنىگە بېرىپ ياردەمچى ئۆلچەش ــ سىزىش خادىمىنىڭ يۈك ــ
تاقلىرىنى بۇ يەرگە ئەكىلىشتىمۇ چوڭ خەۋپ ــ خەتەرگە ئۇچراش ئېھتىمالى
بارلىقىنى ئېيتتى . بەگنىڭ تىترەپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن چۈشەندۈرۈشى ، مې-
نىڭچە جۇڭگونىڭ قىرغىز كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغانلى-
قىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇرغان سەپىرىمگە كېرەكلىك
ياردەمگە بولغان ئۈمىدىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدىم .
شۇڭا ، تاشقورغاندىن ماڭا ئەگىشىپ كەلگەن سارىقول بەگنى قارا سۇغا شۇ
يەردىكى رام سىلك تەمىنلىگەن كېرەكلىك ترانسپورت كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا
ئەۋەتتىم . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كەرىم شاھ بەگنى بولۇڭكۆلگە بىر ئەلچى
ئەۋەتىپ ، ئامبالغا ئۇنىڭ تاشقورغاندىكى خىزمەتدىشىنىڭ ماڭا ئىمزا قويۇپ
بەرگەن يەرلىك پاسپورتىمنى كۆرستىشنى ھەمدە قىرغىز ساھىبخانىنىڭ بۇيرۇ-
قىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم .

چۈشتىن كېيىن تۇمان ئازاراق تارقىدى ، يېڭى قار قاپلىغان تاغ جىل-
غىسىدا نەچچە يۈز ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدىكى تاغ تۆپىلىكى كۆرۈندى ، ئەمما
بۇنىڭلىق بىلەن مىنىڭ مۇزتاغ ئاتا چوققىسىغا بېرىپ قىسقا مۇددەتلىك ساياھەت
قىلىشىمغا قىلچىمۇ ئۈمىد قوشۇلمىدى ، ۋاقىت ئاز قالغانىدى ، بارسام مۇشۇ بىر

نەچچە كۈن ئىچىدە بېرىشىم كېرەك ئىدى. كۈن قارايغان ۋاقىتتا، يامغۇر ۋاقىتىنچە توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەگنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ باردىم، ئۇ ناھايىتى سەممىي، مېھماندوست بولۇپ، چىرايىدىن ماڭا ھەمكارلاشسا قاندان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىدىن قىلچىمۇ ئەنسىرىمىگەنلىك ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىگىز ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقتا سۈت پورۇقلاپ قايناپ تۇراتتى، بەگنىڭ ئوتتۇرا ياشلاردىكى پاكىز، تېتىك، خۇشخۇي ئايالى ئوچاقتىكى ئوتقا قارىغاي شاخلىرىنى تاشلاۋاتاتتى.

تائام تەييارلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كىگىز ئۆينىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم، سىرتتىكى تۇمان قاپلاپ تۇرغان كۆلرەڭ تۈزلەڭلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆي ناھايىتى ئازادە كۆرۈنەتتى. چىۋىق بىلەن توقۇلغان تۆت ئەتراپتىكى باراڭ ۋە كىگىز ئۆينىڭ تورۇسىغا رەڭلىك كىگىز تارتىلغان، يۇڭ يىپ بىلەن ئىنچىكە توقۇلغان كەڭ بوغقۇچ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرلەپ چىگىتىلگانىدى. تام تۈۋىنى بويلاپ نەچچە قات شىرداق ۋە نەچچە توپ قېلىن رەختلەر قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئېنىقكى ئۇزۇن زىمىستان قىش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. قومۇشتىن توقۇلغان بىر شىرما ئۈستىگە قوي يۇڭى يىپىدا ئىنچىكىلىك بىلەن توقۇلغان رەڭگى چىرايلىق، گۈللىرى ئوچۇق پەردە بولۇپ، كىگىز ئۆينىڭ كىچىك بىر قىسمىنى توسۇپ ئاياللار تۇرىدىغان ئۆينى ئايرىپ تۇراتتى. بەگنىڭ ئايالى بىردەم ـ بىردەم كىرىپ ئىستاكان ۋە باشقا قىممەت باھالىق جابدۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى ئوچاق بار يەردىن باشقا ئەتراپتىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە قوتاز يۇڭىدىن ئىشلەنگەن ئەدىيال ۋە شىرداق، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تەرىپىگە مېنى كۈتۈش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر پارچە رەڭگى چىرايلىق ئەنجان گىلىمى سېلىنغانىدى. ساھىبخانىنىڭ ئايالى قازىنىدىن ئۇسۇپ بەرگەن قىزىق سۈت تەملىك ۋە مېزىلىك ئىدى. ماڭا ئۇسىغىنى چوڭ جۇڭگو ئىستاكانى ئىدى، قالغان بىر نەچچە ئەر تۇغقانلىرى ۋە قوشنىلىرىغا ياغاچ ـ تۆمۈر قاچىلارغا ئۇسۇلدى. سۈت قىرغىزلارنىڭ ئاساسلىق ئىچىملىكى بولۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مەيلى يېشى بولسۇن ياكى قېرىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ساغلاملىق سۈتنىڭ ئۇلارغا قانچىلىق پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

زىيارەت ئاياغلىشىشقا يېقىن كەرىم شاھ بەگ سەممىي كۈتكەنلىك ۋە دوستانە مېھمان قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، ماڭا چوڭ بىر قوي سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەلۋەتتە كىچىكرەكىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، چۈنكى بۇرۇنقى بىر نەچچە ھەپتىدە ھەمراھلىرىم قوي سېتىۋالغاندا، قوينىڭ

www.uyghurkitap.com

چوڭنى ئەمەس ، سېمىزنى تاللىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم . كەرىم شاھ بەگ
ئەلۋەتتە بۇلارنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتى ، بۇنى رەت قىلىش ئەپسىز ئىدى .
شۇڭا ، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ ھەمراھلىرىم بۇنىڭغا رازى بولار
دەپ ئويلىدىم . قىرغىزلار ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت ، بايلىقتا قـ
زىـقىدۇ ، شۇڭا مەن ساھىبخانىغا تاغ جىلغىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم
قىممىتى تېخىمۇ كۆپ سوۋغا قايتۇرىدىغانلىقىمنى ۋەدە بېرىشنى ئۇنتۇمىدىم . كېچىدە
چېدىرىمدا ئازادە ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقىنىمدا ، كەرىم
شاھ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كىلىپ ، بۇلۇڭكۆلدىن كەلگەن بىر جۇڭگو
ئەمـەلدارىنىڭ مېنى ترانسپورت ئۇسكۇنىلىرى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى
ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى . ناھايىتى ئېنىقكى ، بۇ بەگنىڭ
كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان تاشنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئىدى . مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ
تېزلا ھەل بولغىنىدىن خۇشال بولدۇم . ئەلۋەتتە ، مەن بۇ ئىش ئەسلىدىلا
شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتىم ، بولمىسا بەكمۇ چاتاق بولاتتى . شۇڭا ،
مەن كەرىم شاھ بەگكە جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىسىنى ئېلىپ
قېلىشنى ، ئەتە بىكار بولغاندا ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . »

كـېچە ھاۋا رايىدا ئاخىر ئۆزگىرىش بولدى . 16 ـ كۈنى ئەتـ
گەندە ، كەرىم شاھ بەگ ئامبالنىڭ ئەۋەتكەن خەۋەرچى ئەمەلدارى ۋە
سۇ باشى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارىنى ئېلىپ كەلگەندە ، مەن ئۇلارنى
چېدىرىنىڭ ئالدىدا قارشى ئالدىم . مۇلازىمەتچىلىرىم تېپىپ كەلگەن ئىسـ
تـاكان ۋە قاچىلارغا چاي دەملەپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالدىم ، بۇ نەرسـ
لەرنى ئۇلارنىڭ نەدىن تېپىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىدىم . قايسى يول بىلەن
قەشقەرگە بارماي ، ترانسپورت ئۇسكۈنىلىرى ھەر ۋاقىت تەمىنلىنىدىغان
كـاپالەتكە ئىگە بولدۇم . گەز ( Gaz ) جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى تاغ جىلـ
غىسىدىن چۈشىدىغان ئەڭ قىسقا يولدىن ئۈمىد يوق دېگەندەك ئىدى .
خەۋەرگە قارىغاندا ، قىلىن قار ئېرىگەنلىكتىن ، دەرياغا كەلكۈن كېلىپ
ئىككى كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ . كۈزدىن بۇرۇن ياساشقا بولمايدىـ
كەن ، مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ
قـارا تـاش ئېغىزىغا ئۆتىدىغان يەنە بىر يول بار ئىكەن ، ئۇ يولدىن مېـ
ڭـىش تېخىمۇ تەس بولۇشى مۇمكىن . بۇ يول قار بىلەن توسۇلۇپ قالـ

غان بولسمۇ ، مەن ئامبال ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى يولغا چىقى-
شىمغا قوشۇلسا ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى يولنى چوقۇم تاللايدى-
غانلىقىمنى ئېنىق بىلدۈردۈم . بۇ ئىككى يولدا ئۆلچەپ - سىزىدىغان
خىزمەتلىرىم بولغاچقا ، بۇ ئىككى يولدىن قەتئىي ماڭماقچى بولغانلىقىم-
نىڭ سەۋەبى ئىدى .

مېھمانلار ئاخىر كەتتى . ئۇلاردىن كۈتكىنىمدەك جاۋابقا ئىگە
بولدۇم . ئارقىدىن مەن كۆلنىڭ شەرقىدىكى قارا قىر ئېگىزلىكىگە بار-
دىم ، چۈنكى بۇ يەر مەركىزىي ئورۇنغا جايلاشقانلىقتىن ، ئۈپتىكىلىق
تېئودولىتمنى ياخشى خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن ئىدى .
كەچتە يامغۇر توختىغان بولسىمۇ ، تاغ چوققىسى ئەتراپىنى يەنىلا قېلىن
قارا بۇلۇت ئوراپ تۇراتتى ، سوغۇق شامالدا خېلىغىچە ساقلاپ قارا بۇ-
لۇت تارقىغاندىن كېيىن ، ئاندىن خىزمىتىمنى ئوڭۇشلۇق ھالدا باشلى-
دىم . قار - مۇز بىلەن قاپلانغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغ چوققىسى شەرق
ۋە شىمال تەرەپتىن ھەيۋەتلىك مۇزلۇق ئاق توساق شەكىللەندۈرگە-
نىدى ، مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ شىمالىدىن ئايلىنىپ چۈشكەن ئىككى-
بەل سۇ ( Ekkibel — su ) دەريا جىلغىسىمۇ يۈزىنى ئاچتى . چۈشتىن
كېيىن سائەت ئۈچتە ، قاتتىق بوران توختىمايدىغان تاغ چوققىسىدا ئا-
دەمنى ھارغۇزۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان بۇ خىزمەت ئاخىرى مېنى
ئۈمىد قىلغان مۇكەممەل ، توغرا تەكشىلىك خەرىتىسىگە ئىگە قىلدى ،
ئۇ كېيىنكى مېنزۇلا ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىنىڭ ئۇنۇملۇك تولۇقلىما
ۋە سېلىشتۇرۇشقا تەمىنلەيدىغان ماتېرىيال بولۇپ قالاتتى . خىزمەت
ئۈستىدە ئۈپتىكىلىق تېئودولىتنىڭ تانگېنت شىكالاسى ئۈزۈلۈپ كەتتى ،
ئامالسىز ھەر خىل ئامالLARنى قىلىپ قول ئاستىمدىكىلەردىن ئەڭ ئېپتىدا-
ئىي ئەسۋابلارنى تېپىپ كېلىپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم ، بۇ مېنىڭ
ماشىنا تېخنىكامنىڭ كام بولغانلىقىدىن چىققان كىچىككىنە ئاۋارىچىلىق
ئىدى . بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك ، مېنىڭ قېتىپ قالغان بارماق-
لىرىم شكالا سىمىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ، فوتو ئاپپاراتنىڭ كې-
سىش بەلگىسىنى ئۈزۈۋەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، W خانىم گىلگىتتا قىز-
غىنلىق بىلەن ماڭا يەتكۈدەك ئىنچىكە ئۈزۈن چىچىنى بەرگەنلىكتىن ،

www.uyghurkitap.com

بۇ ئويلىمىغان چاتاقمۇ ھەل بولدى .

تاغدىن چۈشكەندە ، ھاۋا ئۆزگىرىپ سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولدى ، كىچىك چېدىرىم ئادەتتىكىدىن بەكرەك ھوزۇرلۇق بىلىندى . كىچىك تىپتىكى سترومونت شىمالىي قۇتۇپ ئۇچقىدا مەن ئۆزۈم لوندوندىكى ھەربىي لاۋازىمەت ئەسلىھەلىرى شىركىتىدىن ئېلىپ كەلگەن پرىپسلانغان يېقىلغۇ كۆيۈۋاتاتتى ، چېدىرنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ بارغانسىرى كۆتۈرۈلدى . 8 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان چېدىرىمدا ئازادە ئولتۇرۇپ يىراقتىكى دوستلىرىمغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن خەت يازدىم ، شۇنداق قىلىپ خۇشاللىق بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدىم .

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، قۇياش نۇرى چاقناپ ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق بولدى ، ھەيۋەتلىك مۇزتاغ چوققىسى چۇشۇكۇمنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى . مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ ئېگىز تاغ تۆپىلىكىگە يامىشىپ چىقىپ ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولدۇم . ئالدىنقى بىر نەچچە كۈنـــلۈك يامـــغۇر ياردەمچى ئۆلچەش ـ سىزىش خادىمىنىڭ خىزمىتىگە دەخلى قىلغانىدى ، ھازىر ئۇ ئالدىراش ھالدا بۇ زىيانىنى تولۇقلاۋاتاتتى . شۇنداق بولغاندا مەن قىسقا مۇددەتلىك ساياھەت قىلالايتتى ، ۋاقتىمۇ زايا بولمايتتى ، مەن تېزلىكتە بۇ قېتىمقى ساياھەتكە كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى ئېشىپ قالـــغان يۈك ـ تاق ئىچىدىن ئايرىپ چىقتىم ، يۈك ـ تاق توشۇيدىغان ۋە تاغقا يامىشىشتا ئىشلىتىدىغان ئون قوتازمۇ كەرىم شاھ بەگنىڭ كۆل بويىدىكى چارۋا تويىدىن تاللاپ چىقىلدى . كېرەكلىك بولمىغان ئېشىپ قالغان بارلىق نەرسىلەرنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ ، پېشاۋەر دىن كەلگەن تۈرك مۇلازىمەتچىم مىرزىنى قاراشقا قالدۇردۇم . ئۇ ئۇزۇن يولنىڭ جاپاسىدىن ھېرىپ قالغاچقا ، دەم ئېلىۋېلىش كېرەك ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۇچۇكۇم « يولچى بەگ » نىمۇ قالدۇردۇم .

يولغا چىققاندا چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى . مەن بىلەن بىللە ماڭغانلار قەشقەرلىك مۇلازىمەتچى سادىقئاخۇن ھەمدە خۇنزا ۋە پۇنيالدىن كەلگەن ئۈچ نەپەر ھەمراھىم بولۇپ ، ھازىر ئۇلارنىڭ تاغدىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلگەنىدى . ئىللىق ھاۋا تىنچ

بولۇپ ، كىشىنى ئازادە ھېس قىلدۇراتتى ، قوتازغا مىنىپ تاغ جىلغىسى-
نىڭ تۆۋىنىدىكى ئوتلاقتا ماڭغاندا ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇش پۇرىقى
ئادەمنى شادلاندۇراتتى . سۇ باشى قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتكەندە ئۇ پۈتۈن-
لەي قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بولۇپ ، مەن بىرىنچى قېتىم بۇ يەردە
قونغان ۋاقتىمدىكىدىنمۇ بەكرەك كونا ، ۋەيرانە كۆرۈندى . شامالدا غا-
يەت زور تاغ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ يامبۇلاق ( Yambulak )
مۇزلۇقىغا تۇتىشىدىغان تاغ جىلغىسىغا كىردۇق ، مۇزلۇق مۇز تاغ ئاتار-
نىڭ ئىككى ئاساسىي چوققىسى ئۆزئارا تۇتاشقان تار ئېغىزىدىن غەربكە
تۆۋەن چۈشكەن بولۇپ ، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرىپى غايەت زور
تۇتاش تاغ تىزمىسى ئىدى . دوكتور سۋېن ھېدىنىنىڭ كىشىنى ئۆزىگە
مەھلىيا قىلىدىغان كىتابىدىن تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلىۋالغىلى بولاتتى .
ئاساسلىق چوققىغا چىقماي ، ئېگىزرەك تاغ تۆپىلىرىگە چىققاندىمۇ يام-
بۇلاق مۇزلۇقىنىڭ شىمالىي قىرىدىكى تاغ تۇمشۇقىدىن مېڭىشقا توغرا
كېلەتتى . تاغ جىلغىسىنىڭ چوققىسىدىكى ئېگىزراق بىر يەرگە چىقىپ
قارىغىنىمدا ، بىر گۈزەل مەنزىرە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى . كىچىك
دۈربۇنۇم ئاستىدا ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ سوزۇلۇپ شىمالدىكى
چوققىغا تاقاشقانلىقى نامايەن بولدى . مۇز قاتلىمى قاپلىغان تاش تۆپى-
لىكنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلەتتى . قارشى تەرەپ-
تىكى تاش قىيا ، يەنى يامبۇلاق مۇزلۇقىنىڭ شىمالىي تەرىپى پاكار بول-
مىسىمۇ ، يانتۇلۇقى ئانچە تىك ئەمەس ئىدى ، مۇز قاتلىمىمۇ ئاساسەن
نېپىز ئىدى . شىمال تەرەپتىكى يەنىمۇ يىراقراق تاغ تىزمىسى بەكمۇ
خەتەرلىك بولۇپ ، مۇز بىلەن قاپلانغانىدى .

دوكتور سۋېن ھېدىنىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چىقماقچى
بولغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىسىدا ئېلىپ بار-
غان دەسلەپكى تەكشۈرۈشى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك بولغاندىن باشقا ،
ئۇنىڭ تەسۋىرلىگىنىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلايتتى .

1894 ـ يىلى ، ئۇ چىققان ئېگىزلىك يەر يۈزىدىن ھېسابلىغاندا
تەخمىنەن 20 مىڭ ئىنگلىز چىسىدىن يۇقىرى بولۇپ ، قار پۈتۈنلەي
يوق دېيەرلىك ئىدى . بىراق ، ھازىر خېلى يىراقتىن قارىغاندىمۇ ئوخ-

www.uyghurkitap.com

شاش تاغ تۆپىلىكىنى قاپلىغان قارنىڭ ئېگىزلىكى تۆۋەنلەپ 17 مىڭ ئىنگلىز چىسىغا چۈشكەنىدى . مېنىڭ قىرغىز يول باشلىغۇچۇم ساتىۋالدى دوكتور سۋېن ھېدىنغا ئەگىشىپ بىر قېتىم چىققانىكەن . ئۇ ئالدىنقى ئىككى يىلدا ياغقان كۆپ مىقداردىكى قارنىڭ تاغ تىزمىسىنىڭ بۇ قىسمىدا مۇشۇ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلەتتى . ئېنىقكى ، ئوخشاش قولايلىق شەكىل بىلەنمۇ بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ كىچىك ئەترىتى قوتازغا تايىنىپ چىققان ئېگىزلىككە قايتا چىقىشنى ئۈمىد قىلالمايتتىم .

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ ۋە 18 ـ كۈنى كېچە ، يامبۇلاق دەپ ئاتالغان تاغ جىلغىسى ئۈستىدىكى بىر نەچچە قىرغىز كىگىز ئۆيلىرىنىڭ يېنىدىكى چۈشكۈندە قوندۇق . قىلىن قارنىڭ ھەرىكەتسىزگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالىنى ئويلاپ ، ئۆزۈم ھەمدە بىللە ماڭغۇچىلىرىم ئۈچۈن زاپاس قوتاز تەييارلاشنى قارار قىلدىم . خېلى ۋاقىت سەرپ قىلىپ مىنگىلى بولىدىغانلىرىنى تاپتىم ، 2 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدىلا يولغا چىقىپ ، بىر سائەتتىن كېيىن يامبۇلاق مۇزلۇقىنىڭ شىمالىي تاغ ئېتىكىدىكى غايەت زور مۇز دۆمبەللىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ كەلدىم . بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر كىچىك تۈز يەر ھېسابلىناتتى . مەن يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈپ چېدىر تىكتىشكە بۇيرۇپ ، ئارقىدىنلا قوتازغا مىنىپ تاش ۋە مۇز دۆمبەل پارچىلىرى قاپلاپ كەتكەن تىك تۆپىلىككە چىقىپ ، يۇقىرىدىكى تۇتاش تاغلارنى تەكشۈردۈم . يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرگەن ئورۇن دېڭىز يۈزىدىن 15 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بولۇپ ، قوتاز بەكمۇ كۈچىگەن ھالدا پۈت دەسسەپ تۇرۇش تەس بولغان شېغىل تاشلىق تاغ تۆپىلىكىدە پۇشۇلداپ كەتكەنىدى . ئېنىقكى ، بۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان ھايۋانمۇ دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز بولغانلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى . بىراق ، مەن ھازىرقى مېڭىۋاتقان يېرىمىز تېيىلغاق ، تىك يانتۇلۇقتا بولغاچقا ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قوتازنىمۇ سۆرەپ ماڭغاچقا ، ئادەمنىڭ تېخىمۇ ئېچىنى پۇشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . تاياق بىلەن قوتازنى يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىشقا ھەيدەش بىر قەدەر

بىخەتەر ئىدى ، چۈنكى زاپاس قوتاز ھەمىشە يولدىن چەتلەپ كېتەتتى .

يۇقىرىدا ئېيتقان تاغ تۆپىلىكىدە بىر سائەتتىن ئارتۇق ماڭغاندىن كېيىن ، تاشلىق تاغ ئومۇرتقىسى بىر ئاز تۈۋەنرەك تەرەپكە يېتىپ كەلدىم ، بىز مۇشۇ يەردىن يۇقىرىغا چىقاتتۇق . بۇ يەردىن باشلاپ يەر قاتتىقلىشىشقا باشلىدى ، ئەمما مۇشۇ يەردىن قار سىزىقىغا يېتىپ باردۇق ، باشلىنىشتا قار نېپىز بولۇپ ، بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزگە ئانچە توسالغۇ بولمىدى . يۇقىرىغا يەنە يېرىم ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ، قار بارغانسېرى قېلىنلاشقا باشلىدى ، دېڭىز يۈزىدىن ئالاھەزەل 16 مىڭ 500 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىككە يەتكەندە ، بىز قوتازدىن چۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق . بۇ دەل چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون يېرىم بولۇپ ، سەھەردىكى نېپىز بۇلۇتلار بېشىمىزدا يىغىلىپ قېلىن بۇلۇت قاتلىمىغا ئايلاندى . بىز قوتازلارنى مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلەلىگەن بۇ جاي ئەڭ ئاخىرقى چېدىر تىكەلەيدىغان يېرىمىز بولۇپ قالدى . تاغ ئومۇرتقىسى يانتۇلۇقىدىكى قار ئېرىگەنىدى ، تۈۋەندە يەر بولسا نەچچە يۈز ئىنگلىز چىسى مۇزلۇق ئىدى . يانتۇلۇق چېدىر تىكىشكە ئانچە تىكلىك قىلمايتتى ، بۇ يەر قوتاز يېمەكلىك تېپىپ يېيەلەيدىغان جايلاردىن ئېگىز ئىدى ، ئەمما بۇ يەرنى ئىككىنچى ئۈزۈن يوللۇق تاغقا يامىشىپ چىقىشتىكى مۇۋاپىق ئاتلىنىش نۇقتىسى قىلىش ، ئېنىقكى بەكمۇ تۈۋەنلىك قىلاتتى . ئالدىمىزدىكى ئېگىزلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ، مۇۋاپىق چۈشكۈن تاللاش بەكمۇ مۇھىم ئىدى . قوتازنىڭ بىزنى ئېلىپ بارغان يېرىدىن قارىغاندا ، جەنۇب تەرەپنىڭ چېتى مۇزلۇققا ساڭگىلىغان تىك يارنىڭ بويىدىكى بىر پارچە كەڭ قارلىق تۆپىلىكتىن باشقا ، باشقا جاي يوق ئىدى . تېخىمۇ ئېگىز يەردە چۈشكۈن قىلىشقا بولۇش ـ بولماسلىقنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ، ئىككى خۇنزالىقنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتىم . ئۇلار قار ئەھۋالىنى تەكشۈرەتتى ھەمدە تاشلار ئارىسىدىن شامال ۋە سوغۇققا دالدا بولالايدىغان يەرنى تاپاتتى ، بۇ بىزنىڭ چېدىر تىكمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ تېخىمۇ ئېگىز جايدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن ئىدى . مەن ئارقىدا قېلىپ بىر ئاز ئوچۇق ھاۋادىن پايدىلىنىپ نۇر ئىلمى تېئودولىت مەشغۇلاتىنى ئىشلىدىم . بۇلۇتلار يىغىلىپ ، قاتتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بـوران چىقىشقا باشلىدى ، بۇ مېنىڭ ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويـ-
ماسلىقىمنى ئەسلەتتى .

بـېسىلىپ تارتىپ كەتكەن غايەت زور تاغ قىيالىرى ئارىسىدىكى
مۇز دەرياسى قىتىپ قالغان ھالەتتە تۇراتتى ، مۇزتاغنىڭ ئىككى چوق-
قىسى ئارىسىدىكى مۇز قاتلىمى ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىن تۆۋەنگە تىك
چۈشۈپ تاشلار ئېتىۋالغان جىلغىنىڭ ئالدىغىچىلىك كەلگەننىدى . مۇز-
لۇقنىڭ غايەت زور ئاراچىلىرى خۇددى ئېزىتقۇغا ئوخشايتتى . مۇزلۇق
ئاراچـىلىرىنىڭ تۆۋىنى ئازراق يېشىل بولۇپ ، مۇز قاتلىمىنىڭ ئۈستىنى
قـاپلىغان ئاپئاق قار قاتلىمى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈرگەـ
نـىدى . بىزنىڭ قارشى تەرىپىمىزدە تىك تاش قىيالىرى قەد كۆتۈرۈپ
تۇراتتى ، ئۇ دەل جەنۇب تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غايەت زور تۇ-
تاش تاغلارغا قارىشىپ مۇز تاغ ئاتا ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا تۇتىشاتتى .
تاغ قىيالارنىڭ ئۈستى قېلىن مۇز قاتلىمى بىلەن قاپلانغان تاغنىڭ يەنە
بىر تەرىپى ئىدى .

نېپىز بۇلۇت قۇياشنى بىر دەملىككە توسۇۋالغان بولسىمۇ ، كۆچ-
لۈك تاغ بورىنىدا يەنىلا ناھايىتى سوغۇق بىلىنەتتى ، ئۈپتىكىلىق تېئو-
دولىتىدەك مۇنداق سېپتا ئاپپارات بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش كۆپ
ۋاقىتنى ئالاتتى . تاغقا چىقىش قوتازلارغا قارايدىغان ئىككى قىرغىز بېشىم
ئاغرىپ كەتتى دەپ ۋايسىغىلى تۇردى ، خىزمىتىمنى ئاياغلاشتۇرغاندا ،
ئۇلاردا ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى پەيدا قىلغان ھەزىم سىستېمىسى بىئارام
بولۇش كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئۇلاردىن كېرەكلىك يەر تۇزۇلۇش ما-
تېرىيالىغا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا
ئۆتمەكتە ، مەن بىر ئاز غەم ـ ئەندىشە بىلەن خۇنزالىق ھەمراھلىرىم
چىقىشقا كەتكەن قېلىن قار قاپلىغان تۇتاش تاغلارغا قارىدىم ، ئۇلار
ئاخىر چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە قايتىپ كەلدى . ۋەلى مۇھەممەد ۋە
غۇنغا ئوخشاش قاۋۇل ، چىدامىلىق توغما تاغقا چىققۇچىلارمۇ ھېرىپ ھا-
لىدىن كەتكەننىدى . ئۇلار ماڭا تېزغا كەلگۈدەك قاردا قاتمۇقات غايەت
زور تاغ قىرلىرىدىن ئۆتۈپ تىك مۇزلۇق يارنىڭ لېۋى توسۇلۇپ قالغان-
لىقىنى ، ماڭغان تاغ ئومۇرتقىسى بىلەن شىمالىي چوققا ئاساسىي گەۋ-

دىسنى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى دوكلات قىلىشتى .

ئۇلارنىڭ دوكلاتى ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىم كۈزەتكەندە كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان ئۇ تىك يانتۇلۇق ئاساسىي چوققىغا تۇتىشارمۇ ، دېگەن گۇمانلىق سوئالنى ئىسپاتلىدى . تەخمىنەن دېڭىز يۈزىدىن 22 مىڭ ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىككە چىققاندا ، تاغ قىرىنىڭ بىر ئەگمە شەكىلدىكى ئورنىنىڭ تۆۋىنىدىكى شىمالغا سوزۇلغان ئاراچلىق مۇز قاتلىمىغا دىققەت قىلدىم . ھەمراھلىرىمنىڭ تەسۋىرلىگىنىگە ئاساسلانغاندا ، مەن بۇ مۇز قاتلىمى ئەمەلىيەتتە بىر توغرا يۆنىلىشتىكى مۇزلۇقنىڭ قۇيرۇق قىسمى دەپ ئېيتالايتتىم . چۈنكى ، دوكتور سۋېن ھېدىن 1894 – يىلى قوتاز بىلەن 20 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىككە چىققان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى دېگۈدەك سەزمىگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ھەمراھلىرىمنىڭ دوكلاتى شۇنى بىلدۈرىدۇكى ، قايسى ئورۇنغا چىقمايلى ، چىدام بار ياكى يوقلۇقى ۋە ھاۋانىڭ ئوچۇق ياكى ئوچۇق ئەمەسلىكى مەسىلىسى ئىدى . شۇڭا ، مەن ئەتىكى ھاۋا ئېچىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، خۇنزالىقلار ماڭغان يول بىلەن يەنە بىر قېتىم مېڭىشنى قارار قىلدىم .

بۇنداق پۇرسەت ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى . چۈنكى ، بۇلۇتلار ئېگىز چوققىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى ، قاتتىق بوران بىزنى ئۇچۇرتۇپ چېدىردا پاناھلىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى . چېدىر غايەت زور دۇمبەل تامنىڭ يېنىغا تىكىلگەنىدى ، رام سىڭ دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قارا سۇدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . مەن ئۇخلاشقا ياتقىنىمدا ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى ، 19 – كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئۈچ يېرىمدە ئورنۇمدىن تۇرغاندا ، قاتتىق بوران ، قارنىڭ ئالامىتى ھەممە يەردە بىلىنىپلا تۇراتتى . ئۇزاق ئۆتمەي قاتتىق بوران قار چېچەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى . چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئالتىدە ، ھاۋا تېزلىكتە ئېچىلىشقا باشلىدى ، ئۇ ۋاقىتتا مەن كالتە جۇۋامغا چىڭ ئورۇنۇپ ، قايغۇرغان ھالدا پىلانىمغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ھاۋاغا قاراۋاتاتتىم . دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك قىسقا مۇددەتلىك

قاتتىق بوران چىقىدىكەن . مېنىڭچە ، بۇ كۈنىمۇ شۇنداق بولدى . قو-
تازلار تەييارلىنىپ بولغانىدى ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت يەتتىگە ئاز قال-
غاندا ، قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن پەيدا بولدى ، شۇنىڭ بىلەن ئاتلى-
نىشقا بۇيرۇق قىلدىم . خۇنزالىق ھەمراھىم ۋە چاقىرىقىغا بىنائەن كەلگەن
پۇنيالىلىق ئەسكەر ئاجاپخان مەن ۋە ياردەمچى ئۆلچەش ـ سىزىش خا-
دىمى بىلەن بىللە ئالدىن ماڭدۇق . ئۆلچەش ـ سىزىش خادىمىنىڭ
ئەسۋابلىرىنى كۆكياردىن كەلگەن كىراكەش ھەيبەي ساددىلىق بىلەن
ئېلىپ ماڭدى . ئۇ ئىلگىرى كاپىتان دېسىينىڭ ساياھەت ئەترىتى بىلەن
بىللە لاداق ۋە كەشمىرگە بارغان ، بىر قىش دەم ئالغاندىن كېيىن يۇر-
تىغا قايتىشنى ئويلاپ ، سىرناگاردا ئەترىتىمگە قوشۇلغانىدى .

بۇ قېتىم بىز زاپاس قوتازنىڭ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىقىغا ئانچە ئۇچ-
رىمىدۇق ، يولغا چىقىپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن ، تۈ-
نۈگۈن بارغان جايغا يېتىپ باردۇق . بوران قاتتىق بولسىمۇ ، ھاۋا يەنىلا
ئوچۇق ئىدى . قوتاز قاردا تەسلىكتە مېڭىپ ، ناھايىتى ئاستا ئىلگىرى-
لەيتتى ، مىنگەنلەر ئۇنى داۋاملىق ئالدىغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن خېلى كۈچ
سەرپ قىلاتتى . بىز بىر سائەت جاپا چەككەندىن كېيىن ، تۈنۈگۈنكى
ئورنىمىزدىن ئاران 500 ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلىيەلىدۇق . قارىغاندا قو-
تازنى قالدۇرۇپ قويۇپ پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . بۇ ۋاقىتتا قار-
نىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 5 ئىنگلىز چىسىغا يەتكەن بولۇپ ، نۇرغۇنلى-
غان تاغ قىرنىنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ قالغان قىسمىدا شامال ئۇچۇرتۇپ
كەلگەن نەرسىلەر دۆۋىلەنگەنىدى . بىزنىڭ تاغقا چىقىش تايىقىمىز قات-
تىق يەرگە قىلچىمۇ سانچىلمايتتى . يەر يۈزىدىكى قار يۇمشاق ھەم ئاز
بولغاچقا ، ئاسانلا شامال ئۇچۇرتۇپ كېتەتتى ، نۇرغۇن جايلاردا تۈنۈ-
گۈن ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . بىز
ئېھتىيات بىلەن تاغ قىيانى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق ، قارىغاندا بۇنداق ئې-
گىزلىكنىڭ يېنىدىكى قار يېقىنقى بىر نەچچە قىشتا يىغىلغاچقا ، ئۆز ئې-
غىرلىقى بىلەن بېسىلىپ مۇز قاتلىمىغا ئايلىنىپ بولمىغانىدى . مۇزلۇقنىڭ
قارشى تەرىپىدىكى بىر قات قېلىن مۇز بىلەن قاپلانغان جەنۇب تەرەپ-
تىكى تاش قىيا ئۈستىدە ئاي ـ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىچىك كۆ-

لەمدىكى قار كۆچۈش بارغانسېرى كۆپىيىشى مۇمكىن ئىدى .
يۇمشاق قار ئۈستىدە مېڭىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى ، بەزىدە 2 پۇتىمىز 2 ئىنگلىز مىلى چوڭقۇرلۇققا پېتىپ قالاتتى ، بەزىدە ئالدىدىكى ئاياغ ئىزىدىن ئازراقلا چەتلەپ كەتسەك ، بىراقلا بەلگىچە قارغا چۆكۈپ كېتەتتۇق . بىز ئالدىرىماي ئىلگىرىلەپ خېلى ئېگىز دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىگە چىققان بولساقمۇ ، مەندە باش ئاغرىش ۋە باشقا ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بولمىدى . بىراق ، شالاڭ هاۋا بىزنى ئالدىرىماي ئىلگىرىلەشكە ھەمدە بىردەم ـ بىردەم ئارام ئېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، بوران بارغانسېرى كۈچەيدى ھەم قار ئۇچقۇنلىرىنى ئېلىپ كەلدى . چۈشكە يېقىن بىز بىر پارچە تاغ تۆپىلىكى يېنىدىكى قاردىن چىقىپ قالغان بىر ئاز قۇرغاق تاش يەرگە كەلدۇق . بۇ يەر بىز قىسقا ۋاقىت دەم ئالىدىغان ھەمدە جىسمانىي كۈچىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئازادە ئورۇن بىلەن تەمىنلىدى . يامبۇلاق مۇزلۇقىدىن قايرىلغان مۇز قاتلىمى يېنىمىزدىكى تىك يار تېگىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى . مېنىڭ ئالدىن ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە ، بىزنىڭ هازىر يېتىپ كەلگەن ئېگىزلىكىمىز چوقۇم 19 مىڭ ئىنگلىز مىلى بولۇپ ، ئىشتىيىم ئازراقمۇ ئاجىزلىمىغانىدى .

يەنە بىر قېتىملىق قىسقا مۇددەتلىك قار ئارىلاش قاتتىق بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، بىز قايتىدىن مېڭىشقا باشلىدۇق ، بىراق ياردەمچى ئۆلچەش ـ سىزىش خادىمى ۋە ئاجاپخان بېشى ئاغرىغانلىق ۋە ماغدۇرسىزلانغانلىقتىن قاقشاشقا باشلىدى . مەن بېللېۋ ( Bellew ) دوختۇرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن تەييارلىۋالغان تابلېتنى ئىچكەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى ، چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدە رام سىلىق كەينىدە قېپقالدى . بىراق ، بۇ ۋاقىتتا بوران تۇتاش تاغلارنىڭ غەرب ، شىمال ئىككى تەرىپىدىكى بۇلۇتلارنى پۈتۈنلەي ھەيدەپ ، قۇياش نۇرى ئاستىدا بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلچەپ ـ سىزغان يىراقتىكى توپىغا مىنزۇلا بىلەن تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغىلى بولاتتى . 20 مىنۇتتىن كېيىن ئاجاپخاندەك تەجرىبىسى مول تاغقا چىققۇچىمۇ چېكىنىپ چىقىپ تاغدىن چۈشۈشكە رۇخسەت قىلىندى . هازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

پەقەتلا چاقىرىق بويىچە ئەسكەر بولغان ۋەلى مۇھەممەد ۋە غۇنلا قىپقالـ
غان بولۇپ ، قىلچمۇ ئاغرىنماي مەن بىلەن بىللە ئاستا ، بىراق مۇسـ
تەھكەم قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى ، قار بارغانسېرى قېلىنلاشـ
تى ، قېلىن تۇمان يۇقىرى تەرىپىمىزدىكى تاغ چوققىسىنى ئوراپ ئالغانـ
دى . ئېنىقكى ، يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭغاندىمۇ ، بۇ چوققىنى ئەتراپلىق
كۆزىتىش پۇرسىتى يوق ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھاۋانىڭ
ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى . چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئالـ
دىمىزدىكى تاغ قىرى ئېتىلگەن ئورۇننى ئەڭ ئاخىرقى تاغقا چىقىش نىـ
شانى قىلىشنى قارار قىلدىم . چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىم بولـ
غاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتىم ۋە مۇزلۇقنىڭ تىك تاش قىياسى يېنىغا
چۈشۈپ ئورۇنلاشتىم .

سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالدا قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق
ئېگىزلىك ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ سۈيى قايىنىشى بەكمۇ قىيىن ئىدى .
مەيلى قانداق بولمىسۇن ، ئاخىرىدا قاردا بىر ئورەك كولاپ شامالدىن
دالدا بولىدىغان يەر قىلدۇق ھەمدە قايتا ــ قايتا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ ،
دەل فارېنگېيت 177.8 گرادۇسلۇق قايناش نۇقتىسىغا ئىگە بولدۇق ، ھاۋا
تېمپېراتۇرىسى فارېنگېيت 33 گرادۇسنى ھېسابلىغاندا ، دېڭىز يۈزىدىن
ئەمەلىي ئېگىزلىكى 20 مىڭ ئىنگلىز مىلىغا توغرا كېلەتتى . مەن خۇنزا-
لىق ھەمراھىم بىلەن تەڭ قاردا ئالتە سائەت مېڭىشقا چىدىغان بولسامۇ ،
بەدەن ئەھۋالىمىزدىن قارىغاندا يەنە يامىشىپ چىقىشقا بولاتتى . بىراق ،
ھاۋا شارائىتى قېپقالغان ۋاقىتتا ئالدىنقى كۈنى چىققان چوققىغا يېتىپ
بارالمايدىغىنىمىزنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى . شۇڭا ، تاغدىن چۈشۈپ
ئەتە ھاۋا ياخشىلانغاندا ئاندىن يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى قارار قىلـ
دىم . قاردا كەلگەن يول بىلەن تاغدىن چۈشكەندىمۇ ئىنتايىن كۈچەـ
دۇق ، بىراق كۆز ئالدىمىزدىكى ھەيۋەتلىك مەنزىرە كىچىكتۈرگەن ۋاـ
قىت زىيىنىنى تولۇقلاشقا تولۇق يېتەتتى .

دەل ئالدى تەرەپتە ، ئەمەلىيەتتە پوتكول پامىرنى كېسىپ ئۆتكەن
بۇ كەڭ رايوندا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقۇدەك روشەن بەلگە
يوق ئىدى . بىراق ، سوزۇلۇپ كەتكەن تار جىلغىلار ۋە تاغ تىزمىلىرى

مېنى « دۇنيا ئۆگزىسى » نىڭ چەكسىزلىكىگە نىسبەتەن ھەقىقىي تە-
سىراتقا ئىگە قىلدى . غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى يىراق تەكشىلىك سى-
زىقىدا ئىزناسى ئېنىق ئاق تاغ چوققىسى يالتىراپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئى-
چىدە ھىندى ( Indu ) دەرياسى جىلغىسىغا كىرىدىغان ئېغىزنى توسۇپ
تۇرغان ئېگىز ۋە تىك تاغلار بار ئىدى . شىمال تەرىپى ئوخشاشلا قار ،
مۇزلۇق تىك چوققا ـ تاغلار ئىدى . پايدىلىنىش خەرىتىسىدىن ئۇنىڭ
كاۋفمان ( Kaufman ) تېغى ھەمدە ئالاي ( Alai ) تېغىنىڭ باشقا ئا-
ساسلىق تاغ چوققىلىرىنى تونۇۋالالايمەن .
ئۇلارنىڭ چوققىسىنى قوي توپىغا ئوخشايدىغان ئاق بۇلۇتلار
قاپلىغانىدى . ھەيۋەتلىك مەنزىرە مېنى قايتا ـ قايتا توختاتتى ، سوغۇق
ۋە قارلىق بورانىنىڭ ئورۇلۇشىغا ئازاراقمۇ پەرۋا قىلمىدىم . كۆرۈش نۇق-
تىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، ھەمراھلىرىمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى .
بۇ نۇرغۇن چارۋىچىلىق مەيدانى بار كەڭ كەتكەن جاي بولۇپ ، تار تاغ
جىلغىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان خۇنزالىقلارنىڭ ئويلاپ يېتەلەيدىغانلىقىدىنمۇ
چوڭ ئىدى . كانجۇتلۇق ھەمرايىمنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان ئاساسلىق
ئويىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى ، بۇ خىلدىكى مەنىنىڭ
ئارزۇاقلا بېشارىتى بولسا راست گەپ چىقاتتى . ۋەلى مۇھەممەد دادىسى-
دىن ئاڭلىغان خۇنزالىقلارنىڭ بىز ھازىر تۇرغان تاغ تىزمىسى ئېتىكى-
دىكى تاغارما سېمىز قويلىرىنى قانداق بۇلىغانلىق ھېكايىسىنى ھەۋەس
بىلەن سۆزلەپ كەتتى . بىراق ، ھازىر يەرلىك دائىرىلەر ۋەزىيەتنى پۈ-
تۈنلەي كونترول قىلغان بولۇپ ، كانجۇتلۇلار يەنە كېلىپ بۇ تاغ جىل-
غىلىرىدىكى ئاھالىلەرنى پاراكەندە قىلىشقا پېتىنالمايتتى . مەن ئۇ ياخشى
ۋاقىتلارنى كەينىگە ياندۇرۇش شەكلى بىلەن باتۇر يول باشلىغۇچىلى-
رىمغا تەسەللىي بېرىشكە ئامالسىز . بىراق ، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كې-
رەككى ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىغا ھېسداشلىق
قىلاتتىم ، ئەگەر چوڭ بىر دۆلەت غەرب ، شىمال ئىككى تەرەپتىن
ساقلاپ تۇرمىغان بولسا ، كىچىككىنە خۇنزا مىللىتى ئاسانلا ئوكسۇستىن
قەشقەر چېگرىسىغىچە بولغان بارلىق تاغ جىلغىلىرىنى سۈرۈم ـ توقاي
قىلغان بولاتتى .

www.uyghurkitap.com

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە ، بىز تۆپىلىك قىرى ئۇستىدىكى قاقاس بىر جايغا چۈشتۇق . مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن چېدىرنىڭ مۇزلۇقتا قارايدىغان يانتۇلۇقتا تىكىلگەنلىكىنى كۆردۈم . چېدىرنى بۇ يەرگە تىكلەش بەكمۇ ياخشى ئىدى ، بىراق يانتۇلۇق بولۇش گرادۇسى چېدىرنى تىكلەشكە قىلچىمۇ ماس كەلمەيتتى . شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزۈمنى خۇددى ئىغاڭلاپ تۇرغان كىمە قازنىقىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم . ئازراق ئاۋارىچىلىقتىن كېيىن تۈزۈكرەك يەرگە بىر ھەربىي كارۋاتنى قويدۇق ، چۈنكى ئۇ بىردىنبىر ئولتۇرغىلى ، ياتقىلى بولىدىغان ئورۇن ئىدى . بىراق ، دەم ئېلىش ئارىلىقىدا ئاغرىقلارغا قارشىم كېرەك ئىدى . رام سىڭ ۋە ئاجابخان ئىككىسى بىر ــ بىرىگە يېقىن يۆلىنىپ تۇگۇلۇپ كەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ كىچىك چېدىرىدا قاتتىق ئاغرىق ۋە يۆتەلگەنلىك ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . چېدىرنىڭ سىرتىدا مېنىڭ قاۋۇل خۇنزالىق ھەمراھلىرىم سوغۇق ۋە قارلىق بورانلاردىن قورقماي ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۆلۈپ بېرىلگەن چوڭ قوينىڭ پاچىقىدىن ھوزۇرلىنىشۋاتاتتى . مەن ئازراق تاماقلانغاندىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتىم ، بۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە ــ پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى ، كىچىك قەبىلىنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە باتۇرلۇقى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتامدۇ ياكى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان پامىر تەمىنلىگەن قولغا ۋە قويغا ئىگە بولغان ئورۇن توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتامدۇ ، بۇلارنى ئۇقالمىدىم .

كېچىدە قاتتىق بوران ھۇشقىرتاتتى ، قار ئۇچقۇنلىرى لەپىلدەيتتى ، قار دۆۋىلىرىنىڭ كۆچۈپ يامبۇلاق مۇزلۇقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تىك يارغا چۈشكەن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى مېنى پات ــ پات ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋېتەتتى . ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئويغانغىنىمدا ، يەرنى 2 ئىنگلىز دىيۇيم قېلىنلىقتىكى يېڭى قار قاپلىغانىدى ، ئاسماندا يەنىلا بۇلۇت بار ئىدى . سەۋرچانلىق بىلەن ھاۋانىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈشتىن باشقا قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى . قارىغاندا ھاۋادا ئۆزگىرىش بولمايدىغاندەك قىلاتتى ، مۇز توڭلاش نۇقتىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدا ئىزچىل تۇرۇش ماڭا چۈشكۈن قىلغان ئورۇننىڭ ئۇچۇقچىلىقتىكى بەكمۇ ناچار جايدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى . چۈش بولغاندا ئانچە سوغۇق بولمايدىغان

جايغا يۆتكولۇشكە خوش ياقماستىن بۇيرۇق قىلدىم.
7 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى كۈن قارايغاندا، مەن يەنە بىر قېتىم يامبۇلاق جىلغىسىدىكى چېدىرلىرىمنى تىكىپ ئورۇنلاشتىم. ئەتىسى، رام سىڭ بىلەن مۇزتاغ ئاتا چوققىسىدىن شىمالغا كەتكەن كەمپار قىشلاق (Kampar Kishlak) مۇزلۇقىنىڭ شامالدا (Shamalda) دەپ ئاتىلىدىغان تۆپىلىكىدە ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرى بىلەن بەنت بولدۇم. كۈچلۈك سوغۇق شامال ھەممە تەرەپتىن ئۇرۇلۇپ كېلىپ، بۇلۇت ـ تۇمانلارنى ھېلى ئۇڭغا، ھېلى سولغا ھەيدەپ، تاغ قاپتىلىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئوراپ تۇراتتى. مۇنداق شارائىتتا ئوپتىكىلىق تېئودولىت بىلەن خىزمەت قىلىشقا بەكمۇ كۈچ كېتەتتى، بىراق قىسقا ۋاقىتلىق پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارشى تەرەپتىكى تاغ تىزمىلىرى ۋە تار جىلغىلار مەنزىرىسىنى سىزىۋالدىم. بۇ مەنزىرىلەرنى دېڭىز يۈزىدىن 14 مىڭ 570 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتە ئېنىق ۋە روشەن كۆرگىنىمدە، ئالدىمدا بىر پارچە سترېئولۇق خەرىتە نامايان بولدى. ئوخشاشلا ئۈچ بۇرجەكلىك ئۆلچەشمۇ قارا كۆلنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىغا سوزۇلدى. قاقاس، شامالغا يۈزلىنىپ تۇرغان تاغ تۆپىلىكىدە نەچچە سائەتلىك ئۇزاق مۇشەققەتلىك خىزمەتتىن كېيىن، ھاياجانلانغان ھالدا تاغدىن ئالدىراپ ـ تېنەپ چۈشكۈنۈمگە كەلدىم. بۇ ۋاقىتتىكى چۈشكۈن قارا كۆلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كونا جايغا يۆتكەلگەنلىكتىن، ئۇ يەردە ئون ئېتى بار بىر كىرا ئەترىتى مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ كەتتىم. بۇنى ماكارتنېي ئەپەندى مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ترانسپورت ھاجىتىمنى ناھايىتى ئەتراپلىق پەرەز قىلىپ قەشقەردىن ئەۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ياۋروپادىن سالغان بىر پوسولكىدا ئۆيدىكىلەر يازغان خەتمۇ بار ئىدى.
7 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى، ھاۋا تۇيۇقسىز ئېچىلىپ كەتتى. چېدىرنىڭ ئىچىدە تىنچ خىزمەت قىلغان ۋە دەم ئالغان بۇ كۈندە، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يايرىتاتتى. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى مۇزلۇق بىلەن قاپلانغان، خەرىتىمىزدە «قو-

ڭۇر » ( Kongur ) دەپ بەلگە سىلىنغان ، ئانچە بەك نامىمۇ يوق كاتتا تاغ تىزمىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىدىمۇ بولۇت ۋە تۇمانلار خېلى بىر هازادىن كېيىن تارقاپ كەتتى ، مۇزلۇق ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قوڭۇر تۆپە ( Kongur — dobe ) ۋە كۆكسەل ( Koksel ) تاغ چوققىسى ئۈچ بولۇڭلۇق تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئايرىم هالدا 23 مىڭ 600 ۋە 23 مىڭ 470 ئىنگلىز مىلى ئىدى ، بىر – بىرىدىن قىلىشمايدىغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ يېقىندا ئېنىقلانغان ئېگىزلىكى 24 مىڭ 321 ئىنگلىز مىلى بولۇپ ، مەن ئوخشاشلا خۇشاللىق بىلەن قەشقەرلىك كىراكەشلەردىن « مۇز تاغلارنىڭ ئاتىسى » دەپ ئاتال-غان تاغ تىزمىسىدىن جەنۇب تەرەپكە ئايرىلىپ كەتكەن تاغ قىرىدىكى تاغ ئېغىزىدىن ، يەنى مەشھۇر قارا تاش ( Kara — tash ) تاغ ئېغىزىدىن ئۆ-تۈشكە مەجبۇر بولمايدىغانلىقىمنى بىلدىم . بۇ جاپالىق يولنىڭ ئورنىغا ئال-ماشقىنى تار گەز جىلغىسى بولۇپ ، يامانيار ( Yaman Yar ) دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەن مەزگىلدە تەۋەككۇل قىلغىلى بولمىسىمۇ ، ئاڭلاشقا قارى-غاندا ئۆتكىلى بولىدىكەن .

## يەتتىنچى باب

# گەز جىلغىسىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بېرىش

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەتىگەندە، مەن شىمال تەرەپتىكى قەشقەرگە بېرىش تەييارلىقىنى قىلدىم. رام سىڭ بىر كىچىك چېدىرنى ئېلىپ شەرقىي شىمال تەرەپتىكى قارا تاش ئېغىزىغا ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ھەپتىدىن كېيىن كەينىمدىن قەشقەرگە بارماقچى بولدى. ئويلىمىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ياكى جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئارىلىشىپ تەكشىلىك ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتى نەتىجىسىنىڭ يۇقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، رام سىڭنىڭ خەرىتىلىرىنى سۈرەتكە ئېلىۋالدىم. ئاجابخان ۋە ئىككى خۇنزالىق ئىشتىن بوشىتىلىپ ئۆيىگە قايتۇرۇلدى، ئۇلار يات ئارىدا ئۆزلىرىنىڭ تاغلىق رايونغا قايتىدىغانلىقىدىن ۋە ئەمگىكى ئۈچۈن بېرىلگەن نۇرغۇن رۇپىيىنى قولىغا ئالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. كەرىم شاھ بەگ ئەسلى ئالتە ئاتار تاپانچە ئېلىپ «خاتىرە» قىلىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن يەنىلا نەق پۇل بېرىشنى لايىق كۆردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىششىتىن بۇرۇن رازىمەنلىك بىلەن سارىقولدىن بۇ يەرگە ئەكېلىپ بېرىلگەن ھىندىستان پوچتىسىدىن ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ئالتە ھەپتە بۇرۇن دەسلەپكى تەجرىبىدىن بوشلۇقلارنى بايقىغاندىن كېيىن، گىلگىت ئارقىلىق لاھوردىن پوچتا بىلەن ئالدۇرغان ئەسلىھەلىرىم ئىدى. يۈك ـ تاقلار بولۇڭكۆلگە ماڭغۇزۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سارىقولنىڭ دەل غەربىدىكى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1500 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يالغۇز تاغدا ئوپتىكىلىق تئودولىت بىلەن ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇردۇم. كۆك تۇمشۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

) Kök — tumshuk ( تـاغ چـوققىسىدا كۆكۆلدىكىدەك مەنزىرىنىڭ پۈ-
تۈن قىياپىتىنى تولۇق تاماشا قىلدىم ، ئاستىمدىكى كۆل يۈزىدە زۇمرەت-
تـەك كۆل سۈيى پارقىراپ تۇراتتى . شىمال تەرەپتىكى تىنچ تاغدا كى-
چىك باسىق كۆل ) Basik Köl ( بولۇپ ، كۆل سۈيى ياپىيېشىل ئىدى ،
ئىللىق ۋە يورۇق قۇياش نۇرىدا ، مۇزلۇق ئازگال ۋە پارچە تاش قىيالار
ئارىلىشىپ قەدىمىي ، قاقاس مۇز دۆمبەللىرى ئانچە قاقاس ، بۇرۇقتۇرما
كۆرۈنمەيتتى . چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئەڭ ئاخىرقى نىگاتىپۇنى
تـارتىپ بولۇپ ئالدىراپ تاغدىن چۈشۈپ ، قارا كۆلدىن ئېقىپ چىققان
سۈزۈك كىچىك ئېقىن بويىغا كەلدىم . يەنە تۆۋەنكى باسىق كۆلنىڭ
شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ ئالــدىغا مېــڭىپ بىرىنــچى قېتىم كارپات
) Karpathian ( تېغىدا دېڭىزنىڭ كۆزى دەپ ئاتىسا بولىدىغان كىچىك
كۆلنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان يېرىنى بايقىدىم . ياز كۈنىنىڭ
چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتى ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرەتتى ، كۆلنىڭ
شەرقىي قىرغىقىدىكى ياپىيېشىل تار ئۆزۈنچاق ئوتلاقتا ئادەمنىڭ راھەتلى-
نىپ بىر يېتىۋالغۇسى كېلەتتى . بىراق ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان
جايدىن قىيالمىغان هالدا ئايرىلدىم .

جىلغا تېگىدىكى تۆۋەنلىگەن شېغىل تاش قاتلىمىدىن داۋاملىق
ئىلگىرىلىدىم ، كەينىمدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بارغانسېرى كىچىك-
لىدى . غايەت زور مۇزلۇقتىن ئاققان ئېككىبەل سۇ شەرقتىن جەنۇبتىكى
دەرياغا قۇيۇلۇپ دەريا سۈيى بىردىنلا ئۆرلەپ ، شېغىل تاشلىق دەريا
تـېگى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى . قارا كۆلگە تەخمىنەن 4 ئىنگلىز
مىلى كېلىدىغان جايدا ، دەريا سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4 ~ 5 ئىنگلىز
مىلىغا يەتكەنىدى ، مەن خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ بۇ يەردىن ئاران
ئۆتەلىدىم . قالغان مۇساپىنى نۆۋەت بىلەن قىيپاش كەتكەن ھەيۋەتلىك
مۇزلۇق ئالدىدا سوزۇلۇپ كەتكەن تاشلىق « تىندۇرما قانتى » ئۈستىدە
ۋە تىك شېغىللىق دەريا قىرىدىكى ھەممە يەردە ياۋا ئوت قويۇق ئۆسكەن
تار جايدا ماڭدىم . ئۆسۈملۈك تۈرى ئاز ـ كۆپ بولسۇن ، قارا كۆل
ئەتراپلىرىغا ئوخشىشىپ قالاتتى ، بىراق چەت ، يۇشۇرۇن بولۇك ـ

پۇشقاقلاردا ئۆسكەنلىكتىن ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ پۇرىقى ئۆتكۈررەك ئىدى .

چۈشتىن كېيىن سائەت سەككىزگە ئاز قالغاندا ، بۇلۇڭكۆلدىكى جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىغا يېقىن جايدا چېدىر تىكتىم . بۇ بىر سازلىق جاي بولۇپ ، پارچە ـ پارچە ئوتلاق ئوتتۇرىسىدا بىر ئەگرى كەتــكەن دەريا بار ئىدى . بۇ يەردىــكى قوشۇن مىنىڭــچە يېقىنــدىكى رەڭــكۆل ( Rang — kul ) ھەمدە رۇسىيىنىڭ پامىرغا تۇتىشىدىغان رايونىدىكى تاغ ئېغىزىنى ساقلىسا كېرەك . ئىگە بولغان خەۋىرىمگە قارىغاندا ، ئۇ مېنىڭ ساياھىتىمگە ياردەم بېرىشنى قىلچىمۇ خالىمايدىكەن ، بىراق يەنىلا يېقىلغۇ ۋە بىر قوينى سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ كەلدىم . تاشقورغاندىكى ۋاقتىمدىلا بەزىلەر ماڭا ئوسمان بەگنى تونۇشتۇرغانىدى ، يېقىن ئەتراپ-تىكى قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق يېرىدە خېلى تەسىرى بار بۇ ئاقساقال تەڭ كېچىدە كېلىپ مەخپىي يوقلاشنى تېخىمۇ مۇۋاپىق ھېس قىلسا كېرەك . ئەتىسى ئەتىگەندە ، باشلىقنىڭ پوزىتسىيىسى ئاپئاشكارا بول-دى . مېنىڭ بىر قىسىم يۈكلىرىمنى قارا كۆلدىن ئېلىپ كەلگەن كەرىم شاھ بەگنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرى بىلەن كېچىدە غايىب بولدى . قەشقەر ئەۋەتــكەن بەش ھايۋانغا تايىنىپ ( قالغان قىسمىنى رام سىڭغا قالدۇرغا-نىدىم ) ئالدىغا مېڭىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . باشلىقنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتسەم ، قوپال ، ئەدەبسىز جاۋابتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەل-مەپتۇ . ئالغا ئىلگىرىلەشتە پۈتۈنلەي ئۆزۈم ئامال تاپمىسام بولمىدى ، دوكتور سۋېن ھېدىننى ئېسىمگە ئالدىم . ئۇنىڭ بۇلۇڭكۆلدىكى قىسمىتى ھازىرقىدىنمۇ يامان ئىدى ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بۇ يەردە خىزمەت ئۆتەپ كەلگەن جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۆ-زۈمگە تەسەللى بەردىم . بەختىمگە يارىشا باشلىق ئانچە جاھىللىق قىل-مىدى ، ئانچە كۆپ سەرىپ قىلماي ئۇنىڭ تەرجىمانىنى گەپكە كىر-گۈزدۈم ، كېرەكلىك ھايۋان بىلەن تەمىنلىسە ئۇنىڭغا پايدا بېرىشكە بې-شارەت بەردىم . ئۇ مېنىڭ بېشارىتىمنى قوبۇل قىلىپ ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە ئۆتەڭنىڭ ئاتلىرىنى ھەمدە مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىرغىزلارنىڭ چارۋىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ترانسپورت ھاجىتىمنى قاندۇردى . جۇڭگو « چازابېگى » نىڭ ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدارى پايدىنى ئالغاندىن كېيىن ، باشلىقنىڭ نامىدا تاغ جىلغىسىنىڭ ئاستىدىكى تېخىمۇ يىراق قاراۋۇلخانىغا مېنى چارۋىلار بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرۇق چۈشۈردى . كىچىك ساياھەت ئەترىتىم پۈتۈنلەي يولغا چىققاندا ، قەستەن بېرىپ باشلىق ماڭا سوۋغا قىلغان ، قارشى ئېلىنمىغان قوينى قايتۇرۇپ بەردىم ، شۇ يەردىكى قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەرىكەتنىڭ مەنىسىدىن خۇشال بولۇشتى .

ھاۋا يەنە سوۋۇپ ۋە تۇتۇلۇپ خۇددى قىشقا ئوخشاپ كەتتى . تاغ تىزمىسىنى ئورىغان قارا بۇلۇت تاغ ئېتىكىگىچە چۈشكەن بولۇپ ، كەڭ تاغ جىلغىسى قارىماققا كۈز ۋاقتىدىكى دېمىق دالاغا ئوخشايتتى ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن دەريا بولۇڭكۆلدىن ئۆتۈپ ئۇ تەرەپتە نەچچە تارماق ئېقىنغا بۆلۈنگەنىدى . بولۇڭكۆلنىڭ شىمالىدىكى تەخمىنەن 5 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى جايدا كەڭ مۇزلۇق سۈيى جىددىي بۇرۇلۇپ شەرق تەرەپكە تارىيىپ ئېقىپ تار ئۇزۇن گەز جىلغىسىغا كىرەتتى . ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئون نەچچە جۇڭگو ئەسكىرى تۇرۇشلۇق تۆت چاسا تام بىلەن ئورالغان تەنھا قاراۋۇلخانا بار ئىدى . بۈگۈنكى قالغان مۇساپىدە ئوڭ قىرغاقتىن ماڭدۇق . چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىمدە ، بىز جىلغىدىكى جاڭگۇرۇق ( Janguruk ) دەپ ئاتالغان بەكمۇ خەتەرلىك ھالاكەت يولىدىن ئۆتتۇق ، ئاساسىي تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە نەچچە مىڭ ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتىكى قوپال تاشلارنىڭ ھەربىسمان يېرىق بوشلۇقى تىك چۈشكەنىدى . يول ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىرتقى قىسمىنى بويلاپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن كارىدور بولۇپ ، خىيالىمدىكى ھەقىقىي بىر خۇنزا ئاسما يولىغا ئوخشايتتى . پەقەت مۇشۇ ئورۇندىكى يوللارنىڭ ياسىلىشى ياخشى بولۇپ ، يول يۈزى ئاز دېگەندە 4 ئىنگلىز مىلى كەڭلىكتە ئىدى . ئېگىز تاغ قىيالىرى ئارىسىدىكى بۇ قىيىن يولدا مېڭىۋاتقاندا ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاچقا ، دەريا بويىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان تۈز يەرنى تاپقىنىمىزدا دەرھال

توختاپ چېدىر تىكتۇق . مەن شەرققە ماڭغاندا يەنە ئوخشمايدىغان يوللارنىڭ مېنى كۆتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدىم . بۇ كېچە مۇشۇنداق ئېگىزلىككە قارىتا ئېيتقاندا ئىللىق دېيىشكە بولاتتى .

25 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، بىز چۈشكۈننىڭ ئازاراق تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىلەگورۇم ( Ilegorum ) دەپ ئاتالغان جايدىن دولقۇنلاپ تۇرغان دەريانىڭ سول قىرغىقىغا باردۇق . غايەت زور تاش قىيا ئارىسىغا قىسىلغان دەريانىڭ بۇ يەردىكى كەڭلىكى تەخمىنەن 45 ئىنگلىز ملى كېلەتتى . 6 ئىنگلىز ملى كەڭلىكتىكى بىر ياغاچ كۆۋرۈك چوڭقۇرلۇق ئۈستىدە ئارتىلىپ تۇراتتى . مېنىڭچە ، ئۇ جۇڭگو بىناكارلىقىدىكى تىلغا ئالغىلى بولىدىغان كۆۋرۈك نۇسخىسى بولسا كېرەك . كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپى سېرىق سىردا سىرلانغان مەزمۇت رىشاتكا بىلەن توسۇلغانىدى . دەريانىڭ قارشى قىرغىقىنىڭ تۆۋىنىدىكى تەخمىنەن 1 ئىنگلىز ملى يىراقلىقتىكى جايى ئادەم ۋە چارۋا ئۆتەلمەيدىغان تىك تاش قىيا ئىدى . بىز يەنە تەخمىنەن 3 ئىنگلىز ملى مېڭىپ ، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆۋرۈكتىن دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئۆتتۇق ، قىيپاش تاغ جىلغىسىدىن جەنۇبقا ئاققان شىددەتلىك مۇزلۇق ئېقىنىدىكى كۆۋرۈك ئاللىقاچان ئېقىتىلىپ كەتكەنىدى . ئۇنداق بولمىغان بولسا ، بىزنىڭ مۇشۇ يەردىن داۋاملىق تۆۋەنگە ماڭىدىغان مۇساپىمىز ئانچە تەس بولمىغان بولاتتى . ئېقىندىن كېچىپ ئۆتكىلى بولمايتتى ، شۇڭا ئۈستىگە تەخمىنەن 3 ئىنگلىز ملى يامىشىپ چىقىپ غايەت زور كۆكسەل مۇزلۇقى ئۈستىدىكى ئېقىن بېشىغا بېرىشقا توغرا كەلدى . بۇ بىر مۇشەققەتلىك ئەگرى ـ بۈگرى يول ئىدى ، چۈنكى پۈتكۈل تاغ جىلغىسى چوڭ مۇزلۇق بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ئەڭ ئاخىردا مۇزلۇقنىڭ ھازىرقى قۇيرۇق قىسمىغا كەلگەن ۋاقتىتا ، بىز خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ ئاتلارنى دەريا يۈزىدىن ئاز دېگەندە 150 ئىنگلىز ملى ئېگىزلىكتىكى دەريا بويىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇز پارچىلىرىنىڭ ئۈستىگە تارتىپ چىقاردۇق . بەختكە يارىشا ئۈستىنى قېلىن بىر قەۋەت مۇزلۇق قار ۋە تاش قاپلاپ تۇرغانىكەن ، بىز يېرىم سائەت ئىچىدە بىرىنچى ئاتنى بىخەتەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈۋالدۇق . شەرق تەرەپتىكى مۇز دۆمبەللىرىدىن مۇزلۇقنىڭ تاغ جىلغىسىدا نەچچە يول توسۇلۇپ ، بۆلۈنلار ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغ چوقا تۆپىلىكىگىچە بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى ، كېيىنكى ئۆلچەش ـ سىزىش بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىسى مۇزلۇق كۆكسەل ياكى سارغولۇق ( Sargolok ) چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ( 23 مىڭ 470 ئىنگلىز مىلى ) پۈتۈنلەي بىردەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . ئۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا مۇز تاغ چوققىسىنىڭ شىما-لىدىكى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ، غايەت زور تۈز تاغ گەۋدىسىنى قەشقەردىمۇ كۆرگىلى بولاتتى .

بۇ بۆلەك ئەگرى يول بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى ئالدى . چۈشتىن كېيىن گەز كىچىك قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ بارغاندا خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى . قاراۋۇلخانىنىڭ ئىسمى تاغ جىلغىسىنىڭ نامىدىن كەلگەنىدى . بۇ يەردە يېڭى چارۋا تولۇقلاشقا توغرا كېلەتتى ، ئەمما ئۇلار چارۋىلار ئوتلاقتىن بۇ يەرگە تېخى كەلمىدى ، دېيىشتى . شۇڭا ، بىز ئاجايىپ ـ غارايىپ تاشلار ئورماندەك تىكلىنىپ كەتكەن دەريا بو-يىدا چېدىرىمىزنى تىكتۇق . كېچىدە چاڭ ـ تۇزانلىق بوران چىقتى ، بۇ يەردە دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 8000 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتە بولسىمۇ ، ھاۋا يەنىلا دىمىق بىلىنەتتى . 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، مەن ئويغانغاندىن كېيىن بىرىلمەكچى بولغان ئاتلارنىڭ يەنىلا يېتىپ كەلمە-گەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلۇڭكۆلدىن كەلگەنلەر ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى . تېخىمۇ يامان بولغىنى ، پوچتا ئۆتىڭىدىكى جۇڭگو پوچتا خەت ـ چەكلىرىنى ئەكىلىپ بېرىدىغان قىرغىزمۇ سەۋەبسىز يوقالغانىدى .

گاڭگىرىغان ھالدا ھاۋا تۇتۇق بۇ قاقاس جايدا توسۇلۇپ قالغان-لىقىمدىن تۆت ئەتراپتىكى مەنزىرىنى كۆرۈشكىمۇ كۆڭلۈم تارتمىدى ، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ئۇزۇن كۆتۈش چىدامىلىقىمنى ئازابلىق ھالدا سىناۋاتاتتى . قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ قاقاس تاشلىق ۋە قوملۇق يەر ئارىسىدىكى ئىسسىق ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . مەن

قارا كۆلدە ياللىۋالغان قىرغىز ساتىۋالدىنى كۆكسەلىنىڭ ئۈستى تەرىپى-
دىكى چارۋىچىلار يېنىغا ئەۋەتتىم ، ئەمما مەن ئۇ يەردىن كېلىدىغان
ياردەمنىڭ كۆپ قارايغاندىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم .
چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە تۆت ئاتلىق كارۋاننى كۆرۈپ ، كۆڭ-
لۈم خېلى تىندى . مەن ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ كېلىۋاتقان. ساياھەتچى
بىلەن قارا كۆلدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا كۆرۈشكەنىدىم . بىر قاتار چۈ-
شەندۈرۈش ۋە پايدا بىلەن قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ، ئۇلارنى ماللىرىنى
چۈشۈرۈۋېتىپ ، بىزنى ۋە يۈك - تاقلارنى تۆۋەنكى پوچتا ئۆتەڭگى —
قورۇق قورغان ( Kauruk Kurghan ) غا ئاپىرىشىپ بېرىشكە ئۇناتتىم .
ئېغىر يۈكلەرنى قايتىدىن رەتلەپ چىققاندىن كېيىن ، ھەممىمىز ئەگە-
شىپ پىيادە ماڭدۇق ، قۇربان بېرىش ئانچە چوڭ بولمىدى . چۈنكى ،
تاغ جىلغىسىدىن چۈشىدىغان 10 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتىكى يولنى ئىنتا-
يىن ياخشى باسقىلى بولاتتى . تاغ جىلغىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ
مەنزىرىمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى ، مەنزىرىسى سۈرەتتەك كىچىك توپا تۆ-
پىلىك كۆك موينىاق ( Kök — moinak ) تا قايتا ئەگىپ دەريانىڭ ئوڭ
قىرغىقىغا ئۆتتۇق ، ئالدى بىلەن كۆزگە تاشلانغان تېرىلغۇ مېنى بەكمۇ
ھاياجانغا سالدى . قورۇق قورغاندا ئېرىشكەن مۇئامىلە گەزدىكى كە-
چۈرمىشىمىز بىلەن ھەقىقەتەن سېلىشتۇرما بولدى . قىرغىز پوچتا ئۆتەڭ
خادىملىرى ئۆزگىچە كىيىم بىلەن مېنى كۈتۈۋالدى . ئۇنىڭ ئىچىدە
رەڭگى چىرايلىق قېلىن يەكتەك كىيگەن ، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغاي-
دىغان بىر قىسىم ياشانغانلارمۇ بار ئىدى . بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى
ئىككى كۈنلۈك جاپالىق مۇساپىمىزگە كېرەكلىك بارلىق ئاتلار تەييارلى-
نىپ تەق قىلىنغانىدى ، يەنە بىزگە قىينچىلىق كۆپ كىچىك يولدا
چارۋىلارغا قارىشىپ بېرىدىغان بىر نەچچە كىشىنى قوشۇپ ئەۋەتكە-
نىدى . قورۇق قورغان گەزگە قارىغاندا سالقىنراق بولۇپ ، ھاۋاسى نەم
ئىدى . گۈزەل كېچىدە چۈشكۈنىنىڭ ئەتراپىدىكى قويۇق ئۆسكەن چۆل
رەيھانلىرىنىڭ پۇرىقى روھىي كەيپىمىزنى ئۇرغۇتتى .

قورۇق قورغاننىڭ تۆۋىنىدىكى تۈزلەڭلىككە تۇتىشىدىغان يول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەريا جىلغىسىنىڭ ئاستى تەرىپى بىلەن كېتەتتى ، يازلىق كەلكۈن بۇ يولنى بېسىۋالغانلىقتىن مېڭىشقا بولمايتتى . شۇڭا ، قاتناش تاغ تىزمە-سىدىن ئۆتىدىغان ئەگرى ــ بۈگرى كىچىك يول ، يەنى مەشھۇر توققۇز داۋان ( Tokuz Dawan ) ئارقىلىق بولاتتى . ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى تاغ ئېغىزى قارا كۆلنىڭ نەچچە ئىنگلىز ملى تۆۋەندىكى بىر تىك تاغ تۇمشۇقىدا ئىدى . تاغنىڭ شىمالى قويۇق چاتقاللىق بىلەن قاپلانغان بو-لۇپ ، بۇ ماڭا ھىندى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بۇنېر ( Buner ) ۋە ھازار ( Hazara ) دا كۆرگەن مەنزىرىنى ئەسكە ئالدۇردى . تاغ ئېغى-زىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر ئاجايىپ خۇشاللىق مېنى كۈتۈپ تۇراتتى . چىغىر يول ئويلىمىغان يەردىن دەل ــ دەرەخ ۋە كىچىك مۇنبەت سۇلۇق يەردىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چوققىلار ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەت-كەن جىلغىغا سوزۇلغان بولۇپ ، ئېگىزلىكى 9000 ئىنگلىز مىلىدىن يۇ-قىرى ئىدى . گەز جىلغىسىنىڭ قاقاس تاشلىق ساھىلىدىن كېيىن ، قورۇق بەل ( Kauruk Bel ) بىر پارچە ھەقىقىي بوستانلىقتەك كۆرۈ-نەتتى ھەمدە ئۇنى ئازادە « تاغ پونكىتى » بولۇشقا مۇۋاپىق ئورۇن ، دەپ قىياس قىلىشقا بولاتتى . ئەپسۇسكى ، ئەمەلىيەتتە ئىچكىرىلەپ كى-رىپ كەتكەن جىلغىدا قىلچىمۇ سۇ مەنبەسى يوق ئىدى .

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە نەچچە ئىنگلىز ملى ماڭغاندا ، شەرقىي شى-مالغا قايرىلىدىغان تار يان جىلغىغا بارغىلى بولاتتى . بۇ ۋاقىتتىكى مەن-زىرىدە ئۆزگىرىش بەك چوڭ ئىدى ، جىلغا تېگىنىڭ ھەممە يېرىدە دې-گۈدەك شېغىل تاش بولۇپ ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئاز راقمۇ ئىزناسى يوق ئىدى . ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي قاقاس قىزىل رەڭدىكى تاشلىق بول-غاچقا ، كۈچلۈك ھاۋا شارائىتىنىڭ تەسىرىدە ھەممىسى دېگۈدەك خىلمۇ خىل شەكىلدە ئىدى . بىر كىچىك قۇرام تاش ئۈستىدە مۇزدەك سۈزۈك بۇلاق سۈيى تۆۋەندىكى تاش ئۈستىگە تامچىپ چۈشۈپ قۇملۇققا سىڭىپ غايىب بولاتتى . بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان ئۇلارلىق ( Ularlik ) جىلغىسىنىڭ كەينىدە جىلغا تارىيىپ تار بىر ئاراچقا ئايلانغانىدى . كەڭلىكى 8 ~ 10 ئىنگلىز ملى ئەتراپىدا بولۇپ ، ئۆتۈش مۇمكىن بول-

مايدىغان تىك قىيا بىلەن توسۇلغانىدى . ئۇنىڭ تېگىدىكى غايەت زور
تاش بەكمۇ تىك بولغاچقا ، ئېغىر يۈك ئارتىلغان چارۋىلار چىقىشقا ئا-
مالسىز قالدى . شۇڭا ، ھەممە يۈكنى چۈشۈرۈپ يۈدۈپ بىر مەھەل ئا-
رىلىقتا مېڭىشىمىزغا توغرا كەلدى . بىز دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ 500
ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتە يېقىن تۇتاش تاغلارنى ئايلىنىپ مېڭىپ ، ئەڭ
ئاخىرىدا قۇش قىشلاق ( Khush —kishlak ) جىلغىسىنىڭ ئالدىنقى
قىسمىغا باردۇق . مۇرەككەپ ، قالايمىقان تاغ توپى ئىچىدە مۇشۇ يەر-
دىلا بۇلاق سۈيى توختىماي ئېقىپ تۇرغاچقا ، بۇ يەردە كۆپرەك ئارام
ئالغىلى بولاتتى . قاقاس تاش قىيانىڭ ئارىسىدا تۆۋەنگە قاراپ تەخمىنەن
3 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ، شېغىل تاشلار قاپلاپ كەتكەن تۇ-
تۇق ، قاقاس كۆرۈنىدىغان بىر جايغا كەلدۇق . بۇ يەردە سۈزۈك ، تات-
لىق بۇلاق سۈيى بولۇپ ، ئۇزاق مۇددەتلىك يامشىپ چىقىشتىن قۇرۇپ
كەتكەن ئادەم ۋە چارۋا ئېغىزلىرى ئۇنىڭ سۇ ئاتا قىلغىنىغا چەكسىز
مىننەتدار بولدى .

7 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىكى مۇساپىدە ، تۆۋەنگە ئىلگىرىلەپ
گەز جىلغىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تاشمىلىق ( Tashmilik ) چوڭ
بوستانلىقنىڭ تۈزلەڭ يېرىگە كىردىم . بۇ ئەسلىدە ئىككى كۈنلۈك مۇ-
ساپە ئىدى . ئەتىگەن يولغا چىققانلىقىمىز ئۈچۈن ، بىر كۈندە يېتىپ
كېلەلىدۇق . مەيىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان ھاۋا بەكمۇ ساپ ئىدى ، ئە-
تىگەننىڭ ساپ ھاۋاسىدا تۆۋەنكى تاغ ئېغىزى ئاقتىكەن بەل
( Aktiken — Bel ) ئۈستىگە يېتىپ بارغىنىمىزدا ، كىشىنى خۇشال قى-
لىدىغان يىراقتىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدىم . غەربكە سوزۇلغان مۇز-
تاغ ئاتا چوققىسى بىلەن گەز تۈزلەڭلىكى ئارىسىدىكى ھەيۋەتلىك مۇز-
لۇق چوققىلىرى ئىچىدىكى پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان سارغۇلۇق بى-
گىزسىمان تاغ چوققىلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتاتتى .
شەرقتىكى تۈزلەڭلىكتە يىراقتىنلا يېڭىسار ( Yangi-Hissar ) ، ئوپال
( Opal ) ، تاشمىلىق بوستانلىقىنى ئوراپ تۇرغان يېشىل سۇغىرىش را-
يونىنى كۆرگىلى بولاتتى . تۈزلەڭلىكنىڭ ئوپئوق سىزىقى ئۈستىنى نېپىز

چاڭ ـ تۇمان قاپلاپ تۇرغان بولۇپ ، كىشىگە يىراقتىكى كۆز يەتمەس چۆللۈكنى ئەسلىتەتتى . بۇ بىپايان ، يېقىملىق ئۆزگىرىشچان مەنزىرە قەلبىمدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى . مەن سارراي بەل ( Sarrai Bel ) ، توپۇلۇق بەل ( Topolu Bel ) تاغ ئېغىزلىرىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتـكەن نەچچە سائەت ئىچىدە ، بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدا يەنىلا نامايان بو- لۇپ تۇردى . بۇ تاغ ئېغىزلىرى ئارىسىدىكى تاغ جىلغىلىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىغاچقا ، ئاسانلا ئۆتتۇم . ئەڭ ئاخىرقى روشەن يانتۇ داۋان — قىزىل جىلغا ( Kizil Jilga ) غا كىردىم ، ئۇنىڭ تۆت ئەترا- پىنى ئوراپ تۇرغان قىزىل قوڭۇر رەڭدىكى تاغ تىزمىسى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىدى . جىلغىدىكى بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كىچىك ئېقىننىڭ قۇرۇق قىنىدا 6 ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلەپ ، ئەڭ ئا- خىرىدا گەز دەريا قىشىغا يېتىپ باردۇق . دەرياسى سۈيى ئېقىپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، دەريا قىنى 1 ئىنگلىز مىلى كەڭلىككە يېيىلغان ، دەريا قىنىنى شېغىل تاشلار قاپلىغان بولۇپ ، دەريا سۈيى نۇرغۇن كىـچىك ئېقىنغا بۆلۈنۈپ بارغانسېرى تېز ئاقاتتى .

دەريا قىرغىقىدىكى يول 1.5 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىلا ئىدى ، ئارقىدىكىسى تىك بىر شېغىل تاشلىق تۆپىلىك بولۇپ ، دەريا سۈيى تۆپىلىك ئېتىكىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . بىز ئامالسىز ئەگرى ـ توقاي جىلغىدا قايتىدىن ئايلىنىپ ئىلگىرىلىدۇق . تۇتۇقچىلىقتىكى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 38 ( سېلسىيە 28 گرادۇس ) گرادۇس بولسىمۇ ، شامالسىز داۋاندا ئادەم ناھايىتى دىمىق ئىسسىق ھېس قىلاتتى . جىلغىنىڭ ئا- خىرقى بۆلىكى بولۇڭ گرادۇسى 30 گرادۇستىن ئېشىپ كەتكەن ئىنتايىن تىك داۋان بولۇپ ، ئاتلاردىكى يۈك ـ تاقلار چۈشۈرۈۋېتىلگەن بول- سىمۇ ، ئۈستىگە چىقماق ناھايىتى تەس بولدى . شېغىللىق داۋان ( Shagildil — Dawan ) دىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنە بىر ئاساسلىق تاغ جىلغىسىغا ئۆتىدىغان داۋان بار ئىدى ، بىراق ئۇزۇن ماڭماي يەنە بىر تىك داۋاندا توسۇلۇپ قالدۇق . بۇ ۋاقىتتا ، مەن قىزغىنلىق بىلەن ئۈمىد قىلغان كەڭ ۋە تەپتەكشى تۈزلەڭلىكنىڭ ئورنىدا كۆرۈنگىنى ئەڭ

ئاخىرقى بىر بۆلەك قاقاس شېغىل تاشلىق تۇتاش تاغلار ئارىسىغا سو-
زۇلۇپ كىرىپ كەتكەن ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يول بولدى ، قارا
كۆلدىن بۇ يەرگىچە مېڭىپ كەلگەن ئاتلا ھارغىنلىقتىن بىر ـ بىرلەپ
يېتىۋېلىشقا باشلىدى ، بەختكە يارىشا كەۋرۈك قورغانلىق يول باشلىغۇ-
چىلار ئالماشتۇرۇۋېلىشقا چارۋىلارنى تەييارلاشقا باشلىدى . مۇشەققەت
بىلەن ئېگىزگە 2000 ئىنگلىز مىلى يامىشىپ چىققاندىن كېيىن ، ئەڭ
ئاخىرقى توسالغۇ يامالا ( Yamala ) ياكى كەپەك ( Kepek ) ئېغىزىدىنمۇ
ئۆتـۈپ كەتتۇق . قوشۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ ، كۆن قارىيىشتىن بۇرۇن
تاشمىلىققا بېرىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدىم . ئاخىر چۈشتىن كېيىن
سائەت ئالتە يېرىمدە ، تۈزلەڭلىككە يېقىن جايدىكى يەرنىڭ شېغىللىق
قاقاس ساھىل ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . دەريا بويلاپ ئىلگىرىلەپ بىر
ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق ، ئارقىدىن مۇنبەت سوغىرىش رايونىغا كىرىپ
كـەلدۇق . كىشىلەر تېخىچە ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتاتتى ، تۆت ئەتراپتىن
كەلگەن ئېقىن سۇلار مۇزلۇقنىڭ باش تەرىپىدىكى رەڭلەرنى ئېقىتىپ
كېلىپ مۇنبەت يەرلەرگە مول ھوسول ئاتا قىلغانىدى . قاقاس تاشلىق
دالادىـن كېيىنكى بۇ مەنزىرە ، شەك ـ شۈبھىسىزكى تەسىرى چوڭقۇر
بىر تۇرمۇش سۈرئىتى ئىدى .

مەن تاشمىلىقتىكى تۇنجى ئائىلىگە كەلگەندە كەچ كىردى .
بوستانلىقنىڭ نامى تاشبۇلاق ( Tashbulak ) بولۇپ ، 18 ـ ئەسىردىكى
ئەيـسا دىنى جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى خاتىرىسىدىن باشقا بارلىق خەرىتە ۋە
كىتابلاردا ئۇنىڭ نامى بۇرمىلىنىپ « تاش بۇلاق » ياكى « تاش بالىق
» دەپ ئاتالغان . ئۆينىڭ تېمى ۋە ئەتراپى توسۇلغان باغ سۈس قۇياش
نۇرىدا ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى . يولنىڭ بويىدا سۆگەت ۋە ئاق
تېرەك قاتار تۇراتتى . مەن ئالدى بىلەن بۇرۇنلا ئالماشتۇرۇشقا ئات تەي-
يارلاپ بېرىشكە خەۋەر بەرگەن بەگنىڭ ئۆيىنى تېپىشىم كېرەك ئىدى .
بـىز كۆز يەتمەس ئېتىز ـ باغلار ۋە قاتار ـ قاتار ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا
نـەچچە ئىنگلىز مىلى ماڭغان بولساقمۇ ، بەگنىڭ ئۆيى يەنىلا خېلى ئال-
دىمىزدا ئىدى .' جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ تارقىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن رايونلار ئىچىدىكى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قال-
دىم . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئىسمى بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر
كىچىك مەمۇرىي رايونغا ۋەكىللىك قىلاتتى . 14 سائەتكە يېقىن ئاتلىق ۋە
پىيادە مېڭىپ بەگنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغىنىمدا ھېرىپ كەتكەنىدىم .
ئۇنىڭ ئۇستىگە بەگنىڭ قەشقەرگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ لاسىسىدە بو-
شاپ كەتتىم . ئەمدى بىرەر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلماقچى بولسام ، پوچتا
ئۆتىڭىگە بېرىپ قاراڭغۇلۇقتا يەنە ئاتلىق 2 ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق
يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . ئاتلار ھارغانلىقتىن يېتىپ قالاي دېگەن
بولسىمۇ ، كۆزلىگەن يېرىمگە ئاخىر يېتىپ باردىم . ئارقىمدىن يۈك ـ
تاقلارمۇ يېتىپ كەلدى ، چېدىرىم بېدىسى يېڭى ئورۇلغان ئوتلاققا تى-
كىلدى . سائەت ئوندىن ئاشقاندا بىر نېمىلەر قىلىپ « يۇيۇندۇق » ،
تەڭ كېچىگە يېقىن ئاندىن ئولتۇرۇپ كەچلىك تامىقىمنى يېدىم .

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇر-
دۇم . قەشقەرنىڭ يېنىغىلا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ، توسۇۋالغىلى بولمايدى-
غان بىر سېھرىي كۈچ بىزنى تېزراق مېڭىشقا ھەيدەيتتى ، ماتېرىيالدىن
كۆرگەن توغرا ئارىلىق 50 ئىنگلىز مىلىغا يېقىن بولسىمۇ ، بۇ يولنى
بۈگۈن بېسىپ بولۇشقا ئالدىرايتتىم . قىيىنچىلىق ئوخشاشلا قورۇق قور-
غاندىن ئىجارىگە ئېلىپ كەلگەن چارۋىلارنى قانداق قىلىپ يېڭى ئاتلارغا
ئالماشتۇرۇش ئىدى . ئىگىلىرى ئۇلارنى داۋاملىق ھەيدەپ قەشقەرگىچە
ئاپىرىشقا ئەلۋەتتە قوشۇلمايتتى . ئەمما ، جۇڭگو پوچتا ئۆتىڭىنى ئاساس-
لىق باشقۇرىدىغان ئالىيا بەگ ( Alia Beg ) قول ئاستىدىكىلىرىگە قارى-
غاندا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشنى خالىدى . چۈشتىن بۇرۇن سائەت
ئالتىدە ، ئىككى پوچتا ئېتىنى ئېلىپ ئەڭ كېرەكلىك يۈك ـ تاق ۋە
ئەسلىھەلەرنى ئارتىپ يولغا چىقتىم . چېدىرلارنىڭ قالغان قىسمىنى ئال-
ماشتۇرۇشقا كېلىدىغان ئات كېلىشى بىلەنلا ئارقىدىن ئېلىپ بارىدىغان
بولدى . كۆلرەڭ تۇمان ئاسماننى توسۇۋېلىپلا قالماي ، غەرب تەرەپتىن
ئېگىز تاغلارنىڭ بارلىق مەنزىرىسىنىمۇ توسۇۋالغانىدى . ئەمما ، شىمال-
دىكى بارماقچى بولغان نىشانىمىز بولغان ئوپال تېرىقچىلىق رايونىنىڭ

ئەتراپىدىكى پاكار تۈتاش تاغلارنى ئازاراق بولسىمۇ كۆرگىلى بولاتتى.

بىز ئۇ يەرگە بارغاندا، گەزدىن ئېشىپ كەلگەن بىر دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ يامانيار دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇنىڭ سۈيى پۈتۈنلەي سوغىرىشقا ئىشلىتىلسىمۇ يەنىلا ئالتە چوڭ بۆلەك ئېقىنغا بۆلۈنۈپ بۇ تۈزلەڭلىككە ئاقىدىكەن. نۇرغۇن جايلاردا سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4 ~ 5 ئىنگلىز مىلى بولۇپ، تېز ئاقاتتى، شۇڭا مەخسۇس ئادەم ئۆتكىلى بولىدىغان تېيىز جايدا تۇرۇپ چارۋىلارنى ئېھتىيات بىلەن يېتىلگەندە، ئاندىن بىخەتەر ئۆتكىلى بولاتتى. بىر سائەتتىن كېيىن، بىز كەڭ دەريا قىنىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتتۇق. تىزىمنىڭ ئۈستىمۇ پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى، بىراق يۈك - تاقلار پۈتۈنلەي ساق ئىدى. ئارقىدىن دەريا بويىدىكى سوزۇلۇپ كەتكەن يېشىل ئوتلاقتا بىمالال نەچچە ئىنگلىز مىلى يۈردۇق. ئوپال پەس ئېگىزلىك ئېتىكىگە جايلاشقاندى، جۇڭگو ئەسكىرىنىڭ ۋەيرانە كىچىك بىر قاراۋۇلخانىسى تۇراتتى. بىر يۇمىلاق شەكلىدىكى پوچتا ئۆتىڭى سىرتىدا بىز ئامال قىلىپ ئالماشتۇرىدىغان ئات تاپتۇق، بىراق شۇ ئارقىلىق ئىگە بولغان ۋاقتىمىز ئۆتەڭ خادىمى ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش پەيدا قىلغان ۋاقىت ئىسراپچىلىقىغا قارىغاندا ھەر ھالدا ئاز بولدى. بۇ تالاش - تارتىش ئەلۋەتتە كىم مەن بىلەن قەشقەرگە بارىدۇ دېگەن مەسىلىدىن چىققانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا يۈك - تاقلارنىڭ قايتىدىن تۆت بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەربىر چارۋىنىڭ ئۈستىدىكى يۈك - تاق ئۈستىدە بىردىن دېھقان ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئامالسىز قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغان باشقا سەۋەبمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، كىچىككىنە ساياھەت ئەترىتى يول بويى خۇشال - خورامىلىق بىلەن توختىماي مېڭىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئوپال ئېتىزلىق ۋادىلىرى ۋە سۇغىرىش ئوتلاقلىرى ئارىسىدا تارقالغان نۇرغۇن ئاھالە كەنتلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە گەۋدە ئىدى. بىز بۇرۇنقى بېسىپ ئۆتكەن مەنزىرىسىز قاقاس قۇملۇق، تاشلىق يەردىن كېيىنكى ئاق تېرەك، سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كىچىك يولدا ئاتلىق ماڭغىنىمىزدا بەكمۇ راھەت ھېس قىلدۇق. ئېتىزلاردىكى قوغۇنلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پــشقان ، تۇجۇپىلەپ ئىشلەنگەن باغلاردا كۆكتات كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، چوڭ ــ كىچىك ئېرىق ــ ئۆستەڭ يوللارنى بويلاپ ھەم كېسىپ ئۆتەتتى . ھەممە يەردە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان سۇلار ئېقىپ تۇراتتى ، قىزغۇچ لاي قوم ئارىلاشقان سۇلار ئالاھىدە بىر تۈس ئالغانىدى . مەن بىر ئېرىق بويىدا دەم ئالغاچ يول بويىدىكى كىچىك باققاللاردىن سېتىۋالغان ئالما ، نەشپۈتلەرنى ھەمدە خورجۇندا ئالغاچ ماڭغان ئازاراق ئاددىي « چۆشلۈك تاماق » نى يەپ قۇۋۋىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم . بۇ مەن بىر نەچچە ئايدىن بۇيان تېتىغان تۇنجى يېڭى مېۋىلەر ئىدى .

بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن ، بىز پۈتۈن ئوپال بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتتۇق . شەرقتىكى سوزۇلۇپ كەتكەن قاقاس قۇملۇق تۈزلەڭلىكتىن ئۆتكەن ۋاقتىمدا ، تۈركىستان قۇملۇقىنىڭ دەسلەپكى تەسىرىگە ئىگە بولدۇم . كۆز ئالدىمىزدىكى قۇرۇپ كەتكەن ، ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئېقىنلار ئىچىدە قويۇق ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە پاكار چاتقاللار بۇ يەرنى قارىماققا ئانچە قاقاس كۆرسەتمەيتتى . ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە ، ھاۋا يەنىلا سالقىن ، قۇياش نۇرى ئاستىدىكى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 93 ( سېلسىيە 34° ) گرادۇس بولۇپ ، ساپ مەيىن شامال شەرقتىن ئۇرۇپ تۇراتتى ، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان باشقا نەرسە يوق ئىدى . ئەمما ، كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا ئادەم چىدىغىلى بولمايتتى . مەن تېزلىكتە كۈلرەڭ ئەينەكىمنى تاقاپ ، كۆزۈمنى ئاسراشقا مەجبۇر بولدۇم . بىزنىڭ پاكار قوم بارخانلىرىدىن بىر ــ بىرلەپ ئۆتۈشىمىزگە ئەگىشىپ ، ئاتچىلار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا تۇۋلاشقا باشلىدى ، ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ ، بۇ قاقاس دۇنياغا ھايات ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى . چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ، بىز قۇملۇقــتىن چىقىپ توقــقۇزاق ( Tokuz — ak ) تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ چېگرىسىغا قەدەم قويدۇق . بۇ يەردىكى سايباغ ( Saibagh ) سارىيىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە توپ يولۇچى ھەمدە ئات ۋە قوپال ھارۋىلار بولۇپ ، ئاق تېرەكنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىۋاتاتتى . چوڭ كۆللەردىكى سۇ ۋە بىر دۆۋە قوغۇن جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ يول بويىدىكى سارايلار تەمىنلەيدىغان

ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان نەرسىلەر ئىدى .

بۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە سائەتلىك كۆكۈللۈك مېڭىش مەندە مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى . ئاق تېرەك ، ئۇجمە ، ئۈرۈك ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىكى يوللاردا كىچىك كەنتلەردىن بىر بىرلەپ ئۆتتۇق . بۇ خىل ھويلا ــ ئارام ۋە مېۋىلىك باغلار ئارىسىدىكى ئوچۇق سېرىق رەڭدىكى ئۆيلەر ۋە پورەڭ تاملىرى ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنەتتى ، ئۇ يەر ، بۇ يەرلەردىكى كېسەكتىن ياسالغان قەبرە ھەمدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن مەسچىت ياكى ئوخشاش ماتېرىياللار بىلەن ياسالغان مەقبەرىلەر باشقىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا تۈسىنى ئالغانىدى . بىز ئاتلىق دەرەخلىك يولدا مېڭىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ، ئاتچىلارنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئېيتقان ناخشىلىرى باللار ۋە ئاياللارنى ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشكە جەلپ قىلدى . ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتاتتى ، توققۇزاق بازىرىغا كەلگۈچە بىكار يۈرگەن چوڭلارنى كۆرمىدىم . ھازىرىغا قەدەر كۆپ توپا ــ چاڭلارغا يولۇقمىدۇق ، چۈنكى بىزنىڭ ماڭغىنىمىز تاشيولدىن كېلىدىغان چوڭ يول بولماي ، يېزا ــ كەنتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەگرى ــ بۈگرى كىچىك يول ئىدى . بىز ئاخىرى چوڭ يولغا چىقتۇق ، ئەمما يول كېڭەيگەنسېرى توپا ــ چاڭلار يۇقىرىلايتتى . نەچچە ئات قوشۇلغان قوپال ھارۋىلار ۋە ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئېشەكلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا توپا ــ چاڭلارنى توزۇتاتتى . مەن بۇ مۇساپىنى تېزرەك بېسىپ بولۇشقا بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كەتتىم . چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتىراپىدا ، سادىقاخۇن ماڭا قەشقەرگە بىر « تاش » ئارىلىق قالغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەرگەنىدى . مەن ئۇ ۋاقىتتا ئاساسلىق يوللاردا ئادەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى لاي بىلەن ياسىغان كىچىك مۇنار ، يەنى « تاش » ( Tash ) بارلىقى ، تاش ئارىلىقى 10 يول ( 2 ئىنگلىز مىلىغا يېقىن ) نى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم . بۇ ئارىلىق ھېسابلاش بىرلىكى ئېھتىمال تۈركىستاندا ئارىلىقنى ئانچە توغرا كۆرسىتىپ بەرمىسە كېرەك . كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى ئاتلىق بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىنمۇ دەريا قىنى كۆرۈنمەيتتى ، بىلىشىمچە ، شەھەرگە يېقىنلىغاندا ئۇ دەريادىن چوقۇم ئۆتۈش كېرەك ئىدى . ئاخىر-

www.uyghurkitap.com

بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىنمۇ دەريا قىنى كۆرۈنمەيتتى ، بىلىشىمچە ، شەھەرگە يېقىنلىغاندا ئۇ دەريادىن چوقۇم ئۆتۈش كېرەك ئىدى . ئاخىرىدا يولنىڭ ئەگىلىدىغان بىر يېرىدە كەڭ دەريا كۆرۈندى ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تېيىز ئېقىن بولۇپ ، ئۇنىڭ كەينىگە شەھەر سېپىلىنىڭ كۆزنىتىش مۇنارى ياكى باشقا شەرق شەھەرلىرىگە سىمۋول بولىدىغان ئالامەتلەر يوق ئىدى . بۇ قەشقەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل ( Kizil — su ) دەرياسى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بىر تارماق ئېقىنى بولغان ئاقسۇ ( Ak — su ) ياكى تەلۋىچۈك ( Talwichuk ) دەرياسى ئىدى . مەن روھىم چۈشكەن ھالدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئات ئۈستىدە ناھايىتى يىراق بىلىنگەن 3 ئىنگلىز مىلى مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۈم . ئاخىر بۇ يولنى تۈگىتىپ ھەقىقىي قىزىلسۇ ئاقىدىغان قىزىل دەرياسىدىن ئۆتتۈم .

دەريانىڭ قارشى تەرىپىدە توپىلىق شەھەر ئەتراپىدىن كىچىك يولنى ئايلىنىپ ئالدىغا ئىلگىرىلىدۇق ، ئايالار ھەيران قالارلىق ئېگىز دوپپىلارنى كىيىشىپ تۆت ، بەشتىن بولۇشۇپ پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى ، كۈن قارايغاندا شەھەر سېپىلى تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى . لايدىن قوپۇرۇلغان شەھەر سېپىلى ھەممە رەتلىك سېپىل گەۋدىسى ۋە تۆت چاسا قورغان غايەت زور ۋە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى ، بۇ ماڭا نۇرغۇن قەدىمكى ساياھەت خاتىرىلىرىدە كۆرگەن ئوتتۇرا ئەسىر قورغانلىرىنى ئەسلەتتى . شەھەرنىڭ سىرتى جىمجىت ، قاپقاراڭغۇ ئىدى . شەھەر دەرۋازىسىمۇ ئاللىقاچان تاقالغانىدى . ئاخىرىدا سادىقئاخۇن بىزنى باشلاپ سولغا بۇرۇلۇپ ، قاتار ئاق تېرەكلەر ئارىسىدىكى كىچىك يولدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق . ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ تۇرالغۇسى سىرتىدىكى دەرۋازىغا ئېسىلغان پانۇس بىزگە يول كۆرسىتىپ تۇراتتى ، ئۇ يەر مېنىڭ كەلگۈسى بىر نەچچە ھەپتىدىكى ئائىلەم ئىدى . مەن خېلى ئۇزۇن كېچىكىپ قالغان بولسامۇ ، بىراق ئويلىغىنىمدىن ئېشىپ كەتمىگەنىدى . مەن ئاتتىن چۈشۈپ كەڭ ھويلىدىكى سۇپا شەكلىدىكى گۈللۈككە كەلگىنىمدە ، ماكارتنېي ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ ئەڭ

قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتىم ، گۈللۈك يېنىدىكى ئازادە مېھمانخانا مېنى كۈتۈپ تۇراتتى . يۇيۇنۇپ كىيىم ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ، ئاشخا- نىغا كېلىپ ساھىبخانىلار بىلەن شاد - خۇراملىقتا چۆمدۈم . چەكسىز راھەت ئىچىدە مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئاسىيانىڭ يۈرىكىدىن يىراق جاي- دىكى ئەنگلىيە ئائىلىسىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدىم .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# قەشقەردە

ماكارتنىي ئەپەندى قىزغىن كۈتۈۋالغان تۇنجى كېچە ناھايىتى خۇشال ئۆتتى، بۇ مەن قەشقەردە تۇرىدىغان بىر نەچچە ھەپتىلىك ئالدىراش كۈننىڭ مۇشۇنداق خۇشال ـ خۇراملىق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ۋاقىت ناھايىتى ئالدىراش ئۆتەتتى، مەن جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ مەركىزىدىن يولغا چىقىپ تەكشۈرمەكچى بولغان ھەقىقىي كۆزلىگەن يېرىمگە بېرىشتىن بۇرۇن كۆپلىگەن جىددىي خىزمەتنى تاماملىشىم كېرەك ئىدى. ھەربىر خىزمەت دېگۈدەك ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ بىلىمى ھەمدە ئەمەلىي ياردىمىدىن ئايرىلالمايتتى، مەن ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپتىكى ئورنى ۋە شۇ يەرگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ بىزگە ناھايىتى چوڭ قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. دەسلەپىدىلا ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مېنى قوللىدى ۋە ماڭا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بولمىسا، ئېھتىمال پايدىلىق شارائىتقا ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم. ئىككى ئايلىق توختىماي دېگۈدەك ماڭغان تاغ سەپىرىدىن كېيىن، ئوبدان دەم ئېلىۋېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. مېنى كۈتۈۋاتقان قىزغىن قەشقەرلىك دوستلىرىمنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرالغۇسىدا تۇرۇپ، كېيىنكى قەدەملىك ئۇزۇن مۇددەتلىك سەپىرىم ئۈچۈن تەييارلىق قىلدىم. ئۆزۈمچە بۇ يەردىمۇ ئازادە جاي يوقتۇ دەپ ھېس قىلدىم.

مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن، ماكارتنىي ئەپەندى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق سىياسىي ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا، چىنىباغ ( Chini — bagh ) تۆت ئەتراپى ئورالغان بىر ئاددىي مېۋىلىك باغ ئىدى. باغدا بەزى ئۆي —

هـويلىلارمۇ بار ئىدى ، ئۇ خۇددى ھەربىر ئابرويلۇق قەشقەرلىكنىڭ
شـەھـەر سىرتىدا مېۋىلىك بېغى بار بولغانلىقىغا ئوخشايتتى . ئۇ كۆپلە-
گـەن يۈرەك قېنىنى ۋە ئەمگىكىنى سىڭدۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز
ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنى ئاددىي ھويلا ـ ئاراملىق كىچىك ئۆي-
دىن ئازادە ئىللىق تۇرالغۇغا ئۆزگەرتكەنىدى . ئۆيلەردە ئەنگلىيىچە ئا-
ئىلىلەرنىڭ ھەممە نەرسىلىرى تولۇق ئىدى ، كەڭ سېلىنغان تاشقىرىقى
ئۆي ۋە ئىچكىرىكى ئۆيلەر پۈتۈنلەي ھىندىچە بولۇپ ، تۆت ئەتراپى
كارىدورلۇق بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ئىدى . قورۇلۇش تۆۋەنگە قارايدىغان
تۈمەن دەرياسى ( Tümen Darya ) نىڭ ئېگىز سېرىق توپىلىق قېشى
ئۈستىدە بولۇپ ، ئۆيلەر ۋە ئەتراپىدىكى پەلەمپەيلىك جايلاردىن شەھەر-
نىڭ شىمالىدىكى مۇنبەت سالا ئېتىزلار ۋە دەرەخلىك باغلارنى تولۇق
كۆرگىلى بولاتتى . جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ياز پەسلىدە دائىم كۆرۈنۈپ
تۇرىدىغان نېپىز توپا ـ تۇماندىن يىراقتىكى پاكار تاغ قىرلىرىنىڭ
سۈرەتتەك كۆرۈنۈشى بۇ مەنزىرىلەر ئۈستىگە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان
ئارقا كۆرۈنۈش قوشقانىدى . يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتتا ،
مـەن كۆپ قېتىم يىراقتىكى مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ شىمال ۋە شەرقىي
شىمال تەرىپىدىكى ھەيۋەتلىك مۇز چوققىلار ھەممە يىراقتىكى تەڭرىتاغ
تىزمىلىرىغا مەنسۇپ ئاق قار بىلەن ئورالغان تاغ چوققىلىرىدىن ھو-
زۇرلاندىم .

ئىككى ئايلىق ئالدىراشچىلىقتا بەكمۇ چارچىغانىدىم . دوستۇمنىڭ
ئائىلىسىدە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇھىتتا دەم ئېلىشتىن خۇشاللى-
نارلىق ئۆزگىرىش بولدى . ۋاقىتىنچە دالا تۇرمۇشىدىكى پارچە ـ پۇرات
ئىشلاردىن قۇتۇلدۇم ، ياۋروپا بىلەن باغلانغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قى-
زىقارلىق ئىدىيە ، كۆز قاراشتىن بەھرىمەن بولالىدىم . مەن ھازىر ئاددىي
ياۋروپالىق ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز بولغان سىرتقى ئاۋارىچىلىق ۋە
ئالدىراشچىلىقتىن قۇتۇلدۇم ، تۇرمۇشۇم ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى . مەن
ئېرىشكەن بىكارچىلىق ۋە تىنچلىق مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدى . ئەمما ،
مېنىڭ ھازىر كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ھەر تەرەپلىمە
ئەمگەك كۈچىنى ھەل قىلىش ئىدى .

ئەڭ مۇھىمى مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىم ۋە قۇملۇقتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن يېڭى بىر سەپەر ئەترىتى تەشكىللەش ئىدى . چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە كەڭ رايوندا تەكشۈرۈش پىلانىنى ئورۇنلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى زور دەرىجىدە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملارنى ۋە چارۋىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللىشىمگە باغلىق ئىدى . ئىشنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، يۈك ـ تاقلارنى تېزگىنلەش ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر خىل ئوخشىمىغان يەر يۈزى ۋە ھاۋا شارائىتى ئاستىدا سەككىز ئايدىن كۆپرەك سەپەر قىلىشقا كېرەكلىك بارلىق تەمىنات ۋە ئەسلىھەلەرگە ئۆگۈشلۈق ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك ئىدى . مېنىڭ ھېسابىمچە ، يۈك ـ تاق ئارتىش ۋە مىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا ، مېنىڭ سەپەر ئەترىتىمگە سەككىز تۆگە ۋە 12 ئات كېرەك ئىدى ، بۇ پەسىل تۆگە سېتىۋېلىشقا بەكمۇ پايدىسىز ئىدى . چۈنكى ، ياز پەسلىدە رۇسىيىنىڭ سودا مەركىزى ئەنجان ۋە ئالما ـ ئاتاغا قاتنايدىغان قاتناش ئەڭ كۆپ بولغاچقا ، كۆپ ساندىكى سەپەرگە ئىشلىتىدىغان چارۋىلار ئىجارىگە ئېلىنىپ كېتەتتى . ئەمما ، ئۇزۇن ۋاقىتلىق ئىزدەش ۋە سۆزلىشىش ئارقىلىق ترانسپورتقا كېرەكلىك تولۇقلاش ئەسلىھەلىرى ۋە يۈك ـ تاق ئارتىش ، مىنىشكە كېرەكلىك چارۋىلار ئاستا ـ ئاستا تولۇقلاندى . بۇ مەزگىلدە ، كاتىپ باھادۇرشاھ ۋە ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ئورگىنىدىكى باشقا كىشىلەر ھەمدە ئۇنىڭ ھەمكارلىقى مۇشۇلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ياردەم بەردى . كېيىنكى ئەمەلىي ئەھۋال ئۇلارنىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تاللىشى بىلەن تولۇق ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈردى . ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3000 ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق سەپەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە جاپالارغا ئۇچرىغان بولساقمۇ ، مېنىڭ قەشقەردىن ئېلىپ چىققان چارۋىلىرىمنىڭ بىرەرسىمۇ ھارغىنلىقتىن يېتىپ قالمىدى . تۆگە سېتىۋېلىشقا كەتكەن باھا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 624 تەڭگە بولۇپ ، شۇ ۋاقىتتا ئىشلىتىۋاتقان پۇلغا سۇندۇرغاندا 91 رۇپىيە ئىدى . ئاتنىڭ خىراجىتى بۇنىڭ بىلەن پەقەتلا ئوخشىمايتتى ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر يۈك ـ تاق ئارتىشقا ئىشلىتىدىغان ئاتنىڭ باھاسى 260 تەڭگە ، يەنى 38 رۇپىيە ئىدى .

تەمىنات ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق بولۇشنى ۋە ئىقتىسادنى ئويـ
لىغاندا ، بىللە ماڭىدىغان خادىملارنىڭ سانىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە
ساقلاش ئۈچۈن ، سەپەر ئەترىتىمىز خادىملىرىنى ئوخشاشلا ئەستايىدىلـ
لىق بىلەن تاللاشقا توغرا كېلەتتى . مېنىڭ خۇسۇسىي چاكىرىم پېشاـ
ۋەردىن كەلگەن مىرزا ئالىمنىڭ جاپالىق ھېرىپ ـ چارچاش ۋە تاغلىق
رايوندا جىددىي يۇرۇشكە ماسلىشالمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى ، شۇڭا مەن
باشقىدىن بەكمۇ ئەسقاتىدىغان مۇھەممەد جۇنى تاللاپ ئۇنىڭ ئورنىغا
ئالماشتۇردۇم . ئۇ يېرىمى يەركەن قان سىستېمىسى ، يېرىمى كەشمىر
قان سىستېمىسىدىكى قاۋۇل كىراكەش ئىدى . ئۇنىڭ قاراقۇرۇم قاتناش
يوللىرىدا ئۇزۇن مۇددەت سودا بىلەن شۇغۇللىنىش كەچۈرمىشى بولـ
غاچقا ، ئاتچىلىققا ئائىت نۇرغۇن كېرەكلىك بىلىمى بار ئىدى . ئۇ يەنە
كاپىتان دېسىينىڭ ھىندىستانغا قايتىش سەپىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغاـ
نىدى . شۇڭا ، « خوجايىن » لارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا ۋە يېمەك ـ
ئىچمىكىگە قاراش جەھەتلەردە دەسلەپكى قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى .

نەچچە ئادەمنى تاپقان بولسامۇ ھەممىسى مۇۋاپىق كەلمىدى ،
ئاخىرىدا ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە ، مەن ئامال قىلىپ خەنزۇچە
سۆزلىيەلەيدىغان قەشقەرلىك نىيازئاخۇننى تېپىپ ، ئۇنى تەرجىمان ھەم
قۇشۇمچە ئاتچى قىلدىم . سىرتىدىن قارىغاندا ، ئۇ چىرايى كېلىشكەن ،
يۈرۈش ـ تۇرۇشى جايىدا كىشى بولۇپ ، ئەر ـ ئايال لىتلېدېل
( Littledale ) غا ھەمراھ بولۇپ ، جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدە ۋە تىبەتـ
تىكى سەپىرىدە بىللە بولغانىدى . مېنىڭ ئاشۇ بېيجىڭ ياكى جۇڭگوـ
نىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان تۈرك ھەمراھلىرىم ئالدىدا قىلچىمۇ
يوشۇرماستىن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويىدىغان كىبىرىنى تىكلەـ
گەنىدى . بۇنىڭغا قارىتا بىردىنبىر تىلغا ئېلىشقا بولىدىغىنى كىشىلەر ئۇـ
نىڭغا بىر خىل گۇمانلىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى ، ئۇنىڭ
ھەقىقىي سادىق مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭ ماختاپ ئۇچارغان
مۇكەممەل ئوبرازى خەنزۇلارغا تەۋە دەپ گۇمانلىناتتى . ئۇ خېلى مەدەـ
نىيەتلىك بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىسىگە ناھايىتى پايدىسى بار
ئىدى . تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ماڭا سادىقلىق بىلەن خىزـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي سادىق مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭ ماختاپ ئۇچارغان مۇكەممەل ئوبرازى خەنزۇلارغا تەۋە دەپ گۇمانلىنىۋاتتى . ئۇ خېلى مەدەنىيەتلىك بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ ئاللاھىدە ۋەزىپىسىگە ناھايىتى پايدىسى بار ئىدى . تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ماڭا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى . ئېھتىمال ، يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتىدە بىز چىنىباغنىڭ تەرتىپى ياخشى مۇھىتتا تۇرغانلىقىمىزدىن ، ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنىڭ شەخسىي كەمچىلىكلىرىنى ئاشكارىلاشقا پۇرسەت بولمىغان بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ مال ــ دۇنياغا ھەددى ھېسابسىز بېرىلىشتەك كەمچىلىكى كېيىن بەزى ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈردى . تۆگە ساتقان سودىگەردىن ئوتتايلا ئىككى ياش تۆگىچى ياللىۋالدىم . روزىئاخۇن بولسۇن ياكى ھەسەنئاخۇن بولسۇن ، شىمالدىكى سەپەر يولىدىن باشقا جايلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ، ئەمما ئۇلارنىڭ شۇنداق ياش تۇرۇپ تۆگە باشقۇرۇشتەك مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھۈنەرگە پىششىق بولغانلىقى ، ئېھتىمال ياشلارنىڭ قىزىقىشى ۋە تەۋەككۈلچىلىك قىلىش روھىغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، ئۇلار قۇملۇقتا سەپەر قىلىشنىڭ جاپاسى ۋە خەتەرگە يولۇققاندا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ خۇشاللىق پوزىتسىيىدە ئىدى .

دالا ئەسلىھەلىرىگە كېرەكلىك نۇرغۇن رېمونت قىلىش قوراللىرى ۋە زاپاس قوراللارنىمۇ بالدۇر تەييارلاشقا توغرا كېلەتتى . ئاتقا كېرەكلىك ئۇسكۇنىلەر ، يۈك ــ تاقلار ساندۇقى ۋە كۆپلىگەن ئۇسكۇنىلەر ئىچىدىكى باشقا نەرسە ــ كېرەكلەر كەشمىردىن مۇشۇ يەرگە كەلگىچە بولغان ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن ، ھەممىسى دېگۈدەك ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ بۇزۇلغانىدى . بىز خۇنزا جىلغىسىدىن چىققاندىن كېيىن ، تۆت ئەتراپىدىكى تاشلىق قىيالار ئارىسىدىكى كىچىك يولدا قوتاز ۋە قىرغىز ئېتى بىر ــ بىرىگە يول بەرمەي قىستىلىشىپ سوقۇلۇش بۇزۇلۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى . قەشقەردە تۇرغان ۋاقىتتا رېمونت قىلىشقا كۆپ ۋاقىت چىقمىدى . چۈنكى ، تۈركىستاننىڭ قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئاددىي ھىندى ھۈنەرۋەنلىرىگە ئوخشاش ياساش تېخنىكىسى يوق

ئىدى ، بەلكى يوقنى ياساش خېلى ئوڭاي دەپ ھېس قىلىشاتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زېھن – قۇۋۋىتىنى ئىسراپ قىلىپ ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ ھاجىتىنى قاندۇرۇشنى خالىمايتتى . بۇنداق كۆڭۈل قويمىغان ھالدىكى خىزمەت ئادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ، دائىم نازارەت قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . مەن ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ تاشقىرىقى قورۇسىغا ئاز – كۆپ بولسىمۇ ، ئۇزۇن مەزگىللىك يالالىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تاپشۇرۇ- قۇمغا بويسۇنۇشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىمدە خېلى خاتىرجەم بولدۇم .

بارلىق تەييارلىق خىزمىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئاۋارە ئىش قۇملۇقتا ئىشلىتىدىغان سۇ باكى ياساشنى قارار قىلغىنىمدا بولدى . كالكۇتتادا ، مەن ئۇچۇن ئىككى ئاق قاڭالتىردىن ئالاھىدە ياسالغان سۇ ساندۇقى تاغ ئارىسىدىكى سەپەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ يەنىلا ناھايىتى ساق قالدى . تۆگىنىڭ ئارتىپ مېڭىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتقاندا ، ئۇلارنىڭ سىغ- دۇرالايدىغان ئومۇمىي سۇ مىقــدارى ھەر بىرسى 17 گــاللون ( 77.28 كىلوگرام ) ئىدى . مېنىڭ چوڭ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قۇمغا كۆ- مۈلگەن خارابىلىككە ئېلىپ كىرمەكچى بولغان نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات – ئۇلاغىلىرىمغا بۇنچىلىك سۇ ھەرگىزمۇ يەتمەيتتى . ئاز دېگەندىمۇ يەنە تۆت چوڭ سۇ باكى ياساشقا توغرا كېلەتتى . بۇ يەردىن تېپىلغان باك ياساش ماتېرىيالى ئىچكى دېڭىزدىن ئۆتىدىغان تۆمۈريول ئارقىلىق تۈر- كىستانغا توشۇپ كېلىنگەن كىرسىن قاچىلانغان باك ئىدى . بۇ ۋەيرانە كونا قاڭالتىر باكلارنى ئۆزگەرتىش ھەمدە مۇستەھكەملەش ، بىخەتەر توشۇشقا كېرەكلىك ياغاچ جابدۇقلار قوشۇلۇپ تۆمۈرچى ئۇستىلىرىمنى بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ ئىشلەشكە بىر نەچچە ھەپتە ئالدىراتتى .

ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ خىزمەتلەرگە قاراش مېنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ ئوخشاشلا مۇھىم جىددىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلىشىمغا كاشىلا قىلمىدى . ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ھويلىسىدىكى سالقىن ئاق تېرەك سايىسىدا ئولتۇ- رۇپ ، نۇرغۇن ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ ، زور قىزغىنلىق بىلەن تەڭرىتاغ- نىڭ جەنۇبىغا ئائىت قەدىمىي ماتېرىياللارنى قايتىدىن كۆردۈم ۋە سىس-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېمىلىق تەتقىق قىلدىم . مەسىلەن ، جۇڭگونىڭ يىلنامە كىتابلىرىدىكى قەدىمىي جۇڭگونىڭ نوم ئالغۇچىلىرى ھەمدە ئەڭ بۇرۇنقى ياۋروپا سا- ياھەتچىلىرى تەمىنلىگەن خاتىرە ـ بايان قاتارلىقلاردا مۇشۇ تۇپراق تىلغا ئېلىنغان ، شۇ تۇپراققا ئائىت قەدىمىي خاتىرىلەرنى كۆرگەنلىكتىن ، مې- نىڭ روھىي كەيپىياتىم خېلى كۆتىرىلىپ قالدى . چىنىباغدا جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان بۇ خىزمىتىم ئالاھىدە مەنپەئەتكە ئېرىشتى . چۈنكى ، ماكارتنېي ئەپەندى مۇشۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى بولغانلىقتىن ، ھازىرقى زاماندىكى تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى . ئۇ ماڭا كۆچىنىڭ بىرىچە بۇ رايوننىڭ قەدىمىي ئەھۋالىنى بىلگىلى بو- لىدىغان ماتېرىياللارنى تېپىپ بېرىشكە قوشۇلغانىدى . ھەر قېتىم جۇڭگو تارىخىي بىلىملىرىگە ئائىت مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلگەن- دە ، ماكارتنېي ئەپەندى كونسۇلخانىدىكى سۈن شىيېنى تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەت سورايتتى ، ئۇ كلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق ، پۇختا بىلىدىغان ئالىم ئىدى ، يەنە كېلىپ بۇ رايوندا بولغان ئىشلارغا پۇختا كۆز قارىشى بار ئىدى . ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ قەدىرلىك پېشقەدەم كەشمىرلىك پاندىت گوۋىند كول ( Pandit Govind Kaul ) بىلەن ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ، ئۇنىڭ بىلەن دائىم سانسكرىتچە پاراڭلىشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ قالدىم ، مەن خەنزۇچىنى ئازاراقمۇ بىلمەيمەن ، بۇ مېنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەڭ زور ئەپسۇسلىنار- لىق ئىشىم ، بۇ مېنى بەكمۇ پۇشايمان قىلدۇرىدۇ . ئەمما ، مەن قانداق قىلىپ بوش ۋاقىت چىقىرىپ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىمەن ؟ ئېھتىمال « ئاخىرەت »نى كۈتۈشكە توغرا كېلەر ، « ئاخىرەت » توغرىسىدا دائىم ھىندىستاننىڭ ئوقۇمىدىن پايدىلىنىپ ، جۇڭگولۇق دوستلاردىن مەسلى- ھەت سورايمەن .

مېنىڭ قەشقەردە تۇرۇشۇمدىكى مۇھىم بىر مەقسەت جۇڭگولۇق يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئېكسپېدىتسىيە پىلانىمنى بىلدۈرۈش ھەمدە ئۇلار-

نىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى ، چۈنكى بۇنىڭ پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم . بۇ جەھەتلەردە ، مەنمۇ ماكارتنىي ئەپەندى ماڭا بەرگەن ئەمەلىي ياردىمىنىڭ كۆپرەك بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايتتىم . ئۇ-نىڭ ھەمراھلىقىدا يەرلىك ئەمەلدارلارنى يوقلىدىم ، ئۇنىڭ ئۇ خىل تەجرىبىگە مول يول كۆرسىتىشى مېنى ناھايىتى چوڭ پايدىغا ئېرىش-تۈردى . بۇ بىر قاتار زىيارەت ھەمدە ئۇلارنىڭ كەينىدىكى « زىيارەت قىلىپ كېلىش » لەر ۋە باشقا رەسمىي بولمىغان كۆرۈشۈشلەردىن مەن جۇڭگو قائىدە - يوسۇنىدىكى ئەدەبلىك دەپ قارالغان بېرىپ - كېلىش-لەردە كەم بولسا بولمايدىغان « قائىدە - يوسۇن » ۋە ئىپادىلەش ئۇ-سۇللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىۋالدىم . ماكارتنىي ئەپەندىگە ئوخشاش مۇشۇنداق جۇڭگونىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تولۇق بىلىدىغان ئوقۇتقۇ-چىنىڭ مەشىق قىلدۇرۇشى ئارقىلىق خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشتىم . ھەربىر كىچىك ھەرىكەت ۋە قائىدە - يوسۇن دائىم كىشىنى يات ۋە يىراق ھېس قىلدۇراتتى ، بىزنىڭ ئادىتىمىز بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك قارمۇ قارشى ئىدى . ئەڭ ئاخىرى قەشقەردىكى دوستلىرىمىزنىڭ يې-رىمىدىن ئايرىلىپ يات « يامۇل » نى زىيارەت قىلغان ۋاقىتقا كەلگەندە ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نەدىلىكىنى ھېس قىلدىم . مەن مۇشۇ قائىدە - يوسۇندىن بىر ئاز بولسىمۇ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىدىغان ئى-شەنچنى تېپىۋالدىم .

مەن دوتەيىنىڭ خوتەن ئامبىلىغا بەرگەن زۆرۈر ئېنىق كۆرسەت-مىسىگە ئېرىشتىم . بۇ مېنىڭ ترانسپورت ، تەمىنات ، ئەمگەك كۈچى قا-تارلىق بارلىق لازىمەتلىكلەرگە ھەمدە تولۇق ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلى-كىگە ئېرىشىشىمگە كاپالەتلىك قىلاتتى . 18 ئاي بۇرۇن ، كاپىتان دې-سىينىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رايوندا بەزى يېرىم ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ توسالغۇسى بىلەن ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققانلىقىنى ئويلاپ ، بۇ يولدا ئوڭۇشلۇق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش - بارماسلىقىمدىن ، بولۇپمۇ خو-تەننىڭ جەنۇبىدىن يىراق جايدىكى ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىمدىن

دىنى ئېتىقادىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن باغلىنىشلىقى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىم ئۇنىڭ بىز ئېلىپ بارىدىغان قېزىش ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان گۇمانلىرىنى ئىشەنچلىك چىقىرىپ تاشلىدى.

مۇشۇ سۆھبەتلەردە، شۆەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» توغرىسىدىكى سۆزلىگەنلىرىمنىڭ پايدىسى بولغان ئوخشايدۇ. بارلىق مەدەنىيەتلىك جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بۇ مەشھۇر نوم ئالغۇچىنىڭ غەربتىكى بۇددا دىنى خانلىقىغا بېرىپ زىيارەت قىلغانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەت ـ ھېكايىلىرىنى دېگەندەك ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان. مەن ئۇلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغاندا ھەر قېتىم «تاڭ راھىبى» تىلغا ئېلىنغاندا ئۇئۇلاردا مۇمىيۇزلۇك تەسىر قوزغايتتى. خۇددى ئۇ بۇرۇن ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بارغىنىغا ئوخشاش، ھازىر مەن ئۇنىڭ ئىزى بىلەن شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتاتتىم. ئېھتىمال، مەن پۇتۇنلەي بۇ مۇقەددەس ساياھەتچىنى ئارخاتلار ئىچىدىكى ئالاھىدە قوغداش ئىلاھىم دەپ قارىغاندىمەن.

ئۇ ۋاقىتتا، ئىمپېرىيىنىڭ يىراق شەرقىدە يۈز بەرگەن سىياسىي قالايمىقانچىلىقنى ئويلىغىنىمدا، مېنىڭ دوستانە پىشقەدەم دوتەي ۋە ئۇنىڭ ئىشىداشلىرى ـــ شىتەي ياكى جياڭجۈن ھەمدە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن بولغان بۇ باردى ـ كەلدىلىرىم كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. گىلگىتتىن ئەكىلىپ بەرگەن رىيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگراما خەۋەرلىرى، رۇسىيىدىن ۋاستىلىك يېتىپ كەلگەن خەۋەلەر ئارقىلىق، بىز جۇڭگونىڭ ھەممە جايلىرىدا ئەلچىخانىلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىنغانلىقىنى، ياۋروپا پۇقرالىرىنىڭ كۈنى خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۇق. ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كېلىدىغان تېلېگراف سىمى ئارقىلىق، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بۇ چوڭ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى خەۋەرلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، ۋەزىيەتتىن ئېنىق خەۋەر تاپقاندى. ياۋروپا بېيجىڭدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەنلىك توغرىسىدىكى پىتنە ـ پاساتلاردىن ئالاقزادە بولۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا، يامۇل بىزگە خېلى كۆپ ئۇرۇش قالاي-

مقانچىلىقى بولغان بولسىمۇ ، ئەلچىخانىلارنىڭ قوغدىنىشى مۇستەھكەم بولغانلىقتىن ، يەنىلا بىخەتەر ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا ئۇقتۇردى .

كۆچلۈك ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇش توغرىسىدا ، 7 - ئايدا قىلىنغان پىتنە - پاسات قەشقەرنىڭ ھەر قايسى بازارلىرىدا تارقالغانىدى . مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن ، ئۆزئارا خۇدۆكىسنىش ۋە تەشۋىشلىنىش كەيپىياتى مۇسۇلمان ئاھالە بىلەن يېڭىشەھەر ( Yangi — shahr ) دە تۇرۇشلۇق جۇڭگو چېرىكلىرى ئارىسىدا بىر قېتىملىق توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا تاس قىلغانىدى . بەختكە يارىشا ، جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ باش ھەربىي ئەمەلدارلىرى قوغداش ئەترىتىنى ئېلىپ ، كونىشەھەرگە بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن ، قالايمىقانچىلىق ئاستا - ئاستا بېسىققان ، ئەمما ئۇ شېتەي يامۇلغا بېرىپ ، بىر قول قارت ئوينىغان ، خالاس . دېمىسىمۇ ، چېك سۇلالىسىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك توپىلاڭ ( 1863 — 1877 - يىللىرى ) خاتىرىسى جۇڭگو تۈركىستانىدىن تېخى يوقاپ كەتمىگەنىدى ، ئەمما بوستانلىقتىكى قانائەتچان دېھقانلار ھەمدە قورقۇنچاق شەھەر - بازار كىچىك سودا - سېتىقچىلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر زالىم « ئەنجانلىق » (ياقۇپبەگنى دېمەكچى ) نىڭ ئىسلام دىنىنىڭ نامىدا ئۇلارغا قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە قايتىپ بېرىشنى خالىمايتتى .

دوگلاس فورسىس ( Douglas Forsyth ) مۇشۇ يەرگە ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن ، ياۋروپا ساياھەتچىلىرى قەشقەرگە كېلىپ تۇردى . مەن بۇ سەپەر خاتىرەمدە چەكلىك ئابزاسلار بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ ئۆلتۈرمايمەن . چىنىباغدا كۆپ ۋاقىتلاردا خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولدۇم ، دوستانە ساھىبخانىنىڭ ئۆز ئەتراپىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنگلىيە ، ھىندىستان مەدەنىيەت كىچىك ئارامگاھى مېنىڭ قەشقەرگە بولغان ئاساسلىق ئەسلىمەمنى رام قىلىۋالغان بولۇپ ، ئىنتايىن ئاز بولغان سىرتقى ئالاقە بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھەر كۆنلۈك ئەركىن - ئازادە ۋە خۇشال - خورام تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىپ تۇردۇق . جۇڭگو تۈركىستانى تۈزلەڭلىك-

www.uyghurkitap.com

دوگلاس فورسىس ( Douglas Forsyth ) مۇشۇ يەرگە ئەلچى-
لىككە كەلگەندىن كېيىن ، ياۋروپا ساياھەتچىلىرى قەشقەرگە كېلىپ
تۇردى . مەن بۇ سەپەر خاتىرەمدە چەكلىك ئابزاسلار بىلەن بۇ شەھەر-
نىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرماي-
مەن . چىنىباغدا كۆپ ۋاقىتلاردا خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولدۇم ،
دوستانە ساھىبخانىنىڭ ئۆز ئەتراپىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنگلىيە ، ھىند-
دىستان مەدەنىيەت كىچىك ئارامگاھى مېنىڭ قەشقەرگە بولغان ئاساسلىق
ئەسلىمەمنى رام قىلىۋالغان بولۇپ ، ئىنتايىن ئاز بولغان سىرتقى ئالاقە
بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھەر كۈنلۈك ئەركىن ـ ئازادە ۋە خۇشال ـ خۇرام
تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىپ تۇردۇق . جۇڭگو تۈركىستانى تۈزلەڭلىكى-
دىكى قاتتىق ئىسسىق ياز پەسلى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ھەر كۈنى-
دىكى چۈش ۋاقتىدىكى دىمىق ئىسسىقتا چىداپ بولمايتتى ، ئەتىگەندىكى
ساپ ، سالقىن ھاۋا خىزمەت قىلىشقا بەكمۇ ئەپلىك ئىدى . مەن ھامان
ھەر كۈنى سەھەردە قانۇنىيەتلىك تۇرۇپ ، سائەت دەل ئالتە بولغاندا
سۆپىلىق ھويلىدىكى ئېگىز ئاق تېرەك ئاستىدا ئولتۇرۇپ ، گېزىت ـ
كىتابلارنى ئوقۇيتتىم .

مول مېۋىلىك پەسىل ئاللىقاچان باشلانغانىدى . سالا ئېتىزلارنىڭ
ئۈستىدىكى مېۋىلىك باغدا ئۆرۈك ، شاپتۇل ، نەشپۈت دەرەخلىرىدىكى
سانجاق ـ سانجاق مېۋىلەردىن دەرەخ شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەنىدى ،
تال بارىڭى ئاستىدىكى سالقىن سايە ئەتىگەنلىك ئادىتى تامىقىمغا خۇ-
شاللىق بېغىشلايتتى . مەن ئۇستەلگە مۇكچىيىپ خىزمەت قىلىۋاتقان
ۋاقتىمدا ، دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ شاد ـ خۇراملىق
بىلەن ئۇلاغلىرىغا مىنىپ ، مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ ، ھويلا بىلەن كىچىك
دەريا ئارىسىدىكى يولنى بويلاپ شەھەردىكى بازارغا ماڭغانلىقىنى
ئاڭلايتتىم ياكى كۆرەتتىم ، پەقەت تىلەمچىلەرلا پىيادە ماڭاتتى ، بۇلار-
نىڭ ئىچىدە ئېشەك يېتىلىۋالغانلىرىمۇ بار ئىدى . بىز يىغىلىپ ھەشەمەت-
لىك كىچىك شىپاڭدا تاماق يەيتتۇق . ئەتىگەنلىك ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا
ئۆتۈپ كېتەتتى ، شىپاڭنىڭ تۆت ئەتراپىغا قاتار ـ قاتار ئاق تېرەكلەر

تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەنىدى . بارلىق تۈركىستان ھويلىلىرىدا مۇشۇ خىل شەكىلدە پۈتۈن كۆن تولۇق سايە چۈشۈپ تۇراتتى . بۇ يەردە كۆندىلىك ئەتىگەنلىك گېزىت ياكى خەت ـ چەك بولمىغاچقا ، ئۇس-تىلارنىڭ ئىشىغا قارىشىمىغا كاشىلا بولمايتتى ، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا بىمالال ، تەمكىن ھالدا ئۆز خىزمەتلىرىگە بېرىلگەنىدى . ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھويلىدا سەيلە قىلىپ ، ئۇستىلارنىڭ رېمونت ۋە يا-ساش خىزمەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياكى باشقا ئەھۋاللارنى ئىگىلەيتتىم . ئارقىدىن دوستۇم ئىشخانىسىغا قايتىپ دوكلات يازاتتى ياكى ھىندىستان-دىن كەلگەن ۋاكالەتچىسىنىڭ ھەر خىل تىل ـ يېزىقتا ئارىلاشما يازغان ھۆججەتلىرىنى باش چۆكۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى . پەنجئابلىق سودى-گەر ، ھىندىستاننىڭ شىكاپۇر ( Shikapur ) دىن كەلگەن جازانىخور ، لاداقتىن كەلگەن ھامال ، راسكام ( Raskam ) دىكى كانجۇت كۆچمەن-لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر ۋاقىت مۈلكىي ساھىب ( مەمۇرىي ئە-مەلدارلار ) نىڭ ئارىلىششىغا موھتاج بولاتتى ، بۇ ئەمەلدارلار ئۇلارغا دادىسى ، ئاكىسىغا ئوخشاش كۆڭۈل بۆلەتتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى يىراق جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ مەركىزىگە شۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئەۋەتكەنىدى . مەن يېزىقچىلىق ۋەزىپەمنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرغان بولسامۇ ، دائىم چۈشتە بىر ـ ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئەستايىدىل موللا ئابدۇل قاسىم (قەشقەردىكى بىر مەدرىستىكى ئابرۇيلۇق ئالىم ) بىلەن بىرلىكتە تۈركىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلاتتىم . شۈبھىسىزكى ، بۇ ئاق كۆڭۈل موللا ئەرەب دىنىي قانۇنلىرى ئىچىدىكى چۈشەندۈرۈش تەس بولغان باب ـ پاراگرافلارنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايتتى ، ئادەتتىكى تۈركىي تىلدىكى ئوقۇشلۇقلار توغرىسىدا سۆزلەشنى خالىمايتتى . ھەتتا ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جەڭ-چىسى ۋە غايە ئۈچۈن جان بەرگۈچى مۇقەددەس ساتۇق بۇغراخان ( Satok Boghra Khan) نىڭ پارلاق ئىش ـ پائالىيەتلىرى سۆزلەنسىمۇ شۇنداق ئىدى . چۈشتىن كېيىنكى بىر ئاز ۋاقىت بىر كۆن ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئىسسىق ۋاقىت ئىدى . مەن ئادەتتە كۇتۇۋالغۇچى خادىمنىڭ بىر ئېغىزلىق ۋاقىتىنچە ئۆزگەرتىلگەن رەسىم يۇيۇش ئۆيىدە ئالدىنقى مەزگىللەردە تارتقان نۇرغۇن رەسىملەرنى يۇياتتىم ، ئارقىدىن ئازاراق غىزالانغاندىن كېيىن ، ساھىبخان بىلەن بىللە يېزىنىڭ سايە تاشلاپ تۇرىدىغان دەرەخلىك كىچىك يولىدا سەيلە قىلاتتىم ياكى يېڭى سېتىۋالغان ئەنجان بايتىلىغا مىنىپ ئايلىنىپ كېلەتتىم . ئەمما ، ئەڭ خۇشاللىق ۋاقىت كەچلىك تاماقتىن كېيىن بولۇپ ، مەن تۇرۇشلۇق ئۆيگە تۇتاش ئۆينىڭ ئۆزگىرىسىگە چىقىپ مەيىن كەچلىك شامالدا سالقىنداياتتىم ئىدى . مەن ئۇ يەردىن قەشقەردە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئائىلىلەرنىڭ دالا تاماقى پائالىيىتىنى كۆرەلەيتتىم ، بارلىق نام ـ ئاتاقلىق ئاھالىنىڭ شەھەر سىرتىدا دېگۆدەك مېۋىلىك باغلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئەتىگەندىلا ، ئۇ يەرگە بېرىپ شېرىن مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولۇشاتتى ، ھازىر دەل توپ ـ توپ قايتىشىۋاتقان شاد ـ خۇرام ئەر ـ ئاياللارنى كۆرگىلى بولاتتى . ئۇلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ماڭا ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى ، مېنى خېلى بۇرۇن ھۇنگرىيىنىڭ يوللىرىدا ۋە دەريالىرىدا ئاڭلىغان ئاھاڭلارنى ئىختىيارسىز ئەسلىتەتتى .

يېرىم ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى رۇسىيە كونسۇلخانىلىرىدىكى كازاك ( Cassak ) ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭ ئېيتقان رۇسچە ناخشا ئاھاڭلىرى مەيىن شامالغا ئەگىشىپ ئاڭلىنىپ ، كىشىنى يەنە يىراقتىكى غەربنى ئەسلىتەتتى . بىز شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئاتلىق يۈرگەن ۋاقىتلاردا ، ئۇلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇراتتۇق . بىراق ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلى بىلەن تونۇشۇشقا پۇرسەت بولمىدى . رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكىي بۇ رايوننىڭ قەدىمىي تارىخى ۋە ئېرقشۇناسلىقىغا بەك قىزىقاتتى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقۇچى بولغاچقا ، يېنىغا بېرىپ سالام بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم . ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا ، زىيارىتىمنى قوبۇل قىلالمىدى . توققۇز ئايدىن كېيىن خوتەندىن قايتىپ كېلىپ ، ئاندىن بۇ ئالاھىدە تالانتلىق ئەمەلدار بىلەن

كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم .

كونسۇلخانىغا يىغىلغان ئاز ساندىكى رۇس پۇقرالىرىدىن باشقا ، پوپ خېندرىكس ( Hendricks ) ۋە شۋېتسىيىلىك مىسسىئونېر راكۋېت ( Raquette ) ھەمدە ئۇنىڭ خوتۇنى قەشقەردىكى بىردىنبىر ياۋروپالىق بولۇپ ، مەن ئۇلارنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم . خېلى يىللار بۇرۇن پوپ خېندرىكس كاتولىك دىنى مىسسىئونېرى بولۇپ ، يۇرتى گوللاندىيىدىن موڭغۇلىيىگە بارغان ، كېيىن قەشقەرگە كەلگەن ، ئۇ دائىم چىنىباغ ، رۇسىيە كونسۇلخانىسى ، شۋېتسىيە مىسسىئونېرلار ئۆمىكىنى ۋە جۇڭگو يامۇللىرىنى زىيارەت قىلىشتا باراۋەر مۇئامىلىدە بولاتتى . ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق خەلقئارا ئىناق ئەخلاق نىزامىنى ئىپادىلىسە كېرەك . خەير ـ ساخاۋەتلىك پوپنىڭ زىيارەتكە كېلىشى ھامان نۇرغۇن خەۋەر ۋە سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى ، بۇ دائىم ئىپتىدائىي ماتېرىياللارنىڭ ئەكسى بولغان ئۇچۇرلاردىن مەقسەتسىز بەزى ئاخباراتلارنى يىغقاندا ، ئېھتىمال بىر پارچىمۇ يەرلىك گېزىت يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلانغان كىشىلەرگە نۇرغۇن تەسەللى ئېلىپ كېلەتتى .

مەن يېقىن ئەتراپتىكى رايونلارغا بېرىپ قەدىمىي قۇرۇلۇش خارابىلىكى توغرىسىدا ئىزدىنىشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق قىسقا سەپىرىمنى ئاددىي قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي : قەشقەرنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ شۈەنزاڭ تەسۋىرلىگەن يۈزدىن ئارتۇق بۇتخانىسى بار قەدىمكى « كىشا » ( Kie — sha ) خانلىقىنىڭ مەركىزى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا ، ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن بۇرۇنقى خارابىلەرنىڭ يەر يۈزىدە كۆرگىلى بولىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى . كىشىنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىغىنى تۈمەن دەرياسىنىڭ شىمالىي تىك قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاش كېسەكتىن ياسالغان ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن توپا دۆۋىسى بولۇپ ، چىنىباغنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.5 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا جايلاشقانىدى ، شۈبھىسىزكى ئۇ بىر غايەت زور بۇت مۇنار سۇپىسى ئىدى . ئۇنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 85 ئىنگلىز مىلى ، مۇنارنىڭ ئۇلى شەرقتىن غەربكە دىئامېـ

تىرى 160 ئىنگلىز مىلى ئىدى ، ئۇنىڭغا ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆلچەش ئېلىپ بارغان بولسامۇ ، بىراق بۇنداق چوڭ جايدىكى ئۆرۈلۈپ يېرىلغان يۇمشاق توپا دۆۋىسىدە پۈتۈن بۇددا مۇنارى سۇپىسىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى تەكشۈرۈش ياكى ئۇنىڭ مەركىزىنى بېكىتىش مۇمكىن بولمىدى . مۇنار ئۇلى يېنىدىكى ئېتىزلىق يۈزىدىن 15 ئىنگلىز مىلى چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلگەچكە ، بۇ ماڭا بەكمۇ ياخشى پايدىلىق كۆزىتىش بولدى . مەن بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بۇ يەرنىڭ تەكشىلىك يۈزىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېگىزگە كۆتىرىلىشى ئاساسەن لاتقىلارنىڭ چۆكۈشىدىن بولغانلىقىدەك ئىسپاتقا ئىگە بولدۇم . بۇ مېنىڭ كېيىن خوتەن قەدىمي پايتەختىنىڭ خارابىسىگە بولغان كۆزىتىشىمدە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلدى . بۇ شەھەرنىڭ شىمالىدىكى 1.5 ئىنگلىز مىلى جايىدا مۇشۇ يەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىكرەك بۇددا مۇنارى سۇپىسىنىڭ توپا دۆۋىسى بار ئىدى ، بۇ يەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن ، ئەتراپتىكى مەن بارغان خېلى زامانىۋى قىزىقارلىق جايلارنىمۇ بىرمۇبىر تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن . مىسال سۈپىتىدە ، ھەربىي گازارما تۇرۇشلۇق يېڭىشەھەر توغرىسىدا كۈندىلىك خاتىرەمدىكى مەزمۇنغا ئاساسەن تەسراتىمنى سۆزلەپ ئۆتەي :

ماكارتنېي ئەپەندى تەكلىپكە بىنائەن شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارىنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسىنى زىيارەت قىلىشقا باردى ، مەنمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگو ماللىرىنى سېتىۋېلىشقا بارماقچى بولدۇم . ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ، سالقىن ئىدى ، شۇڭا قۇياش بېشىمىزدا تۇرسىمۇ ، ئىككى شەھەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان 8 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى دەرەخلىك كەڭ سايلىق يولدا ئاتلىق مېڭىپمۇ ، يەنىلا ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلدىم . يېرىم يولدا قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ لېيمۇلىق قىزىل سۇ ئېقىۋاتقان تارماق ئېقىنىدىن ئۆتتۇق . بۇ نەچچە كۈن بۇرۇن تاغلىق رايوندا بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقىنى بىلدۈرەتتى . يېڭىشەھەرگە يېقىن غەربىي شىمالىي بۇرجەكتە ، يولنىڭ سول تەرىپىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ، ھەيۋەتلىك بىر ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش بو-

لۇپ ، بۇ ليۇ جىنتاڭغا نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى
خاتىرە ئىبادەتخانىسى ئىدى . بۇ گېنېرال 1877 ـ يىلى ياقۇپبەگ ئۆل-
گەندىن كېيىن ، جۇڭگو تۈركىستاننى قايتىدىن قايتۇرۇۋالغانىدى .
قايتۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ، بۇ گېنېرالنىڭ تۇغقانلىرى پۈتۈن ئۆلكە
دائىرىسىدە ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەنىدى . شۇڭا ، بىز ئالدى بىلەن بۇ
يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق . خاتىرە ئىبادەتخانىسى ئاق تېرەك
ياغىچىدىن ياسالغانىدى . بىز خاتىرە مۇنارىنىڭ ھويلىسىنى ئېكسكۇرسىيە
قىلغاندىن كېيىن ، ئالاھىدە ھاكلىق لاي بىلەن نەقىشلەنگەن ئەگمىسى-
مان دەرۋازا كارىدورى ئارقىلىق ئىككىنچى ھويلىغا كىردۇق . دەرۋازىغا
تۇتاش ئەڭ ئىچكىرى ھويلىغا سىپتا ياغاچتىن راۋاق ياسالغان بولۇپ ،
يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 8 ئىنگلىز ملى ئېگىز ئىدى . بىز بىنا سەھنى-
سىگە چىققان ۋاقتىمىزدا ، ئۇيلىمىغان يەردىن ئارتىسلارنىڭ دەم ئېلىش
ئۆيى بولۇش ئېھتىماللىقى بار تامدا يەنە ياغاچ كۆمۈر بىلەن سىزىلغان
نەپىس ياۋروپاچە نەقىشلەرنى بايقاپ قالدۇق .

خاتىرە ئىبادەتخانىسىنىڭ تۆۋرۈكلۈك كارىدورلۇق ئۈچىنچى
ھويلىسىدىن ئۆتۈپ ، ھەيۋەتلىك چوڭ زالغا كىردۇق ، ھويلا سىرتىدا
چوڭ قىزىل ۋە ئالتۇن رەڭدىكى بېغىشلىما خەتلەر پارقىراپ كۆزگە
تاشلىنىپ تۇراتتى . زالنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ، بىز ئۇنى بەرپا قىلغۇ-
چىلارنىڭ مول ھەم مۇكەممەل ھۈنىرىگە قايىل بولماي تۇرالمىدۇق .
ئۇڭ ، سول ئىككى تەرەپتىكى تامغا ليۇ جىنتاڭنىڭ غەلىبە قىلىش تا-
رىخى ، سىياسىي پائالىيىتى ھەمدە شەخسىي تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بىر
قاتار چوڭ تىپتىكى سىزما رەسىملەر چاپلانغانىدى . ئۇنىڭ توپىلاڭ
كۆتۈرگەن ئۆلكىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى ئۇرۇشى ۋە قورشاپ
ھۇجۇم قىلىشىدەك ئالاھىدە ، جانلىق كۆرۈنۈشلىرىمۇ بار ئىدى . تو-
پىلاڭچىلار ئارىسىدا رەھبەرلىك قىلغان ئەنجانلىق شەخس ھەمدە ئۇ-
رۇمچى ۋە شەرقتىكى باشقا مەركىزىي رايونلاردىكى تېرىسى قوڭۇر تا-
تارلار ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەنىدى . بىز گېنېرالنىڭ زالنىڭ ئوت-
تۇرىسىدا ئولتۇرۇپ ، ئۆلكە باش بۇغى بولۇش زور ھوقۇقى بىلەن ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىرلەرگە جازا بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆردۈق. يەنە ئۇنىڭ شەرەپ بىلەن يۇرتىغا قايتقانلىقى، ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۇلۇغ كەچۈرمىشىگە بولغان رەسىملىك چۈشەندۈرۈشنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، سېپتا نۇسخىغا ئېرىشەلىسە، ھەربىر ياۋروپا ئىنسانشۇناسلىق مۇزېيلىرىنىڭ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان توپلاش بۇيۇمى بولاتتى. ئالتۇن يالىتىلغان ھەشەمەتلىك نەزىر ـ چىراغ سۇپىسى ياكى مەركىزىي زال دەپ ئاتالغان جايغا بۇ جۇڭگو گېنېرالىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەربچە خاتىرە بۇيۇمى ـــ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەم بويى كېلىدىغان سۈرىتى قويۇلغانىدى.

مەن بۇ يەردە، ئاللىقاچان ئۆلگەن بۇ قەھرىمان شەخسكە ھېچقانداق جۇڭگوچە ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ يۇقلۇقىنى بايقىدىم. بىراق، زال ئىچىدىكى نەزىر ـ چىراغ سۇپىسى بار تامدا ئىككى ئەپسانىۋى ھايۋاننىڭ چوڭ رەسىمى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئوڭ تەرەپتىكى رەسىمدە بولۇت ـ تۇمانلارنى پۈركۈپ تۇرغان جانلىق تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە ئەجدىھا رەسىمى بولۇپ، داڭلىق شەخسنىڭ قولىدىن چىققانلىقى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ غايەت زور ئەجدىھانىڭ پۈركىگەن تۇمانلىرىنى كۆرۈپ، قەدىمكى زاماندىكى شۆەنزاڭنىڭ كىشىنى قورقۇنچ باسىدىغان ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ بوران ۋە قار ـ مۇز بىلەن پامىردىكى كۆپ تاغ چوققىلىرىنى قوغدىغانلىق توغرىسىدىكى تەسۋىرىنى ئويلاپ قالدىم. جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئەت كۈچىگە بولغان كۆز قارىشى بۇرۇنقى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. قارشى تەرەپتىكى تامغا سۈرلۈك يولۋاسنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئىلاھىي ئەجدىھاغا سېلىشتۇرغاندا، بەكمۇ ئاددىي ئىدى. يېرىمى ئادەمگە ئوخشايدىغان، روھىي قىياپىتى بەكمۇ چۈشكۈن رەسىمنى كۆرۈپ، كۈلكەمنى باسالماي قالدىم. مەن رەسسام بۇ ئالىي ھايۋاننىڭ ۋەھشىي قىياپىتىنى قەستەنگە بىر خىل ئۈمىدسىز تىز پۈككەن قىياپەتتە سىزدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئىبادەتخانىغا قارايدىغان كاھىن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن « ما بايۋەتچى »نى كۈتىۋالدى ، بۇ ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ جۇڭگوچە ھۆر-مەتلىنىش نامى ئىدى . كاھىن تارتىنچاق ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى ئاشۇ يېگانە كىچىك بۇتخانىدىكى لامالارنى ئەسلەتتى . ئۇ بىزگە راۋان قىلىپ ئىبادەتخانا بەھرىمەن بولغان سەدىقىنىڭ ھەممىسى ئۆلكىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەرتىلىك بىلەن تەقدىم قىلىشىغا مەنسۇپ ئىـ كەنلىكىنى ، چۈنكى ئۇلار لىۇ جىنتاڭنى ئۆزلىرىگە بايلىق ، ئەمەل ئاتا قىلغۇچى مۇقەددەس ئۇلۇغ كىشى ، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئەمما ، ئۇنى رەسمىگە تارتىدىغان ۋاقىتتا ، ئۇ جىددىيلىشىپ كەتتى ، رەسىمگە تـارتىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ يەنىلا دىنىي مۇخلىسلارغا خاس كەمتەر قىياپەتتە بولدى .

يول بويى ئاتلىق مېڭىپ يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن ئۆتتۇق . شەھەر سىرتى پۈتۈنلەي روشەن جۇڭگو ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ ، ھەممە يەردە توپ ـ توپ جۇڭگو چېرىكلىرى ۋە يات ئەلدىكى باشقا مىللەت خوتۇن ـ قىزلىرى بار ئىدى . ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭمۇ كۆپىنچىسى جۇڭگولۇق خەنزۇلار بولۇپ ، مال پۇكەيلىرىگە تىزىلغان مـاللارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلارنىڭ ئۆزىگە ماس ماللار ئىدى . ئەمەلىـ يەتتە ، بۇ ھىندىستاندىكى ھەربىي گازارما بازىرىنىڭ جۇڭگوچە نۇسـ خىسى بولۇپ ، تەرتىپ ۋە سىرتقى كۆرۈنىشىلا ئوخشمايتتى . بۇ جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆز قاراش جەھەتتىكى رو-شـەن پەرق ئىدى . ئازاراق ئۆزگەرتىش قىلىپ ، قەدىمكى رىم قەلئەسى سىرتىدىكى سودا مەيدانىنى شەرققە يۆتكەپ كەلگەندە ، ئەھۋالمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولاتتى .

شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ماڭغان كەڭ كوچا يوللىرى ئادەمنى تېخىمۇ قەدىمكى رىم قەلئەسى ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدۇراتتى . ھەر خىل ئاممىۋى قۇرۇلۇشلاردىن باشقا ، ھەربىي گازارمىـ نـىڭ ئاساسلىق بازىرىمۇ بار بولۇپ ، كوچا يولى پۈتۈن يېڭىشەھەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەنۇبتىن شىمالغا ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى . بۇ يەردىكى جۇڭگو دۇكانلىرى كونىشەھەردىكىگە قارىغاندا ، كۆپ رەتلىك ، پاكىز بولۇپ ، كىشىنى جەلپ قىلاتتى . ئەقىللىق سودىگەرلەرنىڭ زامانىۋى ئالاقىلىشىش شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىشى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى . بىر سودىگەرنىڭ رەتلىك ، پاكىز ئىشخانىسىنىڭ ھۆججەت جازىسىدىكى بەزى خەتلەرنى ئۇنىڭ خېنەن سودا ساھەسىدىكى دوستلىرى شاڭخەي ـ ھىندىستان پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق ئەۋەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم . لىپاپ ئۈستىگە ئىنگلىزچە رەتلىك ئادرېس يېزىلغان بولۇپ ، پوچتا يولى كولومبو ـ راۋالپىندى ـ گىلگىت ئىدى .

دۇكاندىن چىقىپ ، دېيىشىپ قويغىنىمىز بويىچە ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ جۇڭگولۇق دوستى لىيۇ لەيچىننى زىيارەت قىلدۇق . ئۇنىڭ شەھەر مۇداپىئە شتاب يامۇلىغا يېقىن جايدا ئاددىي ، ئەمما رەتلىك ـ پاكىز ، ئورۇنلاشتۇرۇشى ناھايىتى ياخشى بىر ئۆيى بار ئىدى . ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىسىدىن باشقا ، بىزنىڭ بۇ ساھىبخانىمىزنىڭ يەنە سەنئەتكار دېگەن ئاتىقىمۇ بار ئىدى . بۇرۇنلا ئۇنىڭ ماكارتنېيغا سوۋغا قىلغان يەلپۈگۈچنىڭ يۈزىگە سىزىپ بەرگەن چىرايلىق سىپتا رەسىمنى كۆرگەنىدۇق . ئۇنىڭ ھەم ئىشخانا ، ھەم قوشۇمچە رەسىم سىزىش ئۆيى قىلغان كەڭ يورۇق مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ ، بۇ سەنئەتكار ھەمدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ نەقىشلەنگەن تېمىدىكى كۆكۈل قويۇپ ئىشلەنگەن يۆگىمە رەسىمگە مەھلىيا بولۇپ ھوزۇرلاندىم . مېنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگىنىم ئۇنىڭ ماكارتنېي بىلەن بولغان قىزغىن ھەم جانلىق سۆھبىتى بولدى . شۇەنزاڭنىڭ « يېڭى زېمىن » ( New Dominions ) توغرىسىدىكى بايانلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىدا ، سۆز قەدىمىي يادىكارلىقلار ئۈستىگە يۆتكەلدى . ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ سۆھبەت مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمىنىلا چۈشىنەلىدىم ، ئەمما ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ ھەقىقىي تارىخ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدا شەك يوق ئىدى . مەن بۇ تىنچ مېھمانخانىدىكى ئىلمىي ھەمدە سىپايە كەيپىياتنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئەڭ كۆڭۈللۈك خاتىرىسىنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايمەن .

## توققۇزىنچى باب

# خانئۇي ۋە ئوردا پاشاھىم[1] مازىرى

9 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى ئەتىگەندە ، مەن يەنە سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەييارلاندىم . قەشقەردىكى بەش ھەپتىلىك دەم ئېلىش ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى ، بۇ مېنىڭ شەرققە سەپەر قىلىشتىكى ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغىلا يەتتى . بىز قەدىمىي يادىكارلىق بار دېيىلگەن خانئۇي ( Khan — ui ) گە سەپەر قىلدۇق ، بۇ بىر قېتىملىق روشەن ئەمەلىي ئۆنۈمگە ئىگە ھەرىكەت بولۇپ ، ئۇ مېنىڭ سەپەر ئەترىتىمگە بىر قېتىملىق پىراكتىكا قىلىش پۇرسىتى بەردى . تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغان خارابىلىك قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بىر كۈنلۈك يول بولۇپ ، ئارىلىق ئانچە قىسقا ئەمەس ئىدى . مەن خوتەنگە مېڭىش سەپىرىمنى باشلاشتىن بۇرۇن ، چوقۇم ئالدى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئالدىراش بولۇشى بىلەن سەل قارالغان مەسىلىلەرنى بايقىشىم ھەم تولۇقلىشىم كېرەك ئىدى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ دەرھال يولغا چىقىدىغانلىقىمىزدىن بارلىق ئۇستىلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تېزلىكتە ئورۇنلاپ بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى . يېقىملىق ھەم سۆيۈملۈك ساھىبخانلىرىم 9 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى ئەتىگەندە يولغا چىقىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى جاكارىمغا ئەھمىيەت بەرمەي ، سەپەر ئەترىتىنىڭ يولغا چىققىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولدى ، ئۇلارنىڭ گۇمانى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ ، مېنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيگەن ياللانما ئىشچىلىرىم ، ھەمراھلىرىم-

---

① ئەسلى تېكستتە « ئوردام پادىشاھ » ( Ordam — Padshah ) دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۆز ۋاقتىدا يىغىلىپ بولالايدىغان ــ بولالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باق-
ماقچى ئىدى . كىشىنى بىزار قىلىدىغان ، ۋاقىت زايە بولىدىغان بۇ خىل
مەسىلىلەرنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايتتى . شۈبھىسىزكى ، ئۇلار بۇ خىل
ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى . مەقسىتى بىزنى يەنىمۇ ياخشىراق
كۈتۈش ئىدى . ئۇ كۈنى ئەتىگىنىلا ھەمراھلىرىم ۋە تۆگە ، ئات قاتار-
لىقلارنىڭ ھېچقانچە ئاۋارىچىلىق تارتمايلا تېزلىكتە يىغىلغانلىقىنى باي-
قاپ ، بەكمۇ رازى بولدۇم . تەييارلانغان يۈك ــ تاقلار تېزلىكتە بې-
سىلدى . ئۇستاملار تۈنۈگۈن كەچتە ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداپ بولغانىدى .
كىشىلەرنىڭ ئۆزىتىشىنى ساقلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى ، شۇنداق قىلىپ
دوستلىرىمنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە سەپەر ئەترىتىم ئاتلىنىشقا تەي-
يارلاندى ، ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ،
ھەممىسى بەكمۇ ھەيران قىلىشتى .

تۆگە ئەترىتى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىدا رىئايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىكىنى
كۆرسىتىشكە ئالدىراپ ، يۈك ــ تاقلارنى ئارتىش بىلەنلا يولغا چىقتى ،
كىمنىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇ ۋاقىتتا ، ئەتىگەن-
لىك تاماق تېخى يېيىلىپ بولمىغاچقا ، ساھىبخانلار سەپەر ئەترىتىنىڭ
بىر پارچە سۈرىتىنى تارتىشماقچى بولۇشقانىدى . تۆگىلەر يىراق ماڭمايلا
دوستلىرىمنى يېڭى ئالغان رەسىم تارتىش ئاپپاراتىنىڭ ئالدىغا قايتۇردى .
قەشقەر ھاكىمىنىڭ مېنى ئۇزىتىشقا ئەۋەتكەن بەگلىرىمۇ يېتىپ كېلىش-
تى ، ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە كىيىملىرى مەيدانغا باشقىچە تۈس كىرگۈزگەنىدى .

يۈك ئارتىلغان رەتلىك تۆگە ئەترىتى ، ئاتقا مىنگەن بەگلەرنىڭ
قوغداش كىچىك ئەترىتى ھەممە مۇلازىمەتچىلەر 2 ئىنگلىز مىلى ماڭغان-
دىن كېيىن ، مېھماندوست چىنىباغدىكى تۇرالغۇدىن ئايرىلدىم . مەن
بۇنىڭ دوستلار بىلەن ھەققىي خوشلىشىش ئەمەسلىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ
مېنى شۇنداق سەممىي كۈتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم . مې-
نىڭ ماڭىدىغان يولۇم يارباغ ( Yarbagh ) دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ ، ئۇ-
نىڭ شىمالىدىكى شەھەر سېپىلىنى بويلاپ ئىلگىرىلەيتتى . ئارقىدىن
دەريادىكى تاربوغاز ( Tarbugaz ) كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇق . كۆۋرۈكنىڭ

ئىككى تەرىپىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كىچىك چىراغ مۇنارى بار ئىدى. بازار كۆنى بولمىسىمۇ، چارۋىچىلار مىنگەن، دېھقانلار ئېغىر يۈكلەرنى ئارتقان ئېشەك ۋە ئاتلارنى ھەيدەپ يېقىندىكى بازاردىن سۇدەك ئۆتۈشۈۋاتاتتى، ئېھتىمال بۇگۈن باشقا جايدا بازار بولغان بولۇشى مۇمكىن. يول ھەزرىتى ئاپاق (Hazrat Apak) خوجىنىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ بىر يېنىدىن ئۆتەتتى. بۇ ۋاقىتتا، مەن كارۋانلار توپىغا يېتىشۋېلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى باغلار ئارىسىدىكى سايلىق يېزا يولى بىلەن شىمالغا مېڭىپ بەشكېرەم (Beshkarim) گە يېتىپ كەلدىم. بۇ نۇرغۇن كەنتلەردىن تەشكىل تاپقان ئۇلتۇراق جاي بولۇپ، يىراقتىكى نارىم (Narim) غا بارىدىغان يولغا جايلاشقان. نارىمدا 1902 ـ يىلى بىر قېتىملىق قورقۇنچلۇق چوڭ يەر تەۋرىگەنىدى. بىز چۈش ۋاقتىدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

مەركىزىي كەنت داڭلىق بەشكېرەم بازىرىدا مېنى كۈتۈپ تۇرغىنى بىر قېتىملىق داغدۇغۇلۇق قارشى ئېلىش مۇراسىمى بولدى. بۇ رايوننىڭ بېگى بىر خۇشخۇي قەشقەرلىك كىشى بولۇپ، رەسمىي جۇڭگو ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيىپ، «يامۇل» ئالدىدىكى قارىياغاچ ئاستىدا تۇرۇپ، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە كۆپلىگەن مېۋە، چاي ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملەر تىزىلغانىدى. شامال ئۆتىدىغان پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ، يەرلىك تاتلىق مېۋىلەردىن ھوزۇرلاندىم. مېنىڭ ھەمراھلىرىم ۋە مۇلازىمەتچىلىرىمگىمۇ يەتكۈدەك ئىچىملىك، چوڭ لىگەنلەردە قوي گۆشى ۋە نانلار دەستۇرخانغا تارتىلدى. كەڭ بازار ئالدىدا ئادەم ۋە چارۋىلار تىقىلىشىپ كەتكەنىدى. ھەربىر كەنت باشلىقلىرى ئاتلىق كىچىك بىر ئەترەت قوغدىغۇچىلارنى يىغىپ كەلگەنىدى. بۇ يەردە جاپالىق پىيادە مېڭىش پەقەت ئاشۇ كەمبەغەل بىچارە پۇقرالارغا قالغانىدى.

بەشكېرەم بازىرىدا بىر سائەتتەك تۇرۇپ قالدىم، يۈك ـ تاقلار كېلىشتىن بۇرۇن ئۆتەتتەك ئىسسىقتا مېڭىش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ئاتلىق شۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋە كەنت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باشلىقلىرى بىلەن بىللە شەرققە ماڭىدىغان چوڭ يولغا قەدەم قويدۇق . تەخمىنەن 8 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن يول ئەگرى ـ بۈگرى ئېگىز جايدىكى تېرىلغۇ رايونغا كىردى . بۇ يولنى بويلاپ ، كەڭ ئۆستەڭنى ياقىلاپ ماڭدۇق . ئۆستەڭ بويىدا قاتار ئاق تېرەك ۋە سۆگەتلەر بار ئىدى . سائەت ئۈچكە يېقىن بىز ئانچە مۇنبەت بولمىغان جايغا كەلدۇق . مەن بۇ تېرىلغۇ يەرنىڭ ياقىسىغا ئالدىراش يېقىنلاشتىم ، كۆز ئالدىمدا بىر توپ قويۇق ئۆسكەن چوڭ ئاق تېرەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ دەرەخ شاخلىرى بىلەن قورشالــغان بۇۋى مەريەم خانىم مەقبەرىسى ئىدى ( Bu < Bibi > Maryam Khanum ) . ئۇ شۇدىكى ئىسلام دىنى رىۋايىتىدىكى مۇقەددەس قەھرىمان ساتۇق بوغراخاننىڭ خوتۇنى ئىدى . تۆت ئەتراپى ئېگىز لاي تام بىلەن قورشالغان كىچىك ئىشكتىن ھۆيلىغا كىرىپ ، كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان توغراق دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان قەدىمىي تۆت چاسا ھويلىنى كۆردۈم . ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ چوڭ قارا ياغاچ دەرىخى ئاستىدا بىر دۆۋە يېڭى يېمەكلىكلەر بار ئىدى . مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت ئارىسىدا مەن ئاشۇ قاقباش ھەمراھلىرىمغا ئوخشاش ئۇ بىر دۆۋە مېۋىلەرگە ئېتىلماي ، ئايلىنىپ باغقا كىردىم . ئۇ يەردە سالقىن سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان چىغىر يول بولۇپ ، كەڭ كۆلچەك ۋە توپا تامدىن ياسالغان چىرايلىق رەسمىيەت زالى ئارىسىغا جايلاشقانىدى . دەرەخلىك ئارىسىغا يېرىم يوشۇرۇنغان كىچىك قۇرۇلۇش تاۋاب قىلغۇچىلارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋە ياتىدىغان جايى ئىدى ، مەن ئۇلارنىڭ «قۇرئان » تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم . ئەمما ، ئۇلارنىڭ تاۋاب قىلىش مۇراسىمىنى چۈشىنىشكە ۋاقىت بولماي قالدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرگە تۇرغانلار سەرگەردان ـ دىۋانىلەر ۋە ئىلاھشۇناسلىقنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىدىغان تالىپلار ئىدى .

باغچىنىڭ يېنىدا قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ تۇرغان كەڭ بوشلۇق بولۇپ ، ھەممە يەردە بۇزۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان قەبرىلەر بار ئىدى . ئوتتۇرىدا ئاددىي ، ئەمما مۇستەھكەم يۇمۇلاق گۈمبەز چىقىرىلغان مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ مەقبەرىسى تۇراتتى . ھەممە كىشىگە

مەلۇمكى ، ياقۇپبەگ ( Yaqub Beg ) ، يەنى بەدەۋلەت ( Bedaulat )
قاتتىق پىششىق خىش بىلەن ئۇنى ئېگىزلەتكەن بولۇپ ، شارائىتى
ياخشى بۇ قورۇلۇش ۋاقتىدىن ھازىرغىچە رېمونت قىلىنمىغان-
دەك قىلاتتى ، بۇ مۇستەھكەم قورۇلۇشنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭغا ياخشى چۈ-
شەندۈرۈش بولاتتى . ئەتراپ پۈتۈنلەي ۋەيرانە تاشلاندۇق نەرسىلەر
بولۇپ ، لاي تام ئۆزىگە ئىشلىتىلگەن لاي ، توپىلار بىلەن بىرلىشىپ
كېتىشكە باشلىغانىدى . قەبرىستانلىقتا بۇرۇنقى ئىخلاسمەن ئىبادە قىل-
غۇچىلار قالدۇرغان يەرلەر بولۇپ ، شەرقنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشىغا ئا-
ساسلانغاندا ، بارلىق ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى قورۇلۇش ياساشقا ئىشلە-
تىپ بولۇپ ، كەمبەغەل تاۋاب قىلغۇچىلارغا سەدىقە بېرىشى ۋە قوتقۇ-
زۇشى بىر خىل تېخىمۇ جىددىي ۋەزىپە ھېسابلىناتتى .
سائەت تۆتتە ، ساھىبخان ۋە يول باشلىغۇچىلار ئىخلاسلىق دۇئا-
لىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مېۋە ـ چېۋە ۋە گۆشلەر راسلانغان كاتتا زى-
ياپىتىنى ئاياغلاشتۇردى ، بىزمۇ سەپەرگە ئاتلاندۇق . بىز ئۆستەڭنى
بويلاپ ئاتلىق يۈردۇق . بۇ ئۆستەڭ پۈتكۈل تۈزلەڭلىكنى تەمىنلىيە-
لەيتتى . بىز ئۇ يەردىن خانئۆي رايونىغا كىردۇق . ئۇنىڭ جەنۇب ۋە
شىمال ئىككى تەرىپىدە قۇملۇق سوزۇلۇپ كەتكەنىدى . چۈشتىن كېيىن
سائەت بەش يېرىمدە ، شەرق تەرەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى كىچىك كەنتكە
يېتىپ كەلدۇق . سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن ، زىيارەت قىلماقچى بولغان
قەدىمىي خارابىلىقتا بېرىپ قونۇش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى .
شۇڭا ، مەن كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، چېدىرىمنى كى-
چىك كەنت يېنىدىكى بىر پارچە چوڭ ئوتلاققا تىكتىم . دەرەخلەر سايە
تاشلاپ تۇرىدىغان جايدا قونۇش بەكمۇ راھەت ئىدى ، پاكىزلىك ۋە
تازىلىقنى ئويلىمىساقمۇ بولاتتى . كۈن قارايغاندا تۆگىلەر يېتىپ كەل-
گەندىن كېيىن قونالغۇ تېپىلغانلىقتىن بەك خاتىرجەم بولدۇم . كۆمۈش-
تەك ئاي نۇرى ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىدە جىلۋىلىنەتتى ، ئەتراپتىكى
ھەممە جىمجىتلىقتا چۆكۈپ ، قۇملۇقنىڭ بىزگە ئانچە يىراق ئەمەسلىكى-
دىن بىشارەت بېرەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىسى ئەتىگەندە ، ھەيۋەتلىك سەپەر ئەترىتىمىز قەدىمىي خارا-
بىلىككە قاراپ ئاتلاندى . چۈشكۈنلۈكنىڭ شەرقىدىكى تېرىلغۇ يەردىن
ئۆتۈپ بولدۇق ، يەنە ئالدىغا ماڭساق ، ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرىنىڭ
ئازاراقمۇ ئىزناسى كۆرۈنمىدى . 2 ئىنگلىز مىلى جايدا ، قۇياش نۇرىدا
قاقلىنىپ قېتىپ كەتكەن پاكار سېرىق توپىلىق دۆڭنىڭ ھەممە يېرىدە
قەدىمكى ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى ، ئەينەك ھەممە كۆل داشقاللىرى
چېچىلىپ ياتاتتى ، شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇ قەدىمىي ئولتۇراق جاينىڭ
خارابىسى ئىدى . ئەمما ، باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ قېپقالغان ئىزناسى يوق
ئىدى . قۇرۇلۇشنىڭ توپا ياكى كېسەك تاملىرى ئاللىقاچان غايىب بول-
غانىدى . كېيىنكى كەچۈرمىشىم ماڭا بۇنىڭ ئاساسلىقى قۇم ـ بورانىنىڭ
ئۈزلۈكسىز ئۇپرىتىشىنىڭ پەيدا قىلغان ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەن-
دۈردى . بۇ ۋەيرانە قاقاس جاينى كىشىلەر ھاساتام ( Hasa Tam )
دەپ ئاتايتتى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ جاينى ھەزرىتى سۇلتان ، يەنى ساتۇق
بۇغراخان ۋايران قىلغانىكەن .

مەن ساپال قاچا پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان رايوننىڭ مەركە-
زىدىكى ئېگىزرەك جايدا ، ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تىكلىگەن چېدىر
ھەمدە يېڭى يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇلغان دەستۇرخاننىڭ سېلىنغانلى-
قىنى كۆردۈم . بىراق ، بۇ راھەتلەردىن ھوزۇرلىنىشقا تېخى بالدۇر
ئىدى ، يول باشلىغۇچىلار ئۈمىد قىلغان تونۇگۇنكىگە ئوخشاش مول دالا
تاماقى كۆپۈككە ئايلانغانىدى . بۇ ئېگىز جايدىن جەنۇبقا قارىغاندا ،
ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىدە ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغان چاڭ ـ توزان
قۇملۇق تۇزلەڭلىكنى قاپلاپ تۇراتتى . ئەمما ، غەرب ۋە شەرق تەرەپ-
تىكى سېرىق توپا ۋە قۇملۇق پاكار قىرلار ئۈستىدە چىقىپ تۇرغان
دۆڭنى كۆردۈم ، چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرغان بەشكې-
رەمنىڭ ئاقساقىلى سوپىنىياز يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنى پىششىق بىلە-
دىكەن ، ئۇ بۇ ئالاھىدە توپا دۆڭنى تىلغا ئالغاندا ، يەرلىكلەرنىڭ ئا-
دەتتە قەدىمكى قۇرۇلۇشلاردىن شەكىللەنگەن دەپ قارايدىغانلىقىنى
ئېيتتى . مەن شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىدىكى توپا دۆڭگە ئاتلىق

3 ئىنگلىز مىلى مېڭىپ يېتىپ باردىم ، ئارمىنىمغا يېتىپ بىر بۇددا مۇنا-
رىنىڭ خارابىسىنى كۆردۈم ، تارىخى ئۇزۇن بولغانلىقتىن ، ئۇ بۇزۇلۇپ
كىچىك توپا دۆڭگە ئايلىنىپ قالغانىدى . ئەمما ، كېسەك بىلەن قوپۇ-
رۇلغان قەۋىتىنىڭ بىر نەچچە جايى ئېچىلىپ قالغانىدى . كەينىدىن توپا
دۆڭنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تەكشىلىك يۈزىدىن ئېگىزرەك
جايدىكى تۆت چاسا هويلىنىڭ خارابىسىگە باردىم ، ئۇنىڭ دائى-
رىسى 260 × 170 ئىنگلىز مىلى بولۇپ ، شۈبهىسىزكى بۇ ئىلگىرى بۇددا
مۇنارى تەۋە بولغان بۇتخانا ئىدى .

مەن خارابىلىكتە ئەمدىلا ئاددىي تەكشۈرۈشنى باشلىشىمغا شىمال
شامىلى چىقىپ ، ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىشكە باشلىدى ، دەسلەپتە كۆر-
گىلى بولىدىغان يىراقتىكى تاغ تىزمىسى ئۇزۇن ئۆتمەي قويۇق چاڭ ـ
توزان ئىچىدە قالدى ، مەن دەسلەپتە ئېنىق تونىيالىغان توپا دۆڭمۇ تاغ
تىزمىسىغا ئوخشاشلا كۆرۈنمەي قالدى .

ئەمما ، يول باشلىغۇچىلىرىم ئۇلارنىڭ ئۇزىتىنى پىششىق بىگەچ-
كە ، توپا دۆڭدىكى خىزمەتنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن ، قىلچە ئىككى-
لەنمەي شىمال تەرەپتىكى توپا دۆڭگە قاراپ ماڭدىم . قۇم بورىنىغا
قارشى ئاتلىق 4 ئىنگلىز مىلى مېڭىپ ئاخىر چىدىيالماي قالدىم ؛ ئەمما
كۆز ئالدىمدا بىر خىل قىزغۇچلىق يەر تۈزۈلۈشى كۆرۈندى . ئويلىمىغان
يەردە بىر تىك دەريا قىنىغا كېلىپ قالدىم ، ئۇ هازىر پۈتۈنلەي قۇرۇپ
كەتكەنىدى . يول باشلىغۇچىلار ماڭا تاغدا قاتتىق يامغۇر ياغقاندا ، بۇ
چوڭقۇر جىلغىدا ئازراق سۇ ئاقىدۇ ، دېيىشتى . قاراشقا ئەڭ كەڭ يېرى
تەخمىنەن 500 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بۇ دەريادا بۇرۇن چوقۇم ئۇ-
لۇغ سۇ ئاقاتتى . چۈنكى ، بۇ ئېنىق هالدا قەدىمكى يېزا ـ كەنتلەرنى
سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ دەريا ئىدى .

ئاتلىق كېتىۋېتىپ توپۇقسىز چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن خىلى
مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بۇددا مۇنارىنى كۆردۈم ، ئۇ چوڭ ـ كى-
چىكلىكى ۋە نىسبەت جەھەتتە ئافغانىستان چېگرىسى ۋە شىمالىي پەنج-
ئاب رايونىدىكى بۇددا دىنى خاتىرە مۇنارىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈچ

www.uyghurkitap.com

قەۋەتلىك تۆت چاسا شەكىلدىكى مۇنار سۇپىسىدا تىكلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يېرىم شار شەكىلدىكى مۇكەممەل يۇمۇلاق تورۇسىنىڭ ئېگىزلىكى 40 ئىنگلىز مىلىغا يېقىن ئىدى . مۇنارنىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى خېلى بار ، بۇزۇلۇشى خېلى ئېغىر بولغان تۆت چاسا توپا دۆڭنى كۆردۈم . بوران ـ يامغۇرنىڭ ئۇپرىتىشىغا ئاز ئۇچرىغان بىر تەرىپىدە بىر قاتار ئۈچ بۇت تەكچىسى شەكىلدىكى كىچىك ئۆينىڭ ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇددا مۇنارىغا تەۋە بۇتخانىنىڭ خارابىسى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولاتتى . ئىككى قۇرۇلۇشنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈز سۇپا ئاستىدە بەزى كىچىك قۇرۇلۇشلارنىڭ پاكار ئۆرۈلۈپ بۇزۇلغان تېمىنى تاپقىلى بولاتتى .

بەشكېرەمنىڭ ئاقساقىلى بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى : كىشىلەر بۇ جاينى مورى تىم ( Mauri Tim ) دەپ ئاتىشىدىــــغان بولۇپ ، بـۇ « ئەگمە تۆپىلىك » ، يەنى بۇ مۇنار رىۋايەتلەردىكى « چىن ماچىن پادىشاھى » نىڭ كۆزەت مۇنارى ، ئۇ ئىلگىرى بۇ قەدىمي شەھەردە تـۇرغان ، كېيىن ھارۇن بۇغراخان ( Harun Boghra Khan ) بۇنى بۇزىۋەتكەن ، دەپ قارايدىكەن . شۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، بۇ مۇنار ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە سېلىنىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا ، ئىسلام دىنى تـارقىلىشتىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ياسالغان دەپ قارايمەن . ئۇنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىدى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ ، ئۇنىڭ غەربىي يۈزىدە بىر تال چوڭقۇر كامار بارلىقىنى بايقىدىم . بۇنى بەلكىم « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى كولىغان بولۇشى مۇمكىن ، بۇ كامار يېرىم شار شەكىللىك ئۆگزىنىڭ مەركىزىدىن ئويۇلغان . ئۇنىڭ ئىچكى ھالىتى خۇددى مەن تەكشۈرگەن سۋات ( Swat ) ۋە بۇنېر ( Buner ) دىكىگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . تۆت چاسا شەكىللىك ئۆي بەلكىم نەرسە ـ كېرەك ساقلاش ئورنى بولسا كېرەك . ئۆي يۇمۇلاق ئۆگزىگە يېقىن بولۇپ ، تۆۋەن تەرىپى تار تىك قۇدۇق ، مۇنار سۇپىسىغا تۇتىشىپ تۇراتتى .

ناچار ھاۋارايىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر ئاز بولغاچقا، تۆۋەن تەرەپنى زىچ چۆرىدەپ تۇرغان يۇمۇلاق تامنىڭ ئۇلىدىكى قاتار - قاتار تۈۋرۈكلەر يەنىلا مۇكەممەل ساقلانغانىدى. گەرچە بۇ ياغاچلارغا 1000 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرىغىنىغا بىر نەچچە ھەپتە بولغان يۇلغۇن ياغىچىغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانداق ئالامەتنى سەزگىلى بولمايتتى.

ئۇ كۈنى بوران قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ ئۆلچەش ۋە سىزىش ئىشىمىزنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتتى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، خانئۆيدىن قايتىپ كېلىپ مىنزۇلا ۋە تېئودولىت بىلەن بىر كۈن ئىشلىدىم ھەمدە قېپقالغان ئۆلچەش خىزمىتىنى تاماملىدىم. ئەتىسى مورى تىمىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەخمىنەن 8 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى ئەسكى بىر كىچىك كەنتنى قونالغۇ قىلدىم. مەن چېدىرنى ئۈزۈم تالى بىلەن شاللىقنىڭ ئارىسىغا جايلاشتۇردۇم. مورى تىمىدىن قايتىش يولىدىكى تەخمىنەن 3 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا تەخمىنەن 22 ئىنگلىز مىلى كۆلەمدىكى بىر غەلىتە ئىمارەتنى تەكشۈردۈم. ئۇنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، تاختايدىن قوپۇرۇلغان قېلىن توپاتام كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ كەپتەرخانا ( Kaptar — khana ) بولۇپ، 10 ئىنگلىز دىيۇيم كېلىدىغان كىچىك كاتەكلەرگە ئايرىلغانىكەن. تامنىڭ ئىچىدىكى يەردە ئادەمنىڭ پارچە - پارچە سۆڭىكى تۇراتتى. بۇ تاشلاندۇق ئىمارەتتىن ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن ئۇنىڭ قايسى يىللارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نەرسە تېپىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، كىشىگە جەسەت كۈلى ساقلايدىغان ئورۇندەك غەلىتە تۇيغۇ بېرەتتى. بۇددا مۇرىتلىرى ياكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئارىسىدا ئادەمنىڭ سۆڭىكىنى بۇنداق ساقلايدىغان ئادەت يوق ئىدى. ئۇنداقتا شۇنداق ئېھتىماللىق بارمۇ، يوق؟ بۇنداق ئىزنا ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە مەلۇم ساندا بولۇشى مۇمكىن.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم ھەمدە رام سىڭنى شەرقىي جەنۇب تەرەپنى ئۆلچەپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. بۇ قېتىملىق كىچىك كۆلەمدىكى ساياھەت ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆ-

www.uyghurkitap.com

لۇشى مېنى تولىمۇ شادلاندۇردى . خانئۆيگە بېرىش سەپىرىدە ، سەپەر
جابدۇقلىرىمنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم ، بولۇپمۇ تۆگە
كاملىق قىلدى . بەزى جانۋارلار ياخشى ئېگەرلەنمىگەچكە ، يېغىر بولۇپ
كەتكەنىدى ، ساندۇقمۇ ئۆرۈلۈپ سوقۇلۇپ كېتىدىغان بولغاچقا ، بىر
نەچچە سۋەت ئىلىۋېلىش كېرەك ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەمچىلەرمۇ
ئالدىراش بولۇپ كەتتى . ئىككى كۈن جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق ئۆز-
گەرتىپ قۇراشتۇرۇش ۋە سەپلەش ۋەزىپىسى تاماملاندى . 9 ـ ئاينىڭ
10 ـ كۈنى ، چېدىرلىرىمنى تۆگىگە ئارتىپ خانئېرىق ( Khan — arik ) قا
قاراپ يولغا چىقتىم . رام سىڭ خانئۆيدىن ئۇدۇللا شۇ يەرگە باردى . 9 ـ
ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، مەن قەشقەردىن چىقىپ يەركەن ئارقىلىق
خوتەنگە ماڭدىم . ئۇ يەر مەن تەكشۈرمەكچى بولغان جاي ئىدى . ماڭ-
دىغان چاغدا ھېچقانداق كاتتا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىدى ، ئا-
خىرقى تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ ھېچقانداق ئاۋارىچىلىقسىز ئۈچرىمىدى . پە-
قەت يولغا چىقىدىغان كۈنى ئاخشىمى ، ماكارتنىي ئەپەندى مېنى كەچلىك
تاماققا تەكلىپ قىلغاندىلا ، ئاندىن مەن بۇ يەردە ماڭا تولىمۇ تونۇش بول-
غان بارلىق ياۋروپالىق كىشىلەرگە « خەير ـ خوش » دېيەلىدىم .

11 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، ساھىبخانلار بىلەن خوشلاشتىم ، قەشقەردە
خېلى ئۇزۇن تۇرغاچقىمىكىن ، ئۇلار ماڭا ناھايىتى غەمخورلۇق قىلدى ۋە
ياردەم بەردى . بۇ مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ ئارتۇق ئىدى . چىنىباغدىكى
قورۇدا نۇرغۇن كىشى مېنى ئۇزىتىپ قويدى . بۇنىڭ ئىچىدە ماكارتنىي
ئەپەندىنىڭ شۇ جايدىكى مەسلىھەتچىسى ھەمدە بەزى ئالاقىدار كىشىلەرمۇ
بار ئىدى .

يەركەنگە بېرىشتا ، مەن دائىم ماڭىدىغان چوڭ يولنىڭ شەرقىدىكى
يول بىلەن ماڭدىم ھەم قۇملۇق ئارقىلىق داڭلىق ئوردا پاشاھىم مازىرىغا
باردىم . گەرچە بۇ يەرگە بېرىشتىن ئىلگىرى سىر دوگلاس فۇرسىسنىڭ
ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىللە دوكتور سۋېن ھېدىنمۇ بۇ يەرگە كەلگەن
بولسىمۇ ، لېكىن بۇ مازارنىڭ ئورنىنى ئېنىق دەلىللەپ بېرەلمىگەن . شۇ-
ڭا ، بۇنداق يەر شەكلىنى بىلىۋالىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشىپ ھەمدە بۇ قې-

تىمقى قىسقا مۇددەتلىك سەپەردە دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېيىنكى ئۇزۇن مۇساپىغا تولۇق تەييارلىق كۆرۈشتە ئايلىنىپ يول يۈرسەممۇ ئەرزىيتتى. دەسلەپ چوڭ يولنى بويلاپ تۆگىگە مىنىپ بىر نەچچە ئىنگلىز مىلى مېڭىپ «يېڭىشەھەر» گە يېتىپ كەلدىم. ئەمدىلا قىزىق بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، قورغان سېپىلى تۈۋىدە مۇشۇ قورغاندا تۇرۇشلۇق بىر توپ ئەسكەرلەرنى كۆردۈم. مەن ھېچقانداق ئاۋارىچىلىققا يولۇقمايلا بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىغان، توپا ـ چاڭ ئۇچۇپ تۇرغان بازاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتىم. ماڭا غەمخورلۇق قىلغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بەگنى ماڭا يول باشلىغۇچى قىلىپ قويدى. كەنتتىكى تار يوللاردا ماڭدۇق، يولدا بۆك ـ باراقسان ئۆسكەن تېرەك ۋە سۆگەتلەر بىزگە ھەمراھ بولدى، قەشقەردىن 12 ئىنگلىز مىلى نېرىسىدىكى ياندۇرما ( Yondurma ) غا كېلىپ تاشمىلىقتىن يامانيارغا قاراپ ئاقىدىغان دەريادىن ئۆتتۇق. ئالدىمىزدا كەڭ كەتكەن شال ئېتىزلىرى بىلەن چۆپلۈك بار ئىدى، بۇلار تور شەكىللىك ئوششاق ئېرىقلا بىلەن سوغىرىلاتتى. مەن داڭگالچى ( Dangalchi ) دىكى دەرەخ سايىسىدا بىردەم ئارام ئېلىپ، قەشقەردىن 28 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان خانئېرىققا قاراپ يولغا چىقتىم.

بىز ماڭغان بازار خانئېرىقتىكى بەش يېزا ـ بازارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. بۇ يەردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، بىزنىڭ چۈشكۈنىمىزنىڭ بۇ يەردىكى «دۈشەنبە» بازاردىن «يەكشەنبە» بازارغا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۇق، كېيىنكى بازار شەرق تەرەپتىن 10 ئىنگلىز مىلى نېرىدا ئىدى. ئارىقتىكى يول ھەم يىراق، ھەم ئىسسىق بولغاچقا، بىز ئانچە قارشى ئېلىنمايتتۇق. يۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. قاش قارايغاندا يەنە 6 ئىنگلىز مىلى يول ماڭدۇق، خانئېرىقتىكى تار، ئۇزۇن قاقاس يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر توپ سالاپەتلىك كىشىلەرگە يولۇقۇپ تولىمۇ ھەيران قالدۇق.

ئەسلى ئۇلار شىكاپۇردىن خانئېرىققا ئۆسۈمگە قەرز بەرگىلى كەلگەن ھىندىستانلىقلار بولۇپ، خوجايىنىنى قارشى ئالغىلى كەلگەنىكەن. ياۋروپانىڭ قىشلاقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇشۇنداق بوستانلىقتا ئۇچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىشىپ قىلىش تولىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىدى . ئۇلار پەنجابتىكى گۈللەنگەن بىر تەبىقىگە ۋەكىللىك قىلاتتى . گەرچە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ھېسسىداشلىق تۇيغۇسى كەم بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئۆيدىن يىراق جايدا قەتئىي بوشاشماي ، قىلچە قانائەت قىلماي تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش روھىغا ئىگە كىشىلەر ئىدى . شۈبھىسىزكى ، شىكاپۇر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالاقىسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . 18 ــ ئەسىردە ، فورستېر ( Forster ) ئۇلارنىڭ ئۆسۈمگە قەرز بېرىش سودىسىنىڭ سەمەرقەندكىچە ، ھەتتا كاسپىي دېڭىزىغىچە كېڭەيگەنلىكىنى بايقىغان ، جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ جەنۇبى بىلەن ھىندىستانىنىڭ سودىسى يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاستا ــ ئاستا جەلپ قىلغانىدى .

يەكشەنبە بازارغا يېقىنلاپ قالغاندا ، مېنى قارشى ئالىدىغانلار قەيەردىن ئۇققان ، خانىبىرىقلىق ۋە شىكاپۇرلۇق بولۇپ 18 ئادەم چىققانىدى . ھىندىستانىنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزگە تايىنىش پەقەت دېھقانچىلىق رايونلىرىدىلا بار ئىدى . گەرچە بۇ يەرنىڭ زېمىنى كەڭ بولسىمۇ ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ قەرزى يىلدىن ــ يىلغا تۆگىمەيتتى . ماڭا ئېچكى ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەنلەر بۇ كەسىپتىن پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ئېتىراپ قىلىشتى . يېقىنقى سەككىز يىل ئىچىدە ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن . ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى ، ئۇلار قىسقا مۇددەت تۇرۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان . كۆپ قېتىم ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈمى بىلەن پايدىسىنىڭ نورمالسىزلىقىنى ئىگىلىدىم . بۇ ئۆسۈم ھىندىستانىنىڭ يېزىلىرىدا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بەرگۈچىلەرنىڭكىدىن ئاز بولىدىكەن . بۇ چوقۇم يۇقىرى پايدا ئېلىش ئارقىلىق تەۋەككۈلچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ يولىدا مېڭىپ ، ئاخىرى ئۆزلىمەي شىكاپۇرلۇق بانكىرلارنىڭ بىخەتەر ئىشكاپىغا كىرىدۇ . بۇ كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ۋەزىپىسى ئىدى . شۇڭا ، مەن قارشى ئالغۇچىلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ماكارتنېي ئەپەندى دەپ تەرىپلىشىدىن ھېچقانداق ھەيران-

لىق ھېس قىلمىدىم .
مەن چېدىرنى بەگىنىڭ بېغىغا تىكتىم ، ئۇ يەر تولىمۇ كەڭ ۋە جىمجىت ئىدى . ئۇزۇن سەپەردىن كېيىنكى جىمجىت بىر كېچىنى ئۆتـ كۈزدۈم . ھىندىلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن ، ئۇلار ماڭا دالى مېۋىسى ۋە كەمپۈت بەردى ، مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئانار ، ئۈرۈك ۋە ياسىغان كەمپۈتلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېـ يىنلا ، ئاندىن رازىمەنلىك بىلەن ئارام ئېلىشقا قايتىپ كەتتىم . شۇ خىل كەسىپتىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى ئاقسۇدىن كەلگەن باي بانكىر پارماـ ناد ( Parmanad ) دېگەن كىشى بولۇپ ، ئۆز رايونىدىن بۇ يەرگە قەرز سۈيلىگىلى كەلگەنىكەن . ئۇ ماڭا ئاقسۇدا پۇل ئالماشتۇرۇشتا ئاۋارىچىلىققا يولۇقمايدىغانلىقىمغا كاپالەت بەردى .
ئەتىسى ئوردا پاشاھىم تەرەپتىكى خانئېرىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان ئەڭ ئاخىرقى كەنت ئاچچىق ( Achchik ) قا قاراپ ماڭدىم . گەرچە 12 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يول بولسىمۇ ، لېكىن ئوتتۇرا يولدا تىك قىيالىق دەريا قىنى بار ئىدى . بۇ تۆگىنىڭ مېڭىشىغا توسالغۇ بولـ دى . يامانيارىدىكى لەڭ ـ لەڭ كۆرۈكتىن ئۆتمەك خېلى قىيىن ئىدى ، تۆگىنىڭ ئۆتۈشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىر شالاڭ ئۆسكەن سۆگەتنىڭ سايىسىدا سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتتۇق . ئات ـ ئۇلاغلار تو- لىمۇ ئەزمىلىك بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى ، كېيىن يۈك ـ تاقلارنى چۇشۇ- رۇپ ئايرىم ـ ئايرىم يۈرۈپ كەتتۇق . ئاخىر دەريانى بويلاپ 1 ئىنگلىز مىلى مېڭىپ دەريادىن ئۆتىدىغان بىر جايغا كەلدۇق ، ئۇ يەر ئانچە تىك ئەمەس ئىدى . ئۇلاغلارنى بىرمۇبىر يېتىلەپ دەريادىن ئۆتۈش خېلى تەسكە توختىدى ، ئۇلارنى سۇغا يېتىلەپ ئەكىرسەك ، سۇ ئۈزۈش ماھاـ رىتى بىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولۇپ چىقتى . ھەر قېتىم شۇ يەرلىك ئىككى كىشى بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولۇپ سۇغا كىرىپ ، بىزگە يول باشلاپ ماڭدى . مېنىڭ ئۇلاردا 700 رۇپىيە قىممىتىدىكى نەرسە ـ كېرەكـ لىرىم بولغاچقا ، بۇ ماڭا نىسبەتەن جانغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتەك بىلىندى .
ئۈچ سائەتتىن كېيىن بىزنىڭ ئەترەت قايتىدىن سەپەرگە ئاتلاندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاچچىقتا بارىدىغان يولدا ئېتىزلارنى ئارىلاپ يەنە قاقاسلىق يەر-
لەردىن ماڭدۇق . بۇ بىزنىڭ قۇملۇقتا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىمىزدىن دېرەك
بېرەتتى . لېكىن ، ئاچچىق كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان جاي ئىدى .
كەنت باشلىقى ئۆيىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن . ئۇنىڭ ئۆيى خېلى
ئازادە بولۇپ ، ئاپئاق ئاقارتىلغان تامغا خوتەن گىلىمى ئېسىلغانىدى . لې-
كىن ، ئۆي سەل قاراڭغۇ بولغاچقا ، ھاۋامۇ ياخشى ئۆتۈشمەيتتى . شۇڭا
چېدىرنى ئەمدىلا ئورالغان بېدىلىككە تىكتىم . بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ
كۆڭۈللۈك بىر ئاخشام بولدى . يىراقتا بوغدايلىق ۋە شاللىق بار ئىدى ،
ئۇلارنى تېرەك بىلەن ئۈجمە دەرىخى ئوراپ تۇراتتى . بۇ ئېتىز مەنزىرىسى
خۇددى مەن تۇرغان ھۇنگرىيىنىڭ مۇنبەت تۈزلەڭلىكلىرىگە ئوخشايتتى .

ئاچچىقتا كەلگەندىن كېيىن ، بۇ يەردە بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ ،
يەنى بىر تاشلاندۇق جاينىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم ، ئۇ يەر شەرقىي جەنۇب
تەرەپتىكى قۇملۇقتا جايلاشقانىكەن . بىزگە بۇ گەپنى ئېيتىپ بەرگۈچى
گەرچە بۇ يەر بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىگەن
بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ يەرگە مەن تۇرغان چۈشكۈندىن ئوردا پاشاھىمغا بىر
كۈندە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگىلى بولاتتى . شۇڭا ، بۇنىڭ
ئۈچۈن ئالاھىدە زىيارەت قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى . ئۇ يەردە ھازىرقى-
دەك ئىمارەتلەر بولمىسىمۇ ، لېكىن كېسەك دۆۋىلىرى ۋە ساپال پارچىلىرى
بىلەن قاپلانغان جاي بار ئىدى . شۇڭا ، مەن ئەترەتتىكىلەرنى يول باش-
لىغۇچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەنۇبتىكى قۇملۇقتىكى قەبرىستانلىقنى
توغرىسىغا كېسىپ مېڭىشقا بۇيرۇدۇم . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مەن
يەنە بىر يول باشلىغۇچى ۋە ياردەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچى خادىم بىلەن
سائەت سەككىزدە تۆگىلىك قەدىمكى شەھەر بايخان ( Baikhan ) دې-
گەن جايغا قاراپ يولغا چىقتۇق . ئۇزاق ئۆتمەي ئاچچىقتىكى ئېتىزلاردىن
يىراقلاشتۇق ، بىز كەڭ كەتكەن توغراقلىق بىلەن قاپلانغان قۇملۇقتا ۋە
سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىككە قەدەم باستۇق . جەنۇبىي تەرەپتىكى تەخمى-
نەن 4 ئىنگلىز مىلى نېرىدىكى غېرىبانە قۇرۇز ( Khuruz ) دېگەن كەنتكە
بارغۇچە يولدا نە ياۋايى ھايۋان ، نە ئادىمىزات يوق ئىدى . بىر كىچىك

ئۆستەڭ بىر نەچچە ئائىلىنى ۋە ساناقلىقلا ئېتىزلارنى سۇ بىلەن تەمىنـ لەيتتى . يەنە 4 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ، بىر قاقاسلىق جاينى كېسىپ ئۆتۈپ نۇرۇنام ( Nurunam ) غا يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەردە ئىككى چوپاننىڭ كونا كەپىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۇق ، ھەربىر دەرەخ بۇ جىمجىتلىقتا چۈمگەن تۈزلەڭلىككە ۋەكىللىك قىلاتتى . شۇڭا ، يول ئۈسـ تىدە مىنزۇلا بىلەن ئورنىمىزنى ئېنىقلاش ئانچە تەس بولمىدى . قاق چۆش بىلەن تەڭ ھاۋامۇ ئىسسىپ كەتتى . بىز يەنە سازلىقتا تۇتاشقان قاتار ـ قاتار ئۆيلەر بار بەكتۇرۇق ( Bekhtauruk ) قا كەلدۇق . بىر كىچىك ئۆستەڭ بۇ سازلىقتا قويۇلىدىكەن ، ئەمما بايخان دېگەن جاينىڭ سايىسـ نىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى ، بۇنىڭدىن ئارىلىقنىڭ خاتا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىپ ئىزدەش ، ياكى كەچتە قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ ئوردا پاشاھىمغا بېرىش تولىمۇ مۇشكۈل ئىدى . شۇڭا ، مەن بۇ سەپەرنى تاشلاپ ئۇدۇل قەبرىستانلىقتا قاراپ مېڭىشنى قارار قىلدىم ، ساياھەت ئەترىتىمنىڭ مەندىن بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ بو- لىدىغانلىقىنى پەملىدىم .

بىز بىر چوپاننى يول باشلىغۇچىلىقتا ياللاپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىـ رىلەپ ، بارا ـ بارا قۇملۇق تاغنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتۇق . بىر يېرىم سائەت يۈرگەندىن كېيىن ، رەسمىي قۇملۇققا قەدەم باستۇق . بارلىق چاتقاللىق كەينىمىزدە قالدى ، كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قۇملۇقتا قۇمۇشلار ھەمدە جەنۇب تەرەپتە چەكسىز قۇملۇق بار ئىدى ، قۇملۇقتىكى بارخانلار خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك كۆرۈنەتتى . يىراقلارغا نەزەر سالساق ، تۇ- تاش كەتكەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدا قارايغان پاكار بىر تاغ پەيدا بولدى . بۇ خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايدىغان جاي ئىدى . بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر رەت ئېگىز توۋرۇكلەر بولۇپ ، ئىبادەت قىلغۇ- چىلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقەددەس بەلگىسى ئىدى . يىراقتىكى بۇ بـەلگىگە قاراپ ، ئاندىن ئوردا پاشاھىمنىڭ ئورنىنى ۋە باشقا يەنە دوستـ بـۇلاق ( Dostbulak ) مازىرى ، سۇلتانىم ( Sultanim ) مازىرى ۋە قىزىل جايىم ( Kizil Jaim ) مازىرىنىڭ ئورنىنىمۇ بېكىتتۇالدۇق .

www.uyghurkitap.com

يول باشلىغۇچىغا ئەگىشىپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ ، تاۋاب قىلغۇچىلار ماڭغان چوڭ يولغا چىقتۇق . ئەتراپتا بىر كىچىك ساراي بولۇپ ، ئۇفتۇ لەڭگەر ( Uftu Langar ) دېيىلىدىكەن . ئەمما ، ئۇ يەردە بۇرۇن ماڭغان كارۋان ئىزى چىقمىدى . ئۇزۇنغىچە تىت ـ تىت بولۇپ ساقلاش بىلەن ، ساياھەت ئەترىتى ئاخىر يىراقتىكى قۇم تاغنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلدى ، كۆڭلۈمۇ جايىغا چۈشتى ، ئەمدى ئۇزۇن ساقلىمايدىغان بولدۇق . شۇنداق قىلىپ ، گۇگۇمدا يەنە سەپەرگە ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم .

يولدا قۇم بارخانلىرى بارغانسىرى كۆپەيدى ، يولمۇ ماڭغانسىرى قىيىنلاشتى ، غوۋا يورۇقتا يېرىم ئاي شەكىللىك بارخانلارنى تەسلىكتە كۆرگىلى بولاتتى . بارخانلار ئارىسىدىكى ئويمان يەر تولىمۇ قاتتىق ھەم شورلۇق ئىدى . 30 ~ 40 ئىنگلىز ملى مېڭىپلا ، خېلى ھېرىپ قالدۇق . قۇم بارخانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان ، يېرىم ئاي شەكىللىك بارخانلار بولۇپ ، تىك قىيالىرى بىردەك شەرقىي جەنۇبقا قىيسايغانىدى . تەخمىنەن 5 ئىنگلىز ملى يۈرگەندىن كېيىن ، قۇم يۆتكەلگەن جايغا باردۇق ، ئۇنىڭدىن كېيىن نىشانلىق جايغا يېتىپ باردۇق .

بىز ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى . بۇلاقنىڭ سۇيىنى تېتىپ باقساق شۇنداق ناچار ، ئەتراپتىكى سارايمۇ شۇنداق كونا بولغاچقا ، دەرھال قوزغالدۇق . تەخمىنەن يېرىم ئىنگلىز ملى نېرىدىكى قۇملۇق قەبرىدىكى بىر كەنتكە يېتىپ باردۇق . ئۇ يەردە بىر ـ بىرىگە تۇتاش سېلىنغان كىچىك كەپە ۋە ئۆيلەرنى كۆردۈم ، بۇلار مەخسۇس قەبرىستانلىقتا قارىغۇچىلارنىڭ تاۋاب قىلغۇچىلارنى تەمىنلەيدىغان تۇرار جايى ئىكەن . بۇنىڭ ئىچىدىكى پاكىز تازىلانغان بىر ئۆي بىزگە بېرىلدى . ئۇلاغلارغىمۇ ئوت ـ چۆپ ، سۇ بەردى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايغا چېدىرىمنى خاتىرجەم تىكتىم . ئۇزۇن ساقلىغاندىن كېيىن كەچ سائەت سەككىزلەردە بولغاندا ، نەرسە كېرەكلەر يېتىپ كەلدى . كېچە ، قۇملۇقنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ ساپ ئىدى ، شەرقتىن شامال

ئۇرۇپ تۇراتتى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئارام ئالدىم ، بۇ ۋاقىتتا مەن بىر كۈنلۈك يول ھاردۇقىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، تۆت ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى . چېدىرىمىنىڭ ئالدى ــ كەينى تەرەپتە پۈتۈنلەي كۆچكەن قۇملار- نىڭ ئىزى بار ئىدى ، ئەتراپىدىكى كونا ئۆيلەر ، ياتاقلار ئوخشاشلا بىر خىل سېرىق توپا رەڭگىدە ئىدى ، ھەتتا ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشمۇ سارغۇچ نۇر چېچىپ تۇراتتى . كىيىملىرىممۇ ، چېدىرىممۇ شۇ خىل رەڭگە ماسلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، تولىمۇ رازىمەنلىك ھېس قىلدىم . مەس- چىتنىڭ كەينىدە 35 ئىنگلىز مىلى ئىگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرى چوقچى- يىپ تۇراتتى ، بۇنىڭدىن مەن بۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۆزۈنىغا بارماي بۇ ئىمارەتنى كۆمۈپ تاشلاش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم . لېكىن ، بۇ بىزنىڭ مېنزۇلا بىلەن پۈتۈن قىسمىنى ئۆلچىشىمىزگە قولايلىق ئىدى . ئۇ- نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ مەسچىتنىڭ شىمالىي تەرىپىدە لەڭگەر ۋە مۇقەددەس قەبرىنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق ، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزنى ئېنىق مۇئەييەنلەش- تۈرۈپ بەردى ، قولىمىزدىكى خەرىتىدىن پايدىلىنىپ ، يۇقىرىقى بەلگىلەر ئارقىلىق ئوردا پاشاھىم مازىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىنىڭ يىرىم گرادوس پەرق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق .

قارىماققا كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان شەيخ بىزگە ئەگە- شىپ قۇم بارخانىغا چىقتى ۋە بىزگە سۇلتان ئارسلان بۇغراخاننىڭ بۇددا مۇرتلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا بۇ تۇپراقتا قۇربان بولغانلىقىدەك ھېكايىنى سۆز- لەپ بەردى . ئەڭ ئاخىرى غەلىتە بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ جەسىتى مەككىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشىشىپ قاپتۇ ، جەسىتىنى قۇم يۇتۇپ كېتىپتۇ . غەربتىكى يېرىم ئىنگلىز مىلى يىراقلىق- تىكى جايدا ، ئېگىز تېرەك خادىسى بۇ مۇقەددەس پادىشاھنىڭ ئۆلگەن جايىنىڭ بەلگىسى ئىكەن . مۇشۇ رايوندىكى بارلىق قەبرىگە تىكىلگەن خادىلارغا ئوخشاش ، ھېلىقى خادىغا تاۋاب قىلغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى سۈ- پىتىدە قىزىل تۇغلار ۋە ھەر خىل لاتىلار باغلاپ قويۇلغانىكەن . مازارغا بارىدىغان يولدا بىر ئويمان يەر بولۇپ ، ئۇ يەردە شەيخ ئىشلىتىدىغان بىر

www.uyghurkitap.com

قۇدۇق بار ئىكەن ، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى سۇلتانىنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتى-
شىدىكەن ، ھازىرقى ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ غەربىدە
پاكار بىر تام بار ئىكەن ، قارىماققا بۇرۇنقى كەنتنىڭ ئىزناسىدەك قىلاتتى .
ئۆيىنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا ، بۇ خارابىلەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن ، قۇم
بارخانلىرى شەرقىي جەنۇبقا يۆتكەلگەندە ، ئۇلار يەنە يېڭىباشتىن ئېچىلىپ
قالغان .

گەرچە بۇ تاۋاب قىلغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس جايى بولسىمۇ ، لېكىن
ھەمراھلىرىم بۇ يەردىن تېز كېتىشكە ئالدىرايتتى ، شۇڭا مەن ئۇردا پا-
شاھىم مازىرىدىن يولغا چىقىدىغان ۋاقتتا ، ئەترەتتىكىلەر ئاللىبۇرۇن
مەندىن يىراقلاپ كەتكەنىدى ، يەركەندىن ئۆتۈشتە جەنۇب تەرەپىنى
كېسىپ ئۆتىدىغان قۇملۇقتا يەنە بىر مۇقەددەس جاي ھەزرىتى بېگىم
( Hazrat Begim ) قەبرىگاھى بار ئىدى . ئۇ يەرگە بېرىشتا تۈنۈگۈنكى-
دىنمۇ كۆپ جاپا چېكىشكە توغرا كېلەتتى . چۈنكى ، بۇ يەردە تۇتاش
كەتكەن قۇم بارخانلىرى بار ئىدى . قايسى نىشان بويىچە مېڭىشتىمۇ خې-
لىلا قىيىنچىلىق بار ئىدى . ئۇ يەردە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان قۇملۇق ئايرى-
ۋەتكەن تار يول بار ئىدى .

بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى تاغ
تىزمىسىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا ، قۇم بارخانلىرى بارغانسېرى ئېگىزلەپ ، ئا-
خىرىدىكى قاتتىق سېرىق تۇپراق تېخىمۇ چوڭقايغىلى تۇردى . بۇنىڭدىن
ئۇنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى .
يىراقلارغا نەزەر تاشلىساق ، تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنەتتى . ئەمەلىيەتتىن قارى-
غاندا ، قۇملۇقتىكى تۈزلەڭلىك 3000 ئىنگلىز مىلىدىن چوڭ ئەمەس ئى-
دى . شېغىل قاپلىغان يانتۇلۇق يۈزىدە بىر خىل غەلىتە دەز كەتكەن يې-
رىق بولۇپ ، بۇ قۇم — بورانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەسىر قىلىشىدىن
شەكىللەنگەن . يانتۇ تەكشىلىك خۇددى بىرسى سۈپۈرۈپ قويغاندەك تو-
لىمۇ پاكىز بولۇپ ، ئۇ يەردىن ئاللىقانداق گرانىت تاش پارچىلىرىنى تاپ-
قىلى بولمايتتى .

تاغ دۈمبىلىدە تاۋاب قىلغۇچىلارغا يول كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن

ئۇلۇغ نىشان ( Ulugh Nishan ، يەنى ئېگىز خادىلار ) بار ئىدى . ئېيىتىشلارغا قارىغاندا ، ئارسلان خان مۇشۇ جايدا ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى مۇقەددەس بەگكە ئاخىرقى دۇئا قىلغانىكەن . بەگنىڭ قەبرىسى غەربىي جەنۇب تەرەپتە بولۇپ ، كۆرگىلى بولاتتى . يانتۇلۇقنىڭ يەنە بىر تەرىپى تولىمۇ تىك بولۇپ ، قۇم كۆچمەيتتى . هايال بولماي ، ئۇ يەرگە يېتىپ باردۇق . ساياھەتچىلەر ھەزرىتى بېگىمدە تولىمۇ ئاز تۇراتتى ، چۈنكى توپا لايدا ياسالغان قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىدا پەقەت شەيخلەرنىڭ بىر نەچچە ئېغىزلىق كەپىسى بولۇپ ، قۇم ئۈستىدە ئادەم ئۈستىخانلىرى ۋە ئەخلەتلەر چېچىلىپ ياتاتتى ، تۆگە 10 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن هالسىراپ قالدى . ئەمدى بارىدىغان جاي قىزىل ( Kizil ) ئىدى ، يول ئۇزۇن ھەم جاپالىق بولغاچقا ، بىز چېدىرنى قەدىمي قەبرىنىڭ يېنىغا قۇردۇق . يېنىمىزدىكى بۇلاقتىن چىققان سۇنىڭ تەمى تولىمۇ قىرتاق ئىدى .

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، مەن كەڭ دالىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، بارا ـ بارا قاتتىقلىشىپ كېتىۋاتقان چاتقاللىق جايغا كەلدىم . تەخمىنەن 4 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى سادىق لەڭگەر ( Saduk — Langar ) دېگەن جايدا بىر كىچىك بوستانلىقنى كۆردۈم ، ھەم ئىختىيارسىز ۋاقىراپ تاشلىدىم . بۇ يەر تاۋاب قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن ۋەخپە يەر ئىدى . بىز خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇق ، ئات ـ ئۇلاغلار بۇ يەردە ئوتلىدى ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە قەشقەر بىلەن يەركەننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چوڭ يول تۆپىسىدىكى كەنت قىزىلغا يېتىپ كەلدۇق . شۇنداق قىلىپ كىشىنى بىزار قىلىدىغان قۇملۇق ئاخىر كەينىمىزدە قالدى . يېشىللىققا پۈركەنگەن ئېتىزلار ۋە باغلار ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلاتتى . باشقىلار ئۇدۇللا خەنزۇلارنىڭ سارىيىغا بېرىشماقچى بولۇشىدى ، مەن ئۇنداق مەينەت سارايدا تۇرۇشقا قارشى چىقتىم . ئۇلار تولىمۇ ھەيران قېلىشتى . ساراي ئات ـ ئېشەكلەر ، هارۋىلار ھەمدە ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى ، سادىقئاخۇن پەس ئاۋازدا غودۇڭشىپ : « قەشقەردىن كەلگەن خوجاملارمۇ مۇشۇ سارايدا تۇرىدۇ » دېدى . ئەمما ، ھىندىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللىك تەجرىبىلەر ماڭا بۇ جاينىڭ تۇرۇشقا

مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى . شۇڭا ، مەن چۈشكۈن قىلىشقا جاي ئىزدەپ دەرھاللا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر يەرنى تاپتىم . بۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مېۋىلىك باغ بولۇپ ، ئەتراپى كەڭرى كەتكەن دالا ئىدى . بۇ يەر سايە تاشلاپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلىك بولۇپ ، چىم-ەنرنى تىنكىشكە ئەپلىك ئىدى . بۇ يەردىكى مېھماندوست كىشىلەر بىزنىڭ تۈنجى قۇملۇق سەپىرىمىزدىن قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى تەبرىكلەشتى .

ئەتىسى ، 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ، پۈتۈن كۈن گىياھ ئۈنمەيدىغان قـاقاسلىقتا كۆك راباتا ( Kök — rabat ) قا قاراپ ماڭدۇق . بۇ يەر بىپا-يان يەركەن بوستانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى ئىدى . 14 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتا نە بىرەر تۈپ تېرەك ، نە بىرەر چاتقالنى كۆرگىلى بولمايتتى . بۇ يەردىن پەقەت قۇم باسقان كۆل رەڭ دالا بىلەن يىراقلارغا سوزۇلغان چاڭ ـ توزان قاپلىغان ئۈپۈق سىزىقىنى كۆرگىلى بولاتتى . يولدا توپا بىلەن قوپۇرۇلغان مۇنار شەكلىدىكى بىر يەرنى ئۇچراتتۇق ، بۇ « پو-تەي » ( Potai ) بولۇپ ، ھەر بىر پوتەي جۇڭگونىڭ يول مۇساپە ئۆزۈن-لىقىدا 10 چاقىرىم ئىدى ، ئىنگلىزلارنىڭ 2 مىل ئارىلىقىغا يېقىن كېلەتتى . بۇ خىل ئۆلچەم بىرلىكى ـــ « چاقىرىم » تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا كەڭ ئومۇملاشقان ، بۇ خۇددى تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭ ۋە باشقا جۇڭ-گولۇق بۇددا نومىنى ئالغۇچى توپىلارنىڭ ھىندىستاندىكى خاتىرىلىگەن يول مۇساپە ئارىلىقىغا ئوخشايتتى .

چۈشتە ئاق رابات ( Ak — rabat ) تا بىر پەس توختاش جەريا-نىدا بۇ قاقاس چۆلدە بىر سارايىنى ئۇچراتتۇق ، سارايىنىڭ تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان بولۇپ ، بۇ يەردە جۇڭگولۇق ئەمەلدار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ تورغانلىقى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇراتتى . بۇ يەر پاكىز ، كارىدورلىرى جىمجىت ۋە سالقىن ئىدى . تۆگىلەر كېلىشتىن بۇ-رۇن ، بىز بۇ يەردە بىر پەس ئارام ئالدۇق . ئەتراپتىكى ياپيېشىل ئې-تىزلارغا ۋە دەرەخلەرگە نەزەر سالغىنىمدا ، سائەتمۇ بەش بولاي دەپ قال-غانىدى . غەربتىكى تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن دەريا سۈيى كۆك را-باتنى بېقىپ كېلىۋاتقانىدى . مەن ئاساسلىق كەنتتىن ئۆتۈپ بۇ جايدىكى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىردىنبىر  سوزۇلغان يولدىن 1 ئىنگلىز مىلى نېرىغا باردىم . كېيىن دەل ـ دەرەخلـەر گىرەلىشىپ كەتكەن بىر جايغا چېدىرنى تىكتۇق . بۇنىڭدىن ياخشىراق سايە تاشلاپ تۇرغان جاي بولىسمۇ ، لېكىن بۇ قورشاۋ تامنىڭ كىرىش ئېغىزى يوق ئىدى . بىراق ، تامدىن ئاسانلا كامار ئاچقىلى بولاتتى ، شۇئان مەن ئارقا ھويلىنى تاللىدىم . ساھىبخان ئانچە كۆچىمەيلا تامدىن بىر كامار ئاچتى . بۇنىڭ بىلەن ، ھويلا بىلەن دالان ئارىسىدا بىر يول ئېچىلدى . ھەمراھلىرىمىمۇ مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قالدى . شاپتۇل ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپيۇرماقلىرى سارغايغان بولۇپ ، سالقىن كۆز كۆنلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولماقتا ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# يەركەن ۋە قارغىلىق

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ، كۆك راباتتىن ئالاھەزەل 18 مىل يۈرۈپ يەركەنگە يېتىپ كەلدۇق . يول بويىدىكى مەنزىرىلەر ئالدىنقى كۈنىگە قارىغاندا خېلى كۆڭۈللۈك ئىدى . يول بويى بىر پارچىمۇ قاقاسلىق كۆرۈنمەيتتى . ئەتراپ قوم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، چوڭ ـ كىچىك ئېرىقلاردىن يېتەرلىك سۇ ئېقىپ كېلەتتى ، ئېرىق بويىدىكى تېرەك ۋە سۆگەتلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى . بۇنداق قىستاڭ يەر شارائىتىدا مېنزۇلانى قويۇپ ئارىلىق ئۆلچەش ئەپسىز ئىدى . ئەمما ، ئالاھەزەل يېرىم يولنى بېسىپ توغۇچاق ( Toguchak ) قا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ، يول يۈزى ئېچىلىپ ، يەركەننىڭ يۆنىلىشىنى پەرق ئېتەلىدۇق ۋە خاتىرجەم ئارىلىق ئۆلچەپ خاتىرە قالدۇردۇق . بۇرۇن ئۆلچەنگەن بۇ جاينىڭ ئورنى بىلەن بىزنىڭ ئۆلچىگىنىمىز بىر خىل چىقتى .

توغۇچاق كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە مىل كېلىدىغان جايلار يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭى ئۆستەڭلەر چېپىلىش بىلەن يەركەن دەرياسىنىڭ سۈيى باشلىنىپ ئېچىلغانىدى . كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ چېۋەر قولىغا تايىنىپ ، بۇنداق قاقاسلىقلارنى مۇنبەت يەرلەرگە ئايلاندۇرۇشى ئادەمنى تەسىرلەنگۈسىز ھاياجانغا سالاتتى . پاكار كەتكەن قوم بارخانلىرى ئۈستىدىكى چاتقاللىقلار يەنىلا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن تۆت ئەتراپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈلۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىپايان ئېتىزلىقلار بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ يىل بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ . يول بويلىرىدا ئۆستەڭلەرنىڭ بەزى جايلىرى ئۇچرىشى ھەم كېسىشىشى بۇنىڭ بىر خىل پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان سۇغىرىش سىس-

تېمىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن . يۇقىرىقى نەتىجىلەرنىڭ ھەم-
مىسى يەركەندىكى لىيۇ ئامبالنىڭ بىۋاسىتە پىلانلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا
چىققان بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن ئىشلەپچىقىش
تەرەققىياتىغا ئەمەلىي تۆھپە قوشقانىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، نۇرغۇن
ئىشلەمچىلەر ھەقسىز ئىشلىتىلگەنىكەن . شەرقتىكى بارلىق قۇرۇلۇش نە-
تىجىلىرى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ۋۇجۇدقا چىققانمىدۇ ؟ مەن ئىشلەمچىلەر
بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتناشتۇ-
رۇلغانلىقىنى بىلدىم . ئەمما ، ئۇلار ھازىر ناھايىتى خۇشال ئىكەن .
ئۇلارنىڭ ھازىر ئۆزلىرىنىڭ مۇنبەت يەرلىرى بولۇپ ، بۇ جايلاردىن ئۆز-
لىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئېرىشەلەيدىكەن . خۇددى كەشمىردىكى تې-
رىقچىلارنىڭ « بىزگە كېرىكى پۇل ئەمەس تاياق ، يەنى تاياق بىلەن
مەجبۇرىي ھالدا پايدىلىق بولغان ئەمگەككە سېلىش » دېگىنىگە ئوخشاش
جۇڭگو تۈركىستانىدىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت ئىكەن .

مەن يەركەن شەھىرىدىن 3 مىل كېلىدىغان يېــــراقلىقــــتىكى
ئوپا ( Opa ) ئۆستەڭگە يېتىپ كەلگەندە ، ماكارتنېي ئەپەندى ياللىۋال-
غان ھىندىستانلىق مۇخبىر ، تەرجىمان بۇنياد ئەلى ( Bunyad Ali )
باشچىلىقىدىكى بارلىق ھىندىستانلىق مۇھاجىر سودىگەرلەر مېنى رەسمىي
قارشى ئېلىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . كۆپ ساندىكى پەنجابلىق
سودىگەرلەر بۇ يەردىن لاداققا قايتىپ كەتكەن بولۇپ ، بۇ يىل كېلىدى-
غانلىرى تېخى كەلمىگەنىكەن . شۇنداقتىمۇ ، بۇ ئاتلىق سەپەر ناھايىتى
ھەيۋەتلىك ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتلىق يۈرۈپ يەركەنگە كەل-
دىم . پەنجابنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن قاۋۇل كىشىلەر ۋە
جاممۇ ( Jammu ) رايونىدىن كەلگەنلەر خۇددى يۇرتداشلىرىمغا ئوخ-
شاشلا ، ماڭا بىر خىل يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بەردى . بۇلارنىڭ ئىچى-
دىكى بىر قىسمى كەشمىردىن كەلگەن ئىسلام مۇرىتلىرى بولۇپ ، بۇ
يەردە ئولتۇراقلىشىپ مۇھاجىر بولۇپ قالغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى
چىرايلىق كىيىنىپ ، ئاتلىرىغا مىنىپ ، ناھايىتى ئەدەب بىلەن سەممىي ،
خۇشال ـ خۇرام ھالدا بىر « مېھمان » نى كۈتۈۋالدى . تەبىئىيكى ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى .

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن ، مەن ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن « يېڭىشەھەر » ۋە كونىشەھەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بازارنى كېسىپ ئۆتتۈم . ئات تۇياقلىرىنى تاراقشىتىپ ئۆتكەن سىپىمىز بازاردا توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا ، شۈبھىسىزكى ئانچە چوڭ بولمىغان غۇلغۇلا قوزغىدى . شەھەر كوچىلىرى ئازادە ۋە پاكىز بولۇپ ، قەشقەرنىڭ مەنزىرىسىگە قارىغاندا كىشىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلاتتى .

ئارقىدىن بىز ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، « كونىشەھەر » سېپىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، شەھەر ئەتراپىدىكى چىنىباغقا كەلدۇق . بۇ يەردە ماكارتنېي ئەپەندى مەن ئۈچۈن ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئېگىز قورۇق تاملىق يازلىق ساراي بار ئىكەن . قاتار كەتكەن گۈللۈكلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ھەيۋەتلىك ، كۆركەم ، رەت ـ رەت تۈۋرۈكلۈك ئايۋانغا كىردىم . بۇ كاتتا ئوردىدەك قورۇلار يۇقىرى مەرتىۋىنىڭ ناماياندىسى بولۇپ ، ئەسلى بۇ يەر نىياز ھاكىمبەگنىڭ مېھمانخانىسى ئىكەن . بىراق ، ھازىر بۇرۇنقى ھەشەمەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۆيلەرنى ئايرىپ تۇرىدىغان دەرپەردىلەر ئۆگۈلۈپ كەتكەنىدى ، بۇنىڭغا ئوخشاش باشقۇرۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ ئىدى . بىراق ، ئۆيگە ۋە پېشايۋانغا چىرايلىق گىلەملەر سېلىنغان ، تۆت ئەتراپتىكى تاملار ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن ، ئۆينىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىمۇ ناھايىتى ھەيۋەت بولۇپ ، كىشىگە ئازادىلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى ، بولۇپمۇ ئايرىم خانىلىرى مېنى تولىمۇ مەپتۇن قىلدى . لاھور تۈزلەڭلىكلىرىدىكى مەن ياقتۇرىدىغان قەدىمىي موغۇل ( Moghul ) ۋە شىك ( Shikh ) لارنىڭ باغچا ئۇسلۇبىدىكى تۇرالغۇ جايلىرىنى بۇ يەرگە سېلىشتۇرغاندا ، ھېچقانچە ئەمەس ئىدى .

يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن ، كۈنلەرنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم . ئەسلى مەن بۇ يەردە بەش ـ ئالتە كۈن تۇرۇپ ، ئانتروپولوگىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ۋە قەدىمىي سەنئەت بۇيۇملىرىنى توپلاشنى ئويلىغانىدىم . لېكىن ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر نەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدىم . قەشقەردىكى ۋاقتىمدىلا كېيىنكى سەپىرىم ئۈچۈن ، پۇل ئالماشتۇرۇشنىڭ يەركەندە قولايلىق ئىـ

كەنلىكىنى ، ئۇ يەردىكى ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق پېرېۋوت چېكى ۋە مەندىكى چەككە نەق پۇل ئالماشتۇرۇپ بې- رىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم . ئەپسۇسلىنكى ، ھىندىستاننىڭ پېرېۋوت چېكىگە ئېھتىياجلىق سودىگەرلەر ئاللىقاچان لاداققا كەتكەن ، قېپقالغان- لىرىمۇ ماللىرىنى سېتىپ پۇللىرىنى نەقلەشتۇرۇشكە تەييارلىق قىلىۋاتقا- نىكەن . شۇڭا ، پېرېۋوت چېكىمنىڭمۇ بازىرى چىقمىدى ، قارىغاندا مەن ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرگەندىلا ، بىر قىسىم نەق پۇلغا ئېرىشەلەيدىكەنمەن . ئاخىر مەن ئامالسىز بىر خىزمەتكارنى ، كېرەكلىك ئالتۇن – كۈمۈش ۋە نەق پۇللارنى ئېلىپ كېلىشكە قەشقەرگە ئەۋەتتىم . شۇنداق قىلغاندىلا ، ئاندىن خاتىرجەم يولغا چىقالايتتىم .

مەن يەركەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئىشتىن يەنە بىرى يۈز بەردى . مەن ئىشلىتىۋاتقان ئىككى تۆگە ۋە ئىككى ئات يېغىر بولۇپ ، جىددىي داۋالىمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بې- رىپ قاپتۇ . بۇ ئىشنى ئات – تۆگىلەرگە مەسئۇل كىشى ئۇزاقتىن بۇيان مەندىن يوشۇرۇپ كەلگەنىكەن . نەتىجىدە ، ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىر- لىشىپ كېتىپتۇ . ئۇلاغلارنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىر ھەپتە دەم ئالدۇرۇش كېرەك ئىدى . بۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەجرىبە – ساۋاق بولغاچقا ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلاغلارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم . ئات – ئۇلاغ ۋە يۈكلەرگە مەسئۇل كىشىگە ئەگەر ئۇلاغلاردىن ياخشى خەۋەر ئېلىنماي ، يۈكلەرنى توشۇشقا مۇمكىن بولماي ، باشقىدىن ئۇلاغ ئالماشتۇرۇش لازىم بولسا ، ئۇلارنىڭ مائاشىنى تۇتۇۋېلىپ ، زىياننى تۆلىتىۋالىدىغانلىقىم توغرىسىدا تەنبىھ بەردىم .

خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى ، مېنىڭ يەركەندىكى تۇرۇشلۇق ئورنۇم ئازادە بولۇپ ، كۆڭلۈمگە تولىمۇ ياققانىدى . مەن ئۇ يەردە تۇر- غان بىرىنچى كۈنىلا تۇرۇشلۇق ئورنۇم مېھمانلار بىلەن لىق تولدى . يەركەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى گۈللەنگەن سودا مەركىزى بولۇپ ، بۇ جايدىن ھىندىستان ، ئافغانىستانغا بارغىلى بولاتتى . ئۇ يەر شىمال تەرەپكە ماڭىدىغان يولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسى ئۈستىدە بولغاچقا ، مە-

لۇم خەلقئارالىق سودا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى . كۆچمەنلەر ھەم كەشمىر ، گىلگىت ، بەدەخشان ، شۇنداقلا ھىندىستان چېگرىسىدىكى باشقا رايونلاردىن كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ھەر بىر ئادەم « مېھمان » نىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . شۇڭا ، مەن تەرجىمان ( Munshi ) بۇنىياد ئەلىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن دائىم قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشۇم زۆرۈر بولدى . مېنىڭ « مېھمان قوبۇل قىلىش گىلىمىم » ئۈستىدە ھامان زىيارەت قىلغۇچىلار بولۇپ تۇردى . ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆمەكلەر ئۆزلۈكسىز زورايدى .

ئىشەنسىگىز ، يەركەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە جاي ئىكەن . بۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ۋاخان ( wakhan ) ، شىغنان ( Shighnan ) ، بەدەخشان ( Badakhshan ) ، شۇنداقلا باشقا غەربتىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان رايونلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ ، كەشمىر ۋە لاداقتىن كەلگەنلەر ئەڭ كۆپ ، ھەتتا ناھايىتى كىچىك بولغان بالتىستان ( Baltistan ) دىنمۇ بۇ جايغا كەلگەن بىر قىسىم كۆچمەنلەر بار ئىدى . شۇڭا ، مەندە ئىرقشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللارمۇ كەم ئەمەس ، بەلكىم بۇ ھەقتە نەتىجە يارىتىشقىمۇ ھەرىكەت قىلارمەن .

ھەر خىل ئۆمەكلەرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ، ئۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم ھىندىستانغا ھەم ئۇنىڭ چېگرىلىرىدىكى جايلارغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم . شىمالىي ھىندىستان يېزىلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جايلارغا تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ جايدا ، ھەر كۈنى دېگۈدەك كەشمىر تىلى ، پەنجاب تىلى ۋە پۇشتۇ تىلىدا سۆزلىشىش ۋە بۇ خىل تىللارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرۇش مېنى خۇددى ھىندىستان تۇپرىقىدا تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى . ئەينى ۋاقىتتا ، ياۋروپا يوسۇنلىرى ئاسىيانىڭ چېتىدىكى بۇ كىچىك زېمىنغا تېخى تەسىر كۆرسەتمىگەن چاغدا ، بۇ يەردە ۋاقىت كىشىگە خۇددى ئارقىغا يېنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . مۇھاجىرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئوخشاشمىغان كۆچمەنلەر ئەلۋەتتە تۈركىي تىلنى ئاساس

قىلىپ سۆزلىشەتتى ، بولۇپمۇ بۇ كىشىلەر دائىم ئۆز يۇرتلىرىدىن خو-
تۇنلىرىنى ئېلىپ كەلمەي ، يەرلىك ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇراتتى .
نەتىجىدە ، ئىككىنچى ئەۋلاد ، ئۈچىنچى ئەۋلادلارغا بارغاندا ، ئاتا تەرەپ-
نىڭ تىلى ئاللىقاچان يوقىلىپ كېتەتتى . بىراق ، تەن قۇرۇلۇشى جە-
ھەتتىكى ئالاھىدىلىك ئۇنداق ئاسان يوقىلىپ كەتمەيتتى . كۆزەتكۈچى-
لەر بازاردا ئايلىنىپ يۈرگەندە ، يەركەنلىكلەرنىڭ نۇرغۇن چەت ئەللىك-
لەر بىلەن ، بولۇپمۇ ئىران قان تىپىدىكىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ
كەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ .

زىيارەت قىلغۇچىلاردىن تاشقىرى ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دائىم
دېگۈدەك مېنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇمنىڭ سىرتىدا قىستىلىشىپ تۇراتتى .
تەرجىمان بۇنىياد ئەلى ئاللىبۇرۇن مېنىڭ قەدىمىي سەنئەت بۇيۇمىغا ئې-
رىشىش خىيالىمنىڭ بارلىقىنى يەرلىك كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويغان-
كەن . نەتىجىدە ، ۋاقىتلىق يىغىدىغان بۇ خىلدىكى سەنئەت بۇيۇمى ۋە-
كالەتچىلىرى ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا يېتىپ كېلىشەتتى . گەرچە يەرلىك
مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بۇ نۇقتىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن بولسىمۇ ،
بىراق مەن بۇرۇنقى خوتەندىن چىقىدىغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا
سەنئەت بۇيۇمى ھەۋەسكارلىرى ياخشى كۆرىدىغان سىرىق مىستىن يا-
سالغان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىغا ئېرىشىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتىم .
يەرلىك يايلاردىن نۇرغۇن پۇختا ياسالغان چىرايلىق ئاپتۇۋا ، چۆگۈن ،
چىلاپچا ، كۇپ ھەم باشقا مېتال بۇيۇملارنى يىغىپ ئالدىم . بۇنىڭدىن
قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ ساقلىغان نەرسىلىرىنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى
بىلىۋالغىلى بولاتتى .

مەن سېتىۋالغان بۇيۇملار ئارىسىدىن نەپىس ياسالغان بىر قىسىم
مېتال ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى تاللاپ چىقتىم . بۇلارنىڭ كۆپىنى-
چىسىدىن پارس گۈل ـ گىياھ نۇسخىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى
ئېنىق چىقىپ تۇراتتى . بىراق ، يەنىلا يەرلىك مۇستەقىل سەنئەت ئۇس-
لۇبىنىمۇ ئىگە ئىدى . بۇ يەرلىك سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە يەنە
ئازغىنا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئەت بۇيۇملىرىدىن قەدىمىي ۋە قىممىتى
بار ساپال بۇيۇملار ھەممە يىراق شەرقتىن كەلگەن كۆركەم كەشتە بۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇملارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى باي ئۆتكەن بۇ بەگ-لەرنىڭ كېيىملىرىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ يىپەك يەكتەكلىرى توق قىزىل ياكى قېنىق كۆك رەڭدە بولۇپ ، ئۈستىگە ساپ جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى . كۆركەم تۈركمەن ، خوراسان گىلەملىرى غەرب ئىمپورت سودىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا گۈللەنگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . بۇ جەھەتتىن يەركەننىڭ ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تارتىپلا بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو ، ئىران ، تۈركىستاننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان جاي ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ . بىراق ، خوتەن ( Khotan ) ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك سانائەتنىڭ ھەقىقىي باشلانغان يېرى ۋە مەركىزىدەك قىلاتتى . غەلىتە يېرى شۇكى ، كەنتتىكى قەدىمىي ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى كەشمىرلىكلەر ئېلىپ كەلگەن . ئۇ يەردىكى شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنىڭ يۇقىرى سودا ئىقتىدارى تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ يۆتكىلىش سەۋەبىدىن يوقىلىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى . مەن يەنە ئۆزۈمنى گويا سىرناگار بارگاھىدىكى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغان كەشمىرلىك ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋاكالەتچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك ھېس قىلدىم .

مەن يەركەنگە كەلگەندە ، يەركەن ئامبىلى ليۇ دارېن سىرتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىپ كەتكەچكە ، شەھەردە يوق ئىكەن . بىراق ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ قايتىپ كەلدى . مەن ئىشلارنى ئالدىراش ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا ، يامۇلغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلدىم . مەن ليۇ دارېننىڭ ناھايىتى مۇلايىم ، ئەقىللىق بىر بوۋاي ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بىر تەرجىمان ئارقىلىق سۆھبەتلىشىپ ، ئۇنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلماق قىيىن بولدى . لېكىن ، ليۇ دارېننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ، روھىي ھالىتى مەندە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردى . كېيىنكى كۈنى مەن بۇ مويسىپىتنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم . پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەن ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ مەقسىتى « غەربكە ساياھەت »تىكى شۇەنزاڭ زىيارەت قىلغان خوتەن ئەتراپىدىكى مۇقەددەس قەدىمكى

شەھەر ۋە قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىزلىـ
رىنى ئىزدەش ئىكەنلىكىنى بىلدۇردۇم . بۇ قېتىم يەنە بۇ تەقۋادار سايا-
ھەتچىنىڭ ئوبرازىنىڭ جۇڭگودا كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئال-
غانلىقىنى سەزدىم ھەم ئىشەندىم . گەرچە تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈ
ەنــزاڭنىڭ نۇرغۇنلىغان مۆجىزە تۈسىنى ئالــغان ھېكايــلىرىنى ئۇنىڭ
« غەربكە ساياھەت » ناملىق ئەسىرىدىن تېپىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ ،
ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىگەن .
9 ـ ئايـنىڭ 22 ـ كۈنى ، لىۇ دارىن مېنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىـ
دىن ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگوچە زىياپەتكە قاتنىشىپ بېرىشىمنى قەتئىي
تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . بۇ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان بىر خىل
تەكلىپ بولسىمۇ ، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا بىر قېتىملىق مۇرەككەپ ھېس-
سىياتقا يۈزلەنگەن كۈتۈۋېلىش ئىدى . قەشقەردىكى تەجرىبەمگە ئا-
ساسلانغاندا ، بۇنداق زىياپەت ، شەك ـ شۈبھىسىزكى بىر ياۋروپالىق
ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قاتتىق سىناق ئىدى . قانداقلا بولمىسۇن ،
ئىشنىڭ تەرەققىياتى مېنىڭ ئويلىغىنىمدىن جىق ئوڭۇشلۇق بولدى . زى-
ياپەتتە 16 خىل قورۇما چىقىرىلىپ ، ئىلگىر ـ ئاخىر ئۈچ سائەتكە سو-
زۇلدى . قورۇمىلارنىڭ تىزىملىكى ۋە ئۇستەللەرنىڭ تىزىلىشى توغرۇلۇق
مەن ھېچنېمە دېيەلمەيمەن ، بولۇپمۇ نۇرغۇنلىغان قورۇمىلارنىڭ زادى
نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم . مەن چوكا ئىشلىتىشكە ئادەتلەنمىگەنلىكى-
تىن ، ماڭا بىر ۋېلكا ھەم تاماق يەيدىغان كىچىك بىر قاچا تەكلىپ
بەردى . بىر تەخسە ئاساسلىق قورۇما نۇرغۇنلىغان ئىسمىنى ئاتىغىلى
بولمايدىغان غەيرىي يېمەكلىكلەردىن قىلىنغان بولۇپ ، ساھىبخان ئىز-
چىل ھالدا مېنىڭ تېتىپ بېقىشىمنى دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالدى . مەن ھەر
قېتىم يەپ بولغاندىن كېيىن ، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . بۇ
يەردىكى بىردىنبىر ئىچىملىك بىر خىل ئاق ھاراق بولۇپ ، ئاغزى يوق ،
تۆت چاسا كىچىك رومكىدا ئىچىلەتتى . ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرى-
دىغان دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن ، ئامالسىز نورمى-
دىن ئارتۇق ئىچىپ سالدىم . ئۇنىڭدىن باشقا ، ساھىبخاننىڭ تېتىك
ئىككى ئەمەلدارىمۇ ئىزچىل ھالدا مەن بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

تـۇردى . زىياپەت جەريانىدا ، ليۇ دارېننىڭ سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بېيجىڭنى ئىشغال قىلىشى ۋە جۇڭگو خانىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىك خەۋرىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىشى مېنى بىر ئاز ئەنسى-رىتىپ قويدى . 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن ، مېنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن ، مەن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قانائەتلەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىدىم .

مەن ئامالسىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئەلچىلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم . بۇ پېشقەدەم « سىياسىئون » مېنى كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى قەستەنگە مەندىن يوشۇردى دەپ ئويلاپ ، مېنىڭ بۇلارنى بىلمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمىدى . قـانـداقلا بولمىسۇن ، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر بەلكىم تېلېگراما ئارقىلىق قەشقەردىن جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يامۇللارغا يەتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن . ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇلار ئۆزلىرى خىز-مەت قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ خەتەرگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەم ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانىدى . ئەگـەر مېنىڭ قەشقەرلىك دوستلىرىمنىڭ كۆز قارىشى توغرا بولىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بولماستىن ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئىدى . بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان ئەمەلدارلار-نىڭ ئاساسەن ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئىدى .

تاماقتىن كېيىن ، ساھىبخان ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەگەشكۈچى-لـىرى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ . زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ليۇ دارېن ئېگىز خەلپەت بەگلىك كۈرسىدا ئولتۇردى . ئۇنىڭ كىچىك قىزى بىلەن ئوغلى يېنىدا ئۆرە تۇردى . بىر قىسىم غەربچە ئۆي جابدۇقلىرى ، خىلمۇخىل سائەتلەر ياندىكى كىچىك ئۈستەل ئۈستىگە تىزىلغانىدى . بىر توپ رەتسىز كىيىنگەن ئەگەشكۈ-چىلەر ئارقىدا تۇرۇشتى . سۈرەت ناھايىتى تېزلا تارتىلدى . سۈرەتكە چۈشكۈچىلەر خۇددى ھەيكەلگە ئوخشاش تۇرۇشاتتى . ئاخىرىدا بىز دوستانە خوشلاشتۇق . ليۇ دارېن ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي يۇرتى خو-نەنگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ ئويلىغىنىدەك ئامان ـ ئېسەن

ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە ھەم ئەۋلىيا « تاڭ سېڭ » غا ئوخشاش كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولسۇن .

يەركەندىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە كۈندە ھەمراھلىرىمنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەكنى تەييارلاش ۋە سېتىۋالغان بۇيۇملارنى رەتلەش ، تېڭىش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم . زۆرۈر بولغان ھېساباتنى ئۈزۈش جەھەتتە ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقالى لالا گورى مالنىڭ دوستانە ياردىمىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇم . باھا مەسىلىسىدىن سىرت ( يېزىلاردا بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ) ، ئۇ يەردە بارلىق سودا پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى . يەرلىك خېرىدارلار قويغان باھا ئاز دېگەندىمۇ نورمال باھانىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن بولمايتتى ، پۇل تۆلەش تولىمۇ ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى . بۇ يەردە « سەر » ، « مىسقال » ، « سىنت » دېگەندەك پۇللار ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ ، ھېسابلاش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ، 10 خانىلىك بىرلىك قىلىنغان . بىراق ، بۇنداق بىرلىك ئاساسىدىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئىمپېرىيىنىڭ بۇ چەت ئۆلكىسىدە ئانچە كۆپ پايدىسى يوق ئىدى . ئەڭ قىيىن بولغىنى « تەڭگە » بىلەن پۇلنى سۇندۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ ، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈك بار جۇڭگونىڭ مىس پۇللىرى تۈركىستاندا « داچەن » دەپ ئاتىلىدىكەن . ئۇ قەشقەر تەڭگىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن .

ئەينى ۋاقىتتا ، مىس پۇلنىڭ قىممىتىگە قاراپ ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا ، ھەممە پۇللار ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان كىچىك كۈمۈش پۇل « مىسقال » غا ئالماشتۇرۇلاتتى ، نىسبىتى سەككىز تەڭگە بەش مىسقال بولاتتى . بولمىسا يەرلىك سودىگەرلەر داچەنلەرنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ ، كالباساغا ئوخشاش مەينەت نەرسىلەرنى كۆتۈرگەندەك ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى . بىراق ، كۈمۈش ۋە مىس ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش مۇقىم ئەمەس ئىدى . بىر مىسقال ئەينى ۋاقىتتا كۆپ بولغاندا 40 داچەنگە توغرا كېلەتتى ، بۇنى بايا تىلغا ئالغان ئالماشتۇرۇش نىسبىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . تەڭگىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇلغا ئالماشتۇرۇش ۋاقتىدا ، پۇل تاپشۇرۇشتىن ئاۋۋال ناھايىتى مۇرەككەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان سۇندۇرۇپ ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى . تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغىنى رۇسىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ باھاسى « سوم » ( رۇبلى ) ئارقىلىق ھېسابلىنىش ئىدى . بۇ پۈتۈن جۇڭگو تۈركىستانى بازىرىدا كەڭ ئوبوروت قىلىنىۋاتقان بەش ياكى 10 رۇبلىلىق پۇل ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىر قەدەر ئېغىر بولغان جۇڭگونىڭ كۈمۈش « يامبۇ » سى ئات تۇيىقى شەكلىدە بولۇپ ، ئېغىرلىقى ئوخشاش ئەمەس ، ئۆزىنىڭمۇ قىممىتى بار ئىكەن . مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ، تىللانىڭ باھاسى بىلەن يەرلىكتە ئوبوروت قىلىنىدىغان كۈمۈش ۋە مىستىن قۇيۇلغان جۇڭگونىڭ مېتال پۇلى — تەڭگىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتتى . بۇنىڭغا ئەگىشىپلا رۇبلىمۇ پاخاللاشتى . جۇڭگو تۈركىستانىدا رۇبلىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش قىممىتى رۇبلىنىڭ قىممىتىنى ئاساس قىلىدىكەن . پىشقان ، تۇغما قابىلىيەتلىك ھىندىستان سودىگەرلىرى بۇ خىل قالايمىقان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھېچقانچە قىينالمايدىكەن . لېكىن ، بۇ خىل ئاۋارىگەرچىلىك ناھايىتى كۆپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋەتتى .

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ، ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ ، تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن ، سېرىق ئىس ـ تۈتەكلەر كۈن بويى بوشلۇقنى قاپلاپ ، ئاتموسفېراغا بولغان بېسىمنى كۈچەيتىۋەتكەندى . مەن ئايۋاندا تۇرۇپ ، كۆزنىڭ سوغۇقنى ھېس قىلىپ ، قىش كىرەي دېگەندە بۇ جايدا ياشاشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ھېس قىلدىم . ئاسماننى قاپلىغان تۇمانلار 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتى . بىزنىڭ ساياھەت كارۋىنىمىز ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى .

بازار كۈنى بولغاچقا ، يېزىلىقلارنىڭ باش ـ ئايىغىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ ، چوڭ يولنى بويلاپ بازارغا كېلىشمەكتە ئىدى . بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئادەم قانمايتتى . يېزا ئاياللىرى پۈتۈن بازاردا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى توپ ـ توپ ، بەزىلىرى ئەرلىرى ۋە باللىرىغا ھەمراھ بولۇپ ، ھەر خىل ئۇلاغلارنى مىنىشۋالغانىدى . ئەتىگەننىڭ بۇنداق سوغۇقىدا ئاياللارنىڭ

ھەممىسى قىلىن ، يۇمشاق ، ئۇچلۇق تۇماقىلارنى كىيىشىۋالىغان بو-
لۇپ ، 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى تۇنجى قېتىم كۆرگۈنىمگە سېلىشتۇرغاندا
كۆپ چىرايلىق ئىدى .

سەھەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بازارغا قاراپ ئاققان ئادەملەر
توپىمۇ سېلىكتى . ئەمدى كۆزۈشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرمۇ قالمىغا-
نىدى . ئازادە ، تۈپتۈز كەتكەن چوڭ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى
رەتلىك تىكىلگەن تېرەك ، ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى تەكشى ،
مۇنبەت ئېتىزلارغا سوزۇلغان . ئېتىزلاردا كىشىلەر قوناق ئۈزۈش بىلەن
ئالدىراش ئىدى . ئېنىقكى ، شاللار ھاۋانىڭ ئىسسىشىنى كۈتۈپ تۇرات-
تى . شەھەردىن تەخمىنەن 5 مىل مېڭىپ ، مەڭلىك ( Manglik ) باز-
رىدىن ئۆتكەن ۋاقتتا ، يول بويىغا جايلاشقان كىچىك ـ كىچىك لاي
ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، مال قويىدىغان يايمىلار
بازار كۈنى بولمىغاچقا ، قۇپقۇرۇق تۇرۇپ قالغانىدى . قارغىلىق
( Karghalik ) يولىدا ئوخشاش بولمىغان ئارىلىقتا نۇرغۇن بازارلار
جايلاشقان بولۇپ ، بۇنىڭدىن مەزكۇر جاينىڭ تۇپرىقىنىڭ مۇنبەت ، ئا-
ھالىسىنىڭ ناھايىتى زىچ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولاتتى . 8 مىل
يۈرۈپ ، يەركەن دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق . دەريانىڭ مەنبەسى
مۇزتاغ ئاتا چوققىسى بىلەن قاراقورۇم ( Karakorum ) تېغى ئوتتۇرد-
سىدىكى تاغ باغرىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ ، ياز پەسىللىرىدە كەلكۈن
سۇلىرى بۇ دەرياغا قۇيۇلاتتى . ھازىر ئۇ ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ ،
پەقەت كېمىگە تايىنىپلا ئۆتۈشكە بولاتتى . قوپال ياسالغان كېمىلەر ئې-
غىر يۈك ئارتىلغان ئۇلاغىلارنى كۆتىرەلمەيدىغان بولغاچقا ، يۈكلەرنى
بىر ـ بىرلەپ يېشىپ ، يەنە قايتا تېڭىشقا توغرا كەلدى . ھەربىر تارماق
ئېقىننىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 40 يارد ، چوڭقۇرلۇقى تۆگىنىڭ قورسى-
قىغىچە كېلەتتى . دەريادىن ئۆتۈشكە ئۈچ سائەتچە ۋاقىت كەتتى . يۈك-
لەر ۋە ئېشەكلەرنى ھەر قېتىم دەريادىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ تېز
بولغاندا ئىككى ـ ئۈچ كېمە كېتەتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرئەت ناھايىتى
تېز بولۇشى كېرەك ئىدى . دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىن 1 مىل يىراق-
لىقتىكى پايناپ ( Painap ) بازىرىدىن ئۆتۈپ سائەت بەشلەردە پوس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كام ( Posgam ) بازىرىغا كېلىپ ، بىر كۈنلۈك سەپىرىمىزنى ئاياغلاش-تۇردۇق . سارايىنىڭ ھويلىسىدىن تەييار چېدىر تاپتىم . سارايىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئۇنچىۋالا ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ ، بىراق ئازادە خانىلىرى ياقۇپبەگ دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە پاكىز ساقلانغانىكەن . گەرچە ئىسسىقراق يېتىش خىيالىدا بولسامىمۇ ، ئەمما ساپ ھاۋادىن كۆپ-رەك نەپەسلىنىش ئۈچۈن چېدىردا ياتتىم .

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ، قارغىلىقتا قاراپ يولغا چىقتۇق . بۇ يول تەخمىنەن 24 مىل كېلىدىكەن . يول ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ ، ئەمما كۆڭۈللۈك ئىدى . تۈنۈگۈن ئاخشام بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغماي ، ئازراق بوران چىقىپ چاڭ - توزانلارنىڭ كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھاۋا يەنىلا پاكىز ھەم ئوچۇق ئىدى . ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادا ئاستا مېڭىپ ، پوسكامنىڭ جەنۇبىدىكى تەكشى تېرىلغان زىرائەتلەر بىلەن مېۋىلىك باغلارنى كۆرۈش ھوزۇر بېغىشلايتتى . يەركەن دەرياسىدىن ئۆستەڭ ئارقىلىق باشلاپ كېلىنگەن كۆپ مىقداردىكى سۇ ئېقىنىنىڭ چوڭ يول قاسنىقىغا جايلاشقان كەنت - بازارلاردىكى قاتار - قاتار ئې-رىقلارغا قۇيۇلۇشى بۇ يەرنىڭ گۈللەپ - ياشنىغان ئاۋات بىر جاي ئې-كەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى .

پوسكامدىن 9 مىل يىراقلىقتىكى تۈگۈلاز ( Tügülaz ) دېگەن يايلاقا كەلگەندە ، نۇرغۇن سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىنلىرىنىڭ شىلدىرلاپ ئې-قىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ ئېقىنلار غەرب تەرەپتىكى خېلىلا يىراق بولغان بىر بۇلاقنى مەنبە قىلى-دىكەن . بۇ سۈزۈك سۇ ئېقىنلىرى قەشقەردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە مەن كۆرگەن قىزىل ، كۆل رەڭ ، بېغىر رەڭ سۇ ئېقىنلىرى بىلەن پە-قەتلا ئوخشىمايتتى . ھازىر ئۇلار خۇددى جەنۇب تەرەپتىكى مۇزتاغ ئاتا مەنزىرىسى بىلەن قوشۇلۇپ ، بۇنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . سەپەر جەريانىدا كۆرگەن كۆپلىگەن تاغ تىزمىلىرى سارىقولدىن ئېقىپ چۈشكەن يەركەن دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تاغ تۆپىسى بولۇپ ، مەن يەركەندە تۇرغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بۇلۇت توسۇۋالغاچقا كۆرۈنمىگەنىكەن .

تۇگۇلاز تۈزلەڭلىكىدىكى يېزىلاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تىزناف دەرياسى ھازىر تارىيىپ، نۇرغۇنلىغان تار ئۆستەڭلەرگە بۆلۈنۈپتۇ. بىراق، ئۇدۇلدىكى كۇئېنلۇن ( Kuen — luen ) تاغ تىزمىسى ئۈستىدىكى قارلار ئېرىگەندە، كۆپ مىقداردىكى سۇ ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىپ كېلىشى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. غول دەريا ئېقىنى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى بىر قەدەر ياخشى بولغان بىر كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، كۆۋرۈك بېشىدىكى خەنزۇچە، تۈركچە ئابىدە پۈتۈكىگە ئاساسلانغاندا، كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250 قەدەم بولۇپ، 25 يىل بۇرۇن ياسالغانىكەن.

كۆۋرۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن بېدىلىكلەر، كۆممقوناق ۋە كېۋەزلىكلەر ھەممە ئېتىزلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا جايلاشقان كەنتلەر تولىمۇ گۈزەل ئىدى. بۇلارنىڭ يېنىدىكى « سەيشەنبە بازار » چارباغدا كىشىنى روھلاندۇرىدىغان كۆرۈنۈشنى بايقىدىم. قارغىلىق ئامبىلى ئەسلىدە يەركەنگە لىۋ دارېننىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزىۋالغۇچىنى قارشى ئېلىشقا بارماقچى ئىكەن. بىراق، ئامبال سەپەرنى كېچىكتۈرۈپتۇ ( كېيىن ئاڭلىساق، مېنىڭ كېلىشىم سەۋەب بوپتۇ ). كۈتۈۋېلىش تەييارلىق خىزمەتلىرى ناھايىتى مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. قېنىق قىزىل، ئېنى كەڭ رەختلەرگە يېزىلغان لوزۇنكىلار رەت - رەت ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ھەم پۈتۈن بازاردىكى چەللىلەرگە ئېسىلغانىدى. كوچىلار كېلىپ - كېتىۋاتقان ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بايرام شادلىقىغا تولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مېنى كۈتۈۋالغان يەرلىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە ئەمەلدارلار كىيىمى كىيىشىپ، ئەدەب بىلەن تۇرۇشاتتى، گىلەم بىلەن بېزەلگەن چوڭ دۇكانغا تەكلىپ قىلىنغاندا، ئۆزۈمنى خۇددى بىر مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. سەپەردىن كېيىن پۈتۈن ئۈستىبېشىم توپا - چاڭ پېتى ناشتىلىق ۋە تەملىك مېۋە - چېۋىلەردىن ھوزۇرلىنىشتەك بۇنداق كۈتۈۋېلىشتىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم.

سائەت تۆت يېرىملاردا، بىز نۇرغۇن مېۋىلىك باغ ۋە قەبرىستانلاردىن ئۆتۈپ قارغىلىققا يېتىپ كەلدۇق. شەھەرگە كىرىش ئارىلىقىدا بىز يەنە بىر تاغ يېنىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان يېرىم قۇرۇق ھالەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەريا ئېقىنىدىن ئۆتتۇق ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تورغا ئوخشاش گىرەلىشىپ كەتكەن قارغىلىق مەركىزىي بازىرىغا كىرىپ كەلدۇق . بۇ يەرنىڭ پاكىز مۇھىتى ۋە ئاۋات مەنزىرىسى مېنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى . قارغىلىق-تىن ئىبارەت بۇ جايىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇنى بىلدىمكى ، بۇ جاي قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزى بىلەن خوتەن ، يەركەن يوللىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا جايلاشقان بولغاچقا ، كۆپلىگەن مەنپە-ئەتلەرگە نائىل ئىكەن . كۆپ ۋاقىت ئىزدەش ئارقىلىق ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قورۇ يېنىدىن شاپتۇل دەرەخلىرى تىكىلگەن ، كەڭرى بىر پارچە ئوتلاق تاپتۇق . بۇنى كۆرۈپ كەشمىرنىڭ نۇرغۇن كەنتلىرى ئېسىمگە چۈشتى . بۇ مېنىڭ چېدىر تىكىشىمگە ناھايىتى باب كېلىدىغان جاي ئىدى . سەپەرداشلىرىمىمۇ يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەردىن تۇرالغۇ تاپتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلاغلارغىمۇ ئوتلاق تېپىلدى . بىزمۇ مەمنۇن بولۇشتۇق .

29 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، ئامبال بىر نەچچە بەگلەردىن سوۋغات ئەۋەتىپتۇ . سوۋغاتلارنىڭ ئىچىدە بىر قوي ۋە ئۇلاغلارنىڭ يەم ـ خە-شەكلىرى بار ئىدى . مەن جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن قەشقەردىن ئې-لىپ كەلگەن بىر بولاق رۇسىيە قەنتى ، شارىپ بىلىقى كونسېرۋاسى ۋە گېرمانىيىنىڭ پۇراقلىق ئېسىل سوپۇنىنى ئۇلارغا بەردىم . چۈشتە يا-مۇلغا بېرىپ ئامبال جاڭ دارېننى زىيارەت قىلدىم . ئۇلار مېنى كۈتۈۋې-لىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۈچ قېتىم ھۆرمەت توپىمۇ ئاتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ساھىبخان بىلەن ئۇنىڭ ئەپچىل ، رەتلىك مېھمانخانى-سىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشتىم . ئۇنىڭ خاراكتېرى جان-لىق ، تېتىك ، زېرەك بولۇپ ، مەندە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردى . ئۇ قەشقەر دوتېيىدىن زىيارەتكە كېلىش مەقسىتىمنى بىلىپ بولغاچقا ، مېنىڭمۇ خوتەنگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىم توغرۇلۇق كۆپ سۆز-لەشنىڭ ھاجىتى قالمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، قاتناش ۋە تەمىنلەش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىمغا ياردەم بېرىشنى ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئۈس-تىگە ئالدى .

جاڭ دارېن مېنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى .

چۈشلۈك تاماق بىر نەچچە خىل قورۇما بىلەنلا ناھايىتى ئاددىي بولدى . ئۈنىڭدىن باشقا ، مەن يەنە ئۈزۈم ھارىقىدىنمۇ تېتىشقا مۇيەسسەر بولدۇم . تەلىيىمگە بۇلار لىيۇ دارېنىنىڭ جوزىسىدىكىدەك ئۆتكۈر ئاق ھاراق بولماستىن ، بەلكى مادىرا ( Madeira ) نىڭ ئاق ئۈزۈم ھاراقلىرى ئىدى . بەلكىم بۇلار كاۋكاز ياكى قىرىمدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن . غىزالىنىش ۋاقتىدا ، ساھىبخان ئۆزىنىڭ ئىلغارلىق تەرىپىنى نامايەن قىلىپ ، ئەنئەنىۋى چوكىنىڭ يېنىغا يەنە ئىككى ئىستاكان ۋە ۋىلكىمۇ قويۇپ قويغانىدى .

بىز خۇشال كەيپىيات ئىچىدە خۇشلاشتۇق . بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بازارنى بىر قېتىم يۈزەكى بولسىمۇ زىيارەت قىلدىم . گەرچە بۈگۈن بازار كۈنى بولمىسىمۇ ، لېكىن نۇرغۇن دۇكانلار ئوچۇق ئىدى . مەن ناھايىتى تېزلا ھەمراھلىرىم قىشتا لازىم قىلىدىغان كىگىز - كېچەك ، كىگىز پايپاق قاتارلىقلارنى ئالدىم . كۆكيار يېنىدىكى تاغلىق جايلار كىگىز پايپاق چىقىدىغان داڭلىق يەر بولۇپ ، قارغىلىقمۇ چوڭ كىگىز پايپاق بازىرى ئىدى . پۈتۈن بازاردىكى دۇكانلارغا مۇستەھكەم سايىۋەنلەر ئورنىتىلىپتۇ . بازاردا نۇرغۇنلىغان كىچىك ئېرىقلار بولۇپ ، ئېرىقلارغا رەتلىك قىلىپ كىچىك كۆۋرۈكلەر سېلىنغانىكەن ، ئېرىق بويلىرىدىكى بۈك - باراقسان دەرەخلەر خىلمۇخىل بولۇپ ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى . بازارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۈستى ئوچۇق ئاشپۇزۇللارنى كۆرگىلى بولاتتى . بۈگۈن بازاردا ئادەملەر ئانچە كۆپ بولمىغاچقا ، ئەركىن - ئازادە يۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم . مەن ھىندىستاننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا كۆرگەن ئەسلىھەرلەر بىلەن بۇ يەردىكىلەرنى سېلىشتۇرغاندا ، بۇ يەر غەرب جەمئىيىتىگە يېقىنراق ئىكەن . بۇ يەردىكى ئوچاقلارغا ئىسسىقلىق داشقازان ۋە داڭقانلار قايناپ تۇراتتى . لىگەنلەردە بولكا ۋە نانلار ، تەخسىلەردە ھەر خىل قورۇملار بار ئىدى . بىر كوچىدىكى ئاشپۇزۇل مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ تاملىرى گەج بىلەن ئاقلانغان بولۇپ ، تام ئۈستىگە نەپىس گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى .

كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بارگاھقا قايتىپ كەلگىنىمدە ، پاتىھەگە

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئامبال مېنى ساقلىغاچ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى كۆرۈۋاتقانىكەن . مېنىڭ ئەسۋابلىرىم ئامبالغا ناھايىتى ياراپ كېتىپتۇ . ئەتىسى ئامبال ئاللاھئاباد ( Allahabad ) تىكى لوسكومبو شىركىتى ماڭا ياستىپ بەرگەن ئەپچىل قاتلىنىدىغان ئۈستىلىمنى ئۆلچىتىش ئۈچۈن بىر ياغاچچىنى ئەۋەتىپتۇ . جاڭ دارىن بىلەن ئىككىمىز قەدىمكى دەۋردىكى شۇەنزاڭ ھەمدە ئۇ مۇشۇ رايون توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر توغرۇلۇق خېلى كۆپ پاراڭلاشتۇق . مەن يەنە جاڭ دارىنغا جۇلدېين ( Julien ) تەرجىمە قىلغان « غەربكە ساياھەت » نىڭ قوشۇمچە خەنزۇچە سۆزلۈك جەدۋىلى ۋە دوكتور خورنل ( Hoernle ) نىڭ خوتەن ۋە كۇچارنىڭ قەدىمكى ئاسارەتىقىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن رەسىملىك كىتابىنى كۆرسەتتىم . بۇ كىتابتىكى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تەڭگىلىرى بىلەن بەزىبىر خەنزۇچە قولىيازما پارچىلىرى ئۇنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى . مەن خەنزۇ تىلىغا سەل قارىغانلىقىمدىن بۈگۈنكىدەك ئەپسۇسلىنىپ باقمىغانىدىم . چۈنكى ، نىيازئاخۇنغا ئوخشاش ئەدەبىيات ساۋادى يۇقىرى بولمىغان ئىقتىدارسىز تەرجىمان ئارقىلىق كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر ئوتتۇرىغا قويغان كۆپلىگەن قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا ئېنىق ، توغرا جاۋاب بېرىش تەس ئىدى . گەرچە ئۇ بېيجىڭغا بارغان بولسىمۇ ، دېگەندەك قابىلىيەتلىك ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ بېيجىڭغا بېرىشتىن ئىبارەت ئالىي پۇرسەتكە ئېرىششى ئۇنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ ، ھاكاۋۋۇرلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىكەن .

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ، مېنىڭ ھاۋالە قىلىشىم بىلەن ماكارتنىي ئەپەندى قەشقەردىن بىر قانچە خالتا جۇڭگونىڭ كۈمۈش تەڭگىسى ۋە يېڭىدىن قۇيۇلغان تىللالارنى ئەۋەتتى . مەن يېنىمدىكى لاھور پىرىۋوت چېكىنى بەردىم ، مېنىڭ قارغىلىقتا تۇرۇپ قىلىشىمنىڭ بىر سەۋەبى مۇشۇ نەق پۇلنى ساقلاش ئىدى . ماكارتنېي ئەپەندى ئەۋەتكەن ئادەم ئائىلەمدىن كەلگەن خەتنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىكەن . ئۇ كىشى ئەتىسى سەھەردە پوچتا يوسۇلكىلىرىمنى قەشقەرگە ئالغاچ كەتمەكچى بولدى .

شۇڭا ، مەن ئۇ كۈنى خەت يېزىش ھەمدە ھۆكۈمەت دىئىرىلىرىگە ئەۋە-
تىدىغان ھېسابات دوكلاتىمنى يېزىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم .
كالكۇتتادىكى ئەپەندىلەرنىڭ ئايلىق نەق پۇل ھېسابات دەپتىرىمدىكى
مۇرەككەپ پۇل ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىيالىشىدىن راس-
تىنلا ئەنسىرەپ قالدىم . چېدىرىمنىڭ ئالدىغا ياڭاق دەرىخى سايە تاشلاپ
تۇراتتى . ئۇ مېنىڭ كۆڭۈللۈك ئىشخانام بولۇپ قالدى . نامازشام ۋاقتىدا
ئايلانغاچ غەربكە قاراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ توسمىسىغا كېلىپ قالدىم .
شۇنىڭ بىلەن ، مەن ئۇ يەردىن كۆكيار تەرەپتىكى يىراق تاغقا نەزەر
تاشلىدىم . ئۇ يەردە قوي يۇڭى مەھسۇلاتى ناھايىتى كۆپ ئىشلەپچىقى-
رىلاتتى . دەريا قىرغىقىدا روھى ئۇرغۇپ تۇرغان قەشقەرلىك بىر سودى-
گەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . ئۇ مەخسۇس ئەنجان بىلەن قوي يۇڭى
ئېكسپورت سودىسى قىلىشىدىغان بولۇپ ، مۇشۇ دەريا بويىدا قوي يۇ-
ڭىنى يۇيۇش ـ تازىلاش ئورنى ئاچقانىكەن . مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ
ئېكسپورت قىلىشى تۈپەيلىدىن يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردا يۇڭ مەھ-
سۇلاتلىرى كېمىيىپ كېتىۋېتىپتۇ .

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، قارغىلىقنىڭ بازار كۈنى ئىدى . مەن
كۆكيارنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سايدىن كېلىدىغان پاخپو ( Phakhpo )
دەپ ئاتىلىدىغان غەلىتە تاغ ئادەملىرىنى كۆرۈش مەقسىتىدە ، بۇ بازار
كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم . ئۇلارنىڭ ئىرقىي
ئېتنىك مەنبەسىدە گۇمان بولغاچقا ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىرقشۇناس-
لىققا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى .
يەركەنلىك بىر باستېرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ، پاخپولارنىڭ تەن
قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئارىيانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن ، بىراق يەنە
سارىقولدىكى تاجىكلاردىن پەرقلىنىدىكەن . ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تى-
لىدا سۆزلىشىدىكەن . ئۇلار چەت جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، ئاھا-
لىسى ناھايىتى ئاز ئىكەن ، خىجىلچان بولغاچقا ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ
كۆزىتىشتە نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كېلىدىكەن . مەن ناھايىتى بى-
تەلەي ئىكەنمەن ، گەرچە ئامبالنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ كۆپ ئىزدىگەن
بولساقمۇ ، بازاردىكى قىستاڭ ـ قىستاڭ كىشىلەر توپىدىن بىرمۇ پاخپو ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىمنى ئۇچرىتالمىدۇق . تاغدىن چاقىرىتىپ كەلگۈچە كۈتۈش ، سەپە-
رىمنى يەنە بىر ھەپتە كېيىنگە سۈرۈۋېتەتتى . مەن بۇنداق كۆپ ۋاقىتنى
ئاجرىتالمايتتىم .

تاغ ئادىمىنىڭ ئورنىغا ماڭا يولۇققىنى ناھايىتى قىزىقارلىق بىر
شەخس بولۇپ ، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ بىر جاھانكەزدى راھىبى ئىكەن . ئۇ
جۇڭگونىڭ شەرق تەرىپىدىن يولغا چىقىپ ، ئاقسۇ ، خوتەنلەردىن ئۆ-
تۈپ ، ھازىر يەنە قايتىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپتۇ . ئۇ مېنىڭ « تاڭ
سېلىك » غا چوقۇنىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ، تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ كې-
يىنكى سەپىرى ئۈچۈن سەدىقە بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىپ كەپتۇ . ئې-
نىقكى ، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلغۇچى
ئەمەس ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئاددىي ، ئۈمىدكە تولغان سەپىرى ھەقى-
قەتەن مېنى جەلپ قىلدى . مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ
سوۋغىسىنى — قىزىل قەغەزگە بېسىلغان دىنىي تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى
قوبۇل قىلدىم ھەم ئۇنىڭغا سەدىقە ئورنىدا تەڭگە بەردىم . ئۇ ناھايىتى
خۇشال ھالدا مەن بىلەن خوشلاشتى .

مەن قارغىلىقتا تۇرغان ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتنى ، توغرىسىنى
ئېيتقاندا ، مېنىڭ چېدىرىم جايلاشقان يېتىملۇقۇم ( Yetimlukum )
كەنتىنى دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەپ تۇرىمەن . يېقىن ئەتراپتىكى
قۇملۇق ۋە يىراقتىكى قاقاس تاغ چوققىلىرى مەۋجۇت ئەمەستەك تۇ-
يۇلاتتى . يىراقتا نەزەر سالسىڭىز كەڭرى كەتكەن مۇنبەت تۇپراق ۋە
باغ - ئورمانلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . بۇلار ماڭا كەشمىردىكى
تۈرى كۆپ ، باراقسان ئۆسكەن دەل - دەرەخلەرنى ، سان - ساناقسىز
مۇقەددەس مازار ۋە چېدىر ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسىنى ،
شۇنداقلا بازاردىكى نۇرغۇنلىغان نەپىس ياغاچ ئويما ئۆيلەرنى ئەسلە-
تەتتى .

## ئون بىرىنچى باب

# خوتەن سەپىرىدە

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سەھەردە ، كارۋىنىمىز ئاۋات كىچىك
بازاردىن ئۆتۈپ ، شەرقىي قوۋۇقتا قاراپ يول ئېلىپ ، خوتەن سەپىرىنى
باشلىدى . يول ئۈستىدە بىز غۇجەك ( Ghujak ) دەپ ئاتىلىدىغان قە-
دىمىي مەدرىسنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق . بۇ مەدرىس چوڭ بىر بازاردا
بولۇپ ، هويلىدا 150 تالىپ يېتىپ ـ قوپقۇدەك گۈمبەز شەكىللىك خا-
نىلەر قاتار سېلىنغانىدى . غەرب تەرەپتە كەڭرى ، هەيۋەتلىك بىر
ساراي بولۇپ ، ياغاچ تۈۋرۈكلەر گۈمبەزلەرگە تىرەلگەن ، ئۈستى قى-
زىلنى ئاساس قىلغان قېنىق رەڭلەر بىلەن بېزەلگەنىدى . بۇ رەڭ بېرى-
لىشى كۆرۈنەرلىك ئېنىق بولغان قەدىمىي ئىمارەت ئىدى .

مەن يولغا چىققان ۋاقىتتا ، جاڭ دارېن ئۆزىنىڭ ئاساسلىق
تەرجىمانىنى مېنى ئۇزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتىپ ، ياخشى تىلىكىنى يەتكۈ-
زۈپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ . « خوتەن قوۋۇقى » دىن 1 مىل يىراقلىقتا
كۆتۈرەڭگۈ روهلۇق بۇ مويسىپىت بىلەن خوشلىشىپ ، قاقاس چۆل ـ
باياۋانغا قاراپ يول ئالدۇق . ئالدىمىزغا يەنە بىر نەچچە مىل ماڭغاندىن
كېيىن ، تار كەتكەن تېرىلغۇ رايون بەشئېرىق ( Besh — arik ) بوس-
تانلىقىغا يېتىپ كەلدۇق . لېكىن ، ئۇزۇن ماڭمايلا بوستانلىق ئۈزۈلۈپ
قېلىپ ، يەنە قاقاس شېغىل تاشلىق سايغا دۇچ كەلدۇق . يول بويى
قىسقا ئارىلىقلارغا بەلگە تۈۋرۈكلىرى ئورنىتىلىپتۇ . چۈنكى ، كېچىلىرى
ياكى قارا بوراندا ئاسانلا يولدىن ئادىشىپ قېلىش مۇمكىن ئىدى . بۇنداق
ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ سەيياهلارغا قارىتا هېچقانداق ئەهمىيىتى
يوق ئىدى . قوش لەڭگەر ( Kosh Langar ) گە يېتىپ كەلگەندە ، بىر
كۈنلۈك سەپىرىمىز ئاياغلاشتى . مەن بۇنداق هېچنېمە ئۈنمەيدىغان ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇمسىز يەردە گۇمبەزلىك ئۆيلىرى ۋە ئازادە خانىلىرى بار ، پىششىق خىشتىن سېلىنغان دەڭنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدىم . بۇ ئىمارەتمۇ ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى خوتەن يەرلىك ئەمەلدارى نىياز ھاكىمبەگنىڭ تۆھپىسى ئىكەن . مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ يەركەنددىكى تۇرالغۇسىمۇ مېنى ۋاقتىلىق قونالغۇ بىلەن تەمىنلىگەنىدى . كۆلنىڭ سۈيى ئالدىدىكى تاغدىن ھەپتىدە بىر قېتىم كىچىك ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇ باشلاپ كېلىنىپ تولدۇرۇلاتتى . شىمال تەرەپكە بىر يېرىم مىل كېلىدىغان چۆللۈكتە خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ئىمارەتنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن شەكىللەنگەن تويا دۆۋىسى بولۇپ ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 فۇت كېلەتتى . بۇ بەلكىم بۇددا مۇنارىنىڭ خارابىسى بولسا كېرەك . ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى بەك ئېغىر بولغاچقا ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىش قىيىنغا چۈشتى .

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ، ماڭغان يولىمىزنىڭ ھەممىسى قۇملۇق بولۇپ ، چاڭ ـ توزان تۇپەيلىدىن جەنۇب تەرەپتىكى تاغ يىراق ناھايىتى غۇۋا كۆرۈنەتتى ، ئۇ يەردە ھېچقانداق دەريا ياكى ئۆستەڭ يوق ئىدى . كېچىدىكى سوغۇقتىن كېيىن ، چۈش مەزگىلىدىكى قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىگەنلىكىنى ھېس قىلماق ناھايىتى ئاسان ئىدى ، بۇ ۋاقىتتا بىز تەكلىماكان ( Taklamakan ) قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى تىنجىق چوڭ يولنى بويلاپ كېتىۋاتاتتۇق . بۇ يول ماڭا نىسبەتەن ئالاھىدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . شۈبھىسىزكى ، بۇ ئوكسۇس دەرياسى ۋادىسىدىن خوتەن ۋە جۇڭگوغا ئۆتىدىغان قەدىمكى قاتناش تۈگۈنى ئىدى . مەن ھەممىلا يەردە ھايۋانلارنىڭ تاپلىرىنى ۋە ئاپئاق ئۇستىخانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدىغان بۇ يولدىن پىيادە ياكى ئۇلاغ بىلەن ئۆتكىنىمدە ، بۇرۇنقى سەيياھلارنىڭمۇ چوقۇم قاقاس ، ئادىمىزاتسىز بۇ يولدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىختىيارسىز خىيالىمغا كەلتۈردۈم . شۇەنزاڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىدىغان ۋاقىتتا ، بۇ يولنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگەنىدى . ئۇنىڭ كەينىدىن يىراق يوللارنى بېسىپ جۇڭگوغا بارغان ماركو پولو ( Marco Polo ) ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئىسمى نامەلۇم سەييياھلارمۇ بۇ يولدىن ماڭغان . ئەمەلىيەتتە ، بۇ يەردىكى ساياھەتنىڭ

شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە تا ھازىرغىچىلىك ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى . چۆللۈكلەرنى كېسىپ ئۆتكەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىگە ئەگىشىپ ، بۇددا دىنى ۋە ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەتىنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ . ئۇنداقتا ، بۇ سەيياھلار ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن نەرسىلەرنى بىز زادى قانچىلىك بىلىمىز ؟

چۈشتىن كېيىن ، بىز چولاق لەڭگەر ( Cholak Langar ) گە يېتىپ كەلدۇق . ئۇ يەردە ئالدىنقى تۇرالغۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دەڭ بولۇپ ، كەڭرى ئېرىق بويىغا سېلىنغانىكەن . ئېرىق سۈيى جەنۇب تەرەپتىكى پاكار تاغدىكى بىر جىرادىن ئېقىپ كېلىدىكەن . دەڭنىڭ يېنىدىكى ئويمانلىقتا سۇ توشقۇزۇلغان چوڭ بىر كۆل بولۇپ ، ئۇ قاقاسلىقتىكى بىردىنبىر كۆز مەنزىرىسى ئىدى . شىمال تەرەپتىكى يىراق بىر جايدا بىر قاتار پاكار چاتقاللىقتا كۆلگە سۇ باشلايدىغان ئېرىق بار ئىدى . كەچتە ئۆتەڭ ئىگىسى ، جۇڭگولۇق خىزمەتچى خادىم مەندىن ھال سوراپ كەپتۇ . ئۇ كۆرۈنۈشتە مۇلايىم ، تەمكىن بولۇپ ، ئەتراپتىكى قاقاس قۇملۇقلاردىن ناھايىتى نارازىدەك كۆرۈنەتتى . ئۆتەڭدە توققۇز ئات ۋە تۆت پوچتىكەش بولۇپ ، خەت ـ چەكلەرنى گۇما ( Guma ) ۋە قارغىلىققا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن . بۇ قاقاس پوچتا يولىدا توشۇلىدىغىنى پەقەت جۇڭگو مەھكىمىلىرى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەت ـ چەكلىرى بىلەنلا چەكلىنىدىكەن . مېھمىنىم ماڭا ئۆزىنىڭ ئىككى يىل ئاۋۋال قارغىلىق ئامبىلى بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ ئامبال بىلەن يۇرتداش ، يەنى خۇنەنلىك ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ تۇرغان كەنتىنىڭ تاڭ سېڭنىڭ تۇغۇلغان جايى بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى . بۇ كىچىك ئۇچۇرمەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى . مەن چاي ۋە پېچىنىلەر بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلغان بۇ كىشىنى مېھمان قىلدىم ھەمدە كۈچۈمنىڭ بېرىچە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ ، ئۆزى رازى بولغۇدەك ئورۇنغا ئېرىشىش ئارزۇسىنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم .

چولاق لەڭگەردىن گۇمىغىچە بولغان ئارىلىق توققۇز « پوتەي »

www.uyghurkitap.com

كېلەتتى . شۇڭا ، ئېغىر لاۋازىمەتلەرگە مەسئۇل تۆگە ئەترىتى سەھەر-
دىلا يولغا چىقتى ، ئاتلارغا ئارتىلغان چېدىر ۋە يېمەكلىكلەر كېيىنرەك
يولغا چىقىدىغان بولدى . يۈك ـ تاقلارنى ياخشى تېڭىپ بولغاندىن
كېيىن ، مەن ساراي ھويلىسىغا كىرىپ ، تامغا چاپلاقلىق تۇرغان خەن-
زۇچە ۋە تۈركچە ھۆكۈمەت ئېلانلىرىنى كۆردۈم . بۇلارنىڭ ئىچىدە
بىرى ئۇزۇن ، سېرىق قەغەزگە بېسىلغان خەنزۇچە ، موڭغۇلچە ،
تۈركچە يېزىقتىكى ئېلان بولۇپ ، ئىككى ئاي ئاۋۋال ئېلان قىلىنغان رۇ-
سىيە بىلەن بولغان سودا مۇئامىلىسىنى مەزمۇن قىلغان خاننىڭ پەرمانى
ئىدى . تەرجىمان نىيازئاخۇن بۇنىڭ خاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەرمانىمۇ ،
ئەمەسمۇ ، بۇنى بىلىشكە ناھايىتى قىزىققان . چۈنكى ، شۇنىڭدىن كې-
يىنلا خاننىڭ بېيجىڭدىن قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر نا-
ھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن بازارغا پۇر كەتكەنىدى .

قاقاس شېغىللىق يولدا 10 مىلدىن كۆپرەك يۈرۈپ ، سىلىق
لەڭگەر ( Siligh Langar ) گە يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەردە كىشىنى
ئارامسىزلاندۇرىدىغان ، توپا تاملىق كىچىك ئۆيلەر ۋە ئېقىندىن كەلكۈن
سۈيى قويۇلىدىغان كۆلچەك بار بولۇپ ، سۇ ئالللىقاچان تېشىپ قۇملۇققا
ئاققانىدى . سىلىق لەڭگەردىن ئۆتۈپ ، شالاڭ چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇققا
دۇچ كەلدۇق . بۇ چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇق قۇملۇقنى ئوراپ ، كىشىنىڭ
دىققىتىنى ئانچە جەلپ قىلمايدىغان ھاجىب لەڭگەر ( Hajib Langar )
دېگەن جايغىچە سوزۇلغان بولۇپ ، ئارىلىقى تەخمىنەن 2.5 مىل كې-
لەتتى . شۇنىڭ بىلەن شېغىل ياتقۇزۇلغان تېيىز ئېرىقتەك دەريا قىنى
سەپىرى باشلاندى . تۈزلەڭلىكتە گۇما بوستانلىقى ئۇزۇن قارا سىزىققا
ئوخشاش كۆرۈنەتتى . ھېرىپ ـ ئېچىپ 6 مىل يۈرۈپ ، قۇرۇپ قالغان
بىر ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ گۇمىنىڭ غەربىي چېگرىسىغا يېتىپ
كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تارقاق ئېتىزلىقلاردىن
ۋە شىمال تەرەپتىن ئاققان قوم كۆمۈۋەتكەن كىچىك دەرەخزارلىقتىن
كېسىپ ئۆتتۇق . ئېگىزلىكى 30 ~ 40 فۇت كېلىدىغان تۆپىلىكتىن
ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنە بىر قېتىم مۇنبەت ئېكىنزارلىقتا قەدەم باستۇق .
گۇما بازىرى ئەتراپىنى چۆرىدىگەن بىر چوڭ سۇغىرىش ئۆستىڭى يېنىد-

دىن چېدىر تىكىشكە باب كېلىدىغان ، تۆت ئەتراپى سۆگەت ۋە تېرەك-
لەر بىلەن ئورالغان تىنچ بىر باغنى تاپتىم . چېدىر تىكىدىغان چاغدا
ئاتلىق بازارغا ماڭدىم . ئۇ يەردىكى ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان بازار
ناھايىتى ئاۋات ئىدى . نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئات ـ ئۇلاغ ، مېۋە ـ
چېۋە ، پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى ھەم باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلار ئۈستىدە
سودىلىشىۋاتاتتى . بۇ مەزكۇر كەڭرى بوستانلىقنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى
ئىدى . قاتار كەتكەن مال يايمىلىرى ئۈستىدە قىزىل خورۇمدىن تىكىل-
گەن ئۇزۇن قونجلۇق ئۆتۈكلەر ئېسىقلىق ئىدى . ئېنىقكى ، قىش
پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى بەك ئىت-
تىك بولاتتى .

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ، مەن قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئىزدەش
ئۈچۈن ، گۇمىدا تۇرۇپ قالدىم . ماكارتنېي ئەپەندى ۋە باشقا ئەمەلدارلار
ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن سېتىۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمىي
ئاسارئەتىقىلىرى ئىچىدە ، 1895 ـ يىلىدىن بېرى ، قەغەزگە قول بىلەن
كۆچۈرۈلگەن نۇسخا ۋە نامەلۇم يېزىقتىكى « ياغاچ ئويما نۇسخا » لار
بارغانسېرى كۆپەيگەن بولۇپ ، بۇ ئاسارئەتىقىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
باشقا قېزىلما يادىكارلىقلار ئاللىقاچان رۇسىيە ، ياۋروپا قاتارلىق جايلار-
دىكى داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ قولىغا
يېتىپ بارغانىدى . ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇمغا كۆمۈلۈپ
قالغان خوتەن خارابىلىرىدىن قېزىپ چىقىرىلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ،
كۆپ قىسمى ئاجايىپ ـ غارايىپ نۇسخىلار ھەم ھەممىسى خوتەن-
دىكى « گۆھەر ئىزدىگۈچى » ئىسلامئاخۇندىن ئېلىپ كېلىنگەن ، دەپ
قارىشىدۇ . ماكارتنېي ئەپەندى ئىسلامئاخۇن توغرىسىدا قەشقەردە خاتىر-
رىلىگەن بايانىنى كېيىن پروفېسسور خورنل كالكۇتتادا ساقلانغان
بۇيۇملار توغرۇلۇق بەرگەن دوكلاتىدا ئىشلەتكەن . ئۇنىڭدا
« گۆھەر ئىزدىگۈچى » تونۇشتۇرغان ئورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى گۇما-
دىن خوتەنگە بارىدىغان يولنىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي قۇملۇق خارابى-
لىرى ئىكەنلىكى مىسال بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن .

مېنىڭ قەشقەردە ئىگىلىگەن ئاخباراتىم گەرچە بۇ قېزىلما يادى-

www.uyghurkitap.com

كارلىقلارنىڭ راستلىقىغا بولغان گۇمانىمنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ ، بىراق
دەل مۇشۇ يەردە شۇ يەرلىك كىشىلەرنى بىۋاسىتە زىيارەت قىلىش ئارقىـ
لىق ھېلىقى « گۆھەر ئىزدىگۈچى » نىڭ سۆزىنى ئىسپاتلاش پۇرسىـ
تىگە ئىگە بولدۇم .

سەھەردە ، شۇ يەرلىك بەگ ۋە بىر قانچە يۈزبېشىلارنىڭ
ھەمـراھلىقىدا پارچە ـ پۇرات ساپاللار چېچىلىپ ياتقان يەر ( يەرلىك
كـىشىلەر ئۇنى « كونىشەھەر » دېيىشىدىكەن ) نى تاپتىم . ئۇ گۇما بىـ
لـەن شەرق تەرەپتىكى ئويمانلىق موجى ( Moji ) بوستانلىقى ئارىلىقىـ
دىـكى يولغا يېقىن جايدا ئىكەن . ھالبۇكى ، بىرمۇ كىشى بۇ يەردىن
ياكى باشقا خارابىلىكتىن « قەدىمىي كىتاب »نىڭ تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ
باقماپتۇ . لېكىن ، كىشىلەر پەقەت ئىككىلا ئورۇننى بىلىدىغان بولۇپ ،
ھەر ئىككىلىسى بوستانلىققا يېقىن ھەم تەكشۈرۈش ناھايىتى ئوڭاي
ئىدى . بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەرقىي شىـ
مالغا ئاتلىق يۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ، شىمال تەرەپتىن گۇمنى ئوراپ
تۇرغان 20 ~ 30 فۇت ئېگىزلىكتىكى كۆچمە قۇم بارخانلىرى رايونىغا
يېـتىپ كەلدۇق . بۇ جاينىڭ يېنىدا ھاسا ( Hasa ) دېگەن كىچىك بىر
كەنت بار ئىكەن . كەنتتىكىلەرنىڭ ئەسلىشىچە ، يېقىن ئەتراپتىكى قۇم
بارخانلىرى ئەسلىدىكى ئورۇننى بېسىۋالغانىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر
قىسىم تارقاق ئۆيلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانىكەن .
بۇلارنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقى تېخى يېقىنقى مەزگىلدىكى ئىش ئىكەن .
ئۇلارنـىڭ كۆرسەتكىنىدەك ، بۇ جاينىڭ مەركىزىمۇ قەدىمكى ئاسارئەتىـ
قىلەر قېزىۋېلىنغان جاي ئەمەس ئىدى .

ئاتـلىق يـەنـە 3 مىـلـدىن كـۆپـرەك يـۈرۈپ ، قـاراكـۆل
( Kara — Köl ) مازىرىغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەر ئىسلامئاخۇن ئېنىق
تىلغا ئالغان جاي ئىدى . بۇ يەردە ياۋا ئوت ـ چۆپ ۋە قومۇشلار بىلەن
ئورالـغان تۇزلۇق سۇ كۆلچىكى بىلەن يېرىم يۇملاق شەكىللىك بىر
قانچە قۇم دۆڭلىرى بولۇپ ، دۆڭ ئۈستىگە بىر نەچچە ياغاچ قاداقلىق
ئىدى . ياغاچقا پارچە ـ پۇرات لاتىلار ، كالا قۇيرۇقلىرى ۋە تېرە ،
خـۇرۇملار ئېسىلىپ ، ئەۋلىيالار قەبرىسىگە سىمۋول قىلىنغانىدى . شۇ

ئارقىلىق بۇ جاينىڭ بەندىلەرنىڭ خاتىرجەم ياتىدىغان جايى ئىكەنلىكى قەيت قىلىپ قويۇلغانىكەن. مەن ھېچنېمە توپلىيالمىدىم، پەقەت بۇ ئەۋلىيا كەلگەن ۋاقىتتا ساقال ـ بۇرۇتلىرىنىڭ تېخى قاپقارا ئىكەنلىكىنى، ئۆلگەن ۋاقىتتا بولسا تامامەن ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئىسلامئاخۇن بۇ يەردە ئەۋلىيانىڭ قەبرىسىنى ئوراپ تۇرغان كەڭرى قەبرىستانلىقنىڭ بارلىقىنى ھەم بۇ يەردىن قەدىمكى زامانغا تەۋە ئويما مەتبەئەلىرىنى تاپقانلىقىنى ئېيتقانىكەن، بىراق مەن ھېچقانداق ئىز بايقىمىدىم.

تۈزلۈق سۇ كۆلچىكىگە قۇيۇلىدىغان سۇ كىچىك بىر ئېرىقتىن كېلەتتى، ئېرىق سۈيى كەڭرى ھەم ئەگرى ـ بۈگرى دەريا قىنىنى بويلاپ شەرققە قاراپ، 0.25 مىل يەرگىچە ئېقىپ بېرىپ قۇمغا سىڭىپ كېتەتتى. ئۇ ھاسا يېڭىدىكى بىر قىسىم بۇلاق كۆزلىرى بىلەن سۇ ئازغاللىرىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، « قاراسۇ » دەپ ئاتىلاتتى. بىراق، باھار ۋە يازنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا جەنۇب تەرەپتىكى تاغ چوققىلىرىدىكى قارلار ئېرىگەن ۋاقىتتا، ئۇ كەلكۈن سۈيى بىلەن زورىيىپ كېتەتتى. بىز دەريا قىنىدا تەخمىنەن 3 مىل يۈرۈپ، قارا تاغ ئاغــزى ( Karatagh — aghzi ) غا يېتىپ كەلدۇق. مەن بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم بوك ـ باراقسان ئۆسۈپ، قۇملۇققىچە سوزۇلغان چاتقاللىقنى كۆردۈم. ھەر خىل قومۇشلار، گويا ئېچىلغان قىزىل گۈلگە ئوخشاش چېچەكلەپ كەتكەن چىدامىلىق يۇلغۇنلار ۋە باشقا چاتقاللار قارا سۇنىڭ قاغجىراپ كەتكەن دەريا قىنىنى قاپلىغان بولۇپ، ھەر خىل مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى. دىمىق چۆل مەنزىرىسىدىن كېيىن يولۇققان بۇ مەنزىرە كىشىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرەتتى. مۇزتاغ ئاتا ئېتىكىدە مەن پىشقان كۆممىقوناقلىقلارنى ھەم كۆممىقوناق ئېتىزلىقلىرى ئارىلىقىدىكى باراقسان ئۆسكەن تېرەك، ئۈجمە ۋە باشقا دەرەخلەرنى كۆردۈم. باشقا زىرائەتلەر ئالللىقاچان يىغىۋېلىنغانىدى. مەن كۆرگەن بۇ تېرىلغۇ يەرلەر 15 يىل ئاۋۋال ئېچىلغانىكەن.

ئىسلامئاخۇن قاراتاغ ئاغزى دېگەن جايدا ئوخشاش بولمىغان خارابىلەرنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقى ھەم شۇ يەردىن « قەدىمي كىتاب »

لارغا ئېرىشكەنلىكىنى ، شۇنداقلا باشقا ئاز ئۇچرايدىغان غەلىتە بۇ-يۇملارنى قېزىپ چىققانلىقىنى دېگەنىكەن . مەن يەرلىك خەلقلەردىن تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ بۇنداق خارابە ئىزى بارلىقىنى ھەم بۇ يەردىن قېزىلما بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى بىلدىم . تەكشۈرۈش ئارقىلىق باشقىچە خۇلاسىگە كەلگەندىن كېيىن ، گۇمىغا قايتىپ كەلدىم . بىز قۇملۇق يولنى تاللاپ تۆۋەن بازارغا يېتىپ كەلدۇق . ئۇ شىمال تەرەپكىرەك توغرا كېلىدىغان بىر بازار بولۇپ ، گويا بازىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى . بىز خۇشال ھالدا دەرەخلەر سايىە تاشلاپ تۇرغان كەنت چىغىر يولىدا ئاتلىق ماڭغاچ ئاددىي مېۋ-لىك باغقا كۆز يۈگۈرتتۇق . باغدا قوغۇن ۋە تەرخەمەكلەر ئالاھىدە ئوخشاپ كېتىپتۇ . بىز يەنە بىر نەچچە ئۆستەڭ ئوچۇق قەغەز ياساش زاۋۇتلىرىدىن ئۆتتۇق . قەغەز ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن تەييارلان-غان سۈيۈقلۇقنى ئەگلەككە ئوخشاش پەردە ئۈستىگە تەكشى يېيىتىلىپ ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسىلىدىكەن . مەن يەنە بىر توپ غەلىتە كىيىنگەن تىلەمچىلەرنى ئۇچراتتىم . ئۇلار بۇ يەردە توپلىشىپ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە كەنتتىكى دېھقانلار ھوسۇل يىغقاندا بۆلۈپ بەرگەن سەدىقىلەرنى ئېلىۋاتاتتى .

10 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈنى سەھەردە ، مەن ئاشۇ گۇمىدىكى كۆ-كۆللۈك قارارگاھىمدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدا ، ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق بولۇپ ، ئاسماندا بۇلۇت ــ تومانلار يوق دېگۈدەك ئىدى . شۇڭا ، مەن گۇما بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كىچىك يولدىن چىقىپ بىپايان چۆللۈككە قەدەم باسقىنىمدا ، جاھاندا كەم ئۇچرايدىغان ھەيۋەتلىك مۇزتاغ ئاتا ئېنىق كۆرۈندى . ئېنىقكى ، ئۇ كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئېغىزى يېنىدىكى ئاساسلىق تاغ تومۇرى ئىدى . مەن بۇ زور تاغ گەۋدىسىنىڭ كەينىدىكى جىلغىنىڭ ھىندى دەرياسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا ، ئارىلىق بىراقلا قىسقىراپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . ئالدىغا قاراپ يەنە 2 مىل يۈرۈپ ، ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەت-كەن كەگرى بىر دەريا قىنىدىن ئۆتتۇپ ( دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى قارا سۇ دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن ئۇچرىشاتتى ) ، بىر كونا خارابىلىككە يې-

تىپ كەلدۇق. ئاۋۋالقى دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىلىك ئەسلى گۇما بىلەن موجى ئارىلىقىدىكى يولغا جايلىشىشى كېرەك ئىدى. دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدا قېلىن بىر قەۋەت يىرىك ساپال پۇچۇقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، ئەمما گۈل نەقىشلىرى بىلەن بېزەلگەن ساپال پارچىلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى. لېكىن، بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن بوياق ناھايىتى پۇختا بولۇپ، خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن قالغاندەك ئىدى. ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان بۇ يەر يۈزنىڭ ناھايىتى كۆپ ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان كەنت خارابىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ۋەھالەنكى، ھازىر باشقا قەدىمكى ئىزنالار بىلەن ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايتتى. سان ـ ساناقسىز ساپال پارچىلىرى تاقىر تۇپراق ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى. پەس تەرەپتە بىرەر تامنى ياكى پۇختىراق ساقلانغان باشقا خارابىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

قەدىمكى خارابىدىن شەرق تەرەپكە مېڭىپ، موكويىلا (Mokoila) يېزىسى جايلاشقان، سۇغىرىلىدىغان تار جايلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە بىر قىسىم چاتقاللار ئۆسكەن ئۈنۈمسىز يەرلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى توپا دۆڭنى كۆردۈم. گۇمىلىقلار ئۇنى توپا تىم (Topa Tim) دەپ ئاتايدىكەن. تىم — قەشقەر رايونىدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بارلىق توپا دۆڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىكەن. بۇ خۇددى مەن تېلېسكوپتا كۆرگەن بۇددا مۇنارىسىغا ئوخشاش ئىدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىشقا بەكمۇ ئالدىرىدىم. بىراق، ئۇ يەر تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن كۆپ يىراق ئىكەن. چۈنكى، يول باشلىغۇچى ئالدى بىلەن موجىغا بارىدىغان يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئاندىن قۇرۇپ قالغان دەريا قىنىدىن پىيادە مېڭىشتا چىڭ تۇردى، مەن ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدىم. نەتىجىدە، 2 مىلچە يۈرگەندىن كېيىن، توپا دۆڭلىرى توسۇپ ئايرىۋەتكەن جىلغا ئالدىدا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق. بۇ يەردىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئورۇننى تېپىشتىن ھېچقانداق ئۈمىد يوق ئىدى. چۈنكى، تىك يار 40 ~ 50 فۇت چوڭقۇرلۇقتىچە سوزۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئاتلىق چوڭ يولغا قايتىپ كېلىپ، باشقا تەرەپتىن ماڭماقتىن باشقا ئامال بولمىدى.

ئاخىر بۇددا مۇنارىغا يېتىپ كەلدۇق . مۇنار مەنزىرىسى ئارخېئولوگىيىگە قىزىقىشىمغا زور ئىلھام بولدى . ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى خانئۆي ( Khanui ) يېنىدىكى مورى تىمغا ئوخشاپ كېتەتتى . ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئاللىقاچان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ ، چوققىسى « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ قالايمىقان قېزىشىدىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى يەنىلا 29 فۇتقا يېقىن كېلەتتى . بۇددا مۇنارى ئەتراپىغا مۇكويىلا ۋە مەن كېيىن كېسىپ ئۆتكەن چوڭ خارابىلىككە ئوخشاشلا ساپال پارچىلىرىنىڭ يېيىقلىق تۇرغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن ، مەزكۇر قەدىمىي بۇيۇملار ئەكس ئەتتۇرگەن مەھەللە بىلەن بۇددا مۇنارى ئوخشاشلا بۇددا دىنى گۈللەنگەن دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەن ، دېگەن تونۇشقا كەلدىم .

دەسلەپتە ، جىلغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى توپا تىمغا مېڭىۋاتقاندا ، بۇرۇن مەن كۆرگەندىنمۇ كەڭ بولغان ، ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان رايوندىن ئۆتتۇم . ئۇ ساياھەت يولىنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان بولۇپ ، دائىرىسى 3 كۋادرات مىلچە كېلەتتى . يول باشلىغۇچىلار ئۇنى قاقشال تاتى ( Tati of Kakshal ) دەپ ئاتايدىكەن . بۇ يەرگە كەڭلىكى ۋە زىچلىقى ماس كەلمىگەن ھەر خىل ساپال پارچىلىرىدىن سىرت ، يەنە خىش ، داشقال ، سۆڭەك ، مېتال ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق نەرسىلەر چېچىلغان بولۇپ ، بۇ كىچىك جاي قەدىمىي ئولتۇراق رايونىنىڭ ئىزىنى شەكىللەندۇرگەندى . دەسلەپتە بايقالغان بۇ قەدىمىي نەرسىلەرنىڭ مۇھىت شارائىتىغا قارىتا مۇجمەل ھېسسىياتتا بولدۇم . بىراق ، كېيىن خوتەن رايونىنىڭ ھازىرقى تېرىلغۇ جايلىرىدىن باشقا ، « تاتى » ( قەدىمىي شەھەر ) دەپ ئاتىلىدىغان كۆپلىگەن ئىزلارنى تەكشۈرۈپ ، ئاستا ـ ئاستا بىر خىل قايىل قىلارلىق چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتىم . قاقشالدىكى « تاتى » نىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلارلىق ئالاھىدىلىكى باشقا « تاتى » لارغا ئوخشاش يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك ساپال پارچىلىرى تەبىئىي سېرىق توپا ئۈستىگە چېچىلىپ ياتقان بولۇپ ، سېرىق توپىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممىسى قۇم ئارىلاش ھالەتتە ئىدى .

ئاستىدىكى لاي قاتلىمىنىڭ تام ئەمەسلىكىنى ھەم باشقا قۇرۇلۇشلاردىن قالغان نەرسە ئەمەسلىكىنى ناھايىتى ئاسان بىلگىلى بولاتتى . چۈنكى ، تاتىنىڭ ئادەتتىكى يەر يۈزىنىڭ ھەممىسىدە سېرىق توپا دۆڭلىرى بولۇپ ، بەزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 ~ 15 فۇت كېلەتتى . دۆڭنىڭ چوققىسىدا چېچىلىپ ياتقان ساپال پارچىلىرى بەكمۇ قويۇق بولۇپ ، ئىككى تەرىپىدىكى قاقاسلىقتا قەدىمىي ئىزلارنىڭ ھېچقانداق تەبىئىي توپىسى يوق ئىدى .

ناھايىتى ئېنىقكى ، قەدىمكى ئاھالىلەر رايونى ئىزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر جەريانىدا تاشلىنىپ قېلىپ ئۇپىرىشى نەتىجىسىدە ، يەر يۈزىنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىراق ، ئۇپىراش پۈتۈن رايوننىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىدە بىردەك ئەمەس ئىدى ، خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سېرىق توپا ئېتىكىدەك ، ھازىر «قەدىمكى شەھەر» دىن ئېگىزرەك ، بىر قەدەر مۇنبەت بۆلەكتىكى كىچىك ئېگىزلىك ياكى يالغۇز ئارال بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئارخېئولوگلارنى ئېپتىدائىي يەر يۈزىنىڭ كۆچلۈك ئاساسىي بىلەن تەمىن ئەتكەن دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ . « تاتى » ئۈستىدىن بىرە ـ بىرە مېتال پۇل ، چىرىپ كەتكەن مېتال بېزەك بۇيۇملىرى ، تاش تامغا ھەم شامال يېمىرىپ ئۇپرىتىۋەتكەن كىچىك قالدۇق بۇيۇم قاتارلىقلارنى تاپقىلى بولاتتى . گۇمىنىڭ سىرتىدىكى « قەدىمىي شەھەر »لەر ئىچىدە ، بۇ « تاتى » ئىسلامىئاخۇننىڭ خاتىرىسىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ جايلاردىن قەغەزگە يېزىلغان قوليازمىلار ۋە ياغاچ مەتبەئە كىتابلار تېپىلغانىكەن . بىراق ، يول ئۈستىدىكى بىرىنچى خارابىلىكنىڭ تەكشۈرۈلۈپ ئىسپاتلىنىشىچە ، شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن ئېيتقاندا ، بۇنداق قالدۇق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدا ھېچقانداق ئىمكانىيەت يوق ئىدى .

گەرچە خېلى كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، شۇ كۈنلۈك سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان موجى تېخى خېلىلا يىراقتا ئىدى . مەن قاقشاللىقتىكى ساپال پارچىلىرى قاپلىغان سايىنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئايلىنىپ يۈردۈم ، لېكىن ھەرگىزمۇ قەدىمىي كىتابلارنى تېپىش ئۈمىدىدە

www.uyghurkitap.com

بولمىدىم . ئىلگىرىكى زىچ ئاھالىلەر رايونىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ، ھەممىسى دېگۈدەك زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بۇ قاقاس خارابىلىك كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر خىل سىرلىق كۈچكە ئىگە ئىدى . ھەمراھلىرىم تېپىپ كەلگەن گۈل نەقىشلىك ساپال پارچىلىرىغا تەپسىلىي قاراپ چىقىش بىلەن قۇياش غەربكە پاتقىچە مەلىكە بولۇپ . تېخىچىلا بۇ جايدىن ئايرىلىشقا قىيالمايۋاتاتتىم . ئاخىرى يەنىلا بۇ يەردىن ئاتلىق يۈرۈپ كەتتىم . ئاقما قۇملار شەكىللەندۈرگەن پاكار ـ پاكار قۇم بارخانلىرى نەچچە مىلغىچە سوزۇلغان بولۇپ ، چوڭ يولنى پەرق ئېتىش تولىمۇ قىيىن ئىدى . كىچىك كەنت چوددا ( Chodda ) بويىغا يېتىپ كەلگەندىلا ، ئاندىن قايتىدىن چاتقاللىققا كىردۇق . بۇ ۋاقىتتا تولۇن ئاي قاراڭغۇ ئاسماندا ئېسىلىپ تۇراتتى . ئاي يورۇقىدا بۇ ناتونۇش جايلارنى ئېنىق كۆرۈپ ، ئاتلىق كېتىۋاتاتتۇق . كەچ سائەت سەككىزلەردە ، بىز موجىغا يېتىپ كەلدۇق ، ئۇ يەرگە چېدىرىم تىكىلىپ بولغانىكەن .

7 ـ كۈنى ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇن قەدىمىي پۇللارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن موجىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى . بۇ قەدىمىي پۇللارنىڭ ھەممىسى مەلۇم دەۋردىكى ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانىنىڭ نەرسىلىرى بولۇپ ، مەزكۇر ئادەم ئۆزىنى ئويما يېزىقتا « سۇلايمان قاغان » ( Sulaiman Khagan ) دەپ ئاتىغان . بۇ قەدىمىي پۇللار تېپىلغان خارابىلىكنى ئەتىگەندىلا تەكشۈردۇم . خارابىلىك كەنتنىڭ شىمالىغا 1 مىل كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ ، تۆگۈجاي ( Tögüjai ) دەپ ئاتىلىدىكەن . مەن ئۇ يەردىن ئالدىنقى كۈنى كۆرگەنگە ئوخشاش ، ئۇپراش دەرىجىسى ئانچە چوڭ بولمىغان ، ئۈستىدە ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان نۇرغۇن سىرىق توپا تۆپىلىكلىرىنى بايقىدىم . ھازىر قۇرۇپ قالغان جىلغا يازنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كەلكۈننىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ ، قەدىمىي پۇللار ئەنە شۇ يەردىن تېپىلغانىدى . يەرلىك بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەنتتىكى كۆپلىگەن كىشىلەر كېلىپ ماڭا ياردەملەشتى . ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇلار سىرى ناھايىتى ئوچۇق ۋە رەڭدار بولغان گۈل نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن ساپال پارچىلىرىنى تېپىپ كېلىشتى ، يەنە بەزىلىرى ئورەكلەردىن قەدىمىي پۇل

ئىزدىشىۋاتاتتى . ئۇلار كۆز ئالدىدىلا ئازگال ئىچىدىن ئالتە دانە مېتال پۇل كولاپ ئالدى . شۈبھىسىزكى ، بۇ پۇللار ئەڭ دەسلەپكى ساپال پارچىلىرى قاتلىمى ئىچىدىن يۇيۇپ چىقىرىلغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ يىل دەۋرىگە ئائىت يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدۇم . بۇنىڭ باشقا خارابىلىكنى قازغان ۋاقىتتا ، يىل دەۋرىنى ئېنىقلاشتا كۆپ ياردىمى بولاتتى . ساپال بۇيۇملاردىن سىرت ، يەنە نۇرغۇن ئەينەك پارچىلىرى ۋە كىچىك قاشتېشى پارچىلىرى تېپىلدى . مەن ئەينەك پارچىلىرىنىڭ پارقىراپ تۇرغان رەڭگارەڭ نۇرىغا دىققەت قىلدىم . بۇ خىل ئەھۋال غەربنىڭ قەدىمىي ئەينەكلىرىدە دائىم كۆرۈلەتتى . جۇڭگو تۈركىستانىدا بولسا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئۇزۇن مەزگىل ئۇنتۇلۇپ قېلىنغانىدى .

مەن تۆگۈجايدىن يەنە بىر داڭلىق قەدىمىي خارابىلىك ھاساغا ئاتلىق يېتىپ كەلدىم . ئۇ موجىنىڭ شىمالىغا 1.5 مىل كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ ، بۇ جاي ئاللىقاچان دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى . بۇ ئېھتىمال بىر ئىسلام دىنى مۇرتىنىڭ مەقبەرىسى بولسا كېرەك . لېكىن ، يىل دەۋرى توغرۇلۇق ئېنىق بىر بەلگە يوق ئىدى . بىر كىچىك قەبرە ئۈستىدە باش سۆڭەك ۋە ئۇستىخانلار چىقىپ قالغانىدى . مەن ياغاچ بىلەن يېپىلغان نۇرغۇن قەبرىلەر ئىچىدىن بىرىنى ئېچىپ ، بىر كىچىك بالىنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆردۈم . ئۇ يېزىلارنىڭ پاختا رەختلىرى بىلەن كېپەنلەنگەن ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ، قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇلغانىدى .

گەرچە بۇ دىندارلارنىڭ قەبرىسى دەپ قارالغان بولسىمۇ ، ماڭا ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلەر قىلچە ئەيمەنمەي ئۇلارنى ئېچىۋەتتى . بۇنىڭدىن تەلۋىلىك بىلەن خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە دېگەندەك چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . چۆللۈكتىكى ئاقما قۇملار ئاللىقاچان بۇ قەبرىستانلىققا بېسىپ كىرگەن بولۇپ ، بۇ جاي تېخىمۇ قاقاسلىشىپ كەتكەن ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم ـ شېغىل ، توپا ـ چاڭلار قاپلىغان بولۇپ ، ھاۋامۇ شۇنچە سوغۇق كۆرۈنەتتى .

گەرچە سانجۇ ( Sanju ) موجىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە 12 مىل كېلىدىغان قاراقۇرۇمغا بارىدىغان يولنىڭ باشلىنىشىدا بولسىمۇ ، بىراق تاغ تىزمىسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . مەن موجىنىڭ ئورنىنى شۆەنزاڭ تىلغا ئالغان « پوكيائى » ( Po—Kia—i ) بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلدىم . ئىبتىشلارغا قارىغاندا ، شۆەنزاڭ دەۋرىدە ، بۇ يەردە كەشمىردىن ئېلىپ كېلىنگەن بىر داڭلىق بۇددا ھەيكىلى بار ئىكەن ، كىشىلەر ئىز-چىل تۈردە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلگەنىكەن .
10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ، شالاڭ چاتقاللىق سايدىكى شېغىل ياتـ-قۇزۇلغان يولدا ئالدىرىماي 14 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، زانگۇيا ( Zanguya ) غا يېتىپ كەلدۇق . زانگۇيانىڭ ئېكىنزارلىقىغا كېلىشتىن ئىلگىرى بىر دەريا قىنىدىن ئۆتتۇق . بۇ پەسىلدە دەريا سۈيى پۈتۈنلەي سۈغىرىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەنلىكتىن ، دەريا قىنى پۈتۈنلەي قۇرۇق ئىدى . زانگۇيا چوڭ بىر بوستانلىق بولۇپ ، بىر نەچچە كەنتتە 500 تۈتۈندىن كۆپرەك ئاھالە بار ئىكەن . ئۇستى يېپىق ئۇزۇن بىر بازاردىن ئۆتۈپ ، كەنتنىڭ شەرقىي بېشى يېنىدىكى بىر پارچە بېدىلىكنى كۆردۇم . مەن بۇ يەردە چۈشكۈن قىلدىم ، كەچلەردە كۆل لەڭگەر ( Köl Langar ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم . ئۇ غەربىي شىمال تەرەپكە تەخمىنەن 2 مىل كېـ-لىدىغان قۇملۇق بويىغا جايلاشقانىكەن . بۇ يەردىن ساپال پارچىلىرىدىن سىرت ، يەنە ناھايىتى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىغان ئىككى چوڭ كۆلچەكنى بايقىدىم .
10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ، زانگۇيادىن تەخمىنەن 19 مىل يىراقلىق-تىكى پيالما ( Pialama ) غا قاراپ يولغا چىقىپ ، ئاۋۋال 2 مىل كېلىـ-دىغان ئوسا قىلىنغان يەرلەردىن ئۆتتۇم . سۇنىڭ كەملىكىدىن ھەر يىلى چوڭ تۈت پارچە تېرىلغۇ يەردىن پەقەت بىرسىلا تېرىلىدىكەن . شۇڭا ، بۇ يەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى تۆت بۆلەككە ئايرىلغانىكەن . ئەگەر سۇ ئامبىرى ياكى باشقا بىر ئۇسۇل ئارقىلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش كاپالەتكە ئىگە قىلىنسا ، پيالما ئەتراپىدىكى كۆپ قىسىم يەرلەرگە زىرائەت تېرى-غىلى بولىدىكەن . ئوتتۇرا يولدا تاكى بەلقۇم ( Bel Kum ) دەپ ئاتـ-

لىدىغان ئېگىزلىككىچە سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى كۆرۈندى . بىر نەچچە مىل يىراقلىقتا قاراقىر ( Karakir ) تۆپىلىكىنى ، يەنى قەدىمكى بۇددا مۇنارى ئىزىنى كۆردۇم . گەرچە ئۇ ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ ، بىراق تۆت ئەتراپتىكى ئېگىز قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . مۇنار ئۇلى مۇكەممەل ۋاقتىدا تەخ-مىنەن 65 كۋادرات فۇت كېلىدىغان بولۇپ ، مۇنار خىشلىرىنىڭ ئۆلچىمى مەن تەكشۈرۈپ كۆرگەن مورى تىمى بىلەن ئوخشاپراق كېتەتتى .

پىيالما ناھايىتى كىچىك بىر جاي بولۇپ ، پەقەت 100 ئۆيلۈك ئا-ھالىسى بار قارغىلىقنىڭ شەرقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر بوستانلىق ئىدى . مېنىڭ چېدىرىم تەملىك ئامۇتلار ساڭگىلىشىپ تۇرغان كىچىك بىر مې-ۋىلىك باغقا تىكىلدى . ئۆي ئىگىسى ھەمراھلىرىمنى يېتەرلىك قونالغۇ بىلەن تەمىنلىدى . يول بويى ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ قونالغۇسىنى تەك-شۈرگىنىمدە ، تۇرالغۇلارنىڭ ھامان ناھايىتى ئازادە ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالاتتىم . تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىن ، بولۇپمۇ تۇرالغۇ ـ ئۆي ئەسلىھەلىرى جەھەتتىن ھىندىستاننىڭ ھەر قانداق بىر رايونىدىكى ئوخشاش تەبىقىدىكىلەردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدىكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب

## خوتەنگە يېتىپ بېرىش

ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ، ئاخىر 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خوتەن چېگرىسىغا كىردۇق . پىيالـــمىدىن 14 مىل يىراقلىقـــتىكى ئاق لەڭـــگەر ( Ak Langar ) گە بارغاندا يول پۈتۈنلەي سىغىز توپا ۋە شېغىللىق قا-قاسلىققا ئايلاندى . پىيالمىدىن نەچچە مىل كېلىدىغان يولغا يېرىمى چى-رىپ كەتكەن ئىككى تۈۋرۈك تىكلەنگەن بولۇپ ، بۇ يەركەن ۋە خوتەن ئوتـتۇرىسىدىكى چېگرا ئايرىش بەلگىسى ئىكەن . ئالاھەزەل يېرىم يول-دىكى تاختۇۋەن ( Takhtuwen ) دېگەن جايدا چوڭقۇرلۇقى 200 فۇتقا يېتىدىغان بىر قۇدۇق ، ئاق لەڭگەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چوڭقۇر-لۇقتىكى بىر قۇدۇق بار ئىكەن . تەكشى قۇملۇقتىكى زىرىكىشلىك ئۇزاق سەپەردىن كېيىن ، گەرچە نېپىز بىر قەۋەت تۇمان سىزما رە-سىمدىكى مەنزىرىلەرگە ئوخشاش ھەرىكەتسىز كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، پ-يالمىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان تاغ تۆپىلىرىنىڭ بارغانسېرى رو-شەنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . ئاق لەڭگەرنىڭ قۇملۇق جايلىرىدىن ئۆت-كەندە بىر قىسىم يېرىم ئاي شەكلىدىكى پەس قۇم بارخانلىرى كۆز ئال-دىمىزدا نامايان بولدى . بۇنداق مەنزىرىلەر ئوردا پاشاھىم مازىرىدىن ئارتىپ دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇردى .

قۇم رابات پاشاھىم ( Kum — rabat Pashahim ) غا بارغاندىن كېيىن ، بىز يەنە قۇم دېڭىزى ئىچىگە كىردۇق . بۇ يەردىكى « كەپتەر مازار » ( Kaptar Mazar ) دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس جاينىڭ جان-لىق مەنزىرىسى كىشىنى ناھايىتى ھاياجانغا سالاتتى . كۆۋرۈك ۋە كى-چىك لەمپىلەر مىڭلىغان كەپتەرلەرنىڭ ئارامگاھى بولۇپ ، ئۇلار سايا-ھەتچىلەر ۋە تەقۋادار مۇرىتلارنىڭ سوۋغا ـ سەدىقىسى بىلەن جان

كەچۈرىدىكەن . كىشىلەر ئۇلارنى ياۋا كەپتەرنىڭ ئەۋلادلىرى ، دېيىشىـ
دىكەن . ئىمام شاكىر پادىشاھ ( ImamShakir Padshah ) غەيرىي دىـ
نىدىكى خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شېھىت بولغاندا ، بۇ
ياۋا كەپتەرلەر مۆجىزىدەك ئىمام شاكىرنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغانىكەن .
بۇ مەزكۇر مۇقەددەس جاينى باشقۇرىدىغان شەيخنىڭ كىچىك ئوغلى
بىزگە ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىن
نــەچچە مىڭ ئادەم ئۆلگەنىكەن . شېھىت بولغان تەقۋادارلار بىلەن غەيـ
رىي دىنىدىكىلەرنىڭ جەسىتىنى ئايرىشقا ئامال بولمىغاندا ، ھايات قالغان
بــىر مۇسۇلماننىڭ تىلاۋىتى بىلەن شېھىت بولغانلارنىڭ جەسىتى ئۆزلۈـ
كىدىن بىر تەرەپكە يىغىلغانىكەن ھەم كەپتەرلەر ئۇچۇپ كېلىپ ،
ئۇلارنــىڭ رەھبىرىنىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىكەن . بۇ يەردىن
ئۆتكەن بارلىق سەيياھلار بۇ ئىلاھىي كەپتەرلەرگە دان سوۋغا قىلىشىـ
دىكەن . مەنمۇ بۇ مۇقەددەس جايدىكى دۇكانلاردىن بىر نەچچە تاغار
قوناق ئېلىپ ، ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ كەپتەرلەرگە چېچىپ بەردىم .

كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ مەنزىرىگە دىققەت قىلغاچ ئىختىـ
يارسىز ھالدا شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان خوتەن رايونىنىڭ غەرب تەرىپىدە
يۈز بەرگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاجايىپ بىر رىۋايەتنى ئەسكە ئالدىم .
شۈەنزاڭ مۇنداق بايان قىلغان : بازاردىن 30 مىل يىراقلىقتىكى قۇم ـ
شــېغىللىق يولدا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن دۆڭلەر سوزۇلۇپ ياتـ
قــان بولۇپ ، بۇلارنى چاشقانلار قۇملۇقنى كولاش ئارقىلىق شەكىللەنـ
دۈرۈگەنىكەن . بۇ چاشقانلار قەدىمكى ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ زورلۇق كۈچ
بىلەن بۇ زېمىننى ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقتىن ، بۇ
چاشقانلار ساياھەتچىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىغا ، ئېتىقاد قىلىشىغا مۇـ
يەسسەر بولغانىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ ۋاقىتتا خوتەن پادىشاھى
ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويغان بولۇپ ، ئۇنىڭ
ئىلتىجاسى بىلەن سان ـ ساناقسىز چاشقانلار پادىشاھنىڭ باشچىلىقىدا
بــىر كېچىدىلا تاجاۋۇزچىلارنىڭ ساۋۇت ـ دوبۇلغىلىرىنى ، كۆن ـ
خۇرۇمدىن ياسالغان ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى قىيىپ تاشلىغانىكەن . تاـ
جــاۋۇزچــى قوشۇن ناھايىتى ئاسانلا يېڭىلىپ ، مۇداپىئەگە ئۆتكەنىكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

شۆەنزاڭنىڭ ئېيتىشىچە ، « چاشقانلارنىڭ چوڭلۇقى كىرپىچىلىك ، مويى سارغۇچ ئىدى » . بىراق ، ھازىر ئەڭ ئىخلاسمەن كىشىلەرمۇ قۇملۇقتا ماكان تۇتقان چوڭ چاشقانلارنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ . ئەمما ، شۆەنزاڭ تىلغا ئالغان جاي بىلەن قەدىمكى خوتەندىكى « كەپتەر مازار » نىڭ ئورنى ھەقىقەتەن ماس كېلەتتى . قىزىل يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان ، يۇمىلاق ، ئېگىز ـ پەس قۇم بارخانلىرى ۋە قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىقىدىكى مۇقەددەس جاينىڭ كەپتەرلىرى بۇ يەردىن ئۆتكەن بارلىق سەيياھلارنىڭ بېقىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن . بۇ خىل ئۇسۇل ئېنىقكى ، بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى . ھازىر بۇ ئىلاھىي كەپتەرلەرنى شۆەنزاڭ تىلغا ئالغان سىرلىق چاشقانلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغاندا ، كىشىلەرنىڭ بىر مەيدان ئۇلۇغ غەلىبىگە بولغان خاتىرىسىنى قايتا ئەسكە سېلىشى ئېھتىمال . ئەمەلىيەتتە ، بۇ مەن تەكشۈرگەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خوتەندىكى بارلىق مۇقەددەس خارابىلىكتىكى كىشىنى جەلب قىلىدىغان يەرلىك چوقۇنۇشنىڭ تۇنجى مىسالى ئىدى . بۇ بۇرۇن مەن كەشمىر ۋە ھىندى دەريا ۋادىسىدا بۇددا دىنى ياكى ھىندى دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى ئىزدىگەن ۋاقىتىمدا ، بۇنداق مۇقەددەس جايلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى تېپىش لازىملىقىنى ھېس قىلغانىدىم . بۇ قېتىم خوتەن رايونىغا كىرىش بىلەنلا ، يەرلىك ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن تەقۋادارلىق ئادىتىگە يولۇقتۇق . بۇنى تامامەن بىر ياخشى بىشارەت ، دەپ قاراشقا بولىدۇ .

غەلىتە مۇقەددەس جايدىن ئايرىلىپ 3 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، قۇملۇقتىكى يولىمىز تۇزلەڭلىكتىكى بىر پارچە سازلىققا ئۇلاشتى . بىز تاربوغاز لەڭگەر ( Tarbugaz Langar ) دىكى يالغۇز كەپە يېنىدا توختاپ دەم ئالدۇق . مىنىڭ خوتەنگە كەلگەنلىك خەۋىرىم پىيالىمدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىكەن . شۇڭا ، ناھايىتى كەچ بولسىمۇ ، مەن قوشنا كەنت زاۋا ( Zawa ) نىڭ بېگىنى قوبۇل قىلدىم . ئۇ مۇلايىم ، مېھرى ئىسسىق كىشى ئىدى ، مەن خوتەن رايونىغا بارغان بىرىنچى ئاخشىملا بىزنى دوستانە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى ، ئۇنىڭغا سەممىيەت

لىك بىلەن تەشەككۈر بىلدۈردۈم . تۈنۈگۈنكى ئۇزاق سەپەردە تۆگە ۋە
يۇك ئاتلىرى قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە ، قېپقالغان يولنى ئىككى مۇ-
ساپىگە بۆلۈپ مېڭىشنى قارار قىلدىم . تار بوغاز لەڭگەردىن ئايرىلىپ
ئۇزاق ئۆتمەي بىز تېرىلغۇ جايلارغا كىرىپ باردۇق . ئالدىمىزغا يەنە 3
مىل مېڭىپ ، ياقۇپبەگ دەۋرىدە سېلىنغان قورغاندىن ئۆتكەندىن كې-
يىن ، خوتەنگە بېرىشتىكى تۇنجى چوڭ كەنت زاۋاغا بولغان سەپىرى-
مىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق .

ئالدىمىزغا ماڭغاندا ، يولنىڭ ئىككى يېقىدا پۈتۈنلەي بىر ـ بى-
رىگە تۇتىشىپ كەتكەن باغلار ، ئۆيلەر ، تەكشى ئېتىزلىقلار ئۇچرىدى .
چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تېرەك ۋە سۆگەتلەر يولنى دېگۈدەك
قاپلىغان بولۇپ ، كۈز پەسلى بولغاچقا ، كۆپ قىسىم يوپۇرماقلار سېرىق
ياكى قىزىل رەڭگە كىرگەنىدى . بىر خىلدىكى قۇملۇق سەپىرىدىن كې-
يىن ، كۆز ئالدىدا نامايان بولغان بۇنداق مەنزىرە كىشىنى بۆلەكچىلا
خۇشال قىلاتتى . يول ئۈستىدىكى توپىنىڭ قىلىنلىقى ئوشۇققىچە كې-
لەتتى . مۈرىلەرنى سۈركەشتۈرۈپ ، ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەم-
لەر ئېقىنىدىن بىر چوڭ سودا مەركىزىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈ-
ۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى . مەن بىر نەچچە ئېشەككە ئارتىلغان ،
خوتەننىڭ داڭلىق قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلارنى كۆردۈم .
ھەقىقەتەن يولدا كۆپ كىشىلەر ئات ـ ئېشەك ياكى كالا قاتارلىق
ئۇلاغلارغا مىنىۋېلىشقانىدى ، ھېچنېمىسى يوق ئادەملەرنىڭ ياياق مېڭى-
شىمۇ بىر تەس ئىش ئىدى . ئەجەبا ، ئاشۇ كىشىلەر كۈلكىلىك ئۇزۇن
قونچلۇق ئۆتۈكلەرنى كىيىۋېلىشتىن بىزارلىق ھېس قىلمامدىغاندۇ ؟

زاۋادىن تەخمىنەن 7 مىل يۈرۈپ ، دەريا قېشىغا تاش پارچىلىرى
ياتقۇزۇلغان قاراقاش ( Kara — kash ) دەرياسىدىن ئۆتتۇم . بۇ خو-
تەننىڭ ئىككىنچى چوڭ دەرياسى ئىدى . دەريا تۆتتىن ئۈچ مىل كەڭ-
لىكتە بولۇپ ، دەريادا ياز پەسلىدە قارا قۇرۇم مۇزلىرىنىڭ كۆپ مىقدار-
دىكى ئېرىگەن سۇلىرى ئېقىپ كېلەتتى . بىراق ، ھازىرقى كۈز پەسلىدە
دەريا سۈيى تارتىلىپ ، 30 يارد كەڭلىكتە 1 ~ 2 مىل چوڭقۇرلۇقتىلا
سۇ قالغانىدى ، شۈبھىسىزكى سۇغىرىلىدىغان يەرلەرنىڭ ئېھتىياجى تو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەيلىدىن دەريانىڭ باشقا سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىگە بۆلۈنگەنىدى . بىز بۇ دەريادىن 1.5 مىل يىراقلىقتىكى ئىككىنچى دەريا بويىغا بارغاندا تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتۇق . بۇ كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان قاراقاش دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى يېڭى دەريا ( Yangi Darya ) ئىدى . بۇ ئىسمىنىڭ قاچان قويۇلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ، دەريانىڭ ئورنى جۇڭگونىڭ تارىخي خاتىرىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن خوتەننىڭ قەدىمكى پايتەختىنىڭ غەربىدىكى دەريا ئورنى بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلەتتى . گەرچە بۇرازان ( Burazan ) خارابىلىكىدە خوتەننىڭ قەدىمكى پايتەختىنىڭ يادىكارلىقلىرى بولۇشى مۇمكىن ، دەپ بىلسەممۇ ، بىراق ئۇنىڭغا بارىدىغان يىراق يول مېنىڭ ئۇ يەرنى بىۋاستە زىيارەت قىلىشىمغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى .

« يېڭى دەريا » نىڭ شەرقىدىكى سىپا ( Sipa ) دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك كەنتكە بارغاندا خىلۋەت بىر چىمەنلىكنى چۈشكۈن قىلدىم . يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ ھەيران قالغان ھالدا مۇنداق بىر مەنزىرىنى كۆردۈم : قوشنا ئۆيدىكى بىر ئەر كىشىنىڭ بويىنىغا بويى بىلەن تەڭ ، ئېغىر لوم تۆمۈر كىشەنلەپ سېلىنغانىدى . بۇ دېھقان بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى خوتۇنىنى قاتتىق ئۇرغاچقا جازالىنىپتۇ . بۇنداق ئېغىر كىشەن سېلىنغان قاتتىق جازانى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئويلاپ قالدىم . ئۇنى قاماققا ئالماي ، ئەكسىچە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرغۇزۇدىكەن ، ھەم تېز مېڭىش زۆرۈر بولمىغان ئەمگەكلەرگە سېلىنىدىكەن . ئۇنىڭغا ئېسىپ قويۇلغان ئېغىر لوم تۆمۈر باشقىلارغا نىسبەتەن ئىبرەت بولۇش رولىنى ئوينىغاچقا ، كىشىلەرنىڭ دائىم ھوشيار تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدىكەن .

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ، مەن يوقاقون ( Yokakon ) چۈشكۈنىدىن خوتەنگە ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقىنىمدا بەگ كەلدى ، ئامبال مېنىڭ پات ئارىدا خوتەنگە يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ، ئۇنى بىزنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەنىكەن . جۇڭگونىڭ بايراملىق مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيگەن بەگ بىر نەچچە ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغانىدى . بىز ھەيۋەتلىك بىر ئاتلىقلار ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندۇق . خوتەندىكى

ئافغان سودىگەرلىرىنىڭ باشلىقى ، شۇنداقلا لاداق بىلەن سودا قىلىدىغان چوڭ سودىگەر بەدرىددىن ( Badruddin ) خان ئۆزىنىڭ بىر نەچچە قېرىنداشلىرى بىلەن خوتەن بازىرىدىن بىر نەچچە مىل يىراقلىقتىكى جايىدا بىزنى كۈتۈۋالغاندىن كېيىن ، قوشۇنىمىز تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بو- لۇپ كەتتى . مەن جۇڭگونىڭ « يېڭى شەھەر » شەكلىدىكى قورغان تېمىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن « كونا شەھەر » نىڭ ئەتراپىنى ئاتلىق ئاي- لىنىپ ئۆتۈپ ، بەدرۇددىن خان مەن ئۈچۈن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان قونالغۇ ، باي سودىگەر توختىئاخۇنىنىڭ باغلىق ھويلىسىغا يېتىپ باردىم . يولدىن ئۆتكىچە پاسكىنا ، تار بازارلاردا قىينىلىپ ياتقان ، ئادەمنىڭ ئى- چىنى سىيرىلدۇرۇۋېتىدىغان نۇرغۇن بىمارلارنى كۆردۈم . كونا ئامبارغا يېقىنراق جايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ھويلىدىن بىر ئاز قاراڭغۇ بىر ئۆينى تاپتىم . يەركەندىكى تۇرالغۇم بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بۇ ئۆينىڭ ئازراقمۇ جەلپ قىلىش كۈچى يوق ئىدى . سىرلىق ئوردىغا ئوخشاش كىچىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى لەمپىلىك ئىدى . ھاۋا ئالمىششىمۇ ناچار بولۇپ ، مېنىڭ تۇرۇشۇمغا پەقەت ماس كەلمەيتتى . ھويلىدا دەرەخلەر ۋە چاتقاللار خۇددى رەسىمدىكىدەك مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى ، ئەمما تىنچ ئەمەس ھەم چېدىر تىكىشكە چۇشلۇق بوشلۇقمۇ يوق ئىدى . شۇ كۈنى نائىلاج يېتىپ بېرىپلا ، دەرھال ئامبالغا خەت ـ چەك ۋە سوۋ- غاتلارنى ئەۋەتتىم . كېيىن كۈندۈزدىكى بوش ۋاقتىمنى پايدىلىنىپ سىرتقا چىقىپ ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېقىن جايدىن چېدىر تىكىشكە مۇ- ناسىپ جاي تېپىلامدۇ ـ يوق ، دەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم .

بۇ ناھايىتى ئەركىن جاي بولۇپ ، يۇقىرى ـ تۆۋەن دېمەي ھەر قانداق ئۆيگە ئىختىيارىي كىرگىلى بولىدىكەن . تەكلىپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممىسىگە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىدىكەن . شەھەر سىرتىدىكى كىچىك كوچىلارنى كېسىپ ئۆتكەندە ، يولنى بويلاپ ئۇزاققا سوزۇلغان ، بۇرۇنلا بۇزۇلۇپ كەتكەن مۇداپىئە خەندەكلىرى بار ئىدى ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ياسالغان ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە سېپى ئىدى . شەھەر سىرتىدىكى كىچىك كوچىلاردىن ئۆتۈپ توختىئاخۇنىنىڭ ئۆيىدىن تەخمىنەن يېرىم مىل ماڭغاندىن كېيىن ، ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىزلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان باغ-
لىق ھويلىغا يېتىپ باردىم . مەن ئۆي ئىگىسىگىمۇ خەۋەر قىلمايلا ،
ئىككىلەنمەستىن كىرىپ زىيارەت قىلدىم . بىر ـ بىرىگە تۇتاش ھۆي-
لىلاردىن ئۆتۈپ ، سالقىن ، ئازادە بىر مېھمانخانىغا ، ئاندىن كارىدوردىن
ئۆتۈپ ، ناھايىتى ئازادە چوڭ ھويلىغا كىردىم . ئاخۇنبەگ مېھرى ئىس-
سىق ، قامەتلىك مۆتىۋەر ئىكەن . ئۇ مېنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى بىل-
گەندىن كېيىن ، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ قورۇسىنى ئىشلىتىپ تۇرۇ-
شۇمغا بېرىدىغان بولدى . مەن ئۇنىڭغا فىردەۋسىنىڭ تۈركىي تىلغا
تەرجىمە قىلىنغان « شاھنامە » ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ بەردىم .
پارسلارنىڭ مەزكۇر ئۇلۇغ داستانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا بولغان چوڭ-
شەنچە ئارقىلىق ساھىبخانىدا ياخشى تەسىر قالدۇردۇم . مەن قىلچە تەش-
ۋىشلەنمەي ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل قىلدىم . ئەتىسى سەھەردە
چېدىرىم ئۇنىڭ دەرەخزارلىقتىكى ئوتلىقىغا تىكىلدى . شۇنىڭ بىلەن
مەن قايتىدىن شەھەر ئەتراپىدىكى تىنچ جايغا ئورۇنلاشقان قونالغۇمدىن
لەززەتلىنىشكە مۇۋەپپەق بولالىدىم .

چۈشتە بىر قاتار جۇڭگوچە كۆرۈشۈش قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن
كېيىن ، تۇنجى قېتىم ئامبال يەن دارىن بىلەن كۆرۈشتۈم . ھېس قى-
لىشىمچە ، ئۇ سىپايە ، ئەدەبلىك مويسىپىت بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يىراقنى
ئويلايدىغان ، تۈز كۆڭۈل ، سەممىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى . ئۇ
دەسلەپتىلا مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . بۇنىڭغا بىلىمىنىڭ
چوڭقۇرلۇقى قوشۇلغاندا ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەم
ئىدى . ئۇ مەيلى قەيەردە ۋەزىپە ئۆتىمىسۇن ، داڭقى ھامان پۇر كې-
تەتتى . يەن دارىن مېنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا ، ئەمەلدارلىق كىيىمىنى
كىيىۋالغان ، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىشقانىدى . يەن دارىن
مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئۇ بۇرۇنلا قەشقەردىن مېنىڭ زىيارەتكە با-
رىدىغانلىق خەۋىرىمنى ئاڭلىغانىكەن . مەن ئۇنىڭ قۇملۇقتىكى تەكشۈ-
رۈشۈم ، شۇنداقلا خوتەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغلىق يەرنى
ئۆلچەپ ـ سىزىشىمغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىقاتتىم .
يەن دارىننىڭ سۆزلىرىدىن بۇ ئىككى ئىشقا نىسبەتەن ھېچقانداق

تـوسقۇنلۇق قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇغىنى سەزگىنىمدە ، تولىمۇ خۇشال بـولۇپ كەتتىم . ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق قاقاس قۇملۇقتا قەدىمكى خارابىلەرنى ئىزدەشتە كۆرمىگىلىغان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرنى باشـ تىن كۆچۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى تامامەن بىلەتتى . ئىراق ، يەرـ لىك كىشىلەرنىڭ قەدىمكى خارابىلىك توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىگە يـېنىكلىك بىلەن پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايتتى . يەنە كېلىپ تاغ يولى ئېگىز ـ پەس ، ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلەر بار بوـ لۇپ ، مېڭىش تولىمۇ قىيىن ئىدى . قاراڭغۇ تاغ جىلغىسىنىڭ ئۇ تەرىپى نامەلۇم تىبەت ئېگىزلىكى بولۇپ ، ئۇ يەرگە جۇڭگو يەرلىك ھۆكۈمىتىـ نىڭ كۈچى يەتمەيتتى . ئۇ يەرگە قارىتا زۇڭلى ( مەمۇرىي ھۆكۈمەت ) يامۇلىنىڭ قاتتىق يوليورۇقى بولۇپ ، ساياھەتچىلەرگە ھەرقانداق ياردەم بېرىشكە بولمايتتى . رەھىمسىز تەبىئىي ئامىل ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلەـ مىسى بولغانلىقتىن ، پەن دارىن ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدە قولىدىن كېلەـ شىچە ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى . ئامبالنىڭ ئىستىلى دۇرۇس ، پوزىتسىـ يىسى سەمىمىي ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى . ئۇ ئىـ لىم ئەھلىگە خاس قىزىقىش بىلەن مېنىڭ شۈەنزاڭنىڭ ساياھىتى ھەم خـوتـەن قەدىمكى بۇددا مەدەنىيەتلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىمنى ئاڭـ لىدى . بۇلار ئۇنىڭ ماڭا چوقۇم ياردەم قىلىشىغا تۈرتكە بولدى . كېـ يىنكى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى . ئۇنىڭ ياخشى كۆڭۈل بىلەن قىلغان ياردىمى بولمىغان بولسا ، قـۇملۇقتىكى تەكشۈرۈش ، شۇنداقلا تاغلىق رايونلارنى ئۆلچەش ـ سىـ زىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارالمايتتىم .

خـوتەنگە بېرىپلا تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتىم . بۇ قېتىمقى تەكـ شۈرۈش قەدىمىي خارابىلىككە بېرىپ ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېـ رىـشىمغا يېتەكچى بولاتتى ، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تـەكـشۈرۈش خىزمىتىدىكى قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى ئىزدەشنىڭ ئەڭ ياخشى ، سىستېمىلىق لايىھەسىنى بېكىتىشكە بولاتتى .

ساخـتا بۇيۇم ياساپ كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، خوتەنگە قىلغان سەپىرىمنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنى ئالدىنئالا

www.uyghurkitap.com

ئۇقتۇرۇش قىلمىغانىدىم . شۇ كۈنلەردە مەن كۈندە كېلىپ تۇرۇۋاتقان « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ ئاشۇ خارابىلىكتىن ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى بۇيۇملارنى يىغىشقا بىر نەچچە كۈن ۋاقىت ئاجرىتىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم . « گۆھەر ئىزدەش » دېگىنىمىز ، ئىلگىرى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان ، ھازىر تاشلىنىپ قالغان جايلارغا بېرىپ ، قىممەتلىك مېتاللارنى ئىزدەش ئىدى . بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا بىر خىل ئادەت بولۇپ قالغان . مەسىلەن ، ئالتۇن چايقاش ، قاشتېشى قېزىش ... قاتارلىقلار . ئامەت كېلىپ قالار دەپ « گۆھەر ئىزدەش » ، ئەمەلىي تىرىكچىلىك يولىنى تاپالمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ، مۆلچەرلىگۈسىز بىر خىل ئىزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، قەشقەر ھەم باشقا جايلاردىن كەلگەن ياۋروپالىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ تەلىپى بىلەن يېرىم كەسىپلىشىپ كەتكەن بۇ « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » بەلگىلىك مۇددەتتە قەدىمكى خارابىلەرنى زىيارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ ، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئىزدەشنى پۇل تېپىشنىڭ ئىككىنچى كەسپى قىلىۋالغانىدى . شۇڭا ، بۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ بارلىق چۈشەندۈرۈشلىرى ھەتتا ، ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ مۇجمەل ئىدى . شۇڭا ، مەن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئېنىق ، كونكرېت خارابىدىن چىققان نۇسخىنىڭ ئىزىقتۇرۇشىغا چۈشمىدىم ، بولمىسا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋاقتىم ۋە ئەمگىكىمنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . بۇنداق قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ نۇسخىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن ، ئىلگىرى ماكارتنىي ئەپەندىگە خىزمەت قىلغان بەدرۇددىن خان بىر كىچىك ئالدىن يۈرەر گۇرۇپپا تەشكىللەپ ئۇلارنى يولغا سېلىشنى ، لېكىن ئۇلارنىڭ قانداقلا بولمىسۇن بىر ئاي ئىچىدە قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . مەن ئارىلىقتىكى بۇ بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىدا بىر قېتىملىق پىلانلىق ھەم ئەھمىيەتلىك بولغان جۇغراپىيىلىك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدىم .

يۇرۇڭقاش ( Yurung — kash ) دەرياسى بىلەن خوتەن دەريا-

سىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى كوئېنلۇن تاغ تىزمىسىدا بولۇپ ، بۇگۈنگە قەدەر بۇ رايون ھەقىقىي تەكشۈرۈلۈپ ئۆلچەنگىنى يوق ، پەقەت 1865 ــ يىلى جونسون ( Johnson ) ئەپەندى سىزغان لاداقتىن خوتەن نىيىگىچە بولغان دەسلەپكى خەرىتىلا بار ئىدى . مايور تروتتېر ( Trotter ) 1875 ــ يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسى خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن جاينىڭ شەرقىدىكى خېلىلا يىراق جايدا بولۇپ ، ئۇنىڭ سۈيى پولۇ ( Polu ) نىڭ جەنۇبىي ئېگىزلىكىدىكى جىرا سۇلىرى بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئىشىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى . كاپىتان دىيسىي 1898 ــ يىلى پولۇ تەرەپنى تەكشۈرگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 16 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتىكى بۇ جىرا سۇلىرىنىڭ مەنبەسىگە بولغان تەكشۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەكشۈرۈشى تازا چۈشىنىشلىك ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، يۇرۇڭقاش دەرياسى ئاساسىي ئېقىنىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ، شۇنداقلا ئەتراپتىكى كۆپ قىسىم تاغ تىزمىلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش كېرەك ئىدى . قىش پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى ، مەن يولغا چىقىشقا ئالدىرىدىم ھەمدە ۋاقىتنى ئىمكانقەدەر تېجەپ ، بۇ ۋەزىپىنى ئىشلەشكە كىرىشتىم . ئەينى ۋاقىتتا مەن ئېلىپ ماڭغان ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە لايىق جابدۇق ـ سايمانلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى . چۈنكى ، بىز سوغۇق تاغلىق رايونغا كىرىش ئالدىدا تۇراتتۇق ، تۆگىلەرنىڭ ئۇ يەردە ھېچقانداق رولى بولمايتتى . گەرچە ئالدىغان يۈك ـ تاقلىرىمىز كۆپ بولمىسىمۇ ، ئەينى ۋاقىتتا ئاتلار قارا قۇرۇم يولىغا كېتىپ قالغان بولغاچقا ، مەن يەنىلا يۈك توشۇشقا لازىملىق ئاتقا ئېھتىياجلىق ئىدىم . كۈز پەسلى لاداق سودىسى ئەڭ ئالدىراش بولىدىغان پەسىل ئىدى . ئامبال ئەتىسى مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ ، مېنىڭ بۇ قېتىمقى قىسقا سەپەر ئۈچۈن ، ئات سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ ، دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى ھەر قايسى كەنتلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ ، ترانسپورت ئىشلىرىمغا ئېھتىياجلىق ئاتلارنى ھەل قىلىپ بەردى ، بۇ مېنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى .

بەدرىددىن خان ھەمراھلىرىم ۋە ئاتلىرىمغا جۇۋا ، كىگىز سېتىـ

www.uyghurkitap.com

ۋېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى . مەن يوتقان ( Yotkan ) كەنتىنى بىر
قېتىم تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردۇم . بۇ خوتەننىڭ قەدىمكى پايتەختى
بولۇپلا قالماي ، يەنە قەدىمكى يادىكارلىقلار بايقالغان داڭلىق جاي ئى-
دى . قەدىمكى پايتەختنىكى تاشلىنىپ قالغان قەۋەت ــ قەۋەت نەرسىلەر
هازىرقى يەر يۈزىنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن بولۇپ ، ئۈزلۈكسىز
ئېلىپ بېرىلغان ئالتۇن سۈزۈش جەريانىدا بىر قىسىم ساپال ، پۇل ،
مۆھۈر قاتارلىق قەدىمىي بۇيۇملار بىرلىكتە قېزىپ چىقىرىلغانىدى .
تۇنجى قېتىملىق ئالدىراش تەكشۈرۈشتىن ئالغان تەسىراتىمنى بايان قى-
لىشنىڭ هاجىتى يوق . چۈنكى ، كېيىنكى قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئىس-
پاتلاشتىن كېيىن ، بۇ مۇهىم قەدىمىي شەهەر خارابىسىنى تېخىمۇ تولۇق
چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم .

خوتەندە تۇرۇپ قالغان قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈن ۋاقىتنىڭ
كۆپ قىسمى دېگۈدەك يەرلىك دېهقانلار ۋە « گۆهەر ئىزدىگۈچىلەر »
ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى پۇل ، ساپال هەيكەل ۋە باشقا قەدىمكى بۇ-
يۇملارنى تەكشۈرۈشكە كەتتى . تاغارغا لىق قاچىلانغانلىرىنىڭ كۆپ
قىسمى سۇنۇپ كەتكەن ساپال پارچىلىرى ، مىتال پۇللار بولۇپ ، بۇ
يوتقاندا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇرۇنقى يىغىپ ساقلانغان قەدىمىي بۇ-
يۇملار ئارىسىدىمۇ ناهايىتى داڭلىق بۇيۇملار بار ئىدى . بىرىنچى قېتىم-
لىق تەكشۈرۈش مەن ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى بىر چېنىقىش بولدى ، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە مەن كەسپىي « گۆهەر ئىزدىگۈچىلەر »نىڭ قىزىقىشىنى
قوزغاش ئۈچۈن ، دەسلەپىدىلا كۆپ مىقداردا سېتىۋېلىشىم كېرەك ، دەپ
هېس قىلغانىدىم . تەبىئىيكى ، مەنمۇ ئاشۇ ناتونۇش يېزىقتا يېزىلغان
ياكى « ئويما باسما » دىكى « قەدىمىي كىتاب » لارنى سۈرۈشتە قىلىشقا
دىققەت قىلدىم . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەشقەردىكى ياۋروپا-
لىق يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ قولىدا خوتەندىن سېتىۋالغان بۇنداق قە-
دىمىي كىتابلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن . بىر قىسىم نوپۇزلۇق
ئالىملار بۇرۇن بۇنداق « قەدىمىي كىتاب »نىڭ ساختا بۇيۇم ئىكەنلى-
كىدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ ، بىراق ئىسپات كەمچىل بولغاچقا ، چوڭ-
قۇرلاپ دەللىلەپ بېرەلمىگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئىلمىي ژۇرناللاردا

داۋاملىق ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ ، بۇ « قەدىمىي كىتاب » لار تەتقىق قىلىنىۋاتاتتى . ۋەھالەنكى ، خوتەننىڭ ئۆزىدە بۇ خىل كىتاب يوق دې-يەرلىك ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، غەلىتە يېرى شۇكى ، ماڭا بېرىلگەن تۇنجى « قەدىمىي كىتاب » لار كېرەكسىز بۇيۇم ئىكەنلىكىنى كەم – كۈتىسىز ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى .

قوقەنت ( Kokand ) تىن كەلگەن بىر ئەرمەنىيىلىك مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىمنى ئاڭلاپ ، بېشى بۇزۇلۇپ كەتكەن ، قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان « ناتونۇش » يېزىقتىكى 10 نەچچە پارچە قولىيازمىنى تەكشۈرۈشكە ئېلىپ كەپتۇ . ئۇ بۇنى 40 رۇبلىغا سېتىۋالغانىكەن ، بۇ-نىڭ بىر خىل سودا هايانكەشلىكىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى . شۇ چاغدا ، ئۇ بۇ قىممەتلىك بۇيۇمىنىڭ تەكشۈرۈلۈپ ، مۇۋاپىق باهاغا ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . مەن دەرھال بۇ قېيىن دەرىخى قوۋزاقلىرىنىڭ ئەزەلدىن بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىنى ، مەن كەشمىردە كۆرگەن تونۇشلۇق بولغان ، بىر تەرەپ قىلىنىپ بولۇنغان قېيىن قوۋ-زىقى قولىيازمىلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا قېيىن دەرىخى قوۋ-زىقىغا خەت يېزىشتا ئىشلىتىلگەن سىياھنى سىناق قىلىپمۇ باقمىغانلىقىنى سەزدىم . مەن « سۇ بىلەن سىناق قىلىش ئۇسۇلى »نى قوللىنىپ ، بار-مىقىمنى هۆللەپ ، ئاشۇ غەلىتە قولىيازما ۋە ئۇيما يېزىقتىكى « ناتونۇش خەت » كە تەگكۈزۈشۈمگە خەت ئىزى دەرھال يوقىلىپ كەتتى . ئې-نىقكى ، بۇ خىلدىكى ساختا « باسما بۇيۇم » كالكۇتتادىكى يىغىپ ساقلاش ئورنىدىكى « ئۇيما بۇيۇملار » غا ناهايىتى ئوخشىشىپ كېتەت-تى . ئەمەلىيەتتە ، مېنىڭ ئىسپاتىم ھېلىقى ئەرمەنگە قېيىن دەرىخى قوۋ-زىقىغا يېزىلغان قولىيازمىنى ساتقان كىشى بىلەن « گۆھەر ئىزدىگۈچى » ئىسلامئاخۇننىڭ قويۇق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلدۈرەتتى . ئىسلامئاخۇن يالغان دوكلات قىلغان گۇما تېپىندى ئىزلىرىدا مەن بىكار ئاۋارە بولۇپ ، هېچنېمە تاپالمىغاندىم . يەرلىكتە ، ئىسلامئاخۇن « قەدىمىي كىتاب » ياسايدىغان بىر كىچىك زاۋۇتنى باشقۇرۇۋېتىپتۇ ، دېگەندەك گەپ – سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى . لېكىن ، هازىر ئىسلامئاخۇن خوتەندىن كەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ بارىدىغان تەكشۈرۈشنى نا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىلاج كېيىنگە قويۇپ قويدۇم .

مەن تاغ ئارىسىغا يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ، كۈتكىنىمدەك يەركەندىن كېلىدىغان پوچتا يېتىپ كەلدى . مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم . يۇرتۇمنىڭ خەت ــ چەكلىرى ھىندىستان ئارقىلىق كەلگەن بولۇپ ، ھەممىسى 8 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنىدىن بۇرۇن سېلىنغانىكەن . رۇسىيە تۆمۈريول قاتنىشى تەرەققىياتىنىڭ تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇنداق يىراق ، چەت بۇلۇڭدىكى قايناش يوللىرىنى راۋان ، قولايلىق قىلىۋېتەلىگەنلىكىنى كۆپ دەلىللەرنى كۆرسىتىپ ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز . 1865 ــ يىلى ھېنرى يۇل ( Henry Yule ) ئەپەندى بۇ جاينى « ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا كىرىش ئەڭ تەس ، بىلىدىغان ئادەم ئەڭ ئاز » جاي دەپ تەسۋىرلىگەن ، بۇ سۆز مەزكۇر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ « قەدىمكى جۇڭگوغا ساياھەت خاتىرىسى » دېگەن كىتابىغا بېسىلغان . مەن پۈتۈن سەپىرىمدە بۇ كىتابتىن ئايرىلمىدىم ، بۇ كىتاب مېنىڭ ھەم ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردى ، ھەم ماڭا ئىلمىي يېتەكچى بولدى .

## ئون ئۈچىنچى باب

# يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسىگە يۈرۈش

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چاچ ـ ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان ئۆي
ئىگىسى ئاخۇنبەگ بىلەن دوستانە خوشلىشىپ ، تاغقا قاراپ يول ئالدىم .
مەن بەش رۇبلىلىق بىر تىللانى پولاتتىن ياسالغان كىچىك ھەميانغان
سېلىپ ، قورۇنى ئىشلەتكەنىنىڭ ھەققى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بەردىم . ئۇ كۆپ
تارتىشمايلا پۇلنى ئالدى . مەن ھازىر ئۆزۈمگە ۋاقىتلىق لازىم بولمايدىغان
نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، بەدرۇددىن ئەپەندىنى خەۋەر ئېلىپ قو-
يۇشقا مەسئۇل قىلغاچقا ، ناھايىتى خۇشال ئىدىم . ئېلىپ ماڭغان يۈك ـ
تاقلىرىمىز ، ئۆلچەش ئەسۋابى ، بىر ئايلىق ئوزۇق ـ تۈلۈك ھەم يۈك تو-
شۇيدىغان 10 ئات ئىدى . تەلىيىمىزگە بىرىنچى بۆلەك يول قىسقا ھەم نا-
ھايىتى ياخشى ئىكەن . جەنۇبقا قاراپ كىچىك كەنتلەر بىلەن ئورالغان
تېرىلغۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ ، ئالغا قاراپ تەخمىنەن 6 مىل مېڭىپ يۇرۇڭ-
قاش دەرياسى بويىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جامادا ( Jamada ) كەنتىگە
يېتىپ باردۇق . كەنتنىڭ كەينىدىكى تاقىر سايلىق تاغ باغرىغىچە سوزۇل-
غاندى . نېپىز بۇلۇت ـ تۇمانلار قاپلاپ تۇرغان تاغ چوققىسى ئېنىق
كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

جامادانىڭ جەنۇبىدىكى قۇم ـ باياۋاندا قەدىمكى كەنت خارابىسى
« تاتى » ( Tati ) نى بايقىدىم . خارابىلىكتە ساپاللار چېچىلىپ ياتاتتى ،
كەنتنىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ماڭا قەدىمكى پۇل ، ئۈنچە ـ مارجان ، كىچىك
مۆھۈر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر دانە
گۈمبەزسىمان ھەيكەل بار ئىدى . كېيىن بىز ئاقما تاغ ئۈستىدىن ئېقىتىپ
كەلگەن تاش پارچىلىرى بىلەن قۇم ـ شېغىللاردىن شەكىللىنىپ قالغان
تۆپىلىكتە 4 مىل يۈرۈپ ، ئاخىرى دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىغا كېسىپ ئۆت-

www.uyghurkitap.com

تۇق . بۇ يەردىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قىنىنىڭ كەڭلىكى 1 مىلدىن
ئارتۇقراق بولسىمۇ ، دەريا سۈيى پەقەت بىر نەچچە كىچىك ئېقىندىلا ئې-
قىۋاتاتتى . قالغان سۇلار سۇغىرىش ئېقىنلىرىغا ئېقىپ كەتكەن بولۇپ ،
خوتەن بوستانلىقىنىڭ شەرقىدىكى كەنتلەرنى تەمىنلەۋاتاتتى . كەچتە بىز
دەرياغا يېقىن بولغان بىزىل ( Bizil ) كەنتىنى چۈشكۈن قىلدۇق . ئۇ
يەردە ناھايىتى كۆپ چوڭقۇر ئويمانلار ۋە شېغىل دۆۋىلىرى بولۇپ ، ئۇ
قاشتېشى قازغۇچىلارنىڭ كولىغان يەرلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى .
قاشتېشىغا جۇڭگودا ئەزەلدىن زور ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەنىدى . شۇڭا ،
دەريا « يۇرۇڭقاش » دەپ نام ئالغان . قاشتېشى ھازىرغىچە يەنىلا بىر
تۈرلۈك مۇھىم كان مەھسۇلاتى بولۇپ كەلمەكتە . دەريانى كېسىپ ئۆتكەن
ۋاقىتتا يىراقتىكى بوستانلىقنىڭ « خوتەن » ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم .
بىزىل كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى يىراق جايدا يىمىرىلىشى ناھايىتى
ئېغىر بولغان پاكار ، تەكشى بولمىغان شېغىللىقلار تاغ باغرىغىچە سوزۇل-
غانىدى ، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشكىچە ، ساياھەت ئەترىتىمىز بۇ
جايدىن ئۆتتى . بىرنەچچە تاغ قىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى ناھايىتى تىك
بولسىمۇ ، جەنۇبى ئېگىز تۆپىلىكلەر بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولغاچقا ،
تەبىئىي پەلەمپەي ھاسىل قىلىپ ، تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلىگەنىدى ، ئۈستى
پۈتۈنلەي شېغىل ۋە قۇم بولۇپ ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يوق دېيەرلىك
ئىدى . تۆۋەن تەرەپتىكى يىراق خوتەن بوستانلىقىدىن باشقا ھەممە يەر
قاقاسلىق ئىدى . ئەڭ خۇشاللىنارلىقى شۇكى ، بىز قايتىدىن يىراق جەنۇبتا
ئېگىز چوقچىيىپ تۇرغان بىر نەچچە قارلىق چوققىلارنى كۆردۇق . ئۇ-
زۇن ، قىيپاش قۇملۇقتىن تۆۋەنلەپ ، كىسسەل ( Kissel ) دەرياسىغا يې-
تىپ باردۇق . ئۇنىڭدىن كېيىنكى يول دەريانى بويلاپ ماڭاتتى . يۈك ئات-
لىرى تۆۋەنگە چۈشكەندە چىقارغان چاڭ ـ توزانلار ھاۋانى بىر ئېلىپ ،
كىشىنى تۇنجۇقتۇراتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي بىز چوڭ جىلغا ئاستىدىكى قۇ-
مات ( Kumat ) كەنتىگە يېتىپ باردۇق . كىسسەل دەرياسى يېنىدا بىر تار
تۈزلەڭلىك بار ئىدى ، بۇ يەردىكى 15 ئائىلىلىك دەريا سۈيىگە تايىنىپ
جان باقاتتى . تۈن پەردىسى چوڭقۇر ھەم تار جىلغىنى يېپىلدى . بۈگۈن
كەچتىكى چۈشكۈنىمىز يېڭى لەڭگەر ( Yangi Langar ) گە يېتىپ بې-

رىشقا يەنە 4 مىل يول بار بولۇپ ، ئارىلىق خېلى بار ئىدى ، بۇ يەرنىڭ كەچلىك ھاۋاسى خوتەن تۈزلەڭلىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىسسىق بولۇپ ، سائەت سەككىزدىكى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 48 گرادوس ئىدى .

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كىسسەلنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى جىلغىسىدا 18 مىل يول يۈرۈپ ، تارىمنىڭ قىشلاقلىرىغا يېتىپ باردۇق . يول بويى ئىنسى ـ جىن كۆرۈنمەيتتى ھەم بىرەر پارچە تۈزلەڭلىكمۇ يوق ئىدى . ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل چىغىر يوللارنى نۇرغۇن ئېقىنلار كېسىپ ئۆتكەنىدى ، بۇ ئېقىنلار شېغىللىق ئېگىز چوققىلاردىن ئېقىپ چۈشەتتى . تار جىلغىلارغا تاشلار تولۇپ كەتكەچكە ، ئاتلارنىڭ مېڭىشى تولىمۇ تەسكە چۈشەتتى ، بۇ ھال كىشىنى تولىمۇ تىت ـ تىت قىلاتتى . تارىم قىشلىقىدا پەقەت بىر ئېغىز كېسەك ئۆي بولۇپ ، بىر نەچچە مو ئارپىزارلىق ئارىسىغا سېلىنغانىكەن . يانتۇلۇقتىكى ئېقىن سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەردىن باشقا ، ئەتراپ يىمىرىلگەن تاش پارچىلىرى ھەم شېغىل بىلەن تولغان سايلىق ئىدى . بۇ ئۈنۈمسىز تاغلىققا قارىغاندا خۇنزا ياكى سارىقول جىلغىلىرىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى قويۇق ئىدى .

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سەھەردە ، مەن چېدىر يېنىدىكى كىچىك ئېقىن سۇنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت نېپىز مۇز تۇتقانلىقىنى بايقىدىم . قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئۆلچىگەندە ، بۇ جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 9000 فۇتقا يېقىنراق كېلىدىكەن . سەھەر سائەت يەتتىدە ئۆي سىرتىدىكى تېمپېراتۇرا توڭلاش نۇقتىسىغا يېقىنلاشقانىدى . بىز تار سايغا چىقىپ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە يەنە 8 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، چىغىر يول قار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغدىن كېلىدىغان ئېقىندىن ئايرىلدى . جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ، يەر شارائىتى قۇرغاق كەلگەن سايغا كىردۇق . تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ ، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى . بىز چاڭ ـ توزان قاپلىغان ھاۋادا توسۇلۇپ قالدۇق . شۇڭا ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغاندا ئاران دېگەندە ئۇلۇغ داۋان ( Ulugh Dawan ) غا يېتىپ بارالىدۇق . شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن يىراققا نەزەر سالغاندا ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى . تىك قەد كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك چوققىلار مۇزلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

قـاپلانغانىدى . بۇ كوئېنلۇن 5 ـ نومۇرلۇق ( K5 ) چوققا ئىدى . ھىندىسـ
تـان يـەر يۈزىنى ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ يەر-
نىڭ ئېگىزلىكى 23 مىڭ 890 فۇت كېلەتتى . تاغ چوققىسىنىڭ ئۇڭ ، سول
ئىككى تەرىپىدە مۇز تاغلار سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ ، چوققىنىڭ ئۈستى
تەرىپىنى بۇلۇتلار توسۇۋالغانىدى . جەنۇبتىكى باشقا تاغ چوققىلىرىنى
پەرق ئېتىشكە تىرىشىپ باققان بولساقمۇ ، ئەمگىكىمىز بىھۇدە بولدى . تاغ
ئۈستىدىكى سوغۇق شامال سۆڭەكتىن ئۆتەتتى ، تېمپېراتۇرا فارېنگېيت
نـۆلگە يېقىنلاشقانىدى . مۇزلاش نۇقتىسى بىلەن ئۆلچىگەندە ، بۇ جاينىڭ
ئېگىزلىكىنىڭ 12 مىڭ فۇت كېلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق .
چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە تۈتەك قاپلىغان بۇ تاغ قىرىدىن
ئايـرىلىپ ، غەرب ۋە شەرقتىن يۈرۈگۈچى سايلىقىغا سوزۇلۇپ كىرگەن
تىك بۇيا ( Buya ) جىلغىسىغا چۈشتۇم . قاقاس تاغ باغرى چوڭقۇر ھاڭ
بىلەن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ ، كىچىك يول جىلغىدىكى تاغ قىرىنى بويلاپ
پەسكە چۈشەتتى . بىز چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلاردىن قۇتۇلۇپ ،
شوتىغا ئوخشاش پەلەمپەيدىن جىلغا ئاستىغا چۈشكەندە جاھان قاپقاراڭغۇ
بولۇپ كەتكەنىدى . مىڭ تەسلىكتە ئاران دېگەندە بۇيا ئاھالىلىرى ئول-
تۇراقلاشقان جايغا بارىدىغان يولنى تاپتۇق . ئارقىمىزدىن كېلىۋاتـــقان
يۈك ـ تاق ئارتىلغان ئۇلاغلار ناھايىتى كەچ كەلگەچكە ، چېدىر تىكىشكە
ھەم كەچلىك تاماق تەييارلاشقا ئامال بولمىدى . مەن ئىلاجسىز ئىسلىشىپ
قارىداپ كەتكەن كېسەك ئۆي ئىچىدە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇردۇم .
ئەتىسى سەھەر ئورنۇمدىن تۇرغاندا ، ئاسماننىڭ سۈپسۈزۈك ئې-
چىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم . ئۆلچەش خىزمىتى-
نىڭ ياخشى پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ، گەرچە ئادەم ۋە
ئۇلاغلار پۈتۈن بىر كۈن ئارام ئېلىشى زۆرۈر بولسىمۇ ، مەن يەنــلا پىــشا
( Pisha ) غا قاراپ يولغا چىقىشنى قارار قىلدىم . بۇيا جىلغىسىدىكى كەنت
جـايلاشقان يەرنىڭ كەڭلىكى 1 مىلچە بولۇپ ، 30 نەچچە نوپۇس بۇ ئۇ-
نۇمسىز يەردىكى ئارپىغا تايىنىپ جان باقىدىكەن . چۈشكىنىمىزنىڭ ئورنى
دېـڭىز يۈزىدىن 8000 مىل ئېگىزلىكتە ئىدى . جىلغىنىڭ جەنۇب تەرىپى
ئېـگـىزلىك بولۇپ ، پارچە تاشلار ۋە شېغىللار خۇددى بېگىزسىمان تۆپە-

لىنىڭ ئۈستىنى زىننەتلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بىز ئەڭ يېقىن جايدىكى ئېگىزلىكنىڭ چوققىسىغا چىققىنىمىزدا، يىل بويى يېغىلىپ قالغان قارلار، لاداق ھەم تىبەتنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغا تۇتاشقان ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز چوققىلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كوئېنلۈن تېغىنىڭ چوققىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ مۇزلۇقلىرى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈندى. بۇيانىڭ ئونبېشى بەكمۇ قوپال ئادەم ئىكەن، ئۇ پەقەت تاغنىڭ «مۇزتاغ» ( Muz — tagh ) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىلا بىلىدىكەن. يىراق جەنۇبتا نۇر چاقنىتىپ تۇرغان قار-مۇز توسمىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بىراق، ئېگىزلىكنىڭ سېرىق توپىلىق يانتۇلۇقىدا تاغ تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتكەن يەرنىڭ بىر مەھەل روناق تاپقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

بىز غەربىي جەنۇبقا قاراپ 10 مىل ئىلگىرىلىدۇق. تەلىيىمىزگە يول تەكشى بولۇپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتلىرىمىز مېڭىشتا ئانچە قىينىلىپ كەتمىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېگىزلىكنىڭ باغرىدا تۇرۇپ جەنۇب تەرەپكە نەزەر سېلىپ، كەڭرىرەك بىر قىسمى ئالللىقاچان تېرىلغۇ يەرگە ئايلانغان پىشا جىلغىسىنى كۆردۇم. ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى قىرى بىزنى قاراڭغۇ تاغدىن ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ كوئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالدىكى ئاھالە بار ئەڭ ئاخىرقى بىر جىلغا، شۇنداقلا سەپىرىمىزدىكى ئەڭ يېقىن بىر نىشان ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە بىز پىشا جىلغىسىدىكى مۇھىم كەنت كۆل دۆۋە ( Kul — döbe ) كەنتىگە باردۇق. 20 نەچچە تاغلىق ئۇ يەردە بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يىغىلغانىكەن، ئۇلار تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن خوتەنلىكلەر بىلەن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى جۇۋا بىلەن كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلارنى كۆرگەن چىرايىدىن قارىغاندا، ھاۋا شارائىتىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر تۈزلەڭلىكلەرنى كۆرمىگەن بولۇپ، ئەتراپىدىكى رەھىمسىز قاقاسلىقنىلا كۆرگەن، خالاس. ئۇلارنىڭ پامىر يايلاقلىرىدىكى گۈللەرنى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكى نامەلۇم ئىدى.

10-ئاينىڭ 22-كۈنى، ئادەم ۋە ئۇلاغلار دەم ئېلىشى كېرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى . سەللا قونغۇچىلىكى بار جايلاردا بىر كۈن دەم ئېلىشقا قوشۇلدۇم . ھاۋانى قويۇق بۇلۇت قاپلىغانىدى ، سوغۇق شامال تاغ ئېدىرلىرىدىن ئۆتۈپ ، پۈتۈن جىلغىدا ئۇشقىرتىپ تۇراتتى . مەن چۈشكىچە خاتىرە يېزىش ھەم خەت يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغاندىن كېيىن ، كىچىك ئېرىقنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ ، ئادەتتىكى ئېتىز ـ ئېرىقلاردىن ئۆتتۈم . ئېدىرنىڭ ئىچى ـ تېشىدا قاتار ـ قاتار قاقاس كۆل رەڭ دۆڭلەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا ، پېشادىكى قورامىغا يەتكەن بارلىق ئەرلەر ئۆزۈندىن بۇيان كىشىنى خۇشال ھەم ھەيران قىلىدىغان بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغاندەك ، ھەمراھلىرىم جايلاشقان ھويلا ئەتراپىغا توپلىشىۋالغانىدى . ھاكىمشاھ شۇ يەردىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئادەم ، يەنە كېلىپ يۈزبېشىنىڭ دادىسى ئىدى . ئۇ ئوچۇق ، پاراڭچى كىشى بولۇپ ، ئۆزىنى يۈز ياشتىن ھالقىدىم ، دەپ تونۇشتۇردى . پۈتۈن يۈزىنى باسقان قورۇقلار ، ئاپئاق ئاقارغان چاچلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايتتى . گەرچە كۆپ يىللىق تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى ئۇنى مۈكچەيتكەن بولسىمۇ ، بىراق بوۋاي جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تېتىك ئىدى . ئۇ ئىسلام مۇرىتلىرى قوزغىلىشتىن ئىلگىرىكى جۇڭگونىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىرى ۋاقتىدىكى ئەھۋاللارنى راۋان بايان قىلىپ بەردى . ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا خوتەنگە بىر قېتىملا بېرىپ باققان بولۇپ ، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە دۇنيادىكى چوڭ ئىشلارنى پىششىق بىلىدىغان شەخس ھېسابلىنىدىكەن .

ھەمراھلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە ، ئالدىمىزدا مېڭىش ناھايىتى تەس بولغان يول بار ئىدى . شۇڭا ، 23 ـ كۈنى سەھەردە ، ئۇلار سەپەر تەييارلىقلىرىنى تېز پۈتتۈرۈپتۇ . ئەمدىلا ئالتىدىن ئاشقاندا ، چېدىردىن چىقىپ ، ھاۋانىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ شادلاندىم ، سوغۇقمۇ نورمال ئىدى . ئەتىگەن سائەت يەتتىدە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن فارېنگېيت 23 گرادۇس ئىدى . چېدىر يېنىدىكى كىچىك ئېرىقتا ئېقىپ تۇرىدىغان سۇمۇ قاتتىق توڭلاپ كەتكەنىدى . بىز پىشادىن تەخمىنەن 500 فۇت ئېگىزلىككە چىققاندا ، مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ تىزمىسىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى . كوئېنلۈن 5 ـ نومۇرلۇق چوققا شەرقىي جەنۇب

تەرەپتە ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇز بىلەن قاپلانغان چوققىلار ئوچۇق ئاتموسفېرا قاتلىمى ئىچىدە بىزگە ناھايىتى يېقىن كۆرۈ- نەتتى. بىر پارچە كەگرى يانتۇلۇقنىڭ جەنۇبقا سوزۇلغان ئېگىزلىكىدە ئالاھەزەل 8 مىل ئاتلىق يۈردۇق. كېيىن كىچىك چىغىر يولنى ئايلىنىپ، شەرق تەرەپتىكى يىراق ئېگىز تاغ قىرىغا يامىشىپ چىقىپ ناھايىتى ياخشى بىر ئۆلچەش نۇقتىسىنى تاللىۋالدۇق.

بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 13 مىڭ 950 فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئې- گىزدىن پەسكە قارىغاندا گۈزەل مەنزىرىدىن ھۇزۇرلانغىلى بولاتتى. بۇ مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مۇزتاغ ئاتا چوققىسى ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرگەن مەنزىرە ھەر قانداق گۈزەللىكتىن قېلىشمايتتى. شەرق تەرەپتە ھەيۋەتلىك كوئېنلۇن چوققىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغلار كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ مۇزلۇقلار بىلەن بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپى قۇپقۇرۇق بولسىمۇ، شامالدا يېمىرىلگەن ئاجايىپ قىرلار بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى يۇ- رۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاساسلىق تارماق ئېقىنى تار سايدىن كېسىپ ئۆت- كەن بولۇپ، كوئېنلۇن قارلىق تېغىنىڭ ئاساسلىق تومۇرىنىڭ شىمالغا سوزۇلغان ئاجايىپ تاغ تۇمشۇقلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ قىزىقارلىق ئاجايىپ مەنزىرە بىلەن قارا قۇرۇم ۋە ھىندۇقۇش تاغلىق رايونلىرى شە- كىل جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان بايقالماي كەلگەن دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز نۇقتا ئەمەلىيەتتە سۇ بۆلگۈچ چوققىدا بولۇپ، قويۇلغان بەلگە مۇشۇ يەردىن ئايرىلغان يەنە بىر تاغ تۇمشۇقىدا ئىدى.

چوڭقۇر جىلغا ۋە ھەرىسمان تاغ قىرى ئاساسلىق تومۇردىن پەسكە سوزۇلغان بولۇپ، بىزنىڭ كەينىمىزدىكى ئۈنۈمسىز تۈزلەڭلىك، ئېگىزلىكلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. غەرب تەرەپ- تىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى يولى تۈزلەڭلىككە سوزۇلۇپ، ئاستا ــ ئاستا تۆۋەنلەپ، ئېگىز ۋە تىك يار ئارىلىقىدا غايىب بولاتتى. شىمال تەرەپتىكى بۇياغا بارىدىغان يول تەرەپتە كەڭ سوزۇلغان ئۈنۈمسىز يەرلەر ۋە زىچ شېغىللىق تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى كەگرى، ئاپئاق قار بى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لـەن قاپلانغان ئۇلۇغ داۋان ئىدى . شەرق تەرىپى ناھايىتى يىراق بولغان تىكىلىق تاغ ( Tikelik — tagh ) ئىدى . تەبىئەتنىڭ ھازىر مەن تۇرۇۋاتـقان تـاغ قىرىدىنمۇ ياخشىراق ئۆلچەش نۇقتىسىنى يارىتالىشى مۇمكىن ئەـمەس ئىدى . بۇ كەشتىلەنگەندەك گۈزەل مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقىـنىمدا ، بۇ بىر پارچە كەكرى ، ھەيۋەتلىك ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ، بـۇرۇن ھـېچقانداق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلمىغان تاغ ـ دەريالار گويا بىر پارچە خەرىتىگە ئوخشاش كۆز ئالدىمدا يېيىلدى . بۇ مەنزىرە كىشىنى ئىنـتايىن خوشال قىلاتتى . بۇ ۋاقىتتا رام سىڭ يىراقتا مىنزۇلا مەشغۇلاتى بىـلـەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى . مەن ئالدىراش ھالدا ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك ئۆلـچەش ئەسۋابى بىلەن پۈتۈن ئەتراپتىكى مۇھىتنى كۆزىتىۋاتاتتىم .

خىزمەت تاماملىنىشتىن بۇرۇن ۋاقىت ئاللىقاچان سائەت ئۈچلەرگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى ، دەرھال تاغدىن چۈشۈپ كېتىشىم كېرەك ئىدى . بۇ بىر كۈنلۈك سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى قاراڭغۇ تاغ جىلغىسىنىڭ بۇ يەردىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنى ئالدىنئالا بىلەتتىم . شۇنىسى قىـزىقكى ، پىشادىن كەلگەن ، شۇ يەردىن ئۆتىدىغان خەتەرلىك چىغىر يولدا ئولتۇرۇشلۇق يول باشلىغۇچى بىزنى كۆرۈپ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ كەتتى . تۆۋەنگە چۈشىدىغان تىكرەك يول بىلەن 2 مىل مېڭىپ ، ناھايىتى ئېگىز بىر تۆپىلىككە چىقتۇق . بىر قاتار ئېگىز ھەم خەتەرلىك تار سايدا يۇرۇڭقاش دەريا جىلغىسىغا بارىدىغان ، بارا ـ بارا تۆۋەنلەپ باـرىـدىغان بىر كىچىك يول بار ئىدى . كىچىك يول دەسلەپتە تار ساينى بـويلاپ كېتەتتى ، بۇ مەن ئاستوردا كۆرگەن ھىندى دەرياسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن تار ساي ئېغىزىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئېگىز چوققىلار ئىككى تەرەپتە تىزىپ قويۇلغاندەك تۇراتتى ، شىمالدىن كېسىپ ئۆتكەن تاغ تىزمىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بۇ يەردە ناچار كىلىماتنىڭ بۇزغۇنـچىلىق خاراكتېرىدىكى تەسىرى چوڭ ئەمەس ئىدى . كىچىك يول ئېگىزـلىكى 11 مىڭ فۇت كېلىدىغان ئېگىزلىكتىكى جايدىن شەرققە سوزۇلۇپ ، مـۇشكۇل تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ، ئاندىن ئېگىز ۋە تىك يار ئارىلىقىدىن 3000 فۇت تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشىدىغان دەرياغا تۇتىشاتتى .

بىز بۇ جاپالىق يولدا مېڭىۋاتقان ۋاقتىمىزدا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى ،

ھەتتا كۈندۈزدىمۇ بۇ يولنى ئاتلىق مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىكى كىچىك يول ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، پەسكە چۈشۈشتە يۈك ئاتلىرىنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ مېڭىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. چىغىر يول ئۈستىگە شالاڭ ياتقۇزۇلغان تاش پارچىلىرى تېخىمۇ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرەتتى. ئات - ئۇلاغ ۋە ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزانلار ھەر ۋاقىت بىز تەرەپكە ئۇچۇپ كېلىپ، كىشىنى نەپەس ئالدۇرمايتتى. سەپەر جەريانىدا ئەزەلدىن بۇنداق قويۇق چاڭ - توزانغا دۇچ كەلمىگەنىدۇق. بىر يېرىم سائەتچە يۇقىرى ئۆرلىگەندىن كېيىن، بىز جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قاراڭغۇ ساي ئىچىدىن ئېقىپ چىقىدىغان قاش ( Kash ) دەرياسىنىڭ يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايىغا يېتىپ باردۇق.

بىز تەخمىنەن 70 فۇت كېلىدىغان تار ساي ئۈستىگە ئۈچ تال بالا ياغاچنى بىرىكتۈرۈپ ياسىغان، لەپپەڭشىپ تۇرىدىغان بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىغا بارغاندا، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. قاش سۈيى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا ئېقىپ كىرىپ، چوڭقۇر جايدا پەيدا قىلغان كۆپۈك بۇژغۇنىمۇ مۇشۇنداق قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. كۈندۈزى ئانچە چارچىمىغان بولساقمۇ، لېكىن كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە خېلىلا جىددىيلەشتۇق. شۇڭا، مەن ئۇلاغلار قارشى قىرغاققا ئامان - ئېسەن ئېلىپ چىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم. خېلى بىر ھازا ھايال بولغاندىن كېيىن، يۈك - تاقلار ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدى. شۇڭا، مەن تۈن يېرىم بولغاندىلا ئاندىن خاتىرجەم ئۇخلىيالىدىم.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پۈتۈن بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئادەملەر ۋە قوتازلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇم. چۈنكى، بىز ئەمدى تاغ ئىچىگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتۇق. نەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش ماڭا خوتەن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق ئېقىن مەنبەسىگە بارىدىغان بىردىنبىر يول ئېھتىمال دەريانىڭ تار سېيىدا بولسا كېرەك، دېگەننى بىلدۈردى. سەھەردە مەن كەنتتىكى ياشانغانلارنى ۋە يۈزبېشىنى يىغدىم، ئۇلار دەسلەپتە بىز كېسىپ ئۆتكەن جاينىڭ يېنىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسى جىلغىسىغا كىرگىلى بول-

www.uyghurkitap.com

دىغانلىقىغا بىر نىمە دېيەلمىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي رىغبەتلەندۈرۈشۈم بىلەن، ئۇلار بۇ مۇز تاغلاردىن قىيپاش چۈشكەن جىلغىلاردا چارۋىچىلارنىڭ يازلىق يايلاقلىرى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇلار يەنە يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ كەتكەن كىچىك يول بىلەن بۇ يايلاققا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. 1865 ـ يىلى جونسون ئەپەندى جەنۇب تەرەپتىكى ئاساسلىق تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ، لەخ ( Leh ) تىن خوتەنگە قىلغان تېز سۈرئەتلىك سەپىرىدە ئۆتكەن يولنىڭ ئازراقمۇ خەۋىرىنى ئالالمىدىم. ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. ئېنىقكى، تاغلىقلار ئاۋارىچىلىقتىن ۋە سوغۇقتا ئېگىز تاغقا سەپەر قىلىشتىن قورقۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن جونسون ئەپەندى كۆرسەتكەن يول خەرىتىسى بىلەن پىشانىڭ جەنۇبىدىكى تاغ سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدا ھەر قانداق ئادەمگە سىر بولغان كۆپلىگەن پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. مەن شەرق تەرەپكە قىزىقاتتىم، ئۇ جايدىن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن ئىدى. پەن دارىن خوتەن يامۇلىدىن ئەۋەتكەن قابىلىيەتلىك ياش ئىسلامئاخۇن ئامبالنىڭ ماڭا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا قەتئىي ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى ئاشۇ غەلىتە مىجەزلىك تاغلىقلارغا ئوڭۇشلۇق ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇڭا، قاراڭغۇ تاغنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مەن ئۈچۈن يۈك ـ تاقلارنى توشۇشقا قوتازلىرىنى يىغىشتى ھەم ھەمراھ بولغۇچىلارنى چاقىرىشتى.

بۇ ئۇنچىۋالا مۈشكۈل ۋەزىپە ئەمەس ئىدى. قاراڭغۇ تاغ گەرچە يىراق، قاقاس دالىلارغا يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ھەقىقەتەن بايلىق مەنبەسى مول بىر جاي ئىكەن. سەھەردە تۆت ئەتراپنى تەكشۈرگەن ۋاقتىمدا مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇ 40 ئائىلىلىكنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە زىچ يانداپ سېلىنغان مۇنتىزىم كەنت ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئەتراپ تامامەن يالىڭاچلانغان ئارپا ئېتىزلىقى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ تۇراتتى. ھالبۇكى، قاراڭغۇ تاغ، يەنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جىلغا چارۋىچى خەلقلەرنىڭ قوتاز، قوي باقىدىغان قىشلىق يايلىقى ئىدى. بۇ چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىكى بايلارغا ياكى سودىگەرلەرگە قاراشلىق بولۇپ، ئۇلار-

نىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئۈنتۇلۇپ قىلىشقا ئاز قالغان بۇ بىر توپ بى-
چارىلەرنى سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۆزئارا باغلاپ تۇراتتى. ئۇزۇندىن بۇيان
قاراڭغۇ تاغنىڭ نوپۇسى داۋاملىق كۆپەيگەن ھەمدە ئۇ خوتەندىن پالانغان
بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. سۈرگۈن قىلىنىدىغان
ھەقىقىي بىر قاقاس جاينى تېپىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. سىرتقى
دۇنىياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر ياخشى تۇرمە ئىدى. ياز پەسلىدە تاغ-
لىقلار يىراقتىكى جىمجىت جىلغىدا ناھايىتى غېرىبچىلىقتا تۇرمۇش كۆ-
چۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ تاغنى ئۆزلىرىنىڭ «شەھىرى» دەپ ئاتاي-
دىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران قالدىم. بۇ تاغلىقلار ئۇچۇن ئەتراپىدا
بىر نەچچە تۈپ سۆگەت ۋە تېرەك بار كەپىلىرى، شۈبھىسىزكى ئاۋات
جاي ھېسابلىناتتى. ئەمما ماڭا بۇ جاي ئاشۇ قاقاس، ئىنسى - جىن يوق
تاغلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ غېرىبانە كۆرۈنەتتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا كەنتنىڭ شەرقىي
شىمال تەرىپىدىكى بىر تىك تاغ قىرىغا ياماشتىم. بۇ ئورۇن بۇنىڭدىن
كېيىنكى ئۆلچەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ناھايىتى مۇۋاپىق بولۇپ،
بىراق كۆندۈزدىكى ھاۋا ئالدىنقى كۈندىكىدەك ئوچۇق ئەمەس ئىدى.
ئەتراپنىڭ مەنزىرىسىمۇ كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرەتتى. قايتاشىمىزدا بىز
قاراڭغۇ تاغنىڭ زىراتگاھلىقىدىن ئۆتتۇق. خاتىرىلىنىشىچە، بۇ يەردىكى
نوپۇس ناھايىتى ئاز، يەنى 200 نوپۇس بولسىمۇ، بىراق قەبرىلەرنىڭ
سانى كۆپ ئىدى. بۇ ھال بۇ جايدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئادەملەر
ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ يەردە نۇرغۇن چۆلدە-
رەپ كەتكەن كىچىك توپا دۆڭلەر ۋە چىرىپ كەتكەن ياغاچ توساقلار
بولۇپ، بۇ يەرلىك (قەبرە) ئىكەنلىكىنىڭ نىشانى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر
بىرىنىڭ ئۈستىگە خادا تىكلەنگەن، خادىلارغا قوتاز قۇيرۇقلىرى ئېسىلغا-
نىدى. ساناپ باقسام، ئىككى مەسچىت ۋە ئالتە جايدا ئادەتتىكى مازار بار
ئىكەن، مازارنىڭ ھەممىسىگە پارچە - پۇرات لاتا ۋە قوتاز قۇيرۇقى ئې-
سىلغان ياغاچ تىكلەنگەن بولۇپ، بۇ ئابرويلۇق ئەۋلىيالار قەبرىسى ئىكەن-
لىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. مەن بۇ دىمىق جىلغا ئىچىدە ياشاۋاتقان ئاھالى-
لەرنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىدە پانىي ئالەمدىكى بۇرۇقتۇرمىچىلىقنى يىراقتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈزەل باقىي ئالەمگە تېگىشكەنلىكىگە پۈتۈنلەي ئىشەندىم .

نۇرغۇن مۈشكۈلاتلاردىن كېيىن ، قاراڭغۇ تاغنىڭ يۈزبېشى ۋە كەنت كىشىلىرىدىن ئېرىشكەن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاساسلىق جىلغىسىدىكى يول لىنىيىسى ماتېرىياللىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەھمىيىتى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . ئۇلار جىلغىنى بويلاپ بىر كۈن ماڭغاندا ئومشا ( Omsha ) جىلغىسىدا بىر كەنت بارلىقىنى ھەم پەقەت قوتاز بىلەنلا مېڭىشقا بولىدىغان يول بىلەن ماڭغاندا بىر بۇلاق كۆزىدىن چىقىۋاتقان سۇنىڭ دەرياغا قۇيۇلىدىغان ئورنىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ، بىراق يەنە يۇقىرىغا ماڭغاندا تاغ تىزمىسىدىن ئۆتىدىغان يولنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . قوتازلارنىڭ يۈك - تاقلىرى يېنىكرەك بولۇشىنىڭ ئۈستىگە ، ئۇنىڭغا يەنە مەن ۋە ھەمراھلىرىم مىنەتتۇق . يۈك ئاتلىرىمىز دەسلەپكى سەپىرىمىزدىلا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى ، شۇڭا ئاتلار قاراڭغۇ تاغدا قالدۇرۇلۇپ ، تەرجىمان نىيازئاخۇننىڭ خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇرۇلدى . چۈنكى ئۇ بۇرۇنقى سەپىرىمىزدە باشتىن كۆچۈرگەن جاپا - مۇشەققەتلەردىن توختىماي زارلىناتتى .

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 لاردا ، قوتازلارغا يۈكلەر ئارتىلىپ ، ساياھەت ئەترىتىدىكىلەر يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈردى ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقى كىشىنى بىزار قىلاتتى . مەن ھەربىر ئادەمگە 10 كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك غەملىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندىم ، يۈك توشۇيدىغان قوتازلارنىڭ ئوزۇقى باشقا ئىدى . ئەترىتىمىز يولغا چىققان ۋاقىتتا كەنتتىكى بارلىق كىشىلەر چىقىپ بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىشتى . بۇ قاراڭغۇ تاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق ھەيۋەتلىك قوشۇننى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى .

بىز تۆۋەنگە قاراپ قاش دەرياسى جىلغىسىدىن ئۆتۈپ ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن ، شەرق تەرەپكە مېڭىپ ، دەسلەپكى كۈنى مەن چىققان تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ، بۇسات ( Busat ) جىلغىسىغا كىردۇق . جەنۇب تەرەپتىكى ئىككى تار جىلغىغا يېقىنراق جايدىكى چىغىر يول ناھايىتى ئېگىز بولغان ئاچال تاغ تۇمشۇقىغا تۇتىشاتتى . ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 12 مىڭ فۇت ئېگىز كېلىدىغان چوققىسىدىن ھەيۋەتلىك مۇز تاغنىڭ مۇزلى-

رىنى ھەم ئاساسلىق ئېقىنىغا ئۆتىدىغان تار سايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. گەرچە ھاۋا مەن قاراڭغۇ تاغقا كەلگەن كۈندىكىدەك ئوچۇق بولمىسىمۇ، ئۆلچەش خىزمىتىمنى باشلىۋەتتىم. قاتتىق شىمال شامىلى چىقىپ ئۇچۇرۇپ كەلگەن قويۇق تۇمان ھەم چاڭ ـ توزانلار بىردەمدىلا ئالەمنى بىر ئالدى.

بويناق ( Boinak ) تاغ تۇمشۇقىدىن ئاسان ماڭغىلى بولىدىغان بىر چىغىر يول بىلەن تۆۋەنگە 3 مىل مېڭىپ، ئۇمشا جىلغا ئېغىزىغا يېتىپ باردۇق. جىلغا مۇزتاغنىڭ شىمال تەرىپىدىن تۆۋەنلەپ يۇرۇڭقاش تار جىلغىسىغىچە سوزۇلغانىدى، بىز كەڭلىكى تەخمىنەن 50 يارد كېلىدىغان ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئۆتتۇق. سۇنىڭ ھەر قانداق جايىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 فۇتتىن ئېشىپ كېتەتتى. سۇ يۈزى كۆك يېشىل رەڭلىك بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بۇ مەن كەشمىر بىلەن ئالپ تاغ تىزمىلىرىدا كۆرگەن سۈزۈك جىلغا سۇلىرىنى ئەسلەتتى. يۇرۇڭقاش دەرياسى مۇزتاغ ۋە باشقا تاغ چوققىلىرىدىكى كۆپ مىقداردىكى سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، نېمە ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇنداق سۈزۈك ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ھەممە يېرى شېغىللىق بۇ كەڭرى يەر شەكلى بۇ دەريانىڭ ھەر يىلى ياز پەسلىدە كۆپ مىقداردىكى كەلكۈن سۈيىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سەھەردە ئويغىنىپ، يەنە بىر ئىللىق، ئوچۇق ھاۋانى كۆردۈم. ئەتىگەن سائەت يەتتىدە كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى بىلەن تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 24 گرادوس بولغانىدى. دەريا بويىدىكى چۈشكۈن قىلىنغان تېرەك ئاغزى ( Terek — aghzi ) دىن بىر خەتەرلىك چىغىر يول تاغ قاپتىلىدىكى شىمالغا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان زىلان ( Zilan ) دېگەن جايغا تۇتىشاتتى. ئىككى سائەتلىك جاپالىق ئىلگىرىلەش ئارقىلىق ئاخىر ئۇنىڭ چوققىسىغا چىقتىم. بۇ يەردىن مۇزلار قاپلاپ تۇرغان مۇزتاغنى ھەم جەنۇب تەرەپتىكى ئاپئاق، ئەگرى ـ بۈگرى تاغ تىزمىلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 4 مىل ماڭغاندا، بىر قاتار ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنىڭ سول تەرىپىدە يوغان ـ يوغان تاشلار پەسكە ساڭـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىلاپ تۇرغانلىقى كۆرۈندى . تاغ ئېغىزى ۋە ئۇدۇلدىكى ئاساسلىق تاغ تىزمىسى ئارىسىدا يورۇڭقاش دەرياسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . بۇ ھەيۋەتلىك كوئېنلۇن 5 ــ نومۇرلۇق چوققىغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سوقما تامدەك چوقچىيىپ تۇرغان قىسمى ھەم ئۇنىڭ كۆپۈپ چىققان مۇز چوققىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ ھال بۇ چوققىنىڭ ھەممىدىن ئېگىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى . بۇلارنىڭ ئارقىسىدا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ بارلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . بۇ دەل كاپىتان دېسىينىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتقان يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسى جايلاشقان يەر ئىدى . كۆز ئالدىمىزدىكى مەنزىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، دەريا مۇزتاغ ئاتادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقىدىغان قىيالىقلاردا يول يوق ئىدى . بىراق ، يەنىلا بەزى مۇمكىنچىلىكلەر ساقلانغانىدى ، يەنى دەريا قىنىلا بىز ئارزۇ قىلغان يول بولالايتتى . مەن پەقەت بىر قوتاز ئارانلا ماڭىدىغان چىغىر يولدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ، دەريانىڭ سول قىرغىقىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بۇ خىل ئارزۇ كاللامدا ئايلىنىپ يۈرگەنىدى . بۇ يەر « ئىسسىق بۇلاق » ( Issik — bulak ) دەپ ئاتىلىدىكەن . قونالغۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەريا سۈيىنىڭ يۈزىدىن تەخمىنەن 300 فۇت ئېگىزلىكتىكى تىك قىيا ئۈستىدىن كۆپ مىقداردىكى ئىسسىق بۇلاق سۇلىرىنىڭ ئېقىپ چىققانلىقىنى كۆردۇم . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئاسان ئۆتكىلى بولىدىغان قىش مەزگىللىرىدە تاغلىقلار ئىسسىق بۇلاقتا يۇيۇنىدىكەن . يولدا ماڭا قوشۇلغان ئالتە نەپەر ئومشالىق چارۋىچى بىردەك ئەزەلدىن بۇ جايدىن ئۆتۈپ ، يۇقىرىغا چىقىپ باقمىغانلىقىنى ، جىلغىدىن يەنە يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە پۇت دەسسەپ تۇرۇشنىڭمۇ تەسكە توختايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى .

10 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ تار سايىدا قالايمىقان قورام تاشلىق ۋە شېغىللىقلاردا بىر كۈن يامىشىپ يۈرگەندىن كېيىن ، تاغلىقلارنىڭ دېگىنى ئىسپاتلاندى . قۇياش شەرقتىكى ھەيۋەتلىك ياردىن كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ، رام سىڭ ، تىللاباي ئۈچىمىز ھەم ئومشادىن كەلگەن ئۈچ تاغلىق قوشۇلۇپ سەپەرنى باشلىدۇق . مۆلچەرىمچە ، بىز يول تەكشۈرۈش جەريانىدا دەريادىن ئۆتەتتۇق . مەن ئەڭ يوغان ئۈچ قوتازنى بىللە ئېلىپ ماڭدىم ، دەسلەپتە بىز قونالغۇ قىلغان سول قىرغاقنىڭ تىك

تاغ قاپتىلىنى بويلاپ يۇقىرىغا ماڭدۇق. تەخمىنەن 1.5 مىل ماڭغاندا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان يولىمىز ناھايىتى ئېگىز جايدىن كېسىپ چۈشكەن چوڭقۇر جىلغا بىلەن توسۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تەرەپ چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان، ئېسىلىپ تۇرغان قورام تاشلار ئىدى. يوغان تاش، شېغىللارنى دەريا ئېقىتالمىغاچقا، ئوڭ، سول قىرغاقلارغا تىرىلىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئەگەر قورام تاشلا بىلەن يوشۇرۇن خادا تاشلار ئۈستىدە ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى سۈس يېشىل رەڭلىك بولسا، كېچىپ ئۆتۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بىلدۈرەتتى. بىراق، يانتۇ قىيادىن ئېقىپ چۈشكەن سۇنىڭ قېنىق كۆك رەڭدە قاينام ھاسىل قىلىشى سۇنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بىردىنبىر ئۈمىد پەقەت دەريا قىرىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىدى.

بىز تۇرغان جايدىن تۆۋەنگە چۈشۈش قىيىن بولغانلىقتىن، ئارقىمىزغا يېرىم مىل قايتىپ مېڭىشقا بولىدىغان بىر يانتۇلۇقنى تېپىپ، سىيرىلىپ يۈرۈپ دەريا بويىغا چۈشتۇق. ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ قوتازنى تارتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، چوڭقۇر جىلغىنى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق.

دەريانىڭ سول قىرغىقىدا بىز يۇقىرىدىكى يانتۇ تۆپىلىكتىن سىيرىلىپ چۈشكەن كۆپ مىقداردىكى قالايمىقان تاشلارنى ئېلىۋېتىپ، نەچچە يۈز يارد مېڭىپ، يەنە بەختكە قارشى كۆپكۆك سۇ ئېقىنىغا چىلىشىپ تۇرغان قورام تاش ئالدىدا توسۇلۇپ قالدۇق. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا شېغىللىق، لېكىن مېڭىشقا بولىدىغان يەر بار ئىدى. بىراق، ئۇ قاتقا ئۆتۈشكە ئامالسىز ئىدۇق. بىز ئاۋۋال سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن، قوتازلارنى مەجبۇرىي سۇغا ھەيدىدۇق، نەتىجىدە قوتازلار لەيلەپ قالدى. ئەگەر ئۇ يەردىن ئۆتىمىز دېسەك، بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. زۆرۈر يۈك ـ تاقلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەر كېمە ياكى سال بولمىسا بولمايتتى. ئەمما، بۇنداق جىمجىت، قاقاس جايدا ئۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

داۋاملىق ئىلگىرىلەشتىكى بىردىنبىر ئۈمىد پەقەت ئۈستىمىزدىكى قىياغا يامىشىپ چىقىپ، ئالدى تەرەپتىن بىرەر يانتۇلۇق تېپىپ، قايتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەريـاغـا بارغىلى بولىدىغان يولغا چۈشۈش ئىدى . ناھايىتى جاپادا 500 فۇت ئۆرلىگەندىن كېيىن ، مەن ھەمراھلىرىم بىلەن تار تۈزلەڭلىكتىكى قىياغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ چىقتۇق . شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە يۇقىرىغا يـامىشىپ ، يىراقتىكى خەتەرلىك دۆڭگە چىقىپ ، دەريا بويىنى ئايلىنىپ مېڭىشنى ئۈمىد قىلغانىدىم . لېكىن ، يۇقىرىغا 1000 فۇتتەك ياماشقاندىن كېيىن ، ئۇنداق جايدا يۈكى ئېغىر ئادەمنىڭ قوتاز بىلەن بىر قەدەم مېڭىشىمۇ ناھايىتى تەس ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم .

مەن بۆرتۈپ چىققان كىچىك بىر تاغ قىرىدا توختاپ تۇزغان ۋاقـتـىمدا ، يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقان تاشلارنىڭ ساداسى دىققىتىمنى تارتتى ، يۇقىرىغا قاراپ بىر توپ تاغ تېكىسىنى كۆردۈم . ئۇلار ئۇدۇلدىكى قىيادىن چۈشۈۋاتاتتى . مەن تاغ قاپتىلىدىلا بۇ ھايۋانىنىڭ ئىزىغا سەپ سالغانىدىم . ئۇلار بەلكىم ھازىرغىچە ئالدىمىزدىكى قاقاس جىلغىغا كىرگەن بىردىنبىر ھايۋان بولسا كېرەك . مۇز تاغدىن چۈشكەن چوڭ ئېقىننىڭ يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قويۇلىدىغان جايى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇش ئورنىنىڭ يېنىدىكى جايدىن ئۆتكەندە ، ئازراق رىيازەت چېكىپ دەريانى بويلاپ يۇقىرى ماڭغىلى بولاتتى . شۇنداقتىمۇ دەريا سۈيى ھەممە يېرىدە مۇز تۇتقان ۋاقىتتا ، ئاندىن ئۇ يەرگە بارغىلى بولاتتى . بىراق ، دەريانىڭ پۈتۈنلەي مۇز تۇتۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . مەن دەماللىققا ئۆتـكىلى بولىدىغان بىرەر يول تېپىشنى ئويلىدىم . جىلغىدا ئاخىر قەھرىـتان سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىدى . بۇ بىزگە ھازىرقى پەسىلدە بۇنداق ئېگىزلىكتە سوغۇق ئېقىمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغانلىقىمىزدىن بىشارەت بېرەتتى . بىز خاتىرىلىگەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئېقىن مەنبەسىنى تـاپـقانلىقىمىزنى جەزىملەشتۈردۇق . ئەتىگەن سائەت يەتتىدە دەريانى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشكەن ۋاقىتتا ، تېمپېراتۇرا تونۇگۈنكىدىن بىر ئاز ئۆرلىگەن ، يەنى فارېنگېيت 34 گرادۇس ئىدى . لېكىن ، بىز بۇرۇن بارغان چىغىر يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا ھاۋا ئۆزگىرىپ قاتتىق سوغۇق بولۇپ ، شامال چىقىشقا باشلىدى . بۇ جايلارغا قىش ئاللىقاچان يېتىپ كەلـگەنىدى .

قـاراڭغۇ تاغقا قايتقاندا ، مەن ئۇمشا جىلغىسىدىن ئۆتىدىغان يولنى

تاللىدىم. بىز كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا دېڭىز يۈزىدىن 11 مىڭ 500 فۇت ئېگىزلىكتىكى سوغۇق ئوغۇل ( Soghok Oghil ) دەپ ئاتىلىدىغان تاغ قىرىدىن ئۆتتۇق. ئومشانىڭ مەركىزىدىكى نەچچە مو ئارپىلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئېغىز پاكار ئۆيىنى ۋە چارۋىچىلارنىڭ گەمە ئۆيلىرىنى كۆردۈم. چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى، ئىللىق قۇياش نۇرى تاغ تەرەپتىن چۈشۈپ تۇراتتى. كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئومشا جىلغىسى گەرچە 0.25 مىل كەڭلىكتە بولسىمۇ، خەتەرلىك تاغلارنىڭ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان تار سايلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ناھايىتى كەڭرى ھەم جەلىپ قىلارلىق كۆرۈنەتتى، ئۇ گەرچە دېڭىز يۈزىدىن 1000 فۇت ئېگىزلىكتە بولسىمۇ، تاغدىكى يېتەرلىك قارلار سۇغىرىش ئىشلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يالىڭاچ ئارپىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى يىلدىن ـ يىلغا كىشىنى خۇش قىلىدىكەن.

ئومشانىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىر ئاز ئېگىز، ھاۋاسىمۇ ئۆزگىرىشچان ئىكەن، كېچىسى ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولىدىكەن. 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە، تېمپېراتۇرا ئاران فارېنگېيت 17 گرادۇس ئىدى. ئىككى سائەتلىك كۆڭۈللۈك سەپەردىن كېيىن، « تېرەك ئاغزى » ( Terek — aghzi ) غا يېقىن بولغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز ئەسلىدىكى يول بىلەن ماڭماي، دەريا يېنىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق. يۇقىرى ئېقىننىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ تۆۋىنىگە 2 مىلچە كېلىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن يەنە سول قىرغاقنى بويلاپ، ئېگىز ھەم تىك قىيالاردىن ئايلىنىپ 3 مىل ماڭدۇق، قالايمىقان شېغىل تاشلىق يانتۇلۇقتا يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتىراپ ناھايىتى ھارغىنلىق ھېس قىلدىم. بىراق قاقاس جىلغىنىڭ سۈرەتتەك مەنزىرىسى ماڭا نىسبەتەن بىر خىل ناھايىتى ياخشى تولۇقلىما بولدى. بىر ئېقىن مۇستەھكەم تاش تاملاردىن ئۆتۈپ ئۆز يولىنى ئاچقان، كەڭلىكى 50 فۇت، ئۇزۇنلۇقى نەچچە يۈز يارد كېلىدىغان بۇ ئېقىن شىددەت بىلەن پەسكە ئاقاتتى. قاراڭغۇ تاغدىكى قاش دەرياسى جىلغىسى بىلەن بۇ تار سايىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس ئىدى. يۇقىرىغا چىقىدىغان يول تىك قىيانى بويلاپ ماڭغاندا ئارىلىقى 500

www.uyghurkitap.com

فۇتتىن ئېشىپ كېتەتتى، ئۇ گويا تەبىئەت دۇنياسى ئاپىرىدە قىلغان غا-
يەت زور بىر پەلەمپەيگە ئوخشايتتى. قوتازلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدى-
غان مەزمۇت قەدەملىرى بىلەن تۆپىلىككە چىقتى. بىراق، ئۇلارنى مىنىپ
تۇرۇپ پەسكە قارىغاندا، كىشى ھەددىدىن زىيادە دەككە - دۈككىگە
چۈشۈپ خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلاتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## قاراقاش تاغ تىزمىلىرىدا

بىزنىڭ يۇرۇڭقاش تار سايى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاۋۋالقى ئۆلچەشلىرىمىز خوتەن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق تارماق ئېقىنى بىلەن دەريا يولى قاتارلىق بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى ، كېيىنكى قەدەمدىكى ئەھمىيەتلىك ۋەزىپە قاراڭغۇ تاغ ( Karanghu — tagh ) نىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ئاقىدىغان ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى كوئېنلۈن تاغ تىزمىلىرىدىكى كىچىك دەريا مەنبەسىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش ئىدى . ناھايىتى ئېنىقكى ، يۇقىرىقىلار بىر قەدەر مۇھىم تارماق ئېقىنلار ھېسابلىنىدۇ . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئۇ جايدىن نىسسا ( Nissa ) جىلغىسىغا بارغىلى ھەم قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چىغىر يولنى تاپقىلى بولىدىكەن . بۇ نەتىجىدىن تولىمۇ رازى بولدۇم . چۈنكى ، ئۇ قاراڭغۇ تاغدىكى كەنت كىشىلىرىنىڭ كۆڭلىگە يوشۇرۇنغان مەخپىيەتلىكنى ئېچىپ بەردى . پىشادىن ئۆتىدىغان يولدىن باشقا ، يەنە سىرت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بىر يول بار ئىكەن . بەلكىم بۇ يولنىڭ مېنى تا ھازىرغىچە باشقىلار بىلمەيدىغان يوشۇرۇن جايغا باشلاپ بېرىش ئىمكانىيىتىمۇ بولۇشى مۇمكىن .

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە ، نىسساغا قاراپ يولغا چىقىشنى قارار قىلغان بولسامۇ ، ئاۋۋال قاراڭغۇ تاغنىڭ يۈز بېشى توسقۇنلۇق قىلىپ ، بىزنىڭ يولغا چىقىشىمىزغا ھەمكارلىشىشنى خالىمىدى ، چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ ئۇ يولنى بىلىۋېلىشىغا قارشى ئىدى . شۇڭا ، ئامبالنىڭ بۇيرۇقى بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئەتىگەندە قوتازلارنى ئېلىپ كەلمىدى . يۈزبېشى مېنى كۆرۈپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى . ئۇ ۋاقىتنى يەنە ئارقىغا سۈرسە ئۆزىنىڭ ئىسلامبەگ ۋە تەرجىمان نىيازنىڭ ئەيىبلىشىدىنمۇ يامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاقـۋەتكە قالدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك ، شۇڭا ئۇزۇن ئۆت‌مەي ئۇ قوشنا جىلغا ئىچىدىن قوتازلارنى ئېلىپ چىقتى ، بىراق بىز ئىككى سائەت كېچىككەنىدۇق ، تار جىلغىدا تۈن ناھايىتى بالدۇر كېلىدىغان بۇ پەسىلدە بۇ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئىدى .

ئەتـىگەن سائەت 10 دا ، بىز قاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ يولغا چىقتۇق . تەخمىنەن 2 مىل ماڭغاندىن كېيىن گەز جىلغا دەپ ئاتىلىدىغان بىر تار جىلغىغا كىردۇق . يەنە ئۈچ سائەت يامىشىپ يۈرۈپ ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 12 مىڭ 400 فۇت ئېــگىزلىكــتىكى پــوم تــاغ ( Pom—tagh ) ئېغىزىغا يېتىپ بېرىپ ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى كەڭرى كەتكەن مەنزىرىنى كۆردۇق . تاغ تىزمىلىرى ئىگىلىگەن يەر كۆ‌لىمىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمى قارلىق تاغ ئىدى ، ئېگىزلىكى دېـڭىز يۈزىدىن 2000 فۇتتىن تۆۋەن كېلىدىغان جاي يوق ئىدى . ئۈچ بۇلۇڭلۇق تەكشۈرگۈچ ناھايىتى كۆپ چوققىلارنىڭ 22 ~ 23 مىڭ فۇت‌نىڭ يۇقىرىسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . غەربىي جەنۇب ۋە غەرب تەرەپتىكى بىرئاز يېقىن جايدا كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان ھە‌رىسمان تىك داۋانلار بىلەن ئۇچلۇق مۇنار شەكلىدىكى چوققىلار چوقچى‌يىپ تۇراتتى . تار جىلغا ئىچىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان جايغا جايلاش‌قان نىسبى چارۋىچىلىق مەيدانى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى . بىز تاغ ئېغىزىدىن تەخمىنەن 400 فۇت ئېگىزلىكتىكى بىر سۇ بۆلگۈچنىڭ ئۈسـتىدىكى دۆڭلەك جايغا يامىشىپ چىقىپ ، شۇ يەردە مىنزۇلا بىلەن ئالدىراش ئىككى سائەت ئىشلىدۇق . بۇ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىمىز جەريانىدىكى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بىر كۈن بولدى . كۆكتە بۇلۇت يوق دېـگۈدەك ئىدى ، تەسكەي تەرەپنىڭ تېمپېراتۇرىسى فارېنگېيت 50 گرا‌دۇس بولۇپ ، ئادەم ئىسسىق ھەم ئازادە ھېس قىلاتتى .

يۈك ئاتلىرىمىز ناھايىتى تىك بىر ياردا چىغىر يولنى بويلاپ تەس‌لىكتە كېتىۋاتاتتى . ئالدى بىلەن تار بىر جىلغىنىڭ تاقىر تاش ئۇمۇرتقى‌سىدىن ئۆتۈپ ، تۆۋەنگە قاراپ تەخمىنەن 3000 فۇت مېــڭىپ ، قــاراغـاز ( Karagaz ) جىلغىسىغا يېتىپ باردۇق . بىز ئۇنىڭ ئاستىغا يېتىپ بارغاندا سائەت ئاللىقاچان تۆت يېرىم بولغانىدى . قاش قارايغان ۋاقىتتا ئېگىز ھەم

تىك تاش قىياغا يېتىپ كەلدۇق . پەقەت بىر ئادەم ئارانلا ماڭالايدىغان بۇ تار يول بىلەن تۆۋەنگە قاراپ 2 مىل ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىلەن نىسسا دەريا جىلغىسى قوشۇلىدىغان جايغا يېتىپ كەلدۇق . شەپەق نۇرى ئالدىمىزدىكى ئېگىز تاغ چوققىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

بىز كېيىنكى قېتىمدا يامىشىپ چىقىدىغان نىسسا جىلغىسى ئوخشاشلا تار ئىدى ، بىز پۈتۈنلەي قاراڭغۇ كېچىدىلا يول يۈرۈق . بۇ ئىچى يامان يۈز بېشىنىڭ ۋاقتىنى سوزۇۋېتەتكەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كېچىدىكى هارغىن سەپەر ئىدى . ئۇ هازىر يۈك ــ تاقلار ئارتىلغان تۆگىلەر بىللە بىلەن كېتىۋاتاتتى ، بىز كېچىكىپ كەلگەن قوتازلار توپى بىلەن ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى . يېتىپ بارماقچى بولغان ئاخىرقى نۇقتىغا يەنە خېلى ئۇزۇن يول بار ئىدى .

ئاخىرى نىسساغا يېتىپ باردۇق ، بۇ ۋاقىتتا بۇ كىچىك مەھەللىدىكى بايلارنىڭ ماڭا ۋاقىتلىق ئولتۇرىدىغان كىچىك ئۆي ئاجرىتىپ قويغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم . ماڭا ئۆي ئاجرىتىپ بەرگەن كىشىنىڭ بىر قىسىم قوتاز ۋە قويلىرى بار ئىكەن ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى هۆرمەتلەپ « باي » دەيدىكەن ، بىراق تۇرالغۇ ئۆيلىرى لايدىن ياسالغان بولۇپ ، بىر كەپىدىنلا ئىبارەت ئىكەن .

10 ــ ئاينىڭ 31 ــ كۈنى ، بىز نىسسادا بىر كۈن تۇردۇق ، هەمراھلىرىم دەم ئېلىشى زۆرۈر ئىدى ، رام سىڭنىڭمۇ ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشىغا ۋاقىت كېرەك ئىدى ، مەن بۇ بىر كۈن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، غەربتىكى قاراقاش دەرياسى جىلغىسىغا بارىدىغان يول هەم خوتەنگە بارىدىغان تاغ يولىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلىماقچى بولدۇم . بىراق ، بۇ ماتېرىياللارغا ئېرىشىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن ، تاغلىقلار ساياھەتمىنى ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغاچقا ، بارغانسېرى ئاغزىنى يۇمۇپ گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى . نىسسادا 10 ئۆيلۈكلا ئاھالە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى هازىر قۇتاز ، قوي پادىلىرى بىلەن تېخىمۇ ئېگىزلىكتىكى يايلاقتا تۇرۇۋېتىپتۇ . ئۇ يەردە بىر نەچچە تۈپ سۆگەت بار ئىدى . جىلغىنىڭ ئۇچىدىكى كۆرگىلى بولىدىغان تىك تاغ چوققىسى ، توپا رەڭلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قورام تاشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىچىك تۈزلەڭلىكتىن باشقا ،
كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەك تۈزۈكرەك نەرسىلەر يوق ئىدى .
11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە ، مەن بىرىنچاق تاغ ئېغىزىغا بار-
دىم . شىمال تەرەپتىكى تار ساي بىلەن نىسسا جىلغىسى تۇتىشاتتى ، تاغ
ئېغىزىدىكى ئېگىزلىكنىڭ كەڭرى دالاسىدىن پايدىلىنىپ يۇرۇڭقاش دەر-
ياسى مەنبەسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جىددىي ئۆلچەش قارارىغا كەلدىم . بۇ
خىزمەتكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىش ئۈچۈن ، ئامال بار تاغ ئېغىزىغا يې-
قىن بولغان جايغا چېدىر تىكىشنى ئويلىدىم . جىلغا ئىچىدىكى يۇقىرىغا
قاراپ كەلگەن چىغىر يول ھەددىدىن زىيادە تار ئىدى ، بارومېتىر كۆرسە-
تىشىچە ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 12 مىڭ 800 فۇتقا يېقىن بولۇپ ، ئۇ يەر-
دىكى تار جىلغا ئاستىدا پەقەت ئىككىلا چېدىر تىككۇدەك بوش يەر بار
ئىدى . ئۇ يەرگە چېدىر تىكىشنى بۇيرۇپ ، ئارقىدىنلا جىلغىنىڭ جەنۇ-
بىي تەرىپىدىكى تىك تاغ قىرىغا ياماشتىم . تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، تاغ
ئېغىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر تىك تاغ قىرى ئۈستىدە ئۆلچەش ئې-
لىپ بېرىشقا ناھايىتى ماس كېلىدىغان بىر ئورۇن بارلىقىنى بايقىدىم .
سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال ئاخىر مىنى تاغ باغرىدىكى چېدى-
رىمغا ھەيدەپ كىردى . يۇقىرىدىن قارىغاندا ، چېدىر خۇددى قانات كې-
رىپ ئۇچۇۋاتقان شەپەرەڭگە ئوخشايتتى ، چېدىر ئىچى ئەپسىز بولۇپ ،
يانتۇ تۆپىلىككە يا ئۈستەل قويۇشقا ، يا ئورۇندۇق قويۇشقا بولمايتتى ،
مۇھىتقا ماسلىشالمىغانلىقتىنمۇ ياكى سوغۇقتىن دالدا قىلىدىغان يۇڭ ئەدى-
يال توختىماستىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكتىنمۇ ، ئۇ كۈنى ئاخشىمى
ياخشى ئۇخلىيالمىدىم .

چۈشتىن بۇرۇن سائەت يەتتىدە تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 21 گرا-
دۇسلا بولۇپ ، يېنىمىزدىكى كىچىك دەريا ناھايىتى قاتتىق توڭلاپ كەت-
كەنىدى . بىر سائەت مۇشەققەتلىك يامىشىشتىن كېيىن بىرىنچاك تاغ ئېغى-
زىغا چىقتۇق ، بارومېتىر تەخمىنەن 14 مىڭ فۇت ئېگىزلىكنى كۆرسەتتى .
شەرقىي شىمال تەرەپتىكى تاغ قىرلىرى ئىچىدە چوڭ بىر تۆپىلىك تەرى-
پىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان مۇنارغا ئوخشاش چوققا ئېگىز چوقچىيىپ
تۇراتتى ، مانا بۇ بىز پوم تاغ ئېغىزىدا كۆرگەن مۇداچە تاغ چوققىسى

ئىدى ، ۋاقىت يېتەرلىك بولسىمۇ ئۇنىڭغا يامىشىش قىيىن ئىدى ، چوققى-
نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 17 مىڭ 220 فۇت بولۇپ ، ئۆلچەشتە پاي-
دىلىنىشقا تېگىشلىك بۇ يەر ئىككىنچى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدىكى تاغ چوق-
قىسىنى توسۇۋالغان ، بىراق بۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆرۈش دائىرىمىز پە-
رەز قىلغىنىمىزدەك ئوچۇق ئىدى . ئارقا تەرەپنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى
ناھايىتى يىراق جايدا بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بۇ تاغلار يۇرۇڭقاش دەر-
ياسىنىڭ ئاساسىي ئېقىن مەنبەسىنى قوغداپ تۇرۇۋاتاتتى . مۇبادا ئىسسىق
بۇلاق ( Issik — bulak ) نىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى چىغىر يول ئۇ يەردىن
ھالقىپ ئۆتكەن بولسا ، بىزنىڭ بۇ جەرياندىكى كەچۈرمىشلىرىمىز قانداق
بولاتتىكىن ؟ جەنۇب تەرەپتىكى 100 مىلغا يېقىن كېلىدىغان ئۇپۇق سىزى-
قىدا بىر قاتار قارلىق تاغ تىزمىلىرى بىلەن مۇزلار سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئا-
رىلىقى بىز بىلەن ئەڭ يېقىن يەر بۆرتۈپ چىققان بېگىزسىمان تاغ چوق-
قىسىنىڭ ئاستىدىكى نىسبا جىلغىسىنىڭ چوققىسى ئىدى ، بۇ ھەيۋەتلىك
تاغ چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 23 مىڭ 70 فۇت كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى .
بىراق ، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئۈستىدىكى بىر يۇمىلاق شەكىللىك
كەگرى ئويمانلىقتىكى قاراڭغۇ تاغقا ئېقىپ كىرىدىغان ھەر قايسى مۇز
دەريالارنى كۆرگىلى بولاتتى . غەرب تەرەپ بىلەن غەربىي جەنۇب تەرەپ-
نىڭ يىراق جايىدىكى چانكۆل ( Chankul ) تىك قىياسى ھەم ئۇنىڭغا
قوشنا بولغان باشقا چوققىلار يىراقنى كۆرۈش دائىرىمىزنى توسۇۋالغان-
دى . بۇ چوققىلاردىكى قارلارنى ئىسقۇرام جىلغىسىدىكى قار قاتلىمى بىلەن
سېلىشتۇرغاندا ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندەك ، بۇلار خېلى
بۇرۇنقى مۇزدەك كۆرۈنەتتى .

بەختىمىزگە يارىشا ، شامال كۈچى ئانچە كۈچلۈك بولمىغاچقا ،
تېئودولىت بىلەن ئۆلچەش خىزمىتىمىز ھېچقانداق ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچ-
رىمىدى . بىر يېرىم سائەتلىك دالا خىزمىتىدىن كېيىن توڭلاپ كەتكەن
بارماقلىرىم قايتىدىن ئىسسىدى ، ئۇ ۋاقىتتا بارومېتىر دېڭىز يۈزىدىن 15
مىڭ 300 فۇت ئېگىزلىكنى كۆرسىتىۋاتاتتى . چۈشتىن كېيىن بىر يې-
رىملاردا ، خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق . يېقىنقى ئون كۈن ئىچىدە رام
سىڭ تەكشى يۈزلۈك ئەسۋاب بىلەن كىرىشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

هەر قايسى سانلىق ئاساسلارنى سىلىشتۇرۇپ چىقتى .

بىر جىلغا نامى بىلەن ئاتالغان چاش ( Chash ) چارۋىچىلىق مەيدانىغا بارغاندا ئەتراپ تۈن پەردىسىنى تارتقانىدى . چىدىر بىر پارچە قۇرۇپ قالغان چۆپلۈك ئۈستىگە تىكىلدى . كەينىدىكى بۆرتۈپ چىققان قۇرام تاش ئاستىدىكى خىلۋەت جايغا ھەمراھلىرىم ئۆزلىرى ئۈچۈن ئورۇن راسلىدى . يېقىن ئەتراپتىكى ئۆكۈرنىڭ ئاستى تەرىپىدە تاغلىقلار قىش ـ ياز قونالغۇ قىلىدىغان كىگىز ئۆينى بايقىدىم . ئۇلارنىڭ پەقەت بىر قانچە قويلىرى بولۇپ ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇلار ياز پەسلىدە بۇ رايوندىن قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ كەلگەن چارۋىچىلارنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن . جىلغا ئىچىدىكى بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن چاتقاللىقلار بۇ بىچارە كىشىلەرنىڭ قەھرىتان سوغۇققا بەرداشلىق بېرىشىگە ياردەم قىلالاتتى . بۇ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 10 مىڭ 100 فۇت كېلىدىغان جايدا قىش پەسلىدە چوقۇم قاتتىق سوغۇق بولاتتى .

كەچقۇرۇن تۆت تاغلىق كىشى بەگنىڭ خىزمەتكە بۇيرۇشى بىلەن شىمال تەرەپتىكى ئەڭ يېقىن بولغان مىتاز ( Mitaz ) كەنتىدىن بۇ يەرگە كەلدى . ئۇلار تەمىنلەش بۇيۇملىرىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى توختاش ئورنىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . بۇ كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان خەۋەر ئىدى . نىسسادىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىمىز ئاز قالغانىدى . بۇ ئىشەنچسىز تاغلىقلاردىن تاغ تىزمىلىرىدىن ئېشىپ قاراقاش دەرياسى جىلغىسىغا بارىدىغان يولغا دائىر ماتېرىياللارغا ئېرىشىشتىن ئۈمىد يوق ئىدى . ھەر قېتىم بىرەر ئورۇنغا دائىر سوئاللارغا ئۇلار « بىلمەيمەن » دېگەن بىر خىللا جاۋابنى بېرەتتى ، ھەتتا كاللىسى قاتماللىشىپ كەتكەن نىسسادىن كەلگەن چارۋىچىلارمۇ ئۇلارنىڭ بۇنداق جۆيلۈشلىرىگە پىسەنت قىلىشمايتتى . بۇ يەردە ئۇلار چەتتىن كەلگەن يات كىشىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئاڭلاپ باقمىغاچقا ، خىلمۇخىل گۇمانلار بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويغانىدى .

ئالدىنقى بىر كۈنلۈك جاپالىق خىزمەت نەتىجىسىگە ئاساسەن ، بىز 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قۇياش نۇرى ئىللىغاندا ، كىچىككىرەك يولغا چىقىشنى قارار قىلدۇق . بىز چاش جىلغىسىنى بويلاپ تەخمىنەن 3 مىل

ماڭغاندىن كېيىن، ئېقىن شەرققە بۇرۇلدى. ماڭغىلى بولمايدىغان قۇرام تاشلىق جىلغىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قاراپ يۈردۇق. شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي قۇرام تاشلىق تىك يارلىق تاغ جىلغىسىغا ياماشتۇق. كىرىش ئېغىزىدا يۈك ئاتلىرىنى سۇغاردۇق، 8 مىل يۈرۈپ ياغان داۋان ( Yagan Dawan ) ئاستىغا يېتىپ باردۇق. بىز تاغ ئېغىزىدىكى خەتەرلىك، چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا بېرىپ چېدىر تىكتۇق، چاشتىن ئېلىپ كەلگەن ئۈچ تاغار مۇز ئىچىملىكىمىز بولدى.

ياغان داۋان ناھايىتى تار، ئىككى تەرىپىدىكى تاغ چوققىلىرى قىيپاش كەلگەن، ئېگەر شەكلىدىكى تاغ ئېغىزى ئىدى. بىز پۈتۈن ئەھۋالنى كۆزىتىش ئۈچۈن غەرب تەرەپتىكى تاغ قىرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 12 مىڭ فۇت كېلىدىغان چوققىسىغا يېتىپ باردۇق. بۇ ناھايىتى ياخشى ئۆلچەش ئورنى ئىدى. ئېگىزلىكتە تۇرۇپ پەسكە قارىغاندا، تورغا ئوخشاش قالايمىقان قۇرام تاش، تاغ ـ داۋانلار بىلەن يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ئارىسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن پېچاق بىلەن قىرغاندەك چوڭقۇر جىلغىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بىز ئىككى دەريانىڭ سۇ بۆلگۈچىسى ئۈستىدە تۇراتتۇق، بىراق نىسسادىن باشلانغان ھەرىسمان ئېگىز تاغ جەنۇبتىكى ھەيۋەتلىك مۇز تاغ مەنزىرىسىنى كۆرۈشىمىزگە توسالغۇ بولۇپ قالدى، پەقەت ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇز تاغنىڭ مۇز بىلەن قاپلانغان شىمالىي قىسمىنىلا كۆرەلىدۇق. شۇڭا، يەنە بىر قېتىم ئۇمىدسىزلەندۇق، ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەنگۈچ بىلەن ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالدۇق.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، يولغا چىقىش ۋاقتىنى كېچىكتۈردۇق، ئۇلاغلارنى تەييارلاش، يۈك ـ تاقلارنى بېسىش ئىشى مىنتازلىقلارغا قالدۇرۇلدى. مىنتاز ناھايىتى كىچىك بىر كەنت بولۇپ، جىلغىنىڭ ئېگىز جايلىرىغا 8 ~ 9 ئېغىز ئۆي تارقاق سېلىنغانىدى. جىلغا يولى ئالدىنقى كۈنىدىكى يولغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كەڭرى كۆرۈنەتتى. لېكىن، ماڭغىلى بولىدىغان بىر چىغىر يول دەريا قىنىغا ناھايىتى يېقىن ياكى دەريا قىنى ئىچىدە ئىدى. دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، تېگىنى كۆرگىلى بولات-

تى ، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىمۇ 2 فۇتتىن ئېشىپ كەتمەيتتى . بىز گە چوق-چىيىپ چىقىپ تۇرغان قۇرام تاشلاردىن داۋاملىق ئۆتمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى .

بۇ كۈنى بىز دەريانى بويلاپ تۆۋەنلەپ شىمال تەرەپكە تەخمىنەن 16 مىل ماڭغان بولساقمۇ ، بىرمۇ چوڭ ئادەمنى ئۇچراتماي ، بىر ئۆڭكۈردە ياشاۋاتقان چارۋىچىنىڭ بالىلىرىنىلا ئۇچراتتۇق . كىچىك ئۆڭكۈر غەربتىن سوزۇلغان سۇقاساي ( Sukasai ) جىلغىسىنىڭ يېنىدا بولۇپ ، بىز ئۇچراتقان تۆت بالىنىڭ ئەڭ چوڭى يەتتە ياشتا ئىكەن ، بالىنىڭ كۆزى چېچەك چىقىپ كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ ، ئىراق بۇ بالا جىلغىدىكى ئۆزى ماڭىدىغان يوللارنى پىششىق بىلىدىكەن . بۇرۇنقىدەك كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆتكىدىن يېقىن ئەتراپتىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالدىم . مەن بالىغا بىر تەڭگە بەرسەم ، ئۇ بۇ تەڭگىنى ئاپىسىغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بىز چېدىرىمىزنى ستازدىن قونات ئاغزى ( Kunat—aghzi ) غا ئۆتىدىغان شەرقىي تەرىپى تۈزلەڭلىك بىر يول ئېغىزىغا تىكتۇق . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، يول ئېغىزىنى قۇرام تاشلار توسۇۋالغان بولۇپ ، ئاتلىق يۈرگىلى بولمايدىكەن ، بۇ ھال كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى . قونات تاغ ئېغىزىدا سۇنىڭ قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئېگىزلىكنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئاران 6890 فۇت ئېگىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . سەھەر سائەت يەتتىدە تېمپېراتۇرا نۆل گرادۇس بولۇپ ، تۈزلەڭلىككە يېقىنلاپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلغان بولسامىمۇ ، لېكىن يەنىلا ئۇلۇغ ئارت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى .

11 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى ، بىز مىتاز دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە 8 مىل يۈردۇق . ئوڭ تەرەپتە ئېگىز داۋانغا سوزۇلغان كەڭرى قۇملۇق بار بولۇپ ، تۆت ئەتراپتىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھەربىسمان قىياللىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى . بۇ قۇملۇقتا چوقچىيىپ چىققان بىرمۇ قۇرام تاش يوق ، شۇڭا كۆرۈنۈشتە ئۇ يەر ئەھمىيەتسىزدەك كۆپ پەس ئىدى . رام سىگنىڭ ئېگىزلىكى پەقەت 1000 فۇت كېلىدۇ ، دېگەن پەرىزىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدىم . توختىماستىن يۇقىرى ئۆرلەپ ماڭغانسېرى

پۈتۈن تاغ تىزمىسىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈش ئارزۇيۇمدىن ۋاز كەچكۈ-
دەك بولدۇم. ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە
تاغ چوققىسىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا ئورنىمىزنى توغرا مۆلچەر-
لىيەلىدۇق. شۇنداق قىلىپ، خوتەننىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ھىندىستاننىڭ
ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەش نەتىجىسىنى بىرلەشتۈرەلىدۇق. بىز تەقەززالىق
بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدۇق، تۆپىلىكنىڭ ئانچە خەتەرلىك بولمىغان بىر
قاتار چوققىلارغا سوزۇلغان جايىدىن تاغ ئۈستىدىكى ناھايىتى يىراققا
سوزۇلۇپ شەكىللەنگەن ئۇلۇغ ئارت داۋان (Ulugh — art Dawan)
نى كۆرگىلى بولاتتى. لېكىن، چوقچىيىپ چىققان ئۇچلۇق تاغ چوققىسى
جەنۇب تەرەپتىكى كۆرۈش دائىرىمىزنى توسۇۋالغانىدى. باشقىلار ئارقى-
مىزدىكى تەخمىنەن بىرەر سائەتلىك يىراقلىقتىكى يولدا قالغان، پەقەت رام
سىڭلا ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. ئاخىر بىز ئاساسلىق تاغ تىزمى-
سىدىكى ئېگەرگە ئوخشاش تاغ ئېغىزىغا چىقتۇق. جەنۇبتىكى يۇمىلاق
دۆڭلۈككە چىقالىغاندىلا، ئاندىن ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان ـ ئاش-
مايدىغانلىقىنى بىلەلەيتتىم. شۇڭا، ئاتلارنى قويۇپ، قەدىمىمىزنى تېزلەت-
تۇق.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، ئەڭ ئېگىز جايغا چىقتۇق. بۇ ۋا-
قىتتا، تەبىئەت ياراتقان ئۆلچەش نۇقتىسىدا ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ئۆلچەش
خىزمىتى ئېلىپ بېرىشقا زادىلا ۋاقىت قالمىغان بولۇپ، شۇ جايدا بىر كې-
چىنى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئاساسلىق تۆپىلىكتىكى تاغ ئېغىزى
چېدىر تىكىشكە تولىمۇ ماس كېلەتتى، لېكىن ئىشلىتىدىغان سۇ مۇھىم
مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. ھېلىمۇ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە
قىلىپ، ئىسلامبەگنى قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى پۇجيا (Pujia)
كەنتىگە بېرىپ، يېڭى ياللىغان يۈك ئاتلىرى ھەم لازىملىق سۇنى ئېلىپ
كېلىپ، تاغ ئېغىزىدا بىز بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتكەنىكەنمەن. يۈك ـ
تاقلار كۈن ئولتۇرغاندا ئېلىپ كېلىندى. چېدىرنى ئۆلچەش نۇقتىسىغا
يېقىن جاينىڭ تۆۋىنىگە تىكتۇق.

بۇ قېتىم ئۈمىدسىزلەنمىدىم. مېنزۇلا ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئور-
نىمىزنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، قىينالمايلا قاراقاش مۇزلۇقلىرى ئۈستى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكى ئېھرامغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك چوققىلارنىڭ ھىندىستاندا ئۆلچىگەن خەرىتىدىكى كوئېنلۇن 1 ـ نومۇرلۇق چوققا ئىكەنلىكىنى ، ئورنىنىڭ خەرىتىمىز كۆرسەتكەن يۆنىلىش بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتۇق . شەرقتىكى يەنە بىر ئېگىز تاغ چوققىسىنىڭمۇ تارىتارى 2 ـ نومۇرلۇق چوققا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى . ئۆزىمىزدىكى ئەندىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن ، ئىسقۇرام تاغ تىزمىسىدىكى بىر تار ئېغىزدا كۆرۈنگەن ناھايىتى يىراقتىكى ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن قارلىق چوققىنى ئۆلچەپ چىقتۇق ، بۇ دەل ئادەتتىكى خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن 22 مىڭ فۇتقا يېقىن ئېگىزلىكتىكى قاراقاش 2 ـ نومۇرلۇق چوققا ئىدى . تېز سۈرئەتلىك ئۆلچەش نەتىجىسىدە ، بۇ جايىنىڭ بۇ ئەتراپتىن خوتەن رايونىغا بارغۇچە توغرا ئۆلچەش ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى تامامەن مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدىغان جاۋابقا ئېرىشتۇق .

ئەتىسى سائەت يەتتىلەردە ئورنۇمدىن تۇردۇم ، شەرق تەرەپتىكى پاكار تاغ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى چېدىرىمغا چۈشۈپ تۇراتتى . مەن كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى ، جەنۇب تەرەپتىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان تاغ تىزمىلىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ، دەرھال بىزگە يېقىن بولغان تاغدىكى ئۆلچەش نۇقتىسىغا بېرىپ ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەش ئېلىپ باردىم . بەش سائەت ئەستايىدىل خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان 26 نۇقتا ئۈستىدە ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەش ئېلىپ باردۇق . ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەش ئارقىلىق ئېگىزلىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 9890 فۇت كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاندى . سۈرەت چۈشۈرۈپ مېردىئان ئۆلچىگۈچ بىلەن ئەتراپنى ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم قاراپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەش نۇقتىسى ئارقىلىق بىر بەلگە تىكلەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم . شۇڭا ، پوجيادىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر پاكار قۇرۇق چاتقاللار بىلەن يېپىلىپ ياتقان لاي ـ توپىلارنى يىغىپ بەلگە قىلىپ چىقتى .

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە ، ئاسمان يۇيۇپ قويغاندەك سۈزۈك ئىدى ، بىز ئۇلۇغ ئارت داۋىنىدىن ئايرىلىپ يولغا چىقتۇق ، بۇ جاي

شۇنچە ئېگىز بولسىمۇ، ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدىكى تېمپېراتۇرا توڭلاش نۇقتىسىدىن ئازراقلا يۇقىرى بولۇپ، بۇ تۈزلەڭلىكتىكى ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. قاراقاش دەرياسى جىلغىسىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن يېرىم مىل بولۇپ، شىمالدا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 200 فۇت كېلىدىغان شېغىللىق تۆپىلىك بىلەن چېگرىلىنىدىغان يەر تۈزۈلۈشى يانتۇ بىر تەبىئىي پەلەمپەيگە ئوخشاش تۈزلەڭلىككە سوزۇلغانىكەن. قاراقاش دەرياسىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتۇق، سۈپسۈزۈك دەريا سۈيى يېشىل رەڭدە كۆرۈنەتتى، ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 40 يارد، چوڭقۇرلۇقى 2 ~ 3 فۇت كېلەتتى. پۇپۇنا ( Pupuna ) نىڭ تۆۋىنىدىن 3 مىل كېلىدىغان جاي لاڭرۇ ( Langhru ) كەنتى بولۇپ، كەنتتە ئاران 60 ئۆيلۈك ئادەم بولسىمۇ، قاقاس تاغلىق رايوندىكى سەيلىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ جاي ماڭا تولىمۇ كەڭرى كۆرۈندى. ھەمراھلىرىمنىڭ بۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىندى، قاتتىق بوران ئۇچۇرغان توپا - تۇمانلار ئۆلچەش خىزمىتىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. مەن يەنە قۇرۇق كۆز ( Kauruk Köz ) دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز تاغ قىرىغا بېرىشىم كېرەك ئىدى، بۇ جاي ئۇلۇغ ئارت داۋىنىدىكى خېلى بۇرۇن بايقالغان بىزگە يېقىن بولغان بىردىنبىر كۆڭۈلدىكىدەك ئۆلچەش نۇقتىسى ئىدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە يولغا چىقتىم. ئۇ جايغا بېرىش ئۈچۈن قۇنات تاغ ئېغىزىدىكى جىراغا بېرىپ، ئاندىن جەنۇب تەرەپتىكى قۇرغاق تاغ تىزمىسىغا قايتىشىم كېرەك ئىدى. پەرەز قىلغىنىمدەك، تاغ جىلغىسىنىڭ دەسلەپكى 9 مىل جايى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، قۇچقاچ بۇلىقىدىن باشلاپ تارىيىشقا باشلايتتى. بىز چوڭقۇر جىلغىدىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق، ئىككى تەرەپتىكى قىيالار ھەم ئېگىز، ھەم كەڭرى ئىدى. دەسلەپتە، بۇ قالايمىقان تاشلىقتىن ئۇلۇغ ئارتتىكى ئېگىز تاغ قىرىغا بارىدىغان يول بارمىدۇ؟ دەپ شۈبھىلەنگەن ھەم ئەندىشە قىلغانىدىم. يۈك ئاتلىرى چىقالمايدىغان ئەڭ ئېگىز جايغا كەلگەن چېغىمىزدا، ئاللىقاچان چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بولغان بولۇپ، ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

ئىككىنچى كۈنىدىكى چوققىغا چىقىش تولىمۇ جاپالىق بولدى . بىز تاللىغان ئۆلچەش نۇقتىسىدىكى تاغ قىرى بارگاھ ئۈستىدىكى 3000 فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ ، تۆپىلىك ھەددىدىن زىيادە تىك ئىدى .قوتازلار بىزنى خەتەرلىك يولدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويدى ، ئۈچ سائەتتىن كېيىن چوققىغا چىقتۇق . رام سىڭ ئىككىمىز خىزمەتنى دەرھال باشلىدۇق ، بىر نەچچە جايدا كۆرگەن دائىرە ئۇلۇغ ئارتتا كۆرگىنىمىزدىن كەڭ ئىدى . بۇ ئورۇنـدىكى تاغ قىرىنىڭ ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەشتىكى ئېگىزلىكى 10 مىڭ 820 فۇت ئىكەن . بىر سائەتتىن كېيىن ، بىز تۆپىلىكتىن چۈشۈپ چوڭقۇر جىلغىغا قايتىپ كىردۇق ، ئۇ يەردە يۇك ئاتلىرى بىزنى ساقلاۋاتاتتى . بارگاھ ئەتراپىدا سۇ يوق بولغاچقا ، سۇ لاگىرۇدىن ئېشەكلەر بىلەن توشۇلاتتى ، مەن ھەمراھلىرىمنى ئىمكانقەدەر تېزرەك كەنتكە قايتىپ بېرىشقا دەۋەت قىلدىم . تۈن يېرىم بولغاندا بىر گۈلخاننى كۆرۈپ قالدۇق ، ئۇ بىزنى لاگىرۇغا يېقىن ئېتىزلىقتىكى بارگاھقا باشلاپ كەلدى .

ئون بەشىنچى باب

# خوتەندىكى قەدىمي ئاسارئەتىقىلەرنى تويلاشقا قىلىنغان تەييارلىق

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ، تۆۋەنگە قاراپ 8 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، قاراقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ئۈجات ( Ujat ) قا يېتىپ كەلدۇق . تۇتۇق هاۋانى بىر قەۋەت قېلىن تۇمان قاپلاپ تۇرغاچقا ، ئۆزۈمنى خۇددى لوندوننىڭ بۇلۇتلۇق كۈز پەسلىدە تۇرغاندەك هېس قىلدىم . ئەتراپتىكى تاغ تىزمىسى بىر پارچە تۇتۇق رەسىمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى . چېدىر بىلەن قارشى قىرغاقتىكى تىك تاغ ئېغىزىنىڭ ئارىلىقى پەقەت 1 مىل كەلسىمۇ ، لېكىن چاڭ ـ توزانلار قاپلاپ كەتكەنلىكتىن ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇلۇغ ئارت تاغ تىزمىسىنىڭ تۆزلەڭلىككە سوزۇلغان ئەڭ ئاخىرقى تارمىقى هېسابلىنىدىغان بۇ تاغ تىزمىسى كوخمارى ( Kohmari ) دەپ ئاتىلاتتى . ئۇ كۈنى بىز ئۈجاتتا قونۇپ قالدۇق .

جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ( بۇيەردە بۇنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش هاجەتسىز ) ، مەن گرېنارد ( Grenard ) ۋە دۇترېيۇيل ( Dutreuil ) ، رىنس ( Rhins ) قاتارلىقلارنىڭ كوخمارى يەنە شۇ ەنزاڭ خاتىرىسىدە بايان قىلىنغان خوتەندىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى دېگەن قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندىم . « غەربكە ساياھەت » خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ، تاغ ئۈستىگە بىر بۇتخانا سېلىنغان بولۇپ ، بۇ جاي ساكىيامونىنىڭ « تەڭرىلەر ، كىشىلەر ھەققىدە ئېيتقان ئەمرىمەرۇپلىرى »يەتكۈزۈلگەن جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى .

يېقىن ئەتراپتا كىشىلەر سەجدە قىلىدىغان بىر چوڭ تاش ئۆي بولۇپ ، كىشىلەر ھەققىي ئارخاتنىڭ ئاشۇ غار ئىچىدە تۇرۇپ كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن شەپقەت تىلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەم بۇ رىۋايەت كەڭ تارقال-
غان . ھازىر بۇ يەر ئەۋلىيالاردىن ماھاب خوجىنىڭ مازىرى ئىكەن . ئۇ
ئۇلۇك قىرغاقتىكى شىغىللىق ئېگىز تىك قىيانىڭ چوققىسىغا جايلاشقان بو-
لۇپ ، قەدىمكى بۇددا دىنى مۇقەددەس جايىنىڭ شۆھرىتىگە ۋارىسلىق قى-
لىپ ، خوتەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالاھىدە تاۋاپ قىلىدىغان ئورنى بولۇپ
قالغانىدى . ئەينى ۋاقىتتا ، دېھقانلار ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ــ ئال-
ماسلىقنى سۇ ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە تۆۋەنلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
دەپ قارىغاچقا ، ئەۋلىيالارنىڭ ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىغا ناھايىتى ئىشە-
نەتتى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئامبال يەن دارىن ھۆكۈمەت تەرەپكە ۋەكا-
لىتەن سوۋغات تەقدىم قىلىش شەكلى ئارقىلىق ، بۇ جاينىڭ مۇقەددەس
جاي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىكەن .

جۇڭگونىڭ بۇددا نومىنى ئۆگەنگۈچى راھىبى گاۋسىڭ كۆرگەن
ئۆڭكۈر يەنىلا تاغ چوققىسىدىن تەخمىنەن 55 فۇت يىراقلىقتىكى قىيىن
يېنىدا كونا پېتىچە ساقلىنىپ تۇراتتى ، ئۇ يەرگە چوقچىيىپ چىقىپ تۇر-
غان تىك قىيانى بويلاپ چىققىلى بولاتتى . قۇرام تاش ئۈستىدە مازاردىن
خەۋەر ئالىدىغان ، تەركىدۇنيا بولۇپ ياشايدىغان شەيخلەرنىڭ ماكانى بار
ئىدى ، ئۆڭكۈرنىڭ ئەسلىدىكى چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 40 فۇت ، ئېگىز-
لىكى تەخمىنەن 8 ~ 10 فۇت كېلەتتى . كىشىلەر ئۇ يەر پەيغەمبەر مۇرىت-
لىرى تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغان جاي ئىكەن ، كېيىن غەيرىي دىن مۇ-
رىتلىرى تەرىپىدىن ئىسلاپ ئۆلتۈرۈلگەنىكەن دەپ قارايدىغان بولغاچقا ،
ئۆڭكۈر تاملىرىنىڭ قارا بولۇشىنى يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن دەپ چۈشەن-
دۈرىدىكەن . ئىخلاسمەن تاۋابچىلار ئۆڭكۈر ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ
دۇئا قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولغاچقا ، قىشتا ئوت يېقىپ سوغۇقتىن ساقلى-
ناتتى . شۇنداق بولغانلىقتىن ، ئۆڭكۈر تاملىرى تەبىئىي ھالدا ئىسلىنىشىپ
كەتكەنىدى . يۇقىرى تەرەپتە بىر كىچىك ئۆي بولۇپ ، ئۇ ئۆيگە تۆۋەن-
دىكى پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولاتتى ، پەلەمپەيدىن قارىغاندا خۇددى
قۇرام تاشنىڭ يېرىلىشىدىن شەكىللەنگەن تار يېرىقتا
ئوخشايدۇ . شۇەنزاڭنىڭ ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسلانغاندا يېرىق خۇددى بىر

يـولغا ئوخشايتتى . كېيىن تۈيۈقسىز يىمىرىلگەن قۇرام تاشلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ ، ئارخات يوشۇرۇنغان جاي بولۇپ قالغانىكەن .

شـۇەنزاڭنىڭ ساياھىتىگە مۇناسىۋەتلىكلىرىدىن باشقا، يەنە كوخـمـارى تاش غارى ماڭا نىسبەتەن ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى . تاش غاردىن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ قېيىن دەرىخى قوۋزاقلىرىغا يـېزىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پراگمېنتلار تېپىلغان ( ھازىر دۇتريىۋىل دې رىنس دەپ ئاتىلىدۇ ) . گرېنارد ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ پراگـمېنتلارنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بۇ جايىنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلغان چېغىدا يەرلىك كىشىلەردىن سېتىۋالغان ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى باشقا يادىـكارلىقلار بىلەن بىللە تاش غاردىن تېپىۋالغانىكەن . ئەپسۇسكى ، ئۇلارـنىڭ ھېچقايسىسى چىقىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ، ھەتتا چىققان ئورنىنىمۇ بىلمەيدىكەن . قىممەتلىك قوليازمىنى فرانسىيىلىك ساـياھەتچىلەرگە سېتىپ بەرگەن ئاشۇ كىشىلەر دىنىي چەكلىمىنىڭ تەسىـرىدىن فرانسىيىلىك ساياھەتچىلەرنىڭ تاش غارغا بېرىپ بىۋاسىتە تەكـشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى توسقان .

لېكىن ، مەن ھېچقانداق ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىمىدىم . كۆكلى ـ كـۆكـسى كەڭ ، چىرايى تولغان موللا ھىندىستاننىڭ ترتخاستىكى كونا دوسـتۇم پۇروختقا ئوخشاش غارنىڭ ھەممە جايىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈـرۈپ بەردى . ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، بۇ قوليازمىلارنىڭ تاغ غارىدىن تېپىلغانلىقىغا گۇمانلىنىشقا تولۇق ئاساس تاپتىم . گەرچە فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر شەيخلەرنىڭ ئېنىق ئىـسىدە بولسىمۇ ، لېكىن تاغ غارىدىكى ھۆججەتلەردىن شەيخلەرنىڭمۇ ، كـەنت كىشىلىرىنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىكەن . مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قوليازـمىلارنىڭ قەشقەردە تارقىلىپ ، رۇسلارغا سېتىپ بېرىلگەنلىكىگە ئاـساسلانغاندا ، يەرلىك « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » قوليازمىلارنىڭ ھەقىقىي بايقالغان ئورنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تاش غارنى تارتىپ چىققاندەك قىلاتتى .

بـۇ مۇقەددەس تاغ غارىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، خوتەننىڭ يەرـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

لىك دىنىي ئەمىر-مەرۇپىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . مەيلى ئۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن ، ھەر قانداق ئادەم بۇ مۇقەددەس جايغا كىرگەندە ئۆتۈك ، كالاچلىرىنى سىرتقا سېلىۋېتەتتى ، لېكىن كەمبەغەللەرنىڭ ئۇنداق پۇختا تىكىلگەن ئاياغلىرى بولمىغاچقا ، ئۇلار قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق پىيما ياكى ئۇزۇن رەخت بىلەن چىلىڭ ئورالغان پوپۇش كىيەتتى . بۇ رايوننىڭ قىش پەسلى ناھايىتى سوغۇق ، مەن خوتەنلىكلەرنىڭ قىش پەسلىدە بۇ يەردە زادى نەچچە قېتىم ئاياغ سېلىۋېتىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم . ھىندىستان بۇتخانىلىرىدىكى ھىندىستان بۇددىستلىرى ياكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىلەن دائىم دوست بولۇپ قالاتتىم ، مەن ھامان بەتىنىكنى سېلىۋېتىش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز ئىدىم ( ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كىيىملىرى رەتسىز بولسا قولايسىز ھەم ئەدەبسىزلىك ھېسابلىناتتى ) . ھەر قېتىمدا بىر جەھەتتىكى مۇرەسسە خىزمىتىنى ئىشلەشتىن خالىي بولالمايتتىم . لېكىن ، خوتەندە سوغۇق تېگىدىغان بۇنداق پەيتلەردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشنى ئويلىدىم ، ھەتتا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئادەتتىكى ئەدەب - قائىدىلەردىنمۇ ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم .

ئۇ جات چوڭ بىر كەنت بولۇپ ، تارقاق تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئۈزۈمزارلىقلار ئوراپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ناھايىتى داڭلىق ئىدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ جاينىڭ قۇرۇق ئۈزۈمى بىلەن ئۇرۇقسىز كىچىك ئۈزۈمى ئاقسۇ ، قەشقەر ، تۇرپان قاتارلىق يىراق جايلارغا توشۇلۇپ سېتىلىدىكەن . ئۈزۈم باراڭلىرى بىرلا يۆنىلىشكە قاراپ ئۆسكەن بولۇپ ، پاكار چىتلاقلارنى بويلاپ بىر قاتار ، بىرقاتاردىن تۈزلەڭلىككە تىرىلىدىكەن . شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ھەممىلا يەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىكەن . ھازىر قىش كىرىشتىن ئاۋۋالقى يىلتىز غوللىرىنى كۆمۈش ئىشى ئەمدىلا باشلانغانىدى . ئىسلام دىنى تارقالغاندىن بۇيان ، ئۇ جاتلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشى تېخى يېتەرلىك بولمىغاچقا ، يەنىلا غەيرىي دىنغا ئىشىنەتتى . مەن ھەيران بولغان ھالدا ئەگەر ئۈزۈم يېتىشتۈرۈشنى ئۇ مۇللاشتۇرسا قانداق بولار ؟ دەپ ئويلىدىم .

مەن ئۇجاتتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇزۇن-
دىن بۇيان تەشنا بولۇپ يۈرگەن قەشقەر ئارقىلىق يۇرتۇم ۋە ھىندىستان-
دىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى دەرھال بىرتەرەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى.
شۇڭا، بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مەن يېقىن
يولنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە قايتماقچى بولۇم. كوخمارى تاغ قىرىدىن
تېرىلغۇ رايونلارغا سوزۇلغان جەنۇب تەرەپتىكى كوسا يېنىدىكى شېغىللىق
قاقاس ساھىلدىن ئۆتكەندە، مۇنبەت تۇپراقنىڭ ناھايىتى تېز قىشلىق
يېپىنچا بىلەن يېپىنغانلىقىنى بايقاپ ناھايىتى ھەيران بولدۇم. ئۇزۇن، تار
يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تېرەك ۋە سۆگەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى پۈ-
تۈنلەي تۆكۈلۈپ بولغان بولۇپ، تاغ ئۈستىدىكى ئۆلچەش خىزمىتىمىزنى
مەجبۇرىي توختىتىپ قويدى.

بىر ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن، ھەمراھلىرىم ۋە ئۇلاغلارنى
خوتەندە قىسقا مۇددەت ئارام ئالدۇرۇشقا ھەم تەرتىپكە سېلىشقا توغرا
كەلدى. مېنىڭ بىرىنچى قېتىم كەلگەندە سۈرۈشتۈرۈپ، كېيىن سېتىۋال-
غان قەدىمكى يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈشۈمگىمۇ ۋاقىت كېرەك ئىدى. بۇ
يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى جايلاردا بايقالغان بولۇپ، مەن
ھاۋالە قىلغان ۋاكالەتچىلەر سېتىۋالغانىدى. بىز خوتەندە تۇرۇپ قالغان بۇ
قىسقىغىنا بىر ھەپتە ئىچىدە، قۇملۇقتىكى قەدىمىي خارابىلىقنى تەكشۈ-
رۈشكە ئەۋەتىلگەن كىچىك ئەترەتمۇ نەتىجە بىلەن قايتىپ كەلدى. بۇ
ئەترەت تۇردىنىڭ باشچىلىقىدا يولغا چىققانىدى، تۇردى يۇرۇڭقاش باز-
رىدىن كەلگەن، سەل ياشانغان، تەجرىبىسى مول، ئىشەنچلىك «گۆھەر
ئىزدىگۈچىلەر»دىن ئىدى. ئۇ كىشى ئەينى ۋاقىتتا مەشھۇر دەندان ئۆي-
لۈككە بارغانىكەن. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملار ئارىسىدىكى ھىندىستان-
نىڭ براخمى يېزىقى بار تام رەسىمى، بۇددىستلارنىڭ ئېتىقادىغا سىمۋول
قىلىنغان قاپارتما نەقىش پارچىلىرى ۋە ھەقىقىي ئوتتۇرا ئاسىيا براخمى
يېزىقىدا يېزىلغان كىتاب پارچىلىرى مېنى بەك رازى قىلدى.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بۇ يادىكارلىقلارنىڭ قايسى خارابىدىن
چىققانلىقىنى ئېنىق تەكشۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ خارا-

بىگە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ شەرقىي شىمالغا 9 ~ 10 بېكەت ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن يېتىپ بارىدىكەن. دوكتور سۋېن ھېدىن كېرىيە دەرياسىغا مېڭىش يولىدا كۆرگەن خارابە ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىسىدە تىلغا ئالغان «تەكلىماكان قەدىمىي شەھىرى» گە بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇ بۇ يەردىن يىراق بولغان بوستانلىقنىڭ شىمالىدىكى تەۋەككۇلدىن ماڭماي، باشقا يول ئارقىلىق ئۇ يەرگە ماڭغانىكەن. مەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يەن دارىنغا دوكلات قىلدىم. ئۇ تەۋەككۇل بىگىگە دوكتور سۋېن ھېدىنغا يول باشلىغان ئىككى ئوۋچىنى ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بەگ ئەۋەتكەن ئىككى ئوۋچى ئەخمەد مەرگەن بىلەن قاسىمئاخۇن كەلدى. بەگ ئۇلارنى خوتەنگە ئۆزى باشلاپ كەپتۇ. بۇ ئىككى ئوۋچىدىن بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەكچى بولۇپ، ئەترەت مەسئۇلى بار يەردە ئۇلاردىن بەزى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى ئارقىلىق، ئۇ يەرنىڭ راستىنلا دەندان ئۆيلۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، شۇنداقلا تۇردى ئېرىشكەن بۇ بۇيۇملارمۇ ئۇ يەرنىڭ سىستېمىلىق قېزىش - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بولغاندا خاتىرجەم ھالدا بۇ خارابىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ پىلانىنى تۈزسەم بولاتتى.

كېيىن مەن ئالدىراشلا ئاق كۆكۈل دوستۇم ئامبال دارىننى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ مېنىڭ تاغلىق رايوندىكى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش خىزمىتىمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم. مەن يەنە ئۇلۇغ تاڭ راھىبى شۈەنزاڭنىڭ ئىش ئىزلىرىنى مىسال قىلىپ، قۇملۇقتىكى سەپىرىمنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنى يەن دارىنغا چۈشەندۈردۈم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ قىشمىغا سالامغا كەلگەندە، تۇردى ئېلىپ كەلگەن يادىكارلىقلارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇ مېنىڭ قەدىمكى نوم ئەكەلگۈچىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن لىنىيىسى بىلەن ساياھەت قىلىش ئارزۇيۇم بارلىقىغا ئىشەندى. كېيىنكى تەكشۈرۈشتە، چارلاش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئېلىپ بېرىلىشىغا قوشۇلدى. مەن خۇشاللىقىمدىن مىننەتدارلىقىمنى ئىپادىلىگۈدەك مۇۋاپىق

سۆز تاپالماي قالدىم. پەقەت شۋەنزاڭ روھىنىڭ ئامبالنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مېنىڭ بۇ سەمىمىي ھۆرمىتىم تەرجىمان نىياز تەرىپىدىن ئامبالغا تولۇق يەتكۈزۈلگەن بولسا كېرەك، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن مەندىن «تاڭ سېڭ» روھىنىڭ مەۋجۇد ياكى مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى سورىدى. قارىغاندا جۇڭگولۇق بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىدە شۋەنزاڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغان ئارخات ياكى بۇددىساتۋا ئىكەن. ھىندىستان ئارخېئولوگلىرىمۇ شۋەنزاڭنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ قوغداش ئىلاھى ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىغاندى.

چېدىرنى يەنە قىزغىن، مېيسىپىت كىشى ئاخۇنبەگنىڭ ھويلىسىغا تىكتىم. بۇ جاي گەرچە ئويلىغىنىمدەك ناھايىتى تىنچ بولسىمۇ، لېكىن كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان سوغۇققا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايتتى. ئۇچۇق ھاۋادا ئۇزاق سەپەر قىلىپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەندە، توختىئاخۇننىڭ ئۆيى تولىمۇ غۇۋا ھەم زېرىكىشلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا، مەن ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، چېدىرنى ھويلىغا تىكتىم. كۆپ قىسىم يۈك ـ تاق ۋە ئات جابدۇقلىرىنى «قارا تاغ» دىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل چىغىر يوللار بىلەن باشقۇرۇش تەس بولغان قۇتازلار زىيانغا ئۇچراتقاچقا، ئەگەر ـ جابدۇق ئۇستىلىرى، تۆمۈرچىلەر ۋە ياماقچىلار ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قەدىمكى بۇيۇملارنى ئېلىپ ـ ساتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى يوتقاندىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تامغا، قەدىمكى پۇل، قەدىمكى ساپال بۇيۇملار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلگەندى، لېكىن قەدىمكى كىتاب يوق ئىدى. قارىغاندا، مەن ئىزدەۋاتقان «قەدىمكى كىتاب» بار «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» مېنىڭ ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەنلىكىمنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ.

خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان كىشىلەر دوختۇرلۇق ساندۇقۇمدىن سەدىقىگە ئېرىشىپ تۇردى. يەرلىك بەگ ۋە جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ بىمارلىرىنى داۋالاشنى رەت قىلىپ سىرتتا قالدۇرۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. دورىلىرىم گەرچە بىمارلار ئۈمىد قىلغاندەك ئاجايىپ داۋالاش ئۈنۈمىگە تېخى يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامم ئۇلار چوقۇنىدىغان داخانلارغا ئوخشاش ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىگە پۇر كەتكەنىدى . كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا ، خوتەن ھەر خىل كېسەللىكلەر تارقىلىدىغان « پارنىك » قا ئوخشايدىكەن . دورىلىرىم پەقەت ئاز ساندىكى كېسەللەرگىلا شىپا بولسىمۇ ، لېكىن ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئىگە خادىم بۇ جايدا خاتىرجەم خىزمەت قىلالايتتى . مەن دوختۇرلۇقتىن كىرگەن كىرىمنىڭ ئاشۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلۇشنى تىلەۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئېرىشكەن سەدىقىلىرىگە تەڭ كېلىش ـ كەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتىم .

بىمارلىرىم ئارىسىدا جۇڭگونىڭ تىلەمچىلىرى ۋە ئىشسىز ئاقۇنلارمۇ بار ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنىڭ ئۈزۈلۈق يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى . ئۇلار پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەمگە موھتاج بولۇپ ، ھەر قېتىم سەدىقىگە ئېرىشەتتى . ئاشۇ جۇڭگو ئەمەلدارلىرى تىلەمچىلىككە ، ھەتتا بەزى ۋاقىتتا بۇلاڭچىلىققا تايىنىپ ياشايدىغان كەمبەغەل قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ ؟!

بۇ قېتىمقى سەپىرىم مۇقەررەر ھالدا بوستانلىقتىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ قۇملۇقتا بارىدىغان سەپەر ئىدى . شۇڭا ، يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال بوستانلىقتىكى قەدىمىي جايلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ قەدىمكى يەر تۈزۈلۈشىنى ئىگىلەش كېرەك ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، رام سىڭنى كوئېنلۇن تېغىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق چوققىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز تاغ تىزمىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىپ ، بىزنىڭ يېقىندا ئۆلچىگەن نەتىجىمىز بىلەن كاپىتان دېسىينىڭ ئۆلچەش نەتىجىسى ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدىم . پىلانىمدا بۇ ۋەزىپە بىر ئايدا تاماملىنىشى ، ئاندىن رام سىڭ كېرىيە دەرياسىغا بېرىپ دەندان ئۆيلۈكتە مەن بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك ئىدى .

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ، بىز خوتەندىن بىرلىكتە يولغا چىقىپ ، يۇرۇڭقاش دەرياسى ياقىسىدىكى ئىلگىرى بىز قاراڭغۇ تاغقا بېرىشتا ئۆت-

كەن جاي جاماداغىچە بىر گە مېڭىپ ، شۇ يەردە قونۇپ قالدۇق ھەم بۇرۇن بىز زىيارەت قىلغان جۇڭگولۇق دوستۇم ۋاڭ بېگمىنىڭ كۆتۈۋېلىشىغا مۇ. يەسسەر بولدۇق . پاكار ، ۋىجىك كەلگەن بۇ جۇڭگولۇق كىشىنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىغا ئون نەچچە يىل بولۇپتۇ ، مەخسۇس قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن . قاشتېشى يۇرۇڭقاش دەرياسىدا ئېقىپ كېلىدىكەن ، ئۇ يەنە بەزى ۋاقىتلاردا تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قاشتېشى كېنىنى قېزىشتەك ھايانكەشلىك سودىسىنىمۇ قىلغانىكەن . بىراق ، تەگرى ئۇنىڭغا زادىلا بەخت ئاتا قىلماپتۇ . تەرجىمانىم ئۇنىڭ بېيجىڭغا كېتىشىنى ئويلاي. دىغانلىقىنى ، لېكىن يول خىراجىتىنىڭ خېلىلا كەملىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى . ئېنىقكى ، بۇ يۇرتىدىن ئايرىلغان بىر كىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى . مەن ۋاڭ بېگمىنىڭ ئەقىللىق يول باشلىغۇچى بولالايدى. غانلىقىنى بايقىدىم . ئۇ جامادانى بويلاپ ، دەريانىڭ سول قىرغىقى بىلەن جەنۇبىدىكى ھەر بىر قەدىمي خارابىلىققا بارغانىكەن . ئۇ يەنە بىر نەچچە ئېغىز تۈركىي تىلنىمۇ بىلەتتى . ئىككىنچى كۈنى شەھەردىكى شامالدا ئۇپراپ كەتكەن بىر قەدىمي خارابىلىقتىن ئۆتتۇم ، « قەدىمكى شەھەر » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ، دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان بۇ خارابىلىق. نىڭ تەخمىنەن 1 كۋادرات مىل كېلىدىغان جايىدا ساپال پارچىلىرى قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى .بۇ جايدىن تاڭ دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ مې. تال پۇلىنى بايقىدىم ، لېكىن بۇ جايدا قۇرۇلۇشنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى .

تەخمىنەن 6 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، قاشتېشى قازىدىغان بەلباغقا كىردۇق . كەڭ تۈزلەڭلىكتىكى دەريانىڭ سول قىرغىقى بىلەن شىمالىي تاغ تىزمىسىنىڭ شېغىللىق تۆپىلىكى ئارىسىدىكى كەڭلىكى 1 مىل كېلى. دىغان جايدا بۇ خىل قىممەتلىك نەرسە تاغ ـ دەريا قىنىدىكى ئېلگىرى يىغىلىپ قالغان قالايمىقان تاشلار ئارىسىدىن تېپىلاتتى . خوتەن قەدىمدىن تارتىپ قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شەرقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا داڭلىق ئىدى . بۇ يەرنىڭ قاشتېشى جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىن چىققان قاشتاشلىرىدىن كۆپ قىممەتلىك بولۇپ ، خەنزۇچە تارىخي مەنبەلەردە با. يان قىلىنغان خوتەنگە ئائىت كۆپلىگەن خاتىرىلەر ئاساسلىقى ئۇنىڭ

قاشتېشىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە يېزىلغان .

روھىم كۆتۈرەڭگۈ ھالدا بۇ قاقاس تۈزلەڭلىكتىكى ئويمان ـ گوداڭلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم . دەسلەپكى 1 مىلدىن 2 مىلغىچە بولغان يەرلەردە قاشتېشى كانلىرىنىڭ ئورەكلىرى تاشلىنىپ قال-غىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولۇپ ، بىر قىسىم ئورەكلەرگە قۇم ـ توپىلار تولۇپ كەتكەنىدى . يەنە يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپ ، چالما قازان ( ChalmaKazan ) دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي خارابىلىككە كەلدۇق . بۇ يەردە يېڭى قېزىلغان ئازگاللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، تۈزلەڭلىكنىڭ ھەممىلا جايىدا ساپال پارچىلىرى بىلەن ئەينەك پارچىلىرىنىڭ ئارىلاشمى-لىرى يېيىلىپ تۇراتتى ، دەريا بويىدىن تاغ تۈۋىگىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن بىر يېرىم مىل كېلەتتى . بۇ رايوننىڭ مەركىزىدىكى دەريا قى-نىدىن توشۇپ كېلىنگەن چوڭ تاش بىلەن ئۈستى يېپىلغان توپا مۇنار ، دىققىتىمنى قوزغىدى . ئۇنىڭ لاي سۇۋالغان دۈگىلەك سىرتقى شەكلى كىشىگە ئۇ قاپارتما نەقىشلىك بۇددا مۇنارى ئوخشايدۇ ، دېگەن تەسىرنى بېرەتتى . ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قاپارتما نەقىشلىك بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . يامان يېرى شۇكى ، مەندىن بۇرۇن كەلگەنلەر ئالىلقاچان بۇ قورۇلۇشنى تەك-شۈرگەن ھەم توپا مۇنارنىڭ مەركىزىگە بارىدىغان بىر چوڭقۇر تۆشۈك كولىغانىدى . قارىغاندا « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » بۇ يەرنى ئالىلقاچان كولاپ باققان ئوخشايدۇ . توپا مۇنارغا بارىدىغان چىغىر يول تەخمىنەن 98 فۇت بولۇپ ، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 15 فۇت كېلەتتى . كولانغان جاينىڭ قوپال تاش پارچىلىرىنىڭ زىچ ، مۇستەھكەم ئۇلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىياللار ئۈستى تەرىپىنىڭ قورۇلما تېمى قىلىنغان ، ئوتتۇرا قىسمىدا لاي ـ توپىلار بىلەن لىق تولغان بىر چوڭقۇر ئۆرەك بار ئىدى ، بەلكىم ئىچىدە قالدۇق بۇيۇملار بولۇشى مۇمكىن . بۇ يادىكارلىقلار كۆرسەتكەن قەدىمىي ئولتۇراق رايون خارابىسى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى قاشتېشى كان رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىش ھا-جەتسىز ئىدى . خارابىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى قاشتېشى كانى داۋاملىق

قىزىلئۇاتاتتى . بۇ يەردىن 1.5 مىل ئەتراپىدا مىڭىپ ، كان رايونىنىڭ كە-
چىك قونالغۇسى سېرىق توغراقىا كېلىپ چېدىر تىكتۇق . كان ئورەكلىرى
ناھايىتى چوڭ ھەم كۋادرات ياكى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ ، ھەم-
مىسى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قۇم قاتلىمى ۋە شېغىل قاتلىمىدىن قېزىلغان .
10 فۇتتەك كولىغاندا ئۇششاق تاش قاتلىمىغا يېتىپ باراتتى . مۇشۇ ئۇش-
شاق تاش قاتلىمىدىن دەريا سۈيى ئېقىتىپ كەلگەن قاشتېشى پارچىلىرىنى
تاپقىلى بولاتتى . تېپىلغان قاشتېشى پارچىلىرى ئىچىدىن قىممەتلىكلىرى
ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . لېكىن ، ھامان كۆتۈلمىگەن بايلىققا ئېرىشىش
پۇرسىتى كېلىپ تۇراتتى . بۇ بايلىق بايلارنى جەلب قىلىپلا قالماي ، خو-
تەن ۋە تۈركىستاننىڭ باشقا شەھەر - بازارلىرىدىن كەلگەن كاپىتا-
لىستلارنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى . ئۇلار كەنتتىن 10 ~ 30 قا-
ۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىنى ياللاپ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلە-
تەتتى . ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن يېمەكلىك ، كىيىم - كېچەك ۋە
ھەر ئايدا ئالتە دانە خوتەن تەڭگىسى (تەخمىنەن ئىككى ھىندىستان رۇ-
پىيىسىگە تەڭ ) بېرەتتى . ئۇلار قاشتېشىنى پەرقلەندۈرەلمەيتتى ، لېكىن
كۆپ قاشتېشى تاپسا كۆپ ھەق ئالاتتى . ۋاڭ بېگىم نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ
كان قېزىشقا مەبلەغ سالغان پۇللىرىنى ئەزەلدىن قايتۇرۇپ ئالالمىغانلىقىنى
ئېتىراپ قىلدى . ئەلۋەتتە ، ئۇلارنىڭ تاسادىپىي ئامەتى كېلىپمۇ قالاتتى .
بىر كان رايونىدا 20 ئىشچىنىڭ كولاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان
قەشقەرلىك باي مەن بىلەن ئۇچراشقاندا ، ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئۈچ يىل ئى-
چىدە 30 يامبۇ چىقىم قىلىپ ، قىممىتى 100 يامبۇ ( 13 مىڭ رۇپىيە ) غا
تەڭ كېلىدىغان قاشتېشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى .

جۇڭگو ھۆكۈمىتى قاشتېشى قېزىشقا گەرچە ھېچقانداق چەك قوي-
مىغان بولسىمۇ ، بىراق كاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئېلان
قىلىنىپ قالسا ، باشقا كان قازغۇچىلار ھۆرمەت قىلاتتى . بىر قىسىم يېرىم
ئېچىلغان كان ئورەكلىرىنى كۆردۈم ، كىشىلەر ماڭا ئاشۇ ئەڭ دەسلەپ
كان ئاچقۇچىلارنىڭ ھوقۇقى ئەزەلدىن گۇمانلىنىشقا ئۇچرىمىغانلىقىنى
ئېيتىپ بەردى . ھېچقانداق بىر كان ئورەكلىرىنىڭ كولىنىش چوڭقۇرلۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

20 فۇتتىن ئېشىپ كەتمىگەنىدى ، چۈنكى يەنە چوڭقۇرلاپ كولانسا، دەريا سۈيى كان ئورىكىگە تولۇۋېلىپ ئىش توختىتىشقا مەجبۇر قىلاتتى . تەكشى تىنما جايلار تاكى دەريا ياقىسىغىچە سوزۇلغان تەخمىنەن بىر كۈنلۈك جايدا بولۇپ ، دەريا قىنى تار جىلغا بولۇپ قالغانىدى . قاشتېشى قازغۇچىلار ئۇ يەرنىمۇ چارلاپ بولغانىكەن . لېكىن ، كىچىك كۆلەملىك ھەم ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قېزىلىپ ، كومات دەپ ئاتىلىدىغان كان رايونى مەيدانىغا كەلگەنىكەن . ھازىر قىش پەسلى بولغاچقا 200 ياللانما ئىشچى كان قېزىش بىلەنلا شۇغۇللىنىۋاتقانىكەن . بۇ رايوننىڭ تۇرمۇشى بىرئاز ناچار بولغاچقا ، ياز پەسلىدىمۇ يالالانما ئىشچىلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمايدىكەن ، پەقەت ئاشۇ ساننىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك بولىدىكەن .

بۇ خىلدىكى قاشتېشى يىغىش بىلەن كان قېزىش پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن . جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەندەك ، ياز پەسلىدە كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، دەريا قىنىدا قاشتېشى سۈزۈشتىن ئىبارەت قەدىمىي خىزمەت يەنىلا جامادانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى دەريا جىلغىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن . قاشتېشى ئىزدەش ئىشىنى بىرمۇ كاپىتالىست قىلمايدىكەن . شۇڭا ، ھەر يىلى مۇشۇ قىسقىغىنا پەيت بوستانلىقتىكى بىر توپ كەمبەغەللەرنى جەلب قىلىپ ، خۇددى يىغىش بېلىتى سېتىلىدىغاندەك تەلەي سىنىغۇچىلارغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كېلىدىكەن ، لېكىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىكەن . شىبغىلىقتىن قىممىتى بار بىر پارچە قاشتېشى تېپىش نۇرغۇن ئەسىردىن بۇيان كەمبەغەل خوتەنلىكلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈتۈپ يۈرگەن ئارزۇسى ئىدى ، دەپ قاراشقا بولاتتى .

خەن دەۋرىدىن بۇيان جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا قاشتېشىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال ۋە ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، بۇ كىچىككىنە خوتەننى چەتئەلنىڭ سۇلالىسىغا تونۇتقان . فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس ئابېل رېمۇسا ( Abel Remusat ) « خوتەن تارىخى » ( 1820 ـ يىلى پارىژدا نەشرقىلىنغان ) دېگەن كىتابىدا قاشتېشىغا ئائىت نۇرغۇن خاتىرىلەرنى بايان قىلغان ھەم تەرجىمە قىلغان . بۇ ياۋروپادا يېزىلغان خوتەنگە دائىر ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەزكۇر كىتابتىكى قاشتېشى كان ئورەكلىرىنى مۆلچەرلەپ قىلىپ يېزىلغان تەپسىلاتلارنى ئوقۇپ چىقىش ھەقىقەتەن كىشى ئۆمرىدىكى چوڭ ئىش ئىدى .

## ئون ئالتىنچى باب

# قەدىمىي پايتەخت يوتقان خارابىسى

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ، خوتەننىڭ قەدىمىي پايتەختى يوتقانغا قاراپ يولغا چىقتىم . بۇ جەرياندا بېسىپ ئۆتكەن يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىلگىرى كۆرگەن بولسامۇ ، لېكىن يەنە كىشىنى ئاۋارە قىلىدىغان يېڭى ئىشلارغا يولۇقتۇق . غەربىي جەنۇبتىكى كۆزلىگەن جايغا ئىككى مىلمۇ قالمىغان يەردىكى كەلكۈندىن ھاسىل بولغان سېرىق توپىلىق چوڭقۇر جىلغىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى « يار » دەپ ئاتىشىدىكەن . گەرچە جىلغا قىرى ناھايىتى تىك بولسىمۇ ، يۈك ئاتلىرى ئانچە قىينالمىدى ، ھەتتا يۈك ـ تاقلار تېڭىلغان تۆگىلەرنى بۇ توساقتىن قانداق ئۆتەر دېگەن ئەندىشىدىمۇ بولمىدىم . كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا ، ئىلگىرى مەن 10 ـ ئايلاردا ئېكسكۇرسىيە قىلغان يوتقانغا يېتىپ كەلدىم . يۈزبېشىنىڭ تۇرالغۇسى يېنىدىن مۇۋاپىق يەر تاللاپ چېدىر تىكتىم . ناھايىتى يىراقتىن « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » قېزىپ چىقىرىپ قويغان قەدىمىي پايتەخت خارابىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى . كەنت بايلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئازادە ھەم ئىسسىق بولۇپ ، گىلەم بىلەن خوتەننىڭ رەڭدار كىگىزلىرى سېلىنغان ، مەش قويۇلغان ئۆيدە ئادەم تولىمۇ راھەت ھېس قىلاتتى . يۈك ـ تاقلارنى كۈتۈش بىلەن ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى . بۇ ۋاقىتتا يۈزبېشىنىڭ قىزىل يۈزلۈك كىچىك ئوغلى سادىق ھەمراھىم « يولچى بەگ » بىلەن ئەمەس ، بەلكى مەن بىلەن دوست بولۇپ كەتتى .

قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلى ئۇزۇن ئۆتكەندىن كېيىن ، بىر تۆگە يېتىلگۈچى يېتىپ كەلدى . ئۇ بىز ئۈمىد قىلغان ئۇلاغلارنى ئەكەلمەستىن ، ئۇلاغلارنىڭ دەسلەپكى چوڭقۇر جىلغىدا توسۇلۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

ئېلىپ كەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، كەنت باشلىقى بىر كىچىك قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ ئەۋەتتى .

مەن گۇمان قىلغاندەك ئاشۇ ھورۇن ، تەرتىپسىز يىگىت يىقىن ئەتراپتىكى جايلارغىمۇ بىرىپ باقمىغاچقا ، قول ئاستىدىكى ئادەملىرى يولنى خاتا مېڭىپ ، ئۇلاغلىرىمغا ھېچقانداق ياردەم قىلالماپتۇ . يەنە بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى ، كېچىدە ئىسلامبەگ بىلەن تىللا باينى ئەۋەتتىم . سائەت ئون بولغاندا ، ئاشۇ پالاكەتكە يولۇققان تۆگىلەر يېتىپ كەلدى . ئەسلى تۆگە يېتىلگۈچىلەر چوڭقۇر جىلغىدا چېدىر ۋە يۈك ـ تاقلىرىم ئارتىلغان ئۇلاغنى ئالدىن ئەۋەتمەكچى بولۇپ بىر ئۆستەڭدىن ئۆتۈۋاتـ قاندا ، تېيىلىپ كېتىپ يۈك ـ تاقلار پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ ، ئۇلارنى سۇدىن تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن ، بۇ تۆگىلەر باشقا ئۇلاغلارغا ئەگىشىپ ئىككى چوڭقۇر جىلغىنى ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ ، شۇـ نىڭ بىلەن كېچىكىپ قالغانىكەن . ئازراق ھۆل بولۇپ كەتكەن چېدىر ۋە قاقلاپ قۇرۇتۇلغان يۈك ـ تاقلارنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىدىنمۇ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولمىدى . كەچلىك تاماق تەييار بولغاندا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى ، بىر نەچچە ئەدىيالنى بىرلەشتۈرۈپلا بىر كېچىنى ئۆتـ كۈزدۈم .

قوپال تۆگىلەرنى توسۇۋالغان چوڭقۇر جىلغا ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى ، بەلكى ئارخېئولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ئەلۋەتتە ئۇـ نىڭغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك ئىدى . چۈنكى ، ئەگەر دەل يوتقان كەنتـ نىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان « يوتقان » بولمىغان بولسا ، خوتەن قەدىمكى پايتەخت خارابىسىنىڭ بۇنداق ئۇزۇن يىل كۆمۈلۈپ قىـ لىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . نەچچە كۈن ئىچىدە پىشقەدەم كەنت ئاھاـ لىلىرىنىڭ بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ، ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدىكى بىرىنچى خوتەن ھۆكۈمرانى نىياز ھاكىمبەگ دەۋرىگىچە قەدىمكى پايتەخت خارابىسىنىڭ كۆمۈلۈپ قالغانلىقىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ بايقالمىغانلىقىنى ئېنىقلىدىم . مەزكۇر كىشى 1866 ـ يىلى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن ، قاراقاش دەرياسى سۈيىنى يوتقان دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا

باشلايدىغان كىچىك ئۆستەڭ قازدۇرۇپتۇ. ئۆستەڭ يۇمشاق توپىلارنى ئېقىتىپ، ناھايىتى چوڭقۇر بولغان ئۆستەڭ قىنى، يەنى بىز تىلغا ئالغان يارنى شەكىللەندۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يوتقاننىڭ غەربىدىكى تەخمىنەن 1مىل كېلىدىغان چالباش ( Chalbash ) كەنتىدىن باشلانغان چوڭقۇر جىلغا شەكىللەنگەنىكەن. بۇ خارابىنىڭ غەربىدىكى تەخمىنەن 1 مىل كېلىدىغان جايى قاش جىلغىسى بىلەن قوشۇلىدىكەن. قالچە ( Khalche ) نىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر ئويمانلىق كىچىك بىر كەنت بولۇپ شەكىللىنىپ قالغانىكەن.

قالچە يوتقاننىڭ بىر قىسمى بولۇپ، كولانغان رايوننىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. كەنت كىشىلىرى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تاسادىپىي ھالدا قەدىمكى ساپال ۋە باشقا پارچە - پۇرات نەرسىلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئالتۇن بايقىغانىكەن. تەبىئىيكى، ئۇلار ساپال پارچىلىرىغا قىزىقمايتتى. بىراق، ئالتۇن بايلىق كويىدا يۈرگەن بۇ كەنت كىشىلىرىنى جەلپ قىلغانىكەن. ئۇلار تەلىيىنى سىناپ نۇرغۇن كەمبەغەل كەنت كىشىلىرىنى دەريا قىنىدا قاشتېشى ۋە ئالتۇن ئىزدەتكۈزگىنىدەك، چوڭقۇر جىلغا يېنىدا ئالتۇن چايقاپ خېلى ياخشى كىرىم قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىش ناھايىتى تېزلىكتە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغانىكەن.

نىياز ھاكىمبەگ كەسپچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر ھۆكۈمران بولۇپ، ئۇ قاراقاش بازىرىدىن بىر تۈركۈم قېزىش ئىشچىلىرىنى يوتقانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى قاشتېشى قېزىش ئىشچىلىرىغا ئوخشاش ئىشلەتكەن. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇ يالىۋەتكەن يەرنىڭ ئىگىلىرى بۇنىڭدىن پايدا ئالغان، كېيىن شەخسىي مۈلۈك ئىگىلىرىمۇ داۋاملىق كولاپ، پايدىنى يەر ئىگىسى بىلەن كولىغۇچىلار تەڭ بۆلۈشكەن. ياشانغان كەنت كىشىلىرىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، يوتقان ئەسلىدە بىر تۈزلەڭلىك بولۇپ، ھېچقانداق بۇلاق ۋە ساسلىق يوق ھەم ھېچقانداق يەر ئاستى « قەدىمىي شەھىرى » گە ئائىت ئۇچۇر ۋە رىۋايەتلەرمۇ يوق ئىكەن.

ئىلگىرىكى ساياھەتچىلەر يوتقانغا بۇ يەرنى يۇزەلا كۆرۈپ كېتىش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن كەلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى « بۇ يەر دېھقانلارنىڭ دەھ-
شەتلىك تالان ـ تاراج قىلىشىدىن شەكىللەنگەن » دەپ قارىغان ، بەزى-
لىرى « كەلكۈن ئاپەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن شەكىللەنگەن » دەپ قارى-
غان . بىراق ، بۇ ساياھەتچىلەر كەلكۈنگە ئائىت ھېچقانداق ئەسلىمىنى تا-
پالمايدۇ . ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈش نەتىجەمگە ئاساسلان-
غاندا ، بۇ چوڭ قېزىش رايونى قالايمىقان قېزىلغان بولۇپ ، يېرىم
كۋادرات مىلدىن كۆپرەك كېلەتتى ، ئۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك قالايمىقان قې-
زىش ۋە ئالتۇن چايقاشتىن شەكىللەنگەن بولۇپ ، بۈگۈنكى غەرب ، شى-
مال ئىككى تەرەپكە قەدەر داۋاملىق قېزىش ۋە ئالتۇن چايقاش ئېلىپ بې-
رىلىۋاتاتتى . تىك ياردىن ئاز مىقداردىكى ئالتۇن چىققاندىن باشقا ، يې-
قىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ساپال بىزەك پارچىلىرى ، تاش ئويماۋە
قەدىمكى پۇل ، قەدىمكى بۇيۇملار . تېپىلغان ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇششاق
كىرىم ھېسابلىناتتى . تېپىلغان ئالتۇنلار كىچىك ھەم نېپىز قەغەز ئالتۇنلار
ئىدى ، مەن بۇ خىلدىكى ئالتۇن ياپراقچىلىرىنىڭ ئۆلگىسىنى ئېلىۋالدىم .
كەنتتىكىلەر قەغەز ئالتۇن بىلەن دەريا قىنىدىن تاسقاپ چىققان كېپەك
ئالتۇننى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرەلەيتتى . ئالتۇن پۇل ياكى ئالتۇن ـ
كۈمۈش بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان زىننەت بۇيۇمنى زادى بايقىمىدىم ،
بەلكى كەنتتىكىلەر بىلەن ئىشلەمچىلەر بۇ خىل بايقاشقا سۈكۈت قىلىپ
تۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم . ئىگىلەشكە قارى-
غاندا ، تۈنجى يىلى ئەڭ دەسلەپ قېزىلغان جايغا يېقىن يەردىن كۆپلىگەن
ئالتۇن قېزىۋېلىنغانىكەن . كېيىن مەن بۇ يىل ئالتۇن سۈزۈش جەريانىدا
بايقالغان ، كىچىك شىرغا تەقلىد قىلىپ نەپىس ياسالغان ئالتۇن بۇتنى
سېتىۋالدىم . شۈبھىسىزكى ، بىر قەدەر چوڭ بولغان بۇ خىلدىكى سەنئەت
بۇيۇملىرى بايقالغان ھامان ناھايىتى تېزلا ئېرىتىۋېتىلەتتى . دەسلەپ ئال-
تۇنلارنىڭ بۇ رايونلارغا قانداق تارقالغانلىقى ۋە ئومۇملاشقانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈش سەل تەس بولدى . ئالتۇن قەغەزنىڭ ھەيكەللەرنى زىننەتلەش
ھەم قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر كەڭ بولغان ، ئېھتىمال
بۇ بىر خىل چۈشەندۈرۈش بولسا كېرەك . قەدىمكى جۇڭگو ساياھەتچىسى

فاشيەن بىر تەسۋىرىدە ، تەخمىنەن مىلادىيە 400 ـ يىللىرى خوتەننى زىيارەت قىلغان چىغىدا ، ئالتۇن نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئىبادەتخانا ۋە ساگرام كۆرگەنلىكىنى ئېيتقانىكەن . ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ھەيكەللەرلا ئەمەس ، بەلكى نۇرغۇنلىغان مۇقەددەس قۇرۇلۇشلارمۇ كۆپ مىقداردىكى ئالتۇن قەغەز بىلەن بېزەلگەن ، بۇ قۇرۇلۇشلار ئۆرۈلۈپ كەتكەندە پارچىلىنىپ كەتكەن ئالتۇن قەغەزلەر بىلەن لاي ـ توپىلار ئارىلىشىپ كېتىپ ، ھازىرغىچە ، يەنى توپىدىن ئالتۇن چايقاش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەنگە قەدەر ئىزچىل بايقالماي كەلگەن .

ئالتۇن ئىزدەۋاتقان يەر قاتلىمىدا يەنە پارچىلانغان ئەخلەتلەر ۋە چىرىندىلار بولۇپ ، ئىچىدە قەدىمكى ساپال پارچىلىرى ، تەبىئىي رەڭدىكى گۈل نەقىشلىرى ، ھايۋان سۆڭەكلىرى ، چىرىپ كەتكەن ياغاچ قالدۇقلىرى ۋە كۆپ قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى . بىز بۇ يەردە كۆرگەن بارلىق پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ خارابىلىرىدىن دۆۋىلىنىپ قالغان قالدۇقلار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ، بۇ يەردىن كۆپ مىقداردىكى مىتال پۇچۇقلىرى ، جۇڭگونىڭ ۋە ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى قارۇشتى يېزىقى ئويۇلغان يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىككى تۈرلۈك پۇلى ، تاڭ دەۋرىدىكى دۇگىلەك چاسا تۆشۈكلۈك پۇل ( 618 ~ 907 ـ يىللىرى ) بايقالغان . بۇ بۇيۇملار ساقلانغان يەر قاتلىمىنىڭ دەۋرىمۇ بىرقەدەر بۇرۇن ، ئومۇمەن دىگۈدەك قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ ، قېلىنلىق دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايتتى . غەرب ، جەنۇب ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلىقى 5 ـ 8 فۇت بولسىمۇ ، لېكىن قېزىلغان رايوننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كولىۋېتىلگەن ئازگاللار قالچە ئۆيلۈكلىرىنىڭ تۆۋىنىگە ئۇلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ يەردىن قىزىل ساپاللىق كىچىك ھەيكەل ، تامغا قاتارلىق قەدىمىي بۇيۇملار تېپىلغان . ئېنىقكى ، بۇ 13 ـ 14 فۇت قېلىنلىقتىكى « مەدەنىيەت قاتلىمى » ھېسابلىناتتى .

ناھايىتى روشەنكى ، قېلىنلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ھەرقايسى رايونلاردا ماكانلاشقانلارنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەن مۇناسىۋەتلىك ھەم يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئەھۋاللارمۇ ئوخشاش
ئەمەس . بۇ يەردە ئالاھىدە ماكانلاشقۇچىلارنىڭ تۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن
ـ قىسقىلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ، ھەر قايسى جايلاردا ساپال
پارچىلىرى بىلەن باشقا نەرسىلەرنىڭ قانچىلىق قېزىۋېلىنىشىمۇ ئوخشاش
ئەمەس ئىدى .

مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، « مەدەنىيەت قاتلىمى » نىڭ بۆلەكلە-
رىگە نىسبەتەن ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇسىدا بولدۇم ، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھەر
قانداق جايىدىن بىرەر قۇرۇلۇشنىڭ ئىزى بايقالمىغان ، ھەتتا ئىلگىرى باي-
قالغانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدىم . بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش تەس ئە-
مەس ئىدى ، مۇۋاپىق كېلىدىغان تاش پارچىلىرى يېتەرلىك بولمىغاچقا ،
قەدىمكى قۇرۇلۇشلارغا خۇددى ھازىرقى خوتەن رايونىدا سېلىنغان ئۆي-
لەرگە ئوخشاش لاي ، كېسەك ۋە ياغاچلار ماتېرىيال قىلىنىپ ، تاملىرى لاي
بىلەن سۇۋالغان قۇرۇلۇشلارنىڭ توپا تاملىرىنىڭ بىر قىسمى پۈتۈنلەي
دېگۈدەك بۇزۇلۇپ توپىغا ئايلىنىپ كەتمىگەنىدى . توختىماستىن تېرىلغۇ
قىلىش نەتىجىسىدە سۇنىڭ سىڭىشى بىلەن توپىلار نەمدىلىپ ، نەچچە
ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزگەن خارابىلەر پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن ، ئەگەر
قۇرۇلۇشلاردىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى ئېلىۋېلىنمىغان ياكى يەر ئىگىسى
تەرىپىدىن ئىشلىتىۋېتىلمىگەن بولسا، ئوخشاشلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى
مۇمكىن ئىدى . ئوخشىمىغان يەنە بىر خىل ئەھۋالغا ئۇچرىغان بولۇشىمۇ
ئېھتىمالغا يېقىن ، يەنى قەدىمىي شەھەر تاسادىپىي تەبىئىي ئاپەتتىن
ۋەيران بولۇپ، خارابە بارا ـ بارا قاقاسلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن .
شۇنداق بولغان بولسا ، خارابە تېگىدە ساقلىنىپ قالغان ئەسلىدىكى قۇرۇ-
لۇش شەكلىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تېپىپ چىقىشتىن ئۈمىد بار ئىدى . لې-
كىن ، ئوت ئاپىتىنىڭ شەھەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان
ھېچقانداق ئاساس بايقالمىدى .

قەدىمكى بۇيۇملار كۆمۈلگەن يەر قاتلىمىنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتى-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى 9 ~ 20 فۇت قېلىنلىقتىكى بىر قەۋەت تىندۇرما قاتلام
قاپلاپ تۇراتتى . بۇ بىر قەۋەتنىڭ رەڭگى بىر قەدەر سۇس بولۇپ ، ئاس-

تىدىكى « مەدەنىيەت قاتلىمى » بىلەن ناھايىتى ئوڭاي پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنسانلار پائالىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق قالدۇق بۇيۇم يوق ئىدى ، مەن بۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقتىم . ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگەن بىر قىسىم ياۋرۇپالىق ساياھەتچىلەر قەدىمكى شەھەرنى كۆمۈپ تۇرغان قېلىن توپا قاتلىمى چوڭ كۆلەملىك كەلكۈننىڭ يامرىشىدىن شەكىللەنگەن دەپ پەرەز قىلىشىپ ، شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلكۈن ئاپىتىگە باغلاپ قويۇشقانىكەن . كولانغان تىك يارنى نەچچە سائەت تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، يۇقىرىدىكى يېنىكلىك بىلەن چىقىرىلغان يەكۈننىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدىم . ھەر قانداق جايدىن كەلكۈن ياكى كەلكۈننىڭ ئۈزلۈكسىز يامرىشىدىن توپا ئىچىدە قېپقالغان ئوخشاش قاتلاملاردىكى ئوچۇق ئىزنى كۆرگىلى بولمايتتى . مەدەنىيەت قاتلىمىنى يېپىپ تۇرغان تۇپراق ياكى تۇپراقنىڭ رەڭگى جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا ، شۈبھىسىزكى ھازىرقى يوتقاندىكى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى .

ئۇنداقتا ، بۇ قەدىمىي خارابىنىڭ چوڭقۇر ۋە قېلىن توپا قاتلىمىدا ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك ؟ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشمۇ ئۇنچىلىك تەس ئەمەس دەپ ئويلايمەن . خوتەننىڭ تېرىقچىلىقى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، ئېتىزلار يېتەرلىك سۇغىرىلىشقا موھتاج بولاتتى . باھار ، ياز پەسىللىرىدىكى دەريا سۈيىنى يوتقاندىكى ئېتىزلىقلارغا باشلاپ كېلىش جەريانىدا كۆپ مىقداردىكى يىمىرىلگەن توپىلار خالىغانچە ئېقىپ كېلىپ تىنىپ ، ئېتىزلىقلارنىڭ تىندۇرما قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن . بۇنىڭ بىلەن ، بوستانلىق تېرىلغۇ رايونلىرىنىڭ يەر يۈزى كۆتۈرۈلگەن . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا يېقىن ، دەريا قىنىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ، تاغ ئالدىدىكى تۈزلەڭلىككە كۆپ مىقداردا توپا يىغىلغان رايون بولۇشىدەك ئەھۋاللارنى ئويلاشقاندا ، 1000 يىل مابەينىدە يىغىلغان بۇنداق قېلىن توپىلار بىزنى ئانچە ھەيران قالدۇرمىسا كېرەك .

بىرىنچى قېتىم يوتقاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ، كۆپ قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەكرار تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم. بوستانلىقنىڭ مەيلى قانداق يېرى بولسۇن، تېرىلغۇ جايلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان بارلىق ئاساسلىق يوللارنىڭ، ئەتراپتىكى ئېتىزلىقلارنىڭ سۇ يۈزىدىن كۆپ تۆۋەن ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. لېكىن، باشقا قاقاسلىقلار ياكى كەنتتىكى يوللار يېقىن ئەتراپتىكى جاينىڭ سۇ يۈزى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يوللارنىڭ سۇ يۈزى بىلەن بۇنداق ئوخشاش بولۇشىنى تەبىئىي سەۋەبنىڭ پەيدا قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. سۇغىرىلىدىغان ئېتىزلارنىڭ يۈزى ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلگەن. يوللاردا ھېچقانداق روشەن ئۆزگىرىشلەر بولمىغان بۇ خىل تەكشۈرۈشتىن مەن يەنە بىر خىل ئالاھىدە ئوخشاشلىقتا ئىگە پاكىتقا، يەنى تۆت ئەتراپى ئېتىزلىق بىلەن ئورالغان قەبرىستانلىققا دىققەت قىلدىم. ھەر قايسى دەۋرلەردىكى قەبرىلەر، مازارلار ۋە تۆت ئەتراپى ئېتىزلار بىلەن قورشالغان مۇقەددەس قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. ئەھۋالنىڭ ھامان شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم. قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىن كۆپ پەس ئىدى. ئەگەر بىز ئېتىزلارنى سۇغىرىش جەريانىدا لاي تىندۇرمىلارنىڭ دائىم ئېقىپ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، قەبرىلەردە مۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئويلىساقلا، يۇقىرىقى غەلىتە ئەھۋالنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايمىز.

چوڭقۇر جىلغا غەرب تەرەپكە سوزۇلۇپ يوتقاننى كېسىپ ئۆتەتتى. ئالتۇن چايقىغۇچىلار جىلغىنىڭ جەنۇب تەرىپىنى كولىشى، بىزنىڭ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئورنى ۋە دائىرىسىنى ئېنىقلىشىمىزغا ياردەم قىلاتتى. قالچە ئۆيلۈكلىرىنىڭ تۆۋىنىدىكى تەخمىنەن 200 يارد كېلىدىغان جاي جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقى بولۇپ، بۇ يەردىن ھېچقانداق قەدىمىي نەرسىلەر قېزىپ چىقىرىلمىغان، ئالتۇن چايقاش ئىشمۇ ئۇ يەرگە بارغاندا توختاپ قالغانىدى. جەنۇبىي تەرىپى ئەللاما ( Allama ) غا يېقىن بولۇپ، بۇ يەردىمۇ كىشىلەر ئۈمىد قىلغاندەك كۆپ ئالتۇن چىقمىغانىدى. پەقەت جىلغىنىڭ غەربىي تەرىپى بىلەن غەربىي شىمال تەرىپىدىلا ئالتۇن چايقاش

ئىشى داۋاملىشىۋاتاتتى . قەدىمىي شەھەر خارابىسى چوقۇم مۇشۇ دائىرە ئىچىدىكى ئېتىزلىق ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن . يوتقاننىڭ جەنۇبىي تەرىپى ۋە شەرقىي تەرىپىنى كېسىپ ئۆتىدىغان جىلغىنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن قەدىمىي بۇيۇملار بار يەر قاتلىمى بايقالمىغاچقا ، پاكىت قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرق ، جەنۇب تەرەپلەرگىچە كېڭەيگەنلىكىگە دائىر پەرەزنى يوققا چىقىراتتى .

شۇبھىسىزكى ، گرېناردنىڭ قارىشىدەك يوتقاننىڭ ئاستىدا بايقالغان قەدىمىي خارابە ئىزى ھەقىقەتەن خوتەننىڭ قەدىمكى پايتەختى ئىدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ رىۋايىتىدىن ئىسپاتلانغان بولماستىن ( ئەگەر ئۇ ھەقىقەت بولسا ، ھازىرقى قىسمى ئۇنىڭ قالدۇقى ئىدى ) ، بەلكى بۇ خارابە ئىزنىڭ ئورنى جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا بايان قىلىنغانلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن مۇشۇنى باشلىنىش قىلىپ ، شۈەنزاڭ خاتىرىسىدە بايان قىلغان ، ئۇ زىيارەت قىلغان قەدىمىي پايتەخت يېنىدىكى داڭلىق بۇتخانىنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىۋالدىم .

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە ، مەن بۇ بۇتخانا ساقلانغان تەخمىنىي ئورۇننى ئىزدەش ئۈچۈن ، يوتقاننىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنى تەكشۈرۈشكە باشلىدىم . ئەڭ يېقىنى شەھەرنىڭ غەربىدىكى تەخمىنەن 5 ـ 6 چاقىرىم ( 1مىلدىن كۆپرەك ) كېلىدىغان يەردىكى شۈەنزاڭ زىيارەت قىلغان ساماجو ( Samojoh ) بۇددا مۇنارى بار ئىدى . بۇ ئارخاتقا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سېلىنغان ئىبادەتخانا ئىدى . بۇ ئارخات خىلمۇخىل كارامەتلىرى بىلەن بۇ دۆلەتنىڭ بۇددىست پادىشاھىنىڭ ئالاھىدە ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىكەن . بۇددا مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 100 فۇت بولۇپ ، مۇنار تېگىدە مۇقەددەس بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ پارچىلىرى كۆمۈكلۈك ئىدى . شۈەنزاڭدىن ئىككى يېرىم ئەسىر ئىلگىرى فاشيەن بۇددا مۇنارىنىڭ كەينىدىكى بۇتخانىنى كۆرگەن ھەم بۇددا ئوردىسىنى « گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك » دەپ تەسۋىرلىگەن . ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىم ماڭا بوستانلىقتىكى تېرىلغۇ جايلار دائىرىسىدىكى بارلىق قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىسى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . مەن تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ، بۇزۇلۇپ تۈپىغا ئايلانغان دۆۋىلەرنى يەنە ئىز-دەشنى خالىمايتتىم . غەربتىكى كەنتتە كىشىلەرنىڭ سومىيا ( Somiya ) دېگەن نامنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم . بۇ ئوخ-شاش تاۋۇش مۇشۇ كەنت نامىنىڭ بىۋاستە بۇرۇنقى دەۋرىدىكى نامى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى . قەدىمكى دەۋردە جۇڭگولۇقلار ئۇنى ساموجو دەپ تەرجىمە قىلغان ، دېمەك بۇتخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا يەنە نامدىكى ئىسپات قوشۇلدى .

قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى قېزىش رايونى-دىن ئايرىلىپ ، ئالدى بىلەن غەرب تەرەپتىكى يېرىم مىل كېلىدىغان ئو-رۇندىكى كىچىك كەنت ئەسكەنت ( Eskente ) كە كەلدىم . كىشىلەر ماڭا سومىيا قەبرىستانلىقىدا بىر قاراۋۇل ئورنىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى . كەنتنىڭ غەربىدىكى 0.75 فۇت كېلىدىغان جايدا تەخمىنەن 30 ئائىلىلىك-نىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن ، مەن شۇ يەردىكى مازارغا قاراپ ماڭدىم .ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى كەگرى زىيارەتگاھلىق ئوراپ تۇراتتى ،مەن شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە يېقىن بولغان جايدىن بىر پاكار قاراۋۇل ئورنىنى تاپتىم . بۇ ئەتراپتىكى يەرلەردىن پەقەت 5فۇتلا ئېگىز بولۇپ ، كەنتتىكىلەر بىر خىل خۇراپاتلىق ، قورقۇش روھىي ھالىتى بىلەن ئۇنىڭغا چوقۇناتتى . بۇنداق ئەھۋال غەيرىي شەكىلدە داۋاملىشىپ ، يېقىن ئەتراپتىكى مازار ( تۇپراقلىق ) نىڭ مۇقەددەس نامى بولۇپ قالغان . ئۇ-زۇن ئۆتمەي ، كەنتتىكى يېشى ئەڭ چوڭ كىشىلەرنى قاراۋۇل ئورنىنىڭ ئالدىغا يىغدىم ، ئۇلارنىڭ بايانىدىن مۇشۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئاشۇ مۇقەددەس جايغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاخىرقى ئەسلىمىلەرنى تاپتىم ، دەپ قارىدىم . 90 ياشلاردا بار شامى سوپىنىڭ ئەسلىشىچە ، ئۇمۇ ناھايىتى ئۇزاق ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن دادىسى ۋە بوۋىسىدىن ئاڭلىغانىكەن . سو-مىيا كەنتىدىكىلەر بۇ قاراۋۇل ئورنىغا ناھايىتى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، دېھ-قانچىلىقتا چىقىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس جاي دەپ قارايدىكەن . كى-شىلەر بۇ يەرگە نامەلۇم بىر ئەۋلىيا كۆمۈلگەن دەپ پەرەز قىلىپ ،كىم ئۇ-

نىڭغا چېقىلسا، شۇ كىشىگە بالايىئاپەت ياغدۇ دەپ قارىشىدىكەن. بۇ-
گۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئەۋلىيالارنىڭ ئىسمى ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ
ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، بىرىزا كىشىلىرى ئەۋلىيانىڭ بۇ ئورۇندا
مەڭگۈلۈك ئۈيقۇغا كەتكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىدىكەن. شامى سوپى ۋە
ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نەسەبنامىگە ئاساسەن، يېقىنقى ئىككى ئەسىر ئى-
چىدە بۇ خىل كونا ئادەت ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ.

رىۋايەتتە ئەۋلىيانىڭ ئىسمىنىڭ يوق بولۇشى رىۋايەتنىڭ ناھايىتى
قەدىمي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى، ئەكسىچە بۇنى ئەۋلىيا مازىرى دەپ
قارايدىغان ئۈچ نەپەر موللامنىڭ ئىسمىنى كەنتتىكى قېرى - ياش ھەممىسى
دېگۈدەك بىلەتتى. يېقىن ئەتراپتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇقەددەس جاينىڭ
بارلىقىنى ھېچكىم دېگۈدەك بىلمەيتتى. سومىيانىڭ ئىسمى ۋە ئورنى جە-
ھەتتىكى روشەن بىردەكلىكنى ئويلىغىنىمدا، كىشىلەر ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن نامسىز قاراۋۇل ئورنىنى بۇددا دىنى دەۋرىدىكى ساموجو بۇددا مۇ-
نارىدىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئىز دەپ قارىدىم. ئەگەر بۇ پەرەز توغرا
بولمىغان بولسا، بىز بۇ يەردىن خوتەندىكى يەرلىك ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ئا-
ساسلىرىنى تاپالىغان بولاتتۇق، چۈنكى ئۇمۇ خۇددى شەرقتىكى باشقا
جايلارغا ئوخشاش بارلىق دىنىي ئېتىقادلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن
كەچۈرۈپ، ئاندىن مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىغان.

بىر كۈنلۈك ئىنچىكىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جۇڭگولۇق سا-
ياھەتچى گاۋسېڭ تىلغا ئالغان يەنە بىر مۇقەددەس خارابە ئىزىنى پۈتۈن-
لەي مۇقىملاشتۇردۇم. شۇەنزاڭ كۆرگەن تىكياپوفونا
( Ti—kia—po—fo—na ) بۇتخانىسى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب قىس-
مىدىن 10 مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئاجايىپ بىر بۇت بىلەن
داڭلىق ئىكەن.

بۇ ئىسىم ئۈستىدە تېخى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. لېكىن،
يۇقىرىدا ئېيتىلغان يۆنىلىشتە ھەقىقەتەن خوتەن رايونىنىڭ ھەر قايسى
جايلىرىدىن كەلگەن ئادەملەر تاۋاپ قىلىدىغان «بوۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قەمبەر » ( Bowa—kambar ) دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس قەبرە بار ئىدى . بۇ مۇقەددەس قەبرە تۆت چاسا شەكىلدە باشقا يەرلىكلەر بىلەن قورشالغان ناھايىتى ئېگىز قەبرە بولۇپ ، ئۇ ئالىيجاناب ئەلى پادىشاھ يا- ساۋۇلىنىڭ قەبرىسى قىلىپ بېكىتىلگەن . قەبرىستانلىق ئەتراپىتىكى تېرىلغۇ يەرلەردىن تەخمىنەن 12 فۇت پەس بولۇپ ، بۇرۇنقى تەكشۈرۈشۈمگە ئا- ساسلانغاندا ، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قەدىمىي ئىدى . بۇ يەردە ئاھالىلەرگە يۈزلىنىپ تۇرغان بىر قىرى دەرەخ ھەم بىر قاتار ياپىلار بولۇپ ، تاۋاپ كۈنى بۇ جايدا ئاۋات بىر بازار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى .

قەبرىستانلىقتىن قايتقان ۋاقتىمدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى ، بولمىسا مەن يەنە كوسادىكى داڭلىق ئىمام مۇسا قاسىمقەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى ئويلىغانىدىم . ئۇ مەن ئۇچاتتىن كەلگەندە ئۆتكەن جاي بولۇپ ، يوتقاننىڭ دەل جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى . ئۇ يەرنى شۈەنزاڭ دەۋ- رىدە داڭق چىقارغان خوتەندىكى ئەڭ دەسلەپكى بۇتخانا ھەم ۋىروچانا ساڭرامى ( Virochana—Sangharama ) بار جاي دەپ پەرەز قىلاتتىم . ئۇنىڭ يوتقان بىلەن بولغان ئارىلىقى 35 مىلدىن كۆپرەك بولۇپ ، شۈ- ەنزاڭ كۆرسەتكەن ئورۇن.پايتەختنىڭ جەنۇبىدىكى 10 مىل يىراقلىقتىكى جايدا ئىدى . لېكىن ،قەدىمىي پايتەختنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بىلمەيتتۇق ، قانداقلا بولمىسۇن ، يوتقاننىڭ دەل جەنۇبىدا بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان باشقا بۇتخانا يوق ئىدى .

11 ـ ئاينىڭ 29 كۈنى ، يوتقاندىن ئايرىلىپ ،خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتىم ، قۇملۇقتا سەپەر قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى . شۇ كۈنى ئاسماننى نېپىز بۇلۇت قاپلىغان سوغۇق سەھەر ۋاقتى بولۇپ ، يۇز بېشى بىلەن خوشلىشىپ يوتقاندىكى چوڭقۇر جىلغىنى بويلاپ غەرب تە- رەپكە ئاتلىق يول ئالدىم . كەنتتىن ئايرىلىپ 2 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، يوتقان جىلغىسى بىلەن قاش جىلغىسىدىكى بۇلاق سۈيى قوشۇلۇپ شە- كىللەندۈرگەن چوڭقۇر دەريا ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ، چوڭقۇر جىلغىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ھالالباغ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدىم . بۇ مەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراتقان كۆپلىگەن قىشلاقلارنىڭ توپلانغان گەۋ-

دىسى بولۇپ ، ئۇنى ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمران بىر-
لەشتۈرگەن ، دەيدىغان رىۋايەت بار ئىدى . كەنتنىڭ مەركىزىگە يېقىنلاش-
قاندا كۆلىمى بىر كۋادرات مىل كېلىدىغان ، ئۈستى قومۇشلار بىلەن يې-
پىلغان « ئايدىڭكۆل » دەپ ئاتىلىدىغان كۆلنى كۆردۈم . كۆپ مىقدار-
دىكى بۇلاق سۈيى كۆلگە قۇيۇلاتتى ، شىمالىي تەرەپتىكى چوققىدا بىر
كىچىك ئېقىن شەكىللەنگەن بولۇپ ، كۆل سۈيى مۇشۇ ئېقىن بىلەن يۇ-
رۇڭقاش دەرياسىغا قۇيۇلاتتى .

ئىسلامبەگ بىلىملىكلىكى ۋە ئىخلاسمەنلىكى بىلەن داڭق چىقارغان
يەرلىك يول باشلىغۇچى ئىبراھىم موللىنى ماڭا تونۇشتۇردى . مەن ئۇنى
زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا ، ئۇ ئاللىقاچان 86 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا
ناھايىتى زېرەك ئىدى . سېمىز بەستىگە يارىشىملىق يېپەك كىيىم كىيگەن
بۇ كىشى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئاسان يېقىنلاشقىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى .
گەرچە ئۇ قۇرئان ئوقۇپ ، مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلسىمۇ ، بىراق
دىندىن خالىي گۈزەل تۇرمۇشنى يەنىلا چۈشىنەتتى . ئىبراھىم موللا خو-
تەندىكى داڭلىق مازارلارنىڭ ھەر قايسى ئىماملىرىغا ئائىت تۈركىي تىل-
دىكى رىۋايەتلەرنى تولۇق بىلەتتى . كېيىن ئۇ ماڭا بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك
ماتېرىياللارنى كۆرسەتتى . ئاخىرىدا ئۇ غەيرىي دىن مۇرىتلىرى خوتەنگە
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ھالالباغدا قالقال چىن ما-
چىن ( Khalkhal—i—chin—u—machin ) شەھىرى مەۋجۇدلۇقىنى ،
رىۋايەتتە بۇنىڭ خوتەندىكى غەيرىي دىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەھىرى دەپ
كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى . بۇ كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن كەڭ
تارقالغان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ، بۈگۈنكى كۆندە ھاسا داڭلىق ما-
زىرىدا ئۇيقۇغا كەتكەن تۆت نەپەر ئىمام ئاشۇ ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلى-
رىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن شەھەر خارابىلىككە ئايلىنىپ كەت-
كەن . قۇم شەھىدان مۇقەددەس جايى كۆلنىڭ غەربىدىكى يېرىم مىل كې-
لىدىغان جايدا بولۇپ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىماملار ئەڭ ئاخىرقى
جەڭدە شېھىت بولغان 360 سادىق ھەمراھى بىلەن بىللە قوشۇپ كۆمۈل-
گەن تۇپراقلىق بولۇپ قالغان .

www.uyghurkitap.com

ئىبراھىم موللىنىڭ ئېيتىشىچە ، 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىت-
لىرىدا ، قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى مىرزا ئابابەكرى بۇ قەدىمكى
خارابىدىكى خەزىنىنى كولىغانىكەن . ئۇ دەريا سۈيىنى بۇ يەرگە باشلاپ
كېلىپ ، ھازىرقى يوتقاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەمگەككە ئوخشاش ئىش-
چىلارنى توپا يۇيۇشقا مەجبۇرلىغان ، قېزىلغاندىن كېيىنكى چوڭقۇر ئو-
رەكلەر ھازىرقى ھالالباغ كۆلىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن . ھازىر بۇ يەردىن
ھېچقانداق قالدۇق نەرسىلەر تېپىلمايتتى ، ھەتتا قەدىمكى رىۋايەتتىكى تا-
رىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ھۆكۈم قىلىشمۇ تەس ئىدى . مىرزا
ئابابەكرىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۇنىڭ جيەنى مىرزا ھەيدەر تۈزگەن
« تارىخى رەشىدى » دېگەن كىتابتا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان . كىتابتا
خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان
خارابىلەر ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك « گۆھەر ئىزدەش » پائالىيەتلىرى ئې-
لىپ بېرىلغان . مەيلى ھالالباغ راستىنلا قېزىلغان بولسۇن ياكى ئۇنىڭ
نامى يەرلىك قەلەمكەشلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئايدىڭكۆلنىڭ مەنبەسىنى
بىرلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولغان بولسۇن ، پەقەت خارابىلىقتىن قالدۇق
بۇيۇملارنى تاپقاندا ياكى تېخىمۇ بۇرۇنقى رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ، ئاندىن
ئېنىق بولغان چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولاتتى . كۆلگە يېقىن بولغان
جەنۇبىي تەرەپتە ئېگىزلىكى 27 فۇت كېلىدىغان ، يەرلىك كىشىلەر
قەدىمكى تامنىڭ قالدۇق ئىزى دەپ قارايدىغان ناغاراخانا
( Nagara—hana ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قاراۋۇل ئورنى بار ئىدى . ئىن-
چىكىلىك بىلەن ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ كېسەك بىلەن
ئادەم كۈچىگە تايىنىپ سېلىنغان قۇرۇلۇش ئىزى بولماي ، تەبىئىي شە-
كىللىنىپ قالغان سېرىق توپا تۆپىلىكى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى .

قەھرىتان قىش پەسلى كېلىش ئالدىدا تۇراتتى . شۇڭا ، مەن
خۇشاللىق بىلەن خوتەندە قىسقا مۇددەت دەم ئېلىپ ، قوملۇقتا يۈرۈش
قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىدىم . توختىئاخۇن شەھەر
سىرتىدىكى تۇرالغۇسىنى بىزگە بەردى . ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ ، لې-
كىن ئىسسىق ھەم ئازادە ئىدى . مەن ئالدىراشلىق بىلەن ياۋروپاغا ماڭدۇ-

رىدىغان جۇغراپىيە ۋە ئارخېئولوگىيىگە دائىر ماتېرىياللارنى يېزىشقا كىرىشتىم ھەم ئىنچىكىلىك بىلەن يۈك - تاقلارنى رەتلەپ تېڭىپ، تۆگىلەرنىڭ يۈكىنى ئامال بار يېنىكلىتىشكە تىرىشتىم، چۈنكى بىز قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈشتە پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تايىناتتۇق. ھازىرچە جىددىي زۆرۈر بولمىغان يېمەكلىك ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ۋاقىتلىق ئامبارغا قويۇپ، ئافغانىستانلىق مۆتىۋەر بەدرىددىننىڭ خەۋەر ئېلىشىغا ھاۋالە قىلدۇق. بۇنداق چىقىرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى ئايرىپ چىقىش ئىشى ئاسان ئەمەس ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىشىمنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. ئېنىقكى، بىز بۇ قاقاس قۇملۇقتا قەھرىتان قىشنى ئۆتكۈزىمىز، ئەگەر زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەر ۋە قورال - جابدۇقلار كەم بولسا، سالامەتلىكىمىزگە زور تەسىر كۆرسىتەتتى ھەم خىزمىتىمىزنى چەكلەپ قوياتتى. شۇڭا، ترانسپورت ۋە لازىمەتلىكلەرنى كۆپ مىقداردا زاپاس ئېلىۋېلىپ، خوتەندىن ئايرىلىپ، ئەسلى مۆلچەرىمىزدىنمۇ يىراق بولغان جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون يەتتىنچى باب

# دەندان ئۆيلۈك خارابىسگە سەپەر

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ، تۇمانلىق تۇتۇق هاۋا ۋە قەھرتان سوغۇقتا قارىماي قۇملۇققا يوق ئالدۇق . كۆزلىگەن نىشانىمىز دەندان ئۆيلۈك بولۇپ ، بۇ مەن ئالدى بىلەن تەكشۈرۈشنى قارار قىلغان قەدىمىي خارابە ئىدى . ئۇ يەرگە بېرىشتا تەۋەككۇل يولىدىن مېڭىشنى تاللىۋالدىم . گەرچە بۇ يول « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر »دىن بولمىش يول باشلىغۇچىم دائىم ماڭىدىغان خوتەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇققا بىۋاستە كىرىدىغان يولدىن يىراق بولسىمۇ ، لېكىن قۇملۇق ئىچىدىكى سەپەرنى قىسقارتىپ ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ئىقتىساد قىلغىلى بولاتتى . بىرىنچى كۈنى خوتەن شەھىرى سىرتىدىكى تېرىلغۇ رايونلارنىڭ چېتىگە جايلاشقان يېڭىئېرىققا يېتىپ كەلدۇق . كېيىنكى ئىككى كۈندە بىز يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى قاقاسلىقنى بويلاپ بىر بۆلەك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۇق . بۇ يەردە غەربىي تەرەپكە جايلاشقان قۇم دۆڭلىرى ۋە قۇرۇپ قالغان دەرياغا يېقىن جايدىكى ئۇزۇن قۇمۇشلاردىن باشقا هېچ نەرسە يوق ئىدى .

ئۈچىنچى كۈنى دەريادىن ئۆتۈپ ، تەۋەككۇل بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا قاراڭغۇ چۈشتى . بۇ بوستانلىق بۇنىڭدىن 60 يىل ئاۋۋال جەنۇب تەرەپتىكى نەچچە مىل يىراقلىقتىكى جايدىن بۇ يەرگە بىر ئۆستەڭ كولىنىپ سۇ باشلاش ئارقىلىق شەكىللىنىپ ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا نەچچە مىڭ ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان ئاۋات جايغا ئايلاندۇرۇلغانىكەن . يەن دارىن ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويغانلىقتىن ، بوستانلىقتىكى بەگ ئۆزى ھەم ھەمراھلىرى بىلەن يول بويىدا قاتار تىزىلىپ

بىزنى قارشى ئېلىشقا چىققانىكەن. داغدۇغىلىق رەسىم ـ قائىدىلەر ئىچىدە بىز ئەڭ جەنۇبىي تەرەپتىكى كىچىك كەنتكە كەلدۇق. دۆۋە ـ دۆۋە گۈلخانىلار يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئومۇمەن دېگۈدەك ياغاچ ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، چوڭ قۇملۇق ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان خوتەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئورمان بەلبېغى بۇ چەت جايدىكى ئاھالىلەر رايونىنى يېتەرلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيتتى.

ئەتىسى، چېدىرىمنى شىمال تەرەپتىن 6 مىل كېلىدىغان جايغا جايلاشقان ئاتىبىشى كەنتىنىڭ تۇرالغۇسىغا يۆتكەپ كەلدىم. بۇ يەردە ماڭا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەمگەكچىلەرنى ياخشى تەشكىللىگىلى ھەم تەمىناتنى تەييارلىغىلى بولاتتى. ئالدىنقى قىسىمدا بىز خوتەننىڭ كونا تېرىقچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلەپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدۇق. بۇ ئانچە كونا بولمىغان بوستانلىقتىكى بارلىق يوللار ۋە قاقاسلىقلارنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ يۈزىدىن 1 فۇتتىن كۆپرەك تۆۋەن ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. بۇ يەر سۇغىرىلىش ۋاقتى ۋە لاي ـ لاتقىلارنىڭ تىنىش ۋاقتىنىڭ ئانچە ئۇزۇن بولمىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرەتتى، شۇڭا ئېتىزلارنىڭ يۈزى دېگەندەك يۇقىرىلاپ كەتمىگەنىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يېڭىدىن ئۆستەڭ قېزىش ئۇسۇلى بىلەن بۇ ئاھالىلەر رايونىنىڭ دائىرىسى قاقاسلىقىچە ئۇزارتىلىدىكەن. باھار، ياز پەسىللىرىدىكى يېتەرلىك دەريا سۈيى بىلەن بۈگۈنكى پەس قۇم بارخانلىرىنى ئۈنۈملۈك تۇپراققا ئايلاندۇرغىلى بولىدىكەن. لېكىن، بۇ يەردە تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاش تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچى ھەمدە چوڭ كۆلەملىك سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرىدىغان قابىل مەمۇرىي ئورگانمۇ كەملىك قىلاتتى.

يەن دارىنغا كۆپ رەھمەت، چۈنكى ئۇ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرگەچكە، مەن ئاتىبىشىدا قىلماقچى بولغان خىزمىتىم ئۈچۈن 30 كولاش ئىشچىسىنى تەشكىللىيەلىدىم ھەم تۆت ھەپتىلىك ئوزۇقلۇق غەملىيەلىدىم. گەرچە ئۇلارغا تېخنىكىسىز ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشىدىن ئىككى

ھەسسە ئارتۇق، يەنى سوتكىسىغا بىر يېرىم تەڭگە ھەق بەرسەممۇ، لېكىن خۇراپىيلارچە قورقۇش كەيپىياتى ھەم سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن ئۇلارنىڭ قۇملۇققا كىرىشى تەبىئىي بولماي، بەلكى مەجبۇرىي ئاساستا بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئامبالنىڭ نوپۇزىغا قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەۋەككۇللۇق ئىككى ئۇۋچى ئەخمەت مەرگەن بىلەن قاسىمئاخۇنلار ئۇلارغا مەدەت بەردى.

خوتەندىن تارتىپلا بۇ ئىككى ئۇۋچى ماڭا يول باشلىغۇچى بولغانىدى، كېيىن مەن ئۇلارنىڭ ئىشلەمچىلەرنى باشقۇرۇش ئىشىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار ھەقىقەتەن ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولۇپ، قاقاس قۇملۇق ئىچىدىكى ھەم دەريا بويىدىكى چاتقاللار ئارىسىدىكى جاپالىق سەرسان تۇرمۇشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەتتە كەنت كىشىلىرىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇلار بۇ پەسىلدە سەپەر قىلغاندا، قۇم ـ بورىنىنىڭ خەتىرىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى، يەنە توڭلۇز ئىسسىقتا چاڭقاپ ـ قاغجىراپ كېتىشتەك جاپالارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەمچىلەرنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. مەن تېپىپ كەلگەن ئادەملەر ئىچىدىن قەددى ـ قامەتلىكلىرىنى تاللاپ چىقتىم ھەم ھەر قايسى كەنتلەرنىڭ كەنت باشلىقلىرىغا يول ئۇچۇن تۆت ھەپتىلىك كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى تەييارلاتقۇزدۇم. مەرتىلىك بىلەن ئىشتىن ئاۋۋال ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى شەخسەن ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدىم. قۇملۇققا كىرگەندىن كېيىن، خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن، ئىشچىلىرىم گەرچە يۇقىرى سۆزلىشىش سەۋىيىسىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن خەتنى ئوچۇق يازالايدىغان، ئىسلام دىنى مەكتىپىدە تۈركچە يېزىقنى ئۆگەنگەن ياش دېھقان، يەنە ئىشتىن سىرت تىككۇچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان تىككۇچى، ئىگەرلەرنى رېمونت قىلالايدىغان ئۇستا موزدۇز قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. ھەممە ئادەم قۇملۇقتا كولاش ئېلىپ بې-

رىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىلغار قوراللاردىن كەتمەن ۋە پۈتۈن شىنجاڭدا
قوللىنىلىدىغان تۆمۈردىن ياسالغان بىر خىل ئوتىغۇچ ئېلىۋېلىشى كېرەك
ئىدى. قەشقەردىن گېرمانىيىدە ياسالغان بىر قىسىم پولات گۈرجەك ئالغاچ
كەلگەنىدىم. لېكىن، بۇ گۈرجەكنىڭ يەر ئاستىدىكى بۇيۇملارنى بۇزۇۋې-
تىش مۇمكىنچىلىكى بولغاچقا، يەرلىك كىشىلەر ئىشلىتىدىغان كەتمەننىڭ
ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

كىشىلەرنىڭ ئۇزۇقلۇقى، قورال ۋە باشقا جابدۇقلارنى توشۇشقا،
مەن كىراقىلغان تۆگىلەر يېتىشمىدى، شۇڭا يەنە 12 ئېشەك كىرا قىلدىم،
چۈنكى ئېشەكلەرگە ئوت ـ چۆپ ۋە بوغۇز ئاز كېتەتتى. تۆگىلەرگە پە-
قەت مەلۇم مىقداردا قىچا يېغى بېرىلىسىلا، يولدا ئۇلارغا ھېچقانداق بوغۇز
بەرمىسىمۇ بولاتتى، ھەتتا نەچچە كۈن سۇ بەرمەي، ھەر كۈنى ھەربىر
تۆگىگە يېرىم قاداق پۇراقلىق قىچا يېغى بېرىپ، جاپالىق قۇملۇق سەپە-
رىدە ئۇلارنىڭ چىدامچانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا بولاتتى. يۈك ئاتلىرىغا
قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەندە بېرىدىغان سۇ يوق ھەم بوغۇز كەمچىل بول-
غانلىقتىن، ئامالسىز ئۇلارنى خوتەنگە قايتۇرۇپ، تەرجىمان نىيازنىڭ
خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇردۇق. ماڭا ئەگەشكەن كىشىلەر قۇملۇقتا ماڭا
ئوخشاش پىيادە ماڭىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى،
ئۇلارنىڭ بۇ كەيپىياتى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك ئىدى.

قەھرىتان سوغۇق يېتىپ كەلدى، تۆرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى
ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تەۋەككۇلدا بىر كۈن تۇرۇپ قالغىنىمغا ناھايىتى
خۇشال بولدۇم، بۇ مېنىڭ بىر قەدەر ئازادە مۇھىتتا ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئا-
خىرقى كۈنۈم ئىدى. بۇ ئارىلىقتا بىر يەرلىك ساتىراشقا بىر ئاغرىق چى-
شىمنى تارتقۇزۇۋەتمەكچى بولدۇم، نەتىجىدە پاجىئەگە يولۇقتۇم. بۇ
داڭلىق ئۇستام بىكار ئاۋارە بولۇپ، ئەڭ ئىپتىدائىي قايچا بىلەن مېنى بىر
ھازا قىينىدى، ئۆزىمۇ ھەم جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئېھتىمال، ئۇ ئۆ-
زىنىڭ ئىككى قولى ۋە سايمانلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولسا
كېرەك، ئاخىر مەندىن بۇنداق قىلىۋەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇ-
نىڭغا قاراپ تۇرۇۋالغاچقىمىكىن، ئۇ ئوپېراتسىيىدىن ئىلگىرى سايمانلىرىنى

www.uyghurkitap.com

سوپۇن ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇدى .

ئاخىر 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ، تۆگىلەرگە يې- ڭىدىن يۈك ـ تاقلار تېڭىلىپ ، ئىشچىلارمۇ يىغىلىپ بولدى . تەۋەككۇل- دىكى يېرىم ئاھالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىزنى ئۇزىتىش ئۈچۈن چىققا- نىدى . ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ چىققان كىشىلەر بىزگە ئەگىشىپ ، تاكى شىمالىي تەرەپنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كەنتكىچە باردى . تېرىلغۇ جايلار تۈگەپ دەريا بويىدىكى چاتقاللىقلار ئۆسكەن پەس قۇم بارخانلىرى توپىغا كەلگەندە ، ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق بۈركۈتىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن كۆتۈرۈۋالغان ، بىزنى ئۇزىتىپ چىققان تەۋەككۇل بېگى بىلەن ئۇنىڭ قەددى ـ قامەتلىك ئىككى ھەمراسى بىز بىلەن خوشلاشقاندا ، مەن ئۇنىڭغا بىر نەچچە تال ئون رۇبلىلىق رۇسىيە تىللا- سىنى سوۋغات ھەم بىزگە قىلغان ياردىمىنىڭ ھەققى سۈپىتىدە بەردىم . ئۇ قۇملۇقتىكى ۋاقتىمىزدا بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىغا كېپىللىك بەردى . بىرىنچى بۆلەك يول ناھايىتى قىسقا بولۇپ ، دەريا بويىدىكى بىر قويچىنىڭ قومۇشلۇق كەمىسىگە باردۇق . يول باشلىغۇچىنىڭ كۆرسەت- مىسى بويىچە شەرققە مېڭىپ قۇملۇققا كىرىشتىن ئىلگىرى ، كەچتە يەنە ھايۋانلارنى قانغۇچە سۇغاردۇق . ئەتىسى سەھەردە بىز غەرب تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ئۇزاق ئۆتمەي ، ئىككى كۈن ئىلگىرى مەن يول باشلىغۇچى قاسىمنىڭ باشچىلىقىدا ئەۋەتكەن ئالدىن يۈرەر كىچىك ئەترەتنىڭ ئىزىنى بايقىدۇق ، مەن ئۇنىڭغا ھەربىر قونالغۇ قىلىنىشقا ماس كېلىدىغان جايدا ئو- رەك كولاپ قويۇش ھەم دەندان ئۆيلۈك خارابىسىغا بارغاندىن كېيىن يەنە ئىلگىرىلەپ كېرىيە دەرياسىغا بېرىپ ، شۇ يەردە رام سىڭ ھەم مەن بىلەن ئۇچرىشىش كېرەكلىكى توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەنىدىم .

دەسلەپكى ئىككى كۈندە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىمىز گەرچە ئېگىز- لىكى پەقەت 6 ~ 10 فۇت كېلىدىغان پاكار قۇم دۆڭلىرى بولسىمۇ ، لېكىن ئاقار قۇمدىكى ئىلگىرىلىشىمىز ناھايىتى ئاستا بولدى . ئادەم ۋە ھايۋانلار- نىڭ پۇتلىرى چوڭقۇر ، ئۇششاق قۇملار ئارىسىغا پېتىپ كېتەتتى . يۈكى ئېغىر تۆگىلەر بىر سائەتتە ئاران 1.25 مىل ئىلگىرىلىيەلەيتتى . ئوت ـ

چۆپ ۋە ئېچىملىك كەمچىل بولغانلىقتىن ، ئادەم ۋە ھايۋانلار ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كەتسە بولمايتتى . شۇڭا ، مەن ھەر كۈنلۈك ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ تۈز لىنىيىلىك ئارىلىقىنىڭ 9 ~ 10 مىلدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . بىرىنچى بۆلەك يولدا يۇلغۇن ۋە قومۇشلۇقلار خېلى كۆپ ئىدى ، ئىككىنچى بۆلەك سەپىرىمىزدە ھېچنېمە ئۇچرىمىدى ، ھايات توغراقلارمۇ بايقالغانىدى . تاقىر قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىقىدا زىچ يۇلغۇنلار قاپلىغان يۇمىلاق شەكىللىك دۆۋىلەر كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . قۇرۇپ قالغان يۇلغۇن يىلتىزلىرى ناھايىتى ياخشى يېقىلغۇ ئىدى . بۇ كىچىك دۆۋىلەرنىڭ يېنىدا شامالنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن ، ئويۇلۇپ كەتكەن سېرىق توپا ئازگاللىرى ئۇچراپ تۇراتتى . بۇ سېرىق توپا ئازگاللىرى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستۈنكى يۈزىدىن ئەڭ ئاز دېگەندە 10 ~ 15 فۇت پەس بولۇپ ، سۇ يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يېقىن بولغان تەبىئىي جاي ئىدى . بۇ تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئاساسلىنىپ ، قاسىم باشچىلىقىدىكى ئالدىن يۈرەر كىچىك ئەترەت قۇرۇقلارنى كولاپ قويغانىدى ، بىزمۇ شۇ يەرلەردە چېدىر تىكىشنى تاللىۋالدۇق . قۇدۇقنىڭ سۇ چىقىش چوڭقۇرلۇقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 ~ 7 فۇت ئارىلىقىدا بولۇپ ، ئەڭ دەسلەپ ئىككى بارگاھ قۇرغان جاينىڭ سۈيى ناھايىتى تۇزلۇق ھەم ئاچچىق ئىكەن ، پەقەت ئادەملەر يۈز ـ قولىنى يۇيۇشقىلا بولاتتى . بىز ئىلگىرىلەپ خوتەن بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز يىراقلاشقانسېرى ، سۇمۇ تاتلىقلىششقا باشلىدى . تەكشۈرۈلگەن بۇ ئەھۋاللارغا نىسبەتەن گېئولوگلارنىڭ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك چۈشەنچە بېرەلەيدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن . يول باشلىغۇچىم بۇ ئەھۋالنىڭ تەكلىماكاندا ئومۇميۈزلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن . دوكتور سۋېن ھېدىنمۇ بۇ نۇقتىغا خېلى بۇرۇن دىققەت قىلغانىدى . قۇدۇق سۇلىرى ئېنىقكى بىزنىڭ بۇنداق چوڭ قوشۇنىمىزنى تەمىنلەشكە يەتمەيتتى . ئاخشىمى يەرلەر توڭلىغاندا قۇدۇق سۈيى يوقاپ كېتەتتى . شۇڭا ، مەن ئاخشىمى سۇ ئىزدەشكە نۆۋەت بىلەن ئادەم ئەۋەتتىم ھەم سۇنى تۆمۈر ساندۇقىمىزدا ساقلاپ مۇز توڭلىغاندىن كېيىن ، ئەتىسى ئىشلەتتىم .

www.uyghurkitap.com

قاقاس قۇملۇقتىكى قىش كۈنلىرى ناھايىتى سوغۇق ئىدى ، كۈندۈزى يول ماڭغاندا زارلانمىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى . سوغۇق يەر ئاستىدىكى تېمپېراتۇرا گەرچە مۇز توڭلاش نۇقتىسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ ، لېكىن ھاۋا ئۇچۇق بولۇپ ، ھېچقانداق جانلىقلاردىن ئەسەر يوق ، جىمجىت ئىدى . كەچ كىرگەندە تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 0 ~ 10 گرادۇسقىچە بولاتتى ، مېنىڭ كابۇل كىچىك چېدىرىم قىلىن بولسىمۇ ، لېكىن چېدىر ئىچى يەنىلا قاتتىق سوغۇق ئىدى . ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەپلىك بولغان ئەنگلىيە پاسونىدىكى پارچىلانغان ئوتۇنلارنى قالساقمۇ، ئىسسىقلىق تايىنلىقلا بولغاچقا، ئۈستۈمدىكى ئېغىر قىشلىق كىيىملىرىمنى ، يەنى جۇۋام بىلەن ئۆتۈكۈمنى سېلىشقا پېتىنالمىدىم . ھازىرقى بۇ كىيىملىرىمنى كىيىپ ، ئۇزۇن قويۇلغان ساقاللىرىم بىلەن ياۋروپادىكى ئەڭ يېقىن دوستۇم بىلەن كۆرۈشسەم ، ئۇلار مېنى تونۇيالمايتتى . تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ فارېنگېيت 6 گرادۇس بولۇپ قالغان چېدىر ئىچىدە پەقەت كارىۋاتقا چىقىپ ، قىلىن يۇڭ ئەدىيال ۋە كىچىك گىلەمنى يېپىنىپ ياتماقتىن باشقا ، كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشقا زادى ئامال يوق ئىدى .

ئاخشىمى باشنى ئىسسىق تۇتۇش ھەم راۋان نەپەس ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلماسلىق كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ ، لېكىن قاقاس قۇملۇقتىكى سەپەر دەسلەپتىلا بۇ ئىشقا دۇچ كەلدۇق . مەشۇت يىپ بىلەن توقۇلغان شېتلاند ( Shetland ) بۆكىنى كىيگەندە يۈز كۆرۈنمەيتتى . پەقەت كەشمىرنىڭ ئىچىدە يۇڭى بار بالاكلاۋا ( Blaclava ) بۆكىنى كىيىپ ، ئۇنىڭ قۇلاق ياپقۇچى بىلەن قاسقىنىنى تارتىۋەتكەندە ، ئاندىن باشنىڭ بۇرۇن ۋە يۈزدىن باشقا ھەممە يېرىنى قوغدىغىلى بولاتتى . بىراق ، مۇنداق قىلغاندا يەنىلا ئاراملىق يوق ئىدى ، يەنى نەپەسلەنگەندە چىققان تىنىق ساقال ـ بۇرۇتلاردا مۇز بولۇپ قېتىپ قىلىپ كىشىنى بىئارام قىلاتتى ، ئاخىر بولماي بېشىمنى جۇۋا بىلەن ئوراپ جۇۋىنىڭ يېڭىدىن نەپەس ئالدىم . باشقىلارمۇ قاقاس قۇملۇقتا تۇنجى قېتىم قونغاندا ئۆز ئالدىغا سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۇسۇللىرىنى ئىزدەيتتى . تەۋەككۇلدا بىر قېتىم ئازابلاپ ھەم قىيناپ تارتىۋېتىلمىگەن چىـ

شىم ئاخشىمى يەنە ئاغرىپ مېنى تولىمۇ بىئارام قىلدى . پەقەت ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىشلەتكەندىلا ئاندىن ئارام تاپاتتىم ، لېكىن ئاغرىق توختىتىش دورىسى تېمىتقاندا سۇ بولمىسا بولمايتتى ، شۇڭا ئاليۇمىن ئىستاكانغا بىر پارچە مۇز سېلىپ ئېرىتىش كېرەك ئىدى .

قۇملۇققا كىرگەندىن كېيىنكى تۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى قۇرۇپ قالغان يۇلغۇنلار بىلەن قاپلانغان قاقاس قۇم ئارىسىغا چېدىر تىكىۋاتقان چېغىمىزدا ، ئالدىن يۈرگۈچى ئەترەتنىڭ ئىككى ئادىمى قايتىپ كېلىپ ، قاسىمئاخۇننىڭ مەن بارىدىغان خارابىنى تاپالمىغانلىقىنى دوكلات قىلدى . ئەمدى ئۇمۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان تۇردىنىڭ قۇملۇقتىكى قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدىغان نۆۋىتى كەلگەنىدى . ئۇ ئۆمرىدە بىرلا قېتىم مۇشۇ يۆنىلىش بىلەن دەندان ئۆيلۈككە بارغانىكەن .ئۇ كەسپىي جەھەتتە قابىل بولسىمۇ ، قائىدە ـ يوسۇن يۈزىسىدىنمۇ ياكى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدىنمۇ ، سەپەر جەريانىدا ئىزچىل تۈردە تەۋەككۇللۇق ئىككى ئۇۋچىنىڭ پىكرىگە قارشى پىكىردە بولمىدى .

بىز ئادەتتىكىدەك غەربىي شىمال ـــ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدىكى بىرنەچچە قۇم داۋىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، قاش قارايغان ۋاقىتتا قېلىن قۇمغا كۆمۈلگەن قۇرۇق دەرەخلىك بەلباغقا كەلدۇق . بۇ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ ، تۇردى ۋە باشقىلار ئۇلارنىڭ تېرەك ، سۆگەت ۋە باشقا دەرەخلەر ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى . ئېنىق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ، بىز ئالىلىقاچان قەدىمكى تېرىلغۇ رايونىغا كەلگەنىدۇق . بىز شەرقىي شىمالغا يەنە بىر يېرىم مىل مېڭىپ ، قۇپقۇرۇق سېرىق توپىلىق جايغا كەلدۇق . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى قۇرۇپ قالغان دەريا قىنىغا ئوخشايتتى .بىز ئويمانلىقتىكى بىر يانتۇ تۆپىلىك ئاستىدىن ئوگۇشلۇق ھالدا بىر قۇدۇق قازدۇق . بۇنىڭ بىلەن ، قاراڭغۇدا تۇردى بىلىدىغان خارابىلىق يېنىدىن سۇ ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى . ئەتىسى ، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە ، بىر « داۋان »نى ئېشىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، تۇردى بىزنى ھېلىقى سۇ بار جايغا باشلاپ كەلدى . يەنە ئالدىمىزغا ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن ، ئۆزۈمنى دەندان ئۆيلۈك

خارابىسىنىڭ قالدۇق تاملىرى ئارىسىدا كۆردۈم .
پاكار قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كۆلىمى چوڭ بولمىغان ، ئەمما كۆرۈنۈشى ناھايىتى قەدىمىي بولغان قۇرۇلۇش ئىزلىرى تارقالغانىدى . دا- ئىرىسىنى ئۆلچىگەنىدە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مىل ، شەرق بىلەن غەربىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.75 مىل كېلەتتى . قۇم ئۇچۇرۇپ كەتكەن جايدىكى ئېچىلىپ قالغان ئۇزۇك تاملار ئۇستىدىكى ياغاچ جا- زىلارنىڭ ھەممىسى لاي بىلەن سۇۋالغان بولۇپ ، ئۈزۈك تاملارنىڭ ھەم- مىسىنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە فۇتلا كېلەتتى . بىر قىسىم پاكار قۇم بارخان- لىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان خارابىلەر يەنىلا قۇم ئۇستىدىكى قاتار ياغاچ تۈۋ- رۈكلەردىن ئايرىلىپ چىقىپ تۇراتتى . ئېچىلىپ قالغان خارابىلەرنىڭ ھەممىسىدە « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ كولىغان ئىزلىرى بولۇپ ، كولاش جەريانىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىزلىرىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دەسلەپكى قەدەمدە يۈزەكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلار- نىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەخمىنىي يىل دەۋرىنى توغرا ئېنىقلاپ چىقتۇق . كۆلىمى چوڭراق بولغان بىر نەچچە ئېغىز ئۆيدىكى زىننەتلەنگەن ، ئەمما ئىزى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن بۇت ۋە بۇددىساتۋانى تونۇپ چىقىش قىيىن ئەمەس ئىدى . بۇ بۇ جاينىڭ بۇتخانا خارابىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . تام رەسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، بۇ بۇتخانىدىكى ئۆيلەرنىڭ تاشلىنىپ قالغان دەۋرى ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى نەچچە ئەسىر بولۇپ ، بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى كېيىن يىللىرى (713 — 741 - يىللىرى ) يا- سالغان جۇڭگونىڭ مىتال پۇللىرى ئىسپاتلايدۇ . بۇ مىتال پۇلنى بۇ يەرگە كەلگەن بىرىنچى كۈنى بۇ ئۆيلەر ئەتراپىغا يېيىقلىق پارچە - پۇرات نەر- سىلەر ئارىسىدىن تېپىۋالغانىدىم .
بۇ قاقاس مۇھىت تۇردىغا نىسبەتەن خۇددى ئۆز ئۆيىگە ئوخشاش بولۇپ ، ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا دائىم بۇ قاقاس قۇملارنى زى- يارەت قىلغانىدى . بۇ يەرنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە بايلىققا ئېرىشىش خىيالى ئۇنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى كەينى - كەينىدىن بۇ يەرگە جەلپ

قىلغانىدى . گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ جاپالىق سەپەردىن ئېرىشكىنى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ ، بىراق ئۇ بۇ جىمجىت قەدىمىي خارابە بىلەن ناھايىتى پىششىق تونۇشاتتى ، ئۇ يەنە بۇ يەردىكى بارلىق ھاياتلىق ئىزلىرىغا ناھايىتى قىزىقاتتى . مېنى بۇ تاشلاندۇق خارابىگە ئېلىپ كەلگەن ۋاقتىدا ، مەن ئۇنىڭ تەكشۈرۈشتە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سورىغىنىمدا ، بۇ ئۇيات-چان بوۋاي بارغانسېرى ئېتىكلىشىپ كەتتى . ئۇ سۆزلەۋېتىپ بۇ خارابە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ كۆپ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى . شۇڭا، تۇردى ئۆزى ۋە تۇغقانلىرى بۇرۇن زىيارەت قىلغان بۇ جا-يىنى ناھايىتى ئاسانلا تونۇۋالغانىدى .

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، قۇم ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن قۇرۇلۇشلار تولۇق قېزىلمىغانىدى . شۇڭا ، ئالدى بىلەن بۇ جايىنى قېزىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى . تۇردىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇنداق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ۋە يەر شەكلىنى پىششىق بىلىشتەك تالانتىغا رەھمەت ئېيتىم . ئۇ ھېچقانداق قىينالمايلا بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى . دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئاساسلىق خارابىنى تەكشۈرۈشكە ئاسانراق بارغىلى بولىدىغان جايىنى چۈشكۈن قىلىپ تاللىدىم . ئامال بار ئىشچىلارنىڭ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەندىكى ھېرىش - چارچىشىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ بېرىش كېرەك ئىدى . تېخىمۇ مۇھىمى چۈشكەنگە يېتەرلىك يېقىلغۇ بولۇشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ، مەن بۇ يەرنى ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشقا تاللىدىم . يۇك - تاقلارنى مۇۋاپىق جايغا چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئەخمەت مەرگەن باشچىلىقىدىكى تۆگىلەر كارۋىنىنى بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا جايلاشقان شەرقتىكى كېرىيىگە ئەۋەتتىم . ئۇ يەردىكى دەريانى بويلىغان ئورمانزارلىقتىن تۆگىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوت - چۆپلەرنى تاپقىلى بولاتتى ھەم بۇ ئوت - چۆپلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ ، كېيىنكى سەپەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋالغىلى بولاتتى . ئوت - چۆپ كەمچىل بولغاچقا ، كىشىلەر ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇقلارنى توشۇيدىغان ئېشەكلەرمۇ تەۋەككۈلغا قايتۇرۇلۇپ ، ئىككى دېھقانىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇرۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب

# بوتخانىنى قېزىش

12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سەھەردە قېزىش خىزمىتىم باشلاندى، چېدىرىمغا يېقىن بولغان جەنۇب تەرەپتىكى چاسا شەكىللىك بىر ئېغىز كىچىك خارابىنى تازىلىدۇق. تۇردى بۇنىڭ بىر بۇت ئوردىسى ياكى «بوتخانا» ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەم ئىلگىرى بىر قېتىم ئاختۇرغانلىقى ئېنىق يادىدا ئىدى. گەرچە بۇ يەرنى 2 ~ 3 فۇت قېلىنلىقتىكى قۇم قۆمۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر ئەزەلدىن قوزغىتىلىپ باقمىغانىدى. ئۆينىڭ ئۇلى ۋە باشقا جايلىرىنى تازىلاپ پاكىزلىغاندىن كېيىنلا، مەن بۇتخانىنىڭ ئادەتتىكى قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلۈشى ھەققىدە دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە بولالايتتىم. شۇڭا، بۇ نۇقتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەي، خارابە تاملىرى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. شىمالىي ۋە غەربىي تەرەپتىكى تازىلانغان قالدۇق تاملار بۇنىڭ بىر چاسا شەكىللىك ئىچكى قەسىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇنىڭ تۆت ئەتراپى تەخمىنەن 20 فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى قورۇق تام بىلەن قورشىلىپ بىر كارىدور ياكى دالان شەكىللەندۈرگەنىدى. ئىچكى ـ تاشقى تاملارنىڭ ھەممىسى ياغاچ ۋە قومۇشلاردىن تۈزۈلگەن قېلىپقا ھاك لېيى سۇۋىلىپ ياسالغان ھەم تەگلىكىگە توم ياغاچتىن چاسا تۈۋرۈك قويۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلغانىدى.

قۇملار قاپلاپ تۇرغان ئىچكى قەسىر ئىچىدىن ئونتەك لاي بېزەك پارچىلىرى قېزىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، مەن ئۆرۈلۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان بېزەلگەن ئىچكى قەسىر تاملىرىدىكى ئاشۇ قاپارتما نەقىشنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمىدىم. بۇ قاپارتما نەقىشلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ناھايىتى مۇكەممەل زىننەت پارچىسى ئىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلغان

قۇرۇلۇش زىننەت رەسىملىرى ئارىسىدا تامنىڭ ئاستى قىسمىغا قىستۇرۇلغان بۇت قاپارتما نەقىشلىرى بار ئىدى . رەسىمدىكى بۇتلارنىڭ قىياپىتى قول كۆتۈرۈپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ياكى يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتـقان ھالەتلەردە بولۇپ ، باشقا قاپارتما نەقىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇتقا ھۆرـمەت بىلدۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار ئىدى . مەسىلەن ، نىلۇپەر ئورۇنـدۇقتا گۈل چەمبىرەك ئاسقان سالاپەتلىك ئايال ئېھتىـمال گاندارۋى ( Gandharvi ) ئىلاھى بولۇشى مۇمكىن . بۇنداق دائىم كۆرۈلىدىغان سەنئەت بۇيۇمى ، ئېنىقكى بىر قاتار قېلىپتىن چىققان بوـلۇپ ، شۈبھىسىزكى كلاسسىك سەنئەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تەرەققىي قىلغان ھىندىستان بۇددىزم سەنئەت ئۇسلۇبى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . بۇلار مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى . بۇ قاپارتما نەقىشلەرنىڭ ئەسلىدىكى ساپ رەڭلىرى ناھايىتى ئېنىق ھەم ياخشى ساقلانغان بولۇپ ، بۇلار مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى . ئۆينىڭ تورۇسلىرى ۋە لىملىرىغا بۇددا ئىلاھىنىڭ نەپىس رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن ،رەڭلىرى ئوچۇق ساقلانغانىدى . بۇمۇ قۇمنىڭ ئىشەنچلىك قوغداش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى .

بۇ يالغۇز كىچىك بۇتخانىنى قېزىش ئارقىلىق ، ياۋروپاغا توشۇپ كېتىشكە بولىدىغان ، ئۈستىگە كۈل رەڭ لاي سۇۋالغان قاپارتما تام رەـسىملىرىدىن 150 پارچىدەككە ئېرىشىپلا قالماي ، يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر كۆمۈلگەن خارابىلەر ئۈستىدىن سىستېمىلىق قېزىش ئېلىپ بېرىشىمغىمۇ ئاساس سېلىۋالدىم . شۇڭا ، ئەتىسى قېزىش خىزمىتىمنى بىر چوڭ يانتۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن 6 ~ 8 فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى كىچىك قۇرۇلۇش تېپىشقا قاراتتىم . بۇ يەر بارگاھنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە يېرىم مىل كېلىدىغان جايدا بولۇپ ، گەرچە قۇم ئۈستىدىن ئۆزۈلۈپ كەتكەن ياغاچ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇچىنىلا كۆرگىلى بولسىمۇ ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ قۇرۇلـمىسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە توغرا ھۆكۈم قىلالايتتىم . تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، بۇ ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ بۇتخانا ئىچكى سارىيىنىڭ تېمى ئىچىدىكى تۈۋرۈك ئىكەنلىكى بايقالدى . تام كۆپ مىقداردىكى تام رەسىملىرى ۋە كۈل رەڭ لاي سۇۋالغان ئىلاھ رەسىملىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى .

www.uyghurkitap.com

بۇ خارابىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىكى ۋە زىننەتلىرى بىز قازغان باشقا خارابە بىلەن ئوخشاش ئىدى ، مەن بۇ يەردە ئۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن . سەل چوڭراق بولغان بۇددا سارىيى 10 كۋادرات فۇت بولۇپ ، ئىشىك شىمال تەرەپكە ئېچىلغان ، تام ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن رامكىلانغان ، ئىككى تەرىپى قاتتىق كۆل رەڭ لاي سۇۋىلىپ تەكشىلەنگەن بولۇپ ، قېلىنلىقى ئالتە يېرىم ديۇيم كېلەتتى . بۇ سارايىنىڭ تۆت ئەتراپى كەڭلىكى 4.5 فۇت كېلىدىغان كارىدور بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى ، سىرتقى تام ئوخشاش ماتېرىيالدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ كارىدور كىشىلەرنىڭ مۇراسىم ئېلىپ بېرىشىغا ئىشلىتىلەتتى . شىمالىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھىندىستان بۇتخانىلىرىدىكى ئەنئەنىۋى شەكىللەر بار ئىدى . بۇددا سارىيى ئىچىدە كۆل رەڭ لاي سۇۋىلىپ ياسالغان ھەم رەڭ بېرىلگەن چوڭ بۇت بار ئىدى . بۇ بەلكى بىر ھۆرمەتلىك بۇددا ھەيكىلى بولسا كېرەك . بۇگۈنگىچە ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ تەخمىنەن 13 ديۇيم ئۇزۇنلۇقتىكى قالدۇقى قالغان بولۇپ ، ئېگىزلىكى 3 فۇت كېلىدىغان تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى نەپىس ئۇل ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەيكەلنىڭ باشقا بۆلەكلىرى خېلى بۇرۇن پارچىلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۈستىدىن ئايرىپ چىقىلىپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ قۇراشتۇرغىلى بولىدىغان بولغاچقا ، ئازراق تېگىپ كەتسىلا ئۇۋۇلىپ كەتكۈدەك چۈرۈك ئىدى . بۇ ئېغىر ، قېلىن ھەيكەلنى تىرەپ تۇرغان ياغاچ جازىنىڭ پەقەت تۆۋەنكى سول پۇتىغا مۇقىملاشتۇرۇۋەتكەن قىسمى مۇكەممەل ئىدى . بۇتخانىنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا نىلۇپەر ئورۇندۇقتا كاسايا يېپىنىپ ئولتۇرغان ھەيكەل بار ئىكەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت غەربىي شىمال بۇلۇڭىدىكى ھەيكەلنىڭ بېلىدىن تۆۋىنى مۇكەممەل ئىدى .

چوڭ ھەيكەلگە ئاساسلىنىپ بۇتخانا تاملىرىنىڭ ناھايىتى ئېگىز ئىكەنلىكى ، ئىچكى تاملارغا بۇت ياكى بۇددىساتۋانىڭ رەسمى سىزىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى . بۇ ئىلاھىي بۇتلارنىڭ ھەممىسى راست ئادەمدىن كۆپ ئېگىز بولغاچقا ، قالدۇق تاملار ئۈستىدە پەقەت ئۇلارنىڭ ئىككى پۇتى ۋە پۇتى ئاستىدىكى رەڭگى ئاللىقاچان ئۆڭگەن ياكى سۇس-

لىشىپ كەتكەن بىزەكلىك نىلۇپەرنى ھەم ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان
كىچىك بۇتلارنى كۆرگىلى بولاتتى. قوغداش رولى بار قۇم قاتلىمىنىڭ بۇ
ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىشىدىن ئاۋۋال تام رەسىملىرى ناھايىتى ئۇزاق
ۋاقىتقىچە ئوچۇق ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ، ساپال توپىسى بىلەن ھاك لاي
ئۈستىگە ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى
يەنىلا ناھايىتى ئېنىق ھەم نەپىس ئىدى. بۇددا ئوردىسىنىڭ سىرتقى تې-
مىغا سىزىلغان رەسىملەر ئاساسلىقى بىر قاتار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر
ئويغا پاتقان بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ ھەيكەللىرى بولۇپ، پەقەت كاسايا ۋە
نۇر ھالقىلىرىنىڭ رەڭگى ئوڭۈپ كەتكەنىدى. بۇنداق سىزىلغان ئادەت-
تىكى ھەيكەللەر ئارىسىدىن مەن بىر رەسىمنى بايقىدىم. بۇ رەسىمنىڭ
گەرچە كۆپ قىسمى ئۇپراپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ سىرتقى قى-
ياپىتى ئەپسانىلەردە دېيىلگەنگە ئوخشاش ئىدى، بۇلار مېنىڭ دىققىتىمنى
قوزغىغانىدى. رەسىمدە سىزىلغىنى بىر نەچچە رەت ئات ياكى تۆگىلەر
ئۈستىدىكى ياشلار بولۇپ، ھەربىر ئادەم ئوڭ قولىنى سوزۇپ بىردىن
كورۇشكا تۇتۇشقان، بىرىنىڭ تۆپىسىدە بۈركۈتكە ئوخشايدىغان بىر
قۇش شىددەت بىلەن ئولجىغا تاشلىنىۋاتقان ھالەتتىكى كۆرۈنۈشلەر ئى-
دى. بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئومۇمىيلىقى كېيىن مەن يەنە بىر بۇتخانا خارابىسى-
دىن بايقىغان، تاختايغا سىزىلىپ ياخشى ساقلانغان ئوخشاش مەنزىرە
تەرىپىدىن ئېنىقلاندى.

بۇددا سارىيىنىڭ ئىچىدىكى راست ئادەملەردىن ئېگىز بولغان ھې-
لىقى بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ تام رەسىملىرى كارىدورنىڭ سىرتقى تېمى تە-
رەپتىمۇ بايقالدى. ئۇلارنىڭ ئاستى تەرىپىگە بىر قاتار بېزەلگەن گۈل
نۇسخىلىرى، سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن نىلۇپەر ۋە كىچىك ئادەم ھەي-
كەللىرى سىزىلغانىدى. كىچىك ئادەملەر ئېھتىمال ئەجدىھا پادىشاھى ياكى
سۇ ئىلاھى بولسا كېرەك. ئۈستىدىكى چوڭ ھەيكەلنىڭ پۇتىنىڭ يۇقىرى
تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. كارىدورنىڭ جەنۇ-
بىي تېمىدىكى كۆل رەڭ لاي سۇۋالغان تام رەسىمنى ئوڭۇشلۇق ھالدا
سويۇۋالغانىدىم، ھازىر ئۇ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا مۇكەممەل ساقلىنىۋا-

www.uyghurkitap.com

تىدۇ . ئىككى چوڭ تام رەسمى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك بوش ئورۇنغا بىر بۇت ياكى بۇدىساتۋانىڭ ئولتۇرغان ھالەتتىكى ھەيكىلى سىزىلغانىدى . ئاستىغا يېزىلغان قارا رەڭلىك ئويما خەت براخمى يېزىقى-نىڭ قولدا يېزىلغان تۈز شەكلى بولۇپ ، ئىشلىتىلگەن تىل دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىكى تام رەسىملىرى بار تاملار ئۈستىدە بايقالغان قىسقا خەتكە ئوخشاش ھىندى تىلى ئەمەس ئىدى ، بەلكى بۇ مەن خارابىدىن بايقىغان سانسكرىتچە براخمى يېزىقىدىكى تىل بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى .

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ، قېزىش خىزمىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خارابىنىڭ غەربىي تېمىغا يانداشقان خارابىگە كېڭەيتىلىپ ، يەنە باشقا بىر بۇددا سارىيىنى چىقاردۇق . گەرچە ئۆينىڭ ئىگىلىگەن يېرى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، لېكىن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ناھايىتى مول قالدۇق سەنئەت بۇيۇملىرى بار ئىدى . بىز كېيىن ئىبادەتخانا دەپ ئاتىغان بۇ خارابىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 12 فۇت 8 دىيۇيم بولۇپ ، كەڭلىكى 8 فۇت 8 دىيۇيم كېلەتتى ، تۆت ئەتراپىنى قورشاپ تۇرىدىغان تۆت چاسا شەكىللىك كارىدورمۇ يوق ئىدى . تاملىرى توپا ۋە ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ ، 4 دىيۇيم قېلىنلىقتا ئىدى ، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەچكە ھازىر يەر يۈزىدىن پەقەت 1 ~ 2 فۇت ئېگىزلىكتىكى قىسمىلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . شەرق تەرەپتىكى بىر قەدەر چوڭ بولغان بۇددا سارىيىنىڭ تېمى قوغدىلىپ قالغان ، جەنۇب تەرەپتىكى تامغا ياندىشىپ ئۇزۇن پەشتاق ئۈستىدە بىر ئاساسلىق ئىلاھ بۇتىنىڭ تەكچىسى بار ئىدى . تەكچە ئۈستىدە ئولتۇرغان ، كۆل رەڭ لاي سۇۋالغان بۇتنىڭ پەقەت چېچىلغان پارچىلىرىلا قالغانىدى . بۇ يەر ئېگىزلىكى ئاران 4 فۇت كېلىدىغان پەسرەك جاي بولغانلىقتىن ، ئوزاق مۇددەت قۇمنىڭ ھىمايە قى-لىشىغا ئۇچرىمىغاچقا ، ئاسان بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى . بۇ ھەيكەلنىڭ ئەس-لىدىكى بىر قىسىم كۆل رەڭ لاي پارچىلىرىنىڭ ناھايىتى چۈرۈك بولۇشى-دەك ئەھۋال بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى . 3 فۇت كەڭلىك-تىكى پەس تەكچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن شىرنىڭ قاپارتما ھەيكىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، باتۇر شىر ۋەكىللىك قىلغان تەخت رىۋايەتلىرىدىكى

ھىندىستاننىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى جاينىڭ ھۆكۈمرانى ئولتۇرغان ئورۇن ئىدى. ئىككى شىرنىڭ بېشى ئاللىقاچان بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىنىڭ ئالدى قىسمىنى يۆگەپ تۇرغان تۈكلىرىنى يەنىلا ئوچۇق ئايرىۋالغىلى بولاتتى. بۇت سارىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇلۇڭىدىكى قۇم قاتلىمىدىن ئېگىزلىكى 5 ~ 8 دىيۇيم كېلىدىغان كۆپ مىقداردىكى كۈل رەڭ لايلىق قاپارتما نەقىشلەر بايقالدى. ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى ئوڭ قولىنى كۆتۈرگەن نۇسخىدىكى بۇت ياكى بۇددىساتۋا ئىدى. بۇلارنىڭ كاسايالىرىنىڭ ھەممىسى قىزىل قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، ھىندىستان راھىبلىرىنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوراپ تۇرغان نۇر ھالقىلىرى ئاچ يېشىل رەڭلەردە ئىدى. بەزى ئەۋرىشكىلەر بۇرۇنقىدەكلا قاتتىق ئىدى. ھەممىسىنىڭ بېزىلىشى نەپىس بولۇپ، نىلۇپەر، ئەتىرگۈل قاپارتما نەقىشلىرى ئوچۇق رەڭلىك ئىدى. بۇ پارچىلار ئەسلىدە بېزەك پارچىلىرى بولۇپ، ناھايىتى زور بولغان نۇر ھالقىلىرى شەكلىدە بۇ تام بۇلۇڭلىرىنىڭ ئۈستىگە بېزەلگەن بولسا كېرەك. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈز پەشتاق ئۈستىدىكى نەچچە فۇت ئېگىزلىكتىكى تارقاق قۇملار ئىچىدىن بايقالغان پارچىلار، بۇرۇن تاملىرى ئېگىز ۋاقتىدا قۇملارنىڭ ئاللىقاچان بۇت سارىيىنىڭ ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرەتتى.

ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان بۇددا سارىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى ۋە ئۆيىنىڭ ئۈچ بۇلۇڭىدىكى ئەھۋاللار ئوخشاش بولۇپ، 1 مىلغىچە ئېگىزلىكتىكى جاي ئۆرۈلۈپ كەتكەن، بۇلۇڭغا تىكلەنگەن لاي ھەيكەللەرمۇ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ نەپىس يومىلاق شەكىللىك نىلۇپەرنىڭ ئورنىنى رەسىمدىن ئېنىق تونۇۋالغىلى بولاتتى. تەلىيىمىزگە بۇ جاي بىزنى باشقا بىر قىسىم ياخشى ساقلانغان بېزەك بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۆي بۇلۇڭىنىڭ پەس تەرىپى ۋە ئاساسلىق ئىلاھىي بۇتنىڭ ئارىلىقىدىكى تەكچىنى تازىلىغان ۋاقتىمىزدا، ئېگىزلىكى 0.75 فۇت كېلىدىغان، بېشى ۋە بېلىكىدىن باشقا جايلىرى ئوبدان ساقلانغان كۈل رەڭ لايلىق بۇتنى تاپتىم. ئۇنىڭ نەپىس سىزىلغان كىيىملىرىدىن بۇت ياكى بۇددىساتۋا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. كاسايانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەڭگى قىزىل قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ ، ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى ، ئىلاھىي ھەيكەل قويۇلغان كىچىك شال ناھايىتى مۇكەممەل بولۇپ ، بۇ شال يۆتكەشكە قولايلىق بولۇش مەقسىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . ھەيكەل ياسالغان كۆل رەڭ لايمۇ ناھايىتى پۇختا ئىدى . مەن خەتەرگە قارىماي ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۆتكەپ ، خوتەندە تەييارلىۋالغان پاختا ۋە كۆپ مىقداردىكى يەرلىكتە ياسالغان قەغەزلەر بىلەن ئوراپ يۇك ساندۇ-قۇمغا سالدىم . بۇ كىچىك ھەيكەل مەن پەرەز قىلغاندىن كۆپ بىخەتەر ۋە ئوڭۇشلۇق ھالدا يىراق سەپەرنى بېسىپ لوندونغا يېتىپ باردى .

بەش پارچە رەڭلىك رەسىم قويۇلغان شال ئاساسلىق تەكچىنىڭ تېگىگە تىرەكلىك بولۇپ ، ھەممىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولسىمۇ ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس ئىدى . ئەڭ چوڭ بىر پارچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 ديۇيم ، ئېگىزلىكى 5.5 ديۇيم ، قېلىنلىقى 0.25 ديۇيم كېلەت-تى . ئۇلار يەرگە چىلڭ چاپلانغان بولغاچقا ، ياغاچ ۋە نېپىز سۇ بۇياق قە-ۋىتى نەملىشىپ ئېغىر بۇزۇلغانىدى ، ئوخشاش سەۋەبتىن ياغاچ يۈزىگە چاپلاشقان قاتتىق لاي ۋە قۇم دانچىلىرىنى تازىلاشمۇ قول تۇتىدىغان ئىنچىكە ئىش ئىدى . بىراق ، ئەينى ۋاقىتتا مەن تېخى پۈتۈنلەي رەتلەپ بولالماي قېپقالغان نەرسىلەر بۇ كىچىك رەسىم سىزىش تاختىلىرى ئۈس-تىگە بۇددا قىسسىسىلىرىدىكى شەخس ياكى بۇددا رىۋايەتلىرىدىكى مەنزى-رىلەرنىڭ سىزىلغانلىقىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە بولاتتى . بۇلارنىڭ ئى-چىدىكى بىرىگە بۇدىساتۋانىڭ ھەيكىلى سىزىلغان بولۇپ ، بۇت نىلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان ، ئۇنىڭ كەينىگە رەڭلىك نۇر ۋە نۇر ھالقىسى سىزىل-غان ھالەتتە ئىدى . يەنە بىر تاختاي ئۈستىگە سىزىلغان كۆرۈنۈشنىڭ كۆپ قىسمى مۇجمەل ، تۇتۇق بولسىمۇ ، ھىندىستان ئىلاھلىرى ئارىسىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەقىل ـ پاراسەت ئىلاھى بىلەن پىل بېشى ئىلاھىنىڭ غەلىتە شەكىللىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇۋالدىم . ئۈچىنچى تاختايغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر قىز سىزىلغانىدى ، بۇ قىزنىڭ ھالىتى ناھايىتى جانلىق ۋە ئەركىن بولۇپ ، يۇقىرىغا قارىتىلغان بېشىدىن قويۇق قارا چاچلىرى ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇرغان ، سول قولىدىكى رەڭلىك لىنتا بى-

لەن چۆمپەردىسى باش قىسمىنى ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى بۇ تاختاي سىزمىلىرى قاقاس تاشلىنىپ قالغان دەندان ئۆيلۈك بۇتخانىلىرىدىكى ئىلاھىي ھەيكەللەرنىڭ يېنىدىن بايقالغان باشقا تاختاي سىزمىلىرىغا ئوخشاش ھەدىيە قىلغۇچىلارنىڭ ھەدىيە قىلغان بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەۋەر ئالغۇچىسى بولغان قۇملارنىڭ ئىلاھ بۇيۇملىرىنى يېپىپ تۇرغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. مەن ئاساسلىق پەس تەكچە يېنىدىن ھەم بۇددا سارىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئۇزۇنلۇقى 16 دىيۇيم كېلىدىغان، قاتتىق ئوتلارنىڭ غوللىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن بوغۇپ ياسالغان سۈپۈرگىدىن بىر نەچچىنى تېپىۋالدىم. بۇ سۈپۈرگىلەرنىڭ غوللىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىلىرى ئاجرىتىلىپ توقۇلۇپ، كېيىن ئېشىپ تەييارلانغان ئوت ئارغامچا بىلەن باغلانغان، يېيىلىپ تۇرغان ئۇچى يەلپۈگۈچكە ئوخشاش بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قېيىن دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ياسالغان سۈپۈرگىگە ئوخشايتتى. بۇ خىلدىكى ئاددىي ئىپتىدائىي قورال ئەسلىدە توپا ــ چاڭلارنى سۈپۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قۇم قاتلىمى ئۇلارنى مۇكەممەل ساقلاپ قالغانىدى. كىشىنى غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرىدىغان يەنە بىر نەرسە جەسەت سۆڭىكى ۋە ئادەم چىشى بىلەن توشقۇزۇلغان كىچىك خۇرجۇن ئىدى. ئۇ شەرقىي جەنۇب بۇلۇڭدىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىچىك ھەيكەلگە يېقىن بولغان جايدىن قېزىپ چىقىرىلغانىدى. بۇ جەسەت سۆڭەكلىرى راھىبلارنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىمىدۇ ياكى مۇرىتلار مەلۇم بىر ئىستەك ئۈچۈن تەقدىم قىلغان بۇيۇملارمىدۇ ؟

تازىلاش خىزمىتى بۇددا سارىيىنىڭ شەرقىي تېمىنى بويلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان چاغدا، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان بىر قاتار تام رەسىملىرى ۋە يەنە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە كۆل رەڭ لايلىق قاپارتما ھەيكەل بايقالدى. بېشى ۋە سول بىلىكىدىن باشقا ھەممە يېرى مۇكەممەل بولغان بىر ئەر يۇقىرىدا تىلغا ئالغان پەشتاق يېنىدا يەردە ياتقان دۈشمەننىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇراتتى. بۇ ھەيكەلنىڭ پۇتىدىن تارتىپ قولتۇق ئويـ

www.uyghurkitap.com

مىنىغىچە بولغان ئېگىزلىكى 3 فۇتتەك بولۇپ ، تىزىغىچە ساۋۇت كىيگەن
ۋە بىزەك بۇيۇملار بىلەن نەپىس زىننەتلەنگەنىدى . ساۋۇت ئۈستىگە قاتار
كىچىك ئالتۇن پارچىلىرى تىزىلغان ، قىزىل ، يېشىل رەڭلەر يەنىلا ناها-
يىتى ئېنىق ئىدى . كۆكرەك ئالدى ، كىيىملىرىنىڭ ئاستى ۋە بەل تاسمى-
لىرىنىڭ ئۈستىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگى ناھايىتى ئوچۇق ئى-
دى ، ھەتتا ساۋۇت ئۈستىدىكى كىچىك ئالتۇن بۇيۇملارنى بىرلەشتۈرگەن
قالپاقلىق مىخ ۋە پەسكە ساڭگىلاپ چۈشكەن كىيىمنىڭ پۈرمىلىرى قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئوچۇق ۋە توغرا سىزىلغانىدى . نەپىس ئو-
يۇپ سىزغان بۇ ساۋۇت ۋە كىيىملەرنىڭ ھەممىسى ئەينى دەۋردىكى ناها-
يىتى تونۇش بولغان نەرسىلەرنىڭ قايتا سۈرەتلىنىشى ئىدى . پۈتىدىكى
كەڭرى پاشنىلىق بەتىنكە دەل ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر
داۋاملىق كىيىدىغان بەتىنكىگە ئوخشايتتى . ئۇنىڭ بىر پۇتى بويسۇندۇ-
رۇلغان يالماۋۇزنىڭ يانتۇ ئۆرۈلگەن بەدىنىگە دەسسەگىلىك ئىدى . يالما-
ۋۇزنىڭ بېشى يەردىن سەل - پەل كۆتۈرۈلگەن ، كۆزى كېرىلىپ چىش-
لىرى ھىڭگايغان ، ئاغزى ئېچىلغان ھالەتتە بولۇپ ، قورققان قىياپىتى ئى-
پادىلەنگەنىدى . نەپىس قاپارتما ھەيكەلنىڭ بېشىدىكى چۆرگىلىمە شە-
كىلدە ئورالغان چاچلار لاھور مۇزېيىدىكى دائىم كۆرۈلىدىغان گىرېكچە
بۇددا دىنى قاپارتما ھەيكەللىرىنىڭ چاچ شەكلىنى ئەسلىتەتتى . ئۇنىڭ
بەدىنى ئەسلىدە قېنىق كۆك رەڭلىك ئىكەن ، لېكىن قاپارتما نەقىشنىڭ
ئورنى پەس بولغانلىقتىن ، كۆل رەڭ لاي ئۈستىدە قېپقالغان رەڭلەر ناها-
يىتى ئاز ئىدى . ھېلىقى ئۆرە تۇرغۇزۇلغان ھەيكەل ئېھتىمال بۇددا دىنى
رىۋايەتلىرىدىكى بىر ياكشاس (قوغداش ) ئىلاھى بولسا كېرەك .

بۇددا سارىيى بۇ قاپارتما نەقىشلىك تامغا ياندىشقان بولۇپ ، بىر
قاتار رەڭلىك تام رەسىملىرى سىزىلغانىدى . كونا مۇقامغا چۈشۈپ كەت-
مەسلىك ئاساسىي تېما قىلىنغان ۋە جانلىق ، تەسىرلىك قىلىپ سىزىلغان
رەسىملەر مېنى دەرھال جەلپ قىلدى . ساۋۇت كىيگەن ھەيكەلنىڭ سول
تەرىپىگە بىر تۆت چاسا كۆلچەكتە يۇيۇنۇۋاتقان ئايال سىزىلغان بولۇپ ،
كۆلچەك ئەتراپىدا شاھمات تاختىسىدىكى سىزىقلارغا ئوخشاش ئەگرى -

بۇگرى سىزىقلار بار ئىدى . سۇ يۈزىنىڭ ھەممە يېرىدە نىلۇپەر لەيلەپ تۇراتتى . ئايالنىڭ ھەممە يېرى ئوچۇق بولۇپ ، پەقەت بېشىدا ھىندىستان-نىڭكىگە ئوخشاش تور ياغلىق بار ئىدى . پېشانىسى ، ئىككى بىلىكى ۋە بېلىگە زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىلغان بولۇپ ، رەسىمنىڭ ئومۇمىي كۆرۈ-نۈشى ناھايىتى ئىخچام ئىدى . گۈزەل بەدەن كۆرۈنۈشى ئارقىلىق كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان بۇ جانلىق رەسىمدىكى ھەيكەلنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بارماق-لىرى كۆكرىكىنى توسۇپ تۇرغان ، سول بىلىكى يېپىسمان ئېگىلىپ بەل قىسمىغا سوزۇلغان ، تۆت تال كىچىك قوڭغۇراقلىق بەلباغ ساغرا ئەتراپىغا چىگىلگەن بولۇپ ، دەسلەپكى دەۋردىكى ھىندىستان ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدىكى ئۇسلۇبچە قىزغا ناھايىتى ئوخشايتتى . بىراق ، غەلىتە يېرى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى كلاسسىكلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى سەنئەت بۇيۇملىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەنجۇر يوپۇرمىقى بار جايدا ئۆچرىغان . يۇيۇنۇۋاتقان قىزنىڭ يۈزى ئوڭ تەرىپىگە قارىتىلغان بولۇپ ، پەستىكى بىر كىچىك ئوغۇل بالىغا قاراۋاتاتتى . ئوغۇل بالا سۇ-دىن ئۆمىلەپ قوپۇپ ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلىششنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈ-نۈشتە ئىدى .

رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن نىلۇپەر ناھايىتى تەبىئىي بولۇپ ، ھەر خىل ھالەتتە سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇراتتى ، بەزىلىرى ئېچىلىش ئالدىدا ، بەزىلىرى يېرىم ئېچىلغان ھالەتلەردە بولۇپ ، رەڭگىمۇ قېنىق كۆكتىن بە-نەپشە رەڭگىچە ئوخشاش ئەمەس ئىدى . بۇ نىلۇپەر رەسسامنىڭ نىلۇپەرنى ئۇزاق مۇددەت كۈزەتكەنلىكى ۋە ناھايىتى پىششىق تونۇشقانلىقىنى بىلدۈ-رەتتى . مەن قەشقەر دوتەي يامۇلىدا كۆرگەن نىلۇپەر كۆلىنى ئەسكە ئال-دىم ، گۈل ئۇرۇقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئېلىپ كېلىنىپ يېتىشتۈرۈلگە-نىدى . بۇ رەسىم نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ، خوتەنلىكلەرنىڭ ھىندىستان ئىلاھلىرى ياخشى كۆرىدىغان كۆركەم ئۆسۈملۈكلەرنى بىلە-دىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم . كەشمىر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى قويۇق تارىخىي مۇناسىۋەتنى ئويلىغاندا ، شۇنىزاڭ خاتىرىلىگەن يەرلىك رىۋايەت-لەردىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىپادىلىرى كىشىنى ئىشەندۈرەتتى . ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاقاس قۇملۇقلارغا كۆمۈلگەن ، ئاھالىلار باغلىق ھويلىلىرىغا تېرىغان بۇ خىلدىكى نېلۇپەرلەر ئەك دەسلەپ ھەيۋەتلىك ھىمالايا تاغ جىلغىلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ ، ئۇ يەرلەردىكى كۆللەردە كۆپ قېتىم ئۇنى تاماشا قىلغانىدىم .

كۆلچەك ئالدىغا بىر ئات ۋە باشقا شەخسلەر سىزىلغان بولۇپ ، بۇ شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى خوتەننىڭ شەرقىي دەريا ئېقىنىدىكى ئەجدىھا قىزنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا توي قىلىش تەلپىنى قويۇش ھېكايىسىنى ئەس-لىتەتتى . بۇ رەسىمنىڭ سىزىلىشى ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ ، ئۇبدان ئويلانغاندىلا ، ئاندىن ئاساسىي مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولاتتى .

لېكىن ، كەينىدىكى تام رەسىملىرى ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەز-مۇننى خاتالاشتۇرمايتتى . گەرچە بۇ رەسىملەرنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرى ئۆپراپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق ناھايىتى ياخشى سىزىلغانلىقىنى كۆ-رۈۋالغىلى بولاتتى . بۇ رەسىمدە سىزىلغىنى بىر ئەرنىڭ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ، ئوڭ بىلىكى ئېچىلىپ قالغان ، قېنىق كۆك رەڭلىك پىلاش يېپىنغان كۆرۈنۈشى بولۇپ ، بۇنىڭ بىر بۇددا ئۆلىماسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . ئۇ ئوڭ قولىدا ھىندىستاننىڭ قولدا كۆچۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى كىتابى « پوتى » ( « Pothi » ) نى تۇتقان بولۇپ ، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان كۆرۈنۈشتە ئىدى . بۇ ھەيكەلنىڭ يېنىدا ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ياشانغان كىشى تەسۋىرلەنگەنىدى . ئۇ كىشىنىڭ كاساياسى ھەر خىل قېنىق - سۇس خورما رەڭلىك رەخت پارچىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ تىكىلگەندەك بولۇپ ، ھىندى راھىبلىرىنىڭ تېپىنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى . ئۇ ئوڭ قولىنى سوزۇپ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بارمىقىنى بۇددا ئايەتلىرىگە تەبىر بېرىۋاتقان شە-كىلدە ئېگىز كۆتۈرگەن ، سول قولىدا يىپىقلىق « پوتى » كىتابى تۇتقان كۆرۈنۈشتە ئىدى . كىتاب مۇقاۋىسىمۇ ناھايىتى ئېنىق سىزىلغانىدى . بۇ خىل كىتاب شەكلى ھازىرغىچە سانسكرىت يېزىغىدا يېزىلغان قوليازمىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ . ياشانغان كىشىنىڭ يۈز قىسمى ناھايىتى نەپىس سىزىل-غان ، ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن مۇئەللىملىك ھالىتى

ئېنىق ئىپادىلەنگەنىدى . ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ بىر سۇ كۆلچىكى بولۇپ ، سۇدا نىلۇپەرنىڭ لەيلەپ تۇرغان كۆرۈنۈشى بار ئىدى . سۇدا ئۈزۈۋاتقان ئىككى جۈپ قۇش ياۋا غازغا ئوخشاپ كېتەتتى ، ئۇلارنىڭ بوينى قېنىق كۆك ھەم يېشىل رەڭدە بولۇپ ، باشلىرىنى گىدەيتىپ يۇقىرىدىكى ئۇستازىغا تىكىلىپ تۇراتتى . تام رەسىملىرىنىڭ كۆل رەڭ لاي قەۋىتى ناھايىتى ئاسان پارچىلىنىپ كېتىدىغان بولغانلىقتىن ، بۇ تام رەسىملىرىنىڭ ھەر قانداق بىر قىسمىنى قېزىپ ئېلىش تەسرەك ئىدى . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، رەڭنىڭ ئۆڭۈپ كېتىشى ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن ، مېنىڭ پىششىق سۈرەتكە تارتىش تېخنىكام ۋە ماشىنىلارنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ قانائەتلىنەرلىك رەسىمگە تارتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى . لېكىن ، مېنىڭ سەنئەتكار دوستۇم ئاندرېۋس ( F.H.Andrewis ) ئەپەندى دەندان ئۆيلۈكتىكى بارلىق تام رەسىملىرىنىڭ ئىزىنى چۈشۈرۋالدى . بۇ ئەسەرلەرنىڭ قولۇمدا بار بولغان تەپسىلىي دوكلاتىمدىكى رەسىملىرى ئارقىلىق ، ئۇلار بىلەن ھىندىستاننىڭ ئاجانتا ( Ajanta ) تام رەسىملىرىنىڭ تېخنىكا ئۇسۇلى ۋە شەخسلەر ئوبرازى جەھەتتىن تولىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق بولدى .

ھەقىقەتەن دەسلەپكى دەۋردىكى ھىندىستان رەسساملىقىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەرنىڭ ھىندىستان تۇپرىقىدا ساقلىنىپ قالغىنى ناھايىتى ئاز . شۇڭا ، دەندان ئۆيلۈك ئىبادەتخانىلىرىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن سىزما نۇسخىلاردا ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ خوتەن بۇددا رايونىغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ھەقىقىي ھىندىستان سەنئىتى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى .

## ئون توققۇزىنچى باب

# قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ تۈنجى قېتىم بايقىلىشى

«پوتى» سىزما رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى مېنىڭ قەدىمكى قولىيازمىلارغا ئېرىشىش ئىستىكىمنى قوزغىدى . دەسلەپكى ئۈچ كۈنلۈك قېدىرىشتا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق . بىراق ، ئەڭ ئاخىرقى بىر بۇددا سارىيىنى تازىلاۋاتقاندا ، مېنىڭ تۆۋەن روھىي كەيپىياتىمنى جانلاندۇرغاندەك چىرىپ كەتكەن ۋە قۇملۇقتىكى قۇرتلارنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بىر رەسىم سىزىش تاختىسى تېپىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈچ قۇر ھىندىستان براخمى يېزىقى يېزىلغان تار ئۇزۇن باغاقچە بار ئىدى ، ئۇ بىر قىسىم رەسىملەرنى يېپىۋالغانىدى ، دېمەك كېيىن چاپلانغانلىقى ئېنىق ئىدى . ئۇ ياغاچ تاختىغا قارىغاندا تېخىمۇ چىرىپ كەتكەنىدى . تاختا ئۈستىگە ئىككى ئايالنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ ، ھەر بىرى بىردىن زاكىلانغان بوۋاقنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇلارنى پەرق قىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى . چىرىگەن قەغەز ئۈستىدىكى يېزىقلاردىن پەقەت ھەربىر قۇردىكى ئايرىم ھەرپلەرنىلا تونۇغىلى بولاتتى . بىراق ، بۇ خەتلەر يوغان ، رەتلىك بولۇپ ، بىر قىسىم تام رەسىملىرىنىڭ ئاستىدىكى تېز خەت شەكلى بىلەن يېزىلغان خەتلەرنىڭ گەۋدىسى بىلەن تامامەن ئوخشىمايتتى . ناھايىتى روشەنكى ، بۇ سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان بىر كىتاب ئىدى .

قېزىلغان ئىبادەتخانىدا ، مەن بىر قىسىم نەزىر ــ چىراغ بۇيۇملىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەنىدىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قۇم كۆمۈۋەتكەن ئاھالىلەر رايونى تاشلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرىكى نەرسىلەر ئىدى . ئەمما ، ئادەتتىكى تۇرمۇش ئەھۋالىغا ئائىت ئىسپات ۋە باشقا يېزىق

ماتېرىياللىرىنى تېپىش ئۈچۈن ، بىر قىسىم ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى خارابىلەرگە يۆتكىلىشىم كېرەك ئىدى . شۇڭا ، 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى ئىمارەتنى قېزىشقا ئادەم ئەۋەتتىم . ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە قۇملۇقتىن چىقىپ قالغان ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىنغان قۇرۇلۇش كارىدورى ئۇنىڭ بىر قەدىمىي تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . ئۇ بىز ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئالغان بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 20 يارد كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ ، بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ شىمالىي چېتىدە ئىدى . قۇم دۆۋىسىنىڭ يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېگىزلىكى 16 فۇت كېلەتتى . قۇم قاتلىمىنىڭ نېپىزرەك جايلىرىدا ئاللىقاچان قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ غوللىرى سىرتقا چىقىپ قالغان ، بۇ ئۆي ۋە قېزىلىپ بولۇنغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا مېۋىلىك باغ ياكى گۈللۈك باغقا جايلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى . قېزىش غەرب تەرەپتىن باشلىنىپ ، ناھايىتى تېزلا مۇكەممەل ساقلانغان قېلىن ، ئېگىز توپا تامنىڭ ئۇچى بايقالدى . بۇنىڭ تۇرالغۇنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى بىر قەۋىتى ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى . بۇ تاملار 20 × 23 فۇت كېلىدىغان تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 فۇت كېلەتتى .

چۈشتە ئۆي ئىچىگە توشۇپ كەتكەن قۇملارنىڭ سىرتقى يۈزىدىن 2 فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى جايدىن ئۈستىگە براخمى يېزىقى يېزىلغان كىچىك قەغەز پارچىسى تېپىلدى . مەن ئالاھىدە ھاياجانلىق كەيپىياتى ئىچىدە ئۇنى كۆپ مىقداردىكى يادىكارلىقلارنى بايقاشنىڭ ئالامىتى دەپ قارىدىم . بىراق ، تۇتاش كەتكەن يانتۇ قۇم بارخانلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن كۆپ مىقداردىكى قۇملار قېزىش خىزمىتىنى ناھايىتى قىيىنلاشتۇرۇپ قويدى . ئىشلەمچىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئازراق كۈمۈش پۇل چىقىرىپ تۇنجى قولىيازمىنى تاپقان تەلەيلىك كىشىگە مۇكاپات سۈپىتىدە بەردىم . بىر سائەتتىن كېيىن بىر ئادەمنىڭ خۇشال ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ بۇ ئۆينىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى بىر كىچىك دائىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئىشلەۋاتقان بولۇپ ، خەت يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز تېپىۋالغانىدى .

مەن ئۆز قولۇم بىلەن بۇ قەغەز پارچىسىنى ئېلىپ ، ئۇستىگە چاپلىنىشىپ قالغان قۇملارنى تازىلىدىم . بۇ ناھايىتى ياخشى ساقلانغان تىنىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى قەغەز بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 13 دىيۇيم ، كەڭلىكى 4 دىيۇيم كېلەتتى . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، بۇ بىر چوڭ « پوتى » قوليازمىسىنىڭ ۋارىقى ئىدى . قەغەزنىڭ سول تەرىپىدە بىر تۆشۈك بولۇپ ، مۇشۇ تۆشۈكتىن يىپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ، بۇ بەتلەر تەرتىپ بويىچە تۇپلەپ بىرلەشتۇرۇلەتتى . شىنجاڭدىن چىققان كۆپ ساندىكى قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇنداق ئۇسۇلدا تۇپلىنەتتى . بەتنىڭ ھەربىر تەرىپىگە ئالتە قۇردىن كۆركەم ، ئوچۇق خەت يېزىلغان بولۇپ ، براخمى يېزىقىغا ئوخشاپراق كېتەتتى . لېكىن ، بۇ يېزىق ھەرگىزمۇ ھىندىستان يېزىقى ئەمەس ئىدى .

كىشىلەر مېنى ئورىۋېلىپ بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى تازىلاۋاتقانلىقىمغا سەپسېلىپ تۇرغان ۋاقىتتا ، بۇ پۇتۇكلەرنى دەسلەپتە بايقىغان ھەم بۇنىڭ ئۆچۈن مۇكاپاتلانغان ، بىردىنبىر ھەم ئوقۇيالايدىغان ، ھەم يازالايدىغان ياش يىگىتنى ماختىشىۋاتقانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىدىم . ئۇ ھەقتە مەن ئالدىقاچان تونۇشتۇرۇپ بولغانىدىم . تەۋەككۇلدىن ئۇنى ئېلىپ كېلىشتىكى سەۋەبمۇ ئۇنىڭ ئوقۇيالايدىغان ھەم يازالايدىغانلىقىدا ئىدى ، شۇڭا ئۇ « نىياز موللا » دەيدىغان پەخرلىك نامغا ئىگە بولغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەلىيىدىن بالىلارچە خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇكاپاتلىنىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۆچۈن ، قېزىش خىزمىتىدە ۋە مېنىڭ « تۈركىي يېزىق » تىكى ھۆججەتلەرنى كۆچۈرۈشۈمگە ياردەملىشىشتە تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى .

مېنى خوشاللاندۇرىدىغان بۇ بۇيۇم قۇم يۈزىدىن بەش فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى ئۆينىڭ سول تەرىپىگە يېقىن بولغان تىك قىلىپ تىكلەنگەن قوپال ياغاچ تۈۋرۈك يېنىدىن تېپىلغانىدى . شۇنىڭغا ئەگىشىپلا يەنە باشقا

قولیازملارمۇ تېپىلدى . بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىملىرى پارچە ــ پۇرات
بــەتــلەر ئىدى . ئازدۇر ــ كۆپتۇر مۇكەممەلرەك بەتلەرمۇ تېپىلدى . ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى دەسلەپكى دەۋردىكى براخمى يېزىقى بىلەن يېزىلغانىدى .
قەغەزلەرنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكى ۋە يېزىلغان خەتنىڭ ئىزىغا ئاساسەن ،
ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ھېچبولمىغاندا ئۈچ پارچە ئوخشاش بولمىغان « پوتى »
قـولیازمىسى ياكى كىتابقا بۆلۈنگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى . مەزمۇنىدىن
مـەن ئۇلارنىڭ سانسكرت يېزىقىدىكى مۇقەددەس بۇددا كىتابلىرى ئىكەن-
لـىكىنى سەزدىم . بارلىق ھۆججەتلەر تېپىلغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئې-
گىزلىكتىكى ئۆينىڭ ئەسلىدىكى يۈزىدىن نەچچە فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى
تـارقاق قۇم ئارىسى ئىدى . شۈبھىسىزكى ، ئۇلار تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن
ۋەقەرلەر تۈپەيلىدىن شۇ يەرگە قويۇپ قويغان بولسا كېرەك . چوڭقۇرلۇق
دەرىــجىسى ۋە ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ،
ئۇلارنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنى پەيدىنپەي ئاقما قۇم كۆمۈۋەتكەن مەزگىلدە
ئۈستىدىكى مەلۇم ئورۇندىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . بۇ خىل
ھۆكۈمنى ئوخشاش قۇم قاتلىمىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم كىگىز پار-
چىسى ، خۇرۇم ۋە باشقا بۇيۇملارمۇ تولۇق ئىسپاتلايتتى . بىر قىسىم بەت-
لەرنىڭ بۇرجىكىدىن مەن بەت نومۇرىنى بايقىدىم . بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر
بـەتنىڭ نومۇرى 132 بولۇپ ، بۇ مەزكۇر پارچىلارنىڭ بىر قەدەر زور ھە-
جىملىك نومنىڭ قالدۇق بەتلىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرەتتى . نوم
بەلكىم ئاستىنقى قەۋەتتىكى پولنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى بىلەن چۈۋۈلۈپ ،
چېچىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن .شۇڭا ، مەن 12 ــ ئاينىڭ 23 ــ كۈنى
يەر يۈزىگە يېقىن قۇملارنى تازىلىغان ۋاقىتتا ، ئىشلەمچىلەرنىڭ قېزىش
ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلدىم . تازىلاش خىزمىتى ئىلگىرىلەپ ئۆينىڭ
ئوتتۇرىسىغا كەلگەن ۋاقىتتا ، 1 فۇت توملۇقتىكى بىر تېرەك لىمى چىقتى .
ئۇزۇنلۇقى 19 فۇت كېلىدىغان بۇ لىمنىڭ تۇرغان ئورنىدىن قارىغاندا ، ئۇ-
نىڭ ئۆينىڭ تورۇسىغا توغرىسىغا قويۇلغانلىقى ئېنىق ئىدى . ئۆگزىنى
تىرەپ تۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى . ئوتتۇرا لىمنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ، نەپىس
ئويمىلار ئويۇلغان سەككىز بۇرجەكلىك ياغاچ تۈۋرۈك گۇمبەز شەكىللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئۆگزىنى بېزەپ تۇرغان بولۇپ ، بۇ ئىلگىرى بايقالغان ھىندىستان قورۇ-
لۇشلىرىنىڭ بېزىلىشىدىكى ئامالاكا( Amalaka ) ئۇسلۇبى ئىدى .

ئىشلەمچىلەر لىم يېنىدىن شەرققە قاراپ تازىلاپ ، يەر يۈزىدىكى قۇمغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ، تاسادىپىي ناھايىتى چىڭ تېڭىلغان بىر باغلام قولىيازما ئۇچراپ قالدى . بۇلارمۇ يەنىلا ئەسلىدىكى « پوتى » كىتابىنىڭ تەرتىپىنى ساقلىغانىدى : بىردەمدىن كېيىن يەنە مۇكەممەل ساقلانغان ئوخشاش شەكىلدىكى ئىككى توپ كىتاب بەتلىرى تېپىلدى . ئۇلارنىڭ تېپىلغان ئورنى يەر يۈزىگە يېقىن بولغانلىقتىن نەملىشىپ قالغانىدى . شۇڭا ، بىر ـ بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ كەتكەن بەتلەرنى ئاجراتقاندا ئا-سانلا يىرتىلىپ كېتەتتى . ئەگەر ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق ئاجرىتىۋېلىشقا توغرا كەلسە ، پەقەت ئەنگلىيە موزېيى قولىيازمىلار بۆلۈمىدىكى مۇتەخەسسىسلەر-نىڭ ياردىمى بىلەن بولاتتى . كىتاب بەتلىرىنىڭ بىر تەرىپى ئاللىقاچان يۆگىلىپ ، يىپ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈك يېنىغا كېلىپ قالغان ، نۇرغۇن بەتلەر مۇشۇنداق ئۇزاق ئەسىرلىك قاتلىنىشتىن يىرتىلىپ كەتكەنىدى . بىراق ، ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى .

مۇكەممەل كىتاب بەتلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 دىيۇيم كېلەتتى . ھەر بىر تەرىپىگە ئالتە قۇردىن يوغان گۇپتا نۇسخىسىدا براخمى يېزىقىدا خەت يېزىلغان بۇ سانسكرىتچە نومىنىڭ مەزمۇنى بۇددا دىنى داماسى ، يەنى دى-نىي قائىدىلەر ئىدى . مۇكەممەل ساقلانغان بۇ نومنى دوكتور رۇدولف خورنل نىڭ توغرا تونۇپ ئايرىپ چىقىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى . ئۇ داڭلىق ھىندىستانشۇناس بولۇپ ، مەن بايقىغان براخمى يېزىقىدىكى قول-يازما ماتېرىياللىرىنى يېشىش ۋە نەشر قىلىشقا مەسئۇل ئىدى ( بۇ كىتاب بەتلىرى بېسىلغان ۋاقىتتا ، دوكتور خورنل ماڭا مەزكۇر قولىيازمىلار ئارى-سىدىن خېلىلا مۇكەممەل بولغان داڭلىق كلاسسىك ئەسەر ۋاجرا نومىنى تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى ) . يېزىقىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىدىن قا-رىغاندا ( بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلىش ھاجەتسىز ) ، بۇ خارابىدىن تېپىلغان بۇ ئەسەر ھەم باشقا بىر قىسىم سانسكرىتچە كۆچۈرۈلمە نۇس-خىلارنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 7 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئەمەس . ھال-

بۇكى ، باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا ، مەلۇم يازمىلارنىڭ يىل دەۋرى بەلكىم بىر ـ ئىككى ئەسىر بۇرۇن بولسا كېرەك .

قولىيازمىلارنىڭ مەزمۇنىدىكى دىنىي ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان كىتابلارنىڭ بىر قىسمى بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسەتكەن بولۇپ ، بۇ شەكسىز قوشنا ئىبادەتخانىلاردىكى راھىبلارنىڭ ئىشلىتىشىنى تەمىنلەيتتى . مەن تاپقان ئاستىنقى ھۇجرا پەقەت بۇددا ما- تېرىياللىرىنىڭ قالدۇقلىرىنىلا ساقلايدىغان ئورۇن بولۇپ ، ئۇ ئەسلىدە ئا- دەتتىكى كىچىك بۇتخانىنىڭ ئامبىرى ئىدى . تازىلاش خىزمىتى ئىلگىرى- لەپ شەرقىي تامغا كەلگەندە بىر نۇقتىنىڭ ئىزى كۆرۈندى . شەرقىي تامغا يانداشقان ، كۆل رەڭ سېغىزلاي بىلەن ياسالغان ، كۆركەم سىزىقلار بى- لەن بېزەلگەن ، ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن 6 فۇتتىن ئېگىزرەك بولغان مو- رىسى بار بىر ئوچاق بايقالدى . ئوچاقنىڭ يېنىدا تامغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ ئەمبەل بار ئىدى ، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ھېلىمۇ كۆرگىلى بولاتتى . ئۇزۇن ياغاچ ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن ساپال سۇنۇقلىرىنىڭ تېپىلىشى ، ئۇنىڭ قازان ـ قومۇچ ساقلايدىغان جاي ئى- كەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئوچاقتىن يىراق بولمىغان جايغا بىر قوپال ئۈچ پۇتلۇق ياغاچ جازا تىكلەنگەن بولۇپ ، بۇ خىل جازا ھازىرغىچە بارلىق كەنتلەردە ئاشخانىلاردىكى چوڭ ئىدىشلارنىڭ تىرىكى قىلىپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە . تۇنجى قولىيازما تېپىلغان جاينىڭ يېنىدا بىر تال ئاچا تۈۋرۈك يەرگە تىكلەنگەن بولۇپ ، بەلكىم چوڭگۈن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېسىشقا ئىشلىتىلسە كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋان سۆڭەك- لىرى ، كۈنجۈت ۋە كىچىك ياغاچ پارچىلىرى ھەممە يەرگە چېچىلغان بو- لۇپ ، يۇقىرىدىكى ھۆكۈممىزنى تولۇق دەلىللەيتتى .

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتە ، شەرق تەرەپنىڭ يىراق جايدىكى قۇم بارخانلىرى چوققىسىدىن كەلگەن ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا ، پۈتۈن زېھنىمنى بۇ ئاقار قۇم كۆمۈۋەتكەن تۇرالغۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋاتقان قولىيازما قالدۇقلىرىغا قاراتقانىدىم . مەن بىللە قېزىش خىزمىتىگە زېرەكلىك بىلەن دىققەت قىلىپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com

تۇردى ئاقساقال ئانچە جاراڭلىق بولمىغان بۇ ئاۋازنىڭ رام سىڭنىڭ كېرىيە دەرياسىدىن قايتىپ، يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىگە ناھايىتى تېزلا ھۆكۈم قىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇ ياردەمچى ئۆلچىگۈچى سادىق ئاشپەز، قوشۇمچە خىزمەتچى جاسۋانت سىڭ بىلەن بىللە يېنىمغا كەلدى. ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا بۇ خىل غەلىبىلىك ئۇچرىشىشتىن ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى ۋە ھەرخىل تاسادىپىي ۋەقەلەر بولۇپ تۇرغاچقا، ھەر قايسىمىز كۈندىلىك ئىشلىرىمىزنى ئۆلۈك ھالدىلا بەلگىلىۋالساق بولمايتتى. بۇلارنى نەزەرگە ئالغاندا، مەن پىلانلىغان بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى ئەلۋەتتە ناھايىتى توغرا دەپ ئېيتىشقا بولاتتى.

رام سىڭنىڭ دوكلاتى ئۇنىڭ مەن ئورۇنلاشتۇرغان جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. يول بويى مەيلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى يۇرت چوڭلىرىدىن بولسۇن، ھېچقانداق ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىمىغان بولغاچقا، مەنمۇ خېلى خاتىرجەم بولدۇم. ئۇ بىزنىڭ ئىلگىرىكى لىنىيىمىز بويىچە ئارقىغا قايتىپ پىشا جىلغىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مىنزۇلا مەشغۇلاتى ۋە ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەش ئارقىلىق بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان چوققىسىنى تەكشۈرۈشكە تايىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىزنىڭ ئۆلچىگىنىمىز بىلەن كاپىتان دېسىينىڭ پولۇ ئەتراپىدا ئۆلچىگەن خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈپتۇ. ئارقىدىنلا مېنىڭ يولىيورۇقۇمغا ئاساسەن كېرىيە دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. يەرلىك ئامبال ئۇنىڭغا مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويىدىغان ۋە يول باشلايدىغان خىزمەتچىدىن بىرنى قوشۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۇلارنى باشلاپ كېرىيە دەرياسى ياقىسىدىكى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ، مەن ئالدىنئالا ئەۋەتكەن ئوۋچى قاسىم باشچىلىقىدىكى كىچىك ئەترەت بىلەن ئۇچرىشىپتۇ.

ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز رام سىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن سەپەر سەرگۈزەشتىسىنى ناھايىتى ئاز سۆزلىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جۇغراپىيىلىك ئۆلچەشنىڭ ئىنچىكە چۈشەن-

دۇرۇشلىرىنى ئېيتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنزۇلا مەشغۇلات تۇرىدىكى رەسمىي خاتىرىلەنگەن نەرسىلەر ئىدى . ئۇنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز بىر مەھەل سۆزمەن بولۇپ قېلىشى ، مۇز دەرىيادىن ئايرىلىپ ، ھېچقانداق ھا-ياتلىق يوق زېرىكىشلىك ، قاقاس قۇم دۆڭلىرىدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئىشلاردىن بولسا كېرەك . شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولى-دۇكى ، مەن قېزىۋالغان روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەيكەللەر ۋە تام رەسىملىرى ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان بولسىمۇ ، لېكىن مېنىڭ بۇ جەسۇر ھىندىستانلىق ھەمراھلىرىمنىڭ ئۆلۈم ھىدى پۇراپ تۇرغان سىر-لىق باياۋاندىكى قورقۇنچلۇق ھېسسىياتلىرىنى يوقىتىۋېتەلمىدى . مەن كۇچۇمنىڭ بارىچە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ ، چېدىر تىكىلىپ بولغاندا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان بەزى زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئۆزۈم ئىشلە-تىشكە تەييارلىغان كىچىك بولاقلىق چاي ، تۇخۇم ، قورۇق ئۈزۈم ، مېغىز قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدىم .

كەچقۇرۇن گۇگۇم پەردىسى تارتىلغان ۋاقىتتا ، مەن قېزىش ئورىنىدىن ئامالسىز پىيادە مېڭىپ كىچىك چېدىرىم تىكىلگەن جايغا قايتىپ كەلدىم . مەن دەرھال رام سىڭنى تېپىپ ، ئۇ ئۆلچىگەن تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشنى تەكشۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خاتىرىلەنگەن ئورۇن بىلەن شەخسەن ئۆزۈم ئۆلچەپ بېكىتكەن دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنىڭ ئورنىنى سېلىشتۇرۇپ ، ھەر قايسىمىزنىڭ ئۆلچىگىنىمىزنىڭ ئېنىقلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم . مېنى ئەڭ خۇشال قىلغان نەتىجە ھەر قايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا مۇستەقىل ئۆلچىگەن چېدىرىنىڭ تۇرغان ئورنى بىلەن ھەقىقىي ئورۇن ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولدى . مېردىئان ئۇزۇنلۇقى پەقەت يېرىم مىلچە پەرقلىنەتتى . كەڭلىك گرادۇسىنىڭ پەرقى بىر مىلغىمۇ يەتمەيتتى . ئەگەر بىز خوتەندىكى باش قارارگاھتىن ئايرىلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ، رام سىڭ ماڭغان ھەمدە ئۆلچەپ سىزغان مۇساپە 500 مىلغا يېقىن ئىدى . ( ئەڭ ئاخىرقى 130 مىلنىڭ ئېنىق بەلگىسىنى تاپالمىغانلىقتىن ، كونكرېت ئورۇن بەلگىسى چىقىرىلمىدى ) . مەن ماڭغان مۇساپە تەخمى-نەن 120 مىل بولۇپ ، بىسىپ ئۆتكىنىمنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك قۇملۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رايونلار ئىدى . شۇڭا ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆلچەمدىكى بۇنداق كىچىككىنە پەرق ئەمەلىيەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان توغرىلىقنى كۆرسىتەتتى . بۇنىڭ بىلەن مەن قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىقىدىن خاتىرجەم بولدۇم .

رام سىڭنىڭ رىياتىزىمى قوزغىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ كېسەلنى ئۇ بۇرۇن كاپىتان دېسىينىڭ ئۆلچەش - سىزىش گۇرۇپپىسىدا ياللىنىپ ئىشلىگەن ۋاقتىدا تېپىۋالغانىدى . مەن ئۇنىڭغا خارابە رايونىدا ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەش ۋە قېزىلىپ بولۇنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورنىنى تەپسىلىي سىزىپ چىقىشتەك دائىم ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇم . ئەمەلىيەت بۇنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . كېيىن ئۇ بىزنىڭ قۇملۇقتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزدە ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، پەرىزىمدىكىدىن ياخشى ئىشلىدى . ئۇ گەرچە باتۇرلۇق بىلەن كونا كېسىلى ئېلىپ كەلگەن ئازاب بىلەن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ ، بىراق كېسەل باھار پەسلىدە ئۇنى ناھايىتى قاتتىق قىيىندى . كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ، ھەمراھلىرىمنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ ئاغرىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا چىقان چىقىپ جاراھەت بولۇپ كەتتى . بۇنداق كېسەل ئازابىغا ھېچقانداق دورا ئۈنۈم بەرمەيتتى .

تۇردى ئاقساقال ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان « گۆھەر ئىزدەش » تەك تەۋەككۈلچىلىك پائالىيەتلىرى جەريانىدا تومۇز ئىسسىق ، قەھرىتان سوغۇقلاردىكى تۆرلۈك جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەنلىكتىن ئاغرىقلار قاتارىغا كىرمىدى . مەن قىزىقچىلىق قىلىپ بۇ يەرنى ئۇنىڭ يۇرتى ۋە بۇتخانىسى دېگىنىمدە ، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ خۇش بولۇپ كېتەتتى . مەن ئۇنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدىكى ئىقتىدارى ۋە قۇملۇقتىكى تەجرىبىسىدىن ياردەم سورىغىنىمدا ، ئۇنىڭ قۇرۇق باسقان يۈزىدە ساددا پەخىرلىنىش كەيپىياتى جىلۋىلىنەتتى ، ئەمما ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە ياناتتى . خارابىلىققا بارغان دەسلەپكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مەن ئۇنىڭ ھەققىي كۆڭلىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن . مەن تۇنجى قېتىم

كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان قىزىلما بۇيۇملار قىزىپ چىقىرىلغاندا ھاياجان-
لىنىپ شادلانغان ۋاقىتلاردا ، بىچارە « تەكلىماكاننىڭ ئاقساقالى » ( بىز
تۇردىنى مۇشۇنداق ئاتىۋالغانىدۇق ) سودىدىكى تەۋەككۇلچىلىكتىن مەغ-
لۇپ بولۇپ ، ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ ، موھتاجلىقتىن ئىچى پۇ-
شۇپ ھەسرەتتە قالغانىكەن . ئۇ ئېھتىمال « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » دە
بولىدىغان تەبىئىي تەۋەككۇلچىلىكنىڭ تۈرتكىسىدە مەن خوتەندىن ئايرى-
لىدىغان چاغدا ئالدىن بەرگەن پۇلنىڭ كۆپ قىسمىغا بىر قېرى ئات سې-
تىۋېلىپ ، مۇشۇ ئات بىلەن ئۇزۇۇقلۇق ۋە بىر قىسىم يۈك - تاقلارنى ئېلىپ
دەندان ئۆيلۈككە بېرىپ ، بۇ قېرى ئاتنى سويۇپ گۆشىنى ئىشلەمچىلە-
رىمگە سېتىپ پايدا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن . تۇردى بۇ خىل « يىراق-
تىن يەتكۈزۈش بىلەن تەمىنلەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن » ئەپچىل چا-
رىدىن ئەسلىدە مەلۇم پايدىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى . ئەمما ، مەن تە-
ۋەككۇلدىن ئېلىپ كەلگەن ئىشلەمچىلەرمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلاپ ، بىر-
لىشىپ بىر كالىنى ئەكىلىپ ، بىز خارابىلىققا بارغاندىن كېيىنلا سو-
يۇۋاپتۇ . ئۇ تەۋەككۇللۇق ئىشلەمچىلەر بىلەن ئات سودىسىدا كېلىشەل-
مەپتۇ ھەمدە دەرھال ئاتنى بوستانلىققا ياكى كېرىيە دەرياسى بويىغا ئەۋە-
تەلمىگەنىكەن . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر يىگىتكە
ئاتنى جەنۇبتىكى يىراقراق جايغا ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇپتۇ . ئۇ يەردە ئات
قۇرۇپ قالغان سۆگەت شاخلىرى ۋە قومۇشلارنى ئوزۇقلۇق قىلىپتۇ .

بۇ بىچارە جانىۋار ماغدۇرسىزلىنىپ ئەڭ ئادەتتىكى ئوزۇقلۇقنى تې-
پىشقىمۇ ئامالسىز قالغاندا ، تۇردى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر نەر-
سىنى تېپىۋالدى . بۇ ئىش ھېچبولمىغاندا ئۇنى خېلى خاتىرجەم قىلغا-
نىدى . چېدىرىمنىڭ جەنۇبىدىكى تەخمىنەن 100 يارد كېلىدىغان تاشلان-
دۇق تۇرالغۇ يېنىدىن تۇردى نەچچە يىل بۇرۇن ئاختۇرغان ، شامال يالاپ
كەتكەن بىر قۇم دۆڭ ئۈستىدىن بىر دۆۋە سامان تېپىۋالدى . بۇ سامان
چېتىلانغان بىر ھويلىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغانىكەن . بىراق ، بىر ئاز قارىداپ
قالغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يىل قۇم ئاستىدا تۇرغاچقا، پۈتۈنلەي قۇ-
رۇپ كەتكەنىدى .

www.uyghurkitap.com

بۇ بايقاش تۇردىنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى . ئۇ دەرھال ئېچىرقاپ ھالىدىن كەتكەن ئىتنى يېتىلەپ كېلىپ ، تەلىيىگە يارىشا ساقلىنىپ قالغان بۇ سامانىنى يېگۈزدى ، مەن دەسلەپتىلا ھېچقانداق ئات يېمەيدىغان « سۇيى قېچىپ كەتكەن » بۇ قۇرۇق سامانىنىڭ ئۇزۇقلۇق قىممىتىدىن گۇمانلانغانىدىم . لېكىن ، ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ جانىۋار سامانىنى يالماپ يۇتۇۋاتقان ۋاقىتتا ، مەن تۇردىنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ قالغاندۇ دەپ ئويلىدىم . بىر كۈنلۈك ئەمەلىي ئەھۋال تۇردىنىڭ ئاشۇ كونا ساماننىڭ ئۇزۇقلۇق قىممىتىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈردى . توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ، مەن ئاشۇ ساداقەتمەن « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » گە چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى . ئۇنىڭ ئۇلاغ بېقىش ئىقتىدارى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن ئاشۇ بۇيۇملارنى بىر تەرەپ قىلغىنىغا يەتمەيتتى . ئەتىسى رام سىڭ يۈك ـ تاقلار ئارتىلغان تۆگىلەر كارۋىنىنى باشلاپ كېرىيە دەرياسىدىن قايتىپ كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن قومۇشلىرىدىن ئازراق ئېلىپ ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ پاكار ئاتقا بەردىم .

تۇردى يەنىلا ئاتقا خېرىدار تاپالماي ، تەۋەككۈلگە قايتۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى . قاسىمنىڭ كىچىك ئەترىتى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئىشلەمچىلەر ئارتۇق بولغاچقا ئىشلار بىرئاز ياخشىلاندى . مەن دەرھال ئىككى ئىشلەمچىنى ئات ۋە مېنىڭ خوتەنگە يەتكۈزىدىغان خەت ـ خالتىلىرىمنى ئېلىپ قايتىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم . مەن تۇردىنىڭ جاپا تارتقان بۇ « تەجرىبە بۇيۇمى » نىڭ 60 مىللىق قۇملۇق سەپىرىدىن ئۆتۈپ دەريا بويىغا بارالىشىدىن كۆپ ئەندىشە قىلدىم . شۇڭا ، كېيىن تۇنجى تۇركۈمدىكى ئىككى كىشىنىڭ خۇش پېئىل ئامبالنىڭ خەۋىرىنى ماڭا يەتكۈزۈپ ، بۇ ئاتنىڭ دەندان ئۆيلۈكتىن ئىككى بېكەت مېڭىپلا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىنىدە ھېچقانداق غەلىتىلىك ھېس قىلمىدىم .

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يىراق قۇملۇقتىكى دائىرىلەرگىچە سوزۇلغانىدى . تۇردى مەندىن پەقەت بولمىغاندا ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئات تىرىسىنى تەۋەككۈلگە قايتۇرۇپ كېتىپ ، شۇ يەردە سېتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ قېتىمقى ئات تىرىسى سودىسىدا يەرلىك

بەگكە تۆلەيدىغان باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئۈچۈن ، مەن مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىشقا قوشۇلۇپ كاپالەت بەردىم . تۇردىنىڭ دۇچ كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلىرى ۋە تەلەپلىرىنى بىزنىڭ نىياز موللا سىلىق سۆز - ئىبارىلەر ۋە كۆركەم خەتلىرى بىلەن يېزىپ چىقتى . مەن 2000 يىلدىن كېيىن بىرەر ئارخىپئوگ ئامتى كېلىپ قۇملۇقتىن مەزكۇر قولىيازمىنى تېپىۋالغاندا ، چۈشىنەلمەي قانداق گاڭگىراپ كېتەر دەپ ئويلاپ قالدىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى باب

## يىل دەۋرى بار ھۆججەتنىڭ تېپىلىشى

روژدېستۋا بايرىمى چېدىرىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تەخمىنەن يىرىم مىل كېلىدىغان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر قاتار قۇرۇلۇشلارنى تازىلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . بۇ يەردە مەن قىلچە كۈچ سەرپ قىلمايلا تۆت چاسا شەكىللىك ئىبادەتخانا ۋە تۇتىشىپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق تۇرالغۇ ئۆينى تونۇۋالدىم ، بۇ خارابە ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ كەتكەن بولۇپ ، شەرق ۋە شىمال تەرىپىدە دالدا بولمىغاچقا ، ئۇ يەرلەردە ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 20 فوت پەس بولغان كەڭرى ئازگال شەكىللىنىپ قالغان . بۇ خارابىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر ئەگرى - بۈگرى ھالدا پەسلەپ كەتكەن-لىكتىن ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جايدىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىمارەت بىر قۇم دۆۋىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى ، ئۈستىنى قاپلاپ تۇرغان توپا - قۇملار 2 ~ 3 فۇت چوڭقۇرلۇقتىن ئېشىپ كەتمەيتتى . خارابە ئۈستىدە يېرىلىپ كەتكەن ياغاچلار بولۇپ ، ئۇلار ئىلگىرى توپا تام جازىسى قىلىن-غانىدى ، ياغاچلارنىڭ تىزىلىشى ئەسلىدىكى ئۆيلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەتتى . بۇ خارابىنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇرۇشى « گۆھەر ئىز-دىگۈچىلەر » نى ئۆزىگە جەلب قىلغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇردى ئىلگىرى باشلاپ كەلگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى . يەر ئۈستىگە چېچىلغان كۈل رەڭ سۇۋاق پارچىلىرى ، ياغاچ ۋە ساپال پارچىلىرى بۇ جاينىڭ تەكشۈرۈلۈپ بولۇنغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى .

گەرچە بۇ يەر تەكشۈرۈشتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، مەن يەنىلا ئىنچىكىلىك بىلەن تازىلاش ئارقىلىق بىر قىسىم ساقلىنىپ قال-غان بۇيۇملارغا ئېرىشتىم . ئىچكىرى ئىبادەتخانىنى ئوراپ تۇرغان تۆت

چاسا ئايلانما كارىدورنىڭ غەرب تەرىپىدىن ئىلاھىي بۇت سىزىلغان ئىككى پارچە ياغاچ تاختاينى تاپتۇق. شۈبھىسىزكى، بۇ دىنىي مۇرىتلار-نىڭ تەقدىم قىلغان بۇيۇمى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشىراق بىر پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 دىيۇيم، كەڭلىكى 4 دىيۇيم بولۇپ، ئۇنىڭغا چاشقان باشلىق، ئادەم تەنلىك ھەيكەل سىزىلغان. ئۇ بېشىغا شاھلىق تاجى كىيىپ، ئىككى مۇلازىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. كېيىن برىتانىيە موزېيدا ئۈستىگە چاپلىشىپ قالغان قۇم ـ توپىلار تازىلى-ۋېتىلگەندىن كېيىن، دوستۇم ئاندرېۋس ئەپەندىنىڭ تەجرىبىلىك كۆزى بۇنى تونۇپ چىققاندىن كېيىنلا، ئاندىن مەن بۇ ئىلاھىي ھەيكەلنىڭ ئالاھىدە قىياپىتى ۋە ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلىدىم. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇنىڭغا سىزىلغىنى ئىلاھىي چاشقانلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، بىز ئاللىقا-چان تونۇشتۇرۇپ بولغان كەپتەر مازىرىغا دائىر شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ھېكايە ئىدى. بۇ ئىلاھ ھۇنلار خوتەن دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلغاندا، خوتەن دۆلىتىنى قۇتقۇزۇۋالغان بولۇپ، خوتەن بوس-تانلىقىنىڭ غەربىدە كىشىلەر بۇ ئىلاھنى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن. بۇ چاش-قان باشلىق ھەيكەلنىڭ ئىلاھلىقى ئۇنى ئوراپ تۇرىدىغان ئېللىپس شە-كىللىك نۇر ھالقىسى ياكى گەردىش نورى ئۈستىدە ناھايىتى ئوچۇق ئىپا-دىلىنەتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى قولىدا يوپۇرماق شەكىللىك ئۇزۇن يەلپۈگۈچ تۇتۇۋالغان كۈتكۈچىنىڭ ھۆرمەتتە تۇرغان ھالىتىمۇ بۇنى تو-لۇق ئىپادىلەپ تۇراتتى.

ئىبادەتخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن براخمى يېزىقىدا يېزىلغان سۇ باسمىلىق ئىككى پارچە قەغەز پارچىسىنى قېزىپ چىقاردۇق. بىر قاراپلا ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان دوكتور خورنل خوتەندىن سېتىۋېلىپ ساقلى-غان سانسكرىتچە بولمىغان ھۆججەتنىڭ براخمى يېزىقىنىڭ تېز خەت شەكلى بىلەن يېزىلغانلىقىنى تونۇۋالدىم. بۇتخانىنىڭ تۇرالغۇ خارابىلى-رىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئۆينى تازىلاۋاتقاندا، يەنە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش خەتلەر يېزىلغان ھۆججەتلەرنى تاپتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇرلىشىپ، بەزىلىرى ئىنچىكە ئورىۋېتىلگەنىدى. كېيىن بۇ خارابىدىن تېپىلغان

www.uyghurkitap.com

خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىدى . بۇ يەردىكى يۈزەكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، يەنىلا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پارچىلىنىپ كەتكەن بۇ قەغەزلەرنىڭ قولدا كۆچۈرۈلگەنلىكى ياكى « پوتى » كىتابچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . ئېنىقكى ، ھەر قايسىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم ھۆججەتلەر ئىدى .

بۇ ھۆججەتلەردىن ۋە دەندان ئۆيلۈكتىكى باشقا خارابىلەردىن تېپىلغان ، ئوخشاشلا براخمى يېزىقىنىڭ تىز خەت شەكلى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئالغان تەسىراتىم ، پۈتۈنلەي دوكتور خورنل ئەپەندىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى . بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ كېيىن نەشر قىلىنغان « ئەنگلىيىدە ساقلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا دوكلات » ( 1902 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ) دېگەن كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ . بۇ داڭلىق ئالىم تەتقىق قىلغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ خىلدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان ھۆججەتلەر ئىدى . بۇ ھۆججەتلەرنى 1895 ~ 1897 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ، بەدرىددىن ئەپەندى بىلەن كاپىتان گودفرېي خوتەندىكى ئافغانىستانلىق سودىگەر بەدرىددىننىڭ قولىدىن سېتىۋالغانىدى . ئۆزۈم ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا ، بۇلارنى تۇردى ئېھتىمال دەندان ئۆيلۈكنى دەسلەپ ئاختۇرغان ۋاقىتتا بايقىغان بولۇشى مۇمكىن . دوكتور خورنل بۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ، بىر قاتار ئەھمىيەتلىك ھەم قايىل قىلارلىق تىلشۇناسلىق پاكىتلىرى ئارقىلىق شەرھلىدى . ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ خام سۆز ، بەزىلىرىنىڭ ئىسىم ، بەزىلىرىنىڭ سۆز ـ ئاتالغۇلار ، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا سان ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ چىقتى . خام سۆزلەر مەزكۇر ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ھىندى ـ ئىران تىل دىئالېكتى ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا پارس ـ ھىندى يەرلىك تىللىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ ، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكىنى تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ ئاشۇردى . بۇ خام سۆزلەر پامىر رايونىدىكى غالچا ( Ghalchah ) دىئالېكتى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئىدى .

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بۇ تىلشۇناسلىقنىڭ ئاچقۇچى ئېگىلەنمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان مەزكۇر ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يىل دەۋرى بارلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم پاكىتنى مۇئەييەنلەشتۈردى .

يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، يەنى مەلۇم ھۆججەتلەرنىڭ ئاخىرىدا بايقالغان بىر قىسىم ئىسىملار ۋە گۇۋاھچىنىڭ ئېنىق بەلگىلىرىدىن دوكتور خورنلىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . بۇلار ھۆكۈمەت تەرەپ ياكى شەخسلەرنىڭ مال بىلەن تەمىنلەش توختامنامىلىرى ۋە ئىلتىماس قاتارلىق ھۆججەتلەر ئىدى . كېيىن تونۇشتۇرغان دەندان ئۆيلۈكتىن ئېلىپ كېلىنگەن ھۆججەتلەر ئىچىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆججەتلەر بار ئىدى . دوكتور خورنلى مەن بايقىغان بۇ ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ، ئىنچىكە تەتقىق قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بەزى مۇھىم مەسىلىلەر تا ھازىرغىچە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغىنى يوق . لېكىن ، مەن ھۆججەتلەرنى تاپقان ئەتراپنىڭ مۇھىتىدىن قارىغاندا ، بۇ يەر بىرىنىڭ براخمى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ يېزىلغان دەۋرىنى ھۆكۈم قىلىشىمىزغا پايدىلىق ئىدى .

دوكتور خورنلى قەدىمكى يېزىقلارنىڭ خەت شەكلىگە قارىتا چىقارغان ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ ، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەر دەپ ھېسابلىدى . بۇلارنىڭ ئېنىق يىل دەۋرىنى تۆۋەندىكى پاكىت تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ : ئوخشاش ئورۇن ، ئوخشاش شارائىتتا تېپىلغان بۇ خىل براخمى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بىر قىسىم خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ بىلدۈرگەن توغرا يىل دەۋرى مىلادىيە 781 ~ 787 ـ يىللار ئىدى . ئەگەر براخمى يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى خۇلاسىمىز توغرا بولىدىغان بولسا ، بۇ ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلگەن يېزىقنىڭ دەل مۇشۇ ئىزلار ئۈستىدىكى ئاھالىلەر خارابىلىق تاشلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئەمەلىي قوللانغان تىل ـ يېزىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز . بۇ خىل يېزىق يۇقىرىدا تونۇشتۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان براخمى يېزىقىنىڭ قولدا كۆچۈرۈلگەن بىر قىسىم نۇسخىسىمۇ ياكى « پوتى » ئۈستىدىكى ناتونۇش يېزىق بىلەن بىر خىلمۇ ؟ بۇمۇ بىر مەسىلە ئىدى . چۈنكى ، « پوتى » بەتلىرىدىن بىر قىسىم تارقاق سانسكرىتچە سۆزلۈكلەر تېپىلغان بولۇپ ، ئۇلار بىلەن بىللە تېپىلغان سانسكرىتچە « پوتى » قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئا- ئىت مەزمۇنلار ئىدى . ئۇلار بەلكىم سانسكرىتچە نومۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئا- سىيا تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى بولۇشى ، شۇنداقلا بۇ رايوندىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا ئىشلىتىلگەن يېزىق بولۇشى مۇمكىن .

براخمى يېزىقىنىڭ تېز خەت شەكلى بىلەن يېزىلغان بۇ قەدىمكى قەغەزلەر تېپىلغان ئۆينىڭ ئىچىنى قاپلىغان قۇملار 3 فۇتتىن ئاشمايتتى . نېپىز قۇم قاتلىمى بۇ قالدۇق بۇيۇملارنى ناھايىتى ياخشى قوغدىغانىدى ، ئۇلار ئاساسلىق غەربىي جەنۇب بۇلۇڭدىن تېپىلغانىدى . ئۇ ئىككى پارچە ئۇزۇن توت چاسا تاختاي بولۇپ ، ئوڭ ئۇچى مۇكەممەل ھەم يىپ ئۆت- كۈزىدىغان بىر تۆشۈكى بار ، تاختاي ئۈستىدە يۇقىرىدا بايان قىلغان ئاشۇ خىل براخمى يېزىقىنىڭ تېز خەت شەكلى بىلەن قولدا يېزىلغان نەچچە قۇر يېزىق بار ئىدى . يەنە بىر پارچە چوڭراق تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 14 دىيۇيم ، كەڭلىكى 3 دىيۇيم ئىدى . ئۇنىڭ شەكلى ۋە دەس- تىسى دەرھال دىققىتىمنى قوزغىدى . ئۇ « دوسكا » غا ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى . بۇ خىل ئەنئەنىۋى تاختاي ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مەكتەپلەردە تاش دوسكا قىلىپ ئىشلىتىلەتتى . يەنە بىر پارچە يۈزى ئاق تاختاي تېپىلدى ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نۇرغۇن قېتىم سۈرتۈلگەن ئىز ئۇ- نىڭ ئىلگىرى خەت يېزىلغان تاختاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . چۈنكى ، بۇنداق بۇيۇملار ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن ، بىز بۇ بىر پارچە ھىندىستان دوسكىسىغا قەدىمدىن ھايات قالغۇچى دەپ ئېتىبار بەردۇق . بىراق ، بۇ دوسكىلار تېپىلغاندا ، مەن يەنە كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى يازما ماتېرى- ياللارنىڭ باشقا جايدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندىم .

نەپىس گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ ھەر خىل رەڭلەر بېرىل- گەن ، ياغاچتىن ياسالغان قاچىغا ئوخشاش بىر نەرسە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن

تېپىلدى . ئىنقكى ، بۇ جوڭگونىڭ مىلى ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مىنىڭ بۇ پەرىزىم ئىسپاتلاندى . خۇددى مەزكۇر ئۆيلەردىكى ئا-ھالىلەرگە دائىر پەرىزىمنى ئىسپاتلىغاندەكلا ، تۇنجى بولۇپ خەنزۇ يېزى-قىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلدى . ئۇ بىر قىزىل رەڭلىك تاياقچە بولۇپ ، ئۇ-زۇنلۇقى 14 ديۇيم ، كەڭلىكى 1 ديۇيم ، ئىككى تەرىپىنىڭ بەزى جايلىرى قىرىپ تۈزلەنگەن ، ھەر ئىككى تەرىپىدە تەخمىنەن 12 دىن ئۇزۇنىسىغا يېزىلغان خەنزۇچە خەت بار ئىدى . سىياھ ئىزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئو-چۇق ئەمەس ئىدى . ئوچۇقراق بىر نەچچە خەتكە ئاساسلىنىپ ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى . بىراق ، بۇ ياغاچ تاياقچە ئىلگىرى توغرا سان ـ مىقدارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن دەستەك قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن . تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ، ئەڭ ئاساسلىقى ئىككىنچى پارچە ھۆججەت بولۇپ ، توغرا سىزىقى بار بىر پارچە نىپىز قەغەز ئەس-لىدە يۆگىلىپ تار بىر يۆگەم قىلىنغان . ئۇنى ئاچقاندىن كېيىن ناھايىتى مۇكەممەل ئىكەنلىكى ئىنىقلاندى .

ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ قەشقەردە مېنى قوللاش يۈزىسىدىن قىلىپ بەرگەن ۋاقىتلىق تەرجىمىسىگە ئاساسەن ، فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پرو-فېسسورى شاۋان ( Chavannes ) بۇ قەغەزگە يېزىلغان ئاساسلىق مەز-مۇنىنىڭ بىر ئىشەكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىق توغرىسىدىكى ئىلتىماس ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى . بۇ ئىشەك ئىلگىرى ئىككى كىشىگە ئىجارىگە بېرىلگەن بولۇپ ، ئىجارىگە ئالغۇچىلار ۋەدىسىدە تۇرماي ، 10 ئايدىن كېيىنمۇ ئىشەكنى قايتۇرمىغان . ئىلتىماستا كۆرسى-تىلگەن ۋاقىت دالىنىڭ 16 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، يەنى مىلادىيە 781 ـ يىلى ئىدى . ئىلتىماس سۇنۇلغان ئورۇن لى شيې بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئوقۇلۇشىغا ھۆكۈم قىلىش قىيىن ئىدى . چۈنكى ، ئۇ « لى شېي » ، « لى شيې » ، « لى شا » دېگەندەك ھەرخىل ئوقۇلاتتى . ھازىر تېپىلغان بۇ بۇيۇمنىڭ ئالاھىدە قىممىتى پەقەت ئۇ تەمىنلىگەن ئېنىق يىل دەۋرىلا بول-ماستىن ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ پارچە خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى بىرلەشتۈرگەندە دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئادرېسى

نامى ھەم ئۇ تەئەللۇق بولغان جۇڭگودىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ نامىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن ئىدى .

مەن تىلغا ئالغان ئاشۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە خەت شەكلى جەھەتتىن ئالغاندا ، ئۇلار دەمدان ئۆيلۈك خارابىسىدىن تېپىلغانلىرىغا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىكتىكى ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەرگە ئائىت ھۆججەت ئىدى . ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ قەشقەردە قىلغان تەرجىمىسى ئىچىدىكى بىرىنچى پارچىسىنىڭ يىل دەۋرى داللىنىڭ 3 ـ يىلى ، يەنى مىلادىيە 768 ـ يىلى بولۇپ ، مەزمۇنى لى شيېنىڭ مەمۇرىي ئورگىنىغا سۇنۇلغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىر پارچە ئىلتىماسى ئىدى . ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ تۇپەيلىدىن ، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنى بىكار قىلىش تەلىپى بايان قىلىنغانىدى . يەنە بىر پارچە ھۆججەتتە ئاي ، كۈن ئېنىق يېزىلغان بولۇپ ، بۇلى شيېنىڭ ھەربىي گازارمىسىدىن يەرلىك مەمۇرىي ئورگانغا ئەۋەتىلگەن ئىلتىماس ئىدى . بۇنىڭدا دۇمباق ياساش ئۈچۈن بىر تېرە ۋە يا ئوقى ياسايدىغان پەي ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنغان . ئۈچىنچى پارچە ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرى جيەنجۇڭنىڭ 7 ـ يىلى ، يەنى مىلادىيە 786 ـ يىلى دېيىلگەن . ئۇنىڭدا مەلۇم بىر كەنتنىڭ ( كەنت نامىنى تونۇغىلى بولمايتتى ) ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىشقا 15 مىڭ يارماق بېرىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن ، كەنت لى شيېغا قارايتتى .

بۇ ھۆججەتلەر يىل دەۋرى ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مەن دەمدان ئۆيلۈكنىڭ ھەر قايسى خارابىلىرىدىن تاپقان خەنزۇچە ھۆججەتلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن كېلەتتى . تۆردى بىر نەچچە يىل ئاۋۋال بۇ جاينى تەكشۈرگەن ۋاقتىدا تېپىۋالغان ئاشۇ بىر نەچچە پارچە ھۆججەت بىلەن باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوشۇپ ، خوتەندىكى دائىملىق خېرىدارى بەدرىددىنگە سېتىپ بەرگەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندىم . بەلكىم بۇ ئالاھىدە ھۆججەتلەر D . V خارابىسىنىڭ بىرەر ئېغىزىدىن تېپىلغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئېغىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن ئاختۇرۇلغانلىقىنى

بۇرۇن بايقىمىغانىدىم. ئېھتىمال، تۇردىنىڭ كىچىك ئەترىتى ئىلگىرى ئاختۇرغان باشقا بىرەر خارابىدىن تېپىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بۇ خارابىدىن تېپىلغان بىرىنچى پارچە خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، لى شىپ بۇ ئاھالىلەر رايونى ياكى دەندان ئۆيلۈك ئاھالىلىرىگە مەنسۇپ بولغان مەلۇم كىچىك رايوننىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسمۇ يوق ئىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، مۇشۇ ئاھالىلەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەمۇرىي رايونلاردىمۇ جۇڭگوچە «ليۇچېڭ» دېگەن ئىسىم بار بولۇپ، مەنىسى «ئالتە شەھەر» ئىدى. ماكارتنېي ئەپەندى ساقلىغان بىرىنچى پارچە ھۆججەتتىمۇ ئوخشاش ئىسىم تىلغا ئېلىنغان. مەزكۇر دوكلاتقىمۇ «ئالتە شەھەر چىرا تۇتۇق بېگى» دەپ ئىمزا قويۇلغان. بۇ ئەمەل نامى مەن تۇنجى قېتىم بايقىغان ھۆججەتتە لى شىپ دېگەن ئىسىمنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپلا كۆرۈنگەنىدى. ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە ھۆججىتى سۇن ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، شۇنداقلا باشقا جەھەتلەردىكى ئىسپاتلارغا قارىغاندا، «ئالتە شەھەر» دېگەن بۇ نام يەنىلا ھازىرقى خوتەن رايونىدىكى قەدىمكى ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىرى بىلەتتى. بۇ ئالتە شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا خۇلاسىلەنگەن (ئىلچى ياكى خوتەن، يورۇڭقاش، قاراقاش، چىرا، كېرىيە ۋە نامى ئېنىق بولمىغان ئالتىنچى شەھەر) بولۇپ، ھازىرقى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلغانلىرىنىڭ ئىچىدىكى خوتەن ۋە كېرىيە ئامباللىرىنىڭ قارىمىقىدىكى رايونلار ئىدى.

بۇ بىر نەچچە پارچە جەلپ قىلارلىق بۇيۇم قۇياش نۇرى پارلاپ چىقىش بىلەن تەڭ كېچىدىكى قەھرىتان سوغۇق پەسەيگەندەك، مېنىڭ روژدىستۋا بايرىمىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشۈمگە تۈرتكە بولدى. كەچقۇرۇن قېزىلىپ بولغان خارابىلىقتىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا، مەن نېمىشقا كىشىلەرنىڭ بۇ بىر خىللا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئاسانلا ئادىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. مەن

www.uyghurkitap.com

خارابىلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قۇم بارخانىدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان، ئۇستىگە كەييۇەن يىللىرى ( 713 ～ 741 ـ يىللىرى ) چۈشۈرۈلگەن بىر يارماق تېپىۋالدىم. تېخىمۇ كۆپ بۇيۇملارنى تېپىش مەقسىتىدە شۇ يەردە قالدىم. چېدىر بىلەن ئارىلىق يېقىن بولغاچقا، بىرەر ھەمراھىمۇ ئېلىپ قالمىدىم، بىردەمدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قايتىپ كېتىۋېتىپ يولدىن ئادىشىپ قالدىم. پاكار قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدا پۇتۇمنى سۆرەپ ئالاھەزەل 1 مىل يۈرۈپمۇ يەنىلا چېدىرنى تاپالمىدىم. ئۇ يەردە ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ماڭا يول كۆرسەتكۈچ بولغۇدەك ھېچقانداق بەلگىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن يولدىن پۈتۈنلەي ئادىشىپ قالغانلىقىمنى سەزگەن ۋاقتىمدا ھاۋا يەنە تۇتۇلدى ( بەختكە قارشى ئۇ كۈنى مەن كومپاسنى چېدىردا قالدۇرۇپ قويغانىكەنمەن )، مەن ئىزىمنى پەرق قىلغۇدەك ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ كەينىمگە قايتىشنى ئويلىدىم. مەن توساتتىنلا قۇم ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان، بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئاۋۋال دىققەت قىلغان تامنىڭ كونا ئىزىنى تونۇپ قالدىم. ئۇ چېدىرىمنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر يەردە ئىدى.

ئۆتكەن كۈنى ئاخشىمى ماڭا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەرگەن تام دەل بىز قازدىغان نىشان ئىدى. غەلىتە يېرى شۇكى، بۇ يەردىن تېپىلغان قەدىمكى بۇيۇملار ئالدىنقى نەچچە كۈنلۈك تېپىندىلارغا تېخىمۇ لايىقىدا تولۇقلىما بولدى. بۇ خارابىنىڭ بىر ھۇجرىسى دائىم ئىشلىتىلىپ تۇرغان ئىمارەتنىڭ كىچىك بۇتخانىسى ئىدى. ئايلانما كارىدورنى ئوراپ تۇرغان چاسا شەكىللىك ئىبادەتخانا ئالدى بىلەن قېزىلدى. بۇ يەر بىراخمى يېزىقىنىڭ تېز خەت شەكلىدە يېزىلغان قولىيازما ئورگىناللىرىنىڭ پارچىلىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇن تام رەسىملىرى ۋە رەسىم سىزىلغان تاختايلار بىلەنمۇ تەمىنلىدى. ئارقىدىن بۇ خارابىنىڭ ئەڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئېچىلدى. ئۆينى چوڭقۇر كۆمۈۋالغان قۇم ـ توپىلارنى تازىلاپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدۇق. دائىرىسى 18×13 فۇت كېلىدىغان يەر ئۈستىدە بىر دۆۋە خەنزۇچە

هـۆججەتلەر بولۇپ ، ھەممىسى يۆگىلىپ تار يۆگەم قەغەزگە ئايلىنىپ
كەتكەنىدى . بۇ دەل D. V خارابىسىدىن تېپىلغىنىغا ئوخشاش ئىدى .
ئۇلار ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بىر مەشىنىڭ يېنىدىكى يەرگە چېچىلـ
غان بولۇپ ، بەزىلىرى ئايرىم بەت ، بەزىلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ
كـەتكەنىدى . قەغەزنى ئاچقاندىن كېيىنكى ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھېساب بىـ
لەن 11 ديۇيم كېلەتتى .
يـەر ئۈستىدىكى نەملىكنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ، ئۇلارنىڭ بەزىـ
لىرى نەملىشىپ كىچىك پارچىلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . باشقىلىرى
ئازدۇر ـ كۆپتۇر بولسىمۇ خېلىلا مۇكەممەل ساقلانغان . بۇلارنىڭ ئىچىـ
دىكى تۆت پارچىسىنى پروفېسسور شاۋان بىلەن دوگلاس دوستانە ياردەم
قـىلىپ تەرجىمە قىلىپ چىقتى . بۇ مېنىڭ مەزكۇر ھۆججەتلەرنىڭ يىل
دەۋرى ۋە ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى گۇمانىمنى ئىنكار قىلىشقا يېتەتتى .
بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پارچىسى جيەنجۇڭنىڭ 3 ـ يىلى ، يەنى 782 ـ
يىلى ئىدى . بۇ پۇل ۋە ئاشلىقنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇشقا قەرز ئېلىش
كېلىشىمى بولۇپ ، بۇنى خۇگۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى چىن يىڭ ئىككى
قەرز ئىگىسىگە بەرگەنىكەن . قەرزنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن ، قەرز
ئالغۇچى ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە يېشىنى يېزىشتىن سىرت ، يەنە
ئىشەنچلىك تۇغقانلىرىنى كېپىل قىلغان (ئانىسى ، ئاچا ـ سىڭىللىرى ،
خوتۇنى ۋە قىزى قاتارلىقلار ) ھەمدە ئۇلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى ۋە
كالىسى ( باھاسى يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشتىن قەتئىينەزەر )نى كېپىل قىـ
لىش قوشۇمچە قىلىنغانىكەن . ئۈچىنچى پارچە ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرى
مـىلادىيە 787 ـ يىلىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ ، بۇمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخـ
شـاش مـەقسەتتە يېزىلغان كېلىشىمنامە ئىدى . بۇ كېلىشىمدىمۇ قەرز ئالـ
غۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان ، قەرز بەرگۈچى ئېھتىمال خۇگو ئىبادەتخاـ
نىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ، بۇنى تۆتىنچى پارچە ھۆججەتـ
تىن كـۆرۈۋالـغـىـلى بـولاتـتـى ( مېنـىـڭ دەسـلـەپـكى دوكـلاتـ
ـىـمـغا كىرگۈزۈلگەن ) . يىل دەۋرى يېزىلمىغان بۇ ھۆججەت خۇگو ئىـ
بادەتخانىسىنى باشقۇرىدىغان راھىبنىڭ راھىبلارغا ياكى ئائىلىسىدىكىلەرگە

قىلغان يولىيورۇقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىراقتىكى ئىبادەتخانىنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى ، يولىيورۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال ئادەم چىقىرىپ ئۈچ كۈن ئوت ئورۇشى ، بىر ئادەمنى يەرلەرنى سۇغىرىشقا قالدۇرۇپ قويۇشى تاپىلانغانىدى .

بۇ ھۆججەتلەردىن قارىغاندا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى ، بۇ ھۆججەتلەر تېپىلغان ئۆي ھەم تۇتاش ئىبادەتخانا ئېھتىمال خوگو ئىبادەتخانىسى ياكى مەزكۇر ئىبادەتخانىغا مەنسۇپ بولغان راھىبنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئىبادەتخانىنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچىنىڭ خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلىسى ئەڭ ئاخىرقى بىر ھۆججەتكە خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، بۇ ئىبادەتخانا ھەم باشقۇرغۇچى راھىبنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى گۇمانسىز كۆرسىتىپ بەرگەن . لېكىن ، قەرز ئالغۇچى بىلەن كېپىللىك بەرگۈچىنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ئىسىم ـ فامىلىسى شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ خەنزۇ ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى . بۇ نۇقتىنى تامنىڭ ئاستىدىكى قىسقا بېغىشلىمىمۇ ئىسپاتلىدى . بىر ئاز بىلىمى بار راھىبلار سانسكرىتچە بىلىدۇ . بۇ ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان دىنىي تىل ـ يېزىق ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ خارابىدىن تېپىلغان قوليازمىلار ئارىسىدا سانسكرىتچە « پوتى » كىتابىنىڭ پارچىلىرى بار ئىدى .

بۇ ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ ، يىلنامىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، قىممىتى كىچىك ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئادەتتىكىچە بولۇپ ، قەغەزلەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە سۈپىتىمۇ ناچار ئىدى . شۇڭا ، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى بۇ ئىمارەت تاشلىنىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى يىل دەۋرىدىن كۆپ ئۇزاق بولماسلىقى مۇمكىن . ھازىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى ، بۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان بارلىق ھۆججەتلەر ئۈستىدىكى يىل دەۋرى 787 ~ 782 ـ يىللىرى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى . D. V خارابىسىدىن تېپىلغان بىرىنچى پارچە ئوخشاش شارائىتتىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغاندا ، يىل دەۋرى يەنە 781 ـ يىلى بولغان .

شۇڭا ، بىز ئەلۋەتتە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىمىز : بۇ ئىبادەتخانا ۋە
تۇرالغۇلار مەنسۇپ بولغان ئاھالىلەر رايونى تەخمىنەن مىلادىيە 8 ـ ئە-
سىرلەرنىڭ ئاخىرىدا تاشلىنىپ قالغان . ھەر خىل ئەھۋاللار شۇنى چۈ-
شەندۈرىدۇكى ، بۇ قەغەز پارچىلىرىنىڭ ھەممىسى يەر يۈزىگە يېقىن بول-
غان ئورۇندىن تېپىلغان . ئۇلار چۇۋۇلۇشقا باشلىغاندا ، قۇملار ئۆي ئى-
چىگە كىرىپ ئۇلارنى ناھايىتى ئاسانلا بۇزۇۋەتكەن . بۇ كىچىك قەغەز
پارچىلىرى ھەر يىلى ئەتىياز ، ياز پەسىللىرىدىكى بورانلارغا بەرداشلىق
بېرەلمىگەن .

مۇكەممەل ساقلانغان ، جەلب قىلارلىق رەسىمنىڭ مۇشۇ ئىمارەت-
تىن تېپىلىشى گۇمانلانغىلى بولمايدىغان يىل دەۋرى ئىسپاتى بىلەن تە-
مىنلىدى ، بۇ تولىمۇ ياخشى ئەھۋال ئىدى . يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ، ئۈچ
پارچە رەسىم سىزىلغان تاختاي يەر ئۈستىدىن نەچچە دىيۇيم چوڭقۇرلۇق-
تىكى ئوتتۇرا ئۆينىڭ شەرقىي تېمىدىن يىراق بولمىغان بوش قۇملار ئارى-
سىدىن تېپىلدى . ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە ئىككىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى مىخ
ئىزىدىن قارىغاندا ، ئۇلار ئېگىز تامغا ئېسىلىپ ، ئاقما قۇملار پەيدىنپەي
ئۆي ئىچىگە تولغاندا ، تامدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى . مانا بۇ
رەسىم سىزىلغان تاختاينىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى ھەم ئۇنىڭ نا-
ھايىتى ياخشى ساقلانغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى . ئۇنىڭدىكى سىز ـ ئىبا-
رىلەر بىلەن رەڭنىڭ قېنىقلىقىنى تەسۋىرلەش تولىمۇ قىيىن . ھازىرقى
باسما تېخنىكىسى شارائىتىدىمۇ ئۇنى تەقلىد قىلىپ ياسىغىلى بولمايتتى .
يۇقىرىدىكى ۋەزىپىنى تاماملاش ئۈچۈن ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچى-
سىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي : ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ناھايىتى جەلپ
قىلارلىق ئىپادىلەنگەن ( مېنىڭ دەسلەپكى دوكلاتىمنىڭ رەڭلىك بېتىدىن
ئۇنىڭ كىچىكلىتىلگەن باسمىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ ) . ئۇزۇن ، چاسا
شەكىللىك رەسىم سىزىلغان بۇ تاختاينىڭ ئۈچى يېرىم چەمبەر شەكىلدە
بولۇپ ، ئېگىزلىكى 15 دىيۇيم ، كەڭلىكى 7 دىيۇيم كېلىدىغان ئىككى ئادەم-
نىڭ تەسۋىرى سىزىلغان . بىرىنىڭ مەرتىۋىلىك ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق
ئىدى . ئۈستىدىكى كىشى ئاق ـ قارا چېكىتلىك ، ئېگىز تۇياقلىق ئات مى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىۋالغان بولۇپ، « يەركەن چوقۇر ئىتى »نى ئەسلەتتى . بۇ خىل ئاتنى
يىقىنقى ۋاقىتلارغىچە ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى ياخشى
كۆرۈپ كەلگەن . ئات ئۈستىدىكى ياش كىشىنىڭ يۈز قىسمى جەلپ
قىلارلىق بولۇپ، ھىندىستانلىق بىلەن جۇڭگولۇقنىڭ ئارىلاشما ئالاھىدى-
لىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنىدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەم قارا چېچى چوق-
قىسىدا يۆگەكلىك بولۇپ، چېچىغا سىرىق لېنتا چىگىۋالغان ، پېشانىسىگە
يۇملاق گۆھەر بېكىتىۋالغان . بېلىگە ھال رەڭلىك بەلباغ باغلاپ ، تار
ھەم يېنىك رومال بىلەن بېشىنى چىگىۋالغان ، رومالنىڭ ئىككى ئۇچى
ئىككى بىلىكىنىڭ ئارقىسىدا لەپىلدەپ تۇرغانلىقى ، ئۇنىڭ تېز ھەرىكەت
قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى . ئومۇمىي كۆرۈنۈش سىزىقلىرى باشقا قى-
سىملارغا ئوخشاشلا ئىنچىكە ۋە تەبىئىي سىزىلغانىدى . ئۈزەڭگىگە دەس-
سەپ تۇرغان ئىككى پۇتىغا قىلىن چەملىك ، ئۇزۇن قونجلىق قارا ئۆتۈك
كىيگەن بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭدىكى كەمبەغەللەرگە ئوخشايتتى . ئۇ
سول قولىدا چۇلۋۇر تۇتقان ، ئوڭ قولىدا هاراق سېپىدىغان تەخسىنى ئې-
گىز كۆتۈرگەن ، بۇ كۆرۈنۈش گويا بىر قۇش ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ
چۈشۈۋاتقاندەك ئىدى . ئۇ بېلىگە ئېسىۋالغان تۈز ، ئۇزۇن بىچاق ، بۇ-
رۇنقى ئىران ۋە شەرقتىكى باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ بىر خىل شەك-
لىنى نامايان قىلغانىدى .

بۇ ئاتنىڭ پۇتى ۋە تۇياقلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى سىزىلغان . تار
ھەم ئېگىز ئېگەرنىڭ ئاستىغا بىر پارچە نومدا ( Nomdah ھىندىستان ۋە
پارسلارنىڭ بىر خىل قېلىن زىلچىسى ) ياكى كىگىز قويۇلغان بولۇپ ،
نەپىس بويۇملار بىلەن بېزەلگەن . ئۇلار يۇگەن ، چۇلۋۇر ، نوختا ۋە ئې-
گەردىن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستىغا تۇتاشقان تاسمىلارغىچە بېزەلگەنى-
دى . ئاتنىڭ ماڭلىيىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بېزەك قىلىپ ئورنىتىلغان ،
ئىككى بۇرجىكى بۆرتۈپ چىققان چوڭ بىر پارچە ئالتۇن ياپراقچە بار
ئىدى . ئۇ ماڭلىيىدا ئايلاندۇرۇپ تۈگۈچلەنگەن قىزىل مەشۇتتەك ئىدى .
يەنە بىرى بۇرۇن ئۈستىگە ساڭگىلىتىلغان مۇشتۇمچىلىك پۆپۈك ئىدى .
ئات بېزەكلىرىنىڭ باشقا قىسىملىرىدىمۇ پۆپۈك بار ئىدى . بىر مۇشۇنداق

نەپىس بېزەلگەن ئات جابدۇقلىرىغا ئائىت رەسىملەرنى تېخى كۆرۈپ باق-
مىغانىدۇق . بۇنداق ئات بېزىكى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەردىلا ھازىرقىغا
ئوخشاش پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىغا ئومۇملاشقانىدى . تۆۋەندىكى ئىككىنچى
كىشىمۇ ناھايىتى جەلپ قىلارلىق بولۇپ ، قوش لوكىلىق تۆگە مىنىۋالغان
قىياپىتى بەكمۇ جانلىق چىققانىدى .

تۆگە مىنگەن كىشىنىڭ يۈزىنىڭ بىر قىسمى ئوچۇق ئەمەس ئى-
دى . قىسقا بۇدۇر چاچلىرى ئۈستىگە كونۇس شەكىللىك غەلىتە بۆك
كىيىۋالغان بولۇپ ، ئالاچىپار خۇرۇمدىن تىكىلگەن بۆكنىڭ چۆرىسى
ھەرە چىشسىمان يۇقىرىغا ئۆرۈلگەنىدى . بۇ كىشى ئۇزۇن ھەم كەڭ چا-
پان كىيگەن ، چاپىنىنىڭ پېشى ئۆتۈك ياكى مەسسىنىڭ قونجىنى يېپىپ
تۇراتتى . ئۇنىڭ پۇتىدىكى « چورۇق » تىپىدىكى ئاياغ كىيىمنى پۈتكۈل
تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر تا ھازىرغىچە كىيىۋاتىدۇ . بولۇپمۇ قىش
پەسلىدە ئۇنى كىيىدىغانلار تېخىمۇ كۆپ . ئۇ سول قولىدا تۆگىنىڭ بۇر-
نىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئارغامچىنى تۇتۇۋالغان ، ئوڭ قولىدا يۇقىرىدىكى
رەسىمدىكىدەك قاسراق شەكىللىك رۇمكا كۆتۈرۈۋالغانىدى . ئېگەر ۋە ئۇ-
زەڭگىدىكى بېزەك بۇيۇملار بۇنىڭ مىنىشكە ئىشلىتىلىدىغان تۆگە ئىكەن-
لىكىنى كۆرسىتەتتى . ھازىر بۇ رايوندا بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز
ئۇچرايدۇ . تۆگىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېنىق ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن ئۇ
يەرنىڭ بىر ئېگىزلىك ياكى ئېگىز قۇملۇق قىرى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى . بۇ ئىككى كىشىنىڭ باشلىرىغا نۇر ھالقىسى سىزىلغان بولۇپ ،
ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ئاجايىپ بىر رىۋايەتكە باغلىناتتى . بىراق ، بۇ
خىل رىۋايەت يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش دەندان ئۇيلۇك ئىبا-
دەتخانىسىدىن تېپىلغان باشقا بۇيۇملاردىمۇ كۆرۈلگەن بولسىمۇ ، ھازىرچە
بۇنى بىلگىلى بولمايتتى .

بۇ يەردە قايتا ئايان بولغانلىرىنى ياكى رەسىم سىزىلغان باشقا
تاختايلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئامالسىزمىز . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر
پارچىسىنىڭ ئىككىلا تەرىپىگە رەسىم سىزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تېپىلغان
جايىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ خۇگو ئىبادەتخانىسى دېسەك بولىدۇ . يۇقىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىزىلغان بۇت ياكى بۇددىساتۋاغا ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرى مۇقەررەر ھالدا ناھايىتى قىزىقاتتى . ئۇلارنىڭ نەپىس سىزما ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بېرىشتىن سىرت ، بىز ھىندىستان سەنئىتىنىڭ خوتەنگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنىڭ قالدۇق ئىزىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز . بۇ رەسىملەر يەنە مۇرەككەپ ئەنئەنىۋى سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ۋە شەخسلەرنىڭ روھىي ھالىتى قاتارلىق ئىنچىكە ھالقىلارنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتىنىمۇ كۆرسىتەتتى . تىبەتنىڭ بۇددا سەنئىتى ئىچىدە ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى ئاشۇ نەرسىلەر ئىدى . تىبەت سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر بىر قەدەر كېيىنرەك چىققان بۇ ئىككى بۇيۇم بىلەن تونۇشلۇق . ئەكسىچە ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى بۇددا دىنى ياكى ماھايانا مەزھىپىنىڭ بۇرۇن سىزىلغان رەسىملىرىنىڭ قېزىلىشى ساناقسىز ئىدى . شۇڭا ، بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان ھەم يىل دەۋرى ئېنىقراق بولغان ، بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنى ئاساسىي تېما قىلىپ سىزىلغان بۇ رەسىملەرنىڭ قىممىتىنى قانچە يۇقىرى دېگەندىمۇ ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايتتى .

ھالبۇكى ، مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى ، مەن ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەردىن پارس سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇيۇملارنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم . بۇ رەسىملەردە ھەم كېيىن تېپىلغان رەسىملەرنىڭ يۈز قىسمى ، كىيىم ـ كېچكى ۋە ئۈنچە ـ مارجانلىرى ئېنىق نامايان قىلىنغان . بۇ ئېنىق پاكىتقا ئاساسلىنىپ ، مەن ئىلمىي ئەسىرىمدە رەسىملەرنى ئايرىم ، مەخسۇس تونۇشتۇرىمەن . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىران سەنئىتىنىڭ باغلىنىشىدىن سىرت ، يىراق غەربنىڭ كلاسسىك سەنئىتىنىڭ تەسىرىنىڭ ساقلىنىشىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمەن . بۇ نۇقتىغا ئاساسلىنىپ ، كېيىنكى تېپىندىلارنىڭ تېخىمۇ بۇرۇنقى يىل دەۋرىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىسپاتى بىلەن تەمىنلەيمەن .

ھازىرغىچە مەن دەندان ئۆيلۈكتە قازغان دەسلەپكى قۇرۇلۇش خارابىسى توغرىسىدىكى بايانىم بۇ خارابىنىڭ ئادەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇنىنى بىلدۈرۈشكە يېتەرلىك ئىدى . باشقا قۇم بارخانلىرى ۋە ئۇلار-

نىڭ ئارىسىغا تارقاق جايلاشقان يالغۇز بۇتخانا ۋە ئۆيلەرنى تەكشۈرۈش ھەم قېزىش مېنىڭ يەنە بىر ھەپتىلىك خىزمىتىم ئىدى. مەن ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈپ، قېزىپ بولغان ئۆيلەر 14 ئېغىزغا يېتەتتى. گەرچە بۇ قېتىمقى قېزىش ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشتە ئېرىشكىنىمنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىگەن ۋە تولۇقلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە بايان قىلىشقا ئەرزىيدىغان، يېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە نەرسىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. بارلىق قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار ۋە قۇرۇلۇش شەكلى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش بولۇپ، بۇ مەزكۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ سېلىنغان يىل دەۋرى بىلەن تاشلىۋېتىلگەن يىل دەۋرىنىڭ ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ساقلىنىشىدا پەرق ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇ بوران - چاپقۇننىڭ تەسىرىدە ئېچىلىپ قېلىش كېيىنكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ قېزىش جەريانىدىكى بۇزۇش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋال ئىدى. مەن يولۇققان كۆپلىگەن ئەھۋاللاردىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئاز بولمىغان قۇرۇلۇش خارابىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن قېزىلىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن قېلىن قۇم قاتلىمىغا كۆمۈلۈپ قالغان. مەسىلەن، بىر كىچىك ئىبادەتخانا ئىچىدىكى ناھايىتى مۇھىم بولغان ئىلاھىي ھەيكەلنىڭ سەككىز بۇلۇڭ شەكىللىك پەشتىقى باشقىلار تەرىپىدىن گۆھەر ئىزدەش مەقسىتىدە قېزىلغان. بىراق، پەشتاق ئالدىنىڭ تۆۋىنىگە قويۇپ قويۇلغان مۇرىنلار تەرىپىدىن بېرىلگەن تاختايغا قول تەگمىگەن. ئوخشاشلا ناھايىتى ياخشى چىگىلگەن بىر «پوتى» كىتابىنىڭ قېلىن، قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىغىمۇ تەگمىگەن. ۋەھالەنكى، يېقىن ئەتراپتىن ئېقىپ كىرگەن سۇدىن چىققان نەم ھاۋا بۇ يەردە ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ، قەغەز بەتلىرىنى چىرىتىپ، بىر - بىرىگە چاپلاشتۇرۇپ، ئاجراتقىلى بولمايدىغان قىلىپ قويغان. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بۇنداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ قىلغىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى چاپلىشىپ قالغان كېسەكلەر بىلەن قوشۇپلا قومۇرۇپ ئېلىپ، قۇرۇق توپىلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، نېپىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەغەز پارچىلىرىنى چىقىرىۋالدۇق . لېكىن ، براخمى يېزىقىدىكى پارچە ـ پۇرات قەغەز پارچىلىرى دۆۋىسىگە ئايلاندى . بۇ كىتابلارنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان تاختاي يېرىم چىرىگەن ھالەتتە بولغاچقا ، يۆتكىگىلى بولاتتى . ھازىر ئۇ پايدىلىنىش قىممىتى بار بىر پارچە قەدىمىي بۇيۇم سۈپىتىدە قە- دىمكى قۇلىيازما ۋە ھۆججەتلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ ، يىغىپ ساقلاش بۇيۇم- لىرىمغا تەۋە بولدى .

تارقاق خارابىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆپلىگەن جايلارنىڭ يەر يۈزى قېلىن بىر قەۋەت ساپال پارچىلىرى ، مېتال پارچىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخ- شاش پارچە- پۇرات نەرسىلەر بىلەن قاپلانغان ، بۇ جايدا ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىمارەت ئىزلىرىمۇ يوق ئىدى . شۇڭا ، بۇ جاينىڭ ئىلگىرى دائىم- لىق تۇرالغۇ بولغانلىقىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى . ئۇ يەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بۈگۈنكى خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئومۇملاشقان تۇرالغۇ ئۆيلىرىگە ئوخشىشىپ كەتمەيتتى . كېسەكتىن ياكى لايىنى دۆۋىلەش ئارقىلىق سې- لىنغان بۇ خىلدىكى ئۆيلەر ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە قارىغاندا ئاسان ئۆرۈلۈپ كېتەتتى . ياغاچ جازىلارغا لاي سۇۋاش ئارقىلىق قۇرۇلۇش سې- لىش ھازىرغىچىلىك خوتەن يېزىلىرىدا قوللىنىلماقتا . لېكىن ، بۇ خىل ئۆيلەرنى سېلىش ھەققى خېلىلا يۇقىرى ، چۈنكى ياغاچ ماتېرىياللار يىراق- تىن سېتىۋېلىنىپ توشۇپ كېلىنەتتى . شۇڭا ، ھەشەمەتلىك ئۆيلەر، مەسچىت ، مېھمانخانا قاتارلىقلارغا ئوخشاش قۇرۇلۇشلارنى سېلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى . مانا بۇ نېمە ئۈچۈن دەندان ئۆيلۈكنىڭ ئىلگىرى ئىگىلىگەن دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىكەنلىكى ، قۇرۇلۇش ئىزى سانىنىڭ كۆپ بولماسلىقى شۇنداقلا تارقىلىشىنىڭ بىر قەدەر كەڭ بولۇشىدەك ئەھۋاللارغا ئىشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ .

دەندان ئۆيلۈكتىكى دىنىي ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى . بۇ يەردىكى ئاھالىلەر را- يونى بىر مەزگىل تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن ، مەزكۇر ئىبادەتخانا ۋە را- ھىبلارنىڭ تۇرالغۇلىرى يەنىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ، شۇنداقلا كىشىلەر تەرىپىدىن تاۋاپ قىلىنىپ ، يوقلىنىپ تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . بۇ خىل

ئەھۋال ھازىر بوستانلىق ۋە تېرىلغۇ رايونلارنىڭ چەتلىرىدە دائىم كۆرگىلى بولىدىغان مۇسۇلمان مۇرىتلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش ئىدى. بۇ خىل ھالەت كەنتتىكى تاشلىنىپ قالغان بارلىق ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ بۇزۇلۇش دەرىجىسىنىڭ تېزلىشىشى ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار ۋە تاۋابچىلارنىڭ بۇ ئۆيلەردىكى ياغاچ ۋە باشقا ماتېرىياللارنى چۇۋۇپ ئېلىپ كېتىشلىرىدىن بولغان.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ نۇقتا مۇقەررەر ھەقىقەت ئىدى. بۇ ئولتۇراق رايونلارمۇ پەيدىنپەي تاشلىنىپ قالغان. بىر قىسىم ياۋروپالىق ساياھەتچىلەر ئاللىبۇرۇن ئىشەنگەنگە ئوخشاشلا بۇلارنى تۇيۇقسىز بولغان تەبىئىي ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. بۇ ئۇلارنىڭ تەكلىماكان قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا چالا- پۇچۇق ئاڭلىغان رىۋايىتىدىن ئىبارەتلا، خالاس. ئەمەلىيەتتە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا ئېقىپ يۈرگەن «جىنايەت ماكانى» ياكى «جىنايەت شەھىرى» دىكى قەدىمكى شەھەرنىڭ قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ يىل دەۋرى دەندان ئۆيلۈكنىڭ ئۆزىدىنمۇ خېلىلا بۇرۇن ئىدى. بۇمۇ شۈەنزاڭ ئاڭلىغان، ھازىر ئېقىپ يۈرگەن كۆپلىگەن رىۋايەتلەرگە ئوخشاش ئىدى. مەسىلەن، «خولولوكىيا» (Ho—lo—lo—Kia) شەھىرىنىڭ ھېكايىسى «پىمو» (Pimo) خارابىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ تونۇشتۇرۇلاتتى. بۇ ھېكايىلەر ئېنىقكى، خەلق ئارىسىدىكى قىزىقارلىق رىۋايەتلەر ئىدى. بىراق، مەن دەندان ئۆيلۈك خارابىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ھەقىقىي تەكشۈرۈشۈمدىن پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىسپاتقا ئىگە بولدۇم. بۇ رايوندىكى ھەر بىر ئىز ئىسپات ئارقىلىق مېنى قوللاۋاتاتتى. ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن رىۋايەت ھەرگىز چىقىشالمايتتى.

مېنىڭ دەندان ئۆيلۈكنى تەكشۈرۈشۈم ۋە باشقا خارابىلىقلارنىڭ يېرىم يەر تۈزۈلۈشى، يېرىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىمنى تولۇقلىسام، مۇنداق بىر چوڭ ئېھتىماللىقنى، يەنى دەندان ئۆيلۈك جايلاشقان بۇ بىر پارچە يەرگە ناھايىتى ئۇزۇن ساقلانغان بىر نەچچە ئۆستەڭلەردىن سۇ باشلاپ كېلىنگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ چىرا، نىيە، گۇلاخما، دامىكو

سۇلىرىنى بۇ خارابىلىقنىڭ دەل جەنۇبىدىكى قۇملۇققا باشلاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدىن تاپقان پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر چېچىلىپ ياتقان ئۇزۇن كەتكەن «تاتى» خارابىسى، ئۇنىڭ ئاز دېگەندە دەندان ئۆيلۈكتىن بەش ئەسىردىن ئىلگىرىرەك ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى تەھلىللەر مېنىڭ ئىلمىي ئەسىرىمنى تەپسىلىي شەرھلەپ بەردى. بىراق، ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان نەتىجە شۇكى، دەندان ئۆيلۈك بىلەن پىمو ئىككى خارابىلىقنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، بۇ چەت ئولتۇراق رايونلىرىغا بارىدىغان سۇغىرىش مۇئەسسەسەسىنىڭ ياسىلىشىنىڭ قىيىن بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

بۇ يەردە مەن سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ قىسقىراپ كېتىشىدە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئامالسىزمەن. چۈنكى، سىياسىي جەھەتتىكى داۋالغۇش تۇپەيلىدىن كىرىش ئېغىزى پەيدىنپەي تارالغان بولۇشىمۇ ياكى تەبىئىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئاشۇ ئېقىنلارنىڭ تەمىنلىنىش مىقدارى تەسىرگە ئۇچرىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، كېيىن گۇلاخما ۋە دامىكونىڭ مەلۇم كەنتلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن بۇنى چۈشەندىم. بۇ كەنتلەرنىڭ ئەسلىدىكى تېرىلغۇ رايونلىرى سۇ بىلەن تەمىنلەش قىيىن بولغانلىقتىن ئامالسىز يۆتكەلگەن. بۇ يەردىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە، جەنۇب تەرەپكە تەخمىنەن 6 ~ 7 مىل سۈرۈلگەن. مەن ئۇ يەردە كۆرگەن تاشلىنىپ قالغان كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قالدۇق تاملاردىكى ئىشلىتىشكە بولىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى ئاللىبۇرۇن چۇۋۇۋېتىلگەنىدى، بۇرۇن تېرىلغۇ قىلىنغان، ھازىر بولسا قۇم كۆمۈۋەتكەن نەچچە مىل ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئۈستىدە يەنىلا قۇرۇپ قالغان ئېرىقلارنى، قىرسىز سۇغىرىش سىستېمىلىرى قاتارلىقلارنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تەسىرلىك ھالدا دەندان ئۆيلۈكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇمغا كۆمۈلۈش جەريانىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى.



www.uyghurkitap.com

مەن تەكشۈرگەن نەتىجىلىرىمنى بۇ ئەھۋاللارغا باغلاپ، دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ كېرىيە دەرياسى تارىختا دەندان ئۆيلۈك يېنىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى، دېگەن پەرىزىگە ماس كېلىدىغان ئىسپاتنى تاپالمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كېرىيىگە بېرىش

1901 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ، دەندان ئۆيلۈكتىكى ئىشلىرىم ئاخىرلاشتى . ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىدىن بېرى كۈتۈۋاتقان پوسۇل- كىلىرىم يېتىپ كەلدى . بۇ ئالتە ھەپتىدىن بۇيان يىغىلغان خەت ـ چەك- لەر بولۇپ ، ئەڭ كېيىنكىسى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ھىندىستان ئارقىلىق ياۋروپادىن سېلىنغانىكەن . مېنى ئەڭ خۇشال قىلغان بىر پارچە خەت ھىندىستان دىپلوماتىيە مىنىسترلىكىدىن كەلگەن بولۇپ ، خەتتە مەن 30 ئاي ئىلگىرى جاكارتادا ئوتتۇرىغا قويغان رۇسىيىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئارقىلىق قايتىش تەلىپىم رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلان- غانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىكەن . قىزىقتۇرۇلغان ئوتتۇز ئوبلاي ستۈرگەن قەدىمكى مە- دەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى تېپىش ، يولغا سالىدىغان پوسۇلكىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ، چېدىر ئىچىدە بىر كۈن ئاۋارە بولدۇم . تۆگە كار- ۋىنى ئاۋۋالقى پىلان بويىچە دەريا بويىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەلدى . قىشتا يەم ـ خەشەك كەمچىل بولغاچقا ، ئۇلارنى دەريا بويىدىكى چاتقاللىقلاردا ماغدۇرىغا كېلىشىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغانىدۇق . يولغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىنتايىن خۇشال ـ خورام كەيپىياتتا تاماملىدۇق . رام سىڭدىن ئايرىلغاندىن تارتىپ ھەممە ئادەم كىشىنى بىزار قىلىدىغان بۇ قارار گاھتىن تېزرەك خوشلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى . لېكىن ، تۇردىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى شىمال تەرەپكە جايلاشقان بەزى خارابىلەرنى تەكشۈرىدىغانلىق- مىزنى ئۇققاندىن كېيىن خۇشاللىقى نەلەرگىدۇر يوقالدى .

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، تەۋەككۈلدىن كەلگەن ئىشلەم-

چىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ يولغا سالغاندىن كېيىن ، قالغان ئادەمنى
باشلاپ 7 مىل كېلىدىغان قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ ، بىر پارچە تۈزلەڭـ
لىككە يېتىپ كەلدۇق . قۇم ئارىسىدىكى ساپال پارچىلىرى بۇ يەرنىڭ بۇـ
رۇن كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان رايون ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى . بىز
ئېغىر دەرىجىدە شامال يالاپ كەتكەن ئىككى توپا دۆڭ ئارىسىدا توختىـ
دۇق . 18 كۈن ئىلگىرى قاسىمنىڭ كىچىك ئەترىتى بۇ يەردە قارارگاھ
قۇرغان ھەمدە سۇمۇ تاپقانىكەن . بۇ قۇدۇقنىڭ يەر قاتلىمى توڭلاپ
كەتكەچكە ، ھازىر سۇ يوق ئىكەن . قايتا قېزىش ئارقىلىق سۇ ئاخىر
چىقتى ، لېكىن بۇ سۇ مەن دەندان ئۆيلۈكتە ئىچكەن سۇدىن تۈزلۈق
ئىدى .

گەرچە تۇردىنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىنىگە توققۇز يىل بولغان بولـ
سىمۇ ، ئەمما ئەتىسى قىلچە تەمتىرىمەستىن بىزنى ناھايىتى ئۇزۇن كەتـ
كەن ، ئېگىزلىكى 60 فۇت كېلىدىغان قۇم دۆۋىسىنىڭ كەينىگە باشلاپ
باردى . كۆز ئالدىمىزدىكى خارابە ئاساسلىقى ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن
ئىككى پارچە توپا دۆڭدىن ئىبارەت بولۇپ ، ناھايىتى چىڭ خام كېسەكـ
تىن ياسالغانىدى . بۇ كىچىك بىر بۇددا مۇنارىنىڭ ئىزى بولسا كېرەك .
ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىم قېزىلىپ ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى
ئېنىق ئىدى . لېكىن ، چوڭراق بىرىنىڭ تېگىنىڭ دىئامېتىرى 32 فۇتچە
كېلەتتى . توپا دۆڭنىڭ ئەتراپىدىكى يەرگە چېچىلغان ساپال پارچىلىرى
ئارىسىدىن بىر پارچە ناھايىتى قاتتىق كۆل رەڭ ساپال پارچىسى تېپىۋالـ
دىم . تۇردىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى ناھايىتى نېپىز
بىر قەۋەت ئالتۇن يالىتىلغانلىقىنى بايقىۋالدى . كۆرۈنۈشىدىن بۇنىڭ پۈـ
تۈن بەدىنىگە ئالتۇن يالىتىلغان بۇددا ھەيكىلىنىڭ پارچىسى ئىكەنلىكىنى
جەزىملەشتۈردۇق .

قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ساپال پارچىلىرى ئىچىدىن خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەت ئويۇلمىغان جۇڭگو يارمىقى تېپىلدى. بۇ يەرـ
دىكى قۇم بارخانلىرى بىر قەدەر ئېگىز بولۇپ ، ئېگىزلىكى 25 فۇتتىن ئېـ
شىپ كېتەتتى . شۇڭا ، بىر ئېغىز ياغاچ ئۆينىڭ خارابىسىنىلا تاپتۇق . ئۇـ

نىڭ تاملىرى شامالدا يىمىرىلىپ يەر يۈزىدىن بىر نەچچە فۇت ئېگىز قىسمىلا قالغانىكەن . بىراق ، بۇ يەردە ئېگىز قۇم بارخانلىرىنىڭ جايلىششى ناھايىتى زىچ بولغاچقا ، ئىككىنچى ئۆينى قايتا تازىلاش ناھايىتى تەس ئىدى . ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەر يۈزىگە يېقىن جايدىن مەن بىر تەرىپىگە براخمى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن چاسا شەكىللىك ئىككى پارچە تاختاي تېپىۋالدىم . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە كاتەكچە بار بولۇپ ، كېيىن باشقا جايدىن تېپىلغان ئوخشاش تاختاي بۇ خىل كاتەكچىنىڭ لاي ئىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

بۇ يەردىن تېپىلغان خەن دەۋرىگە ئائىت يارماق ھەم باشقا ئىزلاردىن راۋاقنىڭ دەندان ئۆيلۈكتىن ئىلگىرىلا تاشلىنىپ قالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى . ھالبۇكى ، تەكلىماكاننىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي شارائىتى ، بولۇپمۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ يۆتكىلىشىگە دائىر ئەھۋاللار ئۇستىدە ئۇزاق مۇددەتلىك سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارمىغاندا ، قۇم بارخانلىرىنىڭ تەدرىجىي جەنۇب تەرەپكە تېز كۆچۈشىگە دائىر خۇلاسە چىقىرىشقا ئامال يوق ئىدى . بىرەرسى بۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا ، گەرچە مەن شەخسەن شارائىتى ناھايىتى ناچار بۇ رايونلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئارخېئولوگلارغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرسەممۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ خۇلاسىسىگە تايىنىپ بۇ جاينىڭ قەدىمكى ئەھۋاللىرىنى بىلىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا يەنىلا گۇمان بىلەن قارايمەن .

راۋاقتا بىر نەچچە خارابە ئىزىنى تەكشۈرۈپ ، بىر ئاي ئاۋۋال خوتەندىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتىمدا مۆلچەرلىگەن ۋەزىپەمنى تاماملىدىم . شۇنىڭ بىلەن 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەتىگەندە ، ئەخمەت مەرگەن ۋە ئاخىرقى تۆركۈمدىكى تەۋەككۈللۈق ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ قايتۇردۇم . بىز كېرىيە دەرياسىغا يۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇلار بۇ قېتىمقى ئەمگەكتىن ئېرىشكەن ئىش ھەققىلىرىگە رازى بولۇشۇپ ، مەن بىلەن خۇشال ـ خۇرام خوشلاشتى . ئۇلار قاقاسلىقتا ھېچقانداق زور بەختسىزلىككە دۇچ كەلمىگەنىدى . بۇ ئادەملەرنى ناھايىتى ئوبدان باشقۇرۇغان ئىسلامبەگمۇ خوتەنگە قايتتى . ئۇمۇ ئىللىق بەختلىك ئائىلىگە قايتا ئېرى-

شىدىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى . مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ تەشەككۇ-
رۇمنى دەندان ئۆيلۈكنى تەكشۈرۈشۈمگە ئوگايلىق يارىتىپ بەرگەن خو-
تەن ئامبىلىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھەمدە مېنىڭ پوسۇلكىلىرىمنى غەربكە
سېلىۋېتىشنى ھاۋالە قىلدىم .

ئۈچ ھەپتىدىن بۇيان ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقان قۇم بارخانلىرى بى-
لەن ناھايىتى مۇرەككەپ ھېسسىياتتا خوشلاشتىم ھەمدە ئۇلار قوغداپ قال-
غان ئاجايىپ خارابىلەر پەيدا قىلغان كۆپلىگەن سوئاللارغا ئۇلاردىن تولۇق
جاۋابقا ئېرىشتىم . مەن تېز قەدەملەر بىلەن قۇم تاغلارنىڭ بۆرتۈپ چىققان
ئېگىز چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن ۋاقتىمدا ، بىر خىللا تۇرىدىغان بۇ
مەنزىرىنى ياقتۇرۇپ قالدىم . مېنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىم دەندان ئۆيلۈك-
نىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى جىمجىتلىقىنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمى-
غان ئۇزاق پاراكەندىچىلىككە ئۇچراتتى . كىشىنى جەلب قىلىدىغان بۇ
خارابە ھەققىدىكى ئەسلىمە ئاشۇ قەھرىتان سوغۇق ھاۋا ، تىۋىشسىز جىم-
جىتلىق ۋە قىش پەسلىدىكى قۇملۇقنىڭ سۈزۈكلۈكىنى مەڭگۈ ئېسىمگە
سالىدۇ .

تۆگە كارۋىنىم ئاستا ئىلگىرىلەۋاتقاندا ئاسمان بۇلۇت بىلەن
قاپلاندى . چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لەردە شەرقىي شىمال تەرەپتىن يې-
نىك شامال سىيپاپ ئۆتۈشكە باشلىدى . راۋاقتىكى قارارگاھتىن 2 مىلچە
يۈرۈپ ، كەڭرى بىر سېرىق توپىلىق جايدىن كېسىپ ئۆتتۇق . ئۇ يەر-
دىكى ساپال پارچىلىرى ۋە ئەينەك پارچىلىرى قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدىكى
تۆپىلىكلەردىمۇ پەيدا بولدى . ئۇزاق ماڭمايلا قەدىمكى ئاھالىلەر ئولتۇراق
رايونىنىنىڭ خارابىسى غايىب بولدى . ئۇزاق ئۆتمەيلا ، مەن يەنە قۇرۇپ
قاخشال بولۇپ قالغان كىچىك بىر دەرەخنى كۆردۇم . ئۇنىڭ مەنزىرىسى
بۇ بىر نەچچە ھەپتىدە كۆرگىنىمدىكى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كې-
تەتتى . ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى . يېنىك شامال كۈچى-
يىپ چاڭ ـ توزانلىق بورانغا ئايلاندى . ئاسمان كۈلرەڭ توپا ـ تۇمانلار
بىلەن قاپلاندى . شامال بىلەن كەلگەن چاڭ ـ توپىلارنىڭ دەستىدىن
ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان قاسىم ۋە تۇردىلارنىڭ ئاياغ ئىزىنىڭ كۆمۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لۆپ كېتىشنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى . شۇڭا ، مەن سەپنى تارايتىپ زىچ يانداشتۇرۇپ ماڭدۇردۇم . بىز داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا ، قۇم دۆۋىلىرى بارغانسېرى ئېگىزلەشكە باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، خۇددى ھېس قىلغىنىمدەك تۇردىنىڭ ئىلگىرى تۆگىلەر دەريا بويىدىن قايتىپ كەلگەن يولنىڭ شىمالىدىن سۇ تېپىشنىڭ قىيىن بولۇشىدىن ئەن-سىرىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى . كۆپلىگەن قۇم دۆۋىلىرىنىڭ بىرىك-شىدىن ھاسىل بولغان بىر چوڭ قىردا ھېچقانداق سۇ تېپىشقا بولمىسىمۇ ، بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن توختىدۇق . قۇرۇپ قالغان بىر قىسىم يۇلغۇن يىلتىزلىرى يېقىلغۇ قىلىشقا يېتەرلىك ئىدى . لېكىن ، بۇ يەردىكى دەل ــ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ ، بۇ يەردە قۇدۇق قېزىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى . تەلىيىمىزگە سۇ باكلىرىدا بىر ئاز سۇ قالغانىدى ، بۇمۇ شۇنداق جىددىي ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەندان ئۆيلۈكتە ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغانىدى .

دەسلەپتە مەن شەرقتىكى «غارىب چاقما» (Gharib Chakma) غا بىۋاستە بېرىشنى لايىق تاپقانىدىم ، بۇ جاي ياردەمچى ئۆلچەش ئۇس-تىسىنىڭ خەرىتىسىدە دەريا بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يېقىن جاي ئىدى . بىراق، بۇنداق قىلغاندا سۇ تاپقىلى بولىدىغان لىنىيەدىن يىراقلاپ كېتىد-شىمىز مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، ئىككىنچى كۈنى لىنىيىنى ئۆزگەرتىپ ، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق . چۈنكى ، ئىلگىرى قاسىم مۇشۇ لىنىيە بويىچە تۆگىلەرنى يېتىلەپ دەريا بويىغا بېرىپ يەنە مۇشۇ يول بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى . بىز ئۇ يەر ــ بۇ يەردە ئۇچراتقان قۇم بارخان-لىرىنىڭ ئېگىزلىكى 30 ~ 40 فۇت ئارىلىقىدا ئىدى . لېكىن ، بىز ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ناھايىتى چوڭ ئۈچ داۋاندىن ئۆتتۇق . ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە يەر يۈزىدىن 150 فۇتتىن يۇقىرى كېلەتتى . بىز تۈز سىزىق بويىچە تەخمىنەن 11 مىل يۈرۈپ ئۈ-چىنچى داۋانغا يېتىپ كەلگەندە ، ئۇ تەرەپنىڭ بىر قەدەر تۈز ئىكەنلىك-نى ، بىر نەچچە قۇم بارخانلىرىدا يۇلغۇنلارنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىمىز خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى . قاسىم ئۇلارنىڭ تېگىدىن سۇ تاپ-

قىلى بولىدۇ ، دېدى . ئەمەلىيەتمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

سوغۇق كېچە ، تېمپېراتۇرا فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن بەش گرادۇسقا چۈشتى . بىز ئەتىگەندىلا يولغا چىقتۇق . ھەممە ئادەم تېزرەك دەريا بويىغا يېتىپ بېرىشنى ئويلايتتى . 2 ملچە ماڭغاندىن كېيىن ، قاسىمنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى دەندان ئۆيلۈككە بىزنى ئالغىلى بارغاندا قۇم ئۈستىدە قالغان سۇس تۆگە ئىزلىرىنى بايقىدى . بىز مۇشۇ ئىزلارنى بويلاپ ناھايىتى تېزلا ئالدىنقى قېتىم قاسىملارنىڭ كىچىك ئەترىتى قازغان قۇدۇق بويىغا يېتىپ كەلدۇق . كېيىن بىز يەنە ئېگىزلىكى 130 ~ 140 فۇت ئەتراپىدا كېلىدىغان تۆت داۋاندىن ئۆتتۇق . لېكىن ، دەريا بويىغا يېقىنلاشقانلىقىمىزدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . پەقەت بىز ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە چىققىنىمىزدا ، ئاندىن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئورمان بەلباغلىرى كۆرۈندى .

بىز يەنە 4 مىل يۈرۈپ ، ئۈستى كەڭرەك ، ئېگىزلىكى بارغانسېرى پەسىيىۋاتقان قۇم بارخانلىرى توپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، قويۇق يۇلغۇن ۋە قومۇش ئۆسكەن ، ئۇزۇن كەتكەن جايغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ چاغدا مەن ئالدى تەرەپتىكى دەريادا يالتىراپ تۇرغان مۇزنى كۆردۈم . مەن دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ ، 14 مىل پىيادە يۈرگەندىن كېيىنكى ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋاتقاندا ، قاسىم بۇ يەردە بىزنى كۈتۈۋاتقان ياردەمچى ئۆلچەش ئۇستىسىنىڭ تارماق ئەترىتىنى ئىزدەپ كەتكەنىدى . يېرىم سائەتتىن كېيىن ، ئۇلار كېرىيە ئامبىلى مېنىڭ قونالغۇ ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتكەن خىزمەتچى ئىبراھىمنىڭ ھەمراھلىقىدا قايتىپ كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن دەريا بويىدىكى قاتار كەتكەن توغراق تۆۋىگە كىشىنى جانلاندۇرىدىغان گۈلخان يېقىلدى . مەن گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ ، تۆگىلەر كارۋىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتۈم .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، قاسىم بىر ھەمراھىنى باشلاپ خوتەن دەرياسى تەرەپكە قاراپ يولغا چىققاندا ، مەنمۇ كېرىيىگە قاراپ يولغا چىقتىم . يول بويى دەريا سۈيى قېلىن مۇز توڭۇپ كەتكەن بولۇپ ، دەريا قىنىنىڭ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تار يېرى 50 ~ 60 فۇت كېلەتتى . لېكىن ، بەزى ئەگمىلەرنىڭ كەڭلىكى بۇنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلەتتى . دەريانىڭ ئوڭ تەرەپ چېگرىسى ئېنىق بولمىغان قۇملۇق بولۇپ ، « قىزىل قۇم » دەپ ئاتىلىدىكەن . « قىزىل قۇم »نىڭ ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 300 فۇت كېلىدىكەن . قىرغاقتىكى سۆگەت ۋە قاپاق تېرەكلەر بۈك ــ باراقسان ئۆسكەنىدى . بىز قوپال ياغاچتىن قۇرۇلغان، تاملىرى قومۇشتىن تۇرغۇزۇلغان پادىچى كەپىلىرىدىن ئۆتتۇق . لېكىن ، بۇ يەردە بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى . يەنە 16 مىل يول يۈرگەندىن كېيىن ، شۇ كۈنلۈك قونالغۇ « سەيىد بۇرھانىددىن پادىشاھىم »( Saiyid Burhanuddin Padshahim ) مازىرىغا يېتىپ كەلدۇق . كېرىيە ۋە خوتەن خەلقى ئارىسىدا بۇ جاي ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن . ئازادە تۇرالغۇ ۋە مازارغا قارايدىغان بەش نەپەر شەيخنىڭ تاشقى قىياپىتى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . شەيخلەر ماڭا مازارغا دەپنە قىلىنغان كىشىنىڭ نىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرىدىكى داڭلىق مازارغا دەپنە قىلىنغان ئىمام جەئفىرى سادىق ( Jafar Sadik) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرەلمىدى .

ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان تاۋاپچىلارنى كۈتۈۋالىدىغان شەيخلەر پۇل تۆلەيدىغان مېھماننى قانداق قىلىپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوبداق بىلىدىكەن . مازار يېنىدىكى بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆيگە مەش قويۇپ گىلەم سېلىپ ، ماڭا تەييار قىلىغانىكەن . ماڭا ئارقىدا كېلىۋاتقان يۈك ــ تاقلىرىمنى ساقلىغاچ قۇملۇقتىكى بۇ ئۇلۇغ جايدا يۈز بەرگەن مەدەنىيەتنىڭ خوراش ئەھۋالىنى ئويلاپ چىقىشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقتى . دائىم كېرىيە دەرياسى بويىدا پائالىيەت قىلىدىغان چارۋىچىلار ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە مازارغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەردىن سىرتقى دۇنيانىڭ خەۋەرلىرىگە ئىگە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . ئېھتىمال ، دەندان ئۆيلۈكتە قازغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىمۇ ئىلگىرى بۇ يەرگە ئوخشاشلا تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇن بولۇشى مۇمكىن .

توپتوغرا ئۈچ كۈن يۈرگەندىن كېيىن ، بىز كېرىيىگە يېتىپ كەلدۇق . يول بويى كۆرگەن كېرىيە دەرياسى ساھىلىنىڭ مەنزىرىسى بە-

لـەن بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى . پادىچىلارنىڭ قـومۇش ئۆيلىرى كۆندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى . لېكىن ، ئۇلار دەريا-دىن بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ئىدى . جەنۇبقا ماڭغانسېرى يېپىنچا بەلبېغى بارغانچە كېڭىيىپ ، دەل ــ دەرەخلەر شالاڭلاشقانىدى . نۇرغۇن جايلاردا يـۇلغۇن ۋە قومۇشلار ئۆسكەن بولۇپ ، مۇشۇ ئۆسۈملۈكلەرلا سۇيى كەم-چىل بۇ قۇملۇقتا ئۆسەلەيتتى . كەچتە بىز « بۇلاق » دېگەن يەردە قونۇپ قـالدۇق ، بۇ يەردە ئادەم باردەك قىلمايتتى . بۇ بىزنىڭ ئورمانلىقتىن ئۆ-تۈشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلايتتى . يول باشلىغۇچىمىز پادىچىلارنىڭ قونالغۇ يېرىنى پىششىق بىلگەچكە ، دائىم بەزى كىشىلەرنى ئوتۇن ــ چاۋار تېپىشقا ياردەملىشىشكە ئورۇنلاشتۇراتتى . بۇ يەرنىڭ تۇمانلىق كىلىماتى ماڭا قۇملۇقنىڭ ئوچۇق ، ساپ ھاۋاسىنى سېغىندۇردى .

1 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى چۈشتە بوستان لەڭگەر ( Bostan Langar ) گـە يېتىپ كەلدۇق . بۇ كەڭ كەتكەن بىر سازلىققا جايلاشقان كەنت بو-لۇپ ، بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلار قوشۇلۇپ ئېرىقلارنى ھاسىل قىل-غانىدى . ھازىر يەر يۈزى قاتتىق توڭلاپ كەتكەچكە ، يول يۈرگەندە سازلىقلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈش ھەجەتسىز ئىدى .

بوستان لەنگەردە ئافغانىستاندىن كەلگەن سودىگەر ئابدۇللاخاننى ئۇچراتتىم . ئۇ كېرىيىدە 15 يىل تۇرغانىكەن ، ئۇ شىنجاڭدىكى قېـ-رىنداشلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ سادىقلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى . ئەپـ-سۇسلىنارلىقى شۇكى ، كېسەل ئۇنىڭ تېنىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەچكە ، پـارس تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ، ئۇيغۇر تىلىنى تېخى ئۆگىنەلمىگەن ، ھىندى تىلىنى ناھايىتى ئاز ئاڭلىغاچقا ، پاراڭلىشالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىكەن . مېنىڭ پۇشتۇ تىلى سەۋىيەم تۆۋەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئانا تىلىنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقىنى ئۇقالمىدىم . لېكىن ، ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئۇ-نىڭغا ئالدىنئالا ئەۋەتكەن خېتىمنى چۈشىنىپتۇ . مەن كېرىيىدە توختىغان ۋاقتىمدا بۇيرۇق بويىچە قونالغۇنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ .

مەن بۇ « خوجايىنىنىڭ قوغدىشىنى تىلىگۈچى » بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئامبالنىڭ نامىدا بەگلەر ۋە ئەگەشكۈچىلەردىن تەشكىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لـەنگەنلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتىم . بەگلەرنىڭ ھەممىسى باداڭ قورناق ، كەيپىياتى چاغ ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ تىلىدا بىمالال پاراڭلىشالايدىغان بولغاچقا ، ئاتلىق شەھەرگە قايتىدىغان يولدا قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتۇق .

قائىدە بويىچە بولغاندا ئۇلار مەن بىلەن پاراڭلاشقاندا جۇڭگوچە ئەمەلدارلىق كىيىمى كىيىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ئۇلار خۇرۇمدىن تىكىلگەن كالتە كەمزۇلىنى ئادديي ، ئىسسىق چاپىنىنىڭ سىرتىغا قاپلىۋالغانىدى . بىراق ، چوققىسى قارا پۆپۈك بىلەن بېزەلگەن ئەمەلدارلىق بۆكى قەھرىتان قىشتا پاكىز قىرىلغان بېشىغا ھەققىي خۇرۇم بۆك كىيىۋالغان مۆتىۋەر سۈپەت مۇسۇلمانلار ئالدىدا تولىمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى . شۇڭا ، بەگلەر ئۇزاق ماڭمايلا ئۆزلىرى راھەترەك بولۇش ئۈچۈن ، ئارىسىدىكى بىرەيلەنگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بەلگىلەنگەن بۆكنى كىيگۈزۈپ قويۇپ ، ئۆزلىرى چوڭ خۇرۇم قۇلاقچىلىرىنى كىيىۋېلىشتى .

بوستان لەڭگەردىن تەخمىنەن 4 مىل مېڭىپ بوستانلىق تېرىلغۇ رايونىنىڭ چېتىگە يېتىپ باردۇق . مەن يەنە بىر قېتىم سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ، ئاق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كەنتكە كەلدىم . چۆللۈكتىكى بىر ئايلىق زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن كېيىن ، بۇنداق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق ھويلا ـ ئارامlar كىشىگە ئاجايىپ بىر كۆڭۈللۈك مەنزىرىنى ھېس قىلدۇراتتى ، كېرىيە شەھىرى بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . شەھەر ئەتراپىدىكى پاكار توپا ئۆيلەر ئارىسىدا خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىنلا ، مەن كەڭلىك سىزىقى بەش گرادۇسنى كېسىپ ئۆتكەن كەڭرى بىر زېمىننىڭ مەركىزىگە كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم .

مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئابدۇللاخان مەن ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان تۇرالغۇنى تاپتىم . ئۇ بازاردىن خېلىلا يىراقتىكى بىر چەت جايغا جايلاشقانىدى . بۇ ئۆي ئۇنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ بولۇپ ، ئۆي ئىگىسى خېلىلا داڭقى بار بىر موللا ئىدى . ئۆيدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . مەن ناھايىتى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان كارىدوردىن ئۆتۈپ ،

بىر ئىغىز ئۆيگە كىردىم . ئۆينىڭ تۆگلۈكىدىن سۇس نۇر چۈشۈپ تۇراتتى . بۇ پەسىل كىشىلەرگە بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرەتتى . گىلەم سېلىنغان ئۆيدىكى مەشتە ئوت كۆيۈۋاتاتتى ، مانا بۇ مېنىڭ ياتىقىم ئىدى . مەن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئامبالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ساھىبخان ئۆزى كېلىپ ياتىقىمنى سەرەمجانلاشتۇرغانىكەن ھەمدە ماڭا قارشى ئېلىش سوۋغىتى ئېلىپ كەلگەنىكەن . بۇ سوۋغاتلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى لازىملىق نەرسىلەر بولۇپ ، ئۇلار ئوتۇن ، ئات ئوزۇقى ، ئۇلاردىن باشقا شەخسەن ماڭا بېرىلگەن قوي ، توخۇ ، ئۆردەك ... قاتارلىقلار ئىدى . بۇنداق مول سوۋغاتلارنى ئالسام ، ئۇلارغىمۇ « لايىقىدا سوۋغات تەييارلاپ رەھمەت ئېيتىش » سەل قىيىنغا توختايتتى . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئامبالغا مىننەتدارلىقىمنى ئىپادىلەش بىلەن ، ئۇنىڭغا بېرىدىغان سوۋغىتىم ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ مۇناسىۋەت يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم ( مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن سوۋغىتىمنىڭ ئاددىي ۋە قىممەتلىكى ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىمنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ ، ئەلۋەتتە . چۈنكى ، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، سوۋغات بىر ئادەمنىڭ قەلبىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغۇ ئاخىر ) . مەن سوۋغات بەرگۈچىلەرگە پۇل بەردىم . ئەلۋەتتە ، پۇل ئارقىلىقمۇ ئۇنىڭغا ، بولغان مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرگىلى بولاتتى . مەن ئۇنىڭغا ، يەنى ساھىبخانغا ئەتىسى ئۆزۈم ئامبالنى يوقلاپ بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇم .

مەن ئامبال خۇاڭ ئاقساقالنى باشتىن ـ ئاخىر خۇشاللىق كەيپىيات ئىچىدە زىيارەت قىلدىم . چۈشتىن كېيىن يېڭى بازاردىن ئاتلىق ئۆتتۈم . يولنىڭ چېتىدىكى بىنالارنىڭ دوقمۇش ـ دوقمۇشلىرىدا كىچىك كوچىلار بار ئىدى . كېرىيىنىڭ بىنالىرى يەركەن ، قارغىلىق ، خوتەنلەردە كۆرگەن بىنالارنىڭ شەكلى بىلەن بەك ئوخشىشىپ كېتەتتى . مەسىلەن ، دەرۋازىنىڭ يۆنىلىشى ، ھويلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، ھەتتا ئۆي ئىچىدىكى ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىمۇ تامامەن ئوخشاش ئىدى .

مەن يامۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا « پاڭ ! پاڭ ! پاڭ » قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ ئامبالنىڭ سوۋغىتى بولۇپ ، ئۇ دەرۋازىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە تۇرۇپ مېنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتاتتى . خۇاڭ ئاقساقالنىڭ تېنى ساغلام ، چىرايى تېمەن ، خۇشخۇي ، جۇڭگوچە كىيىم كىيىۋالغان ، سېرىق رەڭلىك ھەربىيچە كۆڭلىكى ۋە كۆكرەك قىسمى چىرايلىق بېزەلگەن كىيىمى قامىتىگە تازا ماسلاشقان بولۇپ ، قارىماققا 45 ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى . ئۆينىڭ ئىچىدىكى ساھىبخان بىلەن مېھمان ئۈچۈن راسلانغان ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇق ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەل پاكىز بولۇپ ، ئۈستىگە قەنت ـ گېزەك ، ياۋروپادا ئىشلەنگەن پىيالە ( رۇمكا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ) ، مادىرا ( Madeira ) ئارىلىدا ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقى ئورنىدا جۇڭگونىڭ ئېسىل ھارىقى تىزىلغانىدى .

بۇ سورۇن بىر ياۋروپالىقنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلانغانمۇ ياكى ئامبال ئۆزى شۇنداق سورۇننى ياقتۇرامدۇ ؟ بۇنىسى نامەلۇم . گەرچە تەرجىمانىم بولغان قىزىقچى نىيازئاخۇن مەن قۇملۇققا كىرگەندە ئاتلىرىم بىلەن بىللە ئارقىدا قېلىپ ، خوتەندىن تېخى قايتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ ، ئامبال بىلەن بولغان سۆھبىتىم ھېسابتا ئوڭۇشلۇق بولدى ، دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى . ئامبالنىڭ ھەقىقەتەن سەۋىيىسى بار ئىكەن . ئۇ خىزمىتىمدىن تۈركىي تىل بىلەن قىلغان دوكلاتىمنى تەرجىمانىنىڭ يۈزە تەرجىمىسى ئارقىلىقمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك چۈشەنگەنىدى . مەن ئۇنىڭغا دەندان ئۆيلۈكتە يولۇقتۇرغان ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم ھەمدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇەنزاڭ بايان قىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى مۇشۇ رايوننىڭ بۇددا دىنى ئېتىقادى بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىدىغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتتۈم . كۆڭلۈمدە قانداق قىلىپ بىر ئادەتتىكى جۇڭگولۇق مۇسۇلمان تەرجىمان بىلەن بۇددا دىنى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئويلاپ تۇردۇم . ئۇلار غەيرىي دىندىكى ئۆز خوجايىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي سىستېمىغا نىسبەتەن تولىمۇ مۇجمەل ئىدى . مەن ئاڭلىغان نىيىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ، شۇەنزاڭ نىراڭ دەپ تىلغا ئالغان قەدىمىي خارابىنى زىيارەت قىلىش نىيىتىم بارلىقىنى ئامبالغا ئېيتقىنىمدا ، ئۇ دەرھاللا زۆرۈر بولغان بارلىق بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ ماڭا ياردەم قىلىشقا قوشۇلدى . ئۇنىڭغا تەشەككۈر ۋە ھۆرمەت

بىلدۈرگىنىمدە ، ئۇ دائىم سەمىمىي ۋە قىزغىن كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى . بۇ خىل پوزىتسىيە ئەڭ قابىل دىپلوماتنىمۇ ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوياتتى . مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقان ۋاقتىمدا ، ئامبال ھۆرمىتىم ئۈچۈن ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئات يېنىغىچە كەلدى . ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ، ھەتتا پاكىز ، رەتلىك قىزىل كىيىم كىيىشكەن كاللا كېسەرلىرى سەپ بولۇپ ئىچكى قوۋۇقتا تۇتىشىدىغان يول بويىدا تۇرۇشقانىدى . بۇلارنىڭ رەتلىك ، تەرتىپلىك كەيپىياتى ، بۇ ئامبالنىڭ قاتتىق بەلگىلىمىسىدىكى بىر خىل ئادەت ئىدى .

يامۇلدىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئامبالنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىم . شۇنىڭ بىلەن مەن ئاتنى قامچىلاپ تېزلىكتە قايتىپ ، تۇرۇشلۇق ئورنۇمنى رەتلەپ چاي تەييارلىدىم . چېدىرىمدىكى كىچىك ئۈستەلگە سېلىنىدىغان داستىخان جۇڭگودا قايغۇنى بىلدۈرىدىغان ئاق رەڭدە بولغاچقا ، بۇ يەرگە ماس كەلمىگەنىدى . مەن دەماللىققا ماس كېلىدىغان داستىخان تاپالمىغاچقا ، ئالدىراشچىلىقتا ئامالسىز كارۋىتىمدىكى نېپىز يۇڭ ئەدىيالنى داستىخان ئورنىدا سالدىم . ئەگەر يەنە جۇڭگوغا كېلىدىغان بولسام ، چوقۇم قىزىل داستىخان ئالغاچ كەلسەم بولغۇدەك . مەن بىر قانچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇچراشقان ئامبالنى مەجبۇرىي كۈتۈۋاتقان ۋاقتىمدا ، بۇنى خۇددى ياۋروپا ئوردىلىرىدا ئوينىلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن ئويۇنلىرىغا ئوخشاتتىم . بىراق ، بىز ناھايىتى ئاسانلا ھېلىلا ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلىدۇق . ساياھەت سومكامدىكى ستانىسلاس جۇلىيېن ( Stanislas Julien ) تۈزگەن شۈەنزاڭ توغرىسىدىكى كىتاب بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنىڭ قىزىقارلىق بولۇشىغا ياردەم قىلدى . مەن خۇاڭ ئاقساقالغا دەندان ئۆيلۈكتىن تاپقان بىر قىسىم جۇڭگوچە قوليازما ماتېرىياللارنى كۆرسەتتىم ھەم ئۇنىڭغا مەن توپلىغان ئىلگىرىكى ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ مىتال پۇللىرى ئۈستىدىكى ئويما خەتلەرنى ئوقۇتتۇم . ئۇمۇ ناھايىتى ئەدەب بىلەن بۇ نەرسىلەر ھەم چېدىر ئىچىدىكى ئۈستەل ، ئورۇندۇق ۋە كارۋات قاتارلىق نەرسىلەرگە ناھايىتى قىزىقانلىقىنى بىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇردى . بۇ نەرسىلەرنى ئۇمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىققانىدى .

ئەسلىدە مەن كېرىيىدە ئۈچ كۈن تۇرۇشنى ئويلاشقانىدىم . بىراق ، خوتەندىن كېلىدىغان ئات ـ ئۇلاغلار يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن يەنە ئىككى كۈن تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، بارلىق ئادەملىرىمىز بۇ قېتىمقى كىچىككىشكە ئېچىنىپ كېتىشمىدى . ئادەملىرىمدىن ھەتتا رام سىلك قاتارلىقلارمۇ جاپالىق دالادا تونەيدىغان قۇملۇق تۇرمۇشىدىن كېيىن ، بىر مەزگىل توختاپ دەم ئېلىشقا رازى ئىدى . ئۆزۈممۇ يەنە بىر قېتىم ئامبال بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ، بەزى ماتېرىياللارنى يېزىپ چىقىش ، بەزى ئىزاھاتلىق ماتېرىياللارنى تەييارلاشتەك نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىم كېرەكلىكىنى بايقىدىم . شۇنداق قىلىپ ھەر كۈنلۈك دەم ئېلىپ ئايلىنىپ كېلىدىغان ۋاقتىم بىر سائەتكىمۇ يەتمەيتتى . ھازىر مەن پەقەت خان جەمەتى ياۋروپا ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىغا بىر قىسىم ئاددىي بولغان خاتىرىلەرنى يازالىدىم . كېرىيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈندە ھاۋا تۇتۇق ۋە سوغۇق بولدى . 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋە 15 ـ كۈنى ئازراق قار ياغدى . ھەر ئىككى كۈندىكى قار بىر دىيۇيمغا يەتمەيتتى . بىراق ، دەريا بويىدىكى قاقاسلىقتا قىشلىق مەنزىرە ئېيادىلەنگەنىدى . مەش ئەتراپىدىكى ئالدىراشچىلىق كۆڭۈللۈك ئىدى . لېكىن ، مەن ھازىر بۇ كىچىك ئۆيدە يورۇق ، پاكىز چېدىر تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم . خوتەن ھەم ئەتراپىتىكى رايونلاردىكى بارلىق ئائىلىلەردە قىش پەسلىدە پەقەت تورۇستىن ئېچىپ قويۇلغان تۆت چاسا كىچىك تۈڭلۈكتىن ناھايىتى ئاجىز كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى .

مەن ئابدۇللاخان ۋە باشقا كىشىلەر ئارقىلىق سۈرۈشتۈرگەن قەدىمكى يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى ئەھۋاللار ئانچە نەتىجىلىك بولمىدى . قىزىققۇچىلىكى بار قەدىمىي نەرسىلەرنى ئانچە كۆپ ئىگىلىيەلمىدىم . كېرىيە ئەسلىدىنلا بىر قەدىمىي جاي ئەمەس ئىدى . « گۆھەر ئىزدەش » تەك بۇنداق كەسىپمۇ ئەينى ۋاقىتتا خوتەندىكىگە ئوخشاش گۈللەنمىگەنىدى . ئەمما ، مەن بارغاندىن كېيىنكى تۇنجى كۈنى نىيىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق ئارىسىدىكى قەدىمكى خارابىلىكنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدىم . شۇڭا ،

ئۆزۈمنىڭ تەكشۈرۈش يۆنىلىشىمنى شۇ ياققا قاراتتىم . ناھايىتى ھۆرمەتكە
سازاۋەر كېرىيىلىك دېھقان ئابدۇللا ماڭا ئۆزىنىڭ 10 نەچچە يىل ئىلگىرى
ئاشۇ يەردە دەندان ئۆيلۈككە ئوخشاش خارابە ئىزلىرىنى ئېنىق كۆرگەن-
لىكىنى ئېيتىپ بەردى . قۇمغا يېرىم كۆمۈلگەن مەشھۇر ئىمام جەئفىرى
سادىق مازىرى نەچچە يول كېلەتتى. باشقا كىشىلەرمۇ بۇ « قەدىمىي شە-
ھەر » ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىكەن . نېمە سەۋەبتىنكىن بىلمى-
دىم ، مەن تەقەززا بولۇۋاتقان ئاتلار تېخىچە يېتىپ كېلەلمەيۋاتاتتى .
بىراق ، بۇنداق بىر رەسمىي پوچتا - تېلېگراف مۇلازىمىتى بولمىغان كەنت-
لەردە كىشىلەرنىڭ جىمجىت كۈتۈشىگىلا توغرا كېلەتتى . لېكىن ، ئامبال
ياردەم قىلىپ زۆرۈر بولغان قاتناش قوراللى بىلەن تەمىنلىگەنىدى .

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## نىيە ۋە ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىغا سەپەر

چىدىر ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە كۈنلۈك خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردە قۇياش نۇرىنىڭ پارلىشى بىلەنلا كۆڭۈللۈك سەپىرىمنى باشلىۋەتتىم. كېرىيىلىك ۋە نىيەلىك باداڭ قورساق بەگلەر (نىيىنىڭ بەگلىرى ھازىر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى) كېلىپ مېنى ئۇزىتىپ قويدى. بىز كەڭلىكى 0.25 مىل كېلىدىغان، ئازراق سۇ يىغىلىپ قالغان قۇرۇق ئۆستەڭنى ھەمدە بەشتوغراق (Besh—toghrak)، غادغاڭ (Ghadghang) كەنتلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق. كەنتتىن چىقىپ 2 مىل ماڭمايلا بىز يەنە قاقاس قۇملۇققا كىرىپ كەتتۇق. بۇ يەر شىمالغا قاراپ سوزۇلغان چوڭ قۇملۇقنىڭ چېتى ئىكەن. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قاقاس چۆللۈك بارا ـ بارا ئېگىزلەپ، جەنۇب تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ، پولۇ (Polu) نىڭ شەرقىدىكى كۇئىنلۇن تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە تۇتىشىدىكەن. بۇ قەدىمىي يولنى بويلاپ، لوپنۇر ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسلى چېگرىسىغا بارىدىغان كىشىلەر كۆپ چاغلاردا بۇلۇت بىلەن قاپلانغان بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ چوققىلىرىنى كۆرەلمەيتتى. رام سىڭ پىشانىڭ شەرقىگە قىلغان سەپىرىدە ئۈچ بولۇڭلۇق سىزغۇچ ئارقىلىق ئىككى تاغ چوققىسىنى ئۆلچەپ، سىزىپ چىققان. بىز بۇ تاغ چوققىلىرىنى پەرق ئېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆلچەش خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى قىلدۇق. پولۇ ئەتراپىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز تاغ چوققىلىرى دېڭىز يۈزىدىن 21 مىڭ فۇت ئېگىز بولۇپ، تاغ چوققىلىرىدىكى قار يىراقتىن خىرە يالتىراپ تۇراتتى.

14 مىلچە يولنى بېسىپ، ئويتوغراق (Ui—toghrak) قا يېتىپ

كـەلدۇق . ئويتوغراق كىچىككىنە بىر بوستانلىق بولۇپ ، ئۇنىڭدا 200 تۈ-
تۈن بار ئىكەن . دەرەخ تۈۋىلىرى ۋە باشقا سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان
جايلاردا بىر قەۋەت قېلىن قار بولۇپ ، سوغۇق شامال كۈن بويى سۆڭەك-
تىن ئۆتەتتى . لېكىن ، مېنى خۇشال قىلغىنى بۇ يەردىكى بىر يەرلىك باي-
نىڭ ئازادە ئۆيىدە مەن ۋە ھەمراھلىرىم ئۈچۈن راسلىنىپ قويۇلغان ئارام-
گاھ بولدى . پاكىز تاملار ۋە رەڭلىرى چاقناپ تۇرىدىغان خوتەن گىلىمى
بۇ قۇپقۇرۇق ، كىچىك خانىنى قىش كېچىسىدە كىشىگە ئارامبەخش ئېتىد-
دىغان ئاجايىپ تۇسكە كىرگۈزگەنىدى .
كېچىسى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچقا ، بىزنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆ-
زىتىش ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ كەڭلىك گرادۇسىنى ئۆلچىشىمىز توسالغۇغا
ئۇچرىدى . 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغىنىمىزدا ،
لەپىلدەپ قار يېغىۋېتىپتۇ . قورۇ كەينىگە جايلاشقان باغ دەرەخ شاخلىرىغا
ئېسىلغان ئاپئاق قارلار بىلەن قارىماققا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ياۋروپا-
غىلا ئوخشاپ قالغانىدى . ئەتىگەن سائەت سەككىزدىكى تېمپېراتۇرا فا-
رېنگېيت 9 گرادوس ( سېلسىيە نۆلدىن تۆۋەن 12 گرادوس ) ئىدى . قار
مەن كارۋاننى باشلاپ بۇ يەردىن ئايرىلغاندا توختىدى . لېكىن ، پۈتۈن
كۈن ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ ، تاغ تىزمىلىرىنى كۆرگىلى بولمىدى . بىز
بېسىپ ئۆتكەن شېغىللىق يول خوتەنگە بارىدىغان يول يۈزى بىلەن ئوخ-
شاش بولۇپ ، يولنىڭ سول تەرىپى شىمالغا سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى
ئىكەن . 16 مىل ئەتراپىدا يۈرۈپ ، كەڭرى تېيىز قۇرۇق ئۆستەڭ قىنىدىن
كېسىپ ئۆتۈپ ، يېسىيۇلغۇن ( Yesiyulghun ) دېگەن كىچىك بىر
كەنتكە يېتىپ كەلدۇق . كەنتنىڭ يول بويلىرىغا ئون نەچچە ئېغىز كېسەك
ئۆي سېلىنغان بولۇپ ، بۇ يەردىكىلەر نىيە ۋە سۇرغاق ( Surghak ) ئال-
تۇن كانىغا بارىدىغان يولۇچىلارنى تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەيدىكەن . بۇ
يەردىكى ئاز بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرنى پەقەت ياز پەسلىدىلا سۇغارغىلى
بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىقتا تايىنىپ ھايات كەچۈرۈشى ناھايىتىمۇ
قىيىنغا چۈشىدىكەن . كەنتتىكىلەر ئاساسلىقى يولۇچىلارنى تاماق ۋە قو-
نالغۇ بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق جان باقىدىكەن . كىشىلەرنىڭ ئېيتىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چە ، بۇ يەردىكى ئىچىملىك سۇ 40 غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقتىن ئېلىنىدىكەن ، سۇنىڭ قىس بولۇشى بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپتۇ . شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئۆيلەر ئاساسەن ئېتىز ۋە باغ ئارىسىغا سېلىناتتى ، ئەمما يېسىپولغۇندا ئۆيلەر قۇدۇق ئەتراپىدىكى تەكشىلىككە سېلىنغان بولۇپ ، بۇ يەر خۇددى كىچىك بىر بازارغا ئوخشاپ قالغان ، قۇدۇق يېنىغا جايلاشقان كۆلچەك بويىدىكى قاتار كەتكەن بوك - باراقسان ئاق تېرەكلەر بۇ يەرنى ئاجايىپ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەنىدى . كېچىدە بۇلۇتلار تارقاپ ، تېمپېراتۇرا فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن 1 گرادۇسقا چۈشتى . جەنۇبتىكى يېقىنراق تاغلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى ، ھەتتا سۇرغاق ئالتۇن كانى جايلاشقان جىلغىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولاتتى . كېيىنكى سەپىرىمىزدە ، 11 مىل كېلىدىغان بىر تاشلىق باياۋاننى بېسىپ ئۆتەتتۇق . ئەمما ، بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىزنىڭ قارىشىچە ، نىيىگە بارىدىغان پۈتۈن مۇساپىنى بىر كۈندە بېسىپ بولالمايدىكەنمىز ، چۈنكى ئالدىمىزدىكى 24 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىلىقتا نە سۇ ، نە قونالغۇ يوق ئىكەن ، بەلكىم ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدۇر . مەن ئىلاجسىز ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدىم . ئوۋراز لەڭگەر ( Ovraz Langar ) دە كۆزەتچىنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈنلا ياسالغان بىر ئېغىزلىق كېسەك ئۆي بار ئىكەن . بىز سۇ ۋە يېمەكلىكلىرىمىزنى ئويتوغراقتىن ئېلىۋالغاچقا ، بۇ يەردە خاتىرجەم ئورۇنلىشىۋالدۇق . مەن تۇرغان ھوجرا پاكار ھەم مەشتىن چىققان قويۇق ئىس كىشىنى بىئارام قىلسىمۇ ، لېكىن سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان شەرق شامىلى ئۇرۇپ تۇرغان چېدىردا تۇرغاندىن خېلىلا راھەت ئىدى .

ئىككىنچى كۈنى نىيىگە قاراپ سەپەرگە چىقىشىمىزغىلا ، نىياز ئاخۇننىڭ يېتىپ كېلىشى مېنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتى . ئۇ مېنىڭ ئات ۋە خوتەنگە كەلگەن خەتلىرىمنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى . نىيازئاخۇن ئېلىپ كەلگەن خەت ئائىلەمدىن كەلگەن بولۇپ ، فەرغانە پوچتا يولى ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ ، ئاندىن جۇڭگو پوچتىسى ئارقىلىق خوتەنگە كەلگەنىكەن . خەتلەرنىڭ يېقىنقىسى ئاكام 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سالغان خەت بولۇپ ، قالغانلىرى ياۋروپادىن گىلگىت ئارقىلىق يېتىپ كەلگەنىكەن .

ئۆۋراز لەڭگەردىن نىيىگە تۇتىشىدىغان 24 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى يول پۈتۈنلەي شېغىللىق بولۇپ، شېغىللار جەنۇبتىكى تاغلاردىن سۇنىڭ ئېقىتىشى بىلەن كەلگەن. شېغىللىق ساي چۆللۈككە تۇتاشقان، ئەتراپ شېغىللار بىلەن قاپلانغان، يول بويى يېشىللىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. نىيە بوستانلىقىغا 6 مىل ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، دالىدا ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق توغراقلار كۆزگە چېلىقتى. نىيە بوستانلىقى سۇرغاققا يېقىن تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن كىچىك دەريا بويىنى بويلاپ جايلاشقان بىر قاتار كەنت ۋە يېزا ـ بازارلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئۇلۇغساي (Ulugh—sai) دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن كېيىن، بىز تېرىلغۇ رايونىنىڭ غەربىي چېتىدىكى كەڭ سارىغ (Kang—sarigh) كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق. يەنە ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن، نىيە بازىرى جايلاشقان مەركىزىي كەنتكە كىرىپ، يەرلىك بەگلەر ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. كوچا ئېغىزىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان بىر باينىڭ ئۆيىدە بىزگە كۆڭۈلدىكىدەك قونالغۇ ھازىرلاپ قويغانىكەن. بىز نىيىنىڭ ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازار كۈنىگە ئۈلگۈرۈپتۇق. گەرچە نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 0.125 مىل كېلىدىغان تار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لاپاس ئۆيلەرنىڭ ئالدى يەنىلا ناھايىتى ئاۋات ئىدى. بازاردا خوتەندىن ئېلىپ كېلىنگەن كۆپلىگەن قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە، قۇرۇق ئۈزۈم، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چىقىدىغان چاي، دورا ـ دەرمان ۋە نىيىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ياڭىقى، يەرلىك قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلار بار ئىدى. كىشىلەر ھېيتلىق نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ھەمراھلىرىم سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتمىسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇلارمۇ بۇ روزا ھېيتنى باشقا تەقۋادار مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا مۇۋاپىق يوسۇندا ئۆتكۈزۈشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇلار 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىر كۈن دەم ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ تەلەپنى رەت قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇملۇقتىكى خارابىلىقنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىچىشقا كىرەكلىك ئىشلەمچىلەرنى تېپىشىم ۋە يېمەكلىكلەرنى تەييارلىشىم
كېرەك ئىدى. پۈتۈن نىيە بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، دۇئا ـ تەگ-
بىرنىڭ ساداسى ھوجرامغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا مەن ھىندىس-
تانغا ۋە يۇرتۇمغا سالىدىغان خەت ـ چەكلەرنى تەييارلاش بىلەن ئال-
دىراش بولدۇم. چۈشتە ئىللىق قۇياش نۇرىدا كىشىلەرنى سۈرەتكە تار-
تىپ قويدۇم. بۇ يەردىكى ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان سالاپەتلىك
بوۋايلار، پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن سەبىي بالىلار دەسلەپتە سۈرەتكە
چۈشۈشتىن تارتىنىشتى. لېكىن، كىچىك بالىلارغا كەمپۈت ئېلىپ بېرىش
ئۈچۈن ئازراق پارچە پۇل بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاپپاراتنىڭ ئالدىغا
كېلىپ تۇرۇشتى. كىيىملىرى جۇل ـ جۇل دىۋانىلەرمۇ ھەم شۇنداق بو-
لۇپ، ئازراقلا سەدىقە ئالغاندىن كېيىن، سۈرەتكە تارتىشىمغا تەييار بو-
لۇشاتتى.

بۇ يەردىكى دېھقانلارمۇ خوتەنلىكلەرگە ئوخشاش كىشىنىڭ دىققى-
تىنى جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدە تاشقى قىياپەتكە ئىگە بولۇپ، يەرلىكلەر-
نىڭ تىلى بويىچە «ئاق تەنلىك» ھېسابلىناتتى. بۇ يەردىكى تۈركلەر
قىياپىتىنىڭ ياۋروپالىقلارغا ئوخشاپ كېتىشى مەندە غەربىي تۈركلەر ۋە
ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى قېرىنداشلىرى ھەققىدىكى ھەر خىل ئىزاھلارغا
نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلدى.

نىيە بىر قەدىمىي جاي بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنزاڭ
لوپنۇر ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىش سەپىرىدە نىجاڭ (نىيە)
بېزىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى «خوتەن پادىشاھلىقىنىڭ شەرقىي چېگرا
مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى» دەپ كۆرسەتكەن. بوستانلىقنىڭ شەرقىي چې-
تىگە جايلاشقان نىيە تاكى كېرىيە مۇستەقىل مەمۇرىي تۈزۈلمە قۇرغىچە
خوتەن رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شۈەنزاڭنىڭ بايانىدا ئېيتىلىشى-
چە، ئەينى چاغدا بۇ كىچىك بوستانلىق خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا
قۇملۇق بىلەن ئورالغانىكەن. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، بۇ
يەردىكى قەدىمىي خارابىلىقتىن مەن تونجى قېتىم دىئامېتىرى ئۈچ فۇت
كېلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى ـــ ساپال كۆپنى بايقىغانىدىم.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن بىز بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغان خارابىلىقتىن ئېلىپ كېلىنگەن قەدىمكى دەۋرگە تەۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ھەممىگە قىزىقىدىغان ياش تۆگىچى ھەسەنئاخۇن نىيىلىك بىرسى خارابىلىقتىن تېپىپ كەلگەن، ئۈستىگە خەت يېزىلغان ئىككى پارچە تارشىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ تارشىلار ئالدىمغا قويۇلغاندا، مەن ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يېزىقنىڭ ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمال چېتىدىكى قارۇشتى دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى يېزىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ يېزىق شەكلى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە كۇشان (Kushana) خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن چاغدا ئىشلەتكەن يېزىق شەكلى بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى.

ماڭا بۇ تارشىنى بەرگەن كىشى ئۇنى ئىمام جەئفىرى (Imam Jafar) مازىرىغا بارىدىغان يولدىن تېپىۋالدىم، دېدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ تارشىنى ئەسلى مۇشۇ يېزىلىق ئىستىبداتلىق ياش ئىبراھىمنىڭ تاپقانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ بۇلارنى قۇملۇقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ «قەدىمي شەھەر ئۆيلىرى» ئىچىدىن تېپىپ چىقىپتۇ. بايلىق ئىزدەش ئۈچۈن ئىبراھىم بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى شۇ يەرگە بېرىپ، پەقەت ئۆزىگە كېرەكسىز ئاشۇ تارشىلارنى تېپىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئالتە پارچىنى ئېلىپ چىقىپ، بىر نەچچىسىنى قايتىپ كەلگۈچە يولدا تاشلىۋېتىپتۇ. ئېشىپ قالغانلىرىنى بالىلىرىغا ئويۇنچۇق ياساپ بېرىش ئۈچۈن تېخى يېقىندىلا بۇزۇۋېتىپتۇ. مېنىڭ ئۇ تاشلىۋەتكەن تارشىلارنى ئېلىپ كەلگۈچىگە كاتتا ئىنئام بەرگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئىبراھىم ناھايىتىمۇ پۇشايمان قىلدى. مەن خۇشاللىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم ھەم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىبراھىمنى ماڭا يولباشلىغۇچى بولۇشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇنىڭغا ئەگەر مېنى ئۆزى بايقىغان قۇمغا كۆمۈلگەن ئۆي خارابىلىقىغا ئېلىپ بارالىسا، ناھايىتى كۆپ ھەققە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردىم. قارۇشتى يېزىقى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت خوتەن پۇللىرىدىلا بايقالغان بولۇپ، كۆرسىتىلگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 1 ـ، 2 ـ ئەسىرگە توغرا كېلەتتى. فرانسىيىلىك بەختسىز سەيياھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇتريۇيل دي رىنس ئەپەندى 1892 ـ يىلى خوتەندە قولغا چۈشۈرگەن ، قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان ، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان پارچىلاردىـ كىمۇ مۇشۇ خىل يېزىق ئىدى . چىراغ ئاستىدا ئۈمىدكە تولغان بۇ تېپىنـ دىلارنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ، بۇ كېچىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدۈم . بەك قالايمىقان يېزىلغان خەت ۋە ئېنىقسىز سىياھ ئىزى مېنىڭ بۇ يازمىلارغا ھەر قانداق چۈشەندۈرۈش بېرىشىمگە ئىمكان بەرمىدى . تىلشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە قارىغاندا ، قولۇمدىكى بۇ تارشىلار دەسلەپكى ھىندى يېزىقى بىلەن يېزىلغان بىر پارچە ھۆججەتتەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىكى يېزىق مېنى بۇ يادىكارلىق قېزىۋېلىنغان خارابىلىقنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقىغا ئىشەندۈردى . گەرچە ئۇ خارابىلىقتىن خېلى ئۈمىد كۈتكەن بولسامۇ ، لېكىن ئۇنچە مول يادىكارلىقلارنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىدىم .

نىيىدىن يولغا چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ، قۇملۇققا قايتا كىرىپ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىغا يېتىپ كەلدۇق . تەبىئەت مەنزىـ رىسى ۋە ھاۋا كىلىماتى كىشىگە خۇشال تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى . بىز نىيىدىن ئايرىلغاندا سەھەردىكى ئىللىق قۇياش كۆكتە پارلىغان بولۇپ ، يول بويى بىپايان ئاسمان سۈپسۈزۈك ئىدى . ئەمما ، ھاۋا يەنىلا سوغۇق بولۇپ ، كېچىدىكى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن 8 گرادۇس ، كۈندۈزـ دىكى تېمپېراتۇرىمۇ فارېنگېيت 22 گرادۇستىن ئېشىپ باقمىدى .

بىز ماڭىدىغان يول نىيە دەرياسى بويىدا بولۇپ ، دەريا قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىز بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغان « قەدىمىي شەھەر » ئەتراپىغىچە بېرىپ ، قۇمغا سىڭىپ غايىب بولىدىكەن . نىيە دەرياسى خۇددى كېرىيە دەرياسىغا ئوخشاش ئەگرى ـ بۈگرى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سۈيى كۆپ ئەمەس ئىكەن . نىيە دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ كېرىيە دەرـ ياسىنىڭ سۈيىدەك بازار ئەتراپىدىكى قۇدۇق ۋە ساسلىقلاردىن ئېقىپ كەلگەن سۇلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىكەن . دەريا سۈيى سۇغىـ رىش يوللىرى ئارقىلىق ئېگىزرەك جايلارغا تارتىپ چىقىرىلىپ ، ئاندىن

باشقا پەسرەك يەرلەر سۇغىرىلىدىكەن . تېرىلغۇ يەرلەر كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ، بىز تېزلا تار ۋە ئۇزۇن كەتكەن بۆككىدە قومۇشلۇققا يېتىپ كەلدۇق . دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇملۇق 2 مىل يىراقلىقتا ئىدى . ھەر يىلى كۆز پەسلىدە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىمام جەئفىرى مازىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردىن ئۆتۈشى بىلەن مانا بۇ يول شەكىللىنىپتۇ .

بىرىنچى كۈنلۈك سەپەردە بىز بىر نەچچە قېتىم ھازىر مۇز بىلەن قاپلانغان دەريا لېۋىدىن ئۆتتۇق . دەريانىڭ كەڭلىكى 30 ~ 35 يارد بولۇپ ، ئوخشاش بولمىغان يەرلەردىن ئېچىلغان كۆلچەكتىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 فۇتتىن ئاشمايدىغاندەك قىلاتتى . دەريا قىرغىقىنىڭ ئېگىزلىكى سۇ يۈزىدىن 2 ~ 3 فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ ، قار ـ مۇزلار ئېرىگەن پەسىلدە دەريا سۈيى تېشىپ ، ئەتراپىنى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلىگەچكە ، دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقلار شۇنچە باراقسان ئۆسۈپتۇ . بۇ كىچىك بوستانلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يىراق بولمىغان جايدا ئون نەچچە چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە نۇرغۇن قويلار بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نىيىدىكى بايلارغا تەۋە ئىكەن .

بىز ئۆستەڭنى بويلاپ 8 مىلدىن كۆپرەك يۈردۇق . خىيالىمدا پەقەت بۇ خىلۋەت زېمىندا بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرلا بار ئىدى . شۈبھىسىزكى ، قەدىمدىمۇ كىشىلەر قۇملۇقنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا سۈيىنى سۇغىرىش يوللىرى ئارقىلىق قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە باشلاپ ، ئۇ يەرلەرنى سۇغىرىپ كۆكەرتكەن . ھازىر قۇم بېسىۋالغان زېمىندىكى كۆپلىگەن يەرلەرمۇ ئەسلىدە مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر ئىدى . مەيلى ياۋروپادا بولسۇن ياكى شىنجاڭنىڭ قۇرغاق ئوتلاقلىرى ، پەنجئابنىڭ دوبس ( Doabs ) دېگەن يېرىدىكى بەزى تەبىئىي قۇرغاق رايونلارغا ئوخشاش شەرقنىڭ چېگرا رايونلىرىدا بولسۇن ، ھەممىلا يەردە كۈچلۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى كۆن بويى قۇملۇق بىلەن توختىماي كۆرەش قىلىپ ، ئادەملەر ياشايدىغان رايوننىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتكەن . بۇ خىل قۇملۇق بىلەن ئېلىشىش كۈچىنىڭ مەنبەسى قەيەردىدۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۈرمانلىق ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن مەن ھەتتا نىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قارلىق تاغلارنى ئېنىق كۆرەلىدىم . ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولغاچقا ، مازارغا تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن ياسالغان ئوتتۇرا لەڭگەر ( Otra Langar ) دىكى كەپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يىراقتىكى تاغ تىزملىرىنىڭ چوققىسىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ مىنزۇلا بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى ئورنىمىزنى ئېنىق ئۆلچەپ چىققىلى بولاتتى . ھازىرقى ئورنىمىز بىلەن بىزگە ئەڭ يېقىن تاغ چوققىسىنىڭ ئارىلىقى 70 مىل كېلىدىغانلىقىغا قاراپ ، قىش پەسلىدە قۇملۇقتا ھاۋانىڭ ناھايىتى ئوچۇق بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى .

ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ، توغراق ۋە سۆگەت شاخلىرىنىڭ باراقسان ۋە قويۇقلۇقىدىن يىراقتىكى مەنزىرىلەر كۆزدىن غايىب بولدى . كەڭرى كەتكەن بۇ بىر پارچە ئورمانلىقتا ئىلگىرى ئېقىپ ئۆتكەن دەريانىڭ ئىزناسى بار ئىدى . بىزگە يول باشلاپ ماڭغان پادىچىنىڭ دېيىشىچە ، بۇ ئورمانلىقنىڭ كەڭلىكى 8 ~ 10 مىل كېلىدىكەن . يول بويى بىزمۇ ئېگىز-پەس ئورۇنلارغا چىقىپ كۆزىتىش ئارقىلىق پادىچىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلدۇق . دەرەخ ئاستىدا ۋە بەزى ئويمان يەرلەردە بىر قەۋەت نېپىز قار بولۇپ ، قارىماققا ئۆتكەن ھەپتە ياغقاندەك قىلاتتى . يالىڭاچلانغان دەرەخ شاخلىرى ۋە ئۈنىڭدىن ھاسىل بولغان قىلىن چاتقاللىق مەن نەچچە يىللاردىن بۇيان بۇ يەردە كۆرگەن مەنزىرىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بەك شىمالىي ياۋروپانىڭ قىشلىق مەنزىرىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى .

بىز بۇ 12 مىل كېلىدىغان قويۇق ئورمانلىقنى ئاتلىق بېسىپ ئۆتكۈچە ، دەريا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پادىچىلارنىڭ كەپىسىنى كۆرەلمىدۇق . كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ، بىز تاشلىۋېتىلگەن بىر نەچچە قومۇش كەپىگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ بىزنىڭ ئىككىنچى قونالغۇمىز تۆپە بوستان ( Döbe—bostan ) ئىدى . بۇ يەردىن غەربكە قارىسا چۆللۈكنىڭ چېتىدىكى قۇم ئېدىرلىرىنى ، شەرققە قارىسا 1 مىل يىراقلىقتىكى دەريانى كۆرگىلى بولاتتى . نەرسە — كېرەكلەرنى ئارتقان تۆگىلەر كەچ سائەت

يەتتىلەردە ئاران يېتىپ كەلدى . ھەمراھلىرىم قۇرۇپ سۇنغان دەرەخ شاخلىرى بىلەن ئوت قالاپ ، مېنى كېچە سوغۇقىنىڭ قەھرىدىن ئازاد قىلدى . مەن ئوتقا قاقلانغاچ پۈتۈن ھېسسىياتىم بىلەن ئوچۇق ئاسماننى كۆكۈللۈك تاماشا قىلدىم . چېدىرلار تىكىلىپ بولغاندا ، تېمپېراتۇرا فا- رېنگېيت 10 گرادوسقا چۈشتى .

بۈگۈن 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ، مۇساپىمىز ئانچە ئۇزۇن قالمىغان بولۇپ ، پەقەت 13 مىل ماڭساقلا مۇقەددەس مازارغا يېتىپ باراتتۇق . مازاردىن ئۆتسەكلا بىپايان قۇملۇققا كىرىپ كېتەتتۇق . بىز ئەتىگەندە دەريانى يەنە قايتا كۆردۇق . دەريا قىرغىقى 20 فۇت كەڭلىكتە مۇز تۇتقان بولۇپ ، دەريا بۇ يەردە بىر نەچچە ئېقىنغا بۆلۈنگەچكە سۈيى ئازىيىپ كەتكەنىدى . دەريا سۈيى بۇ يەردىن ئانچە يىراققا بارمايلا سىڭىپ تۈ- گەيتتى . مازارغا يېقىنلاشقانسېرى دەرەخ ۋە چاتقاللار ئېگىزلەپ بارغان بولۇپ ، ئەتراپنىڭ مەنزىرىسى قەھرىتان قىش كۈنىدىمۇ ناھايىتى چىراي- لىق كۆرۈنەتتى . كەڭرى كەتكەن توغراقلىق ئارىسىدا تاۋاپچىلارنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن ياسالغان كەپىلەر ئاندا ـ مۇندا ئۇچراپ تۇراتتى . غەرب تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دۆڭنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە قادالغان ھەر خىل شاخ ـ شۇمبا ۋە تۇغلار بۇ يەرگە دەپنە قى- لىنغان خوجىلارنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . بىز ئاخىرى مەس- چىت ، مەدرىس ۋە مۇشۇ مازارنى ياسىغۇچىلارنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىغا يېتىپ كەلدۇق . ئىككى ئايدىن بۇيان كېرىيە ۋە نىيىدە چۆللۈكتىن باشقا پەقەت لايدىن سېلىنغان كىچىك ئۆيلەرنىلا كۆرۈپ كېلىۋاتقاچقا ، بۇلار بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ئىمارەتلەر بىلەن دۆڭلۈك ئۈستىگە سېلىنغان مازار ئا- رىسىغا دەريا سۈيىدىن شەكىللەنگەن كىچىك كۆلچەكلەر تارقالغان بو- لۇپ ، بۇ ئەتراپنىڭ مەنزىرىسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى .

بىرەر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن ، نىياز ھاجىمبەگ ياساتقان چوڭ راق تۆت چاسا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان مەدرىس بىناسى دىققىتىمىزنى قوز- غىدى . ئارقىدىن بىز يەنە ئالدىمىزغا مېڭىپ ، شىمالىي چەتتىكى مۇز تۇت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قان كۆلچەكتىن ئۆتۈپ ، ئۇدۇلدىكى دۆڭگە يېتىپ كەلدۇق . دۆڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قەدىمىي ، يوغان دەرەخلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر كىچىك ئورمانلىق بولۇپ ، ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمانلار ياساپ چىققان ناماز ئوقۇش سۇپىسى ئىدى . مەدرىستىكى تالىپلار ۋە تاۋاپچىلارنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن سېلىنغان ھەر خىل كىچىك سارايلار مۇشۇ ئورمان ئارىسىغا ئورۇنلاشقانىدى . دەرەخلەردە تاۋاپچىلار ئېسىپ قويغان تۇغ ، قوتاز قۇيرۇقى ۋە لاتا ـ پۇرۇچلار بار بولۇپ ، دۆڭگە چىقىدىغان يولدا تاۋاپچىلارنىڭ تەقۋادارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ھەر خىل نەرسىلەر ئېسىلغان ، ياغاچتىن ياسالغان راۋاقلار بار ئىدى . بىرىنچى راۋاققا تەرتىپسىز ئېسىلغان ھەرخىل رەڭلىك لاتا ـ پۇرۇچلار ئىچىدىن ھىندىستاننىڭ كاناپلىرى ، بىرمىڭھامنىڭ پاختا رەختلىرى ، جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى ، رۇسىيىنىڭ گۈللۈك رەختلىرى ۋە يەرلىكتە قوپال ئىشلەنگەن خەسىنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلاتتى . تەقۋادار تاۋاپچىلارنىڭ بۇنداق خاتىرە بۇيۇملارنى ئېسىپ قويىدىغان ئادىتى ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ۋە ھىندى دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىكى ئادەتلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەن . مەن ئەگەر بۇ رەڭمۇرەڭ توقۇلما بۇيۇم ئۆلگىلىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن كولاپ ئېلىنسا ، نېمە دېگەن ئاجايىپ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش بولاتتى ـ ھە ! دەپ ئويلاپ قالدىم .

تاۋاپچىلار دۆڭ ئۈستىدىكى مۇقەددەس قەبرىگە ئەگرى ـ بۈگرى يوللار بىلەن ئايلىنىپ چىقىدىكەن . ئېھتىمال ، دۆڭ ئۈستىدىكى قاتار كەتكەن قەبرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان توپا دۆۋىسى ساھىبلارنىڭ مەقبەرىسىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ مۇقەددەس مەقبەرە توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت بار : ساداقەتمەن مۇسۇلمانلار ئىمام جەئفىرى سادىققا ئەگىشىپ چىن ماچىنلىقلار ، يەنى خوتەندىكى بىدئەتچىلەر بىلەن بولغان جەڭدە مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانىكەن . مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ، سۇ يۈزىدىن 170 فۇت ئېگىزلىكتىكى بۇ دۆڭ قۇم دۆۋىسى بىلەن ياسالغان بولماستىن ، بەلكى تاش تۇرانىڭ ئۈستىگە شېغىل ياتقۇزۇش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغانىكەن . بەزى جايلاردا تاش تۇرانى ئېنىق

كۆرگىلى بولاتتى . بۇ تاش تۇرا ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى كىچىك توپا دۆڭ مەزكۇر رايوندا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىپ تۇراتتى . دەريا بويىغا يېقىن يېپىنچا بەلبېغىنىڭ شەرق ، غەرب ئىككى تەرىپىدە قۇمدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى . مەزكۇر رايوندىكى باشقا مۇقەددەس جايلارنىڭ ئەھۋا-لىدىن قارىغاندا ، بۇ جايلارنىڭ تارىخىنى ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە سۈرۈشكە مۇمكىندەك قىلاتتى . ئەگەر راست شۇنداق بولسا ، ئۇ-نىڭ ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرىسى كىچىك دۆڭلەرنىڭ مۇقەددەسلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى .

دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىسا شىمال تەرەپ بىپايان كەتكەن قۇم-لۇق ئىدى . دەريا سۈيى يېتىشمىگەچكە ، ئورمانلىق مازاردىن 6 ~ 7 مىل يىراقلىقتىچىلا سوزۇلغانىدى . دەريا قۇمغا سىڭىپ كېتىشتىن بۇرۇن غەر-بىي شىمالغا بۇرۇلاتتى . يول باشلىغۇچىمىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئاشۇ تەرەپتىمۇ بىر قەدىمىي يادىكارلىق بار ئىكەن .

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سەھەردە ، تۆگە كارۋىنىم سەپەرگە چى-قىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلارنى خېلى تەسلىكتە تاماملىدى . ھەمراھلىرىم ئالدى بىلەن مۇقەددەس مازارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ ، سۇ قاچىلايدىغان باكنى تەكشۈرۈپ چىقتى ھەم ئۇنىڭغا « قەدىمىي شەھەر » دە ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن لىق سۇ قاچىلىدى . بىز بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغان يادىكارلىق ئورنىنىڭ ئەتراپىدا سۇ يوق بولغاچقا ، بىز بىر مەزگىل مۇشۇ باكتىكى سۇغا تايىنىشىمىز زۆرۈر ئىدى . كالكۇتتادىن ئاق تۈنىكىدە ياستىپ ئېلىپ كەلگەن ئىككى باك دەندان ئۆيلۈكتە ئىشلىتىلگەن مەزگىلدە ، ئىچىدىكى سۇ مۇزلىغاندىن كېيىن كې-ڭەيسىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقى ئىسپاتلانغانىدى . تۈنۈگۈنكى تېم-پېراتۇرا فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن 12 گىرادۇسقا چۈشكەنىدى . بۇ بىز ھازىرغىچە خاتىرىلىگەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ھېسابلىناتتى . تەلىيى-مىزگە زىمىستان قىش بولغاچقا ، مۇزنى ۋاقىتلىق ياسىۋالغان تاغار ۋە تور خالتىلار ئارقىلىق توشۇشىمىز قولايلىق بولدى . بۇ خىل ئەپچىل چارە قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن ، 40 ~ 50 كىشىلىك ۋاقىت-

www.uyghurkitap.com

لىق بارگاھىمىزنى ھەر ۋاقىت ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدىكى سۇ بىلەن تەمىن-
لەشكە كاپالەتلىك قىلدى .

بۇگۈن ھاۋا ئوچۇق ، قۇياش نۇرى خىلىلا كۈچلۈك، مەنزىرىلەر روشەن بولغاچقا ، ئورمانىنى كۆكۈللۈك كېسىپ ئۆتتۇق . دەريا ئېقىنى مانا مۇشۇ يەردە سىڭىپ تۈگەيدىكەن . مازاردىن 3 مىل تۆۋەندە تار ئېقىنلار بىر نەچچە كىچىكرەك ساسلىقتا ئېقىپ كىرىپ ئاخىرلىشىدىكەن . مېنىڭ قىش پەسلىدە كۆرگەنلىرىم ئەنە شۇنچىلىكلا ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە مىل ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇر يارلاردىن ئۆتتۇق . بۇ-نىڭدىن ياز پەسلىدە كەلكۈننىڭ مۇشۇ يەرگىچە ئېقىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . تۇلكۇچ كۆل ( Tulkuch Köl ) دەپ ئاتىلىدىغان ساسلىقتا يېقىن جايدا مەسچىتنىڭ قويلىرىغا قارايدىغان نۇرۇللا ئىسىملىك بىرىنىڭ كەپىسى ۋە قوتانلىرى بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ يەردە 4000 تۇياق قوي بار ئىكەن . بىزگە يول باشلاپ كەلگەن نۇرۇللانىڭ يې-تىپ ـ قوپۇش ئادەتلىرى ۋە قىياپىتىگە سېلىشتۇرغاندا ، ئۇ ئادەتتىكى پا-دىچى ئەمەستەك قىلاتتى . ئۇ كەپىنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر يەرگە بۇغداي تېرىپ قويغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن يىلغا ئېلىنىدىغان ھوسۇل ئائى-لىسىنىڭ يېيىشىگە يېتىپ ئاشىدىكەن . بىز بۇ يەردە دەم ئالغاندا ، ئات ـ ئۇلاغلارنى ھويلىغا قويۇپ بەردۇق .

بۇ ئەتراپنىڭ سۈيى مول بولغاچقا ، دەل ـ دەرەخلەر ناھايىتى قو-يۇق ئۆسكەن ، تۆگىلەر پات ـ پات توختاپ ، شاخلارنى قايرىپ ئۇلارغا يول ئېچىپ بېرىشىمىزنى كۈتەتتى . ھەممە يەردە بۇغا ، ياۋا توشقان ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ئىزى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . بىز ماڭغانسېرى كۆچمە قۇملارنىڭ ئورمانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىنى ۋە قۇرۇپ قاخ-شال بولۇپ كەتكەن توپ ـ توپ دەرەخلەرنى ئۇچراتتۇق . ئاخىر مازاردىن 8 مىل كېلىدىغان يەردە ئورمانلىق كەڭرى كەتكەن پاكارراق قۇم ئېدىر-لىقىغا ئايلاندى . قۇم ئېدىرلىقىدا قويۇق يۇلغۇن ۋە ئاق تىكەنلەر ئۆسكەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە قۇرۇپ قالغان توغراق ۋە باشقا دەل ـ دەرەخلەر بار ئىدى . ئۇلارنىڭ شاخلىرى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ ، رەھىمسىز

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غوللىرى ئېگىلىپ كەتكەنىدى . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، دەريا سۈيى بىر زامانلاردا بۇ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارغىمۇ ھاياتلىق بېغىشلىغانىكەن . چېدىرىمىزغا يىراق بولمىغان ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغاندا ، قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدىكى پاكار كەتكەن ئورمانلىقنى كۆرگىلى بولاتتى . ئەنە شۇ قۇم دۆۋىلىرى غەرب ۋە شەرق تەرەپتىكى ھەقىقىي قۇملۇقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى . بۇ يەرنىڭ كەڭلىكى 4 مىلدىن كۆپرەك بولۇپ ، بىر نەچچە يەرلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ بىپايان قۇملۇققا سوزۇلاتتى . ئورمانلىقنىڭ غەربىي شىمالىغا كەڭرى سوزۇلغانلىقىغا قارىغاندا ، دەريا يۆنىلىشىنىڭ شۇ تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى ، قۇم بۇ ئورمانلارنى بۆلۈۋېتەلمىگەنىدى .

يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، قەدىمىي دەريا قىنىنى بويلاپ ماڭساق ، « قەدىمىي شەھەر » گە بارغىلى بولاتتى . ئىككىنچى كۈنىدىكى سەپىرىمىز بۇ ئويۇمنى ئىسپاتلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، قۇملۇققا قىلىنغان سەپىرىمىدە تۇنجى قېتىم يول باشلىغۇچىلار ئېيتقان ئارىلىقنىڭ ئەمەلىي ئارىلىقتىن كۆپ ئاشۇرۇۋېتىلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى . ئۇلار ماڭا ئىمام جەئفىرى سادىق قەبرىسىدىن مەن بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغان خارابىلىققا ئۈچ كۈندە بارغىلى بولىدۇ ، دېگەنىدى . ئەمەلىيەتتە ، بىز 14 مىل يولنى بېسىپلا 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خارابىلىق ئورۇنلاشقان رايوننىڭ جەنۇبىي چېتىگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەر ئالدىنقى كۈنى كەچتە مەن كۆزەتكەن قەدىمىي دەريا قىنى سوزۇلغان تەرەپكە ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، غەربىي شىمالنىڭ شىمالىغىراق توغرا كېلەتتى .

دەسلەپكى 5 مىل كېلىدىغان سەپەردە ، قويۇق چاتقاللىق بىزنى ھەر ۋاقىت ئېھتىيات بىلەن تۆگىگە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە مەجبۇرلىدى . يولغۇنلار چاتقال ، بولۇپمۇ توغراقلار ئارىسىدا ناھايىتى قويۇق ئۆسۈپتۇ . بۇ دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغاندەك قىلاتتى . قۇرىغان دەرەخ شاخلىرى تېخى غولىدىن ئايرىلمىغان ، باشقا يەرلەردىكىدەك دەرەخ غوللىرىمۇ قۇرۇپ كەتمىگەنىدى . چوڭقۇرلۇقى 4

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فۇت ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر قۇرۇق ئۆستەڭ بۇ چاتقاللىقنىڭ شەرقىي چېتىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ، خېلى يىراققىچە سوزۇلغانىدى . باشقىلار ئۇنى « قەدىمىي شەھەر » گە سۇ باشلاپ كېلىنگەن ئۆستەڭ ، دېيىشتى . لېكىن ، مەن ئۇنى ئادەملەرنىڭ چاپقانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئالامەت كۆرمىدىم .

بىز تۆۋەنگە قاراپ تىكرەك كەلگەن بىر ئېگىزلىكتىن ئۆتۈپ ، تۆت ئەتراپى ئېگىزلىكى 15 ～ 30 فۇتچە كېلىدىغان ، يۇلغۇنلار گىرەلىشىپ ئۆسكەن ، كونۇسسىمان بارخانلار بىلەن قاپلانغان يەرگە كەلدۇق . شىمال تەرەپتىكى تۆپىلىكتە بىر ھەپتە ئىلگىرى ياغقان 1 ديۇيم قېلىنلىقتىكى قالدۇق قار بار ئىدى . بۇ جاينىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنىڭ ئارىلىقى 3 مىل بولۇپ ، مەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇششاق ساپال پارچىلىرى ۋە يېپكەن بىلەن ياسالغان چىتلاقنى بايقىدىم . چىتلاقنىڭ ئىچىدىكى مېۋە دەرەخلىرى ۋە تېرەك شاخلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى . شۈبھىسىزكى ، بىزنىڭ بېسىپ ئۆتكىنىمىز بىر قەدىمىي كەنت ئىدى . ئالدىغا ماڭغانسېرى قۇم بارخانلىرى پاكارلىسىمۇ ، ئەمما يەنىلا قاقاسلىق بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى . پاكار كەتكەن قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان كونۇسسىمان ئېگىز قۇم بارخانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى . قۇم ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان ساپال پارچىلىرى ، داشقاللار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق جىسىملارغا ئاساسلىنىپ ، يول باشلىغۇچى نىشانغا يېقىنلاپ قالغانلىقىمىزنى ھۆكۈم قىلدى .

ئۇزاق ئۆتمەيلا مەن كىچىك بىر تۆپىلىككە جايلاشقان ئىككى « ئۆي » نى بايقىدىم ، ئۆي جايلاشقان يەر يېمىرىلمىگەنىدى . ياغاچ تۈۋرۈكلەرنىڭ قۇمدىن چىقىپ تۇرغان قىسمى دەندان ئۆيلۈكتىكىدىن ئېگىز ئىدى . يۈزەكى كۆزەتكەندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنىڭ دەندان ئۆيلۈكتىكىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ، پەقەتلا ھوجرىلىرىنىڭ سەل چوڭلۇقىنى ، ياغاچ جاھازىلارنىڭ ياسىلىشىنىڭ نەپىس ھەم پۇختا ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . ناھايىتى تېزلا بۇ يەردىكى بىر ھوجرىدىن ئىنتايىن نەپىس نەقىشلەنگەن بىر ياغاچ پارچىسىنى تاپ-

تىم . ياغاچ ئۈستىدىكى نەقىشنىڭ ئويمىچىلىق ئۇسۇلى گاندارادىكى ئويمان بۇيۇملار بىلەن ئوخشاش ئىدى . بۇنىڭدىن بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ يىل دەۋرىنىڭ خېلى بۇرۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . شىمالغا قاراپ ئالاھەزەل 2 مىل يۈرۈپ ، بىر نەچچە قۇم دۆۋىلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئابدۇللا كېرىيىدىكى چاغدا « پوتەي » دەپ تونۇشتۇرغان ، خام كېسەكتىن ياسالغان بىر خارابىلىققا كەلدۇق . ئويلىغىنىمدەك ، بۇ بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى بىر قۇم تۆپىلىكىنىڭ يان باغرىغا كۆمۈلۈپ تۇرغاچقا ، بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قاپتۇ .

بۇددا مۇنارى باشقا تارقاق خارابىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەم تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولغاچقا ، چېدىرىمنى ئۇنىڭ يېنىغا تىكتىم . شامالنىڭ يەمرىشى ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن ، مۇنارنىڭ يېنىدىكى قۇمغا كۆمۈلمەي قالغان يەرلەردە چوڭ ـ چوڭ ساپال پارچىلىرى ، تېرەك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن شاخلىرى ، قەدىمي ياغاچلارنىڭ چىرىپ كەتكەن قالدۇقلىرى يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان بولۇپ ، ياغاچلارنى كۆتۈرسىلا پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتەتتى . سىرىق توپىلىق بۇ قاقاسلىقنىڭ ھەممە يېرىدە تاش پارچىلىرى بار بولۇپ ، ئېنىقكى ، بۇلارنىڭ چوڭراقلىرى تاغ ئېتىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دەريا ساھىلىدىن قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن . بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇملۇقتىكى بوران ـ چاپقۇننىڭ يەمرىش كۈچىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلۈكى ۋە ھاۋا كېلىماتىنىڭ نەقەدەر ناچارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . بىرىنچى كۈنى بۇ قەدىمي ئاھالىلەر رايونىنىڭ تىنچ ياتقان گۇۋاھچىلىرى ئارىسىدا ياتقىنىمدا ، ئىبراھىمنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرى راستىمدۇ ؟ ئۇ قۇملۇقتا «چارلاش» ئېلىپ بارغاندا قالدۇرۇپ كەتكەن قانچىلىغان تارشا پۈتۈكلەر مېنىڭ قايتا بايقىشىمنى ساقلاپ ياتقاندۇ ؟ دېگەن خىيال بىلەن كېچىنى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم .

www.uyghurkitap.com

### يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تۈنجى قېتىم قېزىش

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە ، تۇنجى قىلغان ئىشىم رام سىلىك بىلەن يۆرەكلىكرەك ئىبراھىمئاخۇن دورغىنى غەرب تەرەپكە قانچىلىك ماڭغاندا يېقىلغۇ بار ۋە يۆكى ئېغىر تۆگىلەر ئاسانراق ئۆتەلەيدىغان يولنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتىش بولدى . مەقسىتىم بۇ خارابىلىقتىكى خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىم ئامان ـ ئېسەن قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، مەن تەكشۈرمەكچى بولغان كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئاقتىكەن ( Aktiken ) ، يەنى قارادۆڭ ( Kara döng ) خارابىلىقىغا بارالامدۇ ـ يوق ، دېگەننى ئۇقۇپ بېقىنىش ئىدى . شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەكشۈرىدىغان باشقا نىشان بولمىغاچقا ، 50 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى قۇملۇقتىن ئۆتىدىغان يولنى تاماملىساقلا ، نىيە ۋە كېرىيىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن مۇساپىدىن قۇتۇلاتتۇق . يېتەرلىك ئوزۇق ۋە سۇ ئېلىپ تۆگە بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان تارماق ئەترىتىمنى ئۇزىتىپلا ، ئالدىراپ ئىبراھىم بىر يىل بۇرۇن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى تاپقان خارابىلىققا يېتىپ كەلدىم . نىيىدىكى چاغدا ئۇ يەنە نۇرغۇن تارشا پۈتۈكلەرنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ قالغانلىقىنى دېگەنىدى ، مەن بۇ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم . ئۇ ئۆزىنىڭ ئازراقمۇ قالدۇرۇپ قويمىغىنىغا ناھايىتىمۇ ئۆكۈندى . شۇڭا ، مەن يول بويى ئۇنى كۆزىتىپ ماڭدىم ھەم بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ۋە كاشىلا قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلدۇردۇم . ئۈمىد ۋە گۇمان

بىلەن تولغان مۇرەككەپ كەيپىياتىم خارابىلىققا كېلىپلا خېلى ئارامغا چۈشتى. چېدىردىن شەرققە قاراپ 1 مىل ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن، ئىبراھىم باشلاپ بارماقچى بولغان خارابىلىقنى كۆردۈم. ئۇ شامالدا يېمىرىلىپ كەتكەن ئۆيمان يەردە گويا بىر كىچىك دۆڭدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. دۆڭگە چىقىۋاتقىنىمدا، خارابىلىقتىكى چىرىپ كەتكەن توم، يوغان ياغاچلارنىڭ يادنامىسى بولغان ياغاچ پارچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن خەت يېزىلغان ئۈچ پارچە تارشا پۈتۈك تېپىۋالدىم. دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن تام ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئۆينىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن تارشا پۈتۈكلەرنىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئىبراھىمنىڭ بۇ تارشا پۈتۈكلەرنى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتكىنىگە بىر يىل.بولغان بولسىمۇ، يېغىلىپ قالغان نېپىز بىر قەۋەت قۇم تارشا پۈتۈكلەرنى قارنىڭ چىرىتىشىدىن ساقلاپ قالغانىدى. ئىبراھىم ماڭا ئۆزى قىممىتىگە سەل قارىغان قەدىمكى تارشا پۈتۈكلەرنى كولاپ چىققان جايىنى كۆرسەتتى. بۇ جاي خارابىلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قورۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كىچىك بىر خانىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىدا ئىدى ( N.I ). ئۇ قۇم ئۈستىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان غەرب تەرەپتىكى تام بىلەن خىشتىن ياسالغان چوڭ ئوچاق ئارىلىقىدىكى كەڭلىكى 4 فۇت كېلىدىغان بىر تەكچە بار يەردىن قۇمنى قولى بىلەن.كولاپ ، بىر دۆۋە تارشا پۈتۈكنى تاپقان. لېكىن ، بۇ يەردە ئۇ ئىزدىمەكچى بولغان « بايلىقلار » بولمىغاچقا، مەلۇم تەرتىپ بويىچە تىزىپ قويۇلغان قەدىمكى يېزىقتىكى بۇ تارشىلارنى ياندىكى ئۆيگە تاشلىۋەتكەنىكەن. تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەچكە، ناھايىتى تېزلا خارابىلىققا يېتىپ كەلگەنىدىم. چۈنكى، بۇ تارشا پۈتۈكلەر ئەسىرلەر داۋامىدا قۇمغا كۆمۈلۈپ خەتلىرى ئېنىق ساقلانغىنى بىلەن، ئەگەر پۈتۈنلەي ئېچىلىپ قېلىپ، بوران ۋە قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، ئۇزۇن ساقلىنىپ قېلىشى ناتايىن ئىدى. پەقەت بىر يىللىق ئاپتاپنىڭ قاقلىشى ۋە ئېھتىمال يېقىندا ياغقان قارنىڭ تەسىرى بىلەن ئېچىلىپ قالغان تارشا پۈتۈكلەردىكى خەتنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، بىر قىسىم يەرلىرى خىرەلىشىپ قالغانىدى.

مېنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشىم ئىبراھىم تاشلىۋەتكەن بىباھا قەدىمكى تارشا پۈتۈكلەر بار جايغا ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ياكى يىتىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار ئىبراھىم دەسلەپتە تارشا پۈتۈك تاپقان جاينى تازىلاشقا باشلىدى. ئۆينىڭ چوڭلۇقى ئاران 16×14 فۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم ئانچە چوڭقۇر بولمىغاچقا، تازىلاش خىزمىتىمۇ ئاسانغا چۈشتى. دۆڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شامالدا يىمىرىلىپ كەتكەن يانتۇلۇققا يېقىن يەردىكى قۇمنىڭ قېلىنلىقى ئاران 2 فۇت، جەنۇب تەرەپ تام تۈۋىدىكى قۇمنىڭ قېلىنلىقى كۆپ بولغاندىمۇ 4 فۇت كېلەتتى. تازىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، بارلىق ئىمارەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقىشقا ۋاقىت چىقتى. ئىمارەتلەر ئاساسەن ياغاچ بىلەن ياسالغان بولۇپ، دەريا بويىدىكى ئورمانلىق ۋە خارابىلىقتىكى ئاق تېرەكنىڭ قالدۇقلىرى ياغاچنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. تامنىڭ ئۇلىغا قويۇلغان يوغان ياغاچنىڭ توملۇقى ۋە ساقلىنىشىنىڭ مۇكەممەللىكى ئىشلەمچىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ياغاچنىڭ ئۈستىگە 4 كۋادرات فۇت كېلىدىغان ياغاچ تۈۋرۈك ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ ھەم تورۇسنى، ھەم تامنى تىرەپ تۇراتتى. بۇ تۈۋرۈكلەر ۋە 1 فۇت ئارىلىق تاشلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىكرەك تۈۋرۈكلەر چىۋىق بىلەن باغلاپ تۇتاشتۇرۇلغانىدى. جاھازىنىڭ ئۈستىگە يۇلغۇن شاخلىرىدىن دىئاگونال شەكىلدە توقۇلغان مۇستەھكەم چىتلاق باغلانغان ۋە تامنىڭ ئىككى تەرىپى قېلىنلىقى ئوخشاش بولمىغان ھالدا ھاك لاي بىلەن سۇۋالغانىدى. قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ تۇرمىغان تاملارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئەسلى ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغان تۈۋرۈكلەر پورلىشىپ، يېرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپلىرى يەنىلا قۇملۇق ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۆينىڭ تازىلىنىشى بىلەن تارشا پۈتۈك تېپىلغان يەردىن ۋە ئوچاق بىلەن تۇتاش بولغان غەربتىكى سۇپىنىڭ ئۈستىدىن ئىككى باغلام ئەتراپىدا ئۈستىگە خەت يېزىلغان تارشا پۈتۈك تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىبراھىم كولاپ چىققان غەربىي جەنۇب بۇلۇڭدىكى تارشىلار ئاساسلىق ساقلانغان

تەكچىدىن تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمىدى . مەن ئۆز قولۇم بىلەن تارقىلىپ كەتكەن تارشىلارنى ئەستايىدىل ئىزدەش ئارقىلىق ، 85 پارچە تارشا پۈتۈكنى تېپىپ چىقتىم . شىمال تەرەپتىكى ئۆيلەرنى تازىلىغاندا، بۇ سان يەنە ھەسسىلەپ كۆپەيدى. بۇ گۈن بىر كۈنلۈك خىزمىتىمدە تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئەسلى ئويلىغىنىمدىنمۇ كۆپ مول بولدى .

تېپىلغان بۇ تارشا پۈتۈكلەر مۇكەممەل ساقلانغاچقا ، دەسلەپكى يۈزەكى تەكشۈرۈشتىلا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى ، سىرتقى شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىنى ئىگىلىدىم . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى تارشىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، شۇ كۈنى تېپىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى شىنا شەكىللىك بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 7 ~ 10 فۇتقىچە كېلەتتى . ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . تارشىنىڭ 1.5 ~ 2.5 فۇت كەڭلىكتە كېلىدىغان ئۈچى يېپ بىلەن ئورالغان ھەمدە تارشىنىڭ ئىنچىكە ئۇچىدىن بىر تۆشۈك تېشىلىپ تارشىلار جىپسىلاشتۇرۇلغان . مۇشۇنداق جىپسىلاشتۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان تارشىلارنىڭ بىر ـ ئىككى پارچىسى ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، يىپلار يەنىلا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان ، بەزى تارشا پۈتۈكلەرنى ساقلاش مەقسىتىدە ئالاھىدە ياسالغان چاسا ئورەك ئىچىدە يىپقا بېسىلغان ساپال تامغىنىڭ ئىزى بار ئىدى . لېكىن ، كېيىن ھەقىقىي مۇكەممەل ساقلانغان نۇسخىنى تاپقاندىن كېيىن ، ئاندىن بۇنداق تارشا پۈتۈكلەرنى ئەپچىللىك بىلەن باغلاشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىپ يەتتىم . ئۇلارنىڭ باغلىنىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلىشىگە دائىر تېخىنىكىلىق مەسىلىلەرنى كېيىنكى بابتا تەپسىلىي تونۇشتۇرىمەن .

تارشىدىكى تېكىست قارۇشتى يېزىقىدا ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلغان بولۇپ ، خەت يېزىلغان ئىچكى تەرىپى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلۇپ باغلانغانىكەن. تارشىنىڭ ساپال تامغا بېسىلغان سىرتقى يۈزىگە ئوخشاش يېزىق شەكلىدە قىسقا جۈملىلەر يېزىلغان . يېزىلغان ئورنى ۋە شەكلىگە قاراپ ، ئۇنىڭ تارشا ئىچىدىكى ھۆججەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىي مەزمۇنى ، تارقاتقۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ياكى ئادرېسى ئى-
كەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى . تارشا پۈتۈكلەرنى قۇم ئاستىدىن
كولاپ ئالغاندا ، كۆچلۈك ھەۋەس ۋە ئىشتىياق بىلەن ھەر بىرىنىڭ ئۈس-
تىدىكى خەتلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتىم . قارىمۇقارشى قويۇپ باغلانغان
نەچچە باغلام تارشىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان قا-
رۇشتى يېزىقىدىكى تېكىستلار خۇددى تۈنۈگۈن يېزىلغاندەك ئېنىق ھەم
روشەن ئىدى . بەزىلىرىنىڭ يۈزىگە يېپىشۋالغان قۇملارنى چوتكا بىلەن
تازىلاشقا توغرا كەلدى . ئاز بىر قىسىم تارشا پۈتۈكلەرنىڭ خېتى ئۆڭۈپ
خىرەلىشىپ كەتكەنىدى .

تارشا پۈتۈكلەردىكى خەتلەرنى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ياز-
غان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كۇشان ياكى ھىندىستان خانلىقىدىكى
خانلارنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلغان قارۇشتى يېزىق شەكلى ئىكەنلىكىنى
ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . ئۇ خانلار مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەرگىچە
پەنجئاب ۋە ھىندى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا ھۆكۈمرانلىق قىل-
غان . خوتەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇللىرى ھەمدە دۇترېيۇيل دې رىنس
تاپقان قىيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان پۈتۈكلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرى ئوتتۇرا
ئاسىيادا ھازىرغىچە بايقالغان قارۇشتى يېزىقىدىكى بىردىنبىر يادىكارلىق
بولۇپ ، ئۇلارمۇ مۇشۇ دەۋرگە تەۋە ئىدى . قۇم ئاستىدىن تېپىلغان كى-
شىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شۇنچە كۆپ تارشا پۈتۈكلەرنى تەپسىلىي
تەكشۈرۈپ چىقمايلا رەتلەۋاتقىنىم بىلەن ، ئۇلارنىڭ ناھايىتىمۇ قەدىمىي ۋە
قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم .

بىر كۈنلۈك ئالدىراش ئىشلەپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ، چې-
دىرغا قايتقۇچە بىر خىيال مېنى ئانچە ئۈمىدلەندۈرۈپ كەتمەيتتى . بى-
رىنچى كۈنلۈك تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى بولغان ، ئۈستىگە بەلگە قويۇپ
توشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان يۈز پارچىدىن ئارتۇق تارشا پۈتۈك ئىلگىرى
ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قارۇشتى يېزىقىنى تەتقىق قى-
لىدىغان بارلىق ماتېرىياللار ئومۇمىي ساندىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ ،
لېكىن بۇ ئاجايىپ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ سىرتقى شەكلى ۋە كىرىش سۆز

شەكلى بىر ـ بىرىگە ناھايىتىمۇ ئوخشاش ئىدى. شۇڭا، خىيالىمغا بۇ تارشىلار پەقەت بىرلا ھۆججەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىمىدۇ ياكى دۇئا ۋە بۇددا نومىنىڭ كۆچۈرۈلگەن پارچىسىمىدۇ؟ دېگەن ئوي كىرىۋالدى. كۆپ قىسىم تارشا پۈتۈكلەر ئىنچىكىلىك بىلەن پىچەتلەنگەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە خېلى مول ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ پۈتۈكلەر ئېھتىمال خەت ـ چەك، پۈتۈم ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر تارشا پۈتۈكلەرگە يېزىلغىنى يۇقىرىقىدەك ھۆججەتلەر بولسا، ئۇلارنىڭ قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشقان بولاتتى. بۇنداق پەرەز ناھايىتىمۇ مۇكەممەل بولۇپ، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئىللىق چېدىرغا قايتىپ كېلىپ بىرىنچى قېتىملىق قېزىشقا دائىر تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن، مۇكەممەل ساقلانغان بۇ ئالاھىدە پۈتۈكلەرنى ئالدىراش سېلىشتۇرۇشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. دوترېيۇيل دې رىنسنىڭ تاپقان پارچىلىرى ۋە پەنجىئابتىكى ئابىدىلەرگە ئويۇلغان پۈتۈكلەردىن ئالغان تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا، ئابىدىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىشىمۇ ناھايىتى مۈشكۈل خىزمەت ھېسابلىناتتى. شۇڭا، مەن ئېنىق بولمىغان تىل ۋە مەزمۇندىكى يازما شەكلىدىكى بۇ پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. شۇ كۈنى كېچىسى يوتقانغا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، قەھرىتان سوغۇققا چىدىماي جۇۋىغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ، تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ئىككى مۇھىم تەرىپىنى تېپىپ چىقتىم. ئىككىنچى كۈنى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن 9 گرادۇس بولدى. ئېنىق ئوقۇشقا بولىدىغان تاق ۋە قوشما ھەرپلەرنى ھەمدە قايتا ـ قايتا ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئاھاڭ ئۆزگەرتكۈچى تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇشلۇق خۇسۇسىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ھىندى شېۋىسى ئىكەنلىكىنى، خوتەننىڭ قەدىمىي تەڭگىسىدىكى ئويما يېزىق ۋە دوترېيۇيل دې رىنس تاپقان پارچىلارغا يېزىلغان يەرلىك شېۋە بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردۈم. تارشا پۈتۈكلەرنى يۈزەكى سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ باشلىنىش شەكلى

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولسمۇ ، لېكىن تېكىستىنىڭ مەزمۇن ۋە سيۇژىت جەھەتتە ناھا-
يىتى زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم . ئۈستىگە « خان ئالىي-
لىرىنىڭ پەرمانى » دەپ يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ، شۈبھىسىزكى مەمۇرىي
بۇيرۇقنى يەتكۈزىدىغان ئالاھىدە ھۆججەت ئىدى . ئالدىنقى بىر نەچچە
كۈنلۈك تەتقىقات ۋە باشقا تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن كۆڭلۈمدىكى گۇمان
تارقاپ ، بۇ ئويىما يېزىق شەكلىدىكى پۈتۈكلەر تەرجىمە قىلىنغاندىن كې-
يىن ، ھەممىسى ئوخشاشلا بۇددا جەمئىيىتىدىكى تەقۋادار مۇرىتلار قەدىر-
لەيدىغان بۇددا نومى بولۇپ قالارمۇ ، دەپ ئەنسىرەشتىن خالىي بولدۇم .

گەرچە مەن تارشا پۈتۈكلەردىكى تېكىست مەزمۇنىنىڭ ھەقىقىي
خاراكتېرىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسامۇ ، بۈگۈنكى تەكشۈرۈش-
تىن قارۇشتى يېزىقى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېتىدىكى رايونلاردىن
تارقالغان ، ھىندىستاننىڭ قەدىمكى شىۋىسىمۇ ئاشۇ رايوندىن قەدىمكى
خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەن ، دېگەن توغرا يەكۈننى چىقاردىم . بۇنداق
ئەھۋالنى پەقەت تەسىرى ناھايىتى زور بولغان تارىخىي ۋەقەلەر كەلتۈرۈپ
چىقارغان . ۋەھالەنكى ، بۈگۈن بىز بۇ تارىخىي ۋەقەلەرگە دائىر ھېچقانداق
ئەھۋالنى بىلمەيمىز . ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىش
ئىستىكىدە ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خارابىلىقتا ساقلىنىپ قالغان
تېخىمۇ كۆپ يادىكارلىقلارنى ئىزدەشكە كىرىشتىم .

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ، خارابىلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى
ئۆيىنى تازىلاۋاتقىنىمدا ، ئارزۇيۇمنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بارلىقى ئىس-
پاتلاندى . جەنۇب تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئوڭ تەرەپتىكى بۇلۇڭى بىر ئىشىك
ئارقىلىق بىرىنچى كۈنى قېزىلغان شەرق تەرەپتىكى ئۆيلەر بىلەن تۇتىشى-
دىكەن . ئىشىكتىن كىرگەندىلا ، چوڭ ـ كىچىكلىكى 10 كۋادرات فۇت
كېلىدىغان ، قوبۇلخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئېغىز ئۆي بار بولۇپ ،
ئۆي ئىچىدە ئېگىزلىكى 3 فۇت كېلىدىغان چوڭ بىر سۇپا بار ئىدى . سۇ-
پىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ بولۇپ ، قارىغاندا خىز-
مەتكارلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ياسالغاندەك قىلاتتى . ئۆيلەرنىڭ بۇنداق
سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۆيلەرنىڭ سەرەمجانلاشتۇ-

رولۇشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى . بۇ يەردىن تېپىلغان بىر ئۈچىدا تۈتقۇچى بار تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى بىر پارچە تارشا پۈتۈك ئىلگىرى دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان تارشىلاردەك ھىندىستاننىڭ ئۈستىگە خەت ئويۇلغان تاختايلىرىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى . تاختاينىڭ ئىككى يۈزىدىكى تار قۇرغا تىك قىلىپ يېزىلغىنى شېئىرىي ئەسەر ياكى تىزىملىك بولۇپ ، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى .

جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيلەرگە يېقىن بىر ئېغىز چوڭ ئۆينى ( N . Ⅳ ) تازىلاشقا باشلىغاندا ، ئايرىم تېپىلغان تارشىلارغا دىققەت قىلىپ كەتمىدىم . چۈنكى ، يەر ئۈستىدىكى بىر قەۋەت نېپىز قۇمنى كولاپلا شەكىلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان كۆپلىگەن تارشا پۈتۈكلەرنى بايقىدىم . بۇ ئۆي 26 كۋادرات فۇت چوڭلۇقتا بولۇپ ، ئۈچ تام گەج بىلەن سۇۋالغان سۇپىنى ئوراپ تۇراتتى . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا چاسا شەكىلدە قويۇلغان سەككىز تۈۋرۈكنىڭ قالدۇقى بار بولۇپ ، بۇ تۈۋرۈكلەر ئېھتىمال ئىلگىرى ھاۋانىڭ ئالمىشىشى ۋە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان تورۇسنى تىرەپ تۇرۇشقا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ خىل قۇرۇلۇش شەكلىنى تۈركىستاندىكى چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ خانىلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ . ئۆي ئىچىدىكى قۇم 2 فۇت قېلىنلىقتا بولۇپ ، تام ئۇللىرى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانلىقتىن ، پەقەت سۇنغان تۈۋرۈك قالدۇقلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بىرىنچى قېتىم قېزىۋېلىنغان تارشا پۈتۈكلەرنى قۇملار ئارانلا يېپىپ تۇرغاچقا ، تارشا پۈتۈكلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ، ئۇلارنى كۆمۈپ تۇرغان قۇملارنىڭ كۆپ قىسمىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن . نەتىجىدە ، ياز كۈنلىرىدىكى پېژغىرىم ئاپتاپنىڭ قاقلىشى بىلەن بۇ تارشا پۈتۈكلەر قېيىپ ، يېرىلىپ كەتكەن .

مېنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى ، بۇ ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سۇپىدىن تېپىلغان ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق ئەتكىلى بولىدىغان 60 پارچە تارشا پۈتۈك بولدى . بەزى يەرلەردىكى ، بولۇپمۇ سۇپىنىڭ تامغا يېقىن تەرىپىدىكى باغلاپ قويۇلغان تارشا پۈتۈكلەرنى بەلكىم بۇ يەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاھالىلىرى قويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، باشقا تارشا پۈتۈك-لەرنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ بۇ ئۆي تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇشى ئېنىق . چۈنكى ، سۇپىنىڭ جەنۇب ۋە شەرق تەرىپىدە چېچىلىپ ياتقان 20 پارچە تارشا پۈتۈكتىن باشقا يەنە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن تۆۋرۈكلۈك بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئىككى باغلامدىن ئارتۇقراق تارشا پۈتۈك تاپتىم . تارشا پۈتۈكلەرنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ مەزمۇت توقۇلغان بىر پارچە چاسا شەكىللىك بورا ئۈستىگە قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ بورا چوقۇم ئۆينىڭ تورۇسىغا ئىشلىتىلگەن . بورا ئاستىدا ۋاسلار چېچىلىپ ياتاتتى . بورىنىڭ يەر يۈزىدىن بىر فۇت ئېگىزلىكتە تۇرۇشىدىن تورۇس ئۆرۈلۈپ چۈشۈشتىن ئىلگىرىكى يىغىلىپ قالغان قۇملارنىڭ قېلىنلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ . بورا ئۈستىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ تورۇس ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن شۇ يەرگە قويۇپ قويۇلغانلىقى ئېنىق . ئۇلارنى بەلكىم بۇ تاشلاندۇق ئۆي-دىن نەرسە ـ كېرەك ئىزدەپ كەلگەنلەر ، يەنى ھازىرقى « گۆھەر ئىزدى-گۈچىلەر » تاشلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇلارمۇ خۇددى ئىبراھىمغا ئوخشاش بۇ ئۆينىڭ ئەڭ ئاخىرقى خوجايىنلىرى كېرەكسىز « قەغەز » قا-تارىدا تاشلاپ كەتكەن بۇ قەدىمكى پۈتۈكلەرگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇلار بەختكە يارىشا باشقا بىر ئۆيدىن قېزىپ چىق-قان بىر باغلام تارشا پۈتۈكنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويغانىدى .

مەن بۇ بورا ئاستىدىن كۆپلىگەن تارشا پۈتۈكلەرنى تاپتىم . بورا ياخشى ئاسراپ تۇرغانلىقتىن ، ئۇلار ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى . ئار-قىدىنلا بىز سۇپا ئالدىدىكى ئېلىپىس شەكىلدە ئايلاندۇرۇپ گەجلەنگەن جايغا كەلدۇق . ئۇنىڭ ئايلانمىسىدىن قارىغاندا ، بۇ يەر ئەسلى ئوچاقنىڭ ئورنى بولسا كېرەك . ئەمما ، بۇ نەپىس قۇرۇلمىلاردىن كۆرە ، كىشىنى يە-نىلا ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى ۋە مەپتۇن قىلىدىغىنى ئويما يېزىق شەكلىدىكى تارشا پۈتۈكلەر بولدى . ئۇلارنىڭ شەكلى ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئۆزئارا پەرقلىنەتتى . بۇ جايدىن تۇنجى كۆنى تاپقان شىنا شەكلىدىكى تارشا

پۇتۇكلەرگە ئوخشاش تارشا پۇتۇكلەرنى ئۇچراتتۇق . بىراق ، ئۇلارنىڭ
سانى خەت ئويۇلغان تاختايلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئاز ئىدى . تاختايلار
قۇرۇلما ۋە نىسبەت جەھەتتە زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۇزۇنچاق شەكىلدە بولۇپ ، ھەممىسىدە ئوخشاشلا يۇمىلاق ۋە
بەش بۇرجەكلىك تۇتقۇچ بار ئىدى . ھەر ئىككى يۈزىگە قارۇشتى يېزىقى
ئويۇلغان بولۇپ ، ئۈستىگە خەت ئويۇلغان ھىندىستاننىڭ تاختايلىرىغا
ئوخشاپ كېتەتتى . بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى بىلىۋالغىلى
بولىدۇ .

بەزى تاختايلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 فۇتقا يەتسىمۇ ، لېكىن يەنىلا
سەل تار بولۇپ ، كۆرۈنۈشى ۋە بىر تەرىپىدىكى كىچىك تۆشۈك ماڭا نا-
ھايىتى قەدىمكى دەۋردە ھىندىستاننىڭ قوليازمىلىرى يېزىلغان پالما دەرىخى
يوپۇرمىقىنىڭ شەكلىنى ئەسلەتتى . تاختايدىكى تۆشۈكلەر ئېلىپ يۈرۈش
ۋە ساقلاشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن تېشىلىپ ، پالما دەرىخى يوپۇرمىقى-
دەك « پوتى » شەكىلدە تۇتاشتۇرۇلۇپ باغلانمىغان . بۇ تاختايلارنىڭ
چوڭ ـ كىچىكلىكى پەرقلىنىپلا قالماي ، بەلكى كۆپ قىسمى ( 30 پارچىغا
يېقىن ) نىڭ يېزىلىش شەكلى ناھايىتىمۇ رەتسىز ، بەزى قۇرلارنىڭ ئارى-
سىغا كىچىك قۇرلار قىستۇرۇلغان ، بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان تەرەپكە
قاراپ يېزىلغان ، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاستىغا رەقەم بىلەن بەلگە قويۇلغا-
نىدى . ئوخشاش بولمىغان پۇچۇركا ۋە ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ئىزلارغا قارى-
غاندا ، ئۇلار ھۆججەت ياكى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بايان بولماس-
تىن ، بەلكى ھەممىسى باياناتنامە ، جەدۋەللىك دوكلات ، تالون ۋە باشقا
پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر بولۇشى مۇمكىن .

N . Ⅳ دىن تېپىلغان تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى تاختاي ئىككى
خىل بولۇپ ، بىر خىلى خەتلىرى ناھايىتى رەتلىك يېزىلغان ، نەپىس
ياسالغان ، 4 ~ 16 فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى تاختايلار ئىدى . خەت يېزىلغان
يۈزىنىڭ نەقىشلەنگەندەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىككى تەرىپى ناھايىتى
تېزلا كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلاتتى . تاختايغا ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا
پاراللېل قىلىپ 5 ~ 13 قۇرغىچە خەت يېزىلغان . ئادەتتە خەت باشلىنىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان جايىدا ۋارۇشتى يېزىقىدىكى رەقەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سانسكرىت ياكى پراكرىت (Prakrit) يېزىقىدا «... يىلى» دېگەن مەنىدە خەت يېزىلغان. ئاندىن تېكىستنىڭ بېشىدا يەنە «... ئاينىڭ»، «... كۈنى» دېگەندەك رەقەملەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن قولۇمدىكى تاختايلارنىڭ يىللىرى يېزىلغان ھۆججەت ياكى باشقا خاتىرىلەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزگىچە شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا دائىر ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم.

قېزىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ھەربىر قېزىلمىلارنى تازىلاش، تىزىملاش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، بۇ تاختايلار بىلەن مۇشۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان باشقا تاختايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىشكە ئامالسىز قالدىم. بۇ تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى تاختايلار ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 8 فۇتتىن، كەڭلىكى 5 فۇتتىن ئاشىدىغانلىرى يوق ئىدى. تاختايلارنىڭ ئارقا يۈزى تەكشى بولۇپ، ئادەتتە خەت يېزىلمىغان، ئالدى يۈزىنىڭ تومپىيىپ چىققان مەركىزىدە چاسا ياكى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك ئويۇق بولۇپ، ئۇنىڭ پېچەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى ئېنىق. تاختاينىڭ گىرۋىكىدە بىر قۇر ياكى ئىككى قۇر قارۇشتى يېزىقى بار ئىدى. تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان چوڭ ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىلغان تاختايغا ئاساسلىنىپ، مەن كېيىنچە ئاددىي ۋە توغرا ئىزاھاتقا ئىگە بولدۇم، يەنى ئالاھىدە تامغىسى بار تاختاي ئىلگىرى جىلد ئورنىدا يېزىق ئويۇلغان چوڭ تاختاينىڭ تومپىيىپ چىققان گىرۋىكىگە تاقاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ئالدىنقى ئىككى كۈنلۈك ئەجىرىمگە يېتەرلىك ھوسۇل ئاتا قىلغان خارابىلىقلار ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە ئېنىق ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايتتى. خارابىلىقنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، تېخى بۇزۇلمىغان ھۆججەتلەر مەلۇم يىپ ئۈچى بىلەن تەمىنلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تەرجىمە قىلىپ چىقىش ئۈچۈن نەچچە يىللىق جاپالىق ئەجىر كېتىدۇ. قېزىلىۋاتقان بۇ ئۆيلەر مەيلى ئەسلىدىكى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بول-

سۇن ياكى تالىپلارنىڭ ئۆيى بولسۇن ، بىر نۇقتا ئېنىقكى ، بۇ يەردىن تېـ
پىلغان ھۆججەتلەر پەقەت تەدرىجىي يىغىلىپ ، كېيىنچە بۇ يەر تاشلىۋېـ
تىلگەندىن كېيىن قالدۇرۇپ قويۇلغان .
ئارخېئولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئەھۋال شۇكى ، بۇ يەردىن
تېپىلغان بارلىق ھۆججەتلەر ئارىسىدا ھەقىقىي قەغەزگە يېزىلغانلىرىدىن
بىرسىمۇ يوق . باشقا ئۆيلەردىن كولاپ چىقىلغان ئەخلەتلەر ئارىسىدىمۇ
قـەغەزنىڭ ئاززاق ئىزناسى يوق . شۇڭا ، شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىـ
دۇكى ، مەيلى ياغاچتىن كۆپ قولايلىق بولغان يېزىق ماتېرىياللىرىنىڭ
جۇڭگودىكى تارىخىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مەن
تـاپقان تاختايلار كۆرسەتكەن دەۋردە قەغەز تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كەلـ
مىگەن . تاختاينى يېزىق ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلىتىشنى ھىندىستاننىڭ قەـ
دىمىي ھۆججەتلىرىدە ، بولۇپمۇ بۇددا دىنى نوملىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ .
بـۇنى چۈشىنىشمۇ ناھايىتى ئاسان . چۈنكى ، شىنجاڭدا ھىندىستانلىقلار
قـەدىمدە ئىشلەتكەن پالما دەرىخى يوپۇرمىقى ۋە قېيىن قوۋزىقى قاتارلىق
يېزىق ماتېرىياللىرى بولمىغاچقا ، ئومۇمەن تاختاينى يېزىق ماتېرىيالى سۈـ
پـىتىدە ئىشلەتكەن . يىراقتىكى قەدىمكى خوتەن رايونىنىڭ شەرقىي چېگـ
رىسىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن خارابىلىقتىن بىرىنچى تۇركۈمدىكى ئۈستىگە
ھىـندى يېزىقى يېزىلغان تاختايلارنىڭ ئۈلگىسىگە ئېرىشكىنىمدە ، ناھايىـ
تىمۇ ھەيران قالدىم ۋە ھاياجانلاندىم .
شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كۈن يېنىك شەرق شامىلى چىقىپ تۇردى .
شامال كۈچى ئانچە زور بولمىسىمۇ ، قەھرىتان سوغۇق كىشىنى مۇزلىتاتـ
تى . شامال قۇملارنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ ، ئەسلى تەرتىپى بو-
يىچە تىزىپ قويۇلغان قەدىمكى تاختايلارنى يەلپۈپ ئۆتكەندە ، توڭلاپ
قېتىپ قالاي دەپ قالغان قولۇم بىلەن يۇمشاقراق تاختاينىڭ ئۈستىگە قېـ
رىنداش بىلەن يازغان ، ئۇلارنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان خەتلەرنى
ئۆچۈرۈۋېتىشكە تاسلا قالاتتى . شامال ئۆزىنىڭ مۇنداق چىرىتىش كۈچىنى
كۆرسەتمىسىمۇ ، خارابىلاشقان ئىمارەتلەرنىڭ چىرىش دەرىجىسىگە قاراپ
مەن ئۇنى ھېس قىلالايتتىم . بۇ يەردىكى ئىمارەتلەر جايلاشقان كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆڭلەر ئەتراپىدىكى يەر يۈزىدىن 12 ~ 15 فۇت ئېگىز ئىدى. بۇنىڭدىن ئەتراپنىڭ شامالدا يېمىرىلىپ تەدرىجىي پەسلەپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق پەرەز قىلغىلى بولاتتى. ئىمارەتلەر ئورۇنلاشقان يەر ئەسلىدىكى ئۆزىنىڭ تەكشى يۈزىنى ساقلاپ قالغان. ھالبۇكى، ئەتراپتىكى كەڭرى كەتكەن تۆپىلىك يەرلەر شامالنىڭ يېمىرىشى بىلەن بارا ـ بارا پەسلەپ كەتكەن. ئېقىپ كەلگەن قۇملار ئىلگىرى نىيە دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بۇ يەرلەردىكى ئويمانلارنى تولۇق تىندۇرۇپ كېتەلمىگەن ياكى خارابىلىقلارنى قوغداپ قالالمىغان. كۆپلىگەن يەرلەردە 15 ~ 30 فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى كەڭرى كەتكەن يارلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئاشۇ قاقاس سېرىق توپىلىق زېمىندا، شامال ئۆزىنىڭ يېمىرىش كۈچىنى خالىغانچە كۆرسىتەلەيدۇ. قەدىمكى ئىمارەتلەر يەنىلا ساقلىنىپ قالغان يەر بارا ـ بارا سۇ يالاپ كەتكەندەك يېرىلىپ كەتكەن ۋە ئاستى كاۋاك بولۇپ قالغان. دۆڭنىڭ يانباغرىدا ياتقان توم ياغاچ پارچىسى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئەسلىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۆينىڭ ئاستىدىكى توپىنىڭ شامالدا يېمىرىلىپ كېتىشىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. چېدىرىمغا يېقىن بىر نەچچە يەردىن بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ يادنامىسى بولغان چوڭ لىم ۋە تۈۋرۈكنىڭ پارچىلىرىنى تاپتىم. ياغاچلار ئاپتاپتا تۇرىۋېرىپ ناھايىتى چۈرۈكلىشىپ سۇنۇپ كەتكەچكە شامال ئاسانلا ئۇچۇرۇپ، پەقەتلا تۆمۈر قازاننىڭ سۇنۇقلىرى، تاشلار ۋە مېتاللارنىڭ پارچە ـ پۇراتلىرى ئەسلى جايىدا قېپقالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە قەدىمكى ئاھالىلەر رايونى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# قەدىمكى ئۆيلەرنى قېزىش

قۇم ـ بورانلارنىڭ خارابىلىقلارنى يىمىرىش تەھدىتىنى بىر قاتار قەدىمكى ئۆيلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ قەدىمكى ئۆيلەر مەن بىرىنچى قېتىم قېزىش ئېلىپ بارغان خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمالىدىن يېرىم مىل يىراقلىقتا بولۇپ، مەن كېيىنكى قېتىم تەكشۈرمەكچى بولغان جاي ئىدى. بۇ يەردىكى 500 كۋادرات فۇت كېلىدىغان يەر يۈزىدە قەدىمكى ئۆيلەرگە ئىشلىتىلگەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ پارچىلىرى يىغىلىپ قالغانىدى. لېكىن، قۇم دۆۋىلىرى ئاران بىر نەچچە فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئەتراپتىكى يەر يۈزى شامالنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىشىگە ئۇچرىغان، تاملارنىڭ قالدۇقلىرى ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. مەن ئۆيلەرنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، بىر ئاز ياخشى ساقلانغان بىر ئايرىم خانىدىن ئۇستىگە خەت يېزىلغان تاختاينى تاپتىم. بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە يېرىم فۇتتىن بىر فۇتقىچە قېلىنلىقتا قۇم بار ئىدى. بۇنچىلىك قېلىنلىقتىكى قۇم كىلىماتنىڭ تەسىرىنى توسۇپ قالالمايتتى. شۇڭا، بىز بۇ يەردىن تاپقان 50 پارچە تاختاينىڭ كۆپ قىسمى چىرىپ، رەڭگى ئۆڭۈپ، ئۈستىدىكى خەتلەرمۇ تامامەن ئۆچۈپ كەتكەنىدى. ئاز قىسمى گەرچە چىرىپ ئېگىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۈستىدىكى قارۇشتى يېزىقىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، قۇرلىرى تار بولسىمۇ خەتلىرى خېلى ئېنىق ئىدى. تاختايغا يېزىلغان خەتلەر تىزىملىككە ياكى تالونغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىشخانىدا ساقلىنىدىغان خاتىرە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. خەتنى كۆچۈرۈشكە كەتكەن ئەمگەكنىڭ مىقدا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رنى تاختاينىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا قاراپ بىلگىلى بولاتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى رەڭگى پۈتۈنلەي ئۆڭۈپ كەتكەن بىر پارچە تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.6 فۇت ، كەڭلىكى 4.5 فۇت كېلەتتى .

خارابىلىكلەر ئىچىدىكى قۇم قاتلىمى نېپىز بولغاچقا ، ئىككى كۈندە خېلى كۆپ تاشلىۋېتىلگەن خانىلەرنى تازىلاپ چىقتىم . گەرچە بۇ ئۆيلەرنىڭ قورۇلمىسى ناھايىتى بۇرۇن ۋەيران بولۇپ كېتىپ ، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچ نەرسە تېپىلمىغان بولسىمۇ ، ئۆي ۋە قوتاننىڭ ھەقىقىي ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىلىۋالدىم . ئېيتىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى ، غەرب تەرەپتىكى ئاددىيغىنا بىر قورونىڭ سىرتىدىكى ئۆيدىن بىر مۇزخانىنى بايقىدۇق . ئىشلەمچىلەر بۇ كىچىك ئۆيدە شاخلىرى پۈتالمايلا پارالىل قويۇلغان ئىككى تال توغراق غولىنى كۆرۈپتۇ . كېرىيىلىك يول باشلىغۇچى ئابدۇرەھىم دەرھاللا بىز بىر مۇزخانىنى تاپتۇق ، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى . بېرىپ قارىسام ، خوددى ھازىرقى مۇزخانىلارغا ئوخشاش توغراق غولى مۇزنىڭ يەرگە تېگىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قويۇلغانىكەن . ئارقىدىن بىز توغراق غولىنىڭ ئارىسىدىكى 2 فۇت كېلىدىغان بوشلۇقتىن قېلىن بىر قەۋەت ئاق تېرەك يوپۇرمىقىنى كولاپ چىقتۇق . ئابدۇرەھىمنىڭ ھۆكۈمىتى توغرا بولۇپ ، تا ھازىرغىچە بىر قىسىم باي دېھقانلار مۇشۇنداق بىر قەۋەت يوپۇرماق بىلەن ياز پەسلىدە مۇز ساقلايدىكەن .

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ، مەن قۇملۇقنى چارلاشقا ئەۋەتكەن دورغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى . ئۇ غەربكە قاراپ ئۈچ كۈن ماڭسا قۇملۇقتىن ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ، قۇملۇقتا بوك ـ باراقسان ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە قومۇشلار بولغاچقا ، يېقىلغۇ مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كەپتۇ . ئىبراھىمئاخۇن ئېيتقاندەك ، بىز ئۇ يەردىن ئۆتكۈچە 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى قار پۈتۈنلەي ئېرىپ كەتسىمۇ ، بىز يەنىلا كېرىيە دەرياسىغا تۇتىشىدىغان ئاشۇ يېقىن يول بىلەن مېڭىشىمىز كېرەك ئىدى . 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا يەنىلا فارېنگېيت 4 گرادۇس بولسىمۇ ، چۈشتە سالقىن جايلارنىڭ تېمپېراتۇر-

سىمۇ فارېنگېيت 42 گرادوستىن ئېشىپ كەتتى . مەن ھازىر سوغۇق ھاۋاغا
ماسلىشىپ كەتتىم ھەمدە فارېنگېيت 26 گرادوستىكى ھاۋانىڭ يېزىقچىلىققا
ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . شۇ كۈنى تەكشۈرمەكچى
بولغان بىر نەچچە خارابىلىققا كېتىۋاتقىنىمدا ، ھاۋانىڭ خېلىلا ئىسسىپ
كـەتكەنلىكىنى سەزدىم . 3 ـ ئايدىن كېيىن قۇملۇقتىكى تۇرمۇشنىڭ ناھا-
يـىتىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، خىزمەت سۈرئىتىمنى
تېزلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم .

ئەمـدى تـەكشۈرمەكچى بولغان نىشان بىز دەسلەپتە كەلگەندە بې-
سىپ ئۆتكەن ئىككى چوڭ قورۇ خارابىسى بولۇپ ، بۇددا مۇنارىدىن 2 مىل
يىراقلىقتا ئىدى . بۇ خارابىلىق دۆڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئايرىم بىر سې-
رىـق توپىلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى توپىلار
شـامالدا يىمىرىلىپ كەتكەچكە ، بۇ ئىككى خارابە كۆزگە ناھايىتى روشەن
چېلىقىپ تۇراتتى . قاتارىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يوغان توغراقلارغا
قاراپ ، بۇرۇنقى مېۋىلىك باغ ۋە دەرەخلىق يولنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەن-
لىكىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى . شەرق تەرەپتىكى قورۇنىڭ چوڭ ـ كى-
چىكلىكى ۋە ئۆيلەرنىڭ سانىغا قاراپ ، ئۇنىڭ ئەينى چاغدا خېلى ئورنى ۋە
مەرتىۋىسى بار بىرسىنىڭ قورۇسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم . ئىلگىرى
تـەكشۈرگەن خارابىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ، بۇ ئۆيلەر خېلىلا قېلىن قۇم
بىلەن كۆمۈلگەچكە ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىكەن . ئۇنى كولاش ئۈچۈن
ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىدىن بىر تۈركۈم ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىش-
لـەمچىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولساممۇ ، يەنىلا تۆت كۈن ۋاقىت كەتتى .
بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشكە كەلگەندە ، بۇ خارابىلىقنىڭ دائىرىسىنىڭ
چـوڭلۇقىنى ۋە مۇھىملىقىنى بىلگەچكە ، بۇ بىر تۈركۈم ئىشلەمچىلەرنى
ئالدىراشلا يىغىپ كەلگەنىدىم .

بۇ ئىمارەتنىڭ كىشىنى ئەڭ جەلب قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇ-
كـى ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ( ئېھتىمال ئىلگىرى مېھمانخانا بولسا
كـېرەك ) ، 40 × 26 فۇت كېلىدىغان چوڭ بىر خانە ئىدى . ئۆينىڭ تو-
رۇسـىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۆت تال توم لىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 فۇتتىن

www.uyghurkitap.com

ئاشاتتى . ئوتتۇرىدىكى ئىككى لىمنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان ئېسىل ياغاچتىن ياسالغان هاراقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 فۇت ، قېلىنلىقى 10 ديۇيم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆپۈپ تۇرىدىغان سىزىق بار ئىدى . لىم ئاستىدىكى تەرەكنى تىرەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك ئۆرۈلۈپ چۈشكەچكە ، لىملار ئۆي ئىچىگە بېسىپ كىرگەن قېلىن قۇم ئۈستىدە ياتاتتى . ئۆينى تازىلاۋاتقىنىمىزدا ، تامنى زىننەتلەش ئۈچۈن ناهايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقىنى كۆردۇق . رەسىملەر ئاپئاق تامغا قېنىق قىزىل ۋە قارا رەڭلەر بىلەن سىزىلغان بولۇپ ، ئۈستى تەرىپىگە يامىشىپ ئۆسكەن نىلۇپەر ، ئوتتۇرىسىغا قىرىق قۇلاق تىپىدىكى ئۆسۈملۈكنىڭ ئاق يوپۇرمىقى ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان نىلۇپەر چۈشۈرۈلگەنىدى .

بۇ ئۆيدىن تېپىلغان قەدىمكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىزناسى بولغان يەنە بىر خاتىرە بۇيۇم ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گەجدە خالانغان سۇپا ئۈستىدىن تېپىلغان كۈل بولۇپ ، ئۇنىڭ مېهمان كەلگەندە ئىشلىتىلىدىغان ئوچاقنىڭ كۈلى ئىكەنلىكىدە شەك يوق .

ئۆيدىكى باشقا نەرسىلەرنى ئۆي ئىگىسى ۋە باشقىلار ئېلىپ كەتكەچكە ، ئەسلىدە بار بولغان نەرسىلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . لېكىن ، بۇ ئۆيگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان شىمال تەرەپتىكى كىچىكرەك بىر ئۆيدىن ئاشۇ قەدىمي دەۋرنىڭ قول هۈنەرۋەنچىلىك ۋە گۈزەل سەنئەت سەۋىيەسىنى نامايان قىلىدىغان بىر قاتار قىزىقارلىق بۇيۇملارنى بايقىدۇق . ئۇلارنىڭ ئىچىدە توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ئائىت ئۈلگىلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئەدىيال ۋە هازىر يېزىلاردا ئىشلىتىدىغان خامغا ئوخشايدىغان ، پاختا رەختتىن توقۇلغان كىيىملەرنىڭ پارچىلىرىدىن باشقا ، يەنە هىندىستاننىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرىغا ئوخشاش ئۈستىگە كۆركەم گېئومېترىيىلىك شەكىلدىكى نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن ، رەڭلىرى ماسلاشقان ، نەپىس ئىشلەنگەن گىلەم پارچىسىنى تاپتۇق . ئۈستىدىكى قۇمنى چوتكىلىۋەتسەكلا ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى قېنىق رەڭگى نامايان بولدى . مەن « دەسلەپكى دوكلاتىم » دىكى قىستۇرما رەسىملەر ئارىسىغا كىرگۈزگەن بۇ گىلەم پارچىسىنىڭ

رەڭـلىك سىۇرىتى ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى قول سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالـىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بىر ھاسىنىڭ پىل چىشىدىن ياسالغان سىپىدىكى نەقىش قەدىمكى ئۇستىلارنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

دالان ۋە ئىلگىرى ئېھتىمال ئاشخانا قىلىپ ئىشلىتىلگەن ئۆيدىكى ئەخلەتلەر ئارىسىدىن ئۇستىگە قارۇشتى يېزىقى يېزىلغان شىنا ۋە ۋېۋىسكا شەكلىدىكى كۆپلىگەن تاختايلارنى تاپتۇق . ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۆي-لەرگە ئوخشاش ، ئاشخانىدا ئىدىش ۋە قاچا ـ قۇچىلارنى قويىدىغان سۇپا ھەم بىر تەڭنە بار ئىدى . كىشىنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغىنى ، قـازناقتىن تېپىلغان يۇلغۇندىن ياسالغان ئوقيا ئىدى . ئۇ ناھايىتى مۇكەم-مەل ساقلانغان بولۇپ ، ھېلىھەم ئىشلەتكىلى بولاتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ناھايىتى نەپىس ياسالغان ، سۇنۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇزۇنلۇقى يەنىلا 6 فۇت كېلىدىغان نەيزە سېپىنى ، چوڭلۇقى 3 فۇت 6 دىيۇيم كېلىدىغان قالقان پارچىسىنى ، موكا ۋە باشقا ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك ساي-مـانلارنى تاپتىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغانىدى . يۇقىرىقىلار-نىڭ ئارىسىدا يەنە ئالما دەرىخىدىن ناھايىتى ئەپچىل قىلىپ ياسالغان بىر ھاسىمۇ بار ئىدى .

بـۇ ئۆيدىن تېپىلغان زىننەتلەنگەن بارلىق بۇيۇملارنى ئويمىچىلىق سەنئىتى جەھەتتە قەدىمكى بىر ئورۇندۇقتا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى . ئۇ-نىڭ پارچىلىرى دالان ئۆيدە چېچىلىپ ياتقان بولسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى ئاسانلا قۇراشتۇرغىلى بولاتتى . كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شـۇكى ، ئاسىراپ تۇرىدىغان قۇم ناھايىتى ئاز بولغاچقا ئورۇندۇق تەدرى-جىي چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ نەپىس ئويۇلغان نەقىشلىرى ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى . ئۇنىڭدىكى ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ ئا-ساسىي گەۋدىسى بىز يۈسۈفزاي ۋە سۋات ( Swat ) بۇددا ئىبادەتخانىلى-رىدا ئۇچراتقان قاپارتما ئويمىلاردىكى قەدىمكى گانداخارا سەنئىتىگە بەكمۇ ئوخـشىشىپ كېتەتتى . شۇ چاغدا مەن بۇ سەنئەت شەكلى كۆرسەتكەن دەۋر بىلەن قارۇشتى يېزىقى يېزىلغان تارشا پۈتۈكلەر كۆرسەتكەن دەۋر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ناھايىتىمۇ يېقىن كېلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم . ئورۇندۇق قۇراش-
تۇرۇلۇۋاتقاندا ، ئۇنىڭ بەدىئىي قىياپىتى ئەتراپتىكى ھەممەيلەننى ھەيران
قالدۇردى .

ئۇزۇنلۇقى 100 فۇت ، كەڭلىكى 80 فۇت كېلىدىغان بۇ قورۇ بىزگە
ئۆي ئىگىسىنىڭ باي ، شۇنداقلا ھوقۇقى ۋە تەسىر كۈچى بار ئادەم ئىكەن-
لىكىنى نامايان قىلدى . شۇڭا ، ئىشلەمچىلەر بۇ يەرنى « يامۇل» دەپ ئا-
تاشتى . گەرچە ئۇلار بۇ يەردىن ئۆزلىرى ئويلىغاندەك تاقا شەكىللىك
كۈمۈش تاپالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇمدىن جۇڭ-
گونىڭ قەدىمكى مىس تەڭگىلىرىنى تېپىۋالدى . بۇ مىس تەڭگىلەر ۋە بۇ
خارابىدىن كېيىن تېپىلغان تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسى شەرقىي خەن سۇلا-
لىسى دەۋرىدە تارقىتىلغان ۋە ئوبوروت قىلىنغان بولۇپ ، تارشا پۈتۈكلەر-
نىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ
بەردى .

يەنە بىر چوڭ قورۇ ( N. VI ) نى تازىلاۋاتقىنىمىزدىمۇ ئوخشاشلا
ئاجايىپ نەتىجىلەرگە ئىگە بولدۇق . قورۇ بۇ يەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن
300 يارد يىراقلىقتىكى جايغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن 2 ــ
ئاينىڭ 4 ــ ، 5 ــ كۈنى ئىككى كۈن كەتتى . بۇ قورۇ ماڭا ھازىرقى خو-
تەندىكى ئىلگىرى مەن تەكشۈرۈپ كۆرگەن ئالىي دەرىجىلىك قورۇلارنىڭ
ياسىلىش ئۇسلۇبىنى ئەسلەتتى . ئىشخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئېغىز
ئۆيدىن ئۈستىگە پەرمان ۋە باياناتنامە يېزىلغان ناھايىتى كۆپ تاختاي ،
ئۆي ئىگىسى ئىشلەتمەي تاشلاپ كەتكەن بىر نەچچە پارچە خەت يېزىل-
مىغان قۇرۇق تاختاي ، يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان قەلەم ، ھازىر جۇڭ-
گودا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ چوكا ، يۇلغۇن ۋە يېكەندىن توقۇلغان تۆشەك
ھەمدە ئاسما كارۋات قاتارلىقلارنى تاپتۇق . قورۇنى توغرىسىغا كېسىپ
ئۆتىدىغان تار ھەم ئۇزۇن يولدا ناھايىتى ياخشى ساقلانغان ئالتە تارلىق
چالغۇ ئەسۋابنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئۇچراتتىم . ئۇ ھازىرقى تۈركىستاندا
كەڭرى تارقالغان « راۋاب » قا ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى . شۇ يەردە
يەنە بىر نەچچە تال كونا تارا ۋە گىلەم توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆپلىگەن

ماتېرىياللارنىڭ ئۆلگىسىنىمۇ ئۇچراتتىم.

بۇ يەردىن تېپىلغان كونا يادنامىلەر ئىچىدە كىشىنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى، ناھايىتى نەپىس نەقىشلەنگەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق بولۇپ، بىز ئۇنى شۇ يەردىلا قۇراشتۇردۇق. ئورۇندۇقنىڭ پۇتى شىرنىڭ ئۆرە تۇرغان شەكلىدە نەقىشلەنگەن بولۇپ، ھىندىستان ئويمىلىرىدىكى شىرنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى بىر قىسىم قىزىل ۋە قارا رەڭلىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغانىدى. ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشى ۋە مەيدىسى ئادەمگە ئوخشايدىغان، بېلىنىڭ تۆۋىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا قۇشقا ئوخشايدىغان، پۇتى ئاتنىڭكىگە ئوخشايدىغان، تۇياقلىرى ناھايىتى كۈچلۈك بىر جۈپ غەلىتە ئەركەك — چىشى مەخلۇقنىڭ شەكلى نەقىشلەنگەن. يۆلەنچۈكنىڭ ئەسلىدىكى بېغىر رەڭگى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە غەلىتە مەخلۇقنىڭ پەيى ۋە تۈيىقىنى ئىپادىلەيدىغان قارا ھەم قېنىق كۆك رەڭنىڭ ئىزى بار ئىدى. بۇ بىر جۈپ غەلىتە مەخلۇق ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى كىمنارا( Kimnaras ) نىڭ ئېيتىمىدۇ ياكى تېخىمۇ يىراق بولغان گىرېتسىيىدىكى يېرىم ئادەم يېرىم شىر شەكلىدىكى غەلىتە مەخلۇقمىدۇ؟

بۇ خارابىنىڭ ئاجايىپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشقان مېۋىلىك باغنىڭ ئورنىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قۇم ئۈستىدىن 8 ~ 10 فۇت ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن غوللىرى كۋادرات ۋە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك دەرەخلىق يولنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇنداق مەنزىرىنى قەشقەردىن كېرىيىگىچە بولغان بوستانلىقلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دەرەخلەر مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ تىكىلگەنىدى. باغنى ئوراپ تۇرغان، يېكەندىن ياسالغان چىتلاقنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانىدى. مەن پاراللېل قىلىپ ياسالغان ئىككى چىتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقىنىمدا، خۇددى بۇنىڭدىن 1600 يىل بۇرۇنقى يېزا يوللىرىدا كېتىۋاتقاندەك ۋاقىت كۆز قارىشىنى يوقاتقان غەلىتە بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ساپال پار-

www.uyghurkitap.com

چىسى ، ياغاچ كۆمۈر ۋە بۇ يەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاھالىلىرى دەسسەپ
ئۆتكەن ، چىرىپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى شامالدا چىتلاقنىڭ ئوتـ
تۇرىسىدىكى يول يۈزىگە چىقىپ قالغانىدى . چىتلاقنىڭ ئاستىنى ئاختۇـ
رۇۋاتقىنىمدا ، مەن ھېلىقى قەدىمىي ھاسا بىلەن تىرەك ۋە مېۋىلىك دەـ
رەخلەرنىڭ غازاڭلىرىنى ئۆرۈپ كۆردۈم . غازاڭلار ئېھتىمال يېقىن ئەـ
تراپتىكى قاتار كەتكەن دەرەخلەردىن چۈشكەن بولسا كېرەك . ئىشلەمـ
چىلەر بۇ قەدىمىي باغنىڭ چىرىپ كەتكەن ئىزنالىرىغا قاراپ ، خۇددى
ئۆزىنىڭ بېغىدىكى مېۋىلەرنى پىششىق بىلگەندەكلا ئۇلارنىڭ شاپتۇل ،
ئامۇت ، ئۆرۈك ، ئۈژمە دەرەخلىرى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا پەرق ئەتتى .

بۇ كۆنلەردە مەن قەدىمدىن قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىـ
لەن بولۇپ كېتىپ ، ئەتراپىمدىكى تۇرمۇش ئىشلىرىغا سەل قارىغانىدىم .
قەشقەردىن بىللە ئېلىپ كەلگەن سادىق ھەمراھىم بەزى كۆتۈلمىگەن ۋەـ
قەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئىشلەمچىلەرنىڭ روھىي
ھالىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىراغا
دىققەت قىلىشىمنى سەمىمگە سېلىپ قويىدى . ھازىر ئەسلىسەم ئۇ ئىشلارـ
نىڭ خېلى قىزىقارلىق تەرەپلىرى بولسىمۇ ، لېكىن شۇ چاغدا مەن ناھاـ
يىتى نارازى بولغانىكەنمەن . دەسلەپتە تەرجىمانىم نىيازئاخۇن ئىش تىردـ
غانىدى . مەن قۇملۇقتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئۇنىڭ ھېچقانداق روـ
لىنىڭ يوقلۇقىنى ھەم ئۇنىڭ بۇ جاپالارغا چىدىيالمايدىغانلىقىنى بىلگەچـ
كە ، ئۇنى ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ يېنىدىكى پادىچى نۇرۇللانىڭ
ئۆيىدە ئات ـ ئۇلاغلىرىمغا قارىغاچ ، قايتىپ كېلىشىمنى كۈتۈشكە قالدۇـ
رۇپ قويغانىدىم . ئۇ يەردە كىشىنى بىزار قىلىدىغان بۇ ھەمراھىم بىلەن
قىمار ئوينايدىغان ۋە ئۇرۇشىدىغان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن ، ئۇنى ھېچـ
قانداق يامان ئىش قىلماس دەپ ئويلاپتىكەنمەن . ئەپسۇسكى ، مۇز توـ
شۇيدىغان كىشى ماڭا بىر سەت خەۋەرنى يەتكۈزدى ، مەسچىتتىن يارـ
دەمگە ئەۋەتىلگەنلەرمۇ شۇ خەۋەرنى ئېلىپ كېلىشتى . شۇنىڭ بىلەن مەن
نىيازئاخۇننىڭ پەس مىجەزىگە سەل قارىغانلىقىمغا ئىشەندىم .

ئىشنىڭ باشلىنىش جەريانى مۇنداق ئىدى : مەسچىتنىڭ لاۋازىمى

ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئامالىنىڭ بارىچە ھازىرلاپ بەر-
گەچكە، بۇنداق باياشات تۇرمۇش شارائىتى ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسىنى
قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلچە ھېيىقماستىن ئىمام جەئفىرى سادىق
مازىرى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئاياللارغا شەھۋەتپەرەسلىك قىلىپ، بۇ
يەردىكى مېھماندوست، ئەخلاق قارىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان خەلق-
نىڭ قوبۇل قىلىش چېكىدىن ھالقىپ كەتكەن. نەتىجىدە، ئۇلار يىراق
قۇملۇقتىكى ماڭا خەۋەر بېرىپ، بۇ ئۇلۇغ تۇپراقتىكى ئاھالىلەرنى تەرجى-
مانىم تېرىغان بالا - قازادىن بالدۇرراق قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ.
ئۇلارنىڭ شىكايىتىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە مەندە تولۇق ئاساس بار
ئىدى. شۇڭا، نىيازئاخۇننى يېنىمغا ئەكىلىۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارە
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە ئۇنىڭ ئات - ئۇلاغلارغا قاراش ۋەزىپىسىنى
باشقا بىرسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، دەرھال بارگاھقا قايتىپ كېلىش توغ-
رۇلۇق كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردۈم.

نىيازئاخۇن ئۆزىنىڭ مازاردىكى كەيىپ - ساپالىق پەسكەش تۇر-
مۇشىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىنى ياش تۆگىچى ھەسەنئاخۇندىن كۆر-
گەچكە، ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەنىكەن. شۇڭا، ھەسەن-
نىڭ مەن چىقارغان «خارابىلىقتىن تېپىۋالغان ھەر قانداق نەرسىنى ماڭا
دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭغا مەندىن تېگىشلىك ھەق ئېلىشى كېرەك» دېگەن
پىرىنسىپىمغا خىلاپلىق قىلىپ، خارابىلىقنىڭ يېنىدىن تېپىۋالغان بىر ئال-
تۇن ئۈزۈكنى تىقىۋالغانلىقىنى ماڭا چېقىپ قويدى. ھەسەنئاخۇن مۇز
پارچىلىرىنى يۆتكەپ كەلگەندە، رازىمەنلىك بىلەن سىرىق مىستىن ياسال-
غان ئۈزۈكنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىپ، مەندىن تېگىشلىك ھەق ئالدى.
لېكىن، بۇ ئىش نىيازئاخۇن بىلەن باشقا مۇسۇلمان ھەمراھلىرىم ئوتتۇ-
رۇسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. شۇ كۈنى كەچ-
قۇرۇن ئۇ چېدىرىغا قايتىۋاتقاندا، ياش تۆگىچى ھەسەنئاخۇن ئۇنى ئۇ-
رۇپتۇ. ئەگەر مەن تەرجىمانىم نىيازئاخۇننى بېسىقتۇرالىغان بولسام، بۇ-
ماجىرا خوراس بىرۇندىسى (Horace Brundisium) غا ساياھەتكە بار-
غىنىمدا تەسۋىرلىگەن باشقا بىر كەسكىن جەڭدەك ئويۇن - تاماشا

www.uyghurkitap.com

بولاتتى . لېكىن ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇش ۋە ھاقارەتلىنىش
ئۇنى يېرىم ساراڭ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغاچقا ، قولۇمدىكى قەدىمكى ھاسا
بىلەن ئۇلارنى كەسكىن ئاجراتقىنىمدا ، ئۇ پىچىقىنى چىقىرىپ تىراگېدىيە
تۈسىنى ئالغان قىساس ئېلىشقا تەييارلاندى . رام سىڭنىڭ ياردىمىدە
ئۇلارنى ئەمدى ئاجرىتىپ تۇرۇشۇمغا ، ئاشپەز سادىقئاخۇن ئۆزى بەكمۇ
ماختىنىدىغان ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئورگىنىنىڭ
« پوچتىكەش » دېگەن خېتى ئويۇلغان خەنجىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئېتىلىپ
كەلدى . نەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۇ نەشە چېكىپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان-
دەك كۆرۈنگەچكە ھەمدە قىش پەسلىدىكى جاپالىق ۋە زېرىكىشلىك دالا
تۇرمۇشى ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى تېخىمۇ نورماللىسىزلاشتۇرۇۋەتكەچكە ،
ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ ھەممىنى قالايمىقان چاپىدىغان بولدى ، دەپ ئويلىغا-
نىدىم . بەختكە يارىشا ئۇنىڭ نىيرۇسى تېخى جايىدا بولغاچقا ، باشقا چا-
تاق تېرىمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ھەم ئىسلام دىنى
ئۈچۈن نىيازدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلغانىكەن . بىزنىڭ ھاي
بېرىشىمىز بىلەن ئۇ خەنجىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى .

يەنە شۇنداق جېدەلنىڭ چىقماسلىقى ئۈچۈن ، نىياز باشقا مۇسۇل-
مان ھەمراھلىرىمىزدىن ئايرىم تۇرۇشى كېرەك ئىدى . ھىندىستانلىق
ھەمراھىم رام سىڭ ۋە جاسۇانت سىڭ قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىر چې-
دىردا تۇرۇپ ، ئۇنى نازارەت قىلىشقا ماقۇل بولدى . ھەسەنئاخۇن سەۋەب-
سىز جېدەل تېرىغاچقا قامچىلاش جازاسى بېرىلىپ ، ئىككىنچى كۈنى مۇشۇ
خىل جازالارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ كەلگەن كېرىيىلىك
ئىبراھىم دورغا جازانى ئىجرا قىلدى . بۇ جازا ھەسەنئاخۇنغا ناھايىتى
ياخشى ئىبرەت بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، سادىقئاخۇننىڭ ئۆزىنىڭ غال-
جىرانە قىلمىشىغا بولغان روھىي چۈشكۈنلۈكى ۋە مېنىڭ ئەيىبلىشىمدىن
ئەنسىرەپ پەيدا بولغان يوشۇرۇن قارشىلىق ھالىتى مېنى بىئارام قىلاتتى .
ئۇ نەچچە قېتىم ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ،
رەت قىلىۋەتتىم . چۈنكى ، ئۇنىمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا پۈتۈن
مۇساپە ئۈچۈن ياللىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار ئۇنىڭدەك ياۋروپا تا-

ئاملىرىنى قاملاشتۇرۇپ ئېتەلمەيتتى . ئۇ باشقىلارغا كەچتە قېچىپ كېتى-
مەن ، دەپتۇ . ئەمما ، يولدىن ئېزىپ قېلىشىدىن قورققاچقا ھەم مېنىڭ ئۇنى
كېرىيە ۋە خوتەندىكى ئامبال يامۇلىغا مەن شۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە سو-
لىتىپ قويالايدىغانلىقىمنى بىلگەچكە ، باشقا ھەرىكەت قىلالمىدى . مەن
ئۇنى ئاخىر قەشقەرغىچە ساق ــ سالامەت باشقۇرۇپ كېلىۋالغانلىقىمدىن
مەمنۇن بولدۇم . ئاۋات بازار تۇرمۇشىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ
بارلىق يىغقان پۇللىرىنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ئۈچۈن خەجلىدى . ئۇ
شۇ قېتىملىق ماجىرانىڭ سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ تۇغما سەپرالىقىدىن كۆر-
مەي ، ھەممىسىنى جىن ــ ئالۋاستىلاردىن كۆرۈپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە بەشىنچى باب

# قەدىمكى ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قېزىلمىلاردىن شۇنى بىلدىمكى ، بۇ خارابىلىقتا جايلاشقان قەدىمكى ئۆيلەردىكى بارلىق قىممىتى بار نەرسىلەرنى ئۆي خوجايىنلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئېلىپ كەتكەن . روشەنكى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقالمىلارنى تېپىش ئۈمىدىم مۇشۇ يەردە قالغان ئەخلەت قالدۇقلىرىغا باغلىق بولۇپ قالدى . بۇ خىيالىم چېدىرنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىقنى تەكشۈرۈش داۋامىدا تولۇق ئىسپاتلاندى . شۇ چاغدا ، مەن جەنۇبتىن شىمالغا 3.5 مىل ، شەرقتىن غەربكە 2 مىلدىن ئارتۇقراق سوزۇلغان يەردە ئالتە ـ يەتتە قەدىمكى ئىمارەتنىڭ تارقاق جايلاشقانلىقىنى بايقىدىم . ئېغىر ۋەيران بولغان ، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بىر خارابىلىقتىن سىرتقا چىقىپ قالغان ، ئاقىرىپ كەتكەن بىر پارچە تاختاينى ئۇچراتتىم ھەمدە ئازراقلا كولاپ ، يېرىم سائەت ئىچىدە خەت يېزىلغان 30 پارچىغا يېقىن تاختاي پارچىسىنى تاپتىم . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پارچىسى ئالاھىدە بولۇپ ، كىچىك بولسىمۇ يەنىلا دىققىتىمنى تارتتى . ئۇنىڭ ئىچىدىكى تارراق بىرسىنىڭ ئۈستىدە خەنزۇچە خەت بار ئىدى . يەنە بىرى نەپىس ياسالغان خۇرۇم پارچىسى بولۇپ ، ئۈستىدىكى بىر قۇرغا قارۇشتى يېزىقى بىلەن چىسلا خاتىرىلەنگەنىدى . بۇ قېزىلمىلار مۇشۇ ئەتراپتا كۆمۈلۈپ ياتقان يادىكارلىقلارنىڭ موللۇقىدىن دېرەك بېرەتتى . بۇ خارابىلىق چېدىرنىڭ شىمالغا ئىككى مىل كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ ، چېدىرىمنى شۇ يەرگە يۆتكەشنى قارار قىلدىم .

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، باشقىلار ئالدىراش چېدىر يۆتكەۋاتقاندا ،

مەن ۋاقىت چىقىرىپ چىدىرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كىچىك مۇنارنى
تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتىم . دەسلەپتە مۇنارنىڭ يېرىم چەمبەر شەكلـ
ـدىكى ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 7 فۇت ، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 13 فۇت
6 دىيۇيم كەلدى . لېكىن ، ئەسلىدىكى يەر يۈزىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن
كېيىن ، يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان قۇم بارخانلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىـ
ـدىكى مۇنارنىڭ مەن كۆرگەن قىسمى ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى ئەمەسلىكى
ئىسپاتلاندى . ئەمەلىيەتتە ، كىچىكلىك شامال تەسىرىدە ئۇنىڭ شەرقىي تەـ
ـرىپىگە دۆۋىلىنىپ قالغان قۇم تازىلىۋېتىلگەندىن كېيىن ، ئۈستىدىكى قەـ
ـۋەتكە قارىغاندا ئۇزۇنلۇقى 3 فۇت ، ئېگىزلىكى 6 فۇتتىن ئارتۇقراق كېلىـ
ـدىغان كۋادرات شەكىللىك يەنە بىر قەۋەتنى كۆردۈم . ئاستىنقى قىسمىنى
قوشۇپ ھېسابلىغاندا ، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 20 فۇت كېلەتتى . مېنى ناھاـ
ـيىتى قىزىقتۇرغىنى ، مۇنارنىڭ ئۈستى بىلەن ئۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش
نىسبىتىنىڭ خانئۆي ، موجى ۋە پيالمىدا كۆرگەن ھىندى مۇنارىنىڭ قالـ
ـدۇقلىرى بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىشى ئىدى . بۇ مۇنارغا ئىشلەتكەن
خىشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ( 22 × 17 × 4 دىيۇيم ) باشقا مۇنارلارغا
ئىشلەتكەن خىشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى .
مۇنار ئۈستىنىڭ دەل مەركىزىگە جايلاشقان ئۇچىنىڭ قالدۇق يۈچۈقى
ئاران 1 كۋادرات فۇت كېلەتتى . ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كېسەكلەر
كولاپ ئېلىۋېتىلگەچكە ، ئوچۇق پېتىچە تۇراتتى . « گۆھەر ئىزدىگۈچىـ
ـلەر » قالدۇرۇپ كەتكەن بۇنداق ئىزنالارنى مۇنارنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىـ
ـدىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى . بۇ يەردىمۇ ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى
يوغان كامار بار ئىدى . شۈەنزاڭ « خاتىرە مۇنارى » دەپ ئاتىغان بۇ ئادـ
ـدىي مۇناردا يادىكارلىقلار بولغان تەقدىردىمۇ ، ئاللىبۇرۇن باشقىلار تەرـ
ـپىدىن ئېلىپ كېتىلگەندى .

مەن ئىلگىرى تېپىشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئاخىر تاپتىم .
كېيىنكى قېتىم قېزىلغان خارابىلىق ئىچىدىن ئويلاپ باقمىغان ناھايىتى
مول قەدىمكى ماتېرىياللار خەزىنىسى تېپىلدى . تاملىرىنىڭ يېرىمى ئۆرۈلـ
ـۈپ چۈشكەن بۇ ئۆيگە قاراپ قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىقنى پەرەز قىلىش تەس ئىدى . ئۆينىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى 18 × 32 فۇت بولۇپ ، ئاددىيغىنا بىر قورۇنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقانىدى . ئۆي-نىڭ غەربىي شىمال بۇلۇڭىدىن قېزىش خىزمىتىمىزنى باشلىغىنىمىزدا ، ھەر خىل كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن ئارىلاش كۆمۈلۈپ ياتقان قەۋەت ـ قەۋەت تارشا پۈتۈكلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇشقا باشلىدى . مەن نەچچە يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ئەخلەت دۆۋىسىنى ، يەنى ھازىرقى سۆزىمىز بويىچە ئېيتقاندا قەدىمكى « كېرەكسىز قەغەز » دۆۋىسىنى قېزىپ چىقتىم .

ئەسلىدىكى يەر يۈزىگە يىغىلىپ قالغان 4 فۇت ئېگىزلىكتىكى شې-غىل ۋە توپىلىنىپ قالغان ئەخلەتلەر ئارىسىدىن تارشا پۈتۈكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قېزىلىپ چىقىلىشقا باشلىدى . تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 200 دىن ئاشاتتى . ئۇلار ساپال پارچىلىرى ، سامان ، كىگىز پار-چىسى ، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە ئۇششاق خۇرۇم پارچىلىرى بىلەن ئارى-لىشىپ كەتكەن ، نەچچە يىللاردىن بۇيان بۇ خىل كېرەكسىز نەرسىلەر قېلىن مۇھاپىزەت تورى ھاسىل قىلىپ ، بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ يېمىرىشى-دىن ساقلاپ قالغان . ھالبۇكى ، بۇ خارابىلىقنىڭ باشقا قىسىملىرى ئېغىر يېمىرىلىشقا ئۇچرىغان . شۇڭا ، بۇ بىباھا تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا ، ئەخلەت دۆۋىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى .

بۇ ئۆي ( N.XV ) نى تازىلاش جەريانىدىكى جاپالىق ئەمگەك جەريانىدا يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم . يادى-كارلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىغان ھامان ھەر بىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىنى ئېنىق خاتىرىلەپ مېڭىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى . بۇنداق قىلغاندا ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يىل تەرتىپىنى بېكىتىشكە ۋە ھەر خىل ھۆججەتلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا ياردىمى بولاتتى . شۇڭا ، خەت يېزىلغان تاختايلارنى تازىلاپ چىقىش ۋە توشۇپ ئېلىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئەستايىدىل رەتلەپ ، تىزىملاپ چىقىشىم كېرەك ئىدى . قوللار مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن ، شەرقىي شىمال شامىلى كولانغان ئەخلەت دۆۋىسىدىن چىققان چاڭ ـ توزاننى ھەر تەرەپكە ئۇ-

چۇرۇپ يۇرگەن شارائىتتا ، تىزىملاش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . ئۈچ كۈنلۈك جاپالىق خىزمەت داۋامىدا ، نەچچە ئەسىردىن كېيىنمۇ يەنىلا ئەدەمنىڭ بۇرنىنى شۇنداق ئېچىشتۇرىدىغان سېسىق پۇراقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىش بىلەن بىرگە ھازىر ئۆلگەن كۆپلىگەن قەدىمكى مىكروبلارنىمۇ سۈمۈرۈۋالدىم . لېكىن ، كۆپ مىقداردىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ خۇشاللىقى مېنى بۇ ئەرزىمەس بىئارامچىلىقتىن خالاس قىلدى .

بۇ قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىلمۇخىل قۇرۇق ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن تېپىلدى . ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ماتېرىيالى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، خېلى مۇكەممەل ساقلانغانىدى . دەسلەپكى بىر نەچچە سائەتلىك ئەمگەكنىڭ بەدىلىگە خۇرۇم ئۈستىگە يېزىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتنى بايقىدۇق ، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى ئىككى باغلام تەكشى ھەم پارقىراق ئۆچكە تېرىسىگە يېزىلغان بۇ ھۆججەتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس ئىدى ، ئەڭ ئۇزۇنلىرى 1.5 دىيۇيم كېلەتتى . ئۇلار يۆگەپ قويۇلغان بولۇپ ، ئاسانلا ئاچقىلى بولاتتى . ئۆچكە تېرىسىنىڭ ئىچ يۈزىگە يېزىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى خەتلەر رەتلىك ، رەڭلىرى روشەن ئىدى . ھەر بىر ھۆججەتنىڭ بېشى مەن ھازىر توغرا ئوقۇيالايدىغان ، ئىلگىرى تاپقان شىنا شەكىللىك تارشا پۈتۈكلەرگە يېزىلغان « خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن پۈتۈلدى » دېگەن تەكەللۇپ سۆزى بىلەن باشلانغان بولۇپ ، بۇلار شەك ـ شۈبھىسىز ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ئىدى . بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئاي ، كۈن ، ئۆچكە تېرىسىنىڭ ئارقا يۈزىدىكى ئاق قۇرغا ئادرېس ئېنىق يېزىلغانىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەن بۇرۇن نەچچە قېتىم ئۇچراتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى ياكى مەرتىۋىسىنى پەرق ئەتتىم . ئەمما ، ھۆججەتنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىمى ياكى پەقەتلا بۇ قەدىمكى ئاھالىلەر رايونىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم .

مەزمۇنىدىن سىرت ، بۇ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار ھىندى تىلى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتى تارقالغان رايونلاردا خۇرۇمنى يېزىق قورالى قىلغان تۇنجى قېتىملىق بايقالمىلار بولغاچقا ، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى زور دەرىجىدە ئۆزىگە تارتاتتى . دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى قارشى پىكىرلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلار نەچچە ئەسىردىن بۇيان كۆننى مۇقاۋا قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ساقلاپ كەلگەن كەشمىردىكى ئورتۇدوكسال براخمانلارغا قارىغاندا ، بۇ رايوندىكى ئىخلاسمەن بۇددىساتۇالارغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن . بۇ خىل قەدىمىي يازما يادىكارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كۆن ـ خۇرۇملار سىلىقلىنىپ ئىشلەنگەن بولۇپ ، كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ كەڭرى تارقالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . كەسكەندە ئىشخانىنىڭ سىرتىغا تاشلىۋەتكەن ، ئېشىپ قالغان خۇرۇم پارچىلىرى ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايتتى . شۇ يەردىن تېپىلغان يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان قەدىمكى قەلەمنىڭمۇ شۇ چاغدىكى ئىشخانىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگەتتى . ئۇنىڭ سۆڭەكتىن يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان ئۇچى ئېھتىمال خۇرۇمنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە كېرەك . بۇ كىچىك ئەسۋابلارنى مۇھىملىق جەھەتتە قارۇشتى يېزىقى يېزىلغان كۆپ مىقداردىكى تارشا پۈتۈكلەر تەمىنلىگەن مەلۇماتلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى .

« N. X V » دىن قېزىۋېلىنغان نۇرغۇنلىغان مۇكەممەل ساقلانغان تاختايلارنىڭ ئۈستىدە يەنە لاي بىلەن پېچەتلەنگەن ئىزلار ۋە ئۇلارنى باغلىغان يىپلار ساقلىنىپ قالغانىدى . شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، بۇ يەردە ئاساسەن ياغاچ تاختاي يېزىق قورالى قىلىپ ئىشلىتىلگەن . تەلىيىمنىڭ ھەممىدىن بەك ئوڭدىن كەلگىنى ، مەن ئۇلارنىڭ قانداق ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالدىم . چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان ، جىپسىلاشتۇرۇلغان ئىككى تاختايدىن تەركىب تاپقان شىنا شەكىللىك تارشا پۈتۈكلەر قىسقا خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە باب كېلەتتى . ئۇنىڭ بىر تەرىپى چاسا شەكىللىك ، يەنە بىر تەرىپى ئۇچلۇق بولۇپ ، ئۇچلۇق تەرىپىگە يېقىن يەردە يىپ

ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تېشىلگەن يۇمۇلاق تۆشۈك ئىدى. خەت ئاستى تەرەپتىكى تاختاينىڭ ئىچكى يۈزىگە يېزىلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى تاختاي قاپقاق ئورنىدا ئۇنى قوغداپ تۇراتتى. خەۋەر ئۇزۇنراق بولۇپ، يەنە يېزىشقا توغرا كەلسە، قاپقاق ئورنىدىكى تاختاينىڭ ئىچكى يۈزىگە يېزىلاتتى. قاپقاق ئورنىدىكى تاختاينىڭ چاسا تەرىپى سەل قېلىنراق، ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىسمىغا لاي بىلەن پېچەتلەش ئۈچۈن تەكشى قىلىپ كۋادرات شەكىللىك بىر ئويۇق ئويۇلغانىدى.

بىر كەندىر يىپ تاختاينىڭ ئۇچلۇق تەرىپىدىكى تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، چاسا تەرىپىگە يېقىن يەردىن ئوڭ تەرەپكە چىڭ تارتىلىپ، بىر نەچچە يېرىقلار ئارقىلىق پېچەتلەش ئۈچۈن ياسالغان ئويۇققا تۇتاشتۇرۇلۇپ، شۇ يەردە رەتلىك قىلىپ كىرىست شەكلىدە ئالماشتۇرۇلۇپ چىگىلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئويۇق لاي بىلەن تولدۇرۇلۇپ، كىرىست شەكىللىك چىگىلگەن يىپ ئۇنىڭ ئاستىغا باسۇرۇلغانىدى. ئەۋەتكۈچىنىڭ تامغىسى لاي ئۈستىگە بېسىلغاندىن كېيىن، لايىنى چىقىرىۋەتمەي ياكى يىپنى كېسىۋەتمەي تۇرۇپ، بۇ بىر جۈپ تاختاينى ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاددىيغىنا تونۇشتۇرۇلغان بۇ ئەپلىك چارە تاختايدىكى ئۇچۇرلارنى باشقىلارنىڭ خالىغانچە ئوقۇۋېلىشىدىن ساقلاپ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇتلەق كاپالەتلىك قىلاتتى. ئەگەر تاپشۇرۇپ ئالغۇچى مەزمۇننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ لاي پېچىتىنى قالدۇرۇپ قويماقچى بولسا ياكى ئىككى تاختاينى ئەسلى ھالىتى بويىچە چىڭ باغلاپ، خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاپ قويماقچى بولسا، پەقەتلا تۆشۈككە يېقىن يەردىكى يىپنى كېسىۋەتسىلا، ئاستىدىكى تاختاينى لاي بىلەن باسۇرۇپ قويغان يىپتىن ئاسانلا سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن خۇددى بىز ھازىر قىلالىغاندەك يەنە ئەسلىدىكى ئورنىدىن كىرگۈزۈپ قويغىلى بولاتتى. ئادەتتە، ئۈستىدىكى تاختاينىڭ ئالدى يۈزىدىكى لاي بىلەن پېچەتلەنگەن ئورۇننىڭ ئوڭ تەرىپىدە تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئىسمى، ئاستىدىكى تاختاينىڭ ئارقا يۈزىدە ئەۋەتكۈچى ئەمەلدارنىڭ ئوخشاش بولمىغان پۇچۇركىلاردا يېزىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غان قسقىچە بايانى بار ئىدى .

« N.XV » دىن تېپىلغان تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك تاختايلار-نىڭ چىگىلىش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى ئەپچىل ئىدى . جىپسلاشتۇرۇلغان تاختاينىڭ ئاستىدىكىسىنىڭ ئىككى ئۇچىغا يېقىن يەردە كۆتۈرۈلۈپ تۇر-غان قىر بولۇپ ، ئىككى قىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەسرەك كەلگەن قىسمىغا يەنە بىر تاختاي قاپقاق ئورنىدا قويۇلغان . قاپقاق ئورنىدا قويۇلغان تاخ-تاينىڭ ئالدى يۈزىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى تومپىيىپ چىققان قىسمىدا لاي بىلەن پېچەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۋادرات ۋە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك ئويۇق ئىككى تاختاينى توغرىسىغا ئوراپ تۇرغان بولۇپ ، پېچەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن لاينىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر يىپ بار ئىدى . مۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئىككى تاختاي ئارىسىدىكى قول-يازمىلارنى قانۇنسىز ئېچىپ كۆرۈشنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولات-تى .

مەن بۇ يەردە ياغاچتىن ياسالغان بۇ قەدىمي يېزىش - سىزىش قوراللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاجايىپ قىزىلمىلارنى يېتەرلىك قىستۇرما رەسىملەر بىلەن كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەلمەيمەن . لېكىن ، تاخ-تايدىن بايقالغان ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بىر قاتار ئاجايىپ پېچەت ئىزلىرىغا ئازراق ئىزاھات بېرىپ ئۆتمەكچىمەن . تارىخىي نۇقتىئىينەزەردىن قارىغاندا ، ئۇلار قەدىمكى غەرب سەنئىتىنىڭ يىراقتىكى خوتەنگە تەسىرى بولغانلىقىنى قايىل قىلارلىق ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەچكە ، ئالاھىدە ئەھ-مىيەت بېرىشكە ئەرزىيتتى . بىرىنچى پېچەت ئىزىنى پاكىز تازىلاپ چىق-قاندىن كېيىن ، ئۇنىڭدا دەل گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەت ئىلاھى ئاتېن ( Athene ) نىڭ باش ئىلاھنىڭ قالقىنىنى تۇتقان ھالدا چېقىلنۇاتقان چاقماقنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئوبرازى سىزىلغانلىقىنى ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن تونۇدۇم . بۇنداق ئالاھىدە پېچەت ، ئېھتىمال مۇشۇ يەر-دىكى ئاھالىلەر رايونىنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان مەلۇم ئەمەلدار تەرىپىدىن سېلىنسا كېرەك . باشقا بىر چوڭراق پېچەتتە كلاسسىك ئۇسلۇبتا سىزىل-غان ئوبرازى ناھايىتى مۇكەممەل گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلارنىڭ ،

جۈملىدىن بىرى ئۆرە تۇرغان ، بىرى ئولتۇرغان ھالەتتىكى مۇھەببەت ئىلاھىي ئېروس ( Eros ) ، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىلاھى خېراكل ( Heracles ) ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئىلاھى ئاتېنىنىڭ يالىڭاچ ئوبرازى بار ئىدى . يەنە بەزىلىرىدە كىشىگە ستربىئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان ياۋايى ئادەملەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ باش سۈرىتى سىزىلغان .

خۇددى يۇقىرىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەر قاتلىمىدىن تېپىلغان تاش ئويمىلارغا ئوخشاش بۇ پېچەتلەردىكى سۈرەتلەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ خوتەننىڭ يەرلىك ئۇسلۇبىدا ، يەنە قايسىلىرىنىڭ غەرب ياكى ئاسىيانىڭ كلاسسىك سەنئەت يېتىپ كەلگەن رايونلىرىنىڭ تەسىرىدە سىزىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن ئىدى . گەرچە بىز بۇ پېچەتلەرنى سالغان كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ـ ئەمىلى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقالمىغان بولساقمۇ ، شۈبھىسىزكى پېچەتلەنگەن بۇ ھۆججەتلەر بۇ قەدىمكى خارابىلىقنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن ، ھېچبولمىغاندا ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە رايونلاردىن كەلگەن . يازما يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىغاچقا ، بىزگە نىسبەتەن پېچەت ئىزلىرىنىڭ قىممىتى ساقلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئېپتىدائىي تامغىدىن زۆرۈر ئىدى . كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغىنى ئۇزاق بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئىدى . بىز غەرب كلاسسىك سەنئىتىنىڭ ئىلگىرى باكترىيە ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېتىگە تارقالغانلىقىدىن خەۋەردارمىز . ئەمما ، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ غەربىي ياۋروپا بىلەن بېيجىڭنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا دېگۈدەك جايلاشقان بۇ چەت زېمىنغا تارقىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدۇق . بۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان بىر تارشا پۇتۇكتىكى خەنزۇچە خەت ئويۇلغان تامغا ئىزىنىڭ يېنىدا غەرب ئۇسلۇبىدا سىزىلغان بىر ئادەم بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تامغا ئىزى بولۇپ ، خۇددى غەرب ۋە شەرق تەسىرىنىڭ بۇ يەردىكى ئاجايىپ بىرىكىشىگە سىمۋول قىلىنغاندەك قىلاتتى .

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# قەدىمكى تارشا پۈتۈك ۋە خۇرۇمغا يېزىلغان قوليازمىلارنىڭ شەرھى

مەن ھەر ۋاقىت بۇ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ مۇھىم تارىخىي ئەھمىيىتىنى ئىسىمدە ساقلاپ كەلدىم . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەخلەت دۆۋىسىدىن ئارقا ــ ئارقىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھەر بىر پارچە قوليازما قارۇشتى يېزىقى ۋە بۇ قوليازمىلارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرەتتى . دەسلەپتىلا مەن بۇ قوليازمىلارنى تەرجىمە قىلىشقا نۇرغۇن ۋاقىت ۋە جاپالىق مېھنەت كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم . كېيىنچە باشقا نۇرغۇن ئالدىراش ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ، قوليازمىلارنى بايقىغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ھەمدە سەپەر ئۈستىدىكى قىسقا دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا قىلغان تەتقىقاتىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم . لېكىن ، بەختىمگە يارىشا ئەنگلىيە موزېيىدىكى دوستۇم ئې . ج . راپسون ( E . J . Rapson ) ئەپەندىنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئۆزۈم كولىغان بارلىق قەدىمكى ماتېرىياللارنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلدىم . ئۇ قارۇشتى يېزىقىدىكى بۇ قەدىمكى قوليازمىلارنى تەتقىق قىلىشنى رازىمەنلىك بىلەن ئۈستىگە ئالدى . ئۇ ئۆتكەن يىلى بۇ قوليازمىلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى بىر ئالىمغا خاس قىزىقىش ۋە ئەقىل ــ پاراسەت بىلەن باشلىدى . ھالبۇكى ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ تەتقىقاتنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئىمكانىيەتتىن يىراق ئىدى . ئەمما ، بۇ تەتقىقات خىزمىتى ھازىر ئېرىشكەن نەتىجىلەر ئۇلارنىڭ روخستى بىلەن بەزىبىر مۇھىم نەتىجىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بولغان تەپسىلاتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى .

مىنى بەكمۇ ھاياجانغا سالغىنى شۇكى ، بۇ قولىيازمىلاردا ئىشلىتىلگەن تىل ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىگە دائىر چىقارغان دەسلەپكى يەكۇنۇم راپسون ئەپەندىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تامامەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپتۇ . ئۇ تاختاي ۋە خۇرۇم ئۈستىگە قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان كۆپلىگەن قولىيازمىلار ئۈستىدە ئىنچىكە ۋە توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى بىر خىل قەدىمكى شېۋە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە كۆپلىگەن سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر سۆز بېشىدا ھەم خەت ـ چەك ، دوكلاتلاردا تەكەللۇپ سۆزلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقىغان . ھەقىقەتەنمۇ ، يېقىنقى زاماندىكى ھىندى شېۋىسىدە يېزىلغان خەت ـ چەكلەردە دائىم كۆپلىگەن قەدىمىي تىللاردىكى سۆزلۈكلەر قوللىنىلاتتى . بۇ بىر تۈركۈم ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك ، دەسلەپكى يۈزەكى پەرەزگە ئوخشاشلا ھەممىسى خەت ـ ئالاقە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەرلىك ئەمەلدارلارغا ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىملارغا ئەۋەتىلگەن شىكايەتنامە ، چاقىرىقنامە ، ئامانلىق تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇق ، دوكلات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كېتىدىغان ھۆججەتلەر كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . باشقىلىرى تۆلەم خېتى ، ئىلتىماس ، توختامنامە قاتارلىقلار ئىدى . ھېسابات ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە شۇ مەزمۇندىكى باشقا ھۆججەتلەر تاق ، ئۆلچەمسىز تاختايغا يېزىلغان ، قۇرنىڭ ئاخىرىغا رەقەم قويۇلغاندى .

قارۇشتى يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنىڭ خېتى قالايمىقان ، پراكرىت تىلىدىن كىرگەن شېۋىلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى مۇرەككەپ بولغاچقا ، تەپسىلىي تەرجىمە قىلىش خىزمىتى ناھايىتى تەسكە توختايتتى . لېكىن ، بىز توغرا تەرجىمە قىلىپ چىققان قىسمىدىن قىزىقارلىق تەرەپلەرنى بايقىدۇق . ئۆز نامىدىن يارلىق چىقارغان ھۆكۈمرانىنىڭ نامى « ماخاراجا دېۋاپۇترا » (Maharaja Devaputra) ، يەنى « تەڭرىقۇت » دەپ ئاتىلىدىكەن . بىر قىسىم نەپىس ھۆججەتلەردىكى چېسلانىڭ قويۇلۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكلى تامامەن ھىندىچە شەكىل بىلەن ئوخشاش ئىدى . ئۇلارنىڭ مىلادىيە 1 ــ ئەسىردە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ۋە ئافغانىستاندا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن كۇشان خانلىقى ياكى ھىندىستاندىكى ساكلار پادىشاھلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئوخشاشلىقى ناھايىتى ئېنىق . ھۆججەتنى ئەۋەتكۈچى ۋە تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىسمى ھىندىچە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۇشانا سىنا ( Kushana—Sena ) ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى . ئۇ ھىندىستاندىكى ساكلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يىراق غەربىي جەنۇب بىلەن بۇ يەرنىڭ مەلۇم مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى .

ئادەم ئىسىملىرىغا ئوخشاش بولمىغان يېرى شۇكى ، بەزى ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ، جۈملىدىن « كالا ( kala )، شودوگا ( shodhoga ) ، چودبو ( chodbo ) » قاتارلىقلار ھىندىچە ئەمەس ئىدى . لېكىن ، بىز قەدىمكى ھىندىچە ئەمەل ناملىرىغا يېقىن كېلىدىغان ناملارنىمۇ ئۇچراتتۇق ، يەنى « راجادۋارا پۇراستىتا ( rajadvara—purasthita ، « خان جەمەتى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى »)، « دىبىرا ( dibira ، « كاتىپ » )، « لېكاخاراكا ( lekhaharaka ، « پوچتىچى ») دېگەندەك ئىسىملارغا سانسكرىت تىلىدىكى ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەن . خەت ـ چەكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان كىرىش سۆز ، تەبرىك سۆزى ۋە ھۆرمەت ناملىرى « پرىيادارشانا ( Priyadarshana ) ، « دېۋامانۇشىيا ـ سامپۇجىتا ( devamanushya—sampujita ) ، « پرىيادېۋا مانۇشىيا ( Priyadeva manushya) ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر » قاتارلىق ھەممە خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئەدەپ بىلەن سوراش شەكلى خۇددى كەشمىرلىك سانسكرىتشۇناس دوستۇمنىڭ يازغان خەت شەكلى بىلەن بىردەك بولۇپ ، ئۆزگىچە نەپىس قەدىمىي ئۇسلۇبنى ساقلاپ كەلگەن . لېكىن ، بەزى خەت ـ چەكلەردە ، جۈملىدىن ئەمەلدارلارنىڭ مەلۇم تىزىملىككە ئاساسەن تىلخەت بېرىپ ئىشەنچلىك گۇۋاھچى كۆرسىتىش ۋە بەزى كىشىلەرنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىدا

ناھايىتى قوپال، بىمەنە تىللار ئىشلىتىلگەن.

« جىتروگاۋارشمان » ( Jitroghavarshman ) پادىشاھلىقىنىڭ توققۇزىنچى يىلى دەپ يىل دەۋرى ئېنىق يېزىلغان تارشا پۈتۈككە ئوخششپ كېتىدىغان بەزى كىچىك تارشا پۈتۈكلەر ئالاھىدە قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددىست « ئاناندا سېنا » ( Anandasena ) نىڭ قولى « بۇددا گوشا »( Bhaddagosha ) نىڭ بەزى ئائىلە بۇيۇملىرىنى گۆرەگە قويغانلىقى سۆزلەنگەن. گۆرەگە قويۇلغان بۇيۇملارنىڭ تىزىملىكى ئېنىق خاتىرىلىنىپ، ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان بىر خىل پۇل بىلەن ئۇنىڭ قىممىتى بەلگىلەنگەن. قىزىقارلىق يېرى، تىزىملىكتە قوي، قازان ـ قومۇچ، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە ئۆي سايمانلىرىدىن باشقا يەنە « نامادىس »( namadis ) دېگەن بىر ئىسىم بار بولۇپ، ئېھتىمال ھازىرقى ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستاندا كۆپ ئۇچرايدىغان « نۇمداس » دەپ ئاتىلىدىغان كىگىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتىلىشى بولسا كېرەك. بۇ خىل كىگىز تا ھازىرغىچە يەنىلا خوتەن ئائىلىۋى قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ھەر يىلى لاداق ۋە كەشمىرگە كۆپ مىقداردا ئېكسپورت قىلىنىدۇ. يەنە بىر قولىيازمىدا بۇ رايوننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى « درانگاداراس »( Drangadharas ) ۋە « شودوگاس » ( Shodhogas ) نىڭ سۇ قىسلىقى ھەققىدە قىلغان شىكايىتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، خېلى كۆپ تارشا پۈتۈكلەردىكى مەزمۇنلار سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىغا ۋە سۇ مەسىلىلىرىدىكى تالاش ـ تارتىشلارغا مۇناسىۋەتلىكتەك قىلاتتى.

تارشا پۈتۈكلەردىكى قولىيازمىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان « خوتەن » ( Khotana ) دېگەن نام ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بۇ نامنىڭ ھازىرقى فونېتىكىلىق شەكلىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئاھالىلەر جايلاشقان رايوننىڭ ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بىز شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىن خوتەننىڭ قەدىمكى نامىدىن باشقا، يەنە « كۇستانا〔كا〕» ( kustana〔ka〕) دېگەن نامىنىمۇ بايقىدۇق. بۇ ئېھتىمال

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇقۇمۇشلۇق راھىب شۈەنزاڭنىڭ سانسكرىت تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە ئاساسەن يېزىپ قالدۇرغان شۇ يەر نامىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرجىمىسى بولسا كېرەك . بۇ ئىخلاسمەن بۇددىست شۇ يەر نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە ، يەنە سىرلىق رىۋايەتلەرنى ( « كۇستانا » سانسكرىت تىلىدا « يەر كۆكسى » دېگەن مەنىدە) بايان قىلىپ ، بۇ خارابىلىقنىڭ تېرىلغۇ رايونىنىڭ چېتىگە جايلاشقانلىقىنى ئەسكەرتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى . تارشا پۈتۈكلەردە مەن يەنە خېلى كۆپ يىللار ئىلگىرى كەشمىردە مەنىسىنى توغرا بايان قىلغان سانسكرىت تىلىدىكى سۆزلۈك « درانگا » ( Dranga ) ، يەنى « چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى » كۆپ ئۇچرىدى . كۆپلىگەن ئابزاسلار ئەينى چاغدا بۇددا ئېتىقادىنىڭ يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . يەنە بىر تارشا پۈتۈكتە « بۇددا »( Buddhas ) ، « ئارخات » ( Arhats ) ۋە باشقا ئىلاھلارنىڭ ئىسمى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان . باشقا بىر تارشا پۈتۈكتە يەنە ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنى « بۇدىساتۋانىڭ مۇجەسسىمى » دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتىغان .

تەرجىمە قىلىش داۋامىدا ، ھەر خىل تارشىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا رەسمىي ئىسمى بارلىقىنى بايقىدۇق . شىنا شەكىللىك تارشىلارنىڭ ھەممىسىنى « كىلامۇدرا » ( Kila—mudra ) دەپ ئاتايدىكەن ، بۇ « پېچەتلەنگەن شىنا » دېگەن مەنىدە ئىكەن . ئارخىپ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تۇتقىسى بار تاختايىنى « ستوۋانا »( Stovana ) دەپ ئاتايدىكەن . تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك تاختىنى « لىختاكا »( Lihitaka ) دەپ ئاتايدىكەن ، بۇ « خەت ـ چەك » دېگەن مەنىدە ئىكەن . خۇرۇم ئۈستىگە يېزىلغان قولىيازمىلارنى « ئانادىلېكا »( Anadilekha ) دەپ ئاتايدىكەن ، بۇ « پەرمان » دېگەن مەنىدە ئىكەن . ناھايىتى ئېنىقكى ، خۇددى ھازىرقى ھىندىستاندىكى مۆتىۋەرلەر « سەككىز فورماتلىق خاتىرە دەپتەر » گە داۋالىنىش ھېساباتىنى ، « چوڭ قەغەز » گە مال سېتىۋېلىنىش ھېساباتىنى ، « كىچىك باغاق » قا ھۆكۈمەت باياناتىنى ئېنىق ئايرىپ يازغاندەك ، قەدىمكى مەمۇرىي ئورگانلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ تارشىلارنىڭ

بىئوگرافىك پەرقىنى ئالاھىدە ئايرىش ئىقتىدارى بار ئىدى .
بۇ يەردىكى ئاددىي بايانلار بىزگە قارىۋشتى يېزىقىدىكى قولياز-
مىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەسلەپكى تارىخىدا كۆز ئالدىمىزدىن غايىب
بولغان كۆپلىگەن تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللاردىن خە-
ۋەردار قىلغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ . تارىشا پۇتۇكلەردىكى مەز-
مۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى خاراكتېرى ھەمدە ھىندىستان تەۋەلىكىدە شۇ
خىلدىكى قەدىمكى قوليازمىلار تامامەن يوقاپ تۈگىگەن شارائىتتا ، ئۇلار-
نىڭ ھەممىسىنى شەرھلەش ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان مۇشكۇل ئىش . گەرچە
كۆپلىگەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەھۋاللارنى بىز تېخى تولۇق بايقىمىغان
بولساقمۇ ، لېكىن مۇنداق بىر مۇھىم تارىخىي ئەمەلىيەت كۆز ئالدىمىزدا نا-
مايان بولدى . مۇتلەق كۆپ قىسىم قوليازمىلاردا ھىندى تىلىنىڭ قوللىنى-
لىشى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى شۇنىڭ خاتىرىسىدە ئېيتىلىش
بىلەن بىرگە تىبەت تىلىدىكى نوملاردىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، بۇ ھا-
زىرغىچە ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا ئىشىنىدىغان ، جۈملىدىن خوتەن رايونى
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرلەردە پەنجابنىڭ غەربىي شىمال قىسمى-
دىن كىرگەن « تاكسىلا »( Taxila ) ، يەنى گرېك تىلىدىكى « ھىندى »
لار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ، دې-
گەن سۆزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلىدى . بۇ
چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقەت . چۈنكى ، ھىندىستان تەۋەلىكى ئىچىدە
بىز تېپىۋالغان تارشا پۇتۇكلەرگە يېزىلغىنىغا ئوخشايدىغان قارىۋشتى يې-
زىقى پەقەت « تاكسىلا »نى مەركەز قىلغان رايونلاردا ئىشلىتىلگەن . ھازىر
بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا
كىرگەندە ، سانسكرىت تىلى دىنىي تىل ، براخمى يېزىقى دىنىي يېزىق
سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن . شۇڭا ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئاساسلانغاندا
تارشا پۇتۇكلەردىكى تىل ۋە يېزىقنى يېتەرلىك ئىزاھلاپ بەرگىلى بول-
مايدۇ .
ھىندىستان خەلقى ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئانچە ئېنىق تىلغا ئېلى-
نمىغان « چۆل دېڭىزى » ، يەنى خارابىلىقلار جايلاشقان شىمالدىكى بۇ

www.uyghurkitap.com

قاقاس زېمىنىنىڭ غەربىي بىر خىل ھىندى تىلىدا يېزىلىشى ھەمدە ھىندىستاندىكى ھەر قانداق يازما ماتېرىياللار ( ئابىدىگە ئوخشاش ) دىنمۇ قەدىمىي بولغان كۈندىلىك تۇرمۇش مەلۇماتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشى ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلىنەرلىك . لېكىن ، دەسلەپتە نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ ، ئۇنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا چىقارغان ھۆكۈمىمىز توغرا ئىدى . ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك ، تاختاي ۋە خورۇم ئۈستىگە يېزىلغان قارۇشتى يېزىقى مىلادىيە 2 ـ ئەسىرلەردە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۇشان خانلىقىنىڭ قەبرە تېشىغا ئويۇلغا قەدىمكى يېزىق شەكلىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى . بۇ قاراشنى N. VIII دىكى خارابىدىن تېپىلغان قېزىلملار تولۇق ئىسپاتلىدى . بۇ خارابىدىن تېپىلغىنى قەدىمكى بىر پارچە تاختاي بولۇپ ، ئۈستىگە يېزىلغان قارۇشتى يېزىقىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە قۇر براخمى يېزىقى بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزگىچە يېزىلىش ئۇسلۇبى كۇشان دەۋرىدىكى خەت شەكلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى . مەن ئۇ يەردىن يەنە كېيىنكى خەن سۇلالىسى ( مىلادىيە 220 ـ يىللىغىچە ) دەۋرىدە قويۇلغان نۇرغۇن مىس يارماقلارنى تاپتىم . ئۇلارمۇ ئوخشاشلا قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى . خورۇمدىن باشقا بىردىنبىر يېزىق قورالى بولغان تاختايمۇ يىل دەۋرىنىڭ قەدىمىيلىكىگە ئائىت يەنە بىر ئىسپات ئىدى . گەرچە جۇڭگو تۈركىستاندا قەغەز ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما مەن بارلىق خارابىلىقلاردىن ھەممىدە كېرەكسىز نەرسىلەر دۆۋىسىدىن بىرەر ۋاراق قەغەز پارچىسىنىمۇ ئۇچراتمىدىم .

ئەمما ، مېنى ھەممىدىن بەك رازى قىلغىنى يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئېرىشىشتىن باشقا ، يەنە يېڭى تېپىلغان قېزىلملار ئارىسىدىن ئۈزۈندىن بېرى ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن تارشا پۈتۈكلەرنىڭ يىل دەۋرىگە مۇناسۋەتلىك ھەققىي ئىسپاتنى تېپىشىم بولدى . بۇ ئىسپات N. XV دىن قېزىپ چىقىرىلغان 40 پارچىدىن ئارتۇق كىچىك تاختاي ئۈستىدىكى تاق قۇرغا يېزىلغان خەنزۇچە خەتلەر ئىدى . قەشقەردە ۋە ئەنگلىيە موزېيىدا ئېلىپ

بارغان يۈزەكى تەتقىقاتقا ئاساسەن ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ نامەلۇم ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ، يەنى ئۇلارنى قولغا ئېلىش ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدىكى ئاددىي پەرمان ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى . قولىيازمىنىڭ خېلى مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە يېرى ، ئۇنىڭدا قەدىمكى يەر ناملىرىدىن كۇچار ، پىچان ، يېڭىشەھەر ياكى قەشقەر ( Su—le )ۋە ئىككى توخار ( Ta—Ye—chi ) ، يەنى ھىندىستانلىق ساكلار تىلغا ئېلىنغان . ئەمما داڭلىق خەنزۇشۇناس دوكتور بۇشېل ( S . W . Bushell ) بۇ خەنزۇچە خەت يېزىلغان قولىيازمىلارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر پارچىسىدىن توغرا ھەم مۇكەممەل بولغان يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ چىقتى ، پروفېسسور شاۋانمۇ ئۇنىڭ دەل جىن ۋۇدى تەيشى ( Tai—shih ) 5 ـ يىلى ، يەنى مىلادىيە 269 ـ يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى .

قارۇشتى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن دەۋر بىلەن ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قاتلاملىرىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرغاندا ، كۆپلىگەن مۇھىم تەپسىلاتلارنىڭ دەۋرىنى ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى . سەھىپە چەكلىك بولغاچقا ، بۇ يەردە يۇقىرىقى مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئومۇمىي تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك . جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى ، كېيىنكى خەن سۇلالىسى (مىلادىيە 24 ~ 220 ـ يىللىرى ) دەۋرىدە ، جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان تەھدىت كۈچى ناھايىتى زور بولغان بولۇپ ، كېيىن تاڭ سۇلالىسى ( مىلادىيە 618 ـ يىل ) قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچە تەسىرى بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن . ھالبۇكى ، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە ، غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى چەت ئۆلكىلەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىگەن . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قېزىلمىلارمۇ بۇ تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ ، ئەينى چاغدا بۇ قەدىمىي ئاھالىلەر رايونىدا ۋە خوتەنگە تەۋە باشقا يەرلەردە جۇڭگو قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردىن كېيىنكى ئۇزۇن يىللاردا ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ داۋاملىق ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنلىكى ئېھتىمالدىن يىراق . شۇڭا ، بۇ يەرنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى بۇ جايلاردىن چېكىنگەندە يۈز بەرگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غايەت زور پاراكەندىچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن .

بۇ يەردە مەيلى قانداق تارىخىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسۇن ، ئەخلەت دۆۋىسى ئارىسىدا جۇڭگو بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىغا مۇناسىۋەتلىك يېتەرلىك ئىسپات مەۋجۇت ئىدى . كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن سىرلانغان ئەسۋاب ـ جابدۇق پارچىلىرى ۋە نەپىس توقۇلغان يىپەكلەر بۇ يەرگە پەقەت ئىمپېرىيىنىڭ يىراق شەرقىي قىسمىدىن كەلگەن . يېشىل ۋە سېرىق ئەينەك پارچىلىرى ناھايىتى سۈزۈك بولۇپ ، باشقا خارابىلىقتىن تېپىلغان قوپال قېزىلمىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى . ئۇلارمۇ سىرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ ، كېلىش مەنبەسى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى . ئەمما ، بۇ يەردىن تېپىلغان قەدىمكى جۇڭگونىڭ ساپالدىن ياسالغان بىر تامغىسى ئۇنىڭ يەرلىك مەھسۇلات ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى .

بۇ يەردە يەنە ھەر خىل ساپال پارچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ، ئۇستىگە نەپىس نۇسخا ۋە ھەر خىل رەڭلەر چۈشۈرۈلگەن پاختا رەخت ھەم يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرى ، ھازىر يەرلىك كىشىلەر يەنىلا ياقتۇرۇپ كىيىدىغان خورۇم ئاياغ ۋە قىزىل رەڭلىك ئايالچە ئاياغنىڭ قالدۇقى ، ياغاچتىن ياسالغان چوكا ، ئۇچرۇق ، تارغاق ، سۆڭەكتىن ياسالغان قوشۇق ۋە باشقا تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەرلىك قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىدى ، ئەلۋەتتە . قوينىڭ سېرىق ۋە قىزىل بويالغان ئوشۇقلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، بۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئويناشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ يەردىن يەنە ھازىرغىچە ھىندىستاندا كەڭ تارقالغان ، پىل چىشىدىن تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە

ئالاھىدە ياسالغان ، تۆت يۈزىگە يومىلاق تۆشۈكچىلەر ئويۇلغان بىر شىـ
شىخالمۇ تېپىلدى .

ئەخلەت دۆۋىسى تازىلىنىپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن دىئامېتىرى 5 فۇت ، ئېگىزلىكى 3 فۇت ، ئوتتۇرىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10 دىيۇيم كېلىدىغان ، توپىدىن ياسالغان چەمبەر شەكىللىك بىر سۇپىنى كۆردۇق . نىيىلىك بىرەيلەن دەرھاللا ئۇنىڭ گۈللەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ، ھازىرمۇ بەزى باي ئائىلىلەردە مۇشۇنداق سۇپىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى . مۇبادا بۇ سۇپا شۇ مەقـسەتتە ياسالغان بولسا ، ئۇ ئەتراپىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەر يىغىلىپ قالـغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئىماـرەتلەر ئارىسىدىكى باشقا ئۆيلەرنىڭ ئاللىبۇرۇنلا باشقىلار تەرىپىدىن تازىـلىنىپ چىقىلغانلىقى ئېنىق . شۇنداقتىمۇ ، بۇ يەردىكى تەكشۈرۈشىمىز نەتىجىسىز بولمىدى ، N. X V بىلەن تۇتاش بىر ئېغىز ئۆينىڭ قۇم باسـقان بۇلۇڭىدا ، بورا ئۇستىدە تۇرغان بىر دۆۋە سامانىنى ئۇچراتتۇق . ئۇلار ئېھتىمال ئۆينىڭ تورۇسىدىن چۈشكەن بولسا كېرەك . سامان ئارىسىدا ئۆز پېتى ساقلانغان باشاقلارمۇ بار ئىكەن . ئەمما ، يېنىمىزدا دەندان ئۆيلۈكـتىكىدەك تۇردى خوجىنىڭ ھېلىقى ئېتى بولمىغاچقا ، بۇ قەدىمكى سامانـنىڭ يەم ـ خەشەكلىك قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بىلگىلى بولمىدى . دەل شۇ پەيتتە ، بىزنىڭكىلەر « تەكلىماكاننىڭ ئاقساقلى » دەپ ئاتىشىدىغان غەلىتە مىجەزلىك كونا يول باشلىغۇچىم خوتەندىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . ئۇ بۇ يەرگە تۇردىغا ئوخشاش قەدىمكى ئەسۋاب ـ جابدۇقلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس ، بەلكى مەن ئۇزۇنـدىن بېرى ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن ، پوچتىخانىدا بىر ئايدىن كۆپرەك بېـسىلىپ قالغان خەت ـ چەكلىرىمنى ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى .

بۇ يەردە تەكشۈرگەن ھەربىر خارابىلىكتىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس . خارابىلەر يېرىم چەمبەر شەكىللىك رايونغا تارقىلىپ ، ئىككىنچى چېدىرنىڭ شىمالىدىكى 1.5 مىل كېلىدىغان جايغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوزۇلغانىدى . قېزىش خىزمىتى ناھايىتى قىزغىنلىق بولسىمۇ ، بايقالغان قولىيازمىلارنىڭ سانى ئاز ئىدى . بىراق ، نېمىلا دېگەن بىلەن ئىككى باغلام تارشا پۈتۈك يەنىلا مۇھىم بايقاش ھېسابلىناتتى . ئەڭ شىمالىدىكى قو- رۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدىن تېپىلغان كىچىك تاختايىنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەنىدەك براخمى يېزىقى يېزىلغانىدى . شۇ ئۆيدىن يەنە ئۈستىگە ئويما ئويۇلغان قوپالراق بىر ھاراق ياغىچى تېپىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ شەكلى ۋە يېزىلىش ئۇس- لۇبى قەدىمكى گاندارادىكى گرېك ـ بۇددىزىم ئويمىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى بە- لەن ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدە- لىككە ئىگە ياغاچتىن ياسالغان ئۆتۈك قېلىپى ۋە ئۆيىنىڭ ئاخىرقى خوجا- يىنى قالدۇرۇپ كەتكەن چىنە ـ قاچا ئىشكاپى تېپىلدى . شەرق تەرەپتىكى بىر نەچچە يۈز فۇت كېلىدىغان چوڭ قۇم بارخانلىرىغا يېقىن جايدا ، قۇم بىلەن توسۇپ ياسالغان 48 كۋادرات فۇت كېلىدىغان توسما كۆزگە ئېنىق چېلىقىپ تۇراتتى . ئىلگىرى سۇ يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ، ھازىر قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن ، ئېگىزلىكى 12 فۇت كېلىدىغان بىر ئاق تېرەك توسمىنىڭ يېنىدا ھېلىمۇ تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى .

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ، قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان ھەربىر خارابىلىقتىكى ئىزنالارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىم ئاياغلاشتى . خارابىلىقنىڭ شىمالىي چېتىدىن 3 مىل يىراقلىقتىكى قۇم دۆۋىسىدە تۇرۇپ دۈربۇن بە- لەن يىراقتىكى چۆللۈككە نەزەر سالغىنىمدا ، قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورال- غان قاقاس سېرىق تۈپىلىق دۆڭدىن باشقا ئىمارەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئىز- ناسى كۆزگە چېلىقمىدى . ئەمدى مەن ماڭا ناھايىتى مول قەدىمىي يادى- كارلىق ئاتا قىلغان ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ خارابىلىقتىن رازىمەن- لىك بىلەن ئايرىلىدىغان بولدۇم .

مەن بۇ يەردە تۇرغان كۆپ ۋاقىتلاردا ھاۋا ناھايىتى ياخشى بو- لۇپ ، ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن فارېنگېيت 6 ~ 9 گرادۇسقىچە بولاتتى . 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بو- لۇپ ، ياردەمچى توپوگرافنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى نىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى-

دىن 120 مىل يىراقلىقتىكى قارلىق تاغنى ئېنىق كۆرەلىدى . ئەمما ، قۇم-لۇقتىكى خىزمەتتە مۇنداق ئەۋزەل شارائىتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدىغانلىقى ماگا ئېنىق . بوران پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ، يەنە كۆپلىگەن خارابىلىقلار تېخى تەكشۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى . شۇڭا ، يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا ئامال بار بالدۇر بېرىشىم كېرەك ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ئەندەرە خارابىسى

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ، تۆگە كارۋىنىم ئىمام جەئفىرى سادىق ( Imam Jafar Sadik ) مازىرىغا قاراپ يولغا چىقتى . نەچچە ھەپتىلەردىن بېرى ، ئالدىراش ئىشلىگەن خارابىلارنى بېسىپ ئۆتكىنىمدە ، شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن مېۋىلىك باغدىن ھەر خىل ئەۋرىشكىلەرنى يىغىۋالدىم . كۆڭلۈمدە ئىمپېراتور قەيسەر ( Caesar ) رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ۋە گرېك يېزىقى ھىندى دەريا ۋادىسىدىن تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىغاندا تىكلىگەن ئاق تېرەك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدا قايتا سەيلە قىلىپمۇ يۈرەرمەنمۇ ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم .

نىيىدىكى ۋاقتىمدىلا ، چەرچەن ( Cherchen ) گە بارىدىغان يولدىكى ئەندەرە ( Endere ) دەرياسىغا يېقىن قۇملۇققا جايلاشقان قەدىمكى خارابىلىقنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغانىدىم . ئۇ خارابىلىق توغرۇلۇق يېتەرلىك ئۇچۇر بولغاچقا ، مەن ئۇنى كېيىنكى قېتىملىق تەكشۈرۈش نىشانى قىلىپ بېكىتتىم . يول يىراق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى ئۈچ ھەپتىدە ئىشلەمچىلەر ماغدۇرىدىن كەتكەچكە ، ئۇلارنى بۇ خارابىلىققا ئېلىپ بېرىشىم ناھايىتى تەسكە توختايتتى . شۇڭا ، يېڭى خارابىلىققا بارىدىغانلارنى نىيىدىن تولۇقلىشىمغا توغرا كېلەتتى . شۇ كۈنى كەچتە قونالغۇغا ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىمگە ، مېنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن نىيىدىكى بەگلەرنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشتۈم . ئۇ ئامبال ئەۋەتكەن قەشقەردىن كەلگەن يېڭى خەت ـ چەكلەرنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە ، تەكشۈرۈش ئەترىتىمنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىشى ئۈچۈن بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ قويۇپتۇ .
ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىغا بارىدىغان سەپەرنىڭ ئىككىنچى كۈنى نا-

هايىتى كۆكۆللۈك ئۆتتى . نىيە دەرياسىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ، ھاياجان
بىلەن قويۇق ئورمانلىقتىكى دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى
ئاڭلىدىم . بۇ يەردە كېلىش ئالدىدا تۇرغان باھارنىڭ ھېچقانداق ئالامەتـ
لىرى كۆزگە چېلىقمىسمۇ ، بۇ ئاۋاز قىشلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئورمانلىق ،
جىمجىت قۇملۇق ۋە خارابىلىقتا بىر مەزگىل ياشىغان بىزگە پۈتۈنلەي يېـ
ڭىچە تۇيۇلاتتى . ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ مېھمانخانىسىدا كۆـ
كۈللۈك بىر چۈشتىن كېيىننى ئۆتكۈزۈپ ، ئوچاقنىڭ ئىسسىق ئوتىغا
قاقلانغاچ مۇنچىغا چۈشۈۋالدىم . لېكىن ، يەنە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن
ئىشلار بار ئىدى ، يەنى ياۋروپا ۋە ھىندىستانغا بۇ يەردىن تېپىلغان قېزىلـ
مىلارغا مۇناسىۋەتلىك يۈزەكى تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى ئەۋەتىشىم ، ئىشـ
لەمچىلەر ۋە شەيخلەر بىلەن بولغان بارلىق ھېساباتنى بوغۇشۇم كېرەك
ئىدى .

مەن بۇرۇنلا نىيە ئارقىلىق چەرچەنگە ماڭىدىغان يولنى بويلاپ
شەرققە قاراپ ماڭماي ، ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىدىن شەرققە قاراپ
قۇملۇقنى ئۇدۇل كېسىپ ئۆتۈپ ، ئەندەرە خارابىلىقىغا بارىدىغان يولنى
ئويلاپ قويغانىدىم . دەسلەپتە ھەممەيلەن بۇ قىسقا يولنى بىلمەيمىز ، دېـ
يىشتى . ئەمما ، كېيىن مازاردىكى بىر پادىچى ئۆزىنىڭ بۇرۇن بىر نەچچە
قېتىم نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىدە قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىغان يار تۇڭگۇز
( Yartungaz ) دەرياسى ۋادىسىدىكى پادىلار بار يەرگە بارغانلىقىنى ئېـ
سىگە ئالدى . شۇڭا ، ئۇنى ۋە ئىلگىرى ئەندەرە خارابىلىقىغا بارغان ، ئۆـ
زىنى بۇ ئۇلۇغ مازارغا ئاتىۋەتكەن يېرىم تەلۋە ئابدۇراخماننى يول باشلىـ
غۇچى قىلىپ ياللىۋالدىم . 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىز يەنە قۇم ئېدىرلىـ
رىدىكى سەپىرىمىزنى باشلىۋەتتۇق . مازاردىن چىقىپ 2 مىل ماڭغاندىن
كېيىن ، بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ ، ناھايىتى جاپادا 150
فۇت ئېگىزلىكتىكى ئىككى داۋاندىن ۋە ئېگىز قۇم تاغلاردىن ھالقىپ ئۆـ
تۈپ 6 مىل يۈرگەندىن كېيىن ، تۆگە ۋە ئاتلارنىڭ يۈرۈشىگە قولايلىق
بولغان شېغىللىق كەڭرى بىر باياۋانغا قەدەم باستۇق .

ئەتىسى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ ، شېغىللىق باياۋان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاكار كەتكەن قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ ، يۇلغۇن ۋە قومۇش بەلبېغىغا يېتىپ كەلدۇق . ئاتلارغا قارىغاندا ، سۇزۇجە ( Suzuje ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا مۇشۇ يەرگە ئېقىپ كېلىدىكەن . يارتوڭگۇز دەرياسىنىڭ غەربىدىن 3 مىل يىراقلىقتا يەنە بىر دەريا قىنى بولۇپ ، ھازىر سۇ ئېقىتىپ كەلگەن قۇملار بىلەن تىنىپ ، پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنىدى . كەچ كىرگەندە ، دەريادىكى پارقىراپ تۇرغان مۇزلارنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇشى مېنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى . بۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئۇلاغلار ئۈچۈن ئىچىملىك سۇ ۋە ئارام ئېلىشتىن دېرەك بېرەتتى .

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، بىز قونالغۇنىڭ يېنىدىكى كەڭلىكى 30 يارد كېلىدىغان يارتوڭگۇز دەرياسىنى بويلاپ ، دەريا سۈيى تامامەن قۇمغا سىڭىپ كەتكەن جايغا يېتىپ كەلدۇق . 18 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ يول پۈتۈنلەي كەڭلىكى 3 ~ 4 مىل كېلىدىغان ئورمان بەلبېغى بىلەن قاپلانغانىدى . ھەممە يەردە قويىنىڭ تۇياق ئىزى بولسىمۇ ، ئەمما ھېچقانداق جانلىق كۆزگە چېلىقمايتتى . بىر پارچە بوشلۇققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مۇنبەت تۇپراقتا جايلاشقان بىر كىچىك مەھەللىگە كىردۇق . بۇ مەھەللە ياز پەسلىدىكى كەلكۈن يېتىپ بارالايدىغان ئەڭ يىراق جاي ئىدى . ئەتراپتا كەڭرى كەتكەن ئېتىزلار ۋە نەچچە يېزىنى سۇغىرىشقا يەتكۈدەك سۇ بولسىمۇ ، لېكىن نىياز ھاكىمبەگ زامانىدا مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۆتلا ئائىلە بار ئىدى . گەرچە ئۇلارنىڭ باشقىلارنى ياللاپ ئىشلەتكۈدەك پۇلى بولسىمۇ ، ئاران 10 ~ 15 ئادەم تىرىقچىلىق قىلغۇدەكلا يەر ئېچىپتۇ . شۇنداقتىمۇ ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئاتلىق ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىمدا مەندە ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولدى . دورغىنىڭ ئالدىمىزدا بېرىپ خەۋەر قىلىشى بىلەن بۇ مەھەللىدىكى ئاق كۆڭۈل دېھقان ئابدۇل قارىم بىزنى كۈتۈۋالدى . ئۇنىڭ دادىسى بەدەخشاننىڭ فەيزئاباد ( Faizabad ) دېگەن يېرىدىن ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېلىپ ، مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ يەرگە ئىگە بولغانىكەن . ئابدۇل قارىم ئۆزىنىڭ ئاز ـ پاز پارىسچە ئوقىدىغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىدىكەن ، شۇنداقلا ھازىر بۇ جەت يېزىدا كۈتۈۋېلىش ۋە-

زىپىسنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدىن بەكمۇ شەرەپ ھېس قىلىدىكەن.

يېقىنقى بەش ـ ئالتە يىللار مابەينىدە، يارتوڭگۇز دەرياسى غەربكە يۆتكەلگەن، ئەسلىدىكى دەريا قىنى مەھەللىنىڭ غەربىدىن 4 مىل يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا غايىب بولغان. سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۇ دەريانىڭ باش ئېقىنىدىن 7 مىلچە كېلىدىغان جايدا مەن كۆرگەن بىر چوڭ توغان ئارقىلىق كونا دەريا يولىغا باشلىنىدىكەن، شۇنداقتىمۇ سۇ يەنىلا كەمچىل بولۇپ، ھازىرقى مەھەللىدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ دەريانى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمەيدىكەن. شۇڭا، تارىمدىكى يارتوڭگۇزلۇقلار كونا دەريا يولى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەندە ئىشلىتىش ئۈچۈن، يېڭى دەريانىڭ سۇ چىقىش ئېغىزىدىكى جايلاردا يېڭى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىپتۇ. ئەگەر توغان ۋە دەريانى رېمونت قىلىشقا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچى بولغان بولسا، بۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاچقىلى بولىدىكەن. ئەگەر 25 كۋادرات مىل كېلىدىغان ئورمانلىقتىكى يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلسە، يارتوڭگۇز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بوستانلىقتا چوقۇم ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان خارابىلىقلار ئەتىراپىدىكىدەك گۈزەل مەنزىرىلەر پەيدا بولغان بولاتتى. بۇ يەردىمۇ مەن بىز بارماقچى بولغان قەدىمىي خارابىلىققا ئائىت ھېچقانداق ئېنىق خەۋەرگە ئىگە بولالمىدىم. ئەمما، زىيەك دورغا ئاخىرى بىزنى ئەندەرە چارۋىچىلىق مەيدانىغا باشلاپ بارىدىغان يولباشلىغۇچىنى تاپتى. بىز يېمەكلىك ۋە يەم ـ خەشەكلىرىمىزنى بۇ مەھەللىنىڭ ئامبىرىدىن تولۇقلىۋالدۇق. تۆگە كارۋىنىم چوڭ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەندەرە دەرياسى بويىدىكى ئورمان بەلبېغىغا يېتىپ كەلدى. يارتوڭگۇزدىن چىقىپلا ئۇچرىغان 180 فۇت ئېگىزلىكتىكى قورقۇنچلۇق قۇم داۋان تۆگە ۋە ئات ـ ئۇلاغلارغا كۆپلىگەن ئاۋارىچىلىقلارنى تېرىپ بەردى. خۇددى ئىلگىرىكە ئوخشاشلا دەرياغا يىراق جايلاردىكى قۇم دۆۋىلىرى پاكارراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئويمانلىق ئۇلاغلارنىڭ بېسىپ ئۆتۈشىگە ئاسان ئىدى. يارتوڭگۇزدىن ئېلىپ كەلگەن مۇز پارچىلىرى ۋە باكتىكى سۇ قۇدۇق قازمى-

www.uyghurkitap.com

ساقمۇ يېرىم يولدىكى قونالغۇدا ئىشلىتىشىمىزگە يېتەتتى . ئەمما ، ئەتراپ-
مىزدىكى قۇرۇق يۇلغۇن ۋە قومۇش ئوت قالاپ قاقلىنىشىمىزغا يەتمەيتتى .

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، بىر ئەندەرە دەرياسىنىڭ
سول قىرغىقىدىكى قاتار كەتكەن ئېگىز قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ ، يول
باشلىغۇچى ئېيتقان دەريانىڭ كونا يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق .
دەريا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوخشاشلا غەربكە يۆتكەلگەنىدى . ئىلگىرى
قۇرۇپ كەتكەن كونا دەريا يولىدا 10 ~ 20 يارد كەڭلىكتە تۇتقان نېپىز
مۇز كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . دەريا سۈيىنىڭ ئەسلىدىكى دەريا يولىغا
ئېقىپ كىرىشى بىلەن ، شەرققە بىر نەچچە مىل كېلىدىغان جايدىكى تەد-
رىجىي قۇرۇپ كېتىۋاتقان « يېڭى دەريا » بويىغا جايلاشقان كىچىك
كەنت تاشلىنىپ قالغانىدى . بىز ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىدىن ئايرىل-
غاندىن بۇيان كۆرگەن نۇرغۇنلىغان قۇرۇپ كەتكەن ئويمانلىقلارنىڭ
ھەممىسى دەريا سۈيىنىڭ قۇمغا سىڭىپ كېتىشتىن بۇرۇنقى توختىماي
يۆتكىلىشى بىلەن شەكىللەنگەنىكەن .

ئەتىسى بىز ئەندەرە دەرياسىنى بويلاپ 10 مىل يۈرگەندىن كېيىن ،
تاشلىۋېتىلگەن ساتمىلار بار بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەر « قارا
ئۆچكىلەر ئولتۇرغان » دېگەن چارۋىچىلىق ئورنى ئىدى . ئەتىسى چۈش-
تىن بۇرۇن يول باشلىغۇچىنىڭ باشلىشى بىلەن شەرقىي جەنۇبتىكى قۇم-
لۇققا كىرىپ ، قۇم ئېدىرلىقىدا 10 مىلچە يۈرۈپ « پوتەي » دەپ ئاتىلىد-
غان « كونا شەھەر » گە يېتىپ كەلدۇق . مازاردىكى ۋاقتىمدا باشقىلاردىن
ئاڭلىغان ئالاھىدىلىككە ئاساسەن پەرەز قىلغىنىمدەك ، بۇ بىر قۇر كې-
سەكتىن ياسالغان بۇددا مۇنارى ئىدى . مەن ئۇنىڭ ئىلگىرى باشقىلار تە-
رىپىدىن كولانغانلىقىنى كۆرۈپ ، ھېچقانداق ئەجەبلەنمىدىم . شۈبھى-
سىزكى ، بۇ يەرنى باشقىلار « گۆھەر ئىزدەش » ئۈچۈن كولىغانىدى .
جەنۇب تەرەپتە بىر ئۆي بار دەپ ئاڭلىغاچقا ، مەن دەرھال شۇ ياققا قاراپ
يۈرۈپ كەتتىم . بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدىكى شامالدا يېمىرىلىپ كەتكەن
يەر يۈزىدە قېلىن بىر قەۋەت ساپال پارچىسى چېچىلىپ ياتقان بولۇپ ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەڭلىكلىرى كۆپ ئىدى . ئەمما ، ئىمارەتلەرنىڭ ھېچ-

قانداق ئىزناسى ئۇچرىمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن يېقىن ئەتراپتىكى پاكار قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان بوشلۇقتا خارابىلىق توپىنى بايقىدىم. كۆچمە قۇم ئۈستىدىكى قاتار كەتكەن ياغاچ تۈۋرۈكلەرنىڭ مەنزىرىسى ماڭا تونۇش ئىدى. ئەمما، بەزى ئۆيلەرنىڭ كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز تاملىرى ۋە خارابىلىقلار توپىنى ئوراپ تۇرغان مۇستەھكەم قورۇق تامنىڭ قالدۇقى يېڭى بىر قىياپەتنى نامايان قىلاتتى.

بۇددا مۇنارىغا يېقىنلاشقاندا، نىيىلىك ئىشلەمچىلەرمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار جاپالىق سەپەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۇ يەردىن 120 مىل يىراقلىقتىكى جايدىن يېتىپ كەلگەنىدى. بۇنداق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشلەمچىلەرنىڭ ۋاقتىدا يىغىلىشى مېنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى، شۇڭا خىزمەتنى دەرھال باشلىدىم. قورۇق تام بىلەن قورشالغان بۇ جاينىڭ دىئامېتىرى 425 فۇتچە كېلەتتى. قورۇق تامنىڭ دەل مەركىزىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان تۈۋرۈكلەر توپىنىڭ مەركەزداش ئىككى چاسا رامكا شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا قاراپ، دەرھاللا دەندان ئۆيلۈكنى قازغاندا ئۇچراتقان ئايلانما كارىدورلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى يادىمغا كەلدى. شۇڭا، ئىچىدىكى چاسا رامكىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر چوڭ كۈلرەڭ بۇت ھەيكىلىنىڭ پارچىلىرىنى تاپتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىشلەمچى، پادىچى، يول باشلىغۇچى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 نەچچە كىشىلىك بۇ كىچىك ئەترىتىم قىزغىنلىق بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى.

پەرىزىمنىڭ توغرىلىقى بىر سائەتلىك قېزىش ئەمەلىيىتىدىلا ئىسپاتلاندى. ئۆي ئىچىگە تولۇپ قالغان بوش قۇم ـ توپا ئارىسىدىن خېلى كۆپ كۈلرەڭ ھەيكەل پارچىلىرىنى قېزىپ چىقتۇق. ئۇلارنى ياساش ۋە بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار دەندان ئۆيلۈكتىكى ھەيكەللەرنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. كۆپ ئۆتمەيلا تېپىلغان قوليازمىلارنىڭ قالدۇقى مەن مۆلچەرلىگەن ئىبادەتخانىنىڭ تەخمىنىي يىل دەۋرىنى ئىسپاتلىدى. پراگمېنتلار (كەمتۈك قوليازمىلار) نىڭ بىر نەچچە ۋارىقى

www.uyghurkitap.com

سۆكىلىپ كەتكەن بولۇپ ، براخمى يېزىقىدا يېزىلغان سانسكرىت تىلىـ
دىكى تېكىستلەر ۋە دەندان ئۆيلۈكتە كۆپ ئۇچرىغان غەيرىي ھىندىستان
ھۆججەتلىرىدىكىدەك ، ئۇ ئۇستىگە رەتسىز براخمى يېزىقى يېزىلغان قەغەز
پارچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . ئېنىقكى ، ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلگەن
تىللارمۇ ھىندىستاندىن تارقىلىپ كەلگەن تىللار ئەمەس ئىدى . دەسلەپكى
بايقاش ئېلىپ كەلگەن ئۈمىد يەردە قالمىدى . ئۇنى يېپىپ ۋە ئاسراپ
تۇرغان ئىبادەتخانا ئىچىدىكى قۇملارنى تازىلاش ئۈچۈنلا ئىككى كۈن ۋاـ
قىت كەتتى . ئىبادەتخانىدا 20 كۋادرات فۇت كېلىدىغان بىر ساراي بوـ
لۇپ ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەڭلىكى 5 فۇت كېلىدىغان بىردىن ئايلانما
كارىدور بار ئىدى . سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ياسالغان بىر تەگلىك
بولۇپ ، ئۇستىدە ئەسلىدە بۇتنىڭ ئولتۇرغان ھالەتتىكى تۆت دانە كۈلرەڭ
ھەيكىلى بار ئىكەن . ھازىر پەقەت ئۇلارنىڭ پۇتى ۋە كىيىملىرىنىڭ تۆـ
ۋەنكى قىسمىنىڭ قالدۇقلىرىلا ساقلىنىپ قاپتۇ . تۆت بۇلۇڭدىكى ئوخشاش
ماتېرىيالدىن ياسالغان ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەمدەك كېلىدىغان ھەيكەلـ
لەرنىڭ بېلىنىڭ ئۇستۈنكى قىسمى پۈتۈنلەي چېقىلىپ كېتىپتۇ . ئەمما ،
تونىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ رەڭگى ناھايىتى روشەن ئىدى .

بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئاياغ قىسمىدىن ۋە سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
ئالتە بۇرجەكلىك تەگلىكنىڭ ئەتراپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن قەغەزگە يېـ
زىلغان قولىيازمىلارنى كولاپ چىقتۇق . بۇلارنى ئىلگىرىكى تاۋابچىلارنىڭ
مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويغانلىقى ئېنىق . تەگلىكنىڭ ئالدىدىن تېپىلغان
قېزىلمىلار ئىچىدە بۇددا نوملىرىنىڭ سانسكرىتچە يېزىلغان پراگمېنتلىرى
ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئېنىقكى ئۇلار ماھايانا مەزھىپىگە تەۋە ئىدى . ناھايىتى
ئۇچۇق قىلىپ يېزىلغان براخمى يېزىقىغا قاراپ ، ئۇلارنىڭ 5 ـ ئەسىرلەردە
يېزىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى . قولىيازمىلار ھىندىستاننىڭ « پوـ
تى » كىتابىنى ئوراش ئۇسۇلىدا ئورالغان بولۇپ ، قاتلانغانلىقىنىمۇ ياكى
« گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » بۇ يەرنى كولىغاندا ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقـ
تىنمۇ ، ئۇنىڭ ۋاراقلىرى ئوتتۇرىسىدىن ئاجراپ كەتكەنىدى . ۋاراقلارنىڭ
ئۇلۇڭ ۋە سول بەتلىرىنىڭ سانى ئاساسەن تەڭ ئىدى . ۋاراقلار 46 بەت بوـ

لۇپ ، ئەسلىدىكى كىتابنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلسە كېرەك .

بۇ يەردىن يەنە بىر ئاجايىپ قېزىلما تېپىلدى ، ئۇ ئېگىزلىكى 4 دېيۇيم ، قېلىنلىقى 0.5 دېيۇيم كېلىدىغان ناھايىتى چىڭ ئورالغان بىر يۆگەم قەغەز بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت پارچە چوڭ ھۆججەت ( دەسلەپكى دوكلاتىمدا كۆچۈرۈپ بەرگەن ) نى كېيىنچە ئەنگلىيە مۇزېيىدىكى مۇتەخەسسىسلەر يەم بىلەن ئاچتى . ھۆججەتلەردىكى يېزىق بىزگە ناھايىتى تونۇش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا براخمى يېزىقى ئىدى . ئۇنىڭدا قوللىنىلغان تىل دەندان ئۆيلۈكتىن تاپقان قوليازمىلاردىكى تىل بىلەن بىردەك بولۇپ ، ھىندى تىلى ئەمەس ئىدى .

ئىبادەتخانىدىكى سارايىنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان قېزىلمىلارغا ئاساسلانغاندا ، بۇ ئىبادەتخانىدا ئىلگىرى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر تاۋاپ قىلغان . بىر نەچچە ھەيكەلنىڭ ئاستىدىكى تەگلىكنىڭ ئەتراپىدىن ئۇستىگە خەنزۇچە خەت يېزىلغان ۋە كىچىك رەڭلىك سۈرەت چۈشۈرۈلگەن نېپىز قەغەز پارچىلىرى تېپىلدى . تارىخىي قىممەتكە ئىگە قېزىلما ئاچ سېرىق رەڭلىك ، بىر يۈزىگە تىبەت يېزىقى يېزىلغان ۋاراقلار بولۇپ ، ناھايىتى ئاسان پەرق ئەتكىلى بولاتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى رەتسىز يېزىلغان ، كېيىن بۇددا دىنىنىڭ ئايەت ۋە مۇناجاتلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئۈچ ۋاراق قەغەزدىن باشقا ، شۇ چاغدا تېپىلغان تىبەت يېزىقى يېزىلغان قەغەز ۋە ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ھەممىسى « پوتى » كىتابنىڭ بىر بۆلىكىدەك قىلاتتى . بۇ پراگمېنتلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەيكەل ۋە سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەگلىكنىڭ ئالدىدىن تېپىلغىنىغا قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ شۇ يەرگە ئالاھىدە بۆلۈپ قويۇلغانلىقى ئېنىق . ئىخلاسمەن تاۋابچىلار بۇ ئىبادەتخانىغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندە ، ئىلاھنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال قولىيازمىلارنى ئوتتۇرىسىدىن ئىككى قىلىپ ، ئاندىن ۋاراقلىرىنى سارايى ئايلىنىپ تۇرۇپ چاچقاندەك قىلاتتى .

ئەنگلىيە مۇزېيىدىكى دوكتور بارنېت ( D. L. Barnett ) ئەپەندى بۇ ھۆججەتلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ چىققاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بۇددا دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئەسىرى بولغان سالىستامبا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇترا ( Salistamba—sutra ) نومىنىڭ تىبەتچە تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ، سانسكرىت يېزىقىدىكى ئەسلى تېكىستلارنىڭ پەقەت ئەسەردىكى ئۆزۈنـدىلەردىلا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى . بارنېت ئەپەندى ئاران يېرىمىلا يىغىۋېلىنغان تىبەت يېزىقىـدىـكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇھىملىقىنى 1903 ـ يىلى خان جەمەتى ئاسىيا جـەمـئـىـيـتـىـنـىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان « دەسلەپكى ئىزاھات » دېگەن ماقالىسىدە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان . بۇ يەردە ئۇنى پەقەت ئاددىي ھەم ئىخچام قىلىپلا تونۇشتۇرماقچىمەن . قولىيازمىلاردىن قېپقالغان ۋاراقـچـىـلارنـىـڭ « كانجۇر » ( Kanjur ) نومىدىكى ئاشۇ تېكىستلارنىڭ ھازىرقى تەرجىمىسىنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا ھەمدە شۇنى ئاساس قىلىپ زاگرۇۋلارنىڭ بـۇددا ھۆججەتلىرىدىكى دىنىي قائىدىلەرنى ئانالىز قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيىتى بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئەڭ قەدىمكى تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان كلاسسىك ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تىبەت كلاسسىك قولىيازمىلىرىنى ۋە ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى . ئەمما ، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئۇلارنى كۆمۈپ ياتقان ئاشۇ زېمىنىنىڭ ئۇلارنىڭ تارىخىي قىممىتىنى ئاشۇرغانلىقىدا ئىدى .

ئىبادەتخانىدىكى خارابىلىقتىن تاپقان تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ھەممىدە بىر نەچچە جايدىكى كېسەك تامغا ئويۇلغان تىبەت يېزىقىدىكى سۆزلۈكلەردىن ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي مۇھىت بىلەن مەلۇم باغلىنىشى بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردىن 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدە تىبەتلەر كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سالغان ۋە ئۇنى ئاخىر بىتچىت قىلغانلىقىدىن خەۋەردارمىز . پروفېسسور شاۋان ماڭا ھەدىيە قىلغان قىزىقارلىق بىر تارىخىي ماتېرىيالنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدە ، تىبەتلىكلەر ( مىلادىيە 766 ـ يىلى ) نىڭ ئۇشتۇمتۇت تـاجاۋۇزى گەرچە بۇ چەت رايوننى تەنھا ـ ھىمايىسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ ، ئەمما شۇ يەردىكى جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى ھېچبولمىغاندا

ئايرىم بىر قىسىم رايونلاردا بىر مەزگىل ئۆز ھوقۇقىنى ئوكۇشلۇق يۈرگۈ-
زۈپ كەلگەن . مىلادىيە 781 ـ يىلى ئۇلار تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن يار-
دەم تەلەپ قىلغان . ئەمما ، ئوردا ئۇلارغا پەقەت قۇرۇق ئەمەل بېرىش ۋە
ئەمەلدارلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ماختاشتىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ياردەم
بەرمىگەن . مىلادىيە 784 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك
ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشنى
ئويلاشقان . ئاقىۋەت ، مىلادىيە 791 ـ يىلىدىن باشلاپ تىبەتلەر تۇرپان ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ، جۇڭگو تۈركىس-
تانىنىڭ ياكى ئەينى چاغدا جۇڭگولۇقلار « تۆت قورغان » دەپ ئاتايدىغان
كۇچار ، خوتەن ، قاراشەھەر ۋە قەشقەرگە تەۋە رايونلارنىڭ خەۋىرى
بولمىدى ، دەپ ئېنىق ئېيتىلغان .

تەلىيىمگە ئىبادەتخانىدىكى سارايىنىڭ شىمالىي بۆلۈكىدىكى ھەي-
كەلگە يېقىن تامغا ئويۇلغان خەنزۇچە خەتنى بايقىدىم . بۇ تىبەتلەرگە
ئالاقىدار قېزىلمىلارنى يۇقىرىدا مەن بايان قىلىپ ئۆتكەن خەنزۇچە تارى-
خىي خاتىرىلەردىكى ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ تەكشۈرۈش كېرەكلىكىنى
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرەتتى . پروفېسسور شاۋان مەن
سۈرەتكە تارتىۋالغان بۇ قوپال ۋە رەتسىز ئويۇلغان خەتلەرنىڭ ئىچىدىكى
تونىغىلى بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتى . ئۇنىڭدا جۇڭگو-
نىڭ شۇ رايوننىڭ نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى چىن جـ
ياشىڭ ئۆز دوستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نەچچە ھەربىي ئەمەلدارنىڭ
قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ
كەلگەنلىكى يېزىلغان . ئۇنىڭدا ئىككى قېتىم « دافەن » ( تىبەت ) ۋە
« تۆت قورغان » تىلغا ئېلىنغان . ئېنىق يېزىلغان يىل دەۋرى مەلۇم يىل-
نامىنىڭ 7 ـ يىلى بولۇپ ، بىرىنچى خەت ئېنىق يېزىلمىغاچقا ، ئۇنىڭ
« كەييۈەن » ياكى « جېنيۈەن » يىلنامىسى ، يەنى مىلادىيە 719 ـ يىلى
ياكى مىلادىيە 791 ـ يىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى .

بىزنىڭ ھازىرقى سەۋىيىمىز بىلەن بۇ ئىككى يىلنامىنىڭ قايسىسى-
نىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ناھايىتى قىيىنغا توختايتتى .

791 ـ يىلى بىلەن تارىخي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن جۇڭگونىڭ بۇ يەر-
دىكى ھۆكۈمران كۈچلىرىنىڭ گۇمران بولغان دەۋرى ناھايىتىمۇ ماس
كېلەتتى . دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى يىل دەۋرى 790 ـ يىلىغىچە خاتىرىلەنگەچكە ، ئۇمۇ بىزنىڭ يۇ-
قىرىقى كۆز قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيتتى . بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 719 ـ يىلى
ئىككەنلىككە ئائىت ئەمەلىي پاكىتلارغا مۇشۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىس يارماق ، شۇنداقلا ئەندەرە ئىبادەتخانىسىدىكى
ھەيكەلنىڭ قالدۇقىنى تىلغا ئېلىشقا بولاتتى . مېنىڭ قارىشىمچە ، ئۇلار قې-
زىلمىلاردىنمۇ قەدىمىيدەك قىلاتتى . لېكىن ، شۇنى كۆزدە تۇتۇش كې-
رەككى ، تامدىكى شالاڭ ۋە رەتسىز خەنزۇچە سۆزلۈكلەر ۋە شۇ يەردىكى
ئىبادەتخانىغا تەقدىم قىلغان ھەر خىل قولىيازمىلار ئىبادەتخانا تاشلىنىپ
قېلىشتىن خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئويۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .
كۆلرەڭ لاي بىلەن سۇۋالغان سارايىنىڭ تېمى قوپال ھەم ئاجىز بولۇپ ،
رېمونت قىلىپ تۇرمىسا ئۇزاققا چىدىمايتتى . تاملار رېمونت قىلىنىپ
سۇۋالغاندىن كېيىن ، تاۋاپچىلار ئويۇپ قويغان خەت ئىزنىڭ ئۆچۈپ
كېتىشى ئېنىق ئىدى . شۇڭا ، بۇ يەردىن تېپىلغان تىبەت يېزىقى ۋە باشقا
يېزىقلاردىكى قولىيازمىلار پەرىزىمچە ئەڭ بۇرۇن دېگەندىمۇ 8 ـ ئەسىرنىڭ
كېيىنكى يېرىمىدا يېزىلغان . بۇنداق پەرەز تىبەت يېزىقىدا ناھايىتى رەتسىز
يېزىلغان ھەم تېخى تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ بولمىغان سۆزلۈكلەرگىمۇ
توغرا كېلىدۇ .

ھەربىر ھەيكەل جايلاشقان تەگلىكنىڭ ئالدىدا تۆۋەن دەرىجىلىك
ھەدىيە بۇيۇمى ھېسابلىنىدىغان ، توقۇلما رەختلەردىن ياسالغان نۇرغۇن
تۇغلار تارقاق قادالغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەپىس توقۇلغان
جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى ، گۈللۈك پاختا رەختلىرى ۋە شۆەنزاڭنىڭ خوتەن
توغرىسىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان ، ھېلىھەم يەرلىك كىشى-
لەر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئاددىي خام قاتارلىقلار بار ئىدى . بۇنداق ھەر
خىل توقۇلما بۇيۇملار ماگا ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى ۋە پۈتۈن
جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئۇلۇغ مازارلارغا كىرىش ئېغىزىدا كۆزگە چېلى-

قىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە كىچىك تۇغلارنى ئەسلەتتى. ئىسلام دىنى بۇددىزم دەۋرىدىن قالغان ھەدىيە قىلىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى كۆپ ئۆزگەرتىۋېتەلمىگەچكە، بۇ ئارخېئولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قەدىمكى توقۇلما بۇيۇملارنىڭ نەمۇنىسى بىزگىچە ساقلىنىپ قالغانىدى. كېيىنكى بىر نەچچە كۈن قورۇق تام ئىچىدىكى قۇملىرى تازىلىنىپ چىقىرىۋېتىلگەن ئىمارەتلەردە ئىشلەش بىلەن ئۆتتى. قېزىش خىزمىتى داۋامىدا ئىمارەتلەرنىڭ سېلىنىش ئۇسۇلىغا ئائىت قىممەتلىك سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشتىم. لېكىن، تاشلىۋېتىلگەن بۇ پۈتۈن كەنتنىڭ ئەسلىدە نېمە مەقسەتتە سېلىنغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كېسەك ئۆيىنىڭ بىر قىسمى قۇم ئۇستىگە چىقىپ قالغان بولۇپ، ئۈچ تەرىپى مۇستەھكەم تام بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بىر ئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 100 كۋادرات فۇتتىن ئاشاتتى. ئۆيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كوللېكتىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما، ئىچىدە بىر نەچچە تام مەشتىن بۆلەك ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. قېلىن قورۇق تاملار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ ئۆيلەر باياشات راھىبلارنىڭ تۇرالغۇسىمىدۇ ياكى ئىچىدە ئىبادەتخانىسى بار چېگرا مۇداپىئە قورغىنىمىدۇ؟

ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ياغاچ ۋە كۆلرەڭ توپا بىلەن قوپۇرۇلغان بىر قاتار ھوجرىلار ئارىسىدا، ئىلگىرى كىچىك ئىبادەتخانا قىلىپ ئىشلىتىلگەندەك كۆرۈنىدىغان بىر كىچىك خانە بار ئىدى. خانىنىڭ بىر تېمىدا بۇتنىڭ سۈرىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ناھايىتى گۈزەل قىلىپ سىزىلغان بىر پارچە تام رەسىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بۇتقا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ھەر خىل ئەرۋاھلارنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى. تامنىڭ يەردىن 5 فۇت ئېگىزلىكتىكى قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، لېكىن ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ رەڭلىرى ۋە ئىزناسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇ كىچىك خانىدىن ئۈستىگە ھىندىستاننىڭ بىزگە تونۇش بولغان پىل باشلىق ئەقىل ـ پاراسەت ئىلاھى گانېشا ( Ganesha ) نىڭ سۈرىتى سىزىلغان بىر پارچە تاختاينى تې-

www.uyghurkitap.com

پىۋالدۇق . ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىدىن ئىككى قەۋەتلىك بىر ئىمارەتنىڭ خارابىسىنى بايقىدۇق . بىراق ، ئىمارەتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى بىر نەچچە ئېغىز ئىشىكى يوق ئۆينىڭ قالدۇقلىرىلا قالغان بولۇپ ، قىش پەسلىدە يەر ئاستى ئامبار قىلىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ناھايىتى كۆركەم ياسالغان بىر تام مەش بار ئىدى .

قورۇق تام ئەسلى ناھايىتى مۇستەھكەم ياسالغان ، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 30 فۇت ، ئېگىزلىكى 17.5 فۇت كېلىدىغان توپا تام بولۇپ ، ھازىر پەقەت جەنۇب تەرەپتىكى تامنىڭ قالدۇقى ، ياندىكى چوڭ بىر دەرۋازا ۋە ئەتراپتا ئۆرۈلۈپ ياتقان تامنىڭ ئىزلىرىلا ساقلىنىپ قالغانىدى . قورۇق تامنىڭ ئۈستىگە ئېگىزلىكى 5.5 فۇت كېلىدىغان كۇنگۈرە ياسالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى سۇپىغا تىزىلغان باغلام ـ باغلام چاتقاللار خۇددى كۇنگۈرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بېسىلغاندەك قىلاتتى . بۇ يەردە قورۇقنىڭ تىبەتلەر ۋە باشقا دۈشمەنلەرنىڭ ھوجۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىسپات يوق . ئەمما ، قورۇق تاملارنىڭ بۇ قەدىمىي خارابىلىقنى قۇملۇقتىكى ئەڭ خەتەرلىك بولغان كۆچمە قۇم ۋە شامالنىڭ يىمىرىشىدىن توسۇپ قالغانلىقى ئېنىق . ۋەيران بولغان قورۇق تامنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالغاندا ، تۆت ئەتراپتىكى ئەسلى يەر يۈزىنىڭ يىمىرىلىش سەۋەبىدىن 10 فۇتچە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . تام ئىچىدە يىغىلىپ قالغان كۆچمە قۇملارنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتەلمىگەچكە ، بۇ خارابىلىق ئۈچۈن بىر مۇھاپىزەت قەۋىتى ھاسىل بولغانىدى .

ئىلگىرى يۈزەكى كۆرۈپ ئۆتكەن بۇددا مۇنارىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، پۈتكۈل رايوندىكى تۇپراقنىڭ يىمىرىلىش دەرىجىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم . ئۆلچەش ئارقىلىق ، مۇنار ئۇلى جايلاشقان يەر يۈزىنىڭ ئەتراپتىكى يەر يۈزىدىن 10 فۇتچە ئېگىز ئىكەنلىكىنى بىلدۇق . مۇنارنىڭ ئۇلى ئاستىدىكى سىرىق توپا قاتلىمى ئۇزۇندىن بېرى يىمىرىلىشتىن ساقلىنىپ كەلگەچكە ، ھازىر ئۇلى مۇنارنى خۇددى كېيىن قوشۇپ ياسالغاندەك ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ ئېگىز كۆر-

ستەتتى . مۇنارنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى كېسەكلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئازراق زېھىن ئىشلىتىپ بۇ « خاتىرە مۇنار » نىڭ ئەسلى كۆلىمىنى ئوڭۇشلۇق ئېنىقلاپ چىقتىم . چاسا شەكىللىك تەگلىك. نىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 23 فۇت ، ئېگىزلىكى 7 فۇت كېلەتتى . مۇنار چوققىسىنىڭ دىئامېتىرى 16 فۇت بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى دىئامې. تىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى . نىيە دەرياسى ساھىلىدىكى مۇنارنىڭ قوش قەۋەتلىك تەگلىكى ۋە بەزى قىسىملىرىنىڭ پەرق قىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنىڭ كۆلىمى مۇشۇ مۇنار بىلەن تەڭ كېلەتتى . ھىندى مۇ. نارىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ دىئامېتىرىنىڭ ئېشىشى ، ئومۇمەن يىل دەۋرىنىڭ سەل كېيىنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلاتتى . شۇڭا ، بۇ ئىككى بۇددا مۇنارىنى سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىنى ئاساسەن مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتى . بۇنداق تەكشۈرۈش شىمالدىكى رايونلارغىمۇ ماس كېلىدىغاندەك قىلاتتى .

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ، بۇ خارابىلىقتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىم ئاياغلىشىپ ، تاڭ سەھەردىن تارتىپ كەچتە چېدىرنىڭ گۈلخانلىرى يې. قىلغۇچە جاپالىق ئىشلىگەن ئىشلەمچىلەرگە تەشەككۈر ئېيتتىم . بۇ خارا. بىلىقتىن تېپىلغان قىممەتلىك قېزىلمىلار جۇڭگونىڭ تەسىر كۆچى ھىند. دىستاننىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن رايوننىڭ چېگرا سىزىقىغا كېلىپ قالغانلى. قىمنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى . ئەگەر يەنە شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرسەم ، ئەسلى مەن پىلانلىغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان دائىرىدىن چەتلەپ كېتەتتىم . يەنە بىر تەرەپتىن ، قالغان ۋاقتىمدا خوتەن ۋە كېرىيىنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىقنى تەكشۈرۈشنى پىلانلىغاچقا ، ۋاق. تىممۇ يېتىشمەيدىغاندەك قىلاتتى ، شۇڭا نائىلاج غەربكە قاراپ يول ئالدىم . مەن غەربكە قىلغان بۇ سەپىرىم ياۋروپاغا قايتىپ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان كۆرۈشمىگەن قېرىنداشلىرىم بىلەن دىدارلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ ، دەپ ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# قارادۆڭ خارابىلىكىدىكى تەكشۈرۈش

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ، بىز ئەندەرە خارابىلىكىدىن ئايرىلىپ ،
تېز سۈرئەت بىلەن نىيىگە قايتتۇق . خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمالىدىن 10
مىل كېلىدىغان جايدىكى دەرياغا كەلگىنىمىزدە ، بىر نەچچە كۈندىن بۇ-
يانقى ئىللىق قۇياش نۇرىدا دەريانىڭ تېيىزرەك قىسمىدىكى مۇز قاتلىمى
ئېرىپ بولغان بولۇپ ، 15 يارد كەڭلىكتىكى غول ئېقىندا تۇتقان مۇز يەنىلا
خېلى ئېغىر يۈكنى بىمالال كۆتۈرەلەيتتى . تۆگە كارۋىنىم نۆۋەت بىلەن
دەريادىن بىخەتەر ئۆتۈپ ، يارتوڭگۇز دەرياسىغا بېرىشتا كېسىپ ئۆتىدى-
غان بىپايان چۆللۈكتە ئىشلىتىش ئۈچۈن سۇ باكلىرىغا لىق سۇ قاچىلى-
غاندىن كېيىن ، ئەندەرە دەرياسىنىڭ بىر كونا قىنىنى بويلاپ جەنۇبقا
قاراپ مېڭىپ ، ئۇزۇنلۇقى 10 مىل كېلىدىغان بۈك ـ باراقسان توغراقلىقنى
كېسىپ ئۆتۈپ ، قاش قارايغاندا توققۇز كۆل ( Tokuz—köl ) دىكى پا-
دىچىلار تاشلاپ كەتكەن كەپىگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەر گەرچە « توققۇز
كۆل » دەپ ئاتالسىمۇ ، بىر تامچىمۇ سۇ كۆرگىلى بولمايتتى .

27 ـ كۈنى سەھەردە ، ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ قومۇش بى-
لەن قاپلانغان بىر پارچە تۈزلەڭلىكنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، چۆل ـ
جەزىرىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىزنالىرى بىردەمدىلا غايىب بولدى . كۈئېنلۈن
تېغىنىڭ سەھەردىكى كۆرۈنۈشى بۇ يەرنىڭ مەنزىرىلىرىدىكى ئەڭ چوڭ
ئۆزگىرىش بولۇپ ، تاغ تىزمىلىرى بۇ يەردىن 60 ~ 80 مىل يىراقلىقتا
بولسىمۇ ، لېكىن مۇز بىلەن قاپلىنىپ چوقچىيىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىنى
ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . تەلىيىمىزگە ھېلىمۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەكشى-
لىك خەرىتىسىنى ۋاقتىدا سىزىپ چىقىپتۇق . چۈنكى ، چۈشتىن كېيىن

بىز كېرىيە ـ چەرچەن چوڭ يولىغا چۈشكىنىمىزدە ، شىمالدىن چىققان
كۈچلۈك بوراننىڭ قۇم ـ توپىلارنى كۆككە سورۇشى بىلەن تاغ تىزمى-
سىنىڭ مەنزىرىسى گوياكى بىر كۆلەڭگىدەكلا ھەش ـ پەش دېگۈچە
كۆزدىن غايىب بولدى . ماڭا يول باشلىغۇچى بولغان ئەندەرلىك پادىچىنى
مۇشۇ يەردە ئىشتىن بوشىتىپ ، باللىرىغا ئازراق ئاددىي سوۋغات بەردىم .
مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ ساغلام ئۆسكەن ئىككى ئوغلىنى يول بويىدا ئۇچرات-
قىنىمدا ، ئات ئۈستىگە ئارتىلغان خۇرجۇندا ئازراق شاكىلاتتىن باشقا
ھېچنەرسە يوق ئىدى . دەسلىپىدە ئۇلار شاكىلاتنى يېيىشكە جۈرئەت
قىلالمىدى . مەن كىچىككە بىر نەچچە تال تاشلاپ بېرىپ ئۇلگە كۆر-
سەتكەندىن كېيىن ، ئۇلار ئاندىن خۇشاللىق بىلەن بىر نەچچە تال يې-
يىشكەندى . بۇ قېتىم يۈك ـ تاقلار ئارىسىدىن ئېلىپ بەرگەن رۇسىيە
كەمپىتىنى ئۇلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم .

چەرچەنگە بارىدىغان چوڭ يولغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئىل-
گىرى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە بارىدىغان بۇ مۇھىم ئۆتكەلنىڭ
بۈگۈنگە كەلگەندە ئادەملەر شالاڭ بىر كىچىك يولغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى
ھېس قىلدىم . شۇ كۈنى يەنە خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى .
مەن ئاتلىق ھالدا غەربىي جەنۇبقا قاراپ قاتتىق شىغىل ۋە قۇم بارخانلى-
رىدىن باشقا ھېچقانداق ئۆسۈملۈك يوق بۇ يولدا توختىماي 20 مىل ماڭ-
غاندىن كېيىن ، ياقا توغراق ( Yoke—toghrak ) قا يېتىپ كەلدىم . بۇ
جايدىكى كىچىك بىر پارچە يەردىن ئاران دېگەندە ئوت قالاشقا بولىدىغان
يۇلغۇن ۋە توغراق ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 6 فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇق-
تىن تۇزلۇق سۇ تېپىلدى . تۆگە كارۋىنىم يېرىم كېچە بىلەن يېتىپ كې-
لىپ ، سەھەرگە يېقىن غىزالىنىپ بولدى . ئەتىسى تېزلا يار توڭگۇز دەر-
ياسىغا يېتىپ كېلىپ ، ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ھوزۇرلىنىپ ئارام ئېلىشى-
لىشتى . شۇ كۈنى سەپەر ئۈستىدە سادىق ئاتباقارىم تىللاباي بىلەن ئۇچ-
رىشىپ ، ئۇ ماڭا ئېلىپ كەلگەن پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن نەرسىلەرنى ۋە
خوتەندە قالدۇرۇپ كەتكەن لازىمەتلىكلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىنتايىن
خۇشال بولدۇم . « ئۆيدىن كەلگەن خەت »نى پوچتا خالتىسىدا تاپشۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئېلىش ھەر ۋاقىت كۆڭۈللۈك ئىش ھېسابلىناتتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كېلىشى مېنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى . بۇ قېتىممۇ مەن يول بويىدىلا ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا كىرىشتىم . ئۈچ ئاي بۇرۇنقى « دەۋر ھەپتىلىك گېزىتى » نى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، ئىراقتىكى غەرب ۋە شەرقنىڭ ھەر خىل ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردا بولدۇم .

ئىككى كۈنلۈك ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن ، يەنە نىيىگە قايتىپ كەلدىم . كىچىك كۆل ۋە ساسلىقنى بېسىپ ئۆتۈۋاتقىنىمدا ، خۇشال روھىي كەيپىياتقا چۆمدۈم . بۇلاق سۈيى قۇياش نۇرى تەپتىدە مۇزلىرى ئەمدىلا ئېرىگەن ئېرىقنى بويلاپ شىلدىرلاپ ئېقىپ ، قۇمۇش ئۆسۈپ كەتكەن تۇزلۇق كۆلگە قۇيۇلاتتى . بۇلاق سۈيىنىڭ قۇيۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان شىتالا ( Shitala ) دەرياسى بويىدا ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختىدىم . بۇ يەردىن باشلانغان تۇتاش كەتكەن ئورمانلىق نىيە دەرياسىغا بىر نەچچە مىل كېلىدىغان جايغىچە سوزۇلاتتى . خۇددى خوتەننىڭ شەرقىدىكى قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىغان بارلىق دەريالارغا ئوخشاش ، نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىمۇ قۇم ئېدىرلىرىدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى ئېگىز قۇم تىزمىلىرى بار ئىدى . بىز بىر نەچچە تال تۆۋرۈككە قوتاز قۇيرۇقى ۋە لەپىلدەپ تۇرغان لاتا ـ پۇرۇچلار ئېسىلغان شىتالا پادىشاھىم ( Shitala Padshahim ) مازىرىنىڭ يېنىدىن نىيە دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، كۆپلىگەن ساسلىقلارنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ ، قاش قارايغاندا خۇددى مەدەنىيەتلىك دۇنياغا قايتىپ كەلگەندەك بىر كىچىك بوستانلىققا كىرىپ كەلدۇق . 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى نىيەدىن يولغا چىققاندىن بۇيان ، ئېلىپىس شەكىللىك ئۇزۇن لىنىيىنى ئايلىنىپ چىقتىم . مېنزولا بىلەن تەكشىلىك خەرىتىسىگە خاتىرىلەپ قالدۇرغان بېسىپ ئۆتكەن مۇساپەمىزنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنىڭ ئورنىنى ئەمەلىي ئارىلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، مېردىئاننىڭ خاتالىق پەرقى ئاران 0.75 مىل ، پاراللېلنىڭ 1 مىلدىن ئارتۇقراق بولۇپ چىقتى .

تۆگە كارۋىنىمنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ، ئىككى كۈندىلا نىيەدىن كېرىيىگىچە بولغان 20 مىل كېلىدىغان مۇساپىنى بېسىپ بولدۇم . كېرىيىگە

كېلىپلا دەرھال دوكلات ۋە خەت يېزىشقا ھەممە يۈك ـ تاقلىرىمنى قايتا رەتلەشكە كىرىشتىم. ھاۋا ناھايىتى تېزلا ئىللىپ قالغاچقا، يىراقتىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان قەدىمىي خارابىلىكنى تەكشۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن كېلەڭسىز قىشلىق كىيىملەرنى قالدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇندىن باشقا خارابىلىكنى قېزىش ئۈچۈن ئىشلەمچىلەرنى تېپىشىم، ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارغا ئوزۇقلۇق ۋە يەم ـ خەشەكلەرنى تەييارلىشىم كېرەك ئىدى. ئىككى كۈن ئىچىدە ئىبراھىم دورغا ئىككىمىز ئارام ئېلىشقا ئازراقمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدۇق.

خۇش پېئىل ئامبال خۇاڭ دالۇي مەن يېتىپ كەلگەن كۈنىڭ ئەتىسى دېلو تەكشۈرۈشنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يىراقتىن قىلغان ياردىمىگە تەشەككۈرۈمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن زاپاس نەرسە ـ كېرەكلەر ئىچىدىن ئامال بار ئەڭ ياخشى كونسېرۋا ۋە يېمەكلىكلەرنى تاللاپ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدىم. ھەر بىر سوۋغات ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ نەرسىلەرنى، جۈملىدىن يەم ـ خەشەك، قوي قاتارلىقلارنى جاۋابەن سوۋغات سۈپىتىدە ماڭا ئىنئام قىلدى. مەن ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا، ئامبال زىيارەتكە كەلدى. مەن تارشا پۈتۈك قاتارلىقلار بىلەن ئۇنىڭ مەن تاپقان قېزىلمىلارغا بولغان قىزىقىشىنى قانائەتلەندۈردۈم. خۇددى تەربىيە كۆرگەن بارلىق جۇڭگولۇقلار تارىخىي بىلىملەرنى بىلگەندەك، ئۇ دەرھاللا تاختاينى يېزىق قورالى قىلغان دەۋر بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە قەغەز ئىجاد قىلىنىشتىن ئاۋۋال بامبۇكنى يېزىق قورالى قىلىپ ئىشلەتكەن دەۋرنىڭ يېقىن كېلىدىغانلىقىغا توغرا ھۆكۈم قىلدى. مېنى لىق ئالتۇن قاچىلانغان بىر ساندۇق تېپىۋاپتۇ، دېگەندەك تۇترۇقسىز پىتنە ـ ئىغۋالار پۈتۈن بازارغا، ھەتتا خوتەن ۋە ئۇنىڭ نېرىسىغىچە تارىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن، مەن خۇاڭ دالۇينىڭ مەن تاپماقچى بولغان ۋە تاپقان نەرسىلەرگە قارىتا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا، بىز ئۆزئارا ئىشەنچ بىلەن دوستانە كەيپىياتتا قايتا خوشلاشتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامبالغا كۆپ رەھمەت ! مەن ئۇنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلىشى بىلەن 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كېرىيىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 150 مىل كېلىدىغان جايدىكى قۇملۇققا جايلاشقان كېيىنكى تەكشۈرۈش نىشانىم قارا دۆڭ ( Karadöng ) گە يۈرۈپ كەتتىم . ئۇ يەرنى 1896 ـ يىلى دوكتور ھېدىن ئەھمىيەتلىك سەپىرىدە قىسقىغىنا زىيارەت قىلىپ ئۆتكەن . ئىلگىرى مۇشۇ يەرگە ئىككى قېتىم « گۆھەر ئىزدەش » ئۈچۈن كەلگەن تۇردىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ، ئۇ ئاق تىكەن دەپ ئاتىغان بۇ « قەدىمىي شەھەر » دە يادىكارلىقلارنىڭ ناھايىتى كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم . شۇنداقتىمۇ ، بۇ خارابىلىكنى ئۆزۈمنىڭ بىر تەكشۈرۈپ چىقىش مەجبۇرىيىتىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم . ئارىلىق يىراق بولغاچقا ، يولدا ئىسراپ بولغان ۋاقىتنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سۈرئەتنى تېزلەتتىم .

يۇك ـ تاقلارنىڭ بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويغاچقا ۋە يېڭى ئۇلاغلارنى كىرا قىلغاچقا ، تۆگىلەرنىڭ يۈكى خېلى يېنىكلەپ قالغانىدى . شۇڭا ، بىز سۈرئەتنى تېخىمۇ تېزلىتىپ ، ئۈچ كۈندىلا ئالدىنقى قېتىم دەندان ئۆيلۈككە كەلگەندە بېسىپ ئۆتكەن كېرىيە دەرياسى بويىدىكى ساھىلغا يېتىپ كەلدۇق . دەريا بويى ئىككى ئاي ئىلگىرىكىدەك يەنىلا قاقاس ھەم جىمجىت ئىدى ، ئەمما ئىلگىرى دەريانىڭ بەزى جايلىرىدىكى پارقىراپ تۇرىدىغان نېپىز مۇز ۋە كېرىيىنىڭ ئەتراپىدىكى ساسلىقلاردا تۇتقان مۇز قەۋىتى ئېرىپ ، ئەتىيازلىق قارا سۇ ( Kara—su ) تاشقىنىنى ھاسىل قىلغانىدى . تاغدىكى قارلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللىنىدىغان ئاق سۇ ( Ak—su ) تاشقىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تېخى بىر نەچچە ئاي بار ئىدى . بۇرھانىددىن ( Burhanuddin ) مازىرىغا يېتىپ كېلىشىم بىلەن ، ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە بەرگەن يۇقىرى ئىش ھەققىنى ئېسىدە ئېنىق ساقلاپ كەلگەن « شەيخ » لەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدۇم . ئۇ يەردە مەسچىت ئىچىدىكى پىشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئالدىراش يېزىقچىلىق قىلىش بىلەن ۋاقتىم ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى . تۆگە كارۋىنىمغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئايرىلغىنىمدا ، بۇ يەردىكى باي ، مېھرىبان ۋە خۇشخۇي غازى شەيخ مېنى ئۇزىتىپ قويىمەن دەپ چىڭ تۇ-

رۇۋالدى . شۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ دەريا بويىدا ئاز دېگەن-
دىمۇ مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قويى بار بولۇپ ، ئۇ بۇ كىچىك چارۋىچىلىق
مەيدانىدىكى ھەر بىر پادىچىنىڭ ئىسمىنى ۋە ھەر بىر ئوتلاقنىڭ نامىنى
پىششىق بىلىدىكەن . شۇڭا ، دورغا ناھايىتى ئاسانلا پادىچىلاردىن بىر
نەچچىنى تاللاپ كېرىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىشلەمچىلەر سىپىگە سەپ-
لىدى . ئۇلار مەن بىلەن بىرگە بېرىشقا رازىمەنلىك بىلەن قوشۇلدى .
قوچقار ئوغۇل ( Kochkar—oghil ) دىن تۆۋەنگە قاراپ بېسىپ
ئۆتكەن ئۈچ كۈنلۈك سەپەر ماڭا ناتونۇش بولسىمۇ ، ۋاقىت مەنزىرىلەر-
دىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھوزۇرلىنىشىمغا يەر بەرمەيتتى . شۇڭا ، پەقەت يۇ-
زەكى كۆرۈپلا ئۆتۈپ كەتتىم . تار ھەم چوڭقۇر دەريا قىنىدىن ئېقىپ
چۈشكەن دەريا سۈيى ئەگىملەردىن ئۆتۈپ ، ئاندىن كېڭىيەتتى . گەرچە
دەريانىڭ ھازىرقى ئەمەلىي كەڭلىكى پەقەت 80 ~ 100 يارد كەلسىمۇ ، ئۇ-
نىڭ ئەتراپىدىكى ئىزلاردىن ياز پەسلىدە كەلكۈن كەلگەندە كەڭلىكىنىڭ
يېرىم مىلغا يېتىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دەريانىڭ ئىككى
قاسنىقىدىكى قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن ئورمانلىق كۆلىمىنىڭ
چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، لېكىن ئېگىز ئۆسكەن توغراقلار
ۋە باراقسان قۇمۇشلۇقلار سۇنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
تۇراتتى .
3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، بىز يوغان قۇم ( Yoghan—kum ) دەپ
ئاتىلىدىغان ، ئوتتۇرىسىدىن دەريا كېسىپ ئۆتكەن ئېگىز بىر قۇم داۋان-
دىن ئۆتتۇق . قۇم داۋان توغرىسىغا سوزۇلغان بولۇپ ، دەريانىڭ قارشى
تەرىپىدىكى شەرقىي قىرغاققىچە داۋاملىشاتتى . بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش بى-
لەنلا دەريا سۈيى يەنە كەڭرى دەريا قىنىدا ئەركىن ئاقاتتى . يوغان قۇم-
نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ، خۇددى قول بارماقلىرىدەك ئوخشاش بولمىغان يۆ-
نىلىشكە قاراپ سوزۇلغان ئۈچ دەريا قىنىنى كۆردۇم . بىز خۇددى شامالدا
يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلىقلاردىكى پىشىپ كەتكەن بۇغدايلاردەك قۇرۇپ
سارغىيىپ كەتكەن قۇمۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى كەڭرى ھەم تەكشى دەريا
قىنىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق . قۇرۇپ كەتكەن بۇ دەريا قىنى تۆۋەن

www.uyghurkitap.com

تەرەپتىكى توڭگۇز باستى ( Tonguz—baste ) دەپ ئاتىلىدىغان چارۋىچىلىق ئورنىغا يېقىن جايدا ھەقىقىي دەريا ئېقىنى بىلەن ئۇچرىشاتتى. غازى شەيخنىڭ قويلىرى دەل مۇشۇ يەردە بېقىلىۋاتقاچقا، شۇ كۈنى كەچتە بىز قوي گۆشى ۋە سۈت بىلەن مېھمان بولدۇق. بۇ يەردە ئويمان يەرگە ھازىرقى دەريا ئېقىنىنىڭ قۇيۇلۇشى بىلەن سۈپسۈزۈك كۆل ھاسىل بولغانىدى. ئادەتتە نەچچە يۈزلىگەن ياۋا ئۆردەكلەر بۇ يەرگە كېلىپ، كۆل يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. چېدىرىم كۆل بويىدىن 200 يارد يىراقلىقتا تىكىلگەن بولۇپ، قارىماققا ياۋا ئۆردەكلەرگە تەسىر يەتكۈزمىگەنىدى. جىمجىت ۋە بىپايان چۆللۈكتە چېدىرىدىن ئۆتكەن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازلىرى ماڭا يات تۇيۇلاتتى.

دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ خاتىرىسىدىن مەن بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغان قۇملۇقتىكى بۇ خارابىلىكنىڭ توڭگۇز باستىنىڭ غەربىي شىمالىدىن بىر كۈنلۈك يول ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بىزگە يول باشلىماقچى بولغان تەجرىبىلىك پادىچى موللا شاھ كەچتە ئاران يېتىپ كەلدى. ئۇ دەسلەپتە يولنى بىلمەيمەن دەپ تۇرىۋالدى، كېيىن ئۆزىنىڭ قارا دۆڭگە ئىككى قېتىم بارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن شوخ، مەرگەن پادىچى يىگىت مۇھەممەد شاھ ئىلگىرى قارا دۆڭگە بېرىپ باققان بولۇپ، ئۇستازى موللا شاھقا ياردەملىشىپ يول باشلاشقا كەلگەن، بۇ ۋەزىپە ئۇنچە ئاددىي ئەمەس ئىدى. سەھەر تۇمانلىق بولۇپ، سۇ باكلىرىمىغا لىق سۇ قاچىلاپ، ۋاقتىنچە ئېھتىياجىمىز چۈشمىگەن نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن قويۇپ قويۇۋاتقىنىمىزدا، بىرىنچى پەسىللىك كۈچلۈك شىمال شامىلى چىقىپ كەتتى. بىز بىر يولنى بويلاپ ئۇدۇل شىمالغا 7 مىل مېڭىپ، كەلكۈندە شەكىللەنگەن تولداما ( Toldama ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك كۆلنىڭ بويىدا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەڭ غەربتىكى كونا دەريا قىنىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يول باشلىغۇچىمىز ئۇدۇل غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قۇم تۇزانلىرى ئىچىدە بىز ناھايىتى ئۇزۇن بىر بۆلەك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئەمما، ھازىر ئاستا ــ ئاستا كۈچىيىشكە باشلىغان بوران

يەر ـ جاھاننى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەچكە ، 100 يارد ئارىلىقنى پەرق ئېتىشمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى . شۇنداقتىمۇ موللا شاھ ۋە ئۇنىڭ ياش شاگىرتى يەنىلا ئىشەنچ بىلەن ىزنى باشلاپ ماڭدى . تۇتاش كەتكەن قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى تەسلىكتە بىر سائەت يۈرگەندىن كېيىن ، يول باشلىغۇچى بىزگە يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان قۇم بارخانلىرى تۈپىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىمىزنى ، خارابىلىكنىڭ ئەنە شۇ قۇم بارخانلىرى-نىڭ نامى بىلەن « قارا دۆڭ » دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . لېكىن ، چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدا ئۇلار توغرا يۆنىلىشنى ئېنىق پەرق ئې-تەلمىگەچكە ، ئۇلارنى ئالدىن ماڭدۇرۇۋېتىپ ، قالغانلىرىمىز يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان بىر قۇم بارخانىنىڭ دالدىسىدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇردۇق . يېرىم سائەتتىن كېيىن ، مۇھەممەد شاھ خارابىلىكنىڭ دەل بىز تۇرغان يەرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يىراق بولمىغان جايدا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بىر پارچە ساپال سۇنۇقىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىز شامال كۈچى پەسەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە 2.5 مىل يۈرۈپ ، ئېگىز كەتكەن قۇم بارخانلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ خارابىلىككە يېتىپ كەلدۇق .

قارا دۆڭ خارابىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پاراللېل تۆت تەرەپ-لىك شەكىلدە كەلگەن ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23.5 فۇت كېلىدى-غان قورۇق تامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ياغاچتىن ياسالغان بىر قاتار ئۆيلەر بار ئىدى . ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن 20 فۇت ئې-گىزلىكتىكى ئىككى قۇم بارخانى بۇ پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكلىدىكى خارابىلىكنى ئىچىدىن كېسىپ ئۆتكەنىدى . مەن قېلىن قۇم ئاستىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ۋەيرانە ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچلىرىنى پەرق ئەت-تىم . شامالنىڭ يېمىرىشى بىلەن قورۇق تام ئۈستىدىكى ئۆيلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەتكەچكە ، تامنىڭ دائىرىسىنى پەرق ئېتىش ناھايىتى قى-يىن ئىدى . پەقەت ساپال ، ئەينەك ، مېتال ، كىگىز پارچىلىرى ھەمدە باشقا ئۇششاق كېرەكسىز نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئەسلى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى .

مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا خارابىلىكقا يېتىپ كېلىشىمىز ماگا شۇەنزاڭنىڭ قۇمغا كۆمۈلگەن ھولولوكيا ( Ho—lo—lo—kia ) شەھىرى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئەسلەتتى . بۇ شۇەنزاڭ پىمو ( Pi—mo ) دا ئاڭلىغان رىۋايەت ئىدى . ھولولوكيا خوتەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىپايان چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بىر ئارخات زىيارەتكە كەلگەندە پادىشاھ بىھۆرمەتلىك قىلىپ چىشىغا تېگىپ قويغان ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھقا بالا ــ قازا كېلىپ ، بىر مەھەل قۇم يېغىپ بۇ قەدىمىي شەھەرنى كۆمۈۋەتكەنىكەن . ئارخات بولسا يەتتە كۈندىن كېيىن بۇ شەھەر گۇمران بولىدۇ دەپ ئالدىن بىشارەت بەرگەنىكەن . يەققەت بىرلا ئىخلاسمەن مۆرىت ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ، يەر ئاستى يولى بىلەن پىمو شەھىرىگە قېچىپ كەتكەنىكەن . شۇەنزاڭ نوم ئەكەلگۈچە مۇنداق دېگەن : « يەتتىنچى كۈنى كەچتە قۇم ــ توپىلار يېغىپ ، شەھەرنى قاپلاپتۇ . ھازىر ھولولوكيا بىر قۇم ئىدىرلىقىغا ئايلانغان . ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى ۋە بەگلەر كۆپ قېتىم بۇ يەرگە كۆمۈلۈپ قالغان بايلىقلارنى قېزىپ ئەكەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ، بۇ يەرنىڭ چېگرىسىغا يېقىنلىشىش بىلەنلا قاتتىق بوران چىقىپ ، قارا بۇلۇت ئاسماننى قاپلاپتۇ . ئۇلار نىشاننى يوقىتىپ يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ . »

مەن قارا دۆڭگە شۇەنزاڭ ھەزرەت تىلغا ئالغان ئەتراپتىكى « بەگ » لەردەك بايلىق ئىزدەش ئۈچۈن كەلمىگەنىدىم ، شۇنداقلا دەسلەپتە كېلىشىمىزگىلا چىققان بوران بىلەن يولدىن ئادىشىپمۇ قالمىدۇق . لېكىن ، تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا ، نەتىجە رىۋايەتتىكىدىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، مەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئاشۇ خارابىلىكتىن سىرىت ، ئەتراپتىن باشقا ھېچقانداق خارابىلىك تاپالمايدىغانلىقىمىزغا ئىشەندىم . بۇ يەردە ھەتتا ساپال پارچىلىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى كىچىك دائىرىگىلا تارقالغانىدى . يەرلىك كىشىلەر بۇ خارابىلىكنىمۇ « قەدىمىي شەھەر » دەپ ئاتىشىدۇ . چۈنكى ، پۈتۈن رايوندا ھەر قانداق قەدىمىي خارابىلىك ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلىدۇ .

بۇ تۆت چاسا قورۇنىڭ ئىچىدىكى خارابىنىڭ قاتلاملىرىنى قېزىش
ئۈچۈن ، بۇ كىچىك قېزىش ئەترىتىم ئىككى كۈن جاپالىق ئەجىر قىلدى .
لېكىن ، نەتىجىمىز ناھايىتى ئاز ئىدى . قۇم دۆۋىلىرى بېسىۋېلىشتىن ئىلـ
گىرى بۇ ئىمارەتلەر ئۇزۇن مەزگىل شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچراپ ، تامـ
لىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، ياغاچ جاھازىلىرىمۇ چىرىپ پارچە – پارچە
بولۇپ كەتكەنىدى . ئەمما ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ ،
ئۇنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولاتتى .
ئىمارەتلەرگە ۋە قورۇق تاملارنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئىشلىتىلگەن ياـ
غاچلارنىڭ ئارىسىدا توغراق ياغىچىنىلا ئۇچراتقىلى بولاتتى . قۇملۇققا ئېـ
قىپ كىرىدىغان دەريا ئېقىنىنىڭ بويىدىكى بارلىق ئورمانلىقلاردا يېتەرلىك
توغراق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەگرى – بۈگرى غولى ئاق تېرەك ،
جىگدە دەرىخى ۋە باشقا تېرىلغۇ يەرلەرگە تىكىلىدىغان دەرەخلەردەك ئەلا
سۈپەتلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا ئوخشىمايتتى . دەندان ئۆيلۈك ۋە ئىـ
مام جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدىكى خارابىلىكلەردە پەـ
قەت كېيىن تىلغا ئالغان ياغاچ ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەچكە ، ئىمارەتلەر
قارا دۆڭدىكىگە قارىغاندا خېلىلا پارقىراق ۋە كۆركەم ئىدى . خارابىـ
لىكلاردىكى قۇرۇپ كەتكەن جىگدە دەرەخلىرى ۋە باشقا تىكىلگەن دەـ
رەخلەرنىڭ غوللىرى ئېنىق ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەنىدى . ئەمما ،
قارا دۆڭنىڭ ئەتراپىدا ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى . قۇم بارخانلىرى
ئۈستىدە تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاخشال دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ
بولسىمۇ ، ھەممىسىلا شەرق تەرەپتىكى بىر نەچچە مىل يىراقلىققا جايلاشـ
قان ھازىرقى دەريا قىنىنى بويلاپ ئۆسكەن باراقسان ئورمانلارغا ئوخشاش
قەدىمىي توغراقلار ئىدى . بۇ ئەھۋاللاردىن مەزكۇر ئىمارەتلەر سېلىنغان
دەۋردە قارا دۆڭ خارابىسىنىڭ ئەتراپىدىكى دائىرىلەردە تېرىلغۇ رايونى
بولمىغان ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى .

نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆيلەر دەريا ئېقىنى ۋە چۆللۈك ئوتتۇرىسىغا
جايلاشقان بۇ تار ھەم ئۇزۇن كەتكەن يەرگە سېلىنغاندۇ ؟ ئۇنىڭ ئورنى
ھەم خارابە قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدە پىلانلانغانلىقىدىن قارىغاندا ، بۇ خارابە

www.uyghurkitap.com

چېگرا قاراۋۇلخانىسى ياكى يول بويىدىكى ساراي بولۇشى مۇمكىن . موغۇل ئەمەلدار ھەم تارىخچى مىرزا ھەيدەر ( Mirza Haidar ) نىڭ قارىشىچە ، كىرىيە دەرياسى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 16 ــ ئەسىردىن باشلاپ تارىم دەرياسىغا قويۇلۇشقا باشلىغان . ھازىرمۇ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەن ئاشۇ قەدىمكى دەريا قىنىنى تېپىش ئانچە تەس ئەمەس . شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، ئەنە شۇ دەريا قەدىمكى دەۋردە خوتەندىن كۇسەن ( كۇچار ) گە ۋە تېخىمۇ يىراقتىكى شەرقىي شىمالغا تۇتىشىدىغان بىر ئۇدۇل يولنى شەكىللەندۈرگەن . قارادۆڭ بولسا تارىم دەرياسى بىلەن خوتەندىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان بوستانلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . بۇ كىچىك قاراۋۇلخانىنىڭ بۇ يەرگە ياسىلىشىدىكى مەقسەت ، يولنى قوغداش ھەمدە شىمالدىن كەلگەن ھوجۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بولسا كېرەك . خارابىنىڭ يىل دەۋرىنى يېقىن ئەتراپتىن تېپىلغان مىس يارماققا قاراپ بېكىتىشكە بولاتتى . بۇ مىس يارماقلار ناھايىتى كونىراپ كەتكەن بولۇپ ، ھەممىسىلا كېيىنكى خەن سۇلالىسىگە تەۋە ئىدى .

بۇ ساراي ياكى قاراۋۇلخانىنىڭ ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغان قىسمى مەن كېيىن قېزىپ چىققان ئۇزۇنلۇقى 22 فۇت كېلىدىغان كۋادرات شەكىللىك ياغاچتىن ياسالغان ناھايىتى چوڭ دەرۋازا كارىدورى بولۇپ ، ئۇ قورۇق تامنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن تېپىلغانىدى . ئۇنىڭ ماڭلاي ياغاچلىرىمۇ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ ، ئۇچى قورۇق تېمىغىچە يېتەتتى . قوش ئىشىك بىلەن ھەم توسۇلغان مەركىزىي دەرۋازا كارىدوردىن باشقا ، ئىككى تەرەپتە خۇددى مەن زىيارەت قىلغان ياموُلنىڭ چوڭ ئىشىكىگە ئوخشاش يان ئىشىك بار ئىدى . ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن 14 فۇت كېلىدىغان پۈتۈن ئىشىك قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ ، ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنى ئاران قېزىپ چىقاردۇق . چوڭ ئىشىكنىڭ ئۈستىدە ئەسلى يەنە بىر قەۋەت ئىمارەت بولۇپ ، ھازىر پەقەت ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ياغاچ تۈۋرۈكلىرى ۋە تامنىڭ قېلىن بىر قەۋەت ئۇللا قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىدىن بىز ناھايىتى ياخشى ساقلانغان ، ئىچىدە ھازىرمۇ كىرىيىدە تېرىلىدىغان ئىككى قاداق تېرىق ، ئاز مىقداردا بۇغداي ،

شال ۋە پۇرچاق ، شۇنداقلا دورا ـ دەرمان ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆ-
سۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى ھەممە قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن قىزىل ئۇزۇم قېقى
قاتارلىقلار بار بىر كىچىك ئامبارنى بايقىدۇق . مەن تېرىقنى قاينىتىپ ،
ئۇنىڭ سۈيى بىلەن كونۋېرت چاپلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدىم .
قېزىش خىزمىتى داۋاملىشىۋاتقاندا ، دەسلەپتە كېلىشىمىزگىلا بىزنى
قارشى ئالغان بوران يەنە چىققى . بۇ چاغدا گەرچە غەربىي جەنۇب تەرەپ-
تىن كەلگەن شامال كۈچى سەل ئاجىزلىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇچۇپ كې-
لىۋاتقان قۇم ـ توپىلار چېدىرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كىشىگە ئارام بەر-
مەيتتى . كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان بۇ ئەترىتىمىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش
ناھايىتى قىيىن ئىدى . شۇڭا ، چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولغىنىم ، بۇ
دەشت ـ باياۋانلاردىكى خىزمەت 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گۈگۈم بىلەن
ئاخىر ئاياغلاشتى . ئەتىسى سەھەردە قارا دۆڭدىن ئايرىلدىم . خۇددى
كەلگەن ۋاقتىمىزدىكىگە ئوخشاشلا ، قويۇق چاڭ ـ توزان ئاسماننى
قاپلاپ ، ھەممە ياقنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتكەنىدى . كۆز ئالدىمدىكى قۇملۇق
گويا مەن ئاشۇ كۈنى يېرىم يولدا تاپشۇرۇۋالغان كېرىيىدىن كەلگەن بىر
پارچە قىسقا خەتتىكى ئۇچۇردەك كىشىنى تولىمۇ مەيۈسلەندۈرەتتى . بۇ
قىسقا خەت سەمەرقەنت ( Samarkand ) ۋە ئوش ( Osh ) ئارقىلىق يۇر-
تۇمدىن كەلگەنىدى . ماكارتنېي ئەپەندى رۇسىيىنىڭ ئاخباراتىغا ئاساسەن
ئايال پادىشاھنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ماڭا يەتكۈزۈپتۇ . مەن يېنىم-
دىكى ئىككى ھىندىستانلىق خىزمەتچىمگە بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدۈم ،
ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە مېنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىمغا ھەم-
شېرىك بولدى . باشقا ھەر قانداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بۇ مۇھىم
خەۋەرگە مەركەزلەشكەن دىققىتىمنى چاچالمىدى . سىرتقا قارىتا كېڭەي-
مىچىلىك باشلىنىشى بىلەنلا دۇنياغا تونۇلغان ئۇلۇغ برىتانىيە ئىمپېرىيىسى-
نىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى دۇنيا سەھنىسىدىن غايىب بولغانىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# شۋەنزاڭ تىلغا ئالغان پىمونى ئىزدەش

مېنىڭ دىققەت نەزەرىم يەنە جەنۇبقا يۆتكەلدى . ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر رايونىنىڭ يېنىدىكى نۇرغۇنلىغان ئارخېئولوگىيىلىك خەزىنەتلەر مېنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى . دەسلەپتە ئىزدىمەكچى بولغىنىم پىمونىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئىدى . شۋەنزاڭ خوتەندىن نىيىگە بارىدىغان يول ئۈستىدە ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ ئۆتكەنىكەن . ئېھتىمال ، ئۇ ماركوپولو تىلغا ئالغان « پېيىن » ( Pein ) بولۇشى مۇمكىن . مەن ئۇ يەرنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاشقا ئالدىرىدىم . جوڭگولۇق راھىب شۋەنزاڭ پىمونىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ خوتەن پايتەختىنىڭ شەرقىدىن 300 چاقىرىم ( 60 مىل ) يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدى . شۇڭا ، مەن خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭ كېرىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەلۇم جايدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانىدىم . مېنى خۇشال قىلغىنى ، مەن كېرىيىدە ئەڭ ئاخىرقى زىيارەتىمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا ، ئامبالدىن « قەدىمىي شەھەر » نىڭ گۇلاخما ( Gulakhma ) يېنىدىكى قۇملۇقتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم . گۇلاخما خوتەنگە بارىدىغان يولدىكى بىر بوستانلىق بولۇپ ، كېرىيىنىڭ غەربىدىن 30 مىل كېلىدىغان يەرگە جايلاشقانىدى . رام سىڭمۇ بۇ خارابىلىق توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدى . قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، ئاشۇ يەرگە قاراپ ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم . ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ، ئامال بار تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدىم .

كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە تۆگە كارۋىنىنى باشلاپ تېز سۈرئەتتە باسقان تۆت كۈنلۈك سەپىرىمىزدە ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئورمانلىقلاردىن ئەتىيازنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى كۆ-

رۇنمەيتتى. كىشىنى سەل ھەيران قالدۇرىدىغىنى، قارا دۆڭدە بوران چىق-قاندىن كېيىن تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن 14 گرادوسقا چۈشتى.

بىز گە تونۇش بۇرھانىددىن مەسچىتىگە كەلگەندە، ئامبالنىڭ بۇي-رۇقىغا بىنائەن گۇلاخما بېگى ئەۋەتكەن ئىككى يول باشلىغۇچى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار بەكمۇ جىمغۇر ۋە سۆرەلمىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىز ماڭماقچى بولغان يولنى پەقەتلا بىلمەيدىكەن. بىراق، بىز بۇنى بەكمۇ كېچىكىپ سېزىپتۇق. ئۇلار يولنى بىلمەيمىز دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئەڭ ياخشىسى جەنۇبقا قاراپ باشلىساق بىخەتەر بولىدۇ، ھېچبولمىغاندا قۇرغاق تەكلىماكاندىن چەتلەپ ماڭغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىكەن. بىز دەريانىڭ سول قىرغىقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئېگىز قۇم بارخانلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يەردىن كېسىپ ئۆتۈپ، 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كېرىيىنىڭ غەربىدىكى شىۋۇل ( Shivul ) ساسلىقى سۇ بىلەن تەمىنلەي-دىغان يېرى بوش ئورمان بەلبېغىغا كىرىپ قالغانلىقىمىزنى سەزدۇق. بۇ يەردە يول باشلىغۇچىنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوق ئىدى. بىز ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇلاغلارنى ئاران دېگەندە شىۋۇل دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى ئۈستى بىر قەۋەت نېپىز قۇم بىلەن قاپلانغان ساسلىقتىن قۇ-تۇلدۇرۇپ چىقتۇق. گەرچە ھەممە يەردە قىش پەسلىدە بېقىلغان قويلار-نىڭ تۇياق ئىزى بولسىمۇ، لېكىن بىزگە يول باشلاپ بەرگۈدەك بىرەر-سىنى تاپالمىدۇق. بەختىمىزگە يارىشا بىز كېيىن ساسلىقتىن ئۆتۈپ، قۇرۇق يەرگە چىقتۇق. بۇ يەردىكى شىۋۇل دەرياسىنىڭ سۈيى سۈزۈك بولۇپ، ئاستىنى كۆرگىلى بولاتتى. دەريا قىنى ئەگرى ـ بۈگرى بول-سىمۇ، دائىرىسى ئېنىق بولۇپ، كەڭلىكى 15 فۇتچە كېلەتتى. دەريا بىز-نىڭ « يول باشلىغۇچى » مىزغا يەنە بىر قېتىم نىشاننى كۆرسىتىپ بەر-دى. قاش قارايغاندا ئۇزۇن ھەم كىشىنى چارچىتىدىغان يولنى بېسىپ، ئاران دېگەندە مۇقەددەس جاي بېگانە ئارىش ( Arish ) مازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئۇلۇغ مازارنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدىغان سەھرالىق شەيخ دەس-

لەپتە بىر توپ ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالدى. لېكىن، يەنىلا ئاتلارغا دەرھال ئوت ـ بوغۇز بېرىپ، كەينىمىزدە قالغان تۆگە كارۋانلىرىنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن گۈلخان ياقتى.

ئەمەلىيەتتە، مەن يول باشلىغۇچىنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى تونۇپ يېتىپ، قۇملۇققا كىرىشتىن بۇرۇن يەنە بوستانلىقتىكى تونۇش يەرگە قايتىپ بېرىشقا ئامالسىز ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىز غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، سۈيى باشقا بىر سازلىقتىن ئېقىپ كېلىدىغان ۋە ئايىغى قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىغان قاراقىر ( Karakir ) دەرياسىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى ئورمانلىقنى بېسىپ ئۆتتۇق. سەپەر ئۈستىدە بىز ئويلىمىغان يەردىن بىر قەدىمىي ئاھالىلەر رايونىنىڭ خارابىسىغا يېتىپ كەلدۇق. دورغا تېپىپ كەلگەن بىر نەچچە پادىچى بۇ خارابىلىقنى ئاقتاز ( Aktaz ) ياكى تاتىلىق ( Tatilik ) دەپ ئاتاشتى. شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچرىغان بىر نەچچە كىچىك يەردە تاشلىۋېتىلگەن ساپال پارچىلىرىنى ۋە توپا تامنىڭ ئۇلىنى كۆرگىلى بولاتتى. لېكىن، تام ئۇلىنىڭ قېپقالغان قىسمى يەر يۈزىدىن ئاران بىر نەچچە دىيۇيملا ئېگىزلىكتە ئىدى. ئەتراپتىن سىرىق مىستىن ياسالغان بىلەيزۈك قاتارلىق بىر نەچچە ئۇششاق نەرسىلەردىن باشقا، يىل دەۋرىگە ئائىت ھېچقانداق ئىسپات تاپالمىدۇق.

ئاخىر بىز مالاقالاغان ( Malakalagan ) كەنتىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ كەنت 15 يىل بۇرۇن خوتەن ـ كېرىيە تاشيولىنىڭ دەل جەنۇبىدىكى ئاساسلىق بوستانلىق دوموكو ( Domoko ) دىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئېچىلغانىكەن. بۇ يەردىكى بوز يەر ئېچىش ئىشلىرى خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن بولۇپ، قۇم ئېدىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھازىر يۇلغۇن بېسىپ كەتكەن يەرلەردىن ئەگرى ـ بۈگرى قېزىلغان كىچىك سۇغىرىش ئۆستىڭى ئېلىنغان، ئۆستەڭنىڭ ئارىلىقىدا مۇستەھكەم قىرلانغان ئېتىزلار بار ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە، بولۇپمۇ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە توغراقلار ئۆسۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار ئۇزاققا بارماي سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىنى بويلاپ ناھايىتى تېز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئاق تېرەك، جىگدە ۋە باشقا

مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئورۇن بېرىپ، بۇ يەردىن غايىب بولىدۇ.
مەن ئىلگىرى بىز ئىزدىمەكچى بولغان خارابىلىكنىڭ لاچىن ئاتا ( Lachin Ata ) مازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونغا جايلاشقانلىقىنى ئېنىقلىغانىدىم. مالاقالاغانلىقلار بۇ قۇملۇقتىكى مۇقەددەس جاي توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى يوشۇرمىدى. ئەمما، ھېچكىم ئىلگىرى ئۇنىڭ يېنىدىكى «قەدىمىي شەھەر» گە بېرىپ باققانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئالدىنقى ئىككى كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى ھۆرمەتلىك يول باشلىغۇچىمدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىدىم. لېكىن، باشقا ياخشىراق ئامال بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت بارغانسېرى قىستاپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇلارنى ئېلىپ 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەپەرگە ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم. ئۇزۇندىن بېرى پوسۇلكىلارنى توشۇش بىلەن بولۇپ، يېنىمدا تۇرمىغان تۇردى بوۋاي دەل مۇشۇ ۋاقىتتا خوتەندىن قايتىپ كەلدى. مەن بۇ پېشقەدەم «گۆھەر ئىزدىگۈچى» قابىلىيىتى ۋە تەجرىبىسىگە تايىنىپ، دوموكولۇق يول باشلىغۇچىلارغا ياردەملىشەلەيتتى. تۇردى بوۋاي ئىلگىرى خوتەندە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى سۇ باكىنى ئالغاچ كەپتۇ. سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال بىز ئالتە باكقا لىق سۇ قاچىلىۋالغاچقا، ھازىرچە سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپى يوق ئىدى.
غەربىي شىمال يۆنىلىشىگە قاراپ 2 مىل ماڭغاندىن كېيىن، يېڭى بوز يەر رايونىنىڭ چېتىگە يېتىپ كەلدۇق. ئەينى چاغدا مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى، ئاشۇ تەرەپتىكى خېلى يىراق جايدا ئىلگىرى تېرىقچىلىق قىلغان ئىزلارنىڭ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇشى ئىدى. كونا ئېتىزلارنى يۇلغۇن ۋە تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، قاتار ـ قاتار ئېتىز قىرلىرىنى، ئىلگىرى ئېتىزلارنى سۇغىرىدىغان كىچىك ئېرىقلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. يول باشلىغۇچى ئۇنىڭ كونا پوناق ( Old ponak ) كەنتى ئىكەنلىكىنى، بوۋىسى ياشىغان دەۋردە تاشلىنىپ قالغانلىقىنى، يەنى تاشلىۋېتىلگەنلىكىگە 40 ~ 50 يىل بولغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى. ھازىرمۇ بەزى كىشىلەر تاشلىۋېتىلگەن كەنتتىكى قەبرىستانلىققا بارغاندا بېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنى بويلاپ، غەربىي شىمالغا

www.uyghurkitap.com

قاراپ 3 مىل ماڭغاندىن كېيىن ، كونا دوموكو رايونىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە كەلدۇق . بۇ يەردىكى كېسەك ئۆي خارابىسىنىڭ قۇرۇلمىسى بۇ رايوندىكى هازىرقى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا بەك ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ تارقاق جايلاشقان باغ ۋە قەبرىستانلىقلارنى قوشقاندىكى دائىرىسى شەرق-تىن غەربكە 3 مىل كېلەتتى . باغلام ـ باغلام قومۇشلار بىلەن مۇستەھ-كەملەنگەن ، يەر يۈزىدىن 4 ~ 5 فۇت ئېگىزلىكتىكى كېسەك تام يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . خېلى مۇكەممەل ۋە مۇستەھكەم بولغان تام ئوچاق تېخىمۇ ئېگىز ئىدى . تاشلىۋېتىلگەن بۇ ئۆيلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى ، جۈملىدىن لىم ، ياغاچ كېشەك قاتارلىقلار باشقا ئۆيلەرگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلگەن . ئۆرۈلۈپ چۈشكەن خارابىلىقنىڭ ئىچىگە ئاز مىقدار-دىكى قۇملار يىغىلىپ قالغان ، ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىن ئىبارەت ، خالاس .

مەن بىلەن بىرگە يۈرۈۋاتقان ۋە بۇ بوستانلىققا كەلگەندىن كېيىن تەكشۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە قارىغاندا ، بۇ ئۇزۇن سۇغىرىش ئۆستىڭىنى باشقۇرۇشتا قىيىنچىلىق بارغانسېرى كۆپەي-گەچكە ، دوموكو ۋە گۇلاخما بەگلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە تەۋە كەنتلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى هازىرقى كىشىلەرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە جەنۇبقا 6 ~ 8 مىل يۆتكەلگەن . يەرلىك رىۋايەتلەردە ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بۇنداق ئالدىغا ياكى ئارقىغا يۆتكىلىشى كېرىيە ـ چىرا يول بويىدىكى بوستانلىقلاردا ھەقىقەتەن داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ ، دېيىلگەن . بۇ يەردە مۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلى-يالايدىغان پاكىتلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئامالسىزمەن . مېنىڭچە ، سۇغىرىش جەريانىدا سۇ ئېقىتىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ تىندۇرۇشى بى-لەن تېرىلغۇ يەر يۈزى تەدرىجىي ئېگىزلەپ ، مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز كۆ-چۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن . بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەك-شۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ ، بولۇپمۇ ئېتىزلارنى سۇغىرىدىغان سۇلار-نىڭ تەمىنلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، ئاندىن بىر ئاز ئى-

شەنچىلىك خۇلاسە چىقىرالايمىز . بۇ يەردىكى كۆپ قىسىم سۇغىرىشقا ئىش-
لىتىلىدىغان سۇلار بۇلاقلاردىن كېلىدىكەن . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ،
مەن بۇ يەردە ئۇچراتقان خارابىلار ، شۈبھىسىزكى بۇنداق چۈشكۈنلىشىش
جەريانىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتى ئىدى . خوتەنگە بارىدىغان غەرب تە-
رەپتىكى چوڭ يولنىڭ ئەتراپىدىكى ، شۇنداقلا بوستانلىقنىڭ چېتىدىن
تېپىلغان ھەر بىر « قەدىمي شەھەر » لەرمۇ ئىلگىرى ئوخشاش باس-
قۇچلارنى باشتىن كۈچۈرگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بەزى كەنتلەر ھەر
خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇلار ئۈ-
زۈلۈپ قېلىشى بىلەن تاشلىنىپ قالغان . ئەمما ، ئۇلار قۇملۇقنىڭ مەركى-
زىدىن خېلى يىراق بولغاچقا ، كۆچمە قۇملار دەندان ئۆيلۈك ۋە نىيە دەر-
ياسىنىڭ ئايىغىدىكى خارابىلىكلەردەك ، ئەينى ۋاقىتتىلا ئۇلارنى كۆمۈپ
قوغداپ قالالمىغان .

بىز بۇ تاشلىۋېتىلگەن خارابىلىكنى كېسىپ ئۆتۈپ 3 مىل يۈرگەن-
دىن كېيىن ، شىمالغا قاراپ يەنە بىر نەچچە مىل مېڭىپ ، ياغاچتىن يا-
سالغان قەبرە يېنىدىكى كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان ، پاكار كەتكەن قۇم
بارخانلىرى رايونىغا يېتىپ كەلدۇق . كىشىلەر بۇنى لاچىن ئاتىنىڭ شا-
گىرتىنىڭ قەبرىسى دەپ چوقۇنىدىكەن . بىز لاچىن ئاتىنىڭ مازىرىنى
كۆرۈپ باققىنىمىز يوق . يول باشلىغۇچىمىزمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمي
خارابىلىكنىڭ زادى قەيەرگە جايلاشقانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيتتى .
تەدرىجي ئېگىزلەۋاتقان قۇم بارخانلىرى توپىنىڭ ئارىسىدا ئاستا ئىلگىرى-
لەۋاتقىنىمىزدا ، خارابىلىقنى قېزىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن يېزىلىق ئىش-
لەمچىلەر بۇ قەدىمي خارابىلىقلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ، پە-
قەت ئۇنىڭغا ئائىت رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى .

دەل مۇشۇ يېزىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ تاش-
لىنىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب توغرۇلۇق ناھايىتى ئەمەلىي ئاساسى
بار كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . مەن ناھايىتى ھەيرانلىق ئىچىدە
شۇنى ھېس قىلدىمكى ، ئۇلار ماڭا قايتا ـ قايتا سۆزلەپ بەرگەن قۇملۇق-
نىڭ ئىچكىرىسىدىكى « قەدىمي شەھەر » گە ئائىت رىۋايەتلەردىكى بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىق ئەمەلىي ئەھۋاللار 12 ئەسىر ئىلگىرى شۈەنزاڭ پىمودا ئاڭلىغان قۇمغا كۆمۈلگەن خولولوكيا شەھىرىنىڭ ھېكايىسى بىلەن، يەنى ئالدىنقى بابتا نەقىل كەلتۈرگەن بايانىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. بىر ئارخات گۇناھكار شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغاچقا، خەلقنىڭ ھاقارەتلىشىگە ئۇچراپتۇ. شۇڭا، ئۇ بۇ شەھەرنى قارغاپ، ئۇنىڭ ئۇزاققا بارماي گۇمران بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇپتۇ. كىشىلەر ئىشەنمەي ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىدا، ئاسماندىن يەتتە كېچە - كۈندۈز توختىماي قۇم يېغىپ، شەھەرنى كۆمۈۋېتىپتۇ. پەقەت يەتتە ئىخلاسمەن مۇرىت ئارخاتنى ھۆرمەتلەپ، شۈەنزاڭنىڭ بايانىدىكىگە ئوخشىمايدىغان تېخىمۇ سىرلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەتتە ئەقىللىق كىشى ئارغامچىنى خۇددى ئايلانما ياغاچ ئات ئويۇنىدىكىگە ئوخشاش بىر مۇستەھكەم خادىغا باغلاپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بوراننىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن ئۇلار ئايلانغانسىرى ئېگىزلەپ، كېيىن تەدرىجىي يىغىلغان قۇمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاخىرى بۇ بىر مەھەللىك ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

شەك - شۈبھىسىزكى، جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ھەممىلا يېرىدە تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمىي شەھەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان. ئەمما، بۇ مىسالدا ھەممىدىن قىزىقارلىق يېرى شۇكى، شۈەنزاڭ پىمودا ئاڭلىغان بىر تېخىمۇ قەدىمىي يەر توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ قانداق قىلىپ پىموغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئىدى. پارچە - پۇرات نەرسىلەر كەڭ تارقىلىپ كەتكەن يەرگە ئاساسلىنىپ، مەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيتتىم. ئەتىسى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تېپىپ چىقتىم. ئالدىنقى كۈنى بىتەلەي يول باشلىغۇچى نىشانسىز يۈرۈپ بىزنى چۆللۈكنىڭ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىرگەچكە، ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار ھېرىپ كەتتى ھەم قاراڭغۇدا تۆگىلەرنىڭ بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈشى تېخىمۇ قىيىنغا توختىدى. شۇڭا، بىز قاش قارايغاندا ئىلاجسىز چېدىر تىكىپ ئارام ئالدۇق. يولنى بىلمىگەنلىكتىن قاتتىق بىئارام بولغان بولسا

كېرەك ، يول باشلىغۇچىنىڭ بىرى يېرىم كېچىدە قېچىپ كەتتى . يەنە بىر يۈرەكسىز ياش يول باشلىغۇچى چۆللۈكتىكى خوجىدارىم تۇردىنىڭ نازارەت قىلىشى ، ئىلھاملاندۇرۇشى ، شۇنداقلا نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئاران دېگەندە نىشاننى تېپىپ يول باشلاپ ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئوڭۇشلۇق ھالدا غەربىي جەنۇبقا قاراپ ، خارابىلىقنىڭ ئورنىنى تېپىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتۇق .

يەرلىك رىۋايەتلەردە ئۇزۇن تاتى ( Uzun—tati ) ، يەنى يىراقتىكى قەدىمىي شەھەر دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمىي خارابىلىق يېرى يېرىم كۋادرات مىل كېلىدىغان ، ئۈستى بىر قەۋەت ساپال پارچىلىرى ۋە باشقا پارچە – پۇرات نەرسىلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بىر نەچچە پارچە يەردىن تەركىب تاپقاپ بولۇپ ، ئۇزۇندىن بېرى شامالنىڭ يېمىرىشى ۋە « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغاچقا ، توپىدىن ياسالغان بۇ ئۆيلەرنىڭ خارابىسى ئىنتايىن ئېغىر بۇزۇلغانىدى . شۇڭا ، ئۇلارنى قېزىش ياكى ئۇلارنىڭ ئېنىق يىل دەۋرىنى كۆرسىتىپ بېرىش قىيىن ئىدى . ئەمما ، يىل دەۋرىگە ئائىت ئىسپاتنى تاپقاندىن كېيىن ، يەر شەكلىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ، بۇ خارابىلىق بىلەن پىمونىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتى . سېر ھېنرى يۇل ماركو پولو خوتەنگە ساياھەتكە كەلگەندە زىيارەت قىلغان « پېيىن » بىلەن پىمو ھەقىقەتەن بىر يەر ، دەپ قارىغان . ئەگەر شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ، كىشىلەرنىڭ بۇ يەردە ياشىغان دەۋرى ئاز دېگەندە 13 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشقان بولاتتى . ئۇزۇن تاتىدىن تاپقان كۆپلىگەن ساپال بۇيۇملار ، ئەينەك ، فارفۇر قاچا – قۇچىلارنىڭ ئۇششاق پارچىلىرى ۋە سېرىق مىس ، تاش قاتارلىق نەرسىلەرمۇ يىل دەۋرىنىڭ بۇ خىل ھۆكۈمىگە تامامەن ماس كېلەتتى . ئەمما ، مەن ئۆزۈم جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ( 1227 ~ 1179 – يىللىرى ) دەۋرىگە تەۋە مىس يارماقنى تاپقاندىن كېيىن ، بۇ خارابىلىكتە تاكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە ئاھالىلەرنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھەقىقىي ئىسپاتقا ئېرىشتىم .

يول باشلىغۇچىم ئىلگىرى ئىككىنچى « كونا شەھەر » دە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەچچە ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسى بولغاچقا، ئۇنى ئۇلۇغ زىيارەت دەپ ئاتىشى-دىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. گەرچە ئۇلار بۇ خارابىلىكنى ئۈزۈن تاتىنىڭ ئەتراپىدا دەپ ئاڭلىغان ھەم كېيىن ھەققەتەن ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن ئۈچ مىل يىراقلىقتا جايلاشقانلىقى ئىسپاتلانغان بولسى-مۇ، لېكىن بىز ئۇ يەرنى قۇملۇقتا 25 مىل جاپالىق ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھې-رىپ ھالىمىزدىن كېتەي دېگەندە ئاران تاپتۇق. ئىككىنچى خارابىلىكنىڭ دائىرىسى ئۈزۈن تاتىدىن كىچىك بولۇپ، يەر يۈزىدە چېچىلىپ ياتقان پارچە - پۇرات نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن ئېللىپس شەكىللىك، دائىرىسى 348 × 480 فۇت، تام ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى 11 فۇت، كۆنگۈرە تېمىنى قوشقاندا ئېگىزلىكى 14.5 فۇت كېلىدىغان مۇ-كەممەلرەك ساقلانغان بىر قورغاننى بايقىدىم. قورۇق تامنىڭ ئەتراپىدىن ۋە ئىچىدىن ھېچقانداق قالدۇق بۇيۇم تېپىلمىغاچقا، ئۇنىڭ يىل دەۋرگە ھەرقانداق بىر قىياسەن ئىزاھات بېرىشىم قىيىن ئىدى.

قۇملۇقتىكى بىر نەچچە كۈنلۈك سەپەر، سىرلىق قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان خارابىلىكلەرنى ئىزدەشتە مۇۋاپىق يول باشلىغۇچى بولمىسا، ئويلىمىغان زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قۇياش نۇرىدا تېمپېراتۇرا تېزلا ئۆرلەپ كەتتى. 3 - ئاينىڭ 27 -، 28 - كۈنلىرى چۈشتە تەسكەي جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ فارېنگېيت 88 گرادۇسقا چىقتى. كېچىدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا يەنىلا فارېنگېيت 28 ~ 30 گرادۇسقىچە ئىدى. قۇملۇقتا پىيادە مېڭىش مۇشكۇل، شۇنداقلا سۇ باكلىرىدىكى سۇ كىشىگە يەتمەيدىغان-دەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. خىزمىتىم كۆڭۈلدىكىدەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جەنۇبتىكى ئاھالىلەر رايونىغا قاراپ ماڭغىنىمىزدا ھەممىمىز ناھايىتى خۇ-شال بولدۇق. سەپەر ئۈستىدە لاچىن ئاتا مازىرى ۋە چۆلكۆكىنىڭ چېتىگە جايلاشقان يېڭى پوناق ( New ponak ) كەنتىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 3 - ئاي-نىڭ 29 - كۈنى گۇلاخما بوستانلىقىغا كېلىپ، بۇ يەردە تۇنجى قېتىم ئې-تىزلىقلار ۋە باغلاردىكى يومران يېشىللىقلارنى كۆردۇق.

گۇلاخمىدا ھەر بىر كەنت ئاھالىلىرىنى قوشقاندا جەمئىي 900 ئا-
ھالە بار بولۇپ ، يېقىن ئەتراپتىكى دوموكو بەگلىكى قاراشلىق رايونلار
بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا قەدىمكى پىمو بوستانلىقى بىلەن باراۋەر كې-
لەتتى . ۋاقىت قىس بولمىغان بولسا ئەترىتىمنى ئارام ئالدۇرغۇم بار ئىدى .
3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رام سىڭنى ئاساسلىق چېدىر ـ ئەسلىھەلەر بىلەن
خوتەنگە يولغا سېلىپ ، ئۆزۈم ئاز بىر قىسىم يۈك ـ تاقلىرىمنى ئېلىپ ،
ئاق كۆڭۈل ئامبال بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن دەرھال كېرىيىگە قاراپ
يول ئالدىم . جىددىي سەپەر ئۈستىدە كۆزگە چېلىققان ئەتىياز پەسلىنىڭ
مەنزىرىلىرى كىشىنى خۇشال قىلاتتى . ئېتىزلىقلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان
چوڭ يول بويلىرىدىكى قاتار كەتكەن دەرەخلەر ۋە سۆگەتلەر ياپيېشىل ،
يۇمران بىخلىغان بولۇپ ، باھار مەنزىرىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان
دەرىجىدە پۈتۈن دالانى قاپلىغانىدى . ياقا لەڭگەر ( Yaqa Langar ) دىكى
نىياز ھاكىمبەگ سالدۇرغان يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سارايىنىڭ بېغىدا
بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۈم . كىچىك چېدىرىمنى چېچەكلەشكە باشلىغان ئۆ-
رۈك دەرىخى ئاستىغا تىكتىم . كېچىدىكى ئىللىق ھاۋا ۋە باغدىكى گۈزەل
مەنزىرە ئىختىيارسىز پەنجابتا تىككەن چېدىرىمنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرى-
لەرنى قايتا ئەسكە سالاتتى .

يۇمراق بىخلىرىنى چىقىرىشقا باشلىغان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن
قاپلانغان كېرىيە ناھايىتى سۈزۈك ۋە چىرايلىق كۆرۈنەتتى . ھەممە كىشى
بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ، ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار بەكرى
( Bakri ) دەپ ئاتىشىدىغان بايرامنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . چېدىرىمنى ئو-
رۇنلاشتۇرغان يەرلىك باي ( Topbashi ) نىڭ بېغىدا باھار مەنزىرىسى
مەۋج ئۇرۇپ ، ھەممە جاي بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى . ئىككىنچى كۈنى ،
يەنى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە ، مەن خۇۋاڭ دالوي بېگىمگە ئۆزۈم-
نىڭ خاتىرە بۇيۇملىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم
سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ ، ئارقىدىن خوشلىشىش ئۈچۈن ئۇنى يوقلاپ بار-
دىم . پاراڭ ئارىلىقىدا مەن ئىقتىدارلىق دورغا ئىبراھىمنىڭ تۆھپىسىنى
ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتۈم . شۇڭا ، ئامبال ئۇنى جامائەت ئالدىدىلا تەق-

www.uyghurkitap.com

دىرلەپ ، ئۇنىڭغا ئەمەل ۋە يۇقىرى ھەق بېرىشكە ۋەدە بەردى . ئىسلامـ
بەگنىڭ خوتەندىكى خىزمىتى ئۈچۈن ، مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن فەن
دارېـنىنىڭ ئۇنى قاراقاش بېگىدەك تاپاۋەتلىك مەنسەپكە تەيىنلىگەنلىكىنى
كېرىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى . خۇاڭ دالۋي بېگىمۇ مەنسەپداشلىـ
رىـنى ئۆلگە قىلسا كېرەك . مەن ئامبالنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك ياردىمىگە
مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈشكە ئىلاجسىز قالغانلىقىمدىن ، شۇنداقلا قايتا
كۆرۈشۈش پۇرسىتىنىڭ كەملىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم . كىچىك
چېـدىرىمىنىڭ سىرتىدا خوشلاشقىنىمىزدا ، ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پۈتـ
مەس تەشەككۇرۇمنى ۋە ئايرىلىش ئالدىدىكى كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك
قىلاتتى .

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ، مەن خوتەنگە قايتىش سەپىرىگە جىددىي
ئاتلانـدىم . بىرىنچى كۈنى دوموكو بوستانلىقىنىڭ شەرقىدىكى يول بويىغا
جايلاشقان تاشلاندۇق قاراقىر لەڭگەر بازىرىغا يېتىپ كەلدىم . ئاڭلاشلارغا
قارىغاندا ، 10 يىل بۇرۇن ئۇنىڭ جەنۇبىغا بىر نەچچە مىل كېلىدىغان
جايدىكى ئورمانلىقتىن توساتتىن ناھايىتى كۆپ بۇلاق سۈيى چىقىشقا
باشلىغان . شۈبھىسىزكى ، بۇ بۇلاق سۇلىرى نۇرا ( Nura ) ۋە باشقا
تاغلاردىن كەلگەن ئېقىنلارنىڭ تاغ باغرىدىكى تەكشى شېغىللىقىنىڭ ئاسـ
تـىدا ئېقىپ قۇملۇققا كەلگەندە يەر يۈزىگە قايتا ئېتىلىپ چىقىشى ئىدى .
بۇلاق سۈيى ناھايىتى مول بولغاچقا ، قاراقىر لەڭگەرنىڭ شىمالىدىكى
چۆللۈكتىن 700 ~ 800 ئاھالىگە يەتكۈدەك تېرىلغۇ يەر ئېچىلىپتۇ . نەتىـ
جىدە ، يولۇچىلار يېڭى ئاچما ( Achma ) كەنتى بىلەن ماڭىدىغان بوپتۇ .
ئىككىنچى كۈنى ئاتلىق يۈرۈپ چىراغا يېتىپ كەلدىم . چىرا 3500 ئەترا-
پـىدا ئاھالىسى بار چوڭ بوستانلىق بولۇپ ، ئىشلىتىدىغان سۈيى مۇز تاغـ
نىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل
بـولغان تاغ سۈيىنىڭ ھاسا ( Hasa ) دىن باشلىنىدىغان دەريا ئارقىلىق
ئېقىپ كېلىشى بىلەن تەمىنلىنىدىكەن . بۈگۈنكى كېچىنى كىشىنى مەھلىيا
قىلىدىغان كىچىك چېدىردا ئۆتكۈزدۈم . چېدىر باغ ئىچىگە تىكىلگەن بوـ
لۇپ ، ئاپئاق چېچەك خۇددى يېڭى ياغقان قاردەك ھەممە يەرنى قاپلاپ ،

ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدى پۈتۈن كائىناتنى بىر ئالغانىدى .

ئەتىسى بىز غەربتىن چىققان بورانغا دۇچ كەلدۇق . 40 مىل كېلە-دىغان زېرىكىشلىك سايلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ سامپۇل بوستانلىقىغا بار-غىچە ، قويۇق قۇم ـ توپا پۈتۈن كۈن بىزگە ئارام بەرمىدى . بىراق ، يول بويىدىكى ستولبىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىز ئادىشىپ كەتمىدۇق . سامپۇل ( Sampula ) ياكى لوپ ( Lop ) ئەڭ ئاساسلىق يېزا بولۇپ ، ئاھالىسى ناھايىتى قىس رايون ئىكەن ، يەنىلا كېرىيە ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئە-كەن . سۈيى ئۆستەڭ ئارقىلىق يورۇڭقاش دەرياسىدىن ، يەنى خوتەن دەرياسىدىن كېلىدىكەن . بۇ يېزىنىڭ ئاۋات مەنزىرىسى مېنى جەلپ قى-لىۋالدى . بۇ يەر راۋاج تاپقان گىلەمچىلىك سانائىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ ، مەھسۇلاتلارنى بوياش ئۈچۈن ئانىلىن ماتېرىيالى ئىشلىتىلىپ ، سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن پۈتۈن تۈركىستاندا يەنىلا ئەتىۋارلى-ناتتى . مەن بۇنداق داڭدار يىپەك گىلەم توقۇش سانائىتى ۋە خوتەنگە مۇناسىۋەتلىك باشقا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى قەدىمكىلەردىن مىراس قال-غان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالدىم .

خوتەنگە قىلغان سەپىرىمنىڭ تۆتىنچى كۈنى ، يەنى ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ چۆللۈكنىڭ بويىدا سوزۇلۇپ ياتقان سامپۇلنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى ھاڭگۇيا ( Hanguya ) يېزىسىنىڭ يېنىدىكى پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر چېچىلىپ تۇرغان كەڭرى يەرنى زىيارەت قىلدىم . ئۇ يەر تۇردى ماڭا ئېيتقاندەك ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋات-قان ، ئېگىزلىگەن يەر مەيدانى بىر نەچچە كۋادرات مىل كېلىدىغان تىپىك « قەدىمي شەھەر » ئىدى . ئۇنىڭ توغرا يول باشلاپ بەرگىنىگە تە-شەككۇر ، مەن خارابىلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ، ئەمما ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بۇ بۇددا مۇنارى خارابىسىنى ئاسانلا تاپتىم . ھاڭگۇياليقلار ئۇنى ئارقا قۇدۇق تىم ( Arka Kuduk Tim ) دەپ ئاتىشى-دىكەن . خارابىلىكنىڭ ھېچقانداق دىققەت قىلغۇدەك ئالاھىدىلىكى يوق بولۇپ ، تۆت ئەتراپىدىكى يەر شامالنىڭ يېمىرىشى بىلەن تۆۋەنلەپ كې-تىپ ، بۇددا مۇنارى خارابىسى ھازىر 20 فۇت كېلىدىغان سېرىق توپىلىق

www.uyghurkitap.com

دۆڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، پەقەت ئەڭ تۆۋەن قەۋەتتىكى خام كېسەك بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئېگىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ھازىر دۆڭ ئۈستىدە تۇرغان بۇددا مۇنارى پەقەت ماددىي ئىسپات بولۇپ، شامال كۈچىنىڭ تەدرىجىي خورىتىشىغا ئۇچرىغان سېرىق توپا قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ يەردىن قەدىمكى پۇل، تامغا ۋە باشقا ئۇششاق نەرسىلەر تېپىلىپ تۇرىدىكەن. مەن تۇردىنىڭ بىر دوستىدىن ئالغان ئەۋرىشكە بۇ خارابىلىكنىڭ ھەم، قەدىمىي ھەم شامالنىڭ يىمىرىش دەرىجىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

جىمجىت، كەڭ كەتكەن قەدىمىي خارابىلىق سېرىق قۇم — تۇپراقنىڭ قاپلىشى بىلەن تېخىمۇ قاغجىراپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. چۆللۈك ۋە يېڭى ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرلەر ئارىلىشىپ كەلگەن ئۇزۇن مۇساپىنى ئاتلىق بېسىپ ئۆتۈپ، قاش قارايغاندا يورۇڭقاش چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى ئازادىلىك ھېس قىلدىم. يېڭى مەنسەپكە تەيىنلەنگەن سەممىي ئىسلامبەگ، ئافغان ئاقساقال بەدرىددىن خان ھەمدە يەرلىك بەگ ۋە يۈزبېشى ( Yuzbashi ) لار شۇ يەردە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خوتەن چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىمنى تەبرىكلىدى. كونا دوستلىرىم ۋە ھەيۋەتلىك قارشى ئېلىش توپىنىڭ ئوراپ مېڭىشى بىلەن، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان مېۋىلىك دەرەخ ۋە مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان يولنى ئاتلىق كېسىپ ئۆتتۇم. يورۇڭقاش بازىرى جايلاشقان مەدرىسىنىڭ يېنىدىكى ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان قەدىمىي باغ ئىچىدىكى چېدىرىمغا كەلگەندە، مېنىڭ «يولچى بەگ» ئىسىملىك ئىتىم قاۋاپ ئۆزىنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى ئىزھار قىلدى.

## ئوتتۇزىنچى باب

# ئاق سىپىل ۋە راۋاق بۇددا مۇنارىدىكى ھەيكەللەر

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، يېڭىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئەمگەك كۈچى تەييارلىشىم زۆرۈر بولغاچقا ھەمدە ھەر خىل ئۇسكۈنىلەرنى رېمونت قىلدۇرۇشۇمغا توغرا كەلگەچكە ، يۇرۇڭقاشتا بىر كۈن ھايال بولۇپ قالدىم . كۈندۈزى ھاۋا ئىسسىق بولۇپ ، قايتا چىققان چاڭ ـ توزانلىق بوران ماڭا قۇملۇقتىكى خىزمەت پەسلىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . شۇڭا ، مەن دەم ئالمايلا ئالدىراش ھالدا خوتەننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى قۇملۇقتىكى بىر نەچچە قەدىمىي خارابىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتىم . يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ھۆرمەتلىك دورغا ئىبراھىمئاخۇن بىلەن خوشلىشىپ ، ئەمگەك ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋاللىداپ تۇرغان تىللالارنى بەردىم ھەمدە خېلى كۆپ مىقداردىكى دورىلارنى ئامبالغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلدىم . تۆگە كارۋىنىمىز 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە يەنە سەپەرگە ئاتلاندى .

« گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » ئاق سىپىل ( Ak—sipil ) خارابىلىكى دەپ ئاتايدىغان بۇ خارابىلىك مېنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈش نىشانىم ئىدى . ئۇ خوتەننىڭ ئۇدۇلىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا تەخمىنەن 15 مىل كېلىدىغان ئېگىز قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاندى . تېرىلغۇ رايونىنىڭ چېتى بىلەن ئىلگىرىلەش جەريانىدا ، ناھايىتى زوق بىلەن تام ئۆغىل ( Tam—Öghil ) خارابىلىرىنى كۆزىتىپ ماڭدىم ، ئۇنىڭغا تۇتىشىپ كەتكەن يېزا ـ قىشلاقلاردا « قەدىمىي مەدەنىيەت قاتلىمى » بار بولۇپ ، ئۇنىڭدىن قەدىمكى پۇللار ۋە قىزىل ساپال پارچىلىرىدىن باشقا ، يەنە ئالتۇن ياپراقچىلىرىمۇ بايقالغانىدى . بۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com

ئالـتۇن كولىغۇچىلارنىڭ خىزمەت شارائىتى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن يوت-
قان بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى . بىراق ، سۇ كەمچىل ، پايدىسى
يـۇقىرى ئەمەس ، قېزىش دائىرىسىمۇ تار ئىدى . يالىڭۋالغان ئىشلەمچىلەر
ئاران 12 نـەپەر بولۇپ ، بىر يىلدا بىر يېرىم ئايدىن ئىككى ئايغىچىلا ئىش-
لىيەلەيتتى .

ئاق سـېپىلدىكى ئەڭ ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان خارابىلىك قور-
غاننىڭ بىر سېپىل تېمى ۋە سېپىل قوغدىسىنىڭ تېمى ئىدى . گرېنارد
ئەپەندى دۇترېيۇيل دې رىنسنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن ئۇلارغا مۇناسى-
ۋەتلىك ئىشەنچلىك ماتېرىياللارنى ئېلان قىلدۇرغاچقا ، مەن ئاددىيراق قى-
لىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، 20 يىل مۇقەددەم خارا-
بىلىكنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى سۇلارنىڭ يالىشى
بـىلەن ھاسىل بولغان گوداڭلاردىن تاسادىپىي كېپەك ئالتۇنلار بايقالغان .
شۇنىڭدىن باشلاپ ئالتۇن قېزىش كەسپى ۋۇجۇدقا كەلگەن . مەن « مە-
دەنىيەت قاتلىمى » نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىنەم يەرنىڭ 10 ~ 18 فۇت
ئېگىزلىكتە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم . يىغىلىپ قالغان لايلارنى كولاپ
ئالغاندىن كېيىن ، قاتلامنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى . بۇ خارابىلىك
ھازىـرقى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن 3 مىلچە كېلەتتى . شۇڭا ، بۇ 1 ~ 1.5
دېيۇيم قېلىنلىقتىكى نېپىز قاتلام ئېھتىمال دەريا سۈيىنىڭ تاسادىپىي تېشىپ
كېتىشىدىن ھاسىل بولغان بولسا كېرەك . يەرلىك دېھقانلار كولاپ چىقىل-
غان مۇنبەت توپىنى قۇملۇق تۇپراقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى .

بىز ئەمدىلا تېرىلغۇ رايونىدىن ئۆتۈشىمىزگە ، قەدىمكى ساپال بۇ-
يۇملارنىڭ پارچىلىرى تاقىر سېرىق تۇپراقتا كۆزگە چېلىقىشقا ھەم قۇم
بارخانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇچراشقا باشلىدى . قۇم دۆۋىلىرىدىن
ئۆتكەندىن كېيىن يەنە 4 مىل ماڭدۇق . ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، قەدىمكى
ۋاقىتلاردا بۇ يەردىكى كەنت ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلار شىمالغا قاراپ ناھايىتى
يىراققا سوزۇلغانىدى . يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا قۇم دۆۋىلىرى تېخىمۇ
ئېگىز ۋە تىك بولۇپ ، ئېگىزلىكى 60 فۇتتىن ئاشاتتى . شىغىللارنىڭ
كۆپلۈكىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ دەريادىكى شىغىللارنىڭ يىغىلىشىدىن

شەكىللەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يۆنىلىشمۇ ناھايىتى تەرتىپلىك بولۇپ، ئاساسەن ھەممىسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغانىدى. مېڭىش ناھايىتى قىيىن بولغان بۇ ئەگرى - بۈگرى قۇم دۆۋىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ 5 مىل يۈرگەندىن كېيىن، ئاق سېپىل ئەتراپىدىكى شامالنىڭ كۆپلەپ يېمىرىشىگە ئۇچرىغان كەڭرى كەتكەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە مەن قەدىمكى ئېتىزلارنى ئايرىپ تۇرغان قىرلارنى ۋە ئېتىزلار ئارىسىدىكى كىچىك ئېرىقلارنى ئېنىق پەرق ئەتتىم.

سېپىل تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 360 فۇت ئىكەن. ئۇنىڭ ھازىرقى خارابىسى سېگمېنت شەكلىدە بولۇپ، ئۇ ئوراپ تۇرغان يەرنىڭ دىئامېتىرىنىڭ 1000 فۇت كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ يەر ئەندەرە بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سېپىل تېمىنىڭ ئۇلى لاي بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ قوپۇرۇلغان، ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن 11 فۇت ئېگىز ئىدى، قۇمنىڭ يىغىلىپ قېلىشى بىلەن شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچرىمىغان يەرلىرى يەنىلا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېپىل تېمىنىڭ ئۈستىدە 8 فۇت قېلىنلىقتىكى بىر سېپىل قوغدىسى بار ئىدى. مۇستەھكەم لاي كېسەكلەر ( تەخمىنەن 20 × 15 × 4 دىيۇيم ) ۋە مەزمۇت گەۋدىسى ئۇنىڭ خېلىلا قەدىمىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم سېپىل قوغدىسىدىكى كۆزىتىش تۆشۈكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى خىل، يەنى بىرى 16 دىيۇيم، بىرى 5 دىيۇيم ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ناھايىتى تەرتىپسىز ئىدى. سېگمېنت شەكلىدىكى قىسىمدا سېپىل قوغدىسىنىڭ ئىككى يېرىدە مۇستەھكەم كېسەكتىن ياسالغان سۇپا بار بولۇپ، ھەر تەرىپىنىڭ 3 فۇت كەڭلىكتە پەلەمپەي ياسالغان. ئېھتىمال، ئۇ ئىلگىرى كۆزىتىش سۇپىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك.

دەل شىمالغا قاراپ تۇرغان سېگمېنت شەكىللىك كىچىك قىسىمدىن باشقا، قەدىمىي قورغاننىڭ قورۇق تېمى بىلەن ئىچىدىكى بارلىق قۇرۇلۇشلار شامالنىڭ يېمىرىشى بىلەن تامامەن غايىب بولغانىدى. يېنىدىكى

www.uyghurkitap.com

پاكار قۇم بارخانلىرى ئۇراپ تۇرغان كەڭرى يەر ئۈستىدە ھەر خىل پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى . « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » بۇ يەردىن خەن دەۋرىدىكى مىس يارماق ۋە كۆپ مىقداردىكى تامغا ھەمدە باشقا ئۇششاق نەرسىلەرنى تېپىۋالغانىدى . بۇ خارابىلىكتىن تېپىۋالغان بارلىق بۇيۇملار ئۇنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا تاشلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى .

تۇردى مېنى غەربىي جەنۇبتىن 1.5 مىل كېلىدىغان جايدىكى بىر پاكار دۆڭگە باشلاپ كەلدى . قېزىش خىزمىتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىر قەدىمىي ئىبادەتخانا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغاچقا ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان بولۇپ ، چېچىلىپ ياتقان ياغاچ پارچىلىرى ۋە گەج ھەيكەل پارچىلىرى ئارىسىدىن خېلى مۇستەھكەم ياسالغان نۇرغۇن قاپارتما نەقىشلىك گەج ھەيكەل پارچىلىرىنى تاپتىم . كۆپ قىسىم نەپىس ھەيكەللەر ۋە ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پارچىلىرى ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىسى جەھەتتە دەندان ئۆيلۈك ۋە ئەندەرە ئىبادەتخانىسىدىكى ھەيكەللەردىن ناھايىتى كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ كىشىگە گاندارادىكى گرېك ـ بۇددا سەنئىتىنىڭ نەپىس ھەيكەللىرىنى ئەسلىتەتتى . بۇ كىچىك قاپارتما نەقىشلىك گەج ھەيكەللەر قاتتىق بولغاندىن سىرت ، يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇلارنىڭ يۈزىدە ئوتتا قاقلىنىشتىن ھاسىل بولغاندەك يېرىق ۋە چاك بار ئىدى . ئەگەر بۇ قاپارتما نەقىشلىك گەج ھەيكەللەر بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە شۇنداق بولغان بولسا ، تەبىئىيكى ئۇ ئىبادەتخانىنىمۇ شۇ ئوتتا ۋەيران بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە قاتتىق بولۇشى تاسادىپىي ئوت ئاپىتىدىن بولغانمۇ ، يوق ؟ دېگەن مەسىلە كۇلالچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بېكىتىشىگە موھتاج ئىدى .

خارابىلىكنىڭ يېنىدا ئاساسلىقى ھايۋانلارنىڭ تېزەكلىرىنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بىر چوڭ دۆڭ بولغاچقا ، « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » بۇ يەرنى « قىغلىق » ( Kighilik ) دەپ ئاتايدىكەن . بۇ كېرەك-

سىز نەرسىلەر دۆۋىسىنىڭ يەر ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ دائىرىسى 20 × 50 فۇت، چوڭقۇرلۇقى ئاز دېگەندە 16 فۇت بولۇپ، ئۇمۇ «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇلار بۇ كېرەكسىز نەرسىلەر دۆۋىسىنى كولىغاندا قالدۇرغان ئازگالدا قىغدىن (ئېشەكى، ئاتنىڭ تېزىكى) باشقا ئۇششاق سۆڭەك پارچىسى، ياغاچ كۆمۈر ۋە يېقىلغۇنىڭ بارلىقىنى بىلدىم.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، بىز ئاق سېپىلدىن ئايرىلىپ، ئۇدۇل شىمالغا قاراپ 14 مىل يۈردۇق. سەپەر ئۈستىدە بىردەم كۆلرەڭ قۇم بارخانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىردەم قەدىمىي دەريا قىنى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان شېغىللىق ساينى بېسىپ ئۆتۈپ، قاش قارايغاندا توختى ۋە ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى «راۋاق» (Rawak) دەپ ئاتىغان خارابىلىككە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە مەن ئويلاپ باقمىغان، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان كۆپلىگەن بايقالمىلار مېنى ساقلاپ ياتقانىكەن. مېنىڭ سادىق، كونا يول باشلىغۇچىم ئىلگىرى ئۇ يەردە پەقەت «يېرىمىغىچە قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن كونا بىر ئۆي» نى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىللىك قوۋۇق تېمى بار، غايەت زور بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ مەن خوتەن رايونىدا كۆرگەن كىشىنى ئەڭ جەلب قىلىدىغان ئىمارەت ئىدى. ئېگىزلىكى 2.5 فۇتتىن ئاشىدىغان، يىرىك قۇمنىڭ دۆۋىلىنىشى بىلەن شەكىللەنگەن ئېگىز قۇم بارخانى چاسا شەكىلدىكى ھويلىنى ۋە بۇددا مۇنارنىڭ پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىللىك قېلىن ھەم چوڭ تەگلىكىنىڭ غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال قىسمىنى كۆمۈۋەتكەنىدى. بىراق، جەنۇبىي قىسمىدىكى كۆچمە قۇم سەل ئازراق بولۇپ، مۇنار تەگلىكىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە مۇنار ھويلىسىنى ئوراپ تۇرغان قورۇق تامنىڭ كېسەك ئۇلىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قورۇق تامنىڭ جەنۇبىي بۇلۇڭىغا يېقىن جايدا غايەت زور گەج ھەيكەل باشلىرىنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قالايمىقان كولاپ قۇم ئۈستىگە تاشلاپ كەتكەنىدى. بۇ يەرنىڭ قېزىش دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى كۆرۈپ، تېزدىن ئىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەمچىلەرنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتىم.

تەلىيىمگە بۇ خارابىلىك بىلەن بوستانلىقنىڭ ئارىلىقى بىر كۈنلۈكلا يول بولغاچقا، ئەڭ يېقىن كەنتتىن كۆپلىگەن ئىشلەمچىلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يىغىپ كېلەلىدىم. يەنە بىر پايدىلىق شارائىت شۇكى، شۇنچە كۆپ ئىشلەمچىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى ناھايىتى ئاسانلا ھەل قىلىندى. گەرچە بىزنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز قۇم بارخانلىرى ئىلگىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەر قانداق بىر خارابىلىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇددا مۇنارىدىن 2 مىل كېلىدىغان دائىرىدىكى چوڭقۇراراق يەرلەردىن بىر قۇدۇق قېزىشقا بولاتتى. بۇ يەر ئىشلەمچىلەرنىڭ چېدىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ باب كېلەتتى. خەرىتىدىن قارىغاندا، راۋاق خارابىسى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن ئاران 7 مىل كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ دەل ھازىرقى دەريا قىنىغا يېقىن بولغاچقا ئىككى خىل ئەھۋال كۆرۈلگەن بولۇپ، بىرى قۇم بارخانلىرىنىڭ كىشى ئەيمەنگۈدەك ئېگىز بولۇشى، يەنە بىرى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سەل تېيىز بولۇشى ئىدى.

ھازىر بوران پەسلى رەسمىي يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ھەر كۈنى تۇختىماي بوران چىقاتتى. گەرچە شامالنىڭ يۆنىلىشى، شامال كۈچى ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئۇششاق قۇم - توزانلار بوشلۇقنى قاپلاپ ھەممە نەرسىنى كۆمۈپ تاشلايتتى. مەن شامال يۆنىلىشىنىڭ ھەر كۈنى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. بەزىدە ئەتىگەن ۋە كەچتىكى شامال يۆنىلىشىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى سەيياھلارمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەنىدى. داۋاملىق شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇم - توپا بىزگە ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ بەردى. كۈندۈزى قارىغاندا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قۇياش نۇرى ۋە ئوتتەك قىزىق تېمپېراتۇرا تەبىئىي ھالدا بىزنى بىئارام قىلاتتى. قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرى سېرىق قۇم - توزاندىن ئۆتۈپ قۇملارغا چۈشۈپ، ھاۋا خۇددى ئەسلىدىكىدىنمۇ بەك ئىسسىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. كۈچلۈك قۇياش نۇرىنىڭ غايىب بولۇشى بىلەن تەڭ تېمپېراتۇرىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇ-

رىدىغان سۇرئەتتە ئۆزگىرەتتى . يۇرۇڭقاشتىن يولغا چىققاندىن كېيىن بارلىق ھەمراھلىرىمنىڭ كېسەل بولۇپ قىزىپ قېلىشى ، ھاۋا كىلىماتىنىڭ مۇشۇنداق بىردەم ئىسسىق ، بىردەم سوغۇق بولۇشىدىن ئىدى . ئەلۋەتتە ، مەنمۇ ھاۋانىڭ بۇنداق پايدىسىز تەسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم .

قېزىش خىزمىتى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەردە چاسا شەكىللىك دەريانىڭ جەنۇبىدىكى تامنىڭ بۇلۇڭىدىن باشلاندى . ئۇزاق ئۆتمەي تامىنىڭ يېنىدىن زىننەتلەنگەن قاتار ـ قاتار غايەت زور بۇت ھەيكەللىنى تاپتۇق . تامنىڭ ئىچكى يۈزىدىكى ھەيكەللەر 7 فۇتتىن چوڭقۇرراق قۇم ـ توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغاچقا ، خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغانىدى . شەرقىي ۋە غەربىي تامنىڭ بۇلۇڭىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنى كۆمۈپ تۇرغان قۇم ـ توپا شۇنچە قېلىنلىشىپ بارغاچقا ، بۇ ھەيكەللەرنى سىستېمىلىق كولاپ ئېلىش ۋە ئۇنى بىخەتەر تەكشۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن زور مىقداردىكى قۇم ـ توپىلارنى يۆتكەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . بۇنداق ئېغىر ئەمگەكنى قىلىش ئۈچۈن چوقۇم يېڭى قوبۇل قىلىنغان ياردەمچى ئىشلەمچىلەرنى كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەن يېنىمدىكى ئون نەچچە ئىشلەمچىدىن پايدىلىنىپ ، بۇ خارابىلىككە قارىتا زۆرۈر بولغان دەسلەپكى تەكشۈرۈش خاراكتېرلىك تازىلاش ئېلىپ باردىم .

تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ بۇددا مۇنارى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 164 فۇت ، كەڭلىكى 148 فۇت كېلىدىغان چوڭ تۆت چاسا شەكىللىك ھويلا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى . ھويلىنى كېسەكتىن ياسالغان ، 3 فۇتتىن قېلىنراق كېلىدىغان مۇستەھكەم تام ئوراپ تۇراتتى . چوڭ ھويلىنىڭ جەنۇبىي بۇلۇڭىدىكى سىرتقا كۆرۈنۈپ قالغان تامنىڭ ئېگىزلىكى 11 فۇتتىن ئارتۇقراق بولۇپ ، ئىلگىرى تېخىمۇ ئېگىز بولسا كېرەك . ھويلىنىڭ مەركىزىدە يەر يۈزىدىن 20 فۇت ئېگىزلىكتىكى بۇ ئىككى قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك بۇددا مۇنارىنىڭ تەگلىكى ئورۇنلاشقانىدى . تەگلىكنىڭ ھەر بىر تەرىپىدە چوقچىيىپ تۇرغان قىسمى بولۇپ ، ئەسلىدە بۇ ھەر بىر تەرىپكە ئۇدۇل قىلىپ ياسالغان پەلەمپەي ئىكەن . شۇڭا ، تەگ-

www.uyghurkitap.com

لىكنىڭ تەكشى يۈزى كرىست شەكلىدە كۆرۈنەتتى . تۆت تەرەپنىڭ
هەربىر تەرىپىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 50 فۇت كېلەتتى .

دۇمباق شەكىللىك دۆڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارنىڭ
ئۈستۈنكى يۇملاق قىسمىمۇ باشقا قىسىملارغا ئوخشاش كېسەكتىن ياسال-
غان بولۇپ ، دىئامېتىرى 32 فۇتتىن ئارتۇقراق كېلەتتى . ئىلگىرى ئۇنىڭ
ئىچىدە دىئامېتىرى 7.5 فۇت كېلىدىغان يەنە بىر ئىچكىرى ئۆي باردەك
قىلاتتى ، لېكىن بۇنداق دەپمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمايتتى . مۇنار-
نىڭ ئۈستۈنكى يۇملاق قىسمىنىڭ غەربىي قىسمىدىن ئىلگىرى بىر كامار
كولانغانىكەن . مۇنارنىڭ ئۇچىمۇ ناھايىتى بۇرۇنلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-
غان بولۇپ ، هازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى هويلىنىڭ يەر يۈزىدىن 33
فۇت ئېگىزلىكتە كېلەتتى . مۇنارنىڭ ئۈستۈنكى يۇملاق قىسمىمۇ ئىلگىرى
« گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ۋە شامالنىڭ يېمىرىشىگە
ئۇچراپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭ ئەسلى ئېگىزلىكىگە هۆكۈم قىلىشمۇ قىيىن
ئىدى . مۇنار تەگلىكى تۆت تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەڭرى قىلىپ ياسال-
غان پەلەمپەي هويلىدىن مۇنارنىڭ ئۈستۈنكى يۇملاق قىسمىنىڭ ئاستى-
غىچە تۇتاشقان بولۇپ ، ناھايىتى هەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى . هويلىنىڭ
دەرۋازىسىغا ئۇدۇل كېلىدىغان ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى پەلەمپەي ئاي-
رىم تازىلاپ چىقىلدى . تەگلىكتىكى پەلەمپەينىڭ ئىككى يېنىغا ئىلگىرى
قېلىن بىر قەۋەت ئاق هاك سۈرتۈلگەنىدى . ئېھتىمال ، پۈتۈن مۇنارغىمۇ
سۈرتۈلگەن بولسا كېرەك . تەگلىكنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى كۆزگە چېلى-
قىپ تۇرىدىغان هاك دۇمبەلچىكىدىن بۇرۇن ئانچە كۆپ ئۇچرىمىغان ، نا-
ھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان خەن دەۋرىگە تەئەللۇق تۆت دانە يارماقنى
تاپتىم . ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بۇ يارماقلارنىڭ هەممىسى مۇرىتلارنىڭ
هەدىيە قىلغان بۇيۇملىرى ئىدى . بۇلار ماڭا بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ دەسلەپكى
يىل دەۋرىنى كۆرسىتىپ بەردى .

ۋەهالەنكى ، بۇ خارابىلىكنىڭ غايەت زور ئارخېئولوگىيىلىك قىم-
مىتى بۇددا مۇناردا بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ هويلا تېمىدىكى زىننەتلەن-
گەن بىر قاتار خىلمۇخىل هەيكەللەردە ئىدى . يۇرۇڭقاش بېگى ناھايىتى

تېزلىكتە يىغىپ ئەۋەتىپ بەرگەن ئىشلەمچىلەر چېدىرغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەھەردە باشلانغان سىستېمىلىق قېزىش خىزمىتىدە ئۇلارنى تازىلاپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولدۇق . ئاسانلا چېقىلىپ كېتىدىغان كۆل رەڭ ھەيكەللەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۈن ھەمدە ئۇلارنى سۇرەتكە تارتىشقا كەڭرىرەك جاي ھازىرلاش ئۇچۈن ، ئالدى بىلەن ئېگىز تامغا يېقىنراق جايدىن بىر كەڭرى خەندەك كولاش زۆرۈر ئىدى . ئاندىن ھويلىنىڭ تېمى تەرەپكە قاراپ قېزىپ ، قۇم ـ توپىلارنى ئېھتىيات بىلەن تازىلاپ چىقىش كېرەك ئىدى . قېزىش خىزمىتى ھويلىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدىن باشلىنىپ ، تەدرىجىي غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى تامنى بويلاپ قۇم بارخانلىرى جايلاشقان شەرقىي ۋە غەربىي بۇلۇڭلارغىچە داۋاملاشتى .

تازىلاش خىزمىتى داۋاملىشىۋاتقاندا ، مەن تامنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى يۈزىدىكى قاتار كەتكەن چوڭ ـ چوڭ گەج ھەيكەللەرنى تېزلىكتە پەرق ئېتىپ چىقتىم . بارلىق قاپارتما نەقىشلىك چوڭ ھەيكەللەر بۇددا ياكى بۇدىساتۋاغا تەقلىد قىلىنغانىدى . لېكىن ، ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ تىزىلغان ھەيكەللەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىياپىتىگە قاراپ ، ئۇلارنىڭ بىر نەچچە خىلىنى پەرق ئېتىشكە بولاتتى . چوڭ بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا جايلاشتۇرۇلغان كىچىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى مۇلازىم ئىلاھى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەيكىلى ئىدى . نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار تامدىكى بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ يېنىدا ۋە ئەتراپىدا گەجلىك نۇر ھالقىسى ھەمدە كىچىك رەڭلىك تام سۇرەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى . ئەسلى ھەممە قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر رەڭلىك بولۇپ ، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى رەڭلەر ئۆچۈپ كەتكەن . پەقەت كىيىم پۈرمىلىرىنىڭ ئارىسىدىلا ئازراق ساقلىنىپ قالغان . شۇ سەۋەبتىن ھەيكەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ رەڭلىرى ئۆچۈپ ، توپارەڭ ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى .

دەسلەپتە مەن بۇ قىممەتلىك ھەيكەللەرنى قېزىشنىڭ تولىمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ھەيكەل ئىچىدىكى ئۇنى تىرەپ تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان يوغان ياغاچ جازا ۋە ئارقىسىدىن تامغا تېشىپ كىرگۈزۈلۈپ ، ئۇنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرغان لىم ياغاچ يېقىن ئەتراپتىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەسىرىدىن چىرىپ كەتكەن . لىم ياغاچ ئورنىتىلغان تامدىكى كامارنىڭ چوڭلۇقى 5 دىيۇيم بولۇپ ، ھەممىسىنىڭ ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن 8 فۇت كېلەتتى . چوڭ ھەيكەلنىڭ بېلىكىدىكى ئىچىنى كۆرگىلى بولىدىغان يۇملاق كامارغا ھەيكەل ئىچىدىكى ياغاچ جازىنىڭ بىر قىسمى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . ئەگەر ئاشۇ ياغاچ جازىلار بولمىغاندا ، ئۇلارنى تىرەپ تۇرغان قۇم ـ توپا يۆتكىۋېتىلسە ، گەجدىن ياسالغان بۇ ئېغىر ھەيكەللەرنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بار ئىدى . بوران ھەيكەللەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تامغا يۆلەكلىك يۇمشاق قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن ئۆرۈلۈپ كېتىپ ، چېقىلىپ كېتىش خەۋپىدە قالغانىدى . ئۇنى بۇنداق خەتەرلىك ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ، تازىلىغاندا تولىمۇ ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتۇق . سۈرەتكە تارتىپ بوغاندىن كېيىنلا ، دەرھال ئۇلارنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى قۇم بىلەن كۆمۈپ قويدۇق . شۇنداقتىمۇ يەنىلا زىيان ـ زەخمەتتىن پۈتۈنلەي ساقلانغىلى بولمايتتى . بەزى چاغلاردا سۈرەتكە تارتقۇچىلىك بولغان بىر نەچچە سېكونت ئىچىدىمۇ ، چوقۇم ئارغامچا بىلەن ھەيكەلنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى تارتىپ تۇرۇش كېرەك ئىدى .

بۇ يەردە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار قېزىش خىزمىتىنىڭ نەقەدەر مۈشكۈل ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ھەم نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ زور ھەيكەللەرنىڭ بېشىنىڭ يوقلۇقىنى تولۇق ئىزاھلاپ بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ بېشى بىلەن ئۈستىدىكى نۇر ھالقىسىنىڭ يايىسىمان سىزىقچىسى ئۇزۇن مەزگىل قۇمنىڭ مۇھاپىزەت قەۋىتىنىڭ قوغدىشىسىز قالغاچقا ، ئۇلارنى تىرەپ تۇرغان تامدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك . شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بۇددا مۇنارى ھويلىسىدىكى بارلىق ھەيكەللەردە ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان ھېچقانداق ئىزنا يوق . ئەمما ، قورۇق تامنىڭ سىرتىدىكى ئېچىلىپ قالغان بىر نەچچە يەرلەر « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » نىڭ قايتا ـ قايتا قېزىپ تەكشۈرۈشى بىلەن

كۆتۈلمىگەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇنداق تەكشۈرۈش ۋە ئىسپاتلار مېنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك بۇتخانىنىڭ تاشلىۋېتىلگەنلىكىگە ئۇزۇن بولغانلىقى، ئىسلام دىنى خوتەندە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ خارابىسىنىڭ قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشىمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلايتتى.

ئىلگىرى ھەيكەللەرنى قوغداش ئۈچۈن، سېپىل تېمىنىڭ ئۈستىگە لەمپە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇلۇشلارنىڭ سېلىنغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولغاندىمۇ، قۇم بۇ بۇددا مۇنارى ھويلىسىنى بېسىپ كېتىشتىن بۇرۇن، باشقىلار تەرىپىدىن يۆتكەپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھويلا ئىچىنى قېزىۋاتقاندا، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە يېقىن بىر جايدىن 4 ديۇيم قېلىنلىقتىكى بىر ياغاچ پارچىسىنى ئۇچراتقانىدىم، ئۇمۇ ئېھتىمال ئاشۇنداق قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. تۈركىستاندىكى يېزا ـ بازارلاردا ياغاچنىڭ بىر قەدەر قىممەتلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ چۆلدەرەپ قالغان ئىبادەتخانىدىكى ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئېلىپ كېتىلىشى ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى تامنى بويلاپ قېزىش داۋامىدا 91 چوڭ ھەيكەل كولاپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇر ھالقىسى شەكىللەندۈرىدىغان ھەمدە ئاساسلىق ھەيكەل ئالدىغا ھەدىيە شەكلىدە قويۇلىدىغان كىچىك ھەيكەللەر تېپىلدى. بارلىق ھەيكەللەرنىڭ ئورنى تەكشىلىك خەرىتىسىگە ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشۈرۈلۈپ، ھەربىر ھەيكەلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تەپسىلىي خاتىرىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە كولاپ چىقىرىلغان بارلىق ھەيكەللەرنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 فۇتتىن ئاشاتتى. كۆز، گال، ھەتتا ئۆپكىنىمۇ بىئارام قىلىدىغان ھاۋا كىلىماتىدا، بۇلارنى رەتلەش ۋە زۆرۈر بولغان بارلىق خاتىرىلەرنى توغرا قالدۇرۇش بىلەن بىللە، ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان قېزىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. رام سىڭ ۋە تۇردىلار ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ماڭا ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

چوڭ ياردەم قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە خەندەكتىن ئايرىلمىدىم. ئۇلارنىڭ چاڭ – توزان بېسىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ، ئاشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭمۇ قانداق تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىمنى پەرەز قىلالايتتىم. دېمىسىمۇ، ئاشۇ چاغدا بۇ خارابىلىكتە ئىشلەتكەن خاتىرەمنى ھازىر سىلىسامۇ قولغا قۇم ئۇرۇلىدۇ.

بۇ يەردە قېزىپ چىقىرىلغان خوتەننىڭ قەدىمكى ئويمىچىلىق سەنئىتى تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى بۇ ۋەزىپىنى مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشۈم توغرىسىدىكى مەخسۇس ئىلمىي دوكلاتىمغا قالدۇرۇپ قويايلى. ھازىرچە قىستۇرما رەسىملەردىكى ھەيكەللەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش پايدىلىقتەك تۇرىدۇ. ھويلىدىكى بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئىچىدە غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى تامنىڭ جەنۇبىي بۇلۇڭىغا جايلاشقان، ناھايىتى كۆركەم ياسالغان بۇددىنىڭ ئولتۇرغان ھەيكىلى ھەمدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆرە تۇرۇپ تەپسىر قىلىۋاتقان غايەت زور بۇددا ھەيكىلىنىڭ نۇر ھالقىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ھەشەمەتلىك تون كىيگەن بىر بۇددىساتۋا ھەيكىلىنىڭ چوڭلۇقى ئادەم بويى بىلەن تەڭ بولۇپ، تونىنىڭ ئاستىنقى يېرىم قىسمىنىڭ نەپىس ئىشلەنگەنلىكى ھەمدە بويىنىغا ۋە بېلىگە ئېسىۋالغان نەقىشلەنگەن تەسۋىسىنىڭ نەپىسلىكى كىشىنى قىزىقتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى بۇددا مۇنارى ۋە ئىبادەتخانا خارابىلىكىدىكى گرېكچە شەكىلدىكى بۇددا ھەيكىلىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى.

شەرقىي جەنۇبتىكى تامنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم – كېچەكنىڭ چىرايلىقلىقى، نەقىشلىرىنىڭ نەپىسلىكى ھەمدە باش ۋە قوللىرىنىڭ ماسلاشقان قىياپىتى كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتاتتى. قورۇق تامنىڭ سىرتىدىكى جەنۇبىي بۇرجەككە جايلاشقان بىر گۇرۇپپا چوڭ ھەيكەللەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوڭ تەرەپ چەتتىكى ھەيكەلنىڭ ئىككى دولىسىنىڭ ئېگىزلىكى 8 فۇت كېلەتتى.

ئەگەر ئۇنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى كۆمۈپ تۇرغان قۇملار يۆتكىۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۇكەممەل ساقلانغان ئۈستۈنكى قىسمى دەرھال ئۆرۈلۈپ چېقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. خارابىلىكنىڭ ئالدىدا ئىككىلا تەرىپى زىننەتلەنگەن تام بولۇپ، ھازىر سۈرەتلەر تامنىڭ بۇلۇڭىدىلا ئېنىق ساقلىنىپ قالغانىدى. رەت ـ رەت قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر بۇددا مۇنارى ھويلىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە تەۋە زىننەت بۇيۇملىرى بولسا كېرەك. ھەيكەللەرنىڭ نۇر ھالقىسمۇ ئىنتايىن نەپىس نەقىشلەنگەن، ئەمما تام نېپىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئورۇنلاشقان قىسمى سىرتقا چىقىپ قالغاچقا، ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. بۇددانىڭ تەپسىر قىلىۋاتقان ۋە چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالەتتىكى گەجدىن ياسالغان كىچىك ھەيكەللىرى كۆپ قىسىم چوڭ ھەيكەللەرنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

بۇ تامدىن بۇددا مۇنارى ھويلىسىغا تۇتىشىدىغان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭلۇقى ئادەم بويى كېلىدىغان بىردىن ھەيكەل بار ئىدى. مېنى قىزىقتۇرغىنى شۇكى، بۇ مەن تاپقان بىردىنبىر يېرىم دىنىي خاراكتېرگە ئىگە ھەيكەل ئىدى. ئۇلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى سۇنۇپ، پەقەت پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى ئۇلار «دۋاراپالاس» (Dvarapalas)، يەنى «قوۋۇق ئىلاھى» ئىدى. ھىندىستانلىقلارنىڭ ئادىتىدە ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ دەرۋازىسىغا مەيلى راست بولسۇن ياكى سىمۋول خاراكتېردە بولسۇن، ئاشۇنداق ھەيكەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان. راۋاق بۇددا مۇنارى ھويلىسىدىكى قوۋۇق ئىلاھى ھىندىستاندىكى نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى ھەيكەللەرگە ئوخشاش ھەمراھ ئىلاھىنىڭ بىر تىپىغا تەۋە ئىدى. ئەمما، بۇددا رەسىملىرىدە ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەر ئوبرازىدا تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردىكى ھەيكەللەرمۇ ئوخشاشلا ئەينى چاغدا يەرلىك كىشىلەر ياقتۇرۇپ كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن نەقىشلەنگەن. دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ئوڭ تەرەپتە ئۆرە تۇرغان ئىككى قوۋۇق ئىلاھىنىڭ ئۆتۈكلىرىنىڭ قونجى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، زىننەتلەنگەن گىرۋىكىدە قېنىق قىزىل رەڭ ئىزى بار ئىدى. ئىشتاننىڭ پۇشقىقى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تىقىلغان بولۇپ، پەسكە

www.uyghurkitap.com

ساڭگىلاپ تۇرغان قوش يەكتىكى ئىشتىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېپىۋالغانىدى . يەكتەكنىڭ گىرۋىكىگە بىر قۇر گۈل چېكىلگەن جىيەك تۇتۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەپىس ھالقىسىمان ۋە ئىلمەكسىمان شەكىل كەشتىلەنگەنىدى . بۇلارنى ۋە كىيىمنىڭ پۈرمە ـ قاتلاقلىرىدىكى باشقا قەدىمىي نەپىس زىننەتلەرنى ئەسلىدىكى رەسىمدىن يەنىلا ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى .

سەھىپىمىز چەكلىك بولغاچقا ، باشقا بىر قىسىم ئالاھىدە ھەيكەللەرنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى ، لېكىن بۇ يەردە مەن چوڭ ھەيكەلنىڭ سول تىزىدىن تېپىلغان ئالتۇن ياپراقچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي : بۇ شۋانزاڭ پىمودا كۆرۈپ خاتىرە قالدۇرغان چوڭ بۇددا ھەيكىلىنىڭ كارامىتىگە چوقۇنىدىغان غەلىتە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى ئىدى . « ھەر قانداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغۇچىلار نەرى ئاغرىسا ئالتۇن ياپراقچىسىنى ھەيكەلنىڭ شۇ يېرىگە چاپلىسا ، كېسىلى دەرھال شىپا تاپاتتى . چىن كۆڭلىدىن ئىلتىجا قىلغۇچىلار چوقۇم تىلىكىگە يېتەتتى . » راۋاقتىكى ھەيكەللەرگە چاپلانغان نۇرغۇن ئالتۇن ياپراقچىلىرىنىڭ ئىزنىغا قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ تېز بوغۇمى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئالاھىدە رولى باردەك كۆرۈنەتتى .

بىراق ، بۇنداق تەپسىلاتلاردىنمۇ مۇھىم ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى ، ھەر بىر ھەيكەلنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ پىشاۋەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گىرېك بۇددا ئويما ھەيكىلى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى ئىدى . مەيلى بۇ خىل ئاساسلىق كلاسسىك ئۇسلۇبتىكى ئويما ھەيكەل سەنئىتى بىۋاسىتە ھىندى دەريا ۋادىسى ياكى باكترىيىدىن كەلگەن بولسۇن ـ بولمىسۇن ، قېزىلمىلاردىن قارىغاندا ئۇ شۈبھىسىزكى ناھايىتى بۇرۇنلا خوتەندە ئۆز ماكانىنى تېپىپ گۈللەپ راۋاجلانغان . بۇ ئويما ھەيكەللەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش تارىخ ۋە سەنئەت جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . مېنىڭ بارلىق فوتو سۈرەتلىرىمنىڭ نەشرىدىن چىقىشىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردىمى تېگىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

ھىندىستاندىكى گرېك بۇددا سەنئىتىنىڭ يىل دەۋرىگە ئائىت ما-
تېرىيال ھازىرچە ناھايىتى كەمچىل بولغاچقا ، راۋاق ئويما ھەيكەللىرىنىڭ
يىل دەۋرىنى بېكىتىش قىيىن ئىدى . بۇ خارابىلىكتىنمۇ ھېچقانداق خەت
ئويۇلغان قېزىلما ئۇچرىمىدى . ئەمما ، تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەچكە ، خارا-
بىلىكتىن ئېنىق قىممەتكە ئىگە ئىسپات ـــ يارماق تېپىۋالدىم . ھەر قايسى
تەرەپلەردىكى قورۇق تامنى بويلاپ ھەربىر ھەيكەلنىڭ تەگلىكىنى تازىلى-
غاندا ھەمدە ياغاچ ئىشىك ئورنىتىلغان تامنىڭ ئەتراپىنى تەكشۈرگەندە ،
ئارقا ـ ئارقىدىن مۇنارنىڭ تەگلىكىدىن تېپىلغان مىس يارماقلارغا ئوخ-
شاش ئۇستىگە « ۋۇجۇ » دېگەن خەت ئويۇلغان خەن دەۋرىدە تارقىتىل-
غان جۇڭگونىڭ مىس يارمىقىنى تاپتۇق . بۇ مىس يارماقلارنىڭ ھەممىسى
كىچىك كاماردىن ياكى گەج ۋە كېسەك تاملارنىڭ يېرىقلىرىدىن تېپىلغى-
نىغا قارىغاندا ، ئېھتىمال ھەدىيە بۇيۇمى سۈپىتىدە شۇ يەرگە قويۇپ قويۇل-
غان بولۇشى مۇمكىن . كېيىن ھويلا ئىچىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى
كىچىك بىر بۇددا مۇنارىنىڭ تەگلىكى ياسالغان 8 كۋادرات فۇت كېلىدى-
غان جايدىكى كېسەك تام ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن قويۇلغان چىرىپ
كەتكەن ناھايىتى ئېغىر بىر تاختاي ئارىلىقىدىن كۆپلىگەن ئوخشاش
خىلدىكى مىس يارماقلار بايقالدى .

تېپىلغان بۇ مىس يارماقلارنىڭ ئومۇمىي سانى 100 گە يېقىن بو-
لۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى ، شۇنداقلا
ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى .
پەقەت ئوبوروت قىلىنمىدىغان مىس يارماقلارلا بۇنداق ئاددىي ھەدىيە بۇ-
يۇمى قىلىپ ئىشلىتىلسە كېرەك . ئۇلاردىن ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت قې-
زىلمىلار تېپىلمىغاچقا ، بۇ مىس يارماقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تارقىتىلغان
دەۋرى راۋاقتىكى ئويما ھەيكەللەرنىڭ ئەڭ كېيىنكى يىل دەۋرىنى ئىپادى-
لەيدۇ ، دەپ قاراشقا تولۇق ئاساسىمىز بار . كېيىنكى خەن سۇلالىسى
مىلادىيە 25 ـ يىلىدىن 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ، ئەمما شۇ شە-
كىلدىكى مىس يارماقلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تارقىتىل-
غان . مۇناردىكى قەدىمكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ، ماتېرىيالى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلارنىڭ ئىنچىكە ئالامەتلىرىگە قاراپ ، بىز ئۇنىڭ ياسالغان دەۋرىنىڭ ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى يېنىدىكى قەدىمىي ئولتۇراق رايونىنىڭ يىل دەۋرىگە ناھايىتى يېقىن كېلىدىغانلىقىغىلا ھۆكۈم قىلالايمىز .

گەج ناھايىتى ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تو- شۇش قىيىن بولغاچقا ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەرنى تو- شۇپ كېتىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋېلىش ئىچىدە ھېس قىلدىم . ھەيكەلنىڭ بېلەك ۋە كىيىم – كېچەكلىرى ئالاھىدە كەلدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن كۆتۈرسىلا ناھايىتى ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان بولغاچقا ، ھەيكەلنىڭ چوڭ – كىچىكلىكىگە ئاساسەن تۇججۇپلەپ ياسالغان جەسەت ساندۇقىغا ئوخشاش ياغاچ ساندۇق بولمى- غاندا پۈتۈن ھەيكەلنى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم قىسمىنى يۆتكەش پەقەت ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلەتتى . ھالبۇكى ، ۋاقتىمۇ ، تېخنىكىلىق كۈ- چۈمۇ يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق يۈكنى تاغ – داۋانلاردىن ئۆ- تۈپ ھىندىستانغا ياكى ياۋروپاغا بىخەتەر يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

شۇڭا ، بۇ يوغان ھەيكەللەرنى پەقەت سۈرەتكە تارتىپ ۋە خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن ، يىراق كەلگۈسىدە خوتەندە مۇزېي دۇنياغا كەلگۈچە قۇمنىڭ مۇھاپىزىتىدە بىخەتەر ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قايتىدىن قۇم بىلەن كۆمۈپ قويدۇق . ئەمما ، بىر قىسىم كىچىك ھەيكەللەر ۋە قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى ئوڭۇشلۇق يۆتكەپ كەتتىم . مەن قەشقەردىن لوندونغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ۋە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ قاچىلىغان بۇ ئاسان سۇ- نۇپ كېتىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۆگە ، ئات ، پويىز ۋە پاراخوت بىلەن 6000 مىللىق ئۇزۇن سەپەرنى ھېچقانداق چوڭ زىيانسىز تاماملىغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندۈم . ئوتتۇرا بويلۇق ، قاپارتما نە- قىشلىك ئىككى ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىدا باشقا ھەيكەللەردەك ئەسلى رەڭگى قىسمەن ساقلىنىپ قالغانىدى . باشقا ئويما ھەيكەللەرنىڭ تو- لۇق گەۋدىسىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى « دەسلەپكى دوكلاتىم » نىڭ

قستۇرما رەسىملىرىدە بېرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، بۇددا مۇنارى ھويلىسىنىڭ قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالمىغان قىسمىنى قېزىپ تەكشۈرۈپ چىقتىم. باشقا قىسىملارنى مەخسۇس قېزىپ چىقىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئاي ۋاقىت ۋە يېتەرلىك راسخوت بولمىسا بولمايتتى. ئەتراپتىكى رايونلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش جەريانىدا، باشقا ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسىنى ئۇچراتمىدىم. چوقچىيىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تار يەرلەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ساپال پارچىلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ ئېھتىمال بۇددا ئىبادەتخانىسى ئەتراپىدىكى مەھەللەر قالدۇرغان بىردىنبىر ئىزنا بولسا كېرەك. ھەر كۈنى بىزنى يوقلاپ تۇرىدىغان قۇم ـ بوران، تەدرىجىي كۈچىيىۋاتقان تومۇز ئىسسىق ۋە كۆزنى چاقىدىغان قۇياش نۇرى كىشىنى بەكمۇ بىئارام قىلاتتى. ئېنىقكى، چۆللۈكتىن چېكىنىپ چىقىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ خارابىلىكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن توشۇپ كېتىشكە بولمايدىغان ھەيكەللەرنىڭ يېنىدىكى خەندەكنى قايتا تىندۇرۇپ، ھەيكەللەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان بۇنداق مەجبۇرىيەت ماڭا ھەقىقىي بىر دەپنە مۇراسىمىنى ئەسلەتتى. يورۇقلۇققا ئېلىپ چىققان ھەيكەللەرنى يەنە بىر ـ بىرلەپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇلارنى يوشۇرۇپ ياتقان قۇم ئاستىغا كۆمۈۋېتىشكە قاراپ تۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى.

راۋاقنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جۇمبە قۇم ( Jümbe—kum ) نى خوتەن ئەتراپىدىكى تېخى تەكشۈرۈلمىگەن، قېزىلمىلار چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان بىردىنبىر خارابىلىك دەپ ئاڭلىغاچقا، راۋاقتىن قايتىشىمدا ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتتۈم. شۇغىنىسى پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر چېچىلىپ ياتقان بۇ خارابىلىكنى قېزىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خوتەنگە قاراپ يول ئېلىپ، رازىمەنلىك بىلەن قۇملۇقتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىمنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# ئىسلامئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ساختا قولىيازمىلىرى

خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى سەككىز كۈن ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى . قۇملۇقتىكى ئاخىرقى بىر نەچچە ھەپتىدە يۇقتۇرۇۋالغان قاتتىق زۇكام ئاستا ـ ئاستا نەپەس يولى ياللۇغىغا ئۆزگىرىپ ، مېنى كۆپ ئاۋارە قىلدى . بىر قىسىم ۋاقتىمنى كارىۋاتتا يېتىپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇم . لېكىن ، مەن يىغىپ كەلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۈرگە ئايرىپ قاچىلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن مۇددەت سىرتتا ئىشلەش جەريانىدا يىغىلىپ قالغان دائىملىق خاتىرىلەرنىمۇ رەتلەشكە توغرا كەلدى . ئالدىراشلىقتا توختىماي ئىشلەپ ، ئۆزۈم سەزمىگەن ھالدا سىرت بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالدى . مەن ھەرگىزمۇ نارباغ ( Narbagh ) دەك ئازادە تۇرالغۇنى تاپالمايتتىم . بۇ نىياز ھاكىمبەگنىڭ يېزىدىكى تۇرالغۇسى بولۇپ ، مەن باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى ئېگىز كىچىك بىنادا تۇردۇم . بەش يىلنىڭ ئالدىدا پروفېسسور ھېدىن بۇ يەردە تۇرغانىكەن . بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ ھەم ناھايىتى تىنچ ئىدى . بۇ بىناغا تۇتاشقان تۆت كىچىك يولدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىر قىسمى تېخى چېچەكلەپ تۇراتتى . ھازىر ئەڭ ئاخىرقى بەرگىلىرىمۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ، پەقەت ياپيېشىل يوپۇرماقلار قۇملۇقتا سېرىق قۇمدىن باشقىنى كۆرەلمىگەن بۇ كۆزلىرىمگە ئاراملىق بېغىشلايتتى . ئۆتكەنكى بىر نەچچە يىلدا مەن دائىم بېرىپ تۇرىدىغان لاھور ئەتراپىدىكى موغۇل شەكلىدىكى قەدىمىي باغچىلارغا سېلىشتۇرغاندا ، نارباغ باغچىسىنى شەرقنىڭ چىرايلىق يېزا باغلىرىدىن دېيىشكە بولاتتى . لېكىن ، تۈركىستاننىڭ

تـېرىلغۇ ئېتىزلىرىمۇ قۇرغاقچىلىق ، تەبىئىي ئاپەت بىلەن كۆرەش قىلىۋاتـ
قان مۇشۇنداق ۋاقىتتا ، ھەقىقىي باغچىلار شۇ قەدەر ئازكى ، ھەتتا ئۇنىڭـ
دىن ئۈمىد كۈتۈشمۇ ناھايىتى قىيىن ئىدى . شۇڭا ، نىياز ھاكىمبەگ
ياراتقان بۇ يېگىلىقلا مەن ھەقىقەتەن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن .

خوتەنگە كەلگەن كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ، مەن خۇشال ھالدا پەن
دارىننى زىيارەت قىلدىم . ئۇ مېنى خۇددى قەدىناس دوستلاردەك كۈـ
تـۈۋالدى . مەندە ئۇ ناھايىتى بىلىملىككەن دېگەن تەسىراتنى قالدۇردى .
مەن ئۇنىڭغا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقىرىش جەريانىدىكى
تۈرلۈك ئەھۋاللار ۋە ئېرىشكەن يادىكارلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم .
ئىككىنچى كۈنى بۇ ياشنىپ قالغان ئامبال مېنى يوقلاپ كەلدى . مەن ئۇـ
نىڭغا تەييارلاپ قويغان بىر قىسىم ۋەكىل خاراكتېرلىك قەدىمىي مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى كۆرسىتىپ ، ئۇنى رازى قىلدىم . پەن دارىن بىلىملىك
بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى جۇڭگو تارىخىنىمۇ ياخشى بىلىدىغان كىشى
ئىكەن . ئۇ مەندىن تۈرلۈك قەدىمىي ھۆججەتلەرنىڭ دەۋرى ، كېلىپ چىـ
قىش مەنبەسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سورىۋىدى ، مەن
ئىنتايىن ھەيران قالدىم . مەن پروفېسسور بيۇلېرنىڭ ( Buhler ) « ھىنـ
دىستاننىڭ قەدىمكى خەت شەكلى ئىلمى » نىڭ قوشۇمچە رەسىملىرىدىكى
خـەت شەكلىگە ئاساسلىنىپ ، پۇچۇركىلارنىڭ قايسى دەۋرگە تەۋە ئىكەنـ
لىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا ، پەن دارىن دەرھال
قـوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . مەن ئۆزۈمنى خۇددى مەكتەپتىكى خىزـ
مەتداشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدىم . بۇ پىكىر ئالـ
ماشتۇرۇشنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرجىمە سەۋىيىسى تۆۋەن تەرجىمان ئارقىـ
لىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇدۇم .

پەن دارىننىڭ مەن بايقىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قىزىقىپلا
قالماستىن ، يەنە مەندىن يىراق غەربكە توشۇلغان قەدىمىي ھۆججەتلەرنىڭ
ئەھۋالـلىرىنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن سورىشى مېنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭ مېنىڭ قېزىش مەقسىتىمنى بار كۈچى بىلەن
ئېنىقلىشى ئۆرۈمچىدىكى نەتىجىلىرىمنى بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقان دۇـ

www.uyghurkitap.com

بـەنـگـە قانداق دوكلات قىلىش ئۇچۇنلىمىدۇ ؟ مەن پەن دارىنىنىڭ بۇ قىـ
زىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى ، بۇ ئىلمىي كەسىپنى
قـىزغىن قوللاۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن . مەن
ئۇنىڭغا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى ، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ، ھەر خىل
ھۆججەتلەرنىڭ رەسىملىرىنى دۇبەنگە ئەۋەتىپ بېرىپ ، ئۇنى چوقۇم رازى
قىلىمەن . مېنىڭ قابىلىيەتلىك دوستۇم ئـوچـۇق كـۆڭـۈلـلـۈك بىلەن
ماڭا « ئۇلارنىڭ چوقۇم ئىككى يۈرۈش بولۇشى كېرەكلىكى » نى ئېيتتى .
مـېـنىڭچە ، ئۇمۇ نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن قۇملۇقتىن قېزىپ چىقىرىلـ
غـان بۇ ئاجايىپ خاتىرىلەرنىڭ ئۈلگىلىرىنى ئۆزىمۇ بىر ئاز ساقلاپ قېـ
لىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك ئىدى . شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ، كېيىن ھىنـ
دىـستان ھۆكۈمىتى « دەسلەپكى دوكلات » نى جۇڭگونىڭ مەسئۇل خاـ
دىملىرىغا سوۋغا سۈپىتىدە تاپشۇرغىنىدا ھېچبولمىغاندا ئۇ چوقۇم قارشى
ئالاتتى .

خـوتەندە تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ، مەدەنىـ
يـەت يـادىكارلىقلىرىغا قارىتا يېرىم ئەدلىيە تۈسىنى ئالغان تەكشۈرۈش ئېـ
لـىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم . بۇ ئىشنىڭ غەلىبىسى ئىلىم دۇنياسىدىكى
نـۇرغۇن دوستلارنى رازى قىلدى ، شۇنداقلا مېنىمۇ ناھايىتى خۇشاللىققا
چۆمدۈردى . ئەڭ ئاخىرىدا بۇ مېنىڭ ئاشۇ بىر قىسىم ئاجايىپ « ناتونۇش
يـېزىق » تا يېزىلغان ھۆججەتلەر بىلەن « ئويما مەتبەئە باسما ماتېرىيالـ
لىرى » غا بولغان گۇمانىمنى يېشىپ بەردى . ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىنغاندەك ،
يـېقىندىن بۇيان بۇ ناچار ماللار ( ساختا قولىيازمىلار ) خوتەندىن كۆپ
مىقداردا توشۇلۇپ سېتىلدى . ئۇلار كالكۇتتادا بولۇپلا قالماي ، بەلكى
لـونـدون ، فرانسىيە ، سان ـ پېتربۇرگتىكى چوڭ كىتابخانىلاردىمۇ بار
ئىدى . قىشتىكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ
راست ياكى يالغانلىقىغا بولغان ئىلگىرىكى گۇمان ھازىر ئاساسەن مۇكەمـ
مەللەشتى . قىشتىكى تەكشۈرۈشتە قولغا چۈشكەن قولدا يېزىلغان ھۆجـ
جەتلەرنىڭ تىلى ، يېزىقىمۇ ئۆزئارا ئوخشىمايتتى ( مەسىلەن ، قارۇشتى
يـېزىقى ، ھىندىستان براخمى يېزىقى ، ئوتتۇرا ئاسىيا براخمى يېزىقى ، تىـ

بەت يېزىقى ، خەنزۇ يېزىقى ) . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر كە-
چىك ئەسەرمۇ « ناتونۇش يېزىق » تا يېزىلمىغان . قېزىپ چىقىرىلغان
نۇرغۇن خارابىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللىرىمۇ ئاتالمىش ئاجايىپ « قەدىمىي
كىتاب » لارنىڭ خارابىلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ .
1895 ~ 1898 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا
سېتىۋېلىنغان تۈرلۈك ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى، خوتەندىكى بىر ئاتاق-
لىق « گۆھەر ئىزدىگۈچى » ئىسلامئاخۇندىن سېتىۋېلىنغان . ماتېرىياللارغا
ئاساسلانغاندا ، ئادەم بىلەن ساختا ھەرىكەتلەر بىۋاستە باغلىنىشلىق ئى-
دى . مەن تۇنجى قېتىم خوتەننى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا ئۇ يوشۇرۇ-
نۇۋالغانىدى . ئۇ ئىلگىرى باشقا ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن كا-
پىتان دىيسي ۋە ماكارتنېي ئەپەندى تەرىپىدىن خوتەن ھۆكۈمىتىگە مەلۇم
قىلىنىپ جازالانغان . ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا يەنە ئالدامچىلىق قىلىشىنىڭ ئاق-
ىۋىتىدىن قورقىدىغانلىقىنى بىلەتتى . مەن خوتەن قۇملۇقلىرىدا قەدىمىي خارابىلەرنى
ئالدىراش قېدىرىپ يۈرگىنىمدە ، ئىسلامئاخۇننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى يوشۇرۇ-
نۇپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىدىم . ھازىر بۇ « ناتونۇش
يېزىق » لاردىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ھەقىقەتىنى ئىسپاتلايدىغان ئا-
ساسلار تەل بولدى . شۇڭا ، مەن كېتىدىغان ۋاقتىمدا « مەھسۇلاتلىرى »
ياۋروپادىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بۇ ئادەم
ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئالدىرىدىم .
مەن يەن دارىنغا ئىسلامئاخۇننى بىر سوراق قىلىپ بېقىش ئارزۇ-
يۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقىنىمدا ، ئۇ دەرھال قوشۇلدى ھەم ماڭا ياردەم
بەردى . ئىسلامئاخۇن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ، شۇڭا
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك . مەن جۇڭگونىڭ بۇ بىلىملىك ئىش بې-
جىرگۈچىسىدىن قەتئىي ، قاتتىق ئۇسۇل قوللىنىشنى تەلەپ قىلدىم . ئۇمۇ
مېنى ئۈمىدسىز قويمىدى . 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەھەردە ئىسلامئاخۇن
چىرادىن تۇتۇپ كېلىندى . ئۇ يەردە ئۇ ئۆتكەن يىلى قىشتا تېۋىپلىق
قىلغانىدى . ئۇ قولغا ئېلىنىشنى ئويلاپمۇ قويمىغان ، چۈنكى ئۈچ ئاي ئىل-
گىرى مەن چىرادىن ئۆتكەندە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوئال سورىمىغانىدىم . ئۇنى تۇتۇپ كەلگەن بەگ بىر باغلام 5 ~ 6 خىل رەڭدىكى قەغەزلەرنىمۇ بىللە كۆتۈرۈپ كەپتۇ . ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭ چىرادىكى ئۆيىدىن ، يەنە بىر قىسمىنى خوتەندىكى ئۆيىدىن ئاختۇرۇپ تېپىۋاپتۇ . تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ناھايىتى سۇئىيلىكىنى ھېس قىلدۇق . ئۇلار سۇنئىي ئۇسۇلدا سارغايتقان ( ئۆڭدۈرگەن ) بۇ قەغەزلەر-نىڭ ئۇستىدە يېقىندا قەشقەردە سېتىلغان قەدىمكى ياغاچ باسما كىتابلار-دىكىدەك « ناتونۇش يېزىق » لار بار ئىدى . يەنە بىر پارچىسى « ناتونۇش ھەرپ » لەر بىلەن قولدا يېزىلغان قەغەز بولۇپ ، دەسلەپ سىناق قىلىپ ياسالغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى . شۇ ۋاقىتتىكى ياساش ئۇسۇلى پەقەت قولدا يېزىش بىلەنلا چەكلىنەتتى ، خالاس .

1897 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى ئىككى پارچە شۆبىتسىيە گېزىتى ( مەن بۇنىڭ قانداق قىلىپ خوتەنگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەتتىم ، بىراق بۇ باشقا بىر ھېكايە ) مۇ ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى . ئىسلامئاخۇن ئىلگىرى خوتەن ، كېرىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىقلار ئارىسىدا پائالىيەت ئې-لىپ بارغان ھەم ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ۋاكالەتچىسى ، يەنى خۇنزا تاجا-ۋۇزچىلىرى ئىلگىرى ھىندىستان تېررىتورىيىسىدىن بۇلاپ كەتكەن قۇللارنىڭ خوجايىنى بولۇۋالغان . رەخت ئۇستىگە ئەستايىدىللىق بىلەن چاپلانغان بۇ گېزىتتە جۇڭگودىكى بىر نەپەر شۆبىتسىيىلىك دىن تارقات-قۇچىنىڭ رەسمى بېرىلگەن ھەم ئاستىغا جۇڭگو يېزىقى بىلەن بىر نەچچە خەت يېزىلغان بولۇپ ، بۇ ئاشۇ دىن تارقاتقۇچىنىڭ جۇڭگوچە ئىسمى ئىدى . بۇ ھىيلىگەر لۇكچەك ئۆزىنى رەسىمدىكى ئادەم ، ئاستىدىكى خەتنى بولسا ئۆزىنىڭ ئىسمى دەۋالغان . ئۇ بۇ گېزىتنى ھەقىقىي ئىسپات قىلىپ ، ساددا ، نادان تاغلىقلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كەلگەن . كىشىلەر ئە-زەلدىن مەۋجۇد بولمىغان بىر قۇل تەرىپىدىن جاۋابقا تارتىلىشتىن قورق-قان . لېكىن ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىق ھەرىكىتى ناھايىتى تېزلا ئېچىپ تاشلان-غان . ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ پاش قىلىشى بىلەن ئۇ خوتەن يامۇلدا تې-گىشلىك جازاغا ئۇچرىغان . 1898 ـ يىلى ئەتراپىدا ، قەشقەردىكى ياۋروپا-لىق مۇھاجىرلار ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان . ئۇ سىتىۋاتقان « قە-

دىمىي كىتاب » لار كاسات ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان . ئىسلامئاخۇن ئامالـ
سىز كەسپىنى ئۆزگەرتىپ تېۋىپلىق قىلىشقا باشلىغان . بىر پارچە فرانـ
سىيە رومانىنىڭ قىستۇرما بېتى ( ئېھتىمال دۇترىيۇيل دې رىنس ۋە گرېـ
نارد قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ) ۋە بىر قىسىم پارسچە ئىنجىلـ
نىڭ چېچىلغان بەتلىرى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسما كىتابلىرىغا قىستۇرما
رەسىم قىلىپ كىرگۈزۈلگەن ، مەن شۇ ۋاقىتتا ئېنىقراق سورىمىغانلىقىم
ئۈچۈن ھازىر ناھايىتى ئۆكۈنىمەن . ئۇ ئاشۇ فرانسۇزچە كىتابلارنىڭ بەتـ
لىرىنى ئۆز خىيالىدىكىدەك بىرەر ھېكايە قىلىپ ئوقۇپ چىققانمۇ ياكى پەـ
قەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلەتكەنمۇ ؟

بۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك سوراق ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى . بۇ
ئىككى كۈنلۈك سوراقتا مەن خۇددى ئۆزۈمنى ھىندىستاننىڭ سوراقخانىـ
سىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم . بىرىنچى قېتىملىق سوراقتا ئىسلامئاخۇن
پۇشايمان قىلغاندەك ھالەتتە تۇراتتى . ئۇ بىر قىسىم يالغان ، ئالدامچىلىق
ھەرىكەتلىرىنى ئىقرار قىلدى . 1898 ـ يىلى ئۇ ئابرويلۇق كاپىتان دېسىيـ
نىڭ پۇچۇركىسىنى ئويدۇرۇپ ، ئافغانىستان مۆتىۋەرىدىن ئالتۇن ـ كۈـ
مۈشلەرنى ئالداپ ئېلىۋالغان . لېكىن ، ئۇ « قەدىمىي كىتاب » ئىشىدا باشـ
تىن ـ ئاياغ ئۆزىنى گۇناھسىز دەپ ئاقلىدى . ئۇ ئۆزىنى پەقەت ئەسلى
خوتەندە تۇرغان ، ھازىر ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ياكى باشقا يۇرتقا قېچىپ
كەتكەنلىكى نامەلۇم بولغان بىر ئادەمنىڭ قەشقەردىكى ساتقۇچىسى ، دەپ
ئاتىدى . ئۇلار ئىلگىرى ئۇنىڭغا « قەدىمىي كىتاب » لارنى قولمۇقتىن تېـ
پىۋالغان دەپ ئېيتقان بولۇپ ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتـ
قان . بىراق ، سېتىش جەريانىدا ، ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ ياۋروپالىقنىڭ بۇ
نەرسىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇلارغا يەنە تېپىپ بېرىشنى ئېيتـ
قان . كېيىن ئۇلار يەنە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە
ئاپىرىپ ساتقان ... ھازىر ئۇ بۇ ئالدامچىلىقلىرىنىڭ ئۆزىگىلا ئارتىلىپ قېـ
لىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئازابلانغاندەك تۇراتتى . ئۇنىڭغا كىتاب ئەـ
كىلىپ بېرىدىغان مۇھەممەد ئېلى دېگەن كىشى ھازىر يەركەنگە قېچىپ
كېتىپتۇ . مۇھەممەد سىدىق ئىسىملىك يەنە بىرى ئاقسۇغا قېچىپ كېتىپتۇ .

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچىنچى بىرى ھەممە ئازابتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ
خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىپتۇ ... بۇ قانۇنىي جەھەتتە ناھايىتى كۆڭۈلسىز
كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىسلامئاخۇننىڭ ئۆزىنى قوغداپ
قېلىش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەپ چىققان بىر دەستىكى ئىدى ،
شۇنداقلا ئۇ بۇنى جاھىللىق بىلەن مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى . مەن ئۇنىڭغا
ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ساختا پائالىيەتلىرىنى ئامبال
ھەم ياملۇغا شىكايەت قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتىشىم كېرەكلىكىنى ھېس
قىلدىم . چۈنكى ، مەن جۇڭگونىڭ قانۇنىدىكى تەرتىپ بويىچە بولغاندا
ئۇنىڭ قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم . ئەل-
ۋەتتە مەن بۇنداق قىلىشنى قۇۋۋەتلىمەيمەن . زورلاپ ئىقرار قىلدۇرغانىنىڭ
مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى . بىلمىدىم ، ئۇ مېنىڭ دى-
لىغۇل بولۇۋاتقىنىمنى بىلىپ قالدىمۇ ، ئىشقىلىپ ئىككى قېتىملىق سوراق-
تىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى . سوراق ئارىلىقىدا ، مەن قول ئاستىم-
دىكىلەرگە ئىسلامئاخۇنغا ياخشى قاراشنى تاپشۇردۇم . ئىسلامئاخۇن ئۆزى-
نىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش جەريانىدا بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى .
بۇ تېپىۋېلىش مېنى بۇ ئەقىللىق جاۋابكارنى تۇتۇۋېلىش پۇرستىگە ئىگە
قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ « قەدىمىي كىتاب » لارنىڭ كېلىش مەنبەسى دەپ
قارالغان ھەر قانداق بىر يەرگە بارغانلىقىنى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ قۇملۇقتىكى
خارابىلىككە بارغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى .

مەن يالغاندىن بۇ ئالدامچىلىقلارغا قىزىقمايدىغان قىياپەتكە كىرى-
ۋېلىپ ، ئۇنى ئازدۇرۇپ ئەمەلىي ئەھۋالنى قايتىلاتتىم . ئۇ ئۈچىنچى قېتىم
ئۆزىنى ئاقلىغىنىدا نۇرغۇن گۇۋاھچىلار تېپىلدى . بەلكىم ئۇنىڭ كاللىسى
ئايلىنىپ قالدىمۇ ياكى مېنىڭ سەۋرچانلىقىم تۈپەيلىدىن بىخۇتلىشىپ قال-
دىمۇ ، ئىشقىلىپ چىرايىدىن چارچىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ھىيلە-
گەر ئادەم سەزگۈرلۈكىنى يوقاتقاندەك تۇراتتى . شۇنىڭ بىلەن ، مەن
دەرھال جەڭگىۋار ئورۇنغا ئۆتتۈم ـ دە ، دوكتور خورنلىنىڭ دوكلاتىدىكى
ئىنچىكە خاتىرىلەردىن ئۈزۈۋالغان ، ئۇ ھەر خىل سورۇنلاردا ماكارتنىي
ئەپەندىگە سۆزلەپ بەرگەن ، ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇلغان ھېكايىلەر-

دىن تارتىپ ، تاكى 1895 ~ 1898 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تەكلىماكان چۆل-لۈكىگە قىلغان سەپىرى ۋە قېزىۋالغان نەرسىلىرىگە قەدەر ھەممىنى ئالدىغا تىزىپ قويدۇم .

بۇنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولدى . ئىسلامئاخۇن ئۆزى-نىڭ بىر قانچە يىل ئىلگىرى توقۇپ چىققان ھېكايىلىرىنى بىراۋنىڭ بۇن-چىلىك ئىنچىكە خاتىرىلىۋېلىشىنى ، ھەتتا ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلى-رىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلۈپ قېلىشىنى ، بولۇپمۇ ئورۇن ۋە تەپسىلاتلارنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ شۇ تاپتا دوكلاتىمدىكى تەپسىلاتلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى . مەن ماكارتنېينىڭ خاتىرىسى ۋە دوكتور خورنىل ئەپەندىنىڭ ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇ-نىڭ قەشقەردە ساتقان « قەدىمىي كىتاب » لىرى ۋە ئۇلارنى قانداق تاپ-قانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلىتەلەيتتىم . بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئاشكارا قىلىپ قويغانلىقىنى تونۇپ يەت-تى . ئۇ بارلىق جىنايەتتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى بىلىپ ، ئۆزى ئىلگىرى تىلغا ئالغان ئاشۇ خوجايىنىنىڭ سامپۇل ( يەنى لوپ ) نىڭ يېنىدىكى تاشلاندۇق مازارلىقتا قولىيازمىلارنى كۆرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى . ئۇ بىردىن ـ بىردىن سۆزلەپ ئاخىر ھەممىنى ئىقرار قىلىشقا باشلىدى . ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىل-گەندىن كېيىن ، گۇناھىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە تاپشۇردى .

قەشقەردە ساقلانغان خاتىرىلەر بىلەن يەككە گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە كۆپلىگەن مۇھىم تەپسىلاتلار ئىسلامئاخۇننىڭ كې-يىنكى ئىقرارىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

ئۇ دوكتور خورنىلنىڭ دوكلاتىدىكى نۇرغۇن كۆپەيتىلگەن رە-سىملەردىن ئۆزى ياسىغان « ناتونۇش يېزىق » لارنىڭ باسما ئۈلگىلىرىنى تونۇۋالدى . 1894 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا ، ئۇ خوتەن يېزىلىرىدىن پۇل ، تامغا ۋە باشقا تۈرلۈك ئاسارئەتىقىلەرنى يىغقان . شۇ چاغلاردا بولسا كېرەك ، ئۇ ئافغانىستان سودىگەرلىرىدىن ھىندىستاندىن كەلگەن مۆتىۋەرلەرنىڭ قە-دىمكى قولىيازما كىتابلىرىغا ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان . بۇ خىل

ھەقىقىي كىتاب بەتلىرى ئىلگىرى تۇردى ۋە باشقا « گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر » تەرىپىدىن دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان. لېكىن، بۇنداق زېرىكىشلىك قۇم بارخانلىرىنى ئاختۇرۇش ھەقىقەتەن ناھايىتى جاپالىق، شۇنداقلا قەدىمكى نەرسىلەرنى تېپىش ئۇمىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇ ئىسلامئاخۇندەك ئەقىللىق ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق بولۇپ تۇيۇلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قەدىمىي كىتابلارنى ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلاپ چىققان.

شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم موللا باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە شېرىكلەر ئىشقا كىرىشكەن. بۇ ئادەم سوۋېتتىن كەلگەن مەخسۇس « قەدىمىي كىتاب » ئىزدىگۈچى خادىملارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا، ئىسلامئاخۇن ئاساسلىقى ئەنگلىيىدىن كەلگەنلەر ۋە باشقا يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان. ئىبراھىم موللا رۇسچىنى ئازراق بىلەتتى. بۇ مەن ئىلگىرى دىققەت قىلغان « ئويۇلغان » بىر قىسىم ھەرپلەرنىڭ كونا سلاۋيان يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەن دەسلەپ خوتەنگە بارغاندا ئۇچراتقان سوۋېت ئەرمىنىيىلىك ئادەم دەل شۇ ئىبراھىم موللىدىن قىيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان ساختا قوليازمىلارنى سېتىۋالغان. ئىبراھىم مۇللا بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئوخشاشلا ھىيلىگەر بولۇپ، ئۇلار ئىسلامئاخۇننىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوتەندىن بىراقلا قېچىپ كەتتى.

1895 ـ يىلى، بىرىنچى قېتىم ياسالغان بۇ قەدىمىي كىتابلارنى ئىسلامئاخۇن ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا ماكارتنېي ئەپەندى قەشقەردىن ۋاقىتلىق ئايرىلغاندىن كېيىن قەشقەردە ياردەمچى كونسۇل بولۇپ تۇرغان ئەخمەددىنگە سېتىپ بەرگەن. بۇ كىتاب سىناق تەرىقىسىدە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىۋېلىنغان ھەقىقىي قوليازمىلارنىڭ پارچە بەتلىرىدىكى ئۇلاپ يېزىلغان براخمى يېزىقى نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان. گەرچە بۇ ساختىپەزلەر باشتىن ـ ئاخىر ئۆزلىرى بىلىدىغان بىرەر يېزىقتا مەزمۇنلىرى باغلىنىشىدىغان بىرەر كىتابنىمۇ ياسىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى ساختا مال-

لىرى ناھايىتى نەپىس ، ياخشى ياسىلىپ ، بىر مەزگىل ياۋروپالىق ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئالداپ كېتەلىگەن . خورنىل دوكتورنىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيا قە- دىمكى يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق دوكلات » نىڭ قوشۇمچە ئىلاۋىسىدىن ئۇنىڭ دەسلەپكى ساختا ماللىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۇلار ئىسلامئاخۇن ياسىغان باشقا مەھسۇلاتلار بىلەن بىرگە ئۇلۇغ بىرىتانىيە موزېيىدىكى كېرەكسىز ماتېرىياللار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ . پروفېسسور سۋېن ھېدىننىڭ نېمىس تىلىدىكى « ئاسىيادىن ئۆتكەندە » دېگەن ئەسىرىدىكى « قەدىمىي خوتەندىكى قولىيازمىلار » دا بۇ زاۋۇتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قوپال مەھسۇلاتلىرى سۆزلەنگەن .

بۇ مەھسۇلاتلار قەشقەردە ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلىپلا قالماي ، بەلكى بەدرىددىننىڭ بىخەستىلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق لاداق بىلەن كەشمىردىمۇ ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلغان . بۇ ساختا مال يا- سىغۇچىلار ئۇچۇن زور رىغبەت بولغان . ئىسلامئاخۇن ئۆزلىرى ياسىغان كىتابلارنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلىۋاتقانلىقىنى ھەم بىرمۇ ياۋروپا- لىقنىڭ بۇ يېزىقنى بىلمەيدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەي- دىغانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا بايقىۋالغان . شۇڭا ، بۇ ساختا مال ياسىغۇ- چىلار قەدىمكى پراگمېنتلاردىكى ھەقىقىي خەت نۇسخىلىرىنى ئۈنچىلىك ئىنچىكە دورىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلگەن - دە ، ئۆزى خالىغانچە « نا- تونۇش يېزىق » لارنى ياساۋەرگەن . مانا بۇ مەزكۇر غەيرىي خەتلەر ئوت- تۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى . بېسىلغان نۇسخىلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ، بىر مەزگىل ئىچىدە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىرى ئىچىدە ئاز دېگەندە 12 خىلدىن ئارتۇق ئوخ- شىمايدىغان نەشىر نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى ( بۇ سان تېخى تازا توغرا ئەمەس . چۈنكى ، بۇنى بېكىتىۋاتقان شەرقشۇناس تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىشەنچى ئانچە چوڭ ئەمەس ) .

قانداقلا بولمىسۇن ، قولدا كۆچۈرۈشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار بۇ زاۋۇتنى بىر قاتار ياغاچ تاختىلار ئارقىلىق قايتا باسقىلى بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكەن . چۈنكى ، جۇڭگو

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈركىستاندا ياغاچ باسما ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ ، تەييارلىماق ناھايىتى ئاسان ئىدى . بۇ خىل ياغاچ باسمىدا « قەدىمىي كىتاب » لارنى ياساش 1896 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي باشلانغان . دوكتور خورنلىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق دوكلاتىدا ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىنغان ھەم تەسۋىرلەنگەن 45 پارچە « ئويما » نەشىر مەھسۇلاتى مانا بۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ھۆججەتلەر شەكىل جەھەتتىن بىردەك بولسىمۇ ، لېكىن خەت نۇسخىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپلا قالماي ، بەلكى خەتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ، سىزىقلارنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكى جەھەتتىمۇ يەنىلا پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى .

ئىسلامئاخۇن ئۆزىنى قوغداشقا ئامالسىز قالغاندىن كېيىن ، ئىككىلەنمەستىنلا ئۆزلىرىنىڭ « قەدىمىي كىتاب » لارنى ياساش تېخنىكىسىدىكى ئىنچىكە ئەھۋاللارنىمۇ سۆزلەپ بەردى . ئۇ مەن قىزىقىدىغان بارلىق سوئاللارغا زور ئىشتىياق بىلەن جاۋاب بەردى ھەم « قولىيازما » لارنى يېزىش ياكى « ئويما مەتبەئە » بىلەن بېسىشقا ئېھتىياجلىق قەغەزلەر ۋە قەدىمكى قەغەزلەرنى تەقلىد قىلىپ ياساش ئۇسۇللىرىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن ئېيتىپ بەردى . خوتەن جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ قەغەز ياساش مەركىزى بولغاچقا ، بۇ ئالدامچىلارنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەن . شۇڭا ، ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەر خىل شەكىلدىكى قەغەزلەر ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايتتى . ئۇلار توغراق يېلىمى بىلەن ھازىرقى خوتەندە ياسالغان قەغەزلەرنى سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭدە بويايدىكەن . چۈنكى ، توغراق يېلىمى سۇدا ئېرىگەندىن كېيىن بوياق قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىكەن .

بويالغان قەغەزلەرگە قول بىلەن خەت يېزىپ ياكى خەت بېسىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنى ئوتقا قاقلاپ ئىسلاش ئارقىلىق ئالاھىدە قەدىمكى قەغەزلەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرىدىكەن . شۈبھىسىزكى ، بۇ خىل ئىسلاش جەريانىدا بەزىدە دىققەتسىزلىكتىن سارغايتىپ قويۇش ياكى كۆيۈپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدىكەن . بۇ خىل ئالامەتلەرنى كالكۇت-

تادىكى « قەدىمي كىتاب » لار ئىچىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . كېيىنكى قەدەمدە ئاندىن بۇ بەتلەرنى تۇپلەيدىكەن . لېكىن ، بۇ تۇپلەش ناھايىتى نـەتىجىسىز بولغان . ئۇلار كېيىنكى كۆپلىگەن مەھسۇلاتلارنى ياۋروپانىڭ كىتاب تۇپلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تۇپلىگەن . لېكىن ، ناھايىتى قوپال ھەم نامۇۋاپىق ( دائىم تۆمۈر مىخ ياكى قەغەز شوينا ئىشلەتكەن ) بولۇپ ، راستلىقىغا ئادەمدە گۇمان پەيدا قىلاتتى . ئەڭ ئاخىرىدا تۇپلىنىپ بولغان قـوليازمىلار ياكى كىتاب بەتلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۇششاق قۇملارنى سېپىپ ، ئۇلارنى قارىماققا خۇددى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خارابىلىكتىن تېپىۋېلىنغان ھالەتكە كەلتۈرگەن . ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى ، 1898 ـ يىلى ئەتىيازدا كەشمىردە مەن بىر مەدەنىي يادىكارلىق توپلىغۇچىنىڭ ساختا بـۇيۇملارنى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن كىيىم چوتكىسى بىلەن چوتكىلىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم .

ئىلگىرىكى مەلۇم مەزگىللىك ئىنچىكە پىلانلانغان بۇ ئالدامچىلىقىقا بـولغان گۇمانىم ئۇزۇن ۋاقىت ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھازىر باش قەھرىمان تەرىپىدىن ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلىنىپ ، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ئىسپاتلاندى . مەن ياۋروپادىكى ئالىملارغا « جىنايەتچىنىڭ ئىقرار قىلغانلىقى » نى ھەم تەكشۈرۈش جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر شەرقنىڭ ھېچقانداق بىر سوراق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلمىغانلىقىنى ئېيتالايمەن . بۇ تەرىپى ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلدى . لېكىن ، ئادەمنى تېخىمۇ خۇشال قىلدىغىنى ، مېنىڭ قۇملۇقتىكى تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمگە ئاساسلانغاندىمۇ ھەم ئىسلامئاخۇن بويىنغا ئالمىغان تەقدىردىمۇ ، بۇ سـاختا ماللارنى بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەرلىك ئىدى . مەن دەندان ئۆيلۈكتىن ۋە ئەندەرەدىن قېزىۋالغان قەدىمكى ھۆججەتلەر بىلەن قۇملۇقتىن تاپقان ئادەتتىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسلىنىپلا ، راست مال بىلەن ئىسلامئاخۇن ياساپ چىققان ساختا ماللارنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرەلەيمەن . مانا بۇلار قەدىمكى خارابىلەر ئۇنى يادىكارلىقلار بىلەن تەمىنلىدى ، دېگەن ئويدۇرما سەپسەتىلەرنى ئېچىپ تاشلىيالايدۇ . ھەقىقىي قەدىمىي ھۆججەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مەيلى قەغەزنىڭ سۈپىتى ۋە رەڭگى جەھەتتىن

www.uyghurkitap.com

بولسۇن ياكى تۆپلەش ، ساقلاش ۋە باشقا ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىدە بولسۇن ، ئىسلامئاخۇن ياسىغان ساختا بۇيۇملاردىن ئازراقمۇ تاپقىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ روشەن ئەمەلىيىتى شۇكى ، بۇ ساختىپەزلەر ئەزەلدىن ئۆزلىرى بىلىدىغان ھەر قانداق بىر يېزىق شەكلى بىلەن مەنىلىرى باغلىشىپ كېلىدىغان بىرەر كىتاب يېزىپ چىققىنى يوق . مەن تەكشۈرۈش جەريانىدا تېپىپ چىققان بارلىق قەدىمكى ھۆججەتلەردىكى يېزىقلارمۇ بىزگە تونۇشلۇق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىسلامئاخۇننىڭ بۇ ساختا مالىلىرى بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنى يەنە ئالداپ كېتەلىشىدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ .

ساختا مال ياساش خىزمىتىنىڭ توختىغىنىغا ئۈچ يىل بولغانلىقى ئۈچۈن ، مەن ئىسلامئاخۇننىڭ ھەرىكىتىنى يەنە تەكشۈرۈشنى توختاتتىم . ئۇنىڭدىن باشقا مەن ئاق كۆڭۈل دوستۇم پەن دارىيننىڭ كەڭ قورساقلىقىنىمۇ بىلەتتىم . ئەمەلىيەتتە ، بىز كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ ساختا قوليازمىلارنى ياساش مەسىلىسىدە ئىسلامئاخۇنغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا ، مەن بۇ ياشانغان ئامبالنىڭ خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك بولۇپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلدىم . بۇنداق ئىشلارغا قارىتا جۇڭگونىڭ بىزنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئەدلىيە كۆز قارىشى بار ئىدى . ئېنىقكى ، جىنايەتچىنى سوتقا چاقىرتىپ كېلىش ناھايىتىمۇ قىيىن ، كەچۈرۈم قىلىشتىن سۆز ئېچىش ، يەنى ئاشۇ دىتسىز سېتىۋالغۇچىلار ساختا قوليازمىلارنى ياساشقا مەدەت بەرگەن دەپ قاراش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئىسلامئاخۇن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ساختا قوليازمىلىرى داڭلىق ئالىملارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ۋە ئەمگىكىنى زايە قىلغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا ، بۇ ھىيلىگەر ئەبلەخنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن جۇڭگو ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچرىغانلىقى بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللىي تاپتىم .

ئۇ كاپىتان دېسىنىڭ پۈچۈركىسىنى دوراپ بەدرىددىندىن 12 تىللانى ئالداپ ئېلىۋالغان جىنايىتى ئۈچۈن ئىلگىرى ئۇزۇن مۇددەت ياغاچ

تاقاق سېلىنغان . يەنە ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇۋېلىپ جازانىخورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن تەن جازاسى بېرىلگەن ھەم زىنداندا ياتقان .

بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆھبەت داۋامىدا مەن ئىسلامئاخۇننىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتىم . ئىسلامئاخۇن ھىيلىگەر ھەم خىيالپەرەس ئادەم بولۇپ ، ئادەتتىكى خوتەن كىشىلىرىگە ئوخشىمايتتى . ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن بولۇپ ، چىرايىدىن ۋە كۆزلىرىدىن زېرەك ، قۇۋ ھەمدە ئاچكۆزلۈكلۈكى چىقىپ تۇراتتى . بىر قاراشتا ئۇ كەشمىرلىكلەرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى . مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ، ئۇنىڭ تۇردىغا ئەپچىللىك بىلەن بەرگەن جاۋابى بولدى . ئۇنىڭ مەلۇم مەنىدىكى قىلىقسىز قىزىقچىلىقى تۇردىنى « قۇملۇقتىن ھېچنېمە تاپالماسلىق » تىن ئىبارەت تېرىك شاھىدقا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى . دوكتور خورنىل سىزىپ قالدۇرغان خەرىتىدە ئۇنىڭ ئۆزى ياساپ چىققان بۇيۇملىرىنىڭ نەپىس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ ، بۇ ئىسلامئاخۇنغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھەمدە بۇ خىل ھۈنەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئالدىرىغان . كېيىن ئېيتىمەنكى ، ئۇ ئالدامچىلىق قىلىشتا بۇ خىل « ئويمىچىلىق » سەنئىتىدىن پايدىلىنىشنىڭ ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن . مۇبادا ، ئۇ ماڭا ئوخشاش بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۆزى ياساپ چىققان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ياۋروپادىكى ھەر قايسى چوڭ كۈتۈپخانىلاردا ماراكەش مۇقاۋىسىدەك مۇقاۋا بىلەن كۆركەم تاشلىنىپ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئىدى ، بەلكىم ئۆزىدىن تېخىمۇ پەخىرلىنەتتى .

مەن ئىسلامئاخۇنغا ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرىگە ھەمدە ئېيتقان ياساش ئۇسۇلى ۋە ماتېرىياللىرىغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى ، بىراق ماڭا ماددىي ئىسپات كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم . ئۇ ماڭا بۇ ئالاھىدە « قەدىمىي كىتاب » تىن بىر قانچە پارچە بېرىشكە دەرھاللا قوشۇلدى . ئۇنىڭ دېلو سادىر قىلغانلىق ماتېرىياللىرى ئارخىپلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن ، مەن مەلۇم شەرت بىلەن يامۇلنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن ئۇنى ئازاد قىلدىم . ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى كۈنى سەھەردىلا ئۆيىدىن ماڭا بىر پارچە تارشا پۈتۈك نۇسخىسىنى ئەكىلىپ بەردى. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرى ئاللىبۇرۇن پۈتكۈل شەھەرگە پۇر كەتكەن بولغاچقا، شېرىكلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىش بىر ئاز تەس ئىدى. بەلكىم ئۇ يەرلەردە بۇ خىل ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ خىل رولنى يەنە ئېلىشنىڭ پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنمۇ ياكى سوراق جەريانىدا بارلىق ئىشلارنى ئېيتىپ قويغانلىقىدىن قەدىناسلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشتىن قورققانمۇ، ئىش قىلىپ ئىسلامئاخۇن پۈتۈنلەي ئازادلىققا ئېرىشكىنىگە قارىماي دەسلەپكى قېتىم جىنايەتچى سۈپىتىدە سوتقا ئېلىپ بېرىلغاندىكىگە سېلىشتۇرغاندا قورقۇنچاق، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: «سەن بەكمۇ ئەقىللىق ئىكەنسەن، خوتەندەك مۇنداق ئەخمەقلەر دىيارىدا ياشماسلىقىڭ كېرەك» دېگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە راستىنلا چىنپۈتۈپ قالغان چېغى، مەن خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا مېنىڭ ئۆزىنى بىرگە ياۋروپاغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشىمنى ئۆتۈندى، بىراق ئۆزىنىڭ سەپەردە مەن ئۈچۈن قانداق خىزمەتتە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ بۇ خىل غەلىتە تەلىپىنىڭ شۈبھىسىزكى ئالدامچىلىق قىلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق، مۇنبەت جاي ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم. شۇڭا، مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# خوتەن بوستانلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە كۈنلەر

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ، مەن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلىشىش ئۈچۈن خوتەن يامۇلىغا قەدەم ئالدىم . بۇ مەن ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ، سەممىي دوستۇم پەن دارىن بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق خوشلىشىش بولۇپ قالاتتى . ئۇ ھەقىقىي بىر مۇتەئەسسىپ ئالىم ئىدى . ئۇنىڭدا غەربنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەسىرىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ۋاقتىتىلا ئۇنىڭ مېنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىمنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدىلا تەكشۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ مۇلايىم ، سەممىيلىكىنى ئاستا ـ ئاستا ياقتۇرۇپ قالدىم . ئۇنىڭ بۇ خىل سالاپىتىدىن خۇشپېئىل كىشى ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى . ئەمەلدار بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ مول بىلىملىك ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ، پىشقەدەم ئەربابتىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر نۇقسانلار بار ئىدى . بىراق ئۇ توغرۇلۇق مەن بىلەن پاراڭلاشقان يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۈز ۋە سېخىيلىقىنى ماختىشاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن بۇ بىلىملىك ئەمەلدار دوستۇمغا ئۈرۈمچىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ( ئۇ پات ئارىدىلا پېنسىيىگە چىقىپ ئۈرۈمچىگە كېتەتتى ) ؛ ئۇنىڭ يۇقىرىراق ۋەزىپىگە قويۇلۇشىنى ، يەنى قەشقەرنىڭ دوتىيى دېگەنگە ئوخشاش مەنسەپكە قويۇلۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم .

مەن ئاتلىق قونالغۇمغا قايتقۇچە خوتەننىڭ ئۇزۇن كوچىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتتۇم. بۇ دەل شەنبە كۈنى بولۇپ، خوتەن كونا شەھەرنىڭ بازار كۈنى ئىدى. ئۇزۇن كەتكەن مەركىزىي كوچىدىكى بازاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. كۈن نۇرى كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىمارەتلەر ۋە يايمىچىلارنىڭ كونىراپ كەتكەن سايىۋەنلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەر خىل تاۋارلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. مەن بىر نەچچە دانە خاتىرە بۇيۇمى سېتىۋالدىم. خوتەنلىك ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدە نامايان بولۇپ تۇرغان ھۈنەر-سەنئەت يەرلىك رەختلەردە ئۆزىگە خاس قىياپەت شەكىللەندۈرگەندى. ئەمما، ئانىلىن بوياق ماتېرىيالىنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى رەڭ جەھەتتىكى شەرقچە ماسلىششچانلىقنى بۇزۇۋەتكەندەك تۇراتتى. خوتەننىڭ مەركىزىي شەھىرى ھەقىقەتەنمۇ كىچىك ئىدى. مەن ئۆتكەن يىلى كۈزدە بۇ يەردىكى چېغىمدا ماڭا تونۇش بولغان ھەر بىر سۈرەتتەك كوچىلارنى ۋە مەسچىتلەرنى ئاتلىق قايتا ئايلىنىپ چىقتىم. قۇملۇقتا ئۇزاققا سوزۇلغان نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ يېنىمدا قىستىلىشىپ يۈرگەن قايناق ھالىتىنى قايتا كۆرگىنىمدە، ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھاياجانغا چۆمدۈم. كوچىلاردىكى چىرايلىق، يۇمران يېشىل يوپۇرماقلار ۋە كۆپكۆك ئاسمان خوتەندىكى ئەڭ ئاخىرقى تەسىراتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

ئەتىسى سەھەردە، مەن نارباغدىن ئايرىلدىم. تۆت كۈن بۇرۇن رام سىڭنى ئېغىر يۈك-تاقلار بىلەن يەركەنگە يولغا سالغاچقا، ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش ۋاقتىدا تۈركىستاندا يېڭى سەپەرگە چىققاندا دۇچ كېلىدىغان ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي ئىدىم. ئەمما، ئىلگىرىكىدەكلا ئۇزاقتىلى كەلگەن يەرلىك تونۇشلىرىمنى سەممىي كۈتۈشۈم، بىر قىسىم دورىلارنى دوستلىرىمنىڭ ئائىلىلىرىگە ھەدىيە قىلىشىم ھەمدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئانچە ئاز ھېسابلانمايدىغان چاي پۇلى بېرىشىم كېرەك ئىدى. جۇڭگو تۈركىستانىدا خۇددى ياۋروپا مەدەنىيەت مەركىزىدىكى ئەڭ ياخشى باشقۇرۇلىدىغان مېھمانخانىلارغا ئوخشاشلا چوڭ-كىچىك مۇلازىمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم چاي پۇلى بېرىش زۆرۈر ئىدى، يەنى تۇرالغۇ جايىمغا قاراش ئۈچۈن يامۇلدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەتچىلەر، ئىلگىرى ئۈچۈر ۋە

قەدىمىي ئاسار ئەتىقىلەرنى يىغىشقا ياردەملەشكەنلەر ، تەمىنات بۇيۇملىرىنى يىغىشقا ياردەملەشكەن يۈزبېشى ۋە باشقىلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىش زۆرۈر ئىدى . پۇلنى بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتكەندە ، بەھۇدە سۆرەلمىلىكتىن ساقلانغىلى بولاتتى . باشقىلارغا بېرىلىدىغان چاي پۇلىنى يالغاندىن سوۋ- غات قاتارىدا بېرىشنىڭ ھەر قانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . ھەر قانداق كىشى ئابرويى ئۈچۈن يالغاندىن چاي پۇلى ئېلىشنى رەت قىلغاندىمۇ ، ئۇ- نىڭغا زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويۇلمايتتى . ياۋروپا ئىدىيىسىدە يۈزەكى ئۆزگە- رىش پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ، ھىندىستاننىڭ سوت كوللېگىيىسى نو- مۇسسىزلارچە ئالتۇن ـ يامبۇلارنى قوبۇل قىلىش مۇۋاپىق ، دەپ قارايتتى . تۈركىستانلىق دوستلار باشقىلارنىڭ كىچىك سوۋغاتلىرىنى رەت قىلمايت- تى ، ئەلۋەتتە . لېكىن ، مۇلازىمەت ھەققى ئۈچۈن ئۇلار ئاساسلىقى تەڭگە ئېلىشنى ياقتۇراتتى .

مېنىڭ بىرىنچى كۆنلۈك سەپىرىم ناھايىتى قىسقا ئىدى . خوتەندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن قەدىمىي پايتەخت يۇتقاننى زىيارەت قىلىپ ئۆتتۈشنى ئويلىدىم . مەن بېسىپ ئۆتمەكچى بولغان يول ئالدىنقى قېتىم 11 ـ ئايدىكى تۇتتۇق ۋە سوغۇق كۈنلەردە قايتقاندا ماڭغان يول بىلەن ئوخشاش ئىدى . ئەمما ، ھازىرقى مەنزىرە تولىمۇ گۈزەل ئىدى . ئاھالىسى زىچ ، تۇپرىقى مۇنبەت توساللا ( Tosalla ) ۋە بورازان رايوننىڭ مەھەللىلىرىدىن ئاتلىق ئۆتكىنىمدە ، ئېتىز ـ ئېرىق ۋە باغ ـ ۋاران پۈتۈنلەي يېشىللىققا پۈركەن- گەنىدى . بىدە خېلىلا ئېگىز ئۆسكەن بولۇپ ، يول بويىدىكى تېرەك ، ئۈجمە دەرىخى ۋە مەجنۇنتاللارنىڭ قويۇق ، يېشىل يوپۇرماقلىرى ئۇلارنى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى . نارباغقا ئورۇنلاشقىنىمدا ، ئا- دەتتە كەم ئۇچرايدىغان يامغۇر سۈيى يۇمران يېشىل يوپۇرماقلار ئۈستىگە قونغان چاڭ ـ توزانلارنى پاكىز يۇيۇپ تاشلىغانىدى . بۇنداق مەنزىرىسى گۈزەل بوستانلىقتا ئاتلىق يۈرگىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم يايراپ كەتتى . ھالالباغ ( Halalbagh ) دىن ئۆتۈپ كەڭرى كەتكەن ئوچۇقچىلىققا چىق- قىنىمدا ، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى كۆز ئالدىمدا ناما- يان بولدى . مەن ئىلگىرى بىر ئۇچ بولۇڭلۇق ئۆلچەش پونك-

www.uyghurkitap.com

ـتى قۇرغـان ئـۇلـۇغ ئـارت داۋىنى ( Ulugh—art Dawan ) ۋە قۇرۇق
كۆز ( Kauruk—kuz ) نىڭ چوققىسىنى ئېنىق كۆردۈم . ئاشۇ تەرەپتىكى
مۇزتاغ چوققىسى قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى
ئىدى . مەن ئىنتايىن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ تىك ھەم ھەيـ
ۋەتـلـىـك ئىكەنلىكىگە زەن سالدىم . 11 ـ ئايدا جاپالىق ئىشلىگەن بۇ تىمـ
تاس تاغ تىزمىلىرى خۇددى ماڭا ئايرىلىش ئالدىدا مەڭگۈلۈك ۋىدالـ
شىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇلارنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايـ
مەن . چۆللۈك بىلەن ھەيۋەتلىك كوئىنلۇن تېغى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان
بـۇ سىرلىق زېمىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ كەتـ
كەن ئەڭ گۈزەل مەنزىرە ئىدى .

يۇتقاندا مەن چېدىرىمنى يۇزبېشىنىڭ ئۆيىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى
باغقا قايتا تىكىپ ، ئوخشاش بولمىغان يەر قاتلىمى ۋە ئۇلارنى كۆمۈپ ياتـ
قـان لايلاردىن ئەۋرىشكە يىغىشقا ئالدىراش كىرىشىپ كەتتىم . بۇ يەردە
مـەن يەنە بىر قىسىم قەدىمىي مىس يارماق ، مۆھۈر ۋە قىزىل ساپال قاتارـ
لـىق نەرسىلەرگە ئېرىشتىم . ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى ئالدىنقى قېتىم مېنى ئىزـ
دەپ كەلمىگەنىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنى ھەممىدىن بەك جەلب قىـ
لـىدىغىنى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ، كىچىك مايمۇننىڭ ئولتۇرغان ھالەتـ
تىكى ئويما ھەيكىلى بولۇپ ، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ئىلگىرى مۇشۇ
خارابىلىكتىن تېپىلغان ، قىزىل ساپالدىن ياسالغان كىچىك ھەيكەللەرگە
تامامەن ئوخشايتتى .

4 ـ ئايـنىڭ 29 ـ كۈنى سەھەردە يۇتقاندىن ئايرىلىپ ، بوستانلىقـ
نىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قاراقاش ناھىيىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتـ
تىم . ئىلگىرى ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىشقا پەقەت پۇرسەت بولمىغانىدى . مانا
ئەمدى ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېتىشكە يەنە بىر سەۋەب
قېتىلدى . قاراڭغۇ تاغ ( Karanghu—tagh ) ۋە دەندان ئۆيلۈكتىكى
چاغلىرىمدا سادىق دورغام ئىسلامبەگ قاراقاشنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلەنگەـ
نىدى . مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن ، ئىشقىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئامىـ
تىنى مېنىڭ ئۇنى ئامبالغا تەۋسىيە قىلغىنىمدىن دەپ بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ

ئۆزىنىڭ يۇرتى قاراقاش ناھىيىسىنى ماڭا كۆرسىتىشكە تەشنا ئىدى . ئۇ ۋە ئافغان ئاقساقال بەدرىددىن خوتەندىن تارتىپ ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلدى ھەمـدە مېنى بۇ بوستانلىقنىڭ چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ بارىدىغانلىقىنى جا- كارلاشتى .

شۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ ، ئاتلىق يۈرۈش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى . سەھەردە بىز زاۋا ( Zawa ) دىن خوتەنگە بارىدىغان چوڭ يول بويىغا جايلاشقان بورازان رايونىنىڭ بازىرى بولغان بىزىن ( Bizin ) دىن ئۆتتۇق . دۈشەنبە كۈنى دەل بۇ يەرنىڭ بازار كۈنى بولغاچقا ، قاتار كەت- كەن يايمىچىلار ۋە دۇكانلارنىڭ ئالدى ئاللىقاچان دېھقانلار بىلەن تولغا- نىدى . لېكىن ، مېنىڭ دىققىتىمنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى قاراقاش- تىن بىزنىڭكە بارىدىغان يولنى بويلاپ كېتىۋاتقان تىجارەتچىلەر ئىدى . ئالدىنقى كۈنى قاراقاشنىڭ ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازار كۈنى بولغاچقا ، تىجارەتچىلەر ئاشقان مېلىنى ئېلىپ ، بۈگۈن يەنە ئالدىراش بىزنىڭكە قاراپ كېتىشىۋاتاتتى . داۋاملىق مۇشۇنداق بازارلار ئارىسىدا چېپىپ يۈرىدىغان بەدرىددىن ماڭا بۇ بوستانلىقتا ( خوتەندە ) كونا شەھەر ، يېڭى شەھەر، يۇرۇڭقاش ، سامپۇل ، ئىمام مۇسا قاسىم ( Imam Musa Kasim ) ، بىزىن ۋە قاراقاش قاتارلىق يەتتە ئاساسلىق بازار بارلىقىنى ، ھەر ھەپتىسى نۆۋەت بويىچە ئۇلارنىڭ بىرىدە بازار بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . بۇلار ئارى- لىقىنىڭ يىراق بولماسلىقى ۋە ھەممە يەردىكىلەرگە قولايلىق بولۇشى ئا- ساس قىلىنىپ نۆۋەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان . تىجارەتچىلەر ئۇلارنىڭ ھەمـمىسىگە ئۈلگۈرەلەيتتى . بەدرىددىن ئۇلارنىڭ مېلى ، ئات ـ ئۇلاغلىرى ۋە ئۆزلىرى بىلەن ناھايىتى تونۇش بولۇپ ، ماڭا ئۇلارنىڭ روناق تاپقان تىـجارىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى .

مـېنى ھەيران قالدۇرغىنى تىجارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىر- غان چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئىدى . ئۇلارنىـڭ ئـارىسـىدا كابۇللۇق ( Kabulis ) ، باجۇرلۇق ( Bajuris ) ، بەلۇجىستان ( Baluchistan ) دىن كەلگەن پىشىم ( Pishim ) لىق ۋە كۆپرەك ئەنجانلىقلار بار ئىدى . ئاندا ـ ساندا كەشمىرلىكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى . كەشمىر ( Kashur Kath ) تىلى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سورىغىنىمدا ، ئۇلار سالامىمغا ھېچقانداق
جاۋاب ـ سادا قايتۇرمىدى . ئۇلار يەركەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھا-
جىرلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ، ئانا تىلىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشكەن-
دى . ئافغانلارمۇ شۇنداق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز
قىسمى ئانچە ـ مۇنچە پارس ( Persian ) ياكى پۇشتۇ ( Pushtu ) تىلى
بىلەتتى . مەن تۈركىستاندىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ غايەت زور
ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم . ئۇلار ھىندىس-
تان تۇپرىقىدا دەۋرلەردىن بۇيان ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلگەن
ھەر خىل تىلدىكى مىللەتلەرنى ناھايىتى تېزلا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكە-
نىدى . يەركەن ۋە خوتەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردىكى ئوخشاش
بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى تېزلا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەنلى-
كىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت مەلۇم تارىخىي جەريانلارنىڭ يادنامىسىنى
كۆز ئالدىمدا نامايەن قىلدى . ئاشۇ تارىخىي جەريانلاردا ، غەربتىن ناھا-
يىتى يىراق جايدا ياشاپ كەلگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۆزلىرىدىن
كۆپ بولغان ، يۇقىرى مەدەنىيەتلىك باشقا مىللەتلەرنى تىنچلىق يولى بى-
لەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلغانىدى .

بىز دەريا ئېقىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، چۈشتىن كېيىن بۇ دەريانىڭ
نامى بىلەن ئاتالغان ، بىر قەدەر ئاۋات ھەم رەتلىك قاراقاش ناھىيىسىگە
يېتىپ كەلدۇق . ئىسلامبەگ مېنى بىر تۇغقىنىنىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتۇردى .
مەن تا قاراقاشتىن ئايرىلىشقا بىر سائەت قالغانغا قەدەر ئىنسانشۇناسلىق
تەتقىقاتىم ئۈچۈن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ باش قىسمىنى ئۆلچەش بىلەن
مەشغۇل بولدۇم ھەمدە ئىسلامبەگ تەمىنلىگەن باشقۇرۇش ۋە باج ـ سې-
لىققا ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى خاتىرىلەش بىلەن ئالدىراش بول-
دۇم .

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مېنىڭ خوتەندىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈ-
نۈم ئىدى . مەن بۇ كۈندىن پايدىلىنىپ ، ئىسلامبەگدىن ئاڭلىغان قە-
دىمكى خارابە قارا تۆپە ( Kara—döbe ) نى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن
ئاتلاندىم . قاراتۆپە خوتەننىڭ غەربىدىكى قۇملۇقنىڭ چېتىگە جايلاشقا-

نىدى . بىز قاراتۆپىگە بېرىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بەھرام سۇ ( Bahram—su ) ، قايەش ( Kayesh ) ، ماكۇيا ( Makuya ماكۇيلا ؟ ) ۋە كۇيا ( Kuya كۇيلا ؟ ) قاتارلىق بەكمۇ مۇنبەت يەرلەردىن ئۆتتۇق . ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان بۇ جايلاردىكى رەتلىك كەتكەن ئېتىزلار ۋە بۈك ـ باراقسان باغلار قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى . دۇنيادا خوتەندىكىدەك مۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئېتىز مەنزىرىسىدىن يەنە بىرنى تېپىش تەس . ھاۋا بەكمۇ تىنجىق ئىسسىق بولۇپ ، تاغ تىزمىلىرى تۇمان ئىچىدە قالغانىدى . بىز تەخمىنەن 7 مىل يۇرگەندىن كېيىن ، چاتقاللىق ۋە ئېدىرلىقلاردىن ئۆتۈپ قاراتۆپىگە يېتىپ كەلدۇق .

مەن بىر قەۋەت قەدىمكى ساپال پارچىلىرى بىلەن قاپلانغان 1 كۋادرات مىل ئەتراپىدىكى يەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى تاش خىشتىن ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن شەكىللەنگەن تۆپىلىكنى بايقىدىم . ئىمارەتكە ئىشلىتىلگەن تاش خىش ، شۈبھىسىزكى ناھايىتى قەدىمي بولۇپ ، ئىلگىرى بۇددا مۇنارىنىڭ تەگلىكىگە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك . ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان گەجدىن ياسالغان قاپارتما نەقىشلىك زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرى غۇلاپ چۈشكىنىگە ئۇزۇن بولغان بۇ مۇقەددەس جايدىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى يادنامىدەك قىلاتتى . قۇم ـ شېغىللاردىن ھاسىل بولغان ئېگىز قۇم بارخانلىرى ئاتلىرىمىزنىڭ مېڭىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى . 4 مىل يولنى ناھايىتى تەسلىكتە بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ياۋا ( Yawa ) ئۆستىڭى قومۇشلۇق كۆلگە ئېقىپ كىرىدىغان جايغا ، يەنى نۇللاھ ( Nullah ) دەپ ئاتىلىدىغان ساسلىقنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدۇق . قاش قارايغاندا زاۋا كەنتىگە يېقىن جايغا تىكىلگەن چېدىرىمغا يېتىپ كەلدىم . خۇددى بۇددا رىۋايەتلىرىدىكىدەك خوتەننىڭ زېمىن ئىلاھى ماڭا ئۆز پاناھىدىكى يېزىلارنىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى ، چۆل ـ جەزىرە ، باغ ـ ۋارانلىرىنى ، ئېگىز قۇم بارخانلىرى ۋە ساسلىقلىرىنىڭ رەڭدار مەنزىرىلىرىنى كۆرۈپ قېنىۋېلىشىمغا ئىجازەت بەرگەندەك قىلاتتى .

www.uyghurkitap.com

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن، غەربكە قاراپ يۈ-
رىدىغان ئۇزۇن سەپىرىمنى باشلىدىم. ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان بۇيۇلنىڭ
مانا ئەمدى كۆز ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى ئويلىغىنىمدا كۆڭلۈم شاد-
لىققا چۆمسىمۇ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئىبتىزلاردىن ھەممە سادىق
ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلغىنىمغا كۆڭلۈم ناھايىتىمۇ يېرىم ئىدى. زاۋا كەن-
تىدە سادىق يول باشلىغۇچىم تۇردى بىلەن خوشلاشتىم. ئۇنىڭ مول
تەجرىبىسى ۋە يەر ـ جايلارغا پىششىقلىقى مېنى چۆللۈكتە زادىلا تەمترە-
تىپ قويمىغانىدى.

مەن ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بەرگەن «بايلىق» (پۇل) ئۇ-
نىڭ تەكلىماكاندا تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ تاپقىنىدىن كۆپ ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ئۇ پەن دارىنىنىڭ خەير ـ خاھلىقى بىلەن ئارمىنىغا يېتىپ،
يۇرۇڭقاشقا يېقىن ئۆز يۇرتىدا مىرابلىققا تەيىنلەندى. گەرچە بۇ ئانچە يۇ-
قىرى ئەمەل ھېسابلانمىسىمۇ، ياشنىپ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن قالغان بۇ
ئاقساقالغا بەكمۇ باب كېلەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى. ئۇ
يۇۋاش ھەم ساداقەتمەن بولغاچقا، مەن ئۇنى ياخشى كۆڭلۈم بىلەن پەن
دارىنغا تونۇشتۇرغانىدىم. گەرچە ئۇنىڭ كېلەچىكى كاپالەتكە ئىگە بولغان
بولسىمۇ، لېكىن بىز ئايرىلىدىغان چاغدا بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىسسىق ـ
سوغۇقلار ئۆتكەن بۇ ياشانغان «گۆھەر ئىزدىگۈچى» ئىسسىق ياشلىرىنى
تۆكتى.

جۇڭگولۇق تەرجىمانىم نىيازئاخۇن بىلەن خوشلىشىش ناھايىتى
ئاسانغا توختىدى، ئۇ ھازىر قاش ـ كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان خوتەن-
لىك بىر سەتەڭگە ئاشىق بولۇپ، ئامبالنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت
قىلماي مۇشۇ يەردە قېلىشنى قارار قىلغانىدى. بىراق، ئۇنىڭغا ئوخشاش
قىمارۋازنى ھېچكىممۇ ئىشلەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنغا قالماي قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. ئۇ بۇرۇنلا قەشقەردىكى ئايالى بىلەن خەت
ئارقىلىق ئاجرىشىپ، خوتۇن ۋە بالىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئان-
دىن بىر نەچچە تەڭگە سەرىپ قىلىپلا خوتەنلىك بىر موللىغا زۆرۈر بول-
غان رەسمىيەتلەرنى بېجىرگۈزگەنىدى. بۇ تىپىك مىسال بۇ رايوندا نى-

كاھتىن ئاجرىششىنىڭ ناھايىتىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رەتتى. جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل شەكلىنى
مەن مەڭگۈ چۈشىنىپ يېتەلمەيتتىم.

مەن ئىسلامبەگ ۋە بەدرىددىن خانىنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمىتى ئۈچۈن
يۇقىرى ھەق بەردىم. ئۇلار ناھايىتى رازى بولۇشۇپ، كۆزى قىيمىغان
ھالدا مېنى خوتەنگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە بىرىنچى كېچىنى ئۆتكۈزگەن
چۆللۈكنىڭ چېتىدىكى پىنھان جاي تار بوغاز ( Tar—bugaz ) غىچە ئۇ-
زىتىپ كېلىشتى. ئۇلار ماڭا ئامانلىق تىلەپ خوشلاشقاندىن كېيىن، مەن
چۆللۈكتىكى كىچىك يولنى بويلاپ ئاتلىق « ئۇلۇغ كەپتەر مازىرى » غا
كەلگىنىمدە، خىيال قۇشلىرىم ئەركىن پەرۋاز قىلىپ خوتەندىن ئېلىپ
قايتقان خىزمەت نەتىجىلىرىمگە يۆتكەلدى. يەتتە ئاي ئىلگىرى بۇ يەردىن
ئۆتكىنىمدە، بۇ يىراق جايدىكى مېنى جەلپ قىلغان ئارزۇ - تىلەكلەرنىڭ
ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقىغا ئىشەنچىم تولۇق ئەمەس ئىدى. مانا ئەمدى
ۋەزىيەت كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندالدى. مەن ھاياجان ئىلكىدە ئېرىشكەن
ئەمگەك مېۋىلىرىمنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىمدىنمۇ ئېشىپ
كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ يەردە مەن شۇنىڭلار بۇ خارابىلىكنىڭ
خۇراپىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئائىت يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىنى قايتا
ئەسلەپ قالدىم. پەقەت ئىلگىرى بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئىلاھىي چاش-
قان مانا بۈگۈن ئىلاھىي كەپتەرگە ئورۇن بوشاتقانىدى. شۇنىڭلار مۇنداق
يېزىپ قالدۇرغانىدى: « ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىدىن ئۆتكەندە ئاتتىن چۈشۈپ
ھۆرمەت قىلدۇرۇپ، ھاجىتى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلغانلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى ئۆز ئارزۇ - تىلىكىگە يېتەلەيدۇ » . ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ يەرگە
كەلگەن چېغىمدا ئىلاھىي قۇشنى يوقلاپمۇ ئۆتمىدىم ياكى ئۇتۇق قازىنىش
ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەتمۇ قىلمىدىم، پەقەت تىرىشىپ ئىشلىدىم، خالاس.
شۇنداقتىمۇ غەلىبە بىلەن خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا قوناق ۋە تىرىقلارنى
ئۇلارغا ھەدىيە قىلىپ، رەھمىتىمنى بىلدۈرۈشنى توغرا تاپتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئوتتۇز ئۇچىنچى باب

# خوتەندىن لوندونغا قايتىش سەپىرى

مەن خوتەندىن چىقىپ ئالدى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيىنىڭ تۇركىستان رايونى ئارقىلىق ئىككى ئاي ئىچىدە ياۋروپاغا يېتىپ كەلدىم . بۇ يەردە ئېيتىلىشۋاتقان بۇ بىر ئابزاس ساياھەت خاتىرىسى پەقەت ئۆز ساياھىتىمنىڭ ئەڭ ئاددىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت ، خالاس .

تېز داۋاملاشقان ئالتە كۈنلۈك سەپەر ئارقىلىق ، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشكە تاس قالغان ياۋروپا ھاۋا كىلىماتىغا ئوخشاش بوران ـ چاپقۇنلۇق بىر كۈنى يەركەنگە يېتىپ كەلدىم ، كارۋان ئەترىتىم مەندىن خېلىلا ئىلگىرى بۇ جايغا كېلىپ بولغانىدى . مەن بۇ جايدا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ ماڭماقچى ئىدىم . چۈنكى ، ھېسابات راسخوتۇمنى رەتلەشكە ۋە بىر قانچە يەركەنلىك ھەمراھلىرىم بىلەن ھىندىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى قەرز دەۋالىرىدىن كېلىپ چىققان ئارازچىلىقلارنى مۇرەسسەلەشتۈرۈپ قويۇشۇمغا توغرا كېلەتتى . مەن يەركەنگە يېتىپ كېلىشىم بىلەنلا ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ياغمىغان قارا يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋەتتى ھەمدە ئىككى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ياغدى . يوللار بۇزۇلۇپ پاتقاقلىق ئازگاللارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . بازار ۋە يېزىلاردىكى خام كېسەكلىك تاملارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ، پۈتكۈل يەركەن شەھىرىنى بىر خىل مىسكىنلىك قاپلىغانىدى ، ھەتتا مەن تۇرۇۋاتقان چىنباغ باغچىسىنىڭ كۆركەم ئايۋان ـ سارايلىرىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىنمۇ يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ ، ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مېنى بىر ئاز تەشۋىشكە سالدى . يامغۇردىن كېيىنكى سالقىن ھاۋا كىشىگە ھوزۇر بې-

غىشلايتتى . شۇڭا ، مەن يەركەندىن قەشقەرگىچە بولغان 140 مىل كېلى-
دىغان مۇساپىنى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئاتلىق بېسىپ بولدۇم .
5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەھەر ، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ ، مە-
يىن شامال كىشىگە ھوزۇر بېغىشلاپ تۇراتتى . بۇ كۈنى مەن قەشقەردىكى
چىنىباغ باغچىسىدا ئايرىلغىنىمىزغا سەككىز ئاي بولغان خۇشپېچىم ، مېھ-
ماندوست ماكارتنېي ئەپەندى بىلەن قايتا كۆرۈشتۈم . ماكارتنېي ئەپەندى
مەندىن سەممىي نىيەت بىلەن قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى . مەن بۇ
قەدىناس دوستۇم بىلەن سۆھبەتلەشكەچ ئۆزۈمنىڭ ياۋروپادىن ئايرىلغى-
نىمغا ئۇزۇن بولغانلىقىنىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن . ناۋادا ماكارت-
نېي ئەپەندىدىكى كۆپلىگەن ئالامەتلەر ئۇنىڭ تەكشۈرۈشۈمگە بولغان قى-
زىقىشىنى ئىپادىلەپ تۇرمىغاندا ، مېنىڭ بۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان
پاراڭلىرىمنىڭ ساھىبخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن بولات-
تىم . مەن ئۇنىڭغا تەكشۈرۈش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجى-
لىرىمنى كۆرسەتتىم . مېنىڭ بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈمدە ئۇنىڭ
تەسىرى ھەم غەمخورلۇقى ۋە ھەر قايسى جايلارنىڭ ياردىمى كۆپ ئىدى .
مانا بۇ دەل مېنىڭ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كېتىشىمدىكى سەۋەب .
گەرچە قەشقەردە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەييارلىق ئىشلىرى
بولسىمۇ ، لېكىن مەن قەشقەردىكى كۈنلىرىمنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆت-
كۈزدۈم ھەمدە ئۇلارنىڭ سېخىيلىق بىلەن كۈتۈشىگە سازاۋەر بولدۇم ،
شۇڭا يول ھاردۇقۇممۇ تېزلا چىقتى . ھىندىستان ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە
مىنىستىرلىكى مېنىڭ كالكۇتتادىن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئوتتۇرىغا
قويغان تەلىپىمگە ئاساسەن ، رۇسىيىنىڭ تۈركىستان رايونى ئارقىلىق
كاسپىي دېڭىزنى كېسىپ ئۆتىدىغان پويىز بىلەن ياۋروپاغا قايتىشىم توغ-
رىسىدا پېتربورگ يەرلىك دائىرىلىرىدىن ئىجازەت ئالغانىكەن . شۇنىڭ بى-
لەن بىرگە ، يەنە تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان بۇ بۇيۇملىرىمنى ۋاقىت-
لىق بولسىمۇ ئەنگلىيىگە ئەۋەتىشىمگە قوشۇلدى . چۈنكى ، ئەنگلىيىلا بۇ
بۇيۇملارنى ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ بېكىتىشكە ماس كېلەتتى . بۇ
ئۇزۇن مۇساپىدە قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ خېيىمخەتەرگە ئۇچرىماس-

www.uyghurkitap.com

لىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى قەشقەردە قايتىدىن پۇختا قىلىپ قاچىلاشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ۋە باشقا ئەسلىھەلەر ھەممە ئۆلچەش جەريانىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بولسا ياردەمچى ئۆلچەش ئۈستىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا خۇنزا ئارقىلىق ھىندىستانغا ئېلىپ چىقىلاتتى.

ئالدىمىزدىكى مۇساپە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، يېڭى سەپەر تەييارلىقىنى ئالاھىدە ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە كارۋانلارنى «قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش» بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. بۇ تۆگە ـ ئاتلار سەككىز ئايلىق مۇساپە جەريانىدا بىزگە بەكمۇ ئەسقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى ئۇلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق ئىدى. چۈنكى، سەپەر ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان بۇ ئۇلاغلارغا كەتكەن خىراجەت پۈتۈن سەپەر خىراجىتىنىڭ زور قىسمىنى تەشكىل قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلارنى مۇۋاپىق باھادا باشقىلارغا سېتىۋېتىش باش ئاغرىتىدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. بىر ھازا باھا تالىشىش (ئەلۋەتتە تۈركىستاننىڭ سودا ئادىتى بويىچە بولدى، بۇ ئۈنچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس) ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان يېرىم سودا تۈسىمدىكى بۇ سودىنىڭ نەتىجىسى ئۆيلىغىنىمدىن كۆپ ياخشى بولدى. ئاتلاردىن ھېچقانداق زىيان چىقمىدى. سەككىز تۆگىمۇ ئەسلى باھاسىنىڭ تۆتتىن ئۈچىگە ياردى. مۇبادا ۋاقىت يار بەرسە مۇۋاپىق پەسىلنى تاللاپ ساتقىنىمدا، يەنى كارۋانلار غەربكە سەپەر قىلىدىغان مەزگىلدە رۇسىيە زېمىنىدا ساتقىنىمدا ياكى يەرلىك ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەرگىنىمدە جۇڭگو تۈركىستانىدىكى سەپىرىمگە كەتكەن بارلىق چىقىملىرىمنى كۆتۈرەتتى. بۇ ئۇلاغلار جاپالىق مۇساپە ۋە قىش كۈنلىرىدىكى سوغۇقتا قۇملۇقلاردا يۈرگىنىگە قارىماي، ھەممىسى قەشقەرگە ساق قايتىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنى ساتقاندا ئەسلى باھاسىدىن ئازراقلا زىيان قىلدى. ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، بىز ئۇلاغلارنى ئاسراشقىمۇ خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانىدۇق، بۇنى ئەمەلىيەتمۇ ئىسپاتلىدى.

چار پادىشاھ ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى

پېتروۋسكىي ( M. petrovsky )نىڭ ياردىمى بىلەن سەپەر تەييارلىقىمىز ناھايىتى زور ئاسانلىققا ئېرىشتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن. مەن پېتروۋسكىي بىلەن چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، ئۇنىڭ جۇڭگو تۈركىستانىدا ئۇزۇن يىل دىپلوماتىيە خىزمىتىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە يەرلىكنىڭ تارىخى ۋە قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ ئارخېئولوگىيىلىك ئاسارئەتىقىلىرىمنى ئامالىنىڭ بارىچە ئەنگلىيىگە بىخەتەر يەتكۈزۈپ بېرىشكە كېپىللىك قىلدى ھەمدە رۇسىيە تۈركىستانى يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا دوستانە ياردەمدە بولۇشىنى ئۆتۈندى. ئۇ ماڭا قىزغىن ۋە دوستانە ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەنمۇ جاۋابەن ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىي تەشەككۈرۈمنى ئىزھار قىلدىم.

مەن قەشقەردە بولغان كۈنلىرىمدە مۇلايىم، مويسىپىت دوتەي خۇاڭ گۇاڭدا بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان قايسى جايدا بولمىسۇن جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى ئىزھار قىلدىم. بۇ كۆيۈمچان، يېقىملىق پېشقەدەم ئەمەلدار ئۆزىنىڭ خىزمىتىمگە بولغان ھەقىقىي قىزىقىشى ۋە دوستانە تىلىكىنى يوشۇرمىدى. بىراق، ئەدەب يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ ھەمدە ئامباللىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىششىمنى ئۇلۇغ «تاڭ سېڭ» ھەزرەتلىرىنىڭ ھىممىتىدۇر، دەپ چىڭ تۇردى، ھەتتا ئۇ يەنە ئىككىمىزمۇ ئۇلۇغ تاڭ سېڭنىڭ شەپقىتىدىن ئاپىرىدە بولغان دېدى. بۇ دوتەي جانابلىرى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يۇرتى خۇنەنگە قايتىپ، ئۆز يۇرتى ئەتراپىدىكى بىرەر بۇتخانىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى، چۈنكى ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقى، شۇنداقلا كېسەل سەۋەبىدىن مەن بىلەن خوشلىشىپ بىر يىلغا بارمايلا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

14 كۈنلۈك ئالدىراش مەشغۇلاتتىن كېيىن، چېدىردىكىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى . بارلىق قەدىمكى ئاسارىئەتىقىلەر 12 چوڭ
ساندۇققا ئەپچىللىك بىلەن قاچىلىنىپ ، رۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ تاموژنا
تەكشۈرۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ساندۇقلارنىڭ
ئۈستىگە ئىمپېرىيىنىڭ بۈركۈت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تامغا پېچەتى بې-
سىلدى . بۇ ساندۇقلار تاكى ئەنگلىيە موزېيىدا ئېچىلغانغا قەدەر تامغا پې-
چەتى تامامەن ساقلىنىپتۇ . مانا بۇ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇكى ، مەن ئېلىپ ماڭغان بۇ ياغاچ ساندۇقلار جۇڭگودىن تاكى
ئەنگلىيىگىچە بولغان ھەر قايسى چېگرا پونكىتلىرىدا مەيلى قايسى ئەلدا
بولمىسۇن ئىلمىي مۇئامىلىگە مۇيەسسەر بولۇپتۇ .

ئاخىرىدا مېنىڭ ساھىبخانلار بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقتىم يېتىپ
كەلدى . مەن ئۆتكەن يىلى بۇ يەرگە كەلگەندىن تارتىپ تا قۇملۇقتىكى
مۇساپىلەرنى بېسىپ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ، ئۇلار باشتىن ـ ئاياغ ماڭا
سەممىمىي غەمخورلۇق قىلدى . بۇ دوستلۇق مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تە-
سىراتلارنى قالدۇردى . مەن سەپەرگە تەرەددۇتلىنىۋاتقان كۈنى سەھەردە
ئالدى بىلەن سادىق ھەمراھىم ، ياردەمچى توپوگراف رام سىڭنى ئۇزىتىپ
قويدۇم ، ئۇمۇ ھىندىستانغا قايتماقچى ئىدى . ئۇ مەن تەكشۈرۈش ئېلىپ
بارغان ھەر قايسى جايلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆلچەپ ـ سىزىپ چىققا-
نىدى . ئۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت ، ھەمىشە مې-
نىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خىزمىتىمگە ئالاقىدار ئىشلارنىمۇ قىلىشىپ بې-
رەتتى . ئۇ ئەگرى ـ توقاي ، مېڭىش قىيىن بولغان جايلاردىمۇ دائىم ۋاي-
سىماي ئالغا ئىلگىرىلەيتتى ، جاپالىق چىدىغۇسىز ھاۋا كىلىماتى شارائىتى-
دىمۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇراتتى . قونالغۇ جايلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ،
باشقۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ماڭا ناھايىتى چوڭ ياردەمدە بولغانىدى . مەن
نۇرغۇن جەھەتلەردە ھىندىستان گېئودېزىيە تارماقلىرىغا ، بولۇپمۇ گېئو-
دېزىيە ئورگىنىنىڭ ھازىرقى باشلىقى پولكوۋنىك گ . گورېنىڭ ماڭا مۇ-
شۇنداق ئىشچان ، قابىلىيەتلىك، تەربىيىلەنگەن ياردەمچىنى ئاجرىتىپ
بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن . رام سىڭ بىلەن بىرگە
كەلگەن يەنە بىر كىشى بولۇپ ، ئۇ ئورۇق ، ئېگىز ، مەزمۇت كەلگەن

راجپۇتلۇق جاسۇانت سىڭ ئىدى . ئۇ قىزغىن كىشى بولۇپ ، تو-
پوگرافلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالاتتى . مەيلى ئۇزۇن مۇساپىلەردە
بولسۇن ياكى زېرىكىشلىك قۇنالغۇدا بولسۇن ، جاسۇانت سىڭ چېدىر-
دىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ ئۈلگىسى بولالايتتى .

ھوشيار ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان كۈچۈ-
كۈم « يولچى بەگ » ھىندىستانلىق بۇ ئىككى بۇرادىرىم بىلەن بىللە بولۇپ
كەتكەنىدى ، مەن ئۇلارغا كۈچۈكۈمگە ئوبدان قاراپ ، ئۇنى ھىندىستانغا
ئالغاچ كېتىشنى تاپىلىغانىدىم . مەن ئۇنى ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىشكە ئا-
مالسىز ئىدىم . مېنىڭ بۇ « كىچىك ھەمراھىم » تاغۇ تاش ۋە قۇملۇقلار-
دىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى مەن بىلەن بىللە بېشىدىن كەچۈرگە-
نىدى . ئۇنى يەنە رەھىمسىزلەرچە بىر نەچچە ھەپتىلىك زېرىكىشلىك پويىز
سەپىرىدىن كېيىن ئەنگلىيە تاموژنىسىنىڭ ئايرىم سولاپ تەكشۈرۈشىگە
قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى . بىراق ، شۇنى ئىقرار قىلىشىم كېرەككى ،
ھەر قېتىم بۇ سەپەرداشلىرىمدىن ئايرىلغاندا كۆڭلۈم بۆلەكچىلا يېرىم
بولاتتى . مەن مۇشۇ ئايرىلغانچە ، نويابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچلىك
تۆمۈريول سۇپىسىدا ئاندىن ئۇلار بىلەن يەنە ئۇچراشتىم . مەن قايتىشتىن
ئىلگىرى كۈچۈكۈم ئاغرىپ قالغانىكەن ، لېكىن سالامەتلىكى ناھايىتى تېزلا
ئەسلىگە كەپتۇ . كېيىنچە تەتقىقات ۋەزىپەم بولغانلىقى ئۈچۈن يەنە ئەنگ-
لىيىگە بېرىشقا توغرا كەلدى . ئەمما ، كۈچۈكۈم يەنە ئاغرىپ قېلىپ ، ئا-
خىر ئۆزى ۋە خوجايىنى ياخشى كۆرىدىغان كەشمىر ئېگىزلىكىدە ئۆلۈپ
كېتىپتۇ .

1901 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ، يەنى سىرىناگاردىن ئايرىلىپ
نەق بىر يىلدىن كېيىن ، ئوشقا قاراپ يول ئالدىم . ئۇ رۇسىيىنىڭ فەرغانە
( Farghana ) رايونىدىكى كىچىك بىر بازار ئىدى . مېنىڭ يۈك ـ تاق
توشۇش ئەترىتىم ناھايىتى كىچىك بولۇپ ، قەدىمكى يادىكارلىقلار ئالتە
ئاتقا ئارتىلغانىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىككى ئاتقا چېدىر ئۆيلەر ھەمدە
تاللاپ ئېلىنغان ئۇسكۈنىلەر ۋە ئۆزۈمنىڭ يۈك ـ تاقلىرىم ئارتىلغانىدى .
ئۇلاغقا قارايدىغانلاردىن باشقا يەنە سادىقئاخۇن ماڭا ھەمراھ بولغانىدى . ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قـۇملۇقنىڭ « پەيزى » دىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ ( ئەمەلىيەتتە ، ئۇ نەشىنى كۆپ چەككەنىدى ) ، كاللىسى قايتىدىن سەگەكلىشىپ ، مىجەز ـ خـۇلـقىمۇ بۆلەكچىلا ئۇچقۇنلىنىپ قالغانىدى . قەشقەردىن ئوشقا بېرىش ئۈچۈن ئالاي تېغىدىن ئۆتۈشكە ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۆلچەرىمچە 18 كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، مەن ۋاقىتنى تېجەش مەقسىتىدە ، مەيلى ئاتلىق ياكى پىيادە بولسۇن ھەر كۈنلۈكى سەھەردىن كەچ كىرگۈچە يول يۈرۈپ ، ئون كۈن ئىچىدە بۇ تاغدىن ئۆتمەكچى بولدۇم .

بـىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى تۈيۈقسىز يامغۇر يېغىشقا ۋە قار ـ مۇزلار تېزدىن ئېرىشكە باشلىغانلىقتىن ، رۇسىيە چېگرىسىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئالاي تېغىغا بېرىشتا قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى . كەلكۈن پەسلى بولغانلىقتىن ، بۇ ئېقىنلارنىڭ سۈيى تاشقىنلاپ ئېقىپ تۇراتتى . شۇڭا ، مەن بۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەر قاچىلانغان ئېغىر ساندۇقلارنى سۇ ئېقىتىپ كېتەرمۇ ، دەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشتۈم . ھەر ھالدا بىز ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ھەممە ئېقىنلاردىن تىنىچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتتۇق . ئامىتىمىز ئوڭ كـەلـدى بولغاي ، بىرمۇ ساندۇق سۇغا چۈشۈپ كەتمىدى . بىز يولغا چىقىپ بەشىنچى كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا ، چاررۇسىيىنىڭ چېگرا مۇداپىئە پونكىتى ئەركەشتام ( Irkeshtam ) غا يېتىپ كەلدۇق . مەن بىر سىياسىي چېگرىنىڭ مۇنداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەنمەن . مەن جۇڭگو چېگرىسىدىن پىيادە يۈز نەچچە يارد مېڭىپ ، كازاكلارنىڭ ئىستىھكامى يېنىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن ئازادە ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ، ئۆزۈمنى ياۋروپاغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . بۇ ئۆيدە رۇسـىـيـە تـامـوژنـىـسـىـنىڭ مەسئۇلى دوچېنكو ( M. Dochenko ) ئەپەندى مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى .

ئەتىسى ئەتىگەندىكى سەھەر مەنزىرىسىمۇ ئوخشاشلا كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى ھەمدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغانىدى . مەن ئەركەشتامدىن ئايرىلىپ كۆپ ئۆتمەيلا ، قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاشلىقلار ۋە تاقىر جىلغىلارنىڭ

ئورنىنى ئوت ـ چۆپكە ئورالغان داۋانلار ئىگىلەشكە باشلىغانىدى . تەلكە
تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يولنى ھەمىشە دېگۈدەك قار دۆۋىلىرى تو-
سۇۋالاتتى . شۇڭا ، ئالاي تېغىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول بىلەن مېڭىشقا
توغرا كەلدى . تارىم دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى سۈيىنىڭ ئايرىلىش
نۇقتىسى بولغان تاۋىن مۇرۇن ( Taun—murun )ئېغىزىدا ( دېڭىز يۈزى-
دىن 12 مىڭ فۇت ئېگىز ) مەن دەككە ـ دۈككە ئىچىدە بىر كۈننى ئۆت-
كۈزدۈم . قېلىن قار ۋە قەھرىتان سوغۇق بىزگە كۆپلىگەن ئاۋارىچىلىقلارنى
ئېلىپ كەلدى . بىز كەڭ كەتكەن ھەمدە بىردە ئېگىز گە ، بىردە پەسكە
سوزۇلىدىغان ئالاي تاغ جىلغىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئاتلىق يېتىپ كەل-
گەندە ھاۋا تۇتۇق بولغانلىقتىن ، مەن كافمان ( Kaufman ) تېغى ھەمدە
پامىرغىچە سوزۇلىدىغان ئالاي تېغىنىڭ باشقا چوققىلىرىنى كۆرۈشتىن
مەھرۇم قالدىم .

كەشمىرلىك سۆزەلمە گۇجار ( Gujar ) لارنىمۇ تاڭ قالدۇرىدىغان
بۇ گۈزەل يايلاقتا قىرغىزلار تېخى كۆچۈپ كېلىپ بولالمىغانلىقتىن ، بىز-
نىڭ قونالغۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىمىز قىيىنغا توختىدى . شۇڭا ،
بىزنىڭ تالدىق ( Taldik ) تېغىدىن ئۆتۈپ شىمال تەرەپتىكى بىر قەدەر
دالدىراق جاينى تېپىۋېلىشىمىزغا توغرا كەلدى . بىز ھازىر گۇلچا
( Gulcha )دىن رۇسىيىنىڭ پامىرغا تۇتىشىدىغان مەشھۇر قوراۋۇلى « پا-
مىر قاراۋۇل پونكىتى » نىڭ تۈز كەتكەن يولىدا مېڭىۋاتىمىز ، بىراق بۇ
يول قېلىن قار ئاستىدا قالغانىدى . بىز مىڭبىر جاپادا تاغ ئېغىزىغا يېتىپ
بارغىنىمىزدا شىۋىرغان چىقىشقا باشلىدى . بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز
ئىقتىدارلىق ھەم باتۇر بولغاچقا ، ئامانلىقىمىزغا كاپالەتلىك قىلا-
لىدى . باشلىغۇچىمىز نوغاي ( Nogai ) بولۇپ ، بۇ كىشىنى كىشلەرگە
ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئەركەشتام تاموژنىسىنىڭ ئە-
مەلدارى بىزنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن قوشۇپ قويغانىدى . ئەگەر بۇ يول
باشلىغۇچىمىز بولمىغاندا ئەھۋالىمىز تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ كېتەتتى . بىز
مىڭبىر جاپادا تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ، تاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئۈچتۆپە
( ouctöpa ) خارابىلىكىدىكى قىرغىزلارنىڭ قورغىنىغا يېتىپ كەلگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەنىدى . بۇ ناھايىتمۇ پاسكىنا قونالغۇ ئىدى . تە-لېيىمىزگە يارىشا ، بۇ قار ـ شىۋىرغاندا ساندۇقلارنىڭ ھېچقايسىسى خې-يىمخەتەرگە ئۇچرىمىدى .

بۇ بىر قاتار كەچۈرمىشلەردىن كېيىنكى ئۈچ كۈنلۈك سەپەر ئارقى-لىق ، بىز گۈلچا دەرياسى جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىنىمدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم . بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرى گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، جىلغىنىڭ ئۈستى قىلىن قارىغايزارلىق ئىدى . بۇ گۈزەل تاغ مەنزىرىسى پامىر تاغلىرىدىكى مەنزىرىلەرگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى . مەن ئۆي سەرەمجانلىرىنى تۆگە ۋە ئاتلارغا ئار-تىۋالغان نۇرغۇن قىرغىزلارنى ئۇچراتتىم . ئۇلار ئالاي تېغىدىكى يايلاقلارغا كۆچۈشكە باشلىغان بولۇپ ، ئاياللار مىنىۋالغان تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى نەپىس توقۇلغان گىلەملەر بۇ چارۋىچىلار توپىغا باشقىچە ھۆسن قوشقا-نىدى .

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، بىز مۇنبەت كەتكەن فەرغانە جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق . مەن بۇ جايدىكى گۈللىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئېيتماي تۇرالمايمەن . بۇ جاينىڭ كۆپلە-گەن يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى رەتلىك ئېتىزلار ۋە قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆتنۈملۈك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن مول تەبىئىي باي-لىقلارنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى . شۇ كۈنى كەچتە ئاتلىق ئوش بازىرىغا باردىم . بۇ رايوننىڭ گۈزەل مەركىزى بولغان ئوش بازىرى تەخمىنەن 25 يىل ئىلگىرى گېنېرال سكوبېلېف ( Skobeleff ) فەرغانىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن قۇرۇلغانىدى . رەتلىك ، پاكىز كو-چىلاردىكى رۇس ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەر ھەم سۇلار شىلدىرلاپ ئې-قىپ تۇرىدىغان ئېرىقلارنىڭ بويىدىكى گۈللۈكلەر شەرقىي ياۋروپادىكى ناھايىتى باياشات بىر جايغا ئوخشاپ كېتەتتى . بۇ يەر مېنى ئىختىيارسىز ھالدا ھىمالايا تاغ تىزمىسىدىكى ماڭا تونۇش بولغان كۆپلىگەن ھىندىستان ھەربىي پونكىتلىرىدىكى خۇشال كەيپىياتقا ئېلىپ كەتتى .

بۇ يەردە مېنى بۇ رايوننىڭ كۆپ نەتىجە قازانغان كاتتىبېشى زاي-

سېف ( Zayseff ) ناھايىتى دوستانە كۈتۈۋالدى . ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ھەمدە ئىشخانا سىرتىدىكى ئۆزگىچە كۈتكۈچىلىرى ، مىڭبېشىلار ۋە قىرغىز ئۆلىمالىرى مېنى ھىندىستاننىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى مەلۇم بىر مەمۇرىي ئورگاندا تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈردى . بىراق ، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، مەن بۇ يەردە كۆزنى چاقناتقۇدەك داچىلاردا ئۇنىڭ سېخىيلارچە كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بولدۇم ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ، ئاپئاق قاردىن لىباس كىيىۋالغان ئالاي تاغ تىزمىسىنى تاماشا قىلدىم . بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ياۋروپا ھىدى كېلىپ تۇراتتى . بۇ جايدا ئائىلە بىلەن ئالاقە قىلىشقا بولىدىغان تېلېگراف ئاپپاراتىنى كۆرۈپ ، مەن تېخىمۇ غەربكە كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم .

ئوشتا بولغان قىسقىغىنا كۈنلىرىمدە سەپەر ھاردۇقۇممۇ چىقىپ قالدى . سادىقئاخۇنغا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم . ئۇنىڭ دالىدا تاماق ئېتىشكە ئىشلىتىدىغان ئاشپەزلىك سايمانلىرى ساھىبخان ئۆتەڭ باشلىقىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ناھايىتى زور قىزىقىشىنى قوزغىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى گويا لوندوننىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىرەر باغدا غىزالىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇق ، دېيىشتى . مەن ئۇ يەردە ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن چېدىر ئۆيىنى بىر تەرەپ قىلدىم . شۇنىڭ بىلەن جاپالىق مۇساپەممۇ ئاخىرلاشتى . دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان چوڭ يولنى بويلاپ ، مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەردىن ئۆتۈپ ، تۆت سائەت تېزلىكتە يۈرۈپ ئەنجانغا يېتىپ كەلدىم . ئەنجان چوڭ شەھەر بولۇپ ، كاسپىي دېڭىزنى كېسىپ ئۆتىدىغان غول تۆمۈريولنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ئىدى . مەن بۇ يەردە مەيلى قايسى خىل ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتماي ، ئۆزۈمنى توققۇزى تەل بىر ياۋروپالىق ھېس قىلدىم . مەن ئازادە « موسكۋىيا نۇمېر » ( Moskwiya Numer ) مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتىم . مېنىڭ ئەنگلىيىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى كىچىك مېھمانخانىلارنىڭ شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان چېدىرىمدا ئىشلىتىدىغان كارۋات ۋە ئورۇندۇقۇم بۇ كەگرى ، ئازادە مېھمانخانىدا چې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نىپلا قالدى .

ئەنجاننىڭ رۇسلار ئولتۇراقلاشقان قىسمى تۆمۈر يولنىڭ ئاخىرقى
بېكىتى ، شۇنداقلا شەرققە سوزۇلغان پاكىز ، كەڭ يوللار مەيلى قايسى
جەھەتتىن بولمىسۇن ، شەرقىي ياۋروپانىڭ تەرەققىي قىلغان ، ئاۋات سودا
شەھەرلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى . ماگىزىنلارنىڭ تاۋارلىرى مول ، خىزمەت
ئورگانلىرى رۇسىيە خادىملىرى بىلەن تولغانىدى . كەچ كىرىشى بىلەنلا
بىر توپ ياۋروپالىق خىزمەتچىلەر ھەيۋەتلىك ياسالغان چىركاۋ ئەتراپى-
دىكى باغچىغا يىغىلىپ مۇزىكا ئاڭلىشاتتى . تەخمىنەن نەچچە مىل يىراق-
لىقتىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان شەھەرمۇ ئوخشاشلا بۇ خىل قاي-
ناق ، بەختىيار تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولاتتى . رۇسىيە ئىستېلا قى-
لىشتىن ئىلگىرى ئەنجان مۇھىم قەدىمىي سودا مەركىزى بولۇپ ھېسابلى-
ناتتى . رۇسىيىلىكلەر فەرغانە رايونىنىڭ ماددىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈش رولىنى ئوينىدى دېيىشكە توغرا كەلسە ، پەقەت ئۇلارنىڭ كې-
لىشى بىلەن بىر قىسىم سودىگەرلەرنىڭ بايلىقلا كۆپەيدى ، كاسپىي دې-
ڭىزنى كېسىپ ئۆتىدىغان غول تۆمۈريول لىنىيىسى ئەنجانغىچە تۇتاشتۇ-
رۇلدى ، خالاس . مەن كەڭ كەتكەن ھەممە مۇۋاپىق تىجارەت قىلىنىۋات-
قان بازارنى پىيادە ئايلىنىپ چىقتىم . بۇ بازاردا خىلمۇخىل ، رەڭدار ياۋ-
روپا قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ھەممە رۇسىيە ۋە جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ئا-
ئىلىۋى قول ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى . بۇ جايدا ئۆت-
كەن يىلى يەر تەۋرەش ئاپىتى بولغىنىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى . ھەر
بىر ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك ئىدى . مىنى ئەڭ ئە-
جەبلەندۈرگىنى بۇ يەردە قەشقەرلىك بىر ھاجىم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرى-
شىپ قېلىشىم بولدى . بىر يىل ئىلگىرى ئۇ بومبايغا بېرىش سەپىرىدە
كەشمىرنىڭ مەركىزىدىكى مېھمانخانىدا مىنى ئۇچرىتىپتىكەن . ئۇ ھەجدىن
قايتقاندىن كېيىن ، مىسىر ۋە كونستانتىنوپول ( Constantinopol ) لارغا
بېرىپتۇ ھەممە قايتىش سەپىرىدە قارا دېڭىز ۋە كاسپىي دېڭىزنى كېسىپ
ئۆتىدىغان تۆمۈريولنى تاللىۋاپتۇ . بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز
ناھايىتى روشەنكى ، « دۇنيا » نىڭ بارغانچە كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى .

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ، بارلىق قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنى ئېلىپ ، كاسپىي دېڭىزنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىخەتەر ، ئازادە پويىزغا ئولتۇرۇپ ، ئەنجاندىن ئايرىلىپ ياۋروپاغا رەسمىي يول ئالدىم . بۇ پويىز سەپىرى قانچە تېز بولمىسۇن ، مەن بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنى چۈشىنىپ يەتتىم . بۇ جاي ئۆزىنىڭ تارىخىي باشلىنىشى ۋە قەدىمكى مەدەنىيىتى بىلەن شەرق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان ۋاقتتىن باشلاپلا مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى . ھازىر بۇ جاي تەرەققىپەرۋەر ھاكىمىيەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماقتا . مەيلى قايسى يەرگىلا بارماڭ ، قاتناش قولايلىق ، بىراق كۆپلىگەن نەرسىلەر يەنىلا تارىخشۇناس ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ ئىزدىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . مەن مەرغىلان ( Margilan ) ۋە سەمەرقەنت ئۆلكىلىرىدە قىسقىغىنا توختاپ ئۆتتۇم . ۋالىي چايكوۋسكىي ( Tchaikowsky ) ۋە گېنېرال مېردىنسكىي ( Medinsky ) لارنىڭ دوستانە ، قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدۇم ھەمدە شۇ جايلاردىكى موزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم . بۇ يەردە مەن شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەنكى ، گەرچە مېنىڭ رۇسىيە توغرىسىدىكى چۈشەنچەم ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ ، بىراق مەن نەگىلا بارماي ، قىزغىن ۋە ئاق كۆڭۈل رۇسىيىلىك سەپەرداشلار ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۇچرىتىپ تۇردۇم . مەن سەمەرقەنتتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم . بۇ كۈنلەردە ئاساسلىقى تېمۇرىيلار دەۋرىدىكى تەڭداشسىز ، ھەشەمەتلىك بىناكارلىق خارابىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم . بۇ خارابىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىمتىياز ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى . بۇ يەردىن ئالغان تەسىراتىم لاھور ، دېھلى ۋە ئاگرا ( agra ) دىكى تەسىراتلىرىمنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ چوڭقۇر بولدى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ موغۇل باغ ـ ۋارانلىرىنىڭ يەنە بىر جايدىكى نامايەندىسى بولۇپ ، ئىيۇن ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى كىشىدە ئۆزلۈكسىز كەشمىرنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى ئەسلىتەتتى .

www.uyghurkitap.com

مەرۋىدە توختىغان قىسقىغىنا ۋاقىتتا ، قەدىمكى ئىرانغا سىمۋوللۇق قىلىدىغان كۆپلىگەن جايلارغا قەدەم باستىم . بۇ قىسقا ۋاقىت مەندە تارىخ تەتقىقاتىغا بولغان دەسلەپكى قىزىقىشنى قوزغىدى ھەمدە يەنە بىر خىل خىيالى تۇيغۇمۇ پەيدا بولدى . ئەمما ، مەن بۇ پۇرسەتكە ئىگە بولغانلىقىمـ دىن يەنىلا خۇشال بولدۇم . پويىز ئۇنىڭدىن كېيىن كۆكتۆپە ( Gök—tepe ) خارابىلىكىنى بېسىپ ئۆتتى . ئۇ بىر دەۋرلىك تارىخقا ۋەكىللىك قىلىدىغان تارىخىي قىممەتكە ئىگە خارابىلىك ئىدى . ئارقىدىن پويىز كراسنوۋودسك ( Krasnowodsk ) تەرەپكە يۈرۈپ كەتـ تى . بىز كاسپىي دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ ، باكۇ ( Baku ) غا يېتىپ كەلدۇق . ئۇنىڭدىن كېيىن پويىزدا زېرىكىشلىك بىر قانچە كۈننى ئۆتـ كۈزگەندىن كېيىن ( پېتروۋسك ، روستوف ، پودۋولوچىيسكا ، كراكوف ، بېرلىن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ ) ، 1901 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى لوندونغا يېتىپ كەلدىم .

مەن لوندونغا كەلگەندىن كېيىن ، قۇملۇقتىن قېزىۋالغان قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەنگلىيە موزېيىنىڭ ۋاقىتلىق ساقلاپ بېرىشىگە تاپشۇردۇم . بۇ يەر بىخەتەر جاي ئىدى . مەيلى بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولسۇن ، ياكى مەن سۈرەتكە تارتىۋالغان 800 پارچە ئەيـ نەك مىگاتىللار بولسۇن ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قېتىمكى ئۇزۇن سەـ پەردە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغانىدى . ئۇزۇن سەپەر ئاخىرلاشتى ، لېكىن يەنە بىر يېڭى دەۋر باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى ، تېخىمۇ مۇشكۇل خىزمەتلەر ئالدىمىزدا ئىدى . چۈنكى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ئاۋۋالقىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ماددىي شارائىت ئاستىدا ئورۇندىلىشى كېرەك ئىدى .

مەن ئۆكۈشلۈق ئېلىپ كەلگەن زور مىقداردىكى بۇ مەدەنىيەت يا- دىكارلىقلىرىنى تېزدىن رەتلەشكە ھەمدە كاتولوگىنى تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى . بۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مېنىڭ ئەنگلىيىدە ئىشلىشىم ئۈچۈن ئاجراتقان ئالتە ھەپتىلىك ۋاقتى يېتىشمەيتتى . شۇڭا ، ھىندىستان پرىزدېئومنىڭ كاتىپى مېنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقتىمنى يەنە ئالتە

ھەپتە ئۆزارتىپ بەردى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن سەممىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن . بىراق ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئۆزۈمنىڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىم ھەمدە دوستۇم ئاندرېۇ ئەپەندىنىڭ قىزغىن ياردىمى ئاستىدا ، مەن بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش ۋەزىپىسىنى دەل ۋاقتىدا ، ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ بولدۇم ، شۇنداقلا « دەسلەپكى دوكلات خاتىرىسى »نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ ئۈلگۈردۈم .

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ، مەن بۇ جىددىي ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ، مېنى خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى ، مەن ھىندىستانغا قايتىپ ، پەنجاب ئۆلكىسىنىڭ نازارەتچىسى بولۇشتىن ئىبارەت ئاددىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى قىسقا مۇددەت بولسىمۇ ، دەم ئېلىش ۋاقتى بەرگەنلىكى ئىدى . ئەنگلىيىدىكى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكۈزگەن بىر قانچە ھەپتە ئاساسلىقى ئەنگلىيە موزېيىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ئىشلەش بىلەن ئۆتتى . بۇ يەر موزېيىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رەتلىشىم ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن جاي ئىدى . ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى ئۈچۈن ، خۇددى بۇ ئۆيگە بىر ئەسىر سولاپ قويۇلغاندەك بولۇپ كەتتىم . مەيلى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولسۇن ، ياكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسۇن ، مەن شۇ ئەركىن ، تىنىچ قۇملۇققا قايتىشقا قانداقمۇ ئىنتىزار بولماي تۇرالايمەن !

www.uyghurkitap.com

# قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى

ئاپتورى : مارك ئاۋرېل ستەين ( ئەنگلىيە )
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار :
ماخمۇت ئابدۇۋەلى ، ئەلى غوپۇر ، مەردان سەيپۇللا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ قۇرۇلۇش باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى : 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 16 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3,060

ISBN7 — 228 — 06110 — 1/K ·891
باھاسى : 23 . 00 يۈەن